# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

(45)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تۈزدى

# شىنجاڭ

# تارىخ ماتېرىياللىرى

**شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدىن تاللانما (45)**
جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تۈزدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 47 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830002

ئۈرۈمچى شىنشىي باسما ئىشلىرى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي شىنخۇا يولى 47 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830002
316 مىڭ خەت، چوڭ 32 فورمات، 18 باسما تاۋاق، قىستۇرما بەت 6
2003 ـ يىل 12 ئايدا بېسىلدى
تىراژى: 1 ~ 1000
(ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىچكى ماتېرىياللارنى بېسىشقا
رۇخسەت قىلىش ئىجازەت نومۇرى (2003) 396

# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدىن تاللانما

## مۇندەرىجە

شىنجاڭنىڭ ئېلېكتر، قاتناش، كىنو ئىشلىرى تارىخىدىن
ئەسلىمىلەر ............................ **خەمزە كارباي** (1)
شىنجاڭنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى چارۋا نەسلىنى ياخشىلاش
ئەھۋالى ھەققىدە ئەسلىمە ............................
............ **مەھەممەتقۇربان ئەزىزيارى** تەييارلىغان (14)
شىنجاڭنىڭ تاشيول ترانسپورت ئىشلىرىدىن ئەسلىمە ...
............................ **سوپاخۇن سۇۋۇرۇف** (25)
مايتاغ — شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ بۆشۈكى........
............................................ **ئەلىيوف** (35)
شىنجاڭنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى رادىئو
ئىشلىرى توغرىسىدا ................... **ئىمىن غازى** (41)
شىنجاڭ تېلېگراف ئىشلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى ........
.................................... **شېڭ خۇڭدې** (48)
شىنجاڭدا تېلېفون ئىشلىتىشنىڭ باشلىنىشى..............

......... ئادالەت ھادى تەييارلىغان (55)
شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش
ئەھۋالى ......... بۇراش ئېشىنتايوف (57)
تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىك تەرەققىيات
تارىخىغا دائىر ئەسلىمە ......... ئابلىمىت ھاجىيوف (70)
ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
ۋەتەنپەرۋەرلىك پائالىيەتلىرىدىن ئەسلىمە .........
......... ئابدۇللا تالىپ (109)
ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ 15 يىللىق تارىخىدىن ئەسلىمە ......
......... چاۋار يۈسۈپ (121)
ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نەشر
قىلىنغان گېزىت ـ ژۇرناللار توغرىسىدا ئەسلىمىلەر .........
......... ئىسمايىل ئەسقەرى تەييارلىغان (137)
قەيسەر جەڭچى ......... سەيدۇللا سەيپۇللايوف (171)
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى مائارىپ ئەھۋالى ...
......... ئەنۋەر خانبابا (193)
ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بېسىپ ئۆتكەن
جەڭ مەيدانى ......... ئابدۇرېھىم مەرۇپ (209)
قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى توغرىسىدا .........
......... سوپاخۇن سۇۋۇرۇف (235)
مەخمۇت سىجاڭ بىلەن بىللە بولغان 12 يىل .........




......... باي ئېزىز (255)
ما جۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى توغرىسىدا
ئەسلىمە ......... ئۇيغۇر ئادىل (286)
ماجۇڭيىڭنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىشى
......... ئەركىن ھوشۇر ئەلى تەييارلىغان (359)
خوجىنىياز ھاجى بىلەن شېرىپقان تۆرىلەرنىڭ جەسەتلىرىنىڭ
تېپىلىش ئەھۋالى ......... ئادالەت ھادى تەييارلىغان (368)
تىنچلىق بىتىم مەزگىلىدىن ئازادلىق ھارپىسىغىچە خوتەندە
بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ......... جاپپار ئەمەت (370)
چىرىيە يېزىسى ۋەقەسى توغرىسىدا .........
......... تىلىۋالدى ھوشۇر (394)
ئۇيغۇر مەدەنىي خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى توغرىسىدا
قىسقىچە ئەسلىمە ......... جۇنەيد بەكرى (404)
ئۇيۇشما ۋە ئىتتىپاق .........
......... خەلپەت سۇزۇك ھاجىيوف (425)
شىڭ شىسەينىڭ 1930 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا
ئوقۇغۇچى ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە ئەسلىمە .........
......... ئابلىمىت ھاجىيوف (465)
شىنجاڭنىڭ يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچى
— رائىلە خانىم ......... ئىسلامجان سابىت (488)
يېڭى مائارىپ تارىخىمىزدىكى شەخسلەر .........

ئادالەت ھادى تەييارلىغان ............................ (493)

قەشقەر يېقىنقى زامان تېبابەتچىلىكى ۋە مەشھۇر تېۋىپلار
......................... شېرىپ خۇشتار (498)

«ئون ئىككى مۇقام» نى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن سازەندىلەر
توغرىسىدا ئەسلىمە ..................... ئېلى ئېزىز (519)

شىنجاڭ سەنئەتچىلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم ئىچكى ئۆلكىلەرنى
ساياھەت قىلىشى ................. پەرىدە ئېلىيوۋا (539)

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ...
......................... سۇلايمان ئابدۇرېھىم (550)




# شىنجاڭنىڭ ئېلېكتر، قاتناش، كىنو ئىشلىرى تارىخىدىن ئەسلىمىلەر

خەمزە كارباي

## 1. ئېلېكتر ھەققىدە

بېلگىيىنىڭ فىزىكا ئالىمى فىرودوننىڭ كىرسىن بىلەن يانىدىغان گازۋاي لامپىسى 1836 ـ يىلى كەشىپ قىلىنىپ 43 يىلدىن كېيىن، يەنى 1879 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق كەشپىياتچىسى ئېدىسون ئېلېكتر لامپىسىنى كەشىپ قىلدى. ئېدىسوننىڭ ئېلېكتر لامپىسى 1909 ـ يىلى شىنجاڭغا كىردى. بۇ لامپا فىرودوننىڭ گازۋاي لامپىسىدىن ئىلغار بولسىمۇ، لېكىن گازۋاي لامپىدەك يورۇق يانمايتتى. گازۋاي لامپا يورۇق يانغانلىقى ئۈچۈن، 1937 ـ يىلغىچە شىنجاڭدا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ كەلدى. ئېدىسوننىڭ لامپىسى ئۈگىلنى لامپا (كۆمۈر لامپىسى) دەپ ئاتىلاتتى، بۇ لامپا خىرە ياناتتى. لامپىغا ۋولفىراملىق سپىرال ئورنىغا بامبۇك ياغىچىنى ھاۋاسىز بوشلۇقتا كۆيدۈرۈپ ئېلىنغان بامبۇك كۆمۈر تاياقچىسى ئىشلىتىلەتتى. لامپا ئىچىگە ھەر بىرى 6 سانتىمېتىر كېلىدىغان 12 دانە بامبۇك كۆمۈر تاياقچىسى ھەرە چىشى شەكلىدە تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، لامپىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى 250

گىراملىق ھاراق بوتۇلكىسىغا ئوخشايتتى. بۇ لامپا سىلكىنىشكە چىدىمايتتى.

1937 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا بىرەرمۇ ئېلېكتر سىمتاناپ تۈۋرۈكى، بىرەر ئورۇندىمۇ كوچىغا ئورنىتىلغان ئېلېكتر چىراق يوق ئىدى. پەقەت بەزى يەرلەردىلا تېلېفون سىم تۈۋرۈكلىرى بار ئىدى. 10 نەچچە ئورۇندا ئۆزگەرمەس توك ئىشلەپچىقىرىدىغان كىچىك تىپتىكى ئىستانسا بار ئىدى. بۇ ئىستانسىلاردىكى گېنېراتورلارنىڭ قۇۋۋىتى 20 ـ 4 كىلوۋات، توك بېسىمى 110 ۋولت بولۇپ، كۆپىنچىسى پار ماشىنىسى (سىرتتىن يانىدىغان دىۋىگاتىل) بىلەن، بىر قىسمى سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنەتتى. توك تارقىتىشتا ترانسپورماتور ئىشلىتىلمەيتتى. ئىسچوتچىك (توك سائىتى) كەشىپ قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن توك سەرپىياتى، ئىشلىتىلگەن توكنىڭ ۋاقتى، لامپىنىڭ قۇۋۋىتىگە قاراپ ھېسابلىناتتى. ۋىكلىيۇچاتىل فارفۇردىن ياسالغان بولۇپ «8» شەكىللىك ئىككى دانە مىس پىلاستىنكا ئۆزئارا 90 گىرادۇس بۇلۇڭ ھاسىل قىلغاندا توك يولى ئۈزۈلەتتى. ئۆزئارا بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە كەلگەندە توك يولى ئۇلىناتتى. 1905 ـ يىلى مۇساباييوفلار گېرمانىيىلىك كاپىتالىست دورلاختىن گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن بىر يۈرۈش كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى ئۈسكۈنىلىرى بىلەن ئېلېكتر ئىستانسا ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋالدى. بۇ ئۈسكۈنىلەر تاشكەنتكىچە تۆمۈر يول بىلەن، ئىلىغىچە ھارۋا بىلەن يۆتكەپ كېلىندى. كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى 1909 ـ يىلى ئىشقا كىرىشتى. توك كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان بۇ زاۋۇتتا قۇۋۋىتى 250 كىلوۋاتلىق چوڭ تىپتىكى پار ماشىنىسى توك بېسىمى 110 ۋولتلۇق



ئۆزگەرمەس توك گېنېراتورىنى ھەرىكەتلەندۈرەتتى. زاۋۇتتا يەنە قۇۋۋىتى 12 ـ 20 كىلوۋاتلىق ئېلېكتر دىۋىگاتىلىدىن 76 سى بار ئىدى. ئۈچ يەردە چوڭ تىپتىكى ھاۋا ئالماشتۇرغۇچى توك يەلپۈگۈچلەر ئېلېكتر قۇۋۋىتى بىلەن ھەرىكەتلىنەتتى.

1917 ـ يىلى ھازىرقى دېھقانچىلىق نازارىتى ئورنىدا جۇڭگو ـ روس بانكىسى قۇرۇلدى. بۇ بانكا 4 كىلوۋاتلىق ئۆزگەرمەس توك ئىشلەپچىقىرىدىغان گېنېراتورنى ئۆستەڭ سۈيى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئائىلىلەرنى توك بىلەن تەمىنلىدى. قىشتا ئۆستەڭ سۈيى توڭلاپ قالغاندا، ئۇلار «پاكارت» ماركىلىق كىچىك ماشىنىنىڭ ئارقا چاقىنى كۆتىرىپ قويۇپ، گېنېراتورنى ماشىنا چاقىغا تاسما بىلەن تۇتاشتۇرۇپ ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن توك چىقىراتتى.

1917 ـ يىللىرى ئۆلكىلىك يامۇلنىڭ ئىچىدە پار ماشىنىسى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئۆزگەرمەس توك ئىشلەپچىقىرىدىغان 10 كىلوۋاتلىق كىچىك تىپتىكى بىر ئېلېكتر ئىستانسىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ توكى ئائىلىلەرنى يورۇتۇش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلەتتى.

1917 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھەر دۆڭمىنىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى دادۇڭلياڭ ئەتراپىدا تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ پار ماشىنىسى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان، ئۆزگەرمەس توك ئىشلەپچىقىرىدىغان 20 كىلوۋاتلىق ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ توكى پەقەت خەۋەرلىشىش ئاپپاراتى ئۈچۈنلا ئىشلىتىلەتتى.

1918 ـ يىلى ئۈرۈمچى شۇيموگو قورال ـ ياراق زاۋۇتىدا 25 ئات كۈچىگە ئىگە پار ماشىنىسى، بۇنىڭغا قوشۇمچە 20

كىلوۋاتلىق تۇرۇبىلىق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى بار ئىدى. پار ماشىنىسى بىلەن سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ئۆزئارا ماسلىشىپ زاۋۇتتىكى ئىستانوكلارنى ھەرىكەتلەندۈرەتتى.

1922 ـ يىللىرى ھازىرقى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ ئورنى چاتقاللىق بولۇپ، بۇ يەردىن ئۆتكەن ئۆستەڭگە سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان كىچىك تىپتىكى تۇرۇبىلىق ئۇن زاۋۇتى قۇرۇلغان ئىدى. بۇ زاۋۇتنىڭ 8 كىلوۋاتلىق ئۆزگەرمەس توك ئىشلەپچىقىرىدىغان تۇرۇبىلىق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ توكى يورۇتۇش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلەتتى.

1927 ـ يىلى ھازىرقى ئۈرۈمچى شىنخۇا 1 ـ باسما زاۋۇتىنىڭ ئورنىدا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇلدى. فابرىكىنىڭ 50 ئات كۈچىگە ئىگە چاتما شەكىللىك، 25 ئات كۈچىگە ئىگە تىك شەكىللىك ئىككى پار ماشىنىسى بار ئىدى. پار ماشىنىسى توقۇش ـ ئىگىرىش ئىستانوكلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرەتتى. يەنە بىر پار ماشىنىسى ھەرىكەتلەندۈرگەن 10 كىلوۋاتلىق ئۆزگەرمەس توك گېنېراتورىنىڭ توكىنى يورۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى.

1928 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھەر ئاپتوموبىل ترانسپورت ئىدارىسى دۈگمېن ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتىغا شۇئۇتسارىيىدە ئىشلەنگەن 15 كىلوۋاتلىق ئۆزگەرمەس توك گېنېراتورىدىن بىرنى ۋە بېنزىن بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان «بالىندىر» ماركىلىق ئىچىدىن يانىدىغان يۇقىرى بېسىملىق دىۋىگاتېلدىن بىرنى ئېلىپ كېلىپ قۇراشتۇردى، بۇ دىۋىگاتېل زاۋۇتتىكى ئىستانوكلارنى ھەم گېنېراتورنى ھەرىكەتلەندۈرەتتى، توك



يورۇتۇشقا ھەم ئاپتوموبىل ئاككوملىياتورلىرىنى زەرەتلەشكە ئىشلىتىلەتتى.

1936 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئىلى، چۆچەك، ماناس، شىخولاردا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆزگىرىشچان توك ئېلېكتر ئىستانسىلىرى قۇرۇلدى. تىجارەتچىلەر بىرلىشىپ قۇرغان ئىلى ئېلېكتر ئىستانسىسى 1937 ـ يىلى ئىشقا كىرىشتى. بۇ ئىستانسىنىڭ قۇۋۋىتى 150 كىلوۋات ئىدى. چۆچەك ناھىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 150 كىلوۋاتلىق ئېلېكتر ئىستانسىنىڭ بىر يۈرۈش قۇرۇلمىلىرىنى سېتىۋالدى. بۇ ئىستانسا 1938 ـ يىلى پۈتتى. شىخو ئېلېكتر ئىستانسىسى كىچىك بولۇپ قۇۋۋىتى 40 كىلوۋات ئىدى. بۇنى تاشيول ئىدارىسى ئۆز ئالدىغا قۇرغان ئىدى.

1936 ـ يىلىدىن باشلاپ ھازىرقى ئۈرۈمچى نەنلياڭدىكى ئېلېكتر ئېنېرگىيە قۇراشتۇرۇش شىركىتى ئورنىغا «يېڭى نۇر» ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. بۇ ئۆزگىرىشچان توك ئىشلەيدىغان تۇنجى زامانىۋى ئىستانسا ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدە قۇرۇلدى. ھۆكۈمەت %40، خۇسۇسىيلار %60 پاي قوشۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن پار قازان، ئىككى پار ماشىنىسى، 250 كىلوۋاتلىق توك گېنېراتورىدىن ئىككىنى سېتىۋالدى. بۇ ئىستانسىنىڭ قۇرۇلمىلىرى يېڭى بولۇپ، توك بېسىمى 220 ۋولت ۋە 380 ۋولت ئىدى. ئىستانسا 1937 ـ يىلدىن باشلاپ توك بېرىشكە باشلىدى. ئىستانسا ئىشقا كىرىشكەندىن كېيىن كىچىك تىپتىكى ئىستانسىلار ئىشتىن توختاپ قالدى. 1939 ـ يىلى بۇ «يېڭى نۇر» ئىستانسىسىدا تۇنجى قېتىملىق ئېلېكتر

تېخنىكا كۇرسى ئېچىلدى. ترانسپورت ئىدارىسى مېنى كۇرسقا بېرىپ ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. ئازادلىق ھارپىسىدا بۇ ئىستانسا شەھەرنى توك بىلەن تەمىنلەپ كېتەلمىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ۋېيخۇلياڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىستانسىنىڭ بىر يۇرۇش ئۈسكۈنىلىرى قەشقەرگە يۆتكەپ كېتىلدى.

## 2. ئاپتوموبىل ـ قاتناش ھەققىدە

1921 ـ يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا ئاپتوموبىل يوق ئىدى. قاتناش قوراللىرى كالا ھارۋىسى، ئات ھارۋىسى، مەپە، پوچتا، خادىك ھارۋا، ئات، تۆگە، ئېشەك قاتارلىقلار بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭدا «تارانچى ھارۋىسى»، جەنۇبىي شىنجاڭدا «يار ـ يار ھارۋا» ئاساس قىلىناتتى.

1921 ـ يىلى تيەنجىندىن سۈييۈەن ـ باۋتۇ موڭغۇل يايلىقى ئارقىلىق «پاكارت» ماركىلىق بىر كىچىك ئاپتوموبىلدا فىلدىيىمىن باشچىلىقىدا ئىنگلىزچە سۆزلەيدىغان ئەجنەبىلەر كەلدى. بۇ ئاپتوموبىل شىنجاڭ تارىخىدا ئۈرۈمچىگە كەلگەن تۇنجى ئاپتوموبىل ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھازىرقى ئاپتوموبىللاردىن پەرقى — ماتور قىسمى بەكلا ئۇزۇن ئىدى. ماتورى 12 سىلىندىرلىق بولۇپ، رادىئاتورى ھەرىنىڭ ئۇۋۇسىغا ئوخشاپ كېتەتتى، ئاپتوموبىلنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5 مېتىردىن ئارتۇق، چاقىنىڭ قاسقىنى پولات سىملىق ئىدى.

1922 ـ يىلى شىنجاڭ ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كاۋالىر دېگەن ئىنگلىز كىشى چەن ئەلدىن ئۆزىگە تۆت سىلىندىرلىق كىچىك ئاپتوموبىلدىن بىرنى سېتىۋالدى.



1922 ـ يىلى رۇسىيە چار پادىشاھىنىڭ ئانكوۋ، باكىچ ئىسىملىك ئىككى گېنېرالى «كومىنىك»، «لورلەي» ماركىلىق ئىككى كىچىك ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا قېچىپ كەلدى. بۇ ئاپتوموبىللارنىڭ سىتارتېرى بىلەن ئاكومۇلياتورى يوق بولۇپ، شوپۇر رۇكاياتكا (ئايلاندۇرغۇچ) بىلەن ماتورنى ئايلاندۇرغاندا يۇقىرى بېسىملىق ئېلېكتر دىنام ئايلىنىپ ئاندىن ئاپتوموبىل ئوت ئالاتتى. «كومىنىك» گېرمانىيىدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئىدى. بۇ ئاپتوموبىلنىڭ مۇفتىسى (لىغىپچىسى) غا ئاپتوموبىل مېيى قۇيۇلىدىغان بولۇپ چىشلىق چاقدىن ياسالغانىدى. مۇنداق مۇفتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاپتوموبىل قوزغالغاندا سىلكىمەيتتى ھەم سەكرىمەيتتى. «لورلەي» ئەنگلىيىدە ئىشلەپچىقىرىلغان بولۇپ چاق قاسقىنىنىڭ گۇگۇسى ياغاچتىن ياسالغان ئىدى. ئاكومۇلياتورى يوق بولغانلىقى ئۈچۈن يورۇتۇشقا كاربىت گازلىق پانار (چىراق) ئىشلىتىلەتتى. كاربىت گازى مەخسۇس تۇڭغا قاچىلانغان بولۇپ، لازىم تېپىلغاندا شوپۇر ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ سەرەڭگە بىلەن چىراقنى ياندۇراتتى.

1926 ـ يىلى ئۈرۈمچى بۇلاقبېشى كوچىسىدا تۇنجى قېتىملىق شوپۇر تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ ئۇيغۇر، قازاق، تاتار، ئۆزبېك قاتارلىق 4 مىللەتتىن 30 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. كۇرۇسنىڭ مۇدىرلىقىنى گىمبىركىن، مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى بۇرھان شەھىدى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. نەزەرىيە ئوقۇتۇشتىن كېيىن يۇقىرىدا ئېيتىلغان «كومىنىك»، «لورلەي» ماركىلىق ئىككى كىچىك ماشىنىدا پىراكتىكا ئېلىپ بېرىلدى.

1927 - يىلى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى تېيەنجىندىن ئۈچ پىرىم تونىلىق تۆت سىلىندىرلىق «داۋج - گىرخام» ماركىلىق ئاپتوموبىلدىن 15 نى سېتىۋېلىپ شەرقىي شىمالدىن سىبىرىيە تۆمۈر يولى ئارقىلىق چۆچەككە ئېلىپ كەلدى. بۇ ئاپتوموبىللار ئامېرىكىدا داۋج ۋە گىرخام ئىسىملىك ئىككى كاپىتالىستىنىڭ زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن بولۇپ، ئاكۇمۇلياتورى ۋە دىنامى پەقەت يورۇتۇش ئۈچۈن ھەمدە سىگنال ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. ئاپتوموبىلنى ئوت ئالدۇرىدىغان ستارتېر يوق بولۇپ يۇقىرى بېسىملىق ماگنىتلىق دىنام بىلەن ئوت ئالدۇرۇلاتتى.

1927 - يىلى يۇقىرىدا ئېيتىلغان 15 ئاپتوموبىلنى ئاساس قىلىپ ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ شىمالى تەرىپىدە ئۈرۈمچى ئاپتوموبىل ئىدارىسى قۇرۇلدى. ئىدارە دىرېكتورلىقىغا گىمىركىن، بۇرھان شەھىدىلەر تەيىنلەندى.

1928 - يىلى ئاپتوموبىل ئىدارىسى تيەنجىندىن يېڭى تىپتىكى «داۋج - گىرخام» دىن 15 نى سېتىۋالدى (بۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسى ئاپتوبۇس ئىدى)

1928 - يىلى ئاپتوموبىل ئىدارىسى موسكۋادىن 5 كىچىك ئاپتوموبىل سېتىۋالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىتالىيىدە ئىشلەنگەن «فىئات» بىر، «شاللىر» 4 ئىدى.

«فىئات» نىڭ خوت ساندۇقى بىلەن خوت دەستىسى (رىچاگى) ئاپتوموبىل كابىنكىسىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، خوت دەستىسىنىڭ شەكلى ھازىرقى قول تىراكتورىنىڭ خوت دەستىسىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. «شاللىر» نىڭ خوت ساندۇقى ئارقا ئوقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. ئاپتوموبىل كاربىوراتورىنىڭ ھاۋا تازىلىغۇچىسى يوق بولۇپ،



شوپۇر ئاپتوموبىلنى ئوت ئالدۇرۇشتىن ئاۋال كاربىوراتور ھاۋا تۆشىكىگە بىر پارچە لاتا تىقىپ قويۇپ روكاياتكا بىلەن ئوت ئالدۇراتتى.

1931 - يىلى قۇمۇل ۋەقەسى يۈز بەرگەن مەزگىلدە فىرانسىيىنىڭ سىترايىن ئاپتوموبىل زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن «سىترايىن» ماركىلىق ئاپتوموبىل بىلەن فىرانسىيىنىڭ ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى (ساياھەتچىلىرى) قۇمۇل ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كەلدى، بۇ ئاپتوموبىل زەنجىر تاپانلىق بولۇپ زەنجىرگە كۆپتۈرمە شەكىللىك ياپىلاق رېزىنكا بېكىتىلگەن ئىدى، بۇ ئاپتوموبىللار 6 سىلىندىرلىق 3 تونىلىق بولۇپ جەمئىي 10 ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئاپتوموبىلدا مەخسۇس ئاشخانا ۋاگونى، يەنە بىرسى مەخسۇس مۇنچا (دۇش، سەرراپ) ۋاگونى ئىدى، قالغان 8 ئاپتوموبىلنىڭ ھەممىسى كوزۇپلۇق ئىدى.

1932 - يىلى گېرمانىيىنىڭ تۆت تونىلىق «ۋوماگ» (WOMAG) ماركىلىق شەكلى چوڭ ئاپتوموبىلى كەلدى، بۇ ئاپتوموبىلنىڭ ماتورى 4 سىلىندىرلىق بولۇپ چاقىنىڭ بالونىغا يەل قاچىلانمايتتى، بالوندا گۈل سىزىقچىلار يوق ئىدى، يورۇتۇش ئۈچۈن ئاپتوموبىلغا ئىككى دانە كىرسىن لامپا ئورنىتىلغان ئىدى. شۇنىڭدەك بۇ ئاپتوموبىلنىڭ چاق گۇگۇسۇنلىرى ياغاچتىن ياسالغان ئىدى.

1932 - يىلى بۇرھان شەھىدى گېرمانىيىدىن «مايفىل» ماركىلىق يول چىڭداش ماشىنىسىدىن 4 نى سېتىۋېلىپ شىنجاڭغا ئەۋەتتى. بۇ ماشىنىغا كۆمۈر قالىنىپ پار بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلەتتى (سىرتتىن ياندىغان دۋىگاتېللىق ئىدى)

بۇ ماشىنا بىلەن گېرمانىيىدىن كەلگەن باۋۇر ئىسىملىك ئىنژېنېر ماشىنىلارنى قۇراشتۇرۇپ چىقتى.

1930 - يىللىرىدىن ئاۋال شىنجاڭدا ئاپتوموبىل قاتنايدىغان يوللار يوق بولغاچقا، ئاپتوموبىللار كونا هارۋا يوللىرى بىلەن قاتنايتتى. دەريالاردا كۆۋرۈك بولمىغاچقا، دەرياغا تاشقىن كەلگەندە ئۆتۈشكە توغرا كەلسە هەربىر ناهىيە ئات ۋە ئادەم چىقىرىپ ئاپتوموبىللارنى ئاتقا سۆرىتىپ دەريا كېچىكلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ قوياتتى. 1930 - يىلى يەرلىك رۇس ئىنژېنېر باكتىيوف گېرمانىيىنىڭ نېۋىلىر ئەسۋابى (يەر ئۆلچەش ئەسۋابى) بىلەن گۈچۈڭ - ئۈرۈمچى تاشيولىنى ماشىنا بىلەن چېكداپ چىققان ئىدى. بۇ يولنىڭ لىنىيىسى هازىرغىچە ئۆزگەرمىدى.

1935 - يىلدىن ئېتىبارەت ئۈرۈمچى - ئىلى تاشيولى ئۆلچىنىپ چىققاندىن كېيىن ياسىلىشقا باشلىدى. شۇ يىلى داۋانچىڭ تاشيولىمۇ ياسالدى. 1936 - يىلى داۋانچىڭ كۆۋرۈكى ياسالدى، بۇ كۆۋرۈكنى كىشىلەر «خوجىنىياز هاجىنىڭ كۆۋرۈكى» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ كۆۋرۈك ياغاچ بىلەن ئەگمە قىلىپ ياسالغان ئىدى.

## 3. كىنو هەققىدە

1925 - يىلى ئۈرۈمچىگە كەلگەن كىنو ئاپپاراتى ساندۇق شەكىللىك بولۇپ، سىرتقى شەكلى هازىرقى كىرالغۇغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ياغاچ ساندۇقتىن ئىبارەت ئىدى. ساندۇقنىڭ ئاستى قىسمىغا ئېلېكتر چىراق ئورنىتىلغان، كىنو لېنتىسى ساندۇق سىرتىدىكى ئوقتا قول هەرىكىتى بىلەن



ئورالغان ئىدى. كىنو كۆرگۈچىلەر بىر - بىرلەپ كېلىپ ساندۇق ئۈستىدىكى كىچىك ئەينەك ئارقىلىق كۆرەتتى.

1930 - يىلى ئۈرۈمچى شەهىرىدە پروپېكسىيە پانارى (خۇەندىڭ) - قونچاق كىنوسى قويۇلدى. 1931 - يىلى فىرانسىيىنىڭ ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى قۇمۇل ئارقىلىق ئۈرۈمچى شەهىرىگە كەلگەندە، يەرلىك هۆكۈمەتنىڭ شوپۇرى ئانزۇرگە بۇلارنى قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە يول باشلاپ ساق - سالامەت ئېلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار بۇ شوپۇرغا فرانسىيىدە ئىشلەنگەن چامىدان شەكىللىك ئاۋازسىز هەرىكەتلىنىدىغان كىنو ئاپپاراتىدىن بىرنى سوۋغا قىلدى. بۇ كىنو ئاپپاراتى ئۈرۈمچىگە تۇنجى قېتىم كىرگەن ئاۋازسىز هەرىكەتلىنىدىغان چامىدان شەكىللىك كىنو ئاپپاراتى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. (شۇ چاغدا مەن بۇ ئاپپاراتنى سوراپ ئۆيۈمدە كۆرگەن ئىدىم.) بۇ ئاپپارات قولدا هاسىل قىلىنغان توك بىلەن تەمىنلىنەتتى. دىنام ۋە لېنتا تەخسىلىرى ئاپپارات ئىچىگە ئىخچام قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. قول بىلەن هەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق 12 ۋولت توك ئىشلەپچىقىرىدىغان دىنام بۇ ئاپپاراتنىڭ ئىككى دانە ئېلېكتر چىرىقىنى يورىتاتتى. فىلىم قويۇلغاندا ئىچىدىكى ئېلېكتر چىراق ياناتتى. لېنتا يۆتكىگەندە سىرتىدىكى ئېلېكتر چىراقنى يېقىپ قويۇشقا توغرا كېلەتتى. چىشلىق چاقلار دىنامنىڭ هەرىكىتىنى تېزلىتەتتى. چىشلىق چاقلارنىڭ جايلىشىشى قايماق ئايرىيدىغان ماشىنا (سېپراتور) غا ئوخشاش ئىدى، دىنام يېنىدىكى ئوقتا ئىنچىكە زەنجىر بېكىتىلگەن بولۇپ دىنام قول هەرىكىتى بىلەن ئايلانغاندا زەنجىر ئارقىلىق كىنو لېنتىسى بىرلىكتە هەرىكەتكە كېلەتتى. قول هەرىكىتى قانچە چاپسان

بولسا ئاپپارات ئىچىدىكى ئېلېكىر چىراق شۇنچە يورۇق ياناتتى. شۇنىڭغا مۇناسىپ هالدا لېنتىمۇ تېز هەرىكەت قىلىپ تېز يۆتكىلەتتى. ئېكراندىكى هەرىكەتمۇ تېز كۆرۈنەتتى. كىنو ئاپپاراتىنىڭ هەجمى 70×30×20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئىدى. ئېكرانى بىر كۋادىرات چوڭلۇقتىكى مەخسۇس كۈمۈش بىرىكمىسىدىن ياسىلىپ سىر بىلەن سىرلانغان ئاق رەختتىن ئىبارەت ئىدى. 12 مىللىمېتىرلىق 6 تەخسە پىلىيۇنكىسى (لېنتا) بار ئىدى. فىلىمنىڭ مەزمۇنىدا: بىر ئوۋچىنىڭ بۈركۈت بىلەن تۈلكە ئوۋلىغانلىقى، بىر ئېيىقنىڭ هەسەل يېيىش ئۈچۈن كۆتەكنىڭ كامىرىغا بېشىنى تىقىۋېلىپ بېشىنى چىقىرالماي قىينالغانلىقى ۋە تەبىئەت مەنزىرىلىرى كۆرسىتىلگەن ئىدى.

1932 - يىلى ئۈرۈمچى دۆڭكۆۋرۈكتىكى فۇگۇردارىيىنىڭ سارىيىدا كۆچمە ئاپپارات بىلەن ئاۋازسىز هەرىكەتلىك فىلىمغا بىلەت سېتىپ تۇنجى قېتىم ئاممىغا كىنو قويۇپ بېرىلدى.

1934 - يىلى شېڭ شىسەيىنىڭ ئاق ئورۇسلاردىن تەشكىل قىلغان ئۆلكە ئەسكەرلىرى روس ئىقتىسادىي بىرلەشمىسىنى قۇردى، بۇ بىرلەشمە ئەنلىياڭغا (هازىرقى «دوستلۇق» كىنو خانىسىنىڭ ئورنىدا) 500 كىشىلىك بىر تىياتىرخانا سالدۇردى. هەمدە بىر يىلغىچە هەر خىل تىياتىر، كانسىرتلار قويۇلۇپ تۇردى، يىل ئاخىرىدا بۇ تىياتىرخانىدا تۇنجى قېتىم هەم ئاۋازلىق، هەم هەرىكەتلىك فىلىم قويۇلدى. ئۇ چاغلاردا فىلىمنىڭ ئاۋازى لېنتىغا كانايلىق پاتىفون ئارقىلىق بېرىلەتتى. پاتىفون تەخسىسىنىڭ هەرىكىتى بىلەن فىلىم لېنتىسىنىڭ هەرىكىتىنى ماسلاشتۇرۇش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن، پاتىفون



تەخسىگە پەقەت كىنو چۈشەندۈرۈشى بىلەن مۇزىكا ئېلىنغان، كىنو پېرسوناژلىرىنىڭ دىئالوگ سۆزلىرى لېنتىنىڭ ئۆزىگە يېزىلغان بولۇپ ئېكراندا خەت كۆرۈنەتتى.

1935 - يىلى بۇ تىياتىرخانىدا «تىراكتورچى» ناملىق هەرىكەتلىك هەم ئاۋازى لېنتىغا ئېلىنغان فىلىم قويۇلدى، ئۈرۈمچى ئاهالىسى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇكەممەللەشكەن كىنو كۆرۈشكە باشلىدى.

ئۇ مەزگىللەردە كىنو لېنتىسى 12 - 8 چاس (تەخسە) بولاتتى. فىلىم بىر ئاپپاراتتا قويۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن لېنتا يۆتكەشكە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ، بىر كىنو فىلىمى 3 - 2 سائەتتە ئاخىرلىشاتتى، ۋاقىت ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈچۈن ئاپپارات قىزىپ كېتىپ كىنو لېنتىسىغا ۋە كىنو ئاپپاراتىغا ئوت كېتىش هادىسىلىرى بولۇپ تۇراتتى. ئاپپاراتقا ئوت كەتكەندە كىنو قويغۇچى شەپكىسى ياكى چاپىنى بىلەن ئوتنى ئۇرۇپ ئۆچۈرىۋالاتتى. ئەگەر ئوت يەنىلا ئۆچمىسە كىنو ئاپپاراتىنى كۆتىرىپ تالاغا ئېلىپ چىقىپ ئۆچۈرەتتى.

1936 - يىلى «پاقا قىز»، «چاپايېف» ناملىق كىنولار قويۇلدى. «چاپايېف» ناملىق فىلىم تۇنجى قېتىم قويۇلغاندا كىنو ئېكرانىدىن قىلىچ ئوينىتىپ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاتلىق ئەسكەرلەرنى كۆرگەن 50 نەچچە كۆرەرمەن كىنوخانىدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەن ئەهۋاللارمۇ بولغان ئىدى.

# شىنجاڭنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى چارۋا نەسلىنى ياخشىلاش ئەھۋالى ھەققىدە ئەسلىمە

1930 - يىللاردا شىنجاڭدا خەلق ئىگىلىكى ئاساسەن قالاق دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت ئىدى. سانائەت يوق دېيەرلىك، ئۇششاق ھۈنەرۋەنلىكمۇ قالاق قول ھۈنەرۋەنلىكنى ئاساس قىلغان بولۇپ، سودا - سېتىق ئىشلىرى تەرەققىي قىلمىغان ئىدى.

1933 - يىلى 12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ قوللىشى ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى پىلانلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىغا سالدى، يەنى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەممە ساھەسى بويىچە قالاق، كونا تۈزۈملەرنى پاچاقلاپ تاشلاپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى، ئىلغار تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۈچ يىللىق تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ، پىلانلىق ئىگىلىكنى يولغا قويدى. جۈملىدىن خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىدىن بىرى بولغان چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە 1935 - يىلىدىن باشلاپ، چارۋا - مال نەسلىنى ياخشىلاش ئىشى ئېلىپ بېرىلدى.

چاۋا - مال نەسلىنى ياخشىلاشتا دەسلەپ ئۈرۈمچى، ئىلى،



تارباغاتاي، قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار، مەسىلەن، ئۇيۇشمىلار قارمىقىدىكى، دىنىي مۇئەسسەسە، لاما بۇتخانىسى قارمىقىدىكى ۋە شەخسلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى چارۋا - ماللارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش نىشان قىلىندى. يىلقا، سېيىر، قوي، چوشقا قاتارلىق ماللارنىڭ نەسىللىك ئەركەكلىرى، مەسىلەن، ئايغىر، قوچقار، بۇقا، خېرەك (چوشقىنىڭ بۇقىسى) ۋە بۇ ساھەنىڭ تېخنىك - مۇتەخەسسىسلىرى توختام بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلۈپ، دېھقانچىلىق، كانچىلىق نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئېلىپ بېرىلدى.

1935 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ھاسىل قىلىنغان كېلىشىمگە ئاساسەن، شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىنغان چارۋىچىلىق مۇتەخەسسىسلىرى: ۋېرمىنشوف، ساستىكىن، باتراكوف، چولكوف، سوتسكوف، تۇرۋيۇسكىلار؛ مال دوختۇرلۇق مۇتەخەسسىسلىرى: مالچانوف، كارىلكوۋفلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىللە ئارلوف، ئانگىلىدون، ئارلوف ئامېركان نامىلىق ئۈچ خىل نەسىللىك ئايغىر؛ كالا نەسلىدىن مول گۆش ۋە مول سۈت بېرىدىغان شۋېت نەسىللىك بۇقىسى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشقا لازىملىق قوش ئۆكۈزى - ئاقباش قىزىل (قىزىل موڭغۇلىيىسكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بۇقىسى، قوي نەسلىدىن تالالىق ئىنچىكە يۇڭ بېرىدىغان ئىككى خىل نەسىللىك قوچقار (بىرى - رامبولىيە مېرىنوس نەسلى، يەنە بىرى - مۈڭگۈزسىز پىرىكىس نەسلى)؛ نەسىللىك توخۇدىن ئىككى خىل خوراز ھەم مېكىيان (بىرى، كۆپ تۇخۇم بېرىدىغان لېگگورىن نامىلىق ئاق توخۇ نەسلى، يەنە

بىرى مول گۆش بېرىدىغان رونت ئايلانت ناملىق قىزىل توخۇ نەسلى) كىرگۈزۈلدى. بۇ نەسىللىك چارۋىلار ۋە ئۇلارنىڭ تېخنىك ـ مۇتەخەسسىسلىرى كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ دېھقانچىلىق، كانچىلىق نازارىتى قارمىقىدا قىسقا مۇددەتلىك تېخنىك خادىملار يېتىشتۈرۈش كۇرسى بىرنەچچە قارار ئېچىلىپ، بۇ ساھەنىڭ تېخنىك خادىملىرى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈلدى. بىرىنچى قارارلىق كۇرس 1935 ـ يىلى ئېچىلىپ، مۇددىتى ئالتە ئايلىق بولدى. بۇ كۇرستا چارۋىچىلىق كەسپىنى ئۆگەنگەنلەر ئەلى داۋۇت، مۆيىدىن، بەرمەش (قازاق)، ئارۇپجان قاتارلىقلار؛ مال دوختۇرلۇق كەسپىنى ئۆگەنگەنلەر: يۇداشىن (خەنزۇ)، قابدىنۋاش (قازاق، كۇنەس ئاققوي خوجىلىقىنىڭ مال دوختۇرى بولۇپ ئۇزاق ئىشلىگەن، ھازىر شۇ يەردە دەم ئېلىشقا چىققان) قاتارلىقلار. ئىككىنچى قارارلىق كۇرس (تېخنىكۇم دەرىجىلىك) 1936 ـ يىلى ئېچىلىپ، مۇددىتى ئىككى يىللىق بولدى، ئۇنىڭدا 601 نەپەر تېخنىك تەربىيىلەندى. بۇ كۇرستا چارۋىچىلىق كەسپىنى ئۆگەنگەنلەر: رېشاد ھېكىمى، مۆيىدىن راخمان، جالالىدىن، تۇرغۇن شاھىت، خەمىدۇللا مەڭلىك، بارى زىپەر، توخسۇن ھاجىنىياز، قاجىمان (قازاق)، كاكىم توختى، داۋۇغان (قازاق)، ئىبراھىم ھاجى ئەخمەت، ئابدۇرېھىم قوشماق، ئىبراھىم يولۋاس، مەنسۇر ناسىر، ئابدۇراخمان (لەقىمى شۇ دەررۇ)، نىغمەت نەجىب (تاتار)، ساۋۇرجان (ئۆزبېك)، ئابدىۋاھىت روزى، ھاجى ئەخمەت، باقەم ئۆمەر قاتارلىقلار. مال دوختۇرلۇق كەسپىنى ئۆگەنگەنلەر: تۇرسۇن ئاتاۋۇللا، سادىق نۇر، مەھەممەت ھەبىبى، ھاكى، مەمتىمىن نۇر ھاجى، مەھەممەت ئەيۇبى،



مەھەممەت تۇردى، ھوشۇر ئاخۇن، ئابدۇكېرىم، ئابلاجان، ئىبراھىم (خۇيزۇ)، ئابدۇقادىر (لەقىمى ۋەيرانى) قاتارلىقلار.

1935 ـ يىلدىن باشلاپ ئۈرۈمچى، غۇلجا، ئالتاي، چۆچەك، قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىدارىلىرى قارمىقىدا دېھقانچىلىق ماشىنا سايمانلىرى پونكىتى، چارۋىچىلىق پونكىتى، مال دوختۇرلۇق پونكىتى، نۇقتىلىق ناھىيىلەردە ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتلىرى تەسىس قىلىنىپ، كەسپىي ئىشلارنى باشقا، چارۋا مال نەسلىنى ياخشىلاش بويىچە ئۇرۇقلاندۇرۇش ئېلىپ بېرىلغانىدى. نەسىللىك ماللاردىن ئايغىر، بۇقا، قوچقارلارنى چىشى ماللىرى بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش ئىشى دەسلەپ ئىككى خىل ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلدى. ئۇنىڭ بىرى ـ دائىملىق ئۇرۇقلاندۇرۇش بولۇپ، بۇنىڭدا جايلاردىكى چارۋا ماللارنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىگە قاراپ تەسىس قىلىنغان ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتلىرىغا نەسىللىك ئەركەك مال (ئايغىر، بۇقا، قوشقار) تەقسىم قىلىنىپ بېرىلدى. شەھەر ئىچى، شەھەر ئەتراپى ۋە يېزىلاردىكى خەلقنىڭ چىشى ماللىرى كۈيلىگەن ۋاقىتتا شۇ پونكىتقا ئاپىرىپ، ئۇرۇقلاندۇرۇپ تۇردى. يەنە بىرى ـ ۋاقىتلىق ئۇرۇقلاندۇرۇش بولۇپ، بۇنىڭدا ھەر خىل چارۋا ماللىرىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، ئۇرۇقلاندۇرۇش مەزگىللىرىدە چارۋىلار جوغلانغان جايلىرىدا ۋە چارۋىچىلارنىڭ ئاۋۇللىرىدا ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتلىرى قۇرۇلۇپ، 4 ـ ئايدا نەسىللىك ئەركەك ماللار شۇ جايلارغا توشۇپ بېرىلدى ۋە مەخسۇس تېخنىك خادىملارنىڭ ياردىمى بىلەن مال نەسىللەندۈرۈش ئېلىپ

بېرىلدى. چارۋا مال نەسلىنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلاش خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ئىش بولغاچقا، چارۋىچىلارنى ۋە دېھقانلارنى چارۋا مال نەسلىنى ياخشىلاشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن مەيلى دائىملىق پونكىتتا بولسۇن ياكى ۋاقىتلىق پونكىتتا بولسۇن، ئۇرۇقلاندۇرۇش پۇلسىز ئېلىپ بېرىلەدى.

چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى: ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى چارۋا ماللارنى بولۇپمۇ قوي پادىلىرىنى بېقىشنى خالىغۇچىلارغا تۆمۈر مال (ئەسلىدىكى سان كېمەيمەيدۇ، بېقىپ - باشقۇرۇش جەريانىدا ئۆلگەن، يوقالغان، يىرتقۇچ ھايۋانلار يەپ كەتكەنلىرىنى تۆلەيدۇ) نامىدا بىر قورۇ (300 تۇياق) ياكى ئىككى قورۇ (600 تۇياق) دىن ساغلىق بېرىلدى. ئۇنىڭ مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇپ، مۇددىتى توشقاندا ئەسلىدىكى سانى ۋە يېشى بويىچە قايتۇرۇۋېلىندى، كۆپەيگەن سانى باققۇچىغا قالدى. شەخسلەرنىڭ تۆمۈر مال كۆتۈرە ئېلىش شەرتى مۇنداق ئىدى: (1) باققۇچى كۆتۈرە ئالغان چارۋىدىن تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن ئۆلگەن، يوتكەنلىرىنى تۆلەش؛ (2) كۆتۈرە ئالغان ساغلىقلارنى پەقەت نەسىللىك قوچقار بىلەنلا ئۇرۇقلاندۇرۇش، يەرلىك ئاددىي قوچقار بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇشقا رۇخسەت قىلماسلىق؛ (3) كۆتۈرە ئالغان چىشى ماللارنى بېقىش - باشقۇرۇشتا بولۇشىغا قويۇۋېتىپ بېقىشتەك كونا، قالاق ئۇسۇل ۋە ئادەتلەرگە خاتىمە بېرىپ، چوڭ قوي ۋە قوزىلار ئۈچۈن سوغۇقتىن، بوران - چاپقۇن ۋە ھۆل - يېغىندىن ساقلىنالايدىغان ئايرىم قوتان ياكى قورۇلارنى سېلىپ، قىشلىق



ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك تەييارلىقى (قىشتىن ئۆتكۈزۈش ئوزۇق - تۈلۈكى) نى ياخشى ئىشلەپ قىشتىن ئامان چىقىرىش؛ (4) ئەتىيازلىق تۆل ئېلىشنى پۇختا ۋە ئوبدان ئىشلەپ، تۆللەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىنى ئاشۇرۇش (يۈز ساغلىقتىن توقسان قوزا ئېلىشىنى نىشان قىلىش)؛ (5) چاۋا مال داۋالاش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، مۇداپىئە ئوكۇللىرىنى ۋاقتىدا ئىشلىتىپ، ماللاردا بولىدىغان ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كېسەل سەۋەبىدىن بولىدىغان زىياننى ئازايتىش؛ (6) چوڭ - كىچىك ماللارنى دورىلانغان سۇغا پات - پات چۆمۈلدۈرۈپ (ۋاننىلاپ) تۇرۇش. يۇقىرىدىكى شەرتلەرگە ماقۇل بولغان شەخسلەر ياكى كوللېكتىپ كارخانىلار توختام تۈزۈشۈپ، ھۆكۈمەت مېلىنى (ساغلىقلارنى) تۆمۈر مال تەرىقىسىدە قورۇلاپ كۆتۈرە ئېلىپ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ تۆمۈر ماللار يىلدا بىر قېتىم ھېساب - كىتاب قىلىنىپ، قوي ۋە قوزىدىن ئېلىنغان يۇڭ، تېرە - تەرسەك، قاتارغا قوشۇلغان تۆللەر قاتارلىق يىللىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى باققۇچىغا تەئەللۇق بولدى؛ ئۈچ يىل توشقاندا ئەسلىدىكى ساغلىقلار سانى ۋە يېشى بويىچە قايتۇرۇۋېلىندى. ئەگەر باققۇچى داۋاملىق بېقىشنى خالىسا، داۋاملىق كۆتۈرە بېرىلدى.

تۆمۈر مالنى بېقىپ - باشقۇرۇشى ياخشى بولغان ئورگان ۋە شەخسىي چارۋىچىلار ئىش ئۈنۈمىنىڭ سالمىقىغا قاراپ مۇكاپاتلىناتتى. مۇكاپاتلاشنىڭ كونكرېت چارىسى يىلدا بىر قېتىم ئېلىنىدىغان تۇياق بېجىدىن ئازاد قىلىش ئىدى.

چارۋا مال نەسلىنى ياخشىلاشقا ئۈلگە كۆرسىتىش مەقسىتىدە، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قويدىن 60 مىڭ تۇياق

ساغلىق كوللېكتىپ كارخانا ۋە شەخسلەرگە تۆمۈر مال سۈپىتىدە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەنىدى. چاۋا ماللارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ۋە شەخسلەرنىمۇ بېيىتىشتا بۇ ئۇسۇل زور رول ئوينىدى. مەسىلەن، غۇلجىدا مامۇت تاران، تورپاندا ياقوپ ئاخۇن، توقسۇندا ئىبراھىم ئاخۇن، كوللېكتىپتىن ئۆلكىلىك رۇس ئۇيۇشمىسى قاتارلىقلار تۆمۈر مال بېقىپ ـ باشقۇرۇش ئارقىلىق 6000 ـ 7000 تۇياق قويغا ئىگە بولۇپ كۆپ بېيىدى.

شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، چارۋىچى خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈشتەك ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق شىنجاڭ چارۋىچىلىقىدا ئىلگىرى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئاپەت خاراكتېرلىك ھەر خىل كېسەللىكلەر ۋە ئۇنىڭ زىيانداشلىقى ئازىيىپ، چارۋا ماللارنىڭ نەسلى تەدرىجى ھالدا ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى؛ چارۋا ماللار سان ۋە ساپا جەھەتتىن تەرەققىي قىلىپ، چارۋىچى قېرىنداشلارنىڭ تۇرمۇشى ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن دەۋرىدىكىدىن زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. مەسىلەن، ئىلقا ناھىيىسىدە كۇرە بۇتخانىسىنىڭ ۋەخپى مېلى، قاراشەھەر لاما بۇتخانىسىنىڭ ۋەخپى مېلى، ئىلقا ناھىيىسىنىڭ قاراسۇ دېگەن يېرىدىكى چوڭ چارۋىدار چىڭ باۋنىڭ شەخسىي چوڭ ماللىرىنىڭ نەسلى ئوبدان ياخشىلاندى. 1938 ـ يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭنىڭ ھەممە ۋىلايەتلىرىدە، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئاساس قىلىنىدىغان ناھىيىلەردىمۇ چارۋا نەسلىنى ياخشىلاش ـ ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتلىرى تەسىس قىلىنىپ، سىرتتىن كىرگۈزۈلىدىغان نەسىللىك ئەركەك ماللارنىڭ سانى ئاشۇرۇلۇپ، يىلقا، كالا، قوي، چوشقا قاتارلىق چارۋىلارنىڭ نەسلى ياخشىلاندى. چوشقا نەسلىنى ياخشىلاشتا،



سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئوكرائىن پارودىسى بىلەن بېلاروس پارودىسىنىڭ (ھەر ئىككىسى ئاق چوشقا) بۇقا ۋە چىشلىرى كىرگۈزۈلۈپ، ئۆزىمىزدە نەسىللەندۈرۈلدى ۋە كۆپەيتىلدى.

چارۋا مال نەسلىنى ياخشىلاش ئىشىنىڭ قانات يېيىشى بىلەن تېخنىك خادىملارغا بولغان تەلەپمۇ ئېشىپ باردى. 1939 ـ 1938 ـ يىللىرى ئۈرۈمچىدە ئاگرونوم، چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق، سۈچىلىق كەسىپلىرى بويىچە ئۈچ يىللىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم قۇرۇلۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ھەر مىللەت ياشلىرىدىن بىر نەچچە يۈز ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىمۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىدارىلىرى قارمىقىدا دېھقانچىلىق، ماشىنىسازلىق، چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق، ھاۋارايى كەسىپلىرى بويىچە قىسقا مۇددەتلىك (ئۈچ ئايلىق ياكى ئالتە ئايلىق) كۇرسلار ئېچىلىپ، تېخنىك خادىملار يېتىشتۈرۈلدى؛ شۇنىڭدەك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى بار ۋىلايەتلەردە، مەيدان قارمىقىدا باشلانغۇچ تېخنىكوم بىلىمىگە ئىگە پىراكتىكانت خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئەمەلىي خىزمەتكە بىرلەشتۈرۈلۈپ ئۆگىنىش (يېرىم كۈن ئىشلەپ، يېرىم كۈن ئوقۇش) ئۇسۇلى ئارقىلىق تېخنىك خادىملارغا بولغان ئېھتىياج ھەل قىلىندى.

ئۈرۈمچى، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، قۇمۇل، قاراشەھەر قاتارلىق ۋىلايەتلەردە ۋە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان نۇقتىلىق ناھىيىلەردە چارۋا مال نەسلىنى ياخشىلايدىغان مەخسۇس ئورگانلار قۇرۇلغاندا، تېخنىكا جەھەتتىن باشلانغۇچ سەۋىيىگە ئىگە كەسپىي خادىملار ۋە مەلۇم ساندا تېخنىكۇمنى پۈتتۈرگەن

كەسپىي خادىملار تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلۈپ، چارۋا مالنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشقا ئاساس يارىتىلدى.

1936 – يىلى ئۈرۈمچى نەنسەندە، 1939 – يىلى كۆنەستە ئاقتوي خوجىلىقلىرى قۇرۇلۇپ، بۇ ئىككى خوجىلىقتا يېتىشتۈرۈلگەن ئۈرۈقلۇق قوچقارلار بىلەن جايلارنىڭ نەسىللىك قوچقارغا بولغان ئېھتىياجى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىپ بېرىلدى. 1938 – يىلى ئاقسۇ ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىمۇ ئاقتوي خوجىلىقلىرى قۇرۇلۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا چارۋا مال نەسلىنى ياخشىلاشقا ئېھتىياجلىق نەسىللىك قوچقار مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ئۈرۈمچى ئاقتوي خوجىلىقىدا يېتىشتۈرۈلگەن نەسىللىك قوچقارلاردىن بىر قېتىمدىلا ئاقسۇ ۋىلايىتىگە 300 تۇياق، باركۆل ناھىيىسىگە 100 تۇياق يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

1941 – يىلى سۈنئىي ئۈرۈقلاندۇرۇش ئۇسۇلى يولغا قويۇلدى. سۈنئىي ئۈرۈقلاندۇرۇشنى يولغا قويۇشتىن ئىلگىرى بىرىنچى قېتىم بىر ئايلىق مۇددەت بىلەن «سۈنئىي ئۈرۈقلاندۇرۇشنى ئۆگىنىش كۇرسى» ئېچىلىپ، بۇرۇن تەربىيىلىنىپ چىققان تېخنىك خادىملاردىن 30 نەپىرى جايلاردىن يىغىپ ئېلىپ كېلىندى. شۇلار ئارقىلىق سۈنئىي ئۈرۈقلاندۇرۇش ئومۇملاشتۇرۇلدى. كېيىن ھەر يىلى چارۋا ئۈرۈقلاندۇرۇش مەزگىلىدە، جايلار ئۆزى يېرىم ئايلىق ھەتتا 20 كۈنلۈك ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، سۈنئىي ئۈرۈقلاندۇرۇش خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ، ئىش ئېلىپ باردى.

قۇشچىلىق جەھەتتە: نەسىللىك توخۇ، كۆركە (رۇس توخۇسى) يېتىشتۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭدا كۆپ تۇخۇم



بېرىدىغان لېگگورن ناملىق ئاق توخۇ (بۇ توخۇ يىلىغا 330 – 320 تۇخۇم بېرىدۇ)، مول گۆش بېرىدىغان رونت ئايلانت ناملىق قىزىل توخۇ (بۇنىڭ چۆجىسى بىر يىلغا توشقاندا ئېغىرلىقى بىر يېرىم كىلودىن ئېشىپ، ساپ گۆشلا بىر يېرىم كىلو كېلىدۇ) نىڭ خوراز، مېكىيانلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە خىسلىتىگە ئاساسەن ئۆزىمىزدە بېقىپ ئۆستۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ تۇخۇمىدىن سۈنئىي ئۇسۇلدا چۆجە چىقىرىش يولغا قويۇلۇپ، دەسلەپ ئېنكۇۋاتۇر ناملىق چۆجە چىقىرىش ماشىنىسى ئارقىلىق بىر قېتىمدىلا كۆپلەپ چۆجە چىقىرىلدى. بۇ چۆجىلەر تېخنىكىۋى ئۇسۇل بىلەن بېقىپ – باشقۇرۇلۇپ، تۇخۇچىلىق راۋاجلاندۇرۇلدى. ئاندىن مۇشۇ تەجرىبىلەرگە ئاساسەن «كاڭدا چۆجە چىقىرىش» ئۇسۇلى قوللىنىلدى، بۇنىڭدا ئاۋۋال كاڭلىق ئۆي سېلىنىپ، كاڭنىڭ ئۈستىگە ئېنكۇۋاتۇرنىڭ جازىسى شەكلىدە جازا قۇرۇپ، جازىنىڭ ئۈستىگە بىر قانچە يۈز ھەتتا مىڭلىغان تۇخۇم قويۇلدى، ئاندىن ئوچاق ئارقىلىق كاڭغا ئوت يېقىپ، ئۆينىڭ ئىسسىقلىق تېمپېراتۇرىسى 37℃ ~ 38℃ غا يەتكۈزۈلۈپ، ئىسسىقلىق گرادۇسى مۇقىملاشتۇرۇلدى. تۇخۇملار ھەر تۆت سائەتتە بىر قېتىم ئۆرۈپ تۇرۇلدى. 19 كۈندە چۆجىلەر چىقىشقا باشلاپ، 21 – كۈنگىچە تولۇق چىقىپ بولدى.

چارۋا مالنىڭ نەسلىنى ياخشىلاپ شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنى سۈپەت ۋە سان جەھەتتىن تەرەققىي ئەتكۈزۈش تۈز سىزىق بويىچە ئەمەس، بەلكى خېلى بىر مەزگىل نۇرغۇن ئەگرى – توقاي يوللار بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. تارىخىي ئادەت كۈچىنىڭ ۋە مۇتەئەسسىپلىكنىڭ ھەر خىل، ھەر شەكىلدىكى قارشىلىقلىرىغا

قارشى سەۋرچانلىق بىلەن تەشۋىق ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ، تېخنىك خادىملارنىڭ جاپالىق خىزمەت ئىشلىشى ۋە كەڭ دېھقانلار، چارۋىچىلار ئاممىسىنىڭ قوللىشى، شۇنىڭدەك جايلاردىكى مەخسۇس ئاپپاراتلارنىڭ بۇ بىر يېڭى كەسىپنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشى ئارقىسىدا، 1935 ـ يىلىدىن 1943 ـ يىلىغىچە سەككىز يىل ئېلىپ بېرىلغان چارۋا مال نەسلىنى ياخشىلاش ئىشىنىڭ ئۈنۈملۈك نەتىجىسى كۆرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىنىڭ بىرى بولغان شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنىڭ نەسلى مەلۇم نىسبەتتە ياخشىلىنىپ، سان ـ ساپاسى ئۆسۈپ، ئازادلىقتىن كېيىنكى چارۋىچىلىق تەرەققىياتى ئۈچۈن مەلۇم ئاساس ياراتتى.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: چارۋىچىلىق ئىنژېنېرى: **رىشات ھېكىمى**
رەتلەپ چىققۇچى: **مەھەممەتقۇربان ئەزىز يارى**)



# شىنجاڭنىڭ تاشيول ترانسپورت ئىشلىرىدىن ئەسلىمە

## سۇپاخۇن سۇۋۇرۇف

شىنجاڭ — مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، مۇڭغۇلىيە، روسسىيە، قازاقىستان، قىرغىزستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق سەككىز دۆلەت بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقى گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرى بىلەن، جەنۇبى شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن قوشنا، غەربىي شىمالى 1000 كىلومېتىردىن كۆپرەك ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، ستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولغان ئۆلكىلەرنىڭ بىرى. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ، ئۈرۈمچى (دىخۇا)، ئىلى، چۆچەك، ئالتاي، قۇمۇل، قاراشەھەر (يەنجى)، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەندىن ئىبارەت توققۇز ۋىلايەتكە ئايرىلاتتى. ئۆلكىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى ئىدى. بۇ چاغلاردا تاشيول ترانسپورت ئىشلىرى تولىمۇ قالاق بولۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەنىدى. سودا ـ سانائەت، مەدەنىي ـ مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق ئىشلارمۇ تەرەققىي قىلالماي بىر ئىزدا توختاپ قالغانىدى. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى قاتناش ـ ترانسپورت ئىشلىرىغا كۆڭۈل

بۆلمىگەنلىكتىن، ئەسلىدە بار بولغان تاشيول ترانسپورتمۇ يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى.

شىنجاڭدا «ئاپرېل ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شېڭ شىسەينىڭ يېڭى ھاكىمىيىتى تىكلەندى. بۇ ھاكىمىيەت شىنجاڭنىڭ قالاق ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئىقتىساد، سودا - سانائەت ئىشلىرىدا بىر قەدەر تەرەققىياتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان سودا، ئالاقە ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، شۇنداقلا ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئالدىنقى سەپتە كۈرەش قىلىۋاتقانلارغا شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ماددىي ياردىمىنى ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىشىنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجى بىلەن تاشيول ترانسپورتىنى ياخشىلاشنى دەسلەپكى قەدەمدە تۇتۇشقا كىرىشىپ، ئۈرۈمچىدىن جىمىسار ئارقىلىق قۇمۇل - ئارا يۇلتۇز (شىڭشىڭشيا) غا بارىدىغان بۇرۇنقى ھارۋا يوللىرىنى ئۆزگەرتىپ ياساپ ماشىنا قاتنىيالايدىغان يولنى بارلىققا كەلتۈرۈگەنىدى. 1934 - يىلىغا كەلگەندە تۇرپان، پىچان كونا كارۋان يولىنى ئاساس قىلىپ ئۈرۈمچىدىن يەتتە قۇدۇققا بارىدىغان تاشيولنى ياساپ چىقتى. ھازىر داۋانچىڭدىكى ئارقا جىلغا يولىغا كىرىش ئېغىزىدا ساقلىنىۋاتقان ياغاچ كۆۋرۈك شۇ چاغدا سېلىنغان كۆۋرۈك بولۇپ، ئەڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە تاشيول كۆۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ.

1935 - يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ ئۈرۈمچىدىن ئىلىغا بارىدىغان تاشيولنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ ياساش قارار قىلىندى ھەم بىرىنچى باسقۇچتا ئۈرۈمچىدىن شىخوغىچە، ئىككىنچى



باسقۇچتا شىخودىن جىڭغىچە، ئۈچىنچى باسقۇچتا جىڭدىن قورغاسقىچە ياسىلىپ پۈتتۈرۈلدى. بۇ يوللارنى ياساش بىلەن بىرلىكتە يەنسىخەي، جىڭ، تاللىق، چىڭشۇر كۆۋرۈكلىرىمۇ ياسالدى. يول ياسىلىپ پۈتكەندىن كېيىن يولنى ئاسراپ، رېمونت قىلىش ئۈچۈن تېخنىكلار ۋە ئىشچىلار قويۇلۇپ ئۇلار ئۈچۈن ياتاق - ئۆيلەرمۇ سېلىندى. يوللارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئۈچاستىكا ۋە داۋبەنلەر (يول ئاسراش گورۇپپىلىرى) قۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تاشيول چىڭشوردىن غۇلجىغا قەدەر ئۇزارتىپ ياسالدى. ئاندىن بۇ يوللارنى مەمۇرىي، ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكا جەھەتلەردىن باشقۇرۇش ئۈچۈن غۇلجىدا بىر باش ئۈچاستىكا قۇرۇلدى. تاشيولنىڭ ياسىلىشى بىلەن كەڭسايدا بىر سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىمۇ قۇرۇلدى. بۇ ئىستانسا شىنجاڭدىكى ئېلېكتر ئىستانسىسلىرىنىڭ ئىچىدە تارىخىي ئەڭ ئۇزۇن ئېلېكتر ئىستانسىسى بولۇپ ھازىرمۇ شۇ جايدىكى كىشىلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كەلمەكتە.

ئۈرۈمچى - ئىلى تاشيولى شىنجاڭدا بىرىنچى قېتىم رەسمىي ياسالغان، مۇساپىسى ئەڭ ئۇزۇن تاشيول بولۇپ، كېيىن دۆلەت مۇداپىئە تاشيولى بولۇپ قالدى. 1938 - يىلى سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى ۋەتىنىگە قايتتى، يەنە بىر قىسىملىرى شىنجاڭدىكى تاشيول ئىدارە، ئۈچاستىكىلىرىدا قېلىپ ئىشلەۋەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈرۈمچى - ئارايۇلتۇز، ئۈرۈمچى - قورغاس، شىخو - ئالتاي، شىخو - چۆچەك ۋە ئۈرۈمچى - ئاقسۇ، قەشقەر - خوتەنگىچە بولغان ئاساسلىق يوللار ياسىلىپ، ئاپتوموبىل ترانسپورت ئىشلىرى يولغا قويۇلۇپ شىنجاڭنىڭ مالىيە - ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىر قەدەر

ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرى راۋاجلىنىپ ئېگى ئۆستى، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىمۇ جانلىنىپ كېسەل، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى ئازايدى.

شىنجاڭدا دەسلەپكى مەزگىلدە ئامېرىكىنىڭ دوتكىي ماركىلىق ئاپتوموبىللىرى ئۈرۈمچى ـ گۇچۇڭ ئارىلىقىدا يولۇچى ۋە يۈك توشۇيتتى. كېيىن چۆچەك ئارىلىقىدا (جۇڭگو ـ سوۋېت چېگرىسىدىن كىرىپ ـ چىققۇچىلار ئۈچۈن) قاتناش باشلاندى. يول ناچار بولغانلىقتىن ئاپتوموبىللار بۇزۇلۇپ ياكى پاتقاققا پېتىپ قېلىپ چۆللەردە قېلىشتەك ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ تۇراتتى. بۇنى نەزەردە تۇتۇپ يولنى چىڭداش، رېمونت قىلىش ئۈچۈن، بورھان ئەپەندىم گېرمانىيىگە بارغاندا يول چىڭداش ماشىنىلىرىدىن تۆت ـ بەشنى سېتىۋالدى. بۇ ماشىنىلار كېيىن تاشيول ئاسراشتا ئىشلىتىلدى. كېيىنچە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يەنە بىر قىسىم ئاپتوموبىللار ئىمپورت قىلىنغانلىقتىن، شوپۇر يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۆرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى بولاقبېشىدا تۇنجى قېتىم شوپۇرلۇق كۇرسى ئېچىلىپ مىخايىنىك مۆمىن ئەپەندىنىڭ تەربىيىلىشىدە ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، خۇيزۇ ۋە رۇس قاتارلىق مىللەتلەردىن 30 غا يېقىن كىشى تەربىيىلىنىپ چىقتى. مەخسۇت تىيىپوۋ، خەمزە كىرىمباي، ئابدۇللاخۇن قاتارلىقلار شۇ قېتىمقى كۇرسدا ئوقۇغانلار بولۇپ، شىنجاڭنىڭ قاتناش ئىشلىرىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان پېشقەدەم يولداشلاردۇر.

شىنجاڭنىڭ مەركىزى — ئۈرۈمچىنىڭ قاتناش قوراللىرى ئاساسەن ئات، خېچىر قوشۇلغان ئىككى چاقلىق



ياغاچ ھارۋىلاردىن ئىبارەت ئىدى. كېيىن شەھەر ئىچىدە مەپىلەر ۋە تۆت چاقلىق خادىك ھارۋىلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن ئات ھارۋىلىرى چۈشىدىغان دەڭ ـ سارايلار بولۇپ، كوچا يوللىرى بىر قەۋەت تېزەك، سامانلار بىلەن كۆمۈلۈپ كېتىپ يول يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ھاۋا ئىسسىغاندا چىۋىن، پاشا ۋە كۆكۈيۈنلەر قايناپ كېتەتتى. ھەممە جايدا سېسىقچىلىق دىماغقا ئۇرۇلۇپ كىشىلەرگە ئارام بەرمەيتتى. يۇقۇملۇق كېسەل مىكروپلىرى كۆپىيىپ كېسەل پەيدا قىلاتتى. ئۈرۈمچىنىڭ قىش پەسلى ئۇزاق بولۇپ قار كۆپ ياغاتتى، كوچىلارغا دۆۋىلەنگەن قار ـ مۇزلار سۈپۈرۈلمىگەنلىكتىن قاتناش ـ ترانسپورت ئىشلىرىغا چوڭ توسقۇنلۇق قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەر ئاھالىلىرى ئەخلەت ـ يۇندىلارنى كوچىلارغا ئەپچىقىپ تۆكۈۋېرەتتى. بۇنىڭ بىلەن قاتناش ئىشلىرى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، كېلىپ چىقىدىغان جېدەل ـ ماجرالارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.

* * *

1935 ـ 1936 ـ يىللىرى ھەربىيلەر شىخابا (ئۈرۈمچى دەرياسى) دىن تاش تېرىپ ئەكىلىپ كوچىلارغا تاش ياتقۇزغاندىن كېيىن، كوچىلاردىكى پاتقاقچىلىق بىر قەدەر ئازايدى. ئاۋۋال دوڭمىن (شەرقىي دەرۋازا) دىن دۆبەن مەھكىمىسى (ھازىرقى خەلق مەيدانى) غىچە تاش ياتقۇزۇلدى. ئاندىن ئاساسلىق كوچا ياڭخاڭغىچە (ھازىرقى 3 ـ دوختۇرخانىغىچە) تاش ياتقۇزۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بارا ـ بارا باشقا كوچىلارغىمۇ تاش

ياتقۇزۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇمچىنىڭ شەھەر كوچىلىرىغا ئاساسىي جەھەتتىن تاش ياتقۇزۇلۇپ، شەھەر كوچىلىرى ئەسلىدىكىدىن بىرئاز ياخشىلاندى.

*　　*　　*

1942 ـ يىلى شىڭ شىسەي قەشقەردىكى مۇستەقىل 6 ـ باتالىيوننى (6 ـ يېڭىنى) تۇرپانغا يۆتكىمەكچى بولدى. پۈتۈن ھەربىيلەر بالا ـ چاقىلىرى بىلەن كورلىغا يېتىپ كەلگەندە ھۆكۈمەت قورال ـ ياراقلىرىمىزنى ئېلىۋېلىپ (خوتۈن، بالا ـ چاقىلىرىمىزنى قاراشەھەردىكى دەڭ، سارايلارغا سولاپ قويۇپ) ئەرلەرنىڭ قولىغا كەتمەن، گۈرجەكلەرنى تۇتقۇزۇپ كورلىدىن چاقىلىقىچە بولغان 448 كىلومېتىر يولنى ياساشقا بۇيرۇدى. بىزنىڭ باتالىيونغا كورلىنىڭ كۆنچى ناھىيىسىدىكى ئۇلۇغ كۆل، چوڭ كۆل ئارقىلىق چاقىلىقىچە بولغان 100 كىلومېتىر يولنى تەقسىم قىلىپ بەردى. مەن شۇ چاغدا باتالىيوننىڭ سەنمۇسى (سەنمۇ جاڭ) قوشۇمچە 1 ـ لىيەننىڭ لىيەنجاڭى ئىدىم. بىزگە سابىق تاشيول ئىدارىسىدىن يول ئۆلچەش ۋە قوزۇق قېقىش ئىشلىرىنى قىلىش ئۈچۈن، ئىككى نەپەر تېخنىكنى ئاجرىتىپ بەردى. بۇلاردىن بىرسىنىڭ ئىسمى جاڭ چىشۇەن، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى ۋاڭ چىشۇەن ئىدى. بۇلار پۈتۈن باتالىيوننىڭ يول قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. سابىق تاشيول ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جۇجاڭ ۋە سوۋېتلىك بارىسكوف ئىسىملىك بىر ئىنژېنېر كورلىدىكى قوماندانلىق پونكىتىدا تۇرۇپ كورلا ـ چاقىلىق تاشيول قۇرۇلۇشىغا قوماندانلىق



قىلاتتى.

يول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بىر ئاتلىق پولك (تۈەن)، يەنە بىر پىيادىلەر باتالىيونىمۇ ئاجرىتىلغان بولۇپ، بۇلار چاقىلىقتا تۇراتتى. 3000 دەك پۇقرا يول ياساش ئالۋىنىغا تۇتۇلغان. بۇلار قاراشەھەر، خۇتۇنسۇمۇل (خېجىڭ)، كۆنچى (لوپنۇر)، كورلا، بۇگۈر، چەرچەن، چاقىلىقتىن ئىبارەت يەتتە ناھىيىدىن يىغىلغان دېھقان ـ چارۋىچىلار ئىدى.

باتالىيونغا بېرىلگەن تېخنىكلار يېتىشمىگەنلىكتىن يول ئۆلچەش، قوزۇق قېقىش، ئايلانمىنى ئۆلچەش قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن مېنى قىسقا مۇددەتلىك كۇرسقا ئەۋەتتى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پۈتۈن باتالىيوننىڭ ئادەتتىكى بەزى تېخنىك خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە بەلگىلەندىم. شۇنداق قىلىپ 1942 ـ يىلىدىن 1943 ـ يىلىغىچە بىر يىل پۇقرالار بىلەن بىرلىكتە ئىشلەپ، كورلىدىن چاقىلىقىچە بولغان 448 كىلومېتىر يولنى پۈتتۈردۇق.

*　　*　　*

1945 ـ يىلى ئىلى، چۆچەك، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئارقىمۇ ـ ئارقا ئازاد بولدى. 1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ ھەرقايسى ئىدارىلەرمۇ يېڭىدىن تەسىس قىلىندى. شۇ قاتاردا تاشيول ئىدارىسىمۇ قۇرۇلۇپ مىجىت كەنجى (تاتار) تاشيول ئىدارىسىنىڭ باشلىقى (ئازادلىقتىن كېيىن قاتناش

نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان) ، بىر نەپەر رۇس مۇئاۋىن باشلىقى ھەم تاشيول تېخنىكى بولدى. تاشيول ئىدارىسىنىڭ ئورنى غۇلجىدا بولدى.

مەزكۇر ئىدارىنىڭ ئاساسىي شىڭ شىسەي ۋاقتىدا قۇرۇلغان ئۇچاستىكىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، يوللار يەنىلا شۇ چاغلاردا ياسالغان تاشيول ئىدى ھەمدە شۇ چاغدىكى ئۇچاستىكا، داۋبەنلەر ۋە تېخنىكلاردىن پايدىلىنىپ باشقۇرۇلاتتى. ئۈچ ۋىلايەتتىكى تاشيول ئىدارىسىنىڭ ئاسرايدىغان تاشيول لىنىيىسى غۇلجىدىن ماناس دەرياسى بويىغىچە، شىخودىن چۆچەك، ئالتايلارغىچە ئىدى. ئاپتوموبىللارنىڭ كۆپرەكى ھەربىيلەرنىڭ بولغاچقا، يول ئاسراش ھەققى ئېلىنمايتتى. يول ئاسراش چىقىملىرى ھۆكۈمەت ھېسابىغا بولغانلىقتىن، ئىقتىساد يېتىشمەي، يوللارمۇ دېگەندەك ئاسرالماي قاتناش ھادىسىلىرىمۇ يۈز بېرىپ تۇراتتى. يوللارنىڭ سۇڭگۇچ ۋە تاشما سۇلۇق يۈزىنى ياساشتا پولات ماتېرىياللىرى ۋە سېمونت بولمىغانلىقتىن چەتتىن ئىمپورت قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ماتېرىياللارنى يۆتكەشتە قاتناش قولايسىز بولغانلىقتىن چىقىمى كۆپىيىپ كېتەتتى. شۇڭا چىقىمنى ئازايتىش ئۈچۈن بۇنداق يوللارمۇ ياغاچ - تاشلاردىن ياسىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئورمانلار كېسىلىپ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغۇسىز زىيان بولاتتى. يول ئاسراشقا كەلسەك، يول يۈزىنى رېمونت قىلىش ۋە تۈزلەشتە كالىغا سۆرەم سۆرۈتۈش ئارقىلىق تۈزلىنەتتى. بەك ناچار يەرلەر گىرىدىر (يول تۈزەش ماشىنىسى) بىلەن تۈزلىنەتتى. بۇ ئۇسۇل تاكى ئازادلىقتىن كېيىنمۇ 1960 - يىللارغىچە داۋاملىشىپ كەلدى.

يولنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، كەڭسايىنىڭ يولى ھەم تار ھەم



تىك داۋان بولۇپ مال - چارۋىلار، ئات ھارۋىلىرى، ماشىنا ۋە پىيادىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ يولدىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. شۇڭا بۇ يولدا دائىم دېگۈدەك خەتەرلىك ھادىسىلەر كۆرۈلۈپ تۇراتتى. چارۋىلارنى بېسىپ ئۆلتۈرۈۋېتىش سەۋەبىدىن، چارۋا ئىگىلىرى بىلەن ھادىسە تۇغدۇرغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا دائىم جېدەل - ماجىرالار بولۇپ تۇراتتى.

*　　*　　*

موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى تەكرىتېغىنىڭ باغرىغا جايلاشقان بولغاچقا، بۇ ناھىيىنىڭ بەزى جايلىرىغا بېرىش ئۈچۈن تېكەس دەرياسىدىن كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. شۇڭا دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى ناھايىتى تەسكە توختايتتى. چارۋا - ماللارنى يايلاقتىن قىشلاققا ۋە قىشلاقتىن باشقا جايلارغا يۆتكەشتە مال - چارۋىلىرى ئېقىپ كېتىپ ياكى دەريا بويىدىكى پاتقاققا پېتىپ قېلىپ نۇرغۇنلىغان زىيان بولاتتى. 1937 - يىلى شۇ جايدىكى قۇربانجان ئاكا، ئىنىسى مەمەتنىياز قارى قاتارلىقلار يەرلىك ئىئانە توپلاپ، سوۋېت ئىنژېنېرلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىر ياغاچ كۆۋرۈك سېلىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ دەريادىن ئۆتۈشتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغانىدى. 1946 - يىلىغا كەلگەندە دەريا كۆۋرۈكىنىڭ ئىككى تەرىپىتىكى ئۇلى ئۇلتۇرۇشۇپ كېتىپ يەنە قۇربانجان ئاكىنىڭ تەكلىپى بىلەن مىللىي ئارمىيە قوماندانى گېنېرال لېيتنانت ئىسھاقبەگ مەزكۇر كۆۋرۈكنى تېكەس ئاتلىق 5 - پولكىنىڭ ياسىشىغا تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن پولكتىكى ھەممە

جەڭچى، كادىرلار قورال ـ ياراق، ئورۇن ـ كۆرپىلىرىنى يۈدۈپ كېلىپ دەريا بويىدىن ماكان تۇتۇپ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئۈچ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولنى ئون نەچچە كۈن جىددىي ئىشلەپ، بەزى جايلىرىنى ئىككى مېتىر، بەزى يەرلىرىنى يېرىم مېتىر كۆتۈرۈپ ياساپ چىقتۇق. بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماستىن ئارقىدىن يەنە موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىكى ئاقسۇ دەرياسىنىڭ بىر قانچە كۆۋرۈك ۋە يوللىرىنى ياساپ چىقتۇق. بۇنىڭدىن تاكى ئازادلىققىچە خەلقلەر پايدىلىنىپ كەلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش ۋە ئۆستەڭ چېپىش ئىشلىرىغا قاتنىشىپ خەلقنىڭ رەھمەت ـ ھەشقاللىسىغا سازاۋەر بولدى.

بۇ ئىشلارغا 50 يىلدەك بولغان بولۇپ، ئۆزۈم كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمنى يېزىپ چىقتىم. ۋاقىتنىڭ ئۇزىراپ كېتىشى، يېشىمنىڭ چوڭىيىپ قېلىشى سەۋەبىدىن تولۇق ۋە توغرا بولماي قالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق جايلىرىنى ئەينى ۋاقىتتا شۇ ئىشلارغا قاتناشقان يولداشلارنىڭ تولۇقلاپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.



# مايتاغ ـ شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ بۆشۈكى

ئەلىيوف

يېرىم ئەسىر ئىلگىرىكى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بۇرغىلاش ماشىنىلىرىنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان كىچىككىنە بىر زېمىننى ئويغاتتى. شۇندىن ئېتىبارەن بۇ قاقاس چۆللۈك ياشلىق باھارىنى ئۇرغۇتتى، گېئولوگىيە ئەترىتى، بۇرغىلاش ئەترىتى، ئاپتوموبىل ئەترىتى ۋە تراكتور ئەترىتى بۇ يەرگە كېلىشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، 200 ـ 300 كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر قوشۇن، شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ ئاساسىي بولغان مايتاغ نېفىت كېنىنى قۇرۇپ چىقتى.

ماشىنا بىلەن بۇرغىلاشتىن ئىلگىرى، مايتاغدا نېفىت ئېلىش ئۇسۇلى ئىپتىدائىي ئىدى. نېفىت گازى كۆرۈنگەن جايغا ئۇزۇنلۇقى بەش گەز كېلىدىغان ئىككى دانە خەندەك كولاپ، ئاندىن يەنە خەندەك ئىچىگە چوڭقۇرلۇقى يەتتە سۇڭدىن بىر گەزگىچە بولغان بەش، ئالتە تىك قۇدۇق قېزىلاتتى. يەر ئاستىدىن ئېقىپ چىققان نېفىت بىلەن سۇ بۇ قۇدۇقلارغا يىغىلاتتى. ئاندىن كېيىن يىغىلغان ماي چېلەك بىلەن تارتىپ

ئېلىناتتى. ياز كۈنلىرى ھەر كۈنى 250 كىلو ئەتراپىدا ماي ئالغىلى بولسىمۇ، لېكىن قىش كۈنلىرى پەقەت 35 ـ 40 كىلو ماي ئالغىلى بولاتتى.

مايتاغدا لاي ۋولقان تېغى بولۇپ، تاغ تۆپىسىدە نۇرغۇنلىغان پاتقاق ئېتىلىپ چىقىدىغان ئېغىزلار بار ئىدى. بۇ ئېغىزلاردىن يېشىل، كۆل رەڭ ياكى گۆش رەڭدىكى ماي، سۇ، گاز ئارىلاش پاتقاق ئېتىلىپ چىقاتتى. مانا بۇ نېفىت ئالامەتلىرى بولۇپ، خەندەك كولاپ نېفىت ئېلىشتا ئۇنىڭغا تايىنىلاتتى. مايتاغ نېفىتى — سۇس بېغىر رەڭ، يېنىك ماي تەركىبى كۆپ بولۇپ، سۇ ئۇستىگە لەيلىگەنلىكى ئۈچۈن ناھايىتى ئاسانلا ئالغىلى بولاتتى. شۇ ۋاقىتلاردا ئېلىنغان نېفىتلەر ئۈرۈمچىگە توشۇلاتتى.

1938 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، ئۈرۈمچى كۆزىتىش ئىدارىسى سەككىزىمىزنى مايتاغقا خىزمەتكە ئەۋەتتى. شۇ ۋاقىتتا مايتاغنىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرىغا سوۋېتلىك مۇتەخەسسىسلەر مەسئۇل ئىدى. رەھبىرىنىڭ ئىسمى مىخائىل سېرىگى بولۇپ، بۇندىن باشقا يەنە رۇس تىلىنى بىلىدىغان جاۋ فامىلىلىك شەرقىي شىماللىق كىشى زاۋۇت باشلىقى ئىدى. پۈتۈن زاۋۇتنىڭ 200 ـ 300 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بولۇپ، پەقەت تۆت ـ بەش كورپۇسلا ئۆيى بار ئىدى. قالغانلىرى گەمە ياكى موڭغۇل ئۆيى ئىدى.

سوۋېتلىك مۇتەخەسسىسلەردىن يەنە مىتىلوف، نېرتىك قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلار دائىم كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، قۇدۇق جازىلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ تەكشۈرەتتى. بۇ كىچىك ماشىنىلار پەقەت تېخنىك خادىملار ئۈچۈن



ئىشلىتىلەتتى، باشقىلار ئاتلىق ماڭاتتى. شۇ ۋاقىتتا يەنە بىرنەچچە ئاتخانىمۇ بار ئىدى.

ئۇ ۋاقىتلاردىكى مايتاغ، مەيلى خىزمەت شارائىتى ياكى تۇرمۇش شارائىتى جەھەتتىن بولمىسۇن، ناھايىتى ناچار ئىدى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ پەقەت بىرلا ئاشخانىسى بولۇپ، ھېچقانداق كۆكتات ئېچىش سورۇنلىرى يوق ئىدى. پۈتۈن زاۋۇتتا پەقەت 20 ئاپتوموبىل، ئالتە تراكتور بار ئىدى. بۇ ماشىنىلارنى ترانسپورت بېكىتى باشقۇراتتى. زاۋۇتتا ئىشخانا، گېئولوگىيە بۆلۈمى، قۇدۇق جازىلىرىنى باشقۇرۇش بۆلۈمى، ماشىنىسازلىق بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن باشقۇرۇش تۈزۈمى مۇكەممەل ئەمەس ئىدى.

مايتاغقا يېڭى كەلگەن ۋاقتىمىزدا مۇتەخەسسىس مىخائىلوۋسكىي بىزگە دەرس بەردى، ماي قۇدۇقلىرىنى قانداق باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىشنى ئۆگەتتى. بىز دەسلەپكى قەدەمدە بۇرغۇلاش، ماي ئېلىش جەھەتتىكى بىلىملەرنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، بۇرغۇلاش ئەترىتىگە بېرىپ خىزمەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇق. 1939 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى جۇڭگو تەرەپنىڭ گېئولوگىيە ئەترىتى، توك بىلەن ئۆلچەش ئەترىتى ۋە قۇراشتۇرۇش ئەترىتىدىكى رەھبەرلىرىنى يىغىپ، يەنە بىر قېتىم تېخنىكىلىق تەربىيىلەش ئېلىپ باردى. پراكتىكا جەريانىدا سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى بىزنى تۇستاي، شىخو، چىڭگىل، شىخەنزە، تۆت تۇپ تېرەك قاتارلىق جايلارغا ئاپىرىپ، گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. شۇندىن كېيىن مەن كارتىگوراب، لابىرانت ۋە توپلىغۇچى بولدۇم.

1938 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدىن شىخاباغا قەدەر ئالتە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ يولى ياسىلىپ، كۇيتۇڭ دەرياسىنىڭ سۈيىنى باشلاپ كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى رۇۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن شارائىت يارىتىلدى. 1939 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1940 - يىلىنىڭ بېشىغىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر قىسىم چوڭ قۇدۇق جازىلىرى يۆتكەپ كېلىندى. بۇ يېڭى ئەپكەلگەن قۇدۇق جازىلىرى، بۇرغۇلاش ماشىنىلىرى ئارقىلىق 700 - 800 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا قۇدۇق بۇرغۇلاشقا بولاتتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى مايتاغدا ئىشلىتىلگىنى 100 مېتىرلىق تېيىز بۇرغۇلاش ماشىنىلىرى بولۇپ، 17 -، 20 -، 36 -، 39 -، 40 -، 41 -، 42 - نومۇرلۇق ماي قۇدۇقلىرىنى قازغان ئىدى.

1941 - يىلى، خېلىلا ئىلغار بولغان نېفىت ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇلدى. لېكىن 1943 - يىلغا كەلگەندە سوۋېتلىكلەر ئۇنى بۇزۇۋېتىپ، ئۈسكۈنىلىرىنى سوۋېتقا يۆتكەپ كەتتى.

1942 - يىلى مېنىڭ نېفىتلىككە ۋە بۇ خىزمەتكە تازا قىزىقىۋاتقان ۋاقتىم ئىدى، لېكىن 10 - ئايدا مەن نېفىت كېنىدىن ھەيدەلدىم.

1943 - يىلى قۇۋۇقتىكى ئاكامنىڭ يېنىغا باردىم. مەن قۇۋۇقتا بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن ئادەملەر مېنى سوۋېت ئىشپىيونى، دەپ قولغا ئالدى. مەن چۆچەك تۈرمىسىدە 11 ئاي يېتىپ، 1944 - 1945 - يىللىرى ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە قامالدىم.

1947 - يىلى 3 - ئايدا قەشقەر مائارىپ ئىدارىسىدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم. شۇ ۋاقىتتىكى ئۈچ ۋىلايەت



ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىدىكى يولداشلار مېنى مايتاغقا بېرىپ خىزمەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مايتاغقا قايتىپ كېلىپ تېخنىك بولدۇم. ئۇ چاغدا مايتاغنىڭ رەھبىرى ۋارىسجان سىدىق ئىدى. دەسلەپتە سوۋېتلىكلەر ئاچقان ھەم كېيىن ئۇلار ئېتىۋەتكەن ماي قۇدۇقلىرىنى ئېچىپ، يېڭىباشتىن ماي ئېلىشقا كىرىشتۇق.

1948 - يىلى 36 - نومۇرلۇق قۇدۇقنى ئېچىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، ھادىسە يۈز بەردى. مەن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان نېفىت گازى ئىچىدە قالدىم، ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. يولۋاس قاتارلىق بىر نەچچە پېشقەدەم ئىشچىلار ماڭا ئارقان تاشلاپ بېرىپ، مېنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى، مەن ئامان قالدىم، لېكىن بىر كۆزۈم نېفىت گازى بىلەن زەخىملەندى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدا قىيىن - قىستاققا ئۇچرىغانلىقىم ئۈچۈن، كۆزۈمگە تېخىمۇ زور زىيان يەتتى، ھازىر ھەر ئىككى كۆزۈم كۆرۈش ئىقتىدارىنى يوقاتقانلىقتىن ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيمەن.

1947 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ نېفىت ئايرىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدىم. شىنجاڭ تېخنىك ئەسۋابلار بىلەن تەمىنلەش بۆلۈمىدە خىزمەت قىلدىم. كېيىن تېخنىك ئەسۋاپلار بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسى قۇرۇلدى. مەن بۇ باشقارمىدا ئۈچ يىل ئىنژېنېر بولدۇم.

1954 - يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردىم. ئارقىدىنلا قاراماي تېخنىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسىغا يۆتكىلىپ، مۇئاۋىن باشقارما

باشلىقى بولدۇم.

هازىر شىنجاڭنىڭ نېفىت سانائىتى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، كۈنساناپ ئۆزگىرىپ بارماقتا. دېمەك شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ بۆشۈكى — مايتاغ ئىدى.



# شىنجاڭنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى رادىئو ئىشلىرى توغرىسىدا

## ئىمىن غازى

19 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى خەلقئارادا مەيدانغا كەلگەن تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، 20 - ئەسىرنىڭ 19 - ۋە 20 يىللىرى ئامېرىكا، كانادا، گوللاندىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئەللىرىدە رادىئو ئىستانسىلىرى ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلدى. ئېلىمىز جۇڭگونىڭ سىمسىز رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇلۇشمۇ 1923 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئەڭ ئاۋۋال شاڭخەيدە تۇنجى «چوڭ قۇرۇقلۇق خەۋىرى — جۇڭگو رادىئو شىركىتىنىڭ رادىئو ئىستانسىسى»، ئارقىدىن خاربىن، تيەنجىن، بېيجىڭ، نەنجىڭ، چۇڭچىڭ قاتارلىق شەھەرلەردە رادىئو ئىستانسىلىرى بارلىققا كەلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئۆلكە مەركەزلىرى ۋە چوڭ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە، رادىئو ئىستانسىلىرى قۇرۇلدى.

شىنجاڭدا 1935 - يىلى، شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋردە، ياڭ دېلو باشلىق بولغان ئۈرۈمچى سىملىق رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئورنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى سىرتىدىكى «ۋېنمياۋ»

بۇتخانىسى ئىچىدىكى جەنۇبىي يان ئۆيدە بولۇپ، شىڭ شىسەينىڭ چىگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسى قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. ئۇنىڭ ئاران 21 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بولۇپ، ماشىنا ئۇسكۇنىلىرى بەك ئاددى ئىدى، سەككىز ۋاتلىق بىر سىملىق رادىئو ئاپپاراتى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ۋە ئىستانسا ئىچىگە ئورنىتىلغان جەمئىي 30 نەچچە رادىئو قوبۇللىغۇچ ۋە كانايلار بار ئىدى. بۇ ئىستانسا كېيىنكى مەزگىللەردە، ئۆزى بىر دانە رادىئو ئاپپاراتى ياساپ ۋە سىرتتىن 200 نەچچە رادىئو قوبۇللىغۇچ، كاناي سېتىۋېلىپ ئىشلەتتى. رادىئو ئاڭلىتىش دائىرىسىنى ئىدارىلەر، مەكتەپ، سودا - سانائەتچىلەر ۋە شەھەر ئاھالىسى ئارىسىغىچە پەيدىنپەي كېڭەيتتى، كاناي سانىنىمۇ يىلدىن يىلغا ئاشۇرۇپ، 1937 - يىلى 100 گە، 1939 - يىلى 775 گە يەتكۈزدى.

1941 - يىلى 12 - ئايدا، بۇ ئىستانسا قاتناش باشقارمىسىغا قاراشلىق تېلېفون ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، باشلىقى ئالماشتۇرۇلدى. ئۇنىڭ رادىئو تەشۋىقاتى شىڭ شىسەينىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى؛ ماشىنا، ئۇسكۇنە ۋە ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرۇشقا تېخنىك شۆينخۇا مەسئۇل قىلىندى؛ رادىئوغا دائىر مۇھىم تەدبىرلەر ۋە پروگراممىلار شىڭ شىسەي تەستىقلىغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىندى. ئاۋۋالقى باشلىقىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى، ئاڭلىتىشنىڭ راۋان بولماسلىقىدەك بەزى قالايمىقانچىلىقلار تۈپەيلىدىن 1942 - يىل 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ماشىنا - ئاپپاراتلار ئىشتىن توختىتىلىپ، رادىئو ئىشلىرى تەرتىپكە



سېلىندى؛ سىم يوللىرى رېمونت قىلىندى؛ سىمتاناپ تۈۋرۈكلىرى كۆپەيتىلىپ، كانايلار باشقىدىن ئورنىتىلدى؛ باشقۇرۇش تۈزۈملىرى كۈچەيتىلىپ، شۇ يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاڭلىتىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇ چاغدىكى سىملىق رادىئو ئاڭلىتىشتا رادىئو ئاڭلىغۇچىلاردىن ھەق ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

ئۈرۈمچى سىملىق رادىئو ئىستانسىسى يېڭى قۇرۇلغان مەزگىل شىڭ شىسەينىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» دېگەن پروگراممىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ تەشۋىق قىلىنىۋاتقان، «شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» ئارقىلىق سىياسىي دوكلاتلار بېرىلىۋاتقان، ۋەزىيەت توغرىسىدا سىياسىي نۇتۇقلار سۆزلىنىۋاتقان چاغ ئىدى. 1942 - يىلى كۈزدە، شىڭ شىسەي «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» تىن يۈز ئۆرۈپ، گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى؛ ئۈرۈمچى سىملىق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ تەشۋىقات يۆنىلىشىدە چوڭ بۇرۇلۇش بولۇپ، بۇ ئىستانسا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تەشۋىقات قورالىغا ئايلىنىپ قالدى. 1943 - يىلى 1 - ئايدا، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىتىلىشى بىلەن، ئۈرۈمچىدە گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى قۇرۇلدى. ئۇلار ئۈرۈمچى سىملىق رادىئو ئىستانسىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئاڭلىتىشنى بىر مەھەل توختىتىپ قويۇپ، رادىئو ئىستانسىسىنى تەرتىپكە سېلىپ، 1945 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئاڭلىتىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، رادىئو ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچى تەشۋىقاتىنى قايتا باشلىدى. 1947 - يىلى يازدا گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقە بۆلۈمى

تەشۋىقات ھەيئىتىنىڭ مەسئۇل كاتىپى مو رۇيىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك تەشۋىقات ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ليۇ مېڭچۇنىڭ نامىدا، قاتناش مىنىستىرلىكىگە قاراشلىق 6 - رايون تاشيول ئىدارىسىنىڭ تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئىستانسىسىدىكى ۋۇشياڭچىن، ۋېي فۇ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن شىنجاڭ سىمسىز رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇش ئىشى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى ۋە تەييارلىق ئىشلىرىنى 6 - رايون تاشيول ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللۇقىدا ئىشلەشنى، شۇ ئىدارىنىڭ ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىپ سىناق تەرىقىسىدە ئاڭلىتىش بېرىشنى، بۇنىڭدا 75 مېتىرلىق دولقۇن ئۇزۇنلۇقىدىن، 4000 كىلوگېرتسلىق تەۋرىنىشتىن پايدىلىنىشنى قارار قىلدى؛ ماشىنا - ئاپپارات سېتىۋېلىش ئۈچۈن سىرتقا ئادەم ماڭغۇزدى.

1948 - يىلى 8 - ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك تەشۋىقات ھەيئىتىنىڭ ئىلتىماس قىلىشى، گومىنداڭ قاتناش مىنىستىرلىكى پوچتا - تېلېگراف باش ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، شىنجاڭ سىمسىز رادىئو ئىستانسىسى رەسمىي قۇرۇلدى. ۋېي فۇ ئۇنىڭ باش ئىنژېنېرى ۋە ئىستانسا باشلىقى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، رادىئو ئىستانسىسىنىڭ خىزمىتىگە 6 - رايون تاشيول ئىدارىسى ۋە باشقا ئورۇنلاردىن 17 نەپەر خادىم (بۇلارنىڭ بىرى ئۇيغۇر تەرجىمان، بىرى ئۇيغۇر دىكتور) يۆتكەپ كېلىندى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئورۇمچى شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى چوڭ مەيداننىڭ (ھازىرقى «تيانشان» مېھمانخانىسىنىڭ جەنۇبىي يېنىغا) جايلاشقان ئۈچ بورجەك ئورۇندىكى كىچىك



مېھمانخانىنى رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئورنى قىلىپ بەلگىلەپ بەردى. بۇ ئىستانسا بىر تەرەپتىن سىناق تەرىقىسىدە خەنزۇ تىلىدا ئاڭلىتىش بېرىشنى يولغا قويدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن رەسمىي رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇشقا پائال تەييارلىق كۆردى.

1949 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ سىناق تەرىقىسىدە ئۇيغۇر تىلىدا ئاڭلىتىش بېرىلدى.

1949 - يىل 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شىنجاڭنىڭ سىمسىز رادىئو ئىستانسىسىدىن رەسمىي ئاڭلىتىش بېرىلدى. گومىنداڭ رادىئو ئىستانسىسىغا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە، شۇ كۈنى رادىئو ئاڭلىتىشنىڭ باشلانغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مۇراسىم ئۆتكۈزدى، مۇراسىمغا سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك تەشۋىقات ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ليۇمېڭچۈن رىياسەتچىلىك قىلدى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى تەبرىك سۆزى قىلدى. شىنجاڭ سىمسىز رادىئو ئىستانسىسىنىڭ سىگنال نامى «شىنجاڭ ئاۋازى —BYA»، دولقۇن ئۇزۇنلۇقى 42.55 مېتىر، قوللىنىدىغان تەۋرىنىشى 7050 كىلوگېرتس قىلىپ بېكىتىلدى.

بۇ ئىستانسىنىڭ ئىشخانا قورۇسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 968.45 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى قەۋەتلىك كونا كىچىك بىنانىڭ 2 - قەۋىتىدىن بىر ئىشخانا دىكتورلار ئۈچۈن ستۇدىيە قىلىپ بېرىلدى. ئۇنىڭ ئاۋاز - شەپە ئۆتكۈزمەيدىغان قۇرۇلمىلىرى يوق، ئۈسكۈنە - جابدۇقلىرى ئىنتايىن ناچار، تېخنىكىلىق سۈپىتى تۆۋەن بولغاچقا، بۇ ئۆيدە غەيرىي ئاۋاز ياكى شەپە - شاۋقۇنلارنىڭ

رادىئو سۆزىگە ئارىلىشىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئىنتايىن تەس ئىدى. رادىئو تارقىتىلىش ئاپپاراتى قاتناش مىنىستىرلىكى قارمىقىدىكى 6 - رايون تاشيول ئىدارىسىنىڭ تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئىستانسىسىدا ئىشلىتىلگەن، ئامېرىكىدا ياسالغان «BC — 610» تىپلىق تېلېگراما ئۆزىتىش ئاپپاراتىدىن ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان، تارقىتىش قۇۋۋىتى ئاران 350 ۋات كېلىدىغان بىر دانە ئاپپارات بولۇپ، يەنە بىر دانە ئىنچىكە پولات سىملىق ئۈنئالغۇ ئاپپاراتى، توك توختاپ قالسا بېنزىن يېقىپ ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ توك ھاسىل قىلىنىدىغان بىر دانە دۋىگاتېل ۋە بىر دانە ئاۋاز كۈچەيتىش ماشىنىسىدىن باشقا، زامانىۋى ئۈن ئېلىش ياكى ئاۋاز ئۆزىتىش ئاپپاراتلىرى يوق ئىدى. ئانتېننا شەھەر ئاھالىلىرى رايونىغىلا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئىستانسىدىن «D—33» بەلگىلىك ئىككى دانە مىكرافون بىلەن كۈنىگە ئاران ئۈچ سائەت چامىسىدا خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا نۆۋەتلەشتۈرۈپ ئاڭلىتىش بېرىلەتتى. دېمەك، ئۇنىڭ مۇقىم پروگراممىسى بولمىغاچقا، ھەر كۈنلۈك مەملىكەت، خەلقئارا ۋە ئۆلكە خەۋەرلىرى ئاڭلىتىلغاندىن باشقا، ھۆكۈمەت تارماقلىرىدىن ئاندا - ساندا بېرىلىدىغان سىياسىي دوكلاتلار ياكى ۋەزىيەت توغرىسىدىكى سىياسىي نۇتۇقلار، گېزىت سەھىپىلىرىدىن ئوقۇش، قىسمەن ناخشا - مۇزىكا پلاستىنكىلىرى قاتارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرى ئاڭلىتىلاتتى. شۇ چاغدا، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكى، بولۇپمۇ ئازادلىق تاڭنۇرىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىدەك ئىچكى - تاشقى شارائىتنىڭ قىستىشى بىلەن، شىنجاڭ رادىئو تەشۋىقاتىنىڭ



مەزمۇنىدا بىر قەدەر ئوبيېكتىپ بۇرۇلۇشلار بولدى.

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇپ، 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۈرۈمچى شەھىرىگە كىرگەندىن كېيىن، ئارمىيىدە مۇخبىرلىق خىزمىتى ئىشلەپ كەلگەن يەن گومىن بۇيرۇققا بىنائەن، شىنجاڭ سىمسىز رادىئو ئىستانسىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. شۇ يىل 12 - ئاينىڭ بېشىدا چىن خۋا باشلىق ئۈچ كىشى ھەربىي ۋەكىل بولۇپ كېلىپ، يەن گومىننىڭ ئورنىغا ئالماشتى. 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى رادىئو ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئەسلىدىكى «شىنجاڭ ئاۋازى» رادىئو ئىستانسىسى «ئۈرۈمچى خەلق رادىئو ئىستانسىسى» غا ئۆزگەرتىلدى. شۇ كۈنى يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ رادىئو ئىشلىرىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى، رادىئونىڭ خەلقنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكى قىزغىن تەبرىكلەندى.

(ئاپتورى: شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتىدىن)

# شىنجاڭ تېلېگراف ئىشلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى

## شېڭ خۇڭدې

شىنجاڭدا تېلېگراف ئىدارىسى 1909 ـ يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئەينى چاغدىكى تېلېگراف ئىدارىلىرىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ناچار، خادىملىرى ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەسپىي باشقۇرۇش بىلىمى كەم بولغانلىقتىن، تۈرلەرنىڭ ياмۇلى بولۇپ قالغان ئىدى. 1922 ـ يىلى سۇڭ فۇشۇي، ۋاڭ دۇنەن، ۋاڭ كېچىڭلار بېيجىڭ پوچتا ـ تېلېگراف مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىپ، تېلېگراف ـ پوچتا نازارەتچىسى فىڭ جىڭشۇي (خېنەنلىك بولۇپ، ياڭ زېڭشىننىڭ ئارمىيە نازارەتچىسىنىڭ قېيىنى ئىنىسى) گە شىنجاڭ تېلېگراف كۇرسى ئېچىپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، رادىست تەربىيىلەش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. مەن 1923 ـ يىلى بۇ كۇرسقا ئىمتىھان بېرىپ ئوقۇشقا كىرىپ، 1926 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، تۇرپان تېلېگراف ئىدارىسى ۋە يەتتە قۇدۇق تېلېگراف بۆلۈمى قاتارلىق جايلاردا ئالتە يىلغا يېقىن رادىست بولۇپ ئىشلىدىم. شۇ چاغدىكى ئىشلاردىن ئېسىمدە قالغانلىرىغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ تېلېگراف ئىشلىرى جەھەتتىكى ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.



### 1. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك تېلېگراف ئىدارىلىرىنىڭ تەشكىلى ئەھۋالى

شىنجاڭدا ئەسلى تېلېگراف ئىشلىرى باش ئىدارىسى بولۇپ، ئۇ شىنجاڭ تېلېگراف ئىشلىرىغا نازارەت قىلىش، ئىش بېجىرىش باشقارمىسى، شىنجاڭ ـ چىڭخەي تېلېگراف ئىشلىرى ئىدارىسى دەپمۇ ئاتىلاتتى. نامدا شىنجاڭ ـ چىڭخەي ئىككى ئۆلكىنىڭ تېلېگراف ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ، دېيىلگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىگە تەۋە ئەمەس ئىدى. باش ئىدارىدا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ئىدارە، بۆلۈمنىڭ تېلېگراف خىزمىتىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئۈچۈن تېلېگراف ئىشلىرى نازارەتچىسى، قوشۇمچە باش ئىدارە باشلىقلىقىغا بىر ئادەم قويۇلغان؛ تېلېگراف ئىشلىرى كەسپىنى مەخسۇس باشقۇرۇش ئۈچۈن تېلېگراف ئىشلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرۇشقا بىر ئادەم قويۇلغان؛ تېلېگراف لىنىيىلىرىنى قۇرۇش، رېمونت قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش ئۈچۈن، لىنىيە قۇرۇلۇشىنى ئاساسلىق باشقۇرۇشقا بىر ئادەم قويۇلغان؛ بۇلاردىن باشقا كاتىبات، ئاساسلىق پىلان تۈزۈشتىن ئىبارەت ئىككى بۆلۈم قۇرۇلۇپ، ھەر بىرسىگە بىردىن بۆلۈم باشلىقى تەيىنلەنگەن ئىدى. شۇنداقلا كادىرلار ئىشلىرى، بۇغالتىرىيە، ئىستاتىستىكا قاتارلىق ئىشلارغا 10 نەچچە ئادەم قويۇلغان، باش ئىدارىدا 20 نەچچە كەسپىي خادىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر باش تېلېگراف بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، ئىككى كەسپى بەنجاڭ بەلگىلىنىپ، ئىككى سىمىنىلىق تۈزۈم يولغا قويۇلغان ئىدى. ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلار ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان

مەزگىللەردە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 3 - ئىشخانىسىدا بىر مەخپىي تېلېگراف بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، بىر كەسپى باشلىق قويۇلغان ئىدى، مۇھىم مەخپىي تېلېگرامما بېرىش ۋە قوبۇل قىلىشتا نۆۋەتلىشىپ ئىشلەيدىغان ئىككى رادىست ئورۇنلاشتۇرۇلغان، باش ئىدارىدا يىگىرمە نەچچە سەييارە خادىم بولۇپ، بۇلار تېلېگراف لىنىيىسى قۇرۇش، رېمونت قىلىشقا مەسئۇل قىلىنغان ئىدى. شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە باش ئىدارىغا قاراشلىق 30 نەچچە ناھىيىلىك تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، تېلېگراف ئىشلىرىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ 3 دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇلاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، ئاقسۇدىن ئىبارەت ۋالىي تۇرۇشلۇق جايدىكى ئىدارىلار ھەم تۇرپان، قۇمۇل شىخو قاتارلىق مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرىدىكى ئىدارىلار 1 - دەرىجىلىك ئىدارە بولدى؛ باشقىلىرى، مەسلەن، گۇچۇڭ، ماناس، كۇچا، قارا شەھەر، خوتەن، جىڭ قاتارلىق ناھىيىلەردىكى ئىدارىلار 2 -، 3 - دەرىجىلىك ئىدارە بولدى. توخسۇن، پىچان، يەتتە قۇدۇق، ئارايۇلتۇز (شىڭشىڭشا)، قورغاس، مورى، ئەركەشتام قاتارلىق جايلاردا تېلېگراف بۆلۈمى قۇرۇلدى، تېلېگراف بۆلۈملىرىگە پەقەت بىردىن رادىست، ئىككىدىن تەكشۈرگۈچى خادىم قويۇلدى.

شىنجاڭ تېلېگراف كۇرسى تېلېگراف ئىشلىرى باش ئىدارىسىغا قارايتتى، كۇرسانتلىققا 70 - 80 نەپەر ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئا، ب دەپ ئىككى سىنىپقا ئايرىلدى، ئوقۇش مۇددىتى تۆت يىل قىلىندى، ئوقۇشتا ئەلاچى بولغانلار تاماق، ياتاق بىلەن تەمىن ئېتىلدى.



كۇرسانتلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يېرىم يىل ياكى بىر يىل سىناپ ئىشلىتىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن رادىست قىلىپ رەسمىيلەشتۈرۈلدى. شې تېڭيۈي (گەنسۇ ئۆلكىسى گەنگۇ ناھىيىسىدىن كەلگەن كونا زىيالى)، سۇڭ فۇشۇي، ۋاڭ دۇنەن ۋە ۋاڭ كېچىڭ قاتارلىقلار ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى، سۇڭ فۇشۇي ۋە ۋاڭ دۇنەن، ۋاڭ كېچىڭلار بېيجىڭ پوچتا - تېلېگراف مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئىلمىي باشقۇرۇش ئۇسۇلىدىن ئاز - تولا خەۋىرى بار ئىدى. بۇ ئۆگىنىش كۇرسى شېڭ شىسەي مەزگىلىگە كەلگەندە باشقىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى.

## 2. كادىرلار ئىشلىرى ۋە كەسپىي ئىشلار

شىنجاڭ تېلېگراف ئىشلىرى باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەيىنلەيتتى، ئۇلارنىڭ تولىسى كونا تۆرىلەر بولۇپ، تېلېگراف كەسپىدىن زادى خەۋىرى يوق ئىدى. فىڭ جىڭشۈي بۇنىڭ بىر مىسالى ئىدى. ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، كەسپىي ئىشلار باشلىقلىرىغا كەلسەك، كۆپ سانىدىكىسى كونا رادىستلاردىن بولۇپ، بۇلارنىڭ مائاشى بىر قەدەر يۇقىرى ئىدى، ئادەتتىكى رادىستلارنىڭ ئايلىق مائاشى ئەژدىھار سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كونا تەڭگە ھېسابىدا 30 سەرچە تەڭگە ئىدى. لېكىن ئانچە - مۇنچە تاپاۋىتىمۇ بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ بېرىدىغان، قوبۇل قىلىنىدىغان تېلېگراممىنىڭ تەرجىمە ھەققى ئىدى. ئادەتتىكى سودىگەرلەر ۋە ئاممىدىن ھەربىر خەت ئۈچۈن 1 پۇڭدىن تەرجىمە ھەققى ئېلىناتتى، شۇنداقلا بېرىلىدىغان

تېلېگراممىنىڭ تەرجىمە ھەققىنى ئىدارە باشلىقىغىلا بېرىش، كەلگەن تېلېگراممىنىڭ تەرجىمە ھەققىنى كەسپىي ئىشلار باشلىقى بىلەن زادىستقا بېرىش، بۇنى ھەر ئايدا ھېساب قىلىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تەقسىم قىلىش بەلگىلەنگەن ئىدى. قەشقەر، تارباغاتاي، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى ئىدارىلارنىڭ تېلېگرام تەرجىمە ھەققىدىن تاپقان تاپاۋىتى بەزى چاغلاردا ئۆزىنىڭ مائاشىدىن ئېشىپ كېتەتتى.

ھەرقايسى ئىدارىلار ئىشلىتىدىغان تېلېگراف ئاپپاراتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى كونا، ئەبجىغى چىقىپ كەتكەن بولۇپ زادىلا يېڭىلانمىدى. جايلاردىكى تېلېگراف لىنىيىلىرى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى رېمونت قىلىنمىغانلىقى، تېلېگراف ئىستولبىلىرى ئۆرۈلۈپ سىملىرى ئۈزۈلۈپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، بەزىدە 10 كۈن، يېرىم ئاي تېلېگراف ئىشلىرى توختاپ قالاتتى. شۇڭا بەزى كىشىلەر ئۇنى «تۆگە تېلېگرامما» دەپ ئاتىشاتتى. 1922 ـ يىلدىن كېيىن بولسا كېرەك، مەركىزىي قاتناش مىنىستىرلىكى لۇ باۋرۇ (كېيىن فەن ياۋنەننىڭ ياڭ زېڭشىننى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش دىلوسىغا چېتىلىپ قېلىپ، جىن شۇرېن تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن) نى ئەۋەتتى. گو گۇڭبىيەن، ۋاڭ رىشيۇ قاتارلىق 10 نەچچە كىشى ئۈرۈمچى دۆڭمەن دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا بىر سىمسىز تېلېگراف ئىستانسىسى قۇرۇپ، ئېگىزلىكى بىر قانچە 10 گەز كېلىدىغان تۆمۈر مۇناردىن 3 نى ئورناتتى. بۇ ئىستانسا پۈتتۈرۈلگەندىن كېيىن ئاپپاراتتىن دائىم كاشىلا چىقىپ، تېلېگرام بېرىش ئىشى ئۈزۈلۈپ قالدى. لۇ باۋرۇ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇ ئىشقا مەسئۇل بولۇشقا ئادەم چىقمىدى، شېڭ شىسەي



مەزگىلىگە كەلگەندە بۇ ئىستانسا چۇۋۇپ تاشلاندى.

جىن شۇرېن شىنجاڭدا ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان مەزگىلدە ھەممە يەردە يېغىلىق بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭدىكى تېلېگراف ئىدارىلىرى، تېلېگراف بۆلۈملىرى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىلدى، تېلېگراف لىنىيىلىرىمۇ بۇزۇپ تاشلاندى، كۆپ قىسىم تېلېگراف خادىملىرى ئۆلتۈرۈلدى. جىن شۇرېننىڭ تەختى گۇم بولغاندىن كېيىن شېڭ شىسەي ھوقۇق تۇتۇپ قاتناش باشقارمىسى قۇرۇپ، سىملىق تېلېگراف ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالدى، شۇنىڭدىن كېيىن تېلېگراف ئىشلىرى تەدرىجى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى.

## 3. يەتتە قۇدۇق تېلېگراف بۆلۈمىدە ئىشلەش جەريانىدا كۆرگەن بەزى ئەھۋاللار

يەتتە قۇدۇق — 100 چاقىرىملىق شامال ئۆتەڭلىرىنىڭ بىرى، قۇملۇقنىڭ بىر چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، يىل بويى بوران چىقىپ، قۇم ـ توپا ئۇچۇپ تۇرىدىغان جاي ئىدى. گەرچە بۇ جاي چۆل بولسىمۇ، قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقى، يولدىن ئۆتىدىغان يولۇچىلار، سودىگەرلەر ئىنتايىن كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەسلىدىكى يەتتە قۇدۇقتا باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىش پىلانى يەتتە قۇدۇقتا شۆبە تېلېگراف بۆلۈمى قۇرۇشقا ئۆزگەرتىلىپ، تېلېگراف بۆلۈمى، پوچتا بېكىتى ۋە شۇ جايدا تۇرۇشلۇق بىر بەن ئەسكەر كۆپەيتىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەن 1930 ـ يىلى ئەتىيازدا تۇرپان تېلېگراف ئىدارىسىدىن بۇ تېلېگراف بۆلۈمىگە رادىستلىققا يۆتكىلىپ كەلدىم. تېلېگراف

بۆلۈمىدە پەقەت مەن ۋە ئىككى تەكشۈرگۈچى خادىم بولۇپ، كەسپىي ئىشلار ئانچە ئالدىراش ئەمەس ئىدى.

تۇرپاندىكى چېغىمدا يەتتە قۇدۇق، (ئارا يۇلتۇز، داشىگۇدىن ئىبارەت 3 جاي ياڭ زېڭشىننىڭ مەخپىي هالدا ئادەم ئۆلتۈرىدىغان جايى دەپ ئاڭلىغان ئىدىم. ياڭ زېڭشىن دائىم گۇناھكارلارنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇش نامى بىلەن يۇقىرىدا دېيىلگەن 3 جايدا مەخپىي ئېتىپ ئۆلتۈرەتتى. 1916 - يىلى 1 - ئايدا ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ يۇننەنلىك يۇرتدىشى بولغان يېڭجاڭ شادىڭ، لى يىنلارنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، چېتىشلىق بولغان يۇننەنلىك نازىر، دوتەيلەرمۇ مەسىلەن، ليۇيېڭفۇ قاتارلىقلار مۇشۇ يەردە جېنىدىن ئايرىلغانىدى. ياڭ زېڭشىن گېلاۋخۇي تەشكىلاتىغا چىش - تىرنىغىچە ئۆچ ئىدى. شۇڭا ئۇ بىر قېتىمدىلا ئۈرۈمچىدىكى خۇنەن دۇمباق ئويۇنى تىياتىرخانىسىدىكى 10 نەچچە كىشىنى (گېلاۋخۇي تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرىنى) يەتتە قۇدۇقتا ئۆلتۈرۈۋەتكەن. يەتتە قۇدۇق تېلېگراف بۆلۈمىدىكى چېغىمدا شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدىغان بىر خىل سېسىق پۇراق دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. بىر كۈنى جەسەت كۆمۈش ئازگىلى كولايدىغان بىر پەي ئەسكەرنىڭ كەينىدىن بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ قالدىم. ئۇلارنىڭ قۇم دۆۋىسى ئاستىدىن 20 نەچچە جەسەتنى كولاپ ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا قاراپ تۇرۇشقا تاقىتىم قالمىدى. بۇ مېنىڭ يەتتە قۇدۇق تېلېگراف بۆلۈمىدە ئىشلىگەن ۋاقتىمدا ئۇچراتقان بىر قىسىم ئەھۋاللار ئىدى.



# شىنجاڭدا تېلېفون ئىشلىتىشنىڭ باشلىنىشى

تەييارلىغۇچى: **ئادالەت هادى**

شىنجاڭدا تېلېفون ئالاقىسىنىڭ بىخ سۈپىتىدە پەيدا بولۇش تارىخىنىڭ مۇقەددىمىسى 1930 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسى» قورۇسىدىكى «تېلېگرافخانا» ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا 20 توچكىلىق ماگنىتلىق تېلېفون باش ئاپپاراتىنىڭ ئورنىتىلىشى بىلەن باشلانغان. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ ئۆي «ئۈرۈمچى تېلېفون ئىدارىسى» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىدارىدا 12 لا تېلېفون بولغان. بۇنى شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم پەيدا بولغان تېلېفون ۋە «تېلېفون ئىدارىسى» دېيىشكە بولاتتى.

1933 - يىلى شېڭ شىسەي جىن شۇرېندىن هاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، بۇ ئىدارىنى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ قاتناش باشقارمىسى تارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، پەقەت «هاكىمىيەت قورالى» سۈپىتىدىلا پايدىلانغان. 1937 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە 100 توچكىلىق ماگنىتلىق تېلېفون باش ئاپپاراتى بىلەن 100 توچكىلىق ئېلېكترلىك تېلېفون باش ئاپپاراتى ئورناتقان «تېلېفون ئىدارىسى» قۇرۇلغان هەم بۇ ئىدارە سودىگەرلەر ئارىسىدىن ئابونت قوبۇل قىلغان. بۇ، شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم پەيدا بولغان «ئابونتلىق تېلېفون» يەنى جەمئىيەتكە قويۇپ بېرىلگەن ئاممىۋى تېلېفون هېسابلىناتتى.

1940 ـ يىلى چۆچەكتە 22 توچكىلىق ئاپتوماتىك تېلېفون ئاپپاراتى ئورنىتىلغان. 1942 ـ يىلى 3 ـ ئايدا «ئۈرۈمچى تېلېفون ئىدارىسى» شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىم 200 نومۇرلۇق «تېلېفون قوللانمىسى» تارقىتىپ، تېلېفونچىلىق كەسپىنى يولغا قويغان. 1943 ـ يىلغىچە يەنە قەشقەردە 80 توچكىلىق، ئالتايدا 50 توچكىلىق ماگنىتلىق تېلېفون باش ئاپپاراتلىرى ئورنىتىلغان. 1948 ـ يىلى قۇمۇلدىمۇ 20 توچكىلىق ماگنىتلىق تېلېفون ۋە شەھەر تېلېفونى قىلىپ ئىشلىتىلگەن.

1944 ـ يىلىدىن كېيىن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېلېكتىرلىك تېلېفون باش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئومۇمىي توچكىسى 300 گە يەتكەن. 14 ياشتىن 19 ياشقىچە بولغان قىزلار تۇنجى قېتىم تېلېفونىستلىق خىزمىتىگە قوبۇل قىلىنغان.



# شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى

## بوراش ئېشىنتايېۋ

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدا «سوۋ ـ سىن ـ تورگ» (سوۋېت ـ شىنجاڭ سودا شىركىتى) ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان مال ئالماشتۇرۇشتا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن باشقا، ئېغىر سانائەت مەھسۇلاتلىرى، دېھقانچىلىققا كېرەكلىك ھەر خىل ماشىنا ـ سايمانلارمۇ كىرگۈزۈلۈپ، بۇلار ئاساسەن شىمالىي شىنجاڭدا ئىشلىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن، شىمالىي شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ياغاچ سوقىنىڭ ئورنىغا تۆمۈر سوقا، قول بىلەن ئۇرۇق چېچىش ئورنىغا ئات سىيالكىسى (ئۇرۇق سېلىش ماشىنىسى)، ئورغاق ياكى چالغا بىلەن بۇغداي ياكى ئوت ـ چۆپ ئورۇشنىڭ ئورنىغا ساماز پۇرۇسكا (بۇغداي ئورۇش ماشىنىسى) بىلەن بۇغداي ياكى ئوت ـ چۆپ ئورۇش، خامانني ئۇلاغقا دەسسىتىش ياكى تولۇققا باستۇرۇش ئورنىغا دان ئايرىش ماشىنىسى، ياغاچ گۈرجەك بىلەن خامان سورۇش ئورنىغا شامال كۈچى بىلەن ئۇرۇق تازىلاش ماشىنىلىرى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن، شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت دېھقانلىرى قالاق ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق ئۇسۇلىغا خاتىمە بېرىپ، يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق دەۋرىگە قەدەم قويدى. شىڭ شىسەي

هاكىمىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولغان مەزگىلدە، شىمالىي شىنجاڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقان رۇس، تاتار، ئۆزبېك، قازاق، ئۇيغۇر قاتارلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر ۋە باشقا پۇقرالار زامانىۋى قورال - سايمانلارنى ئىشلىتىپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە باشلىدى. تەرەققىيپەرۋەر يۇقىرى قاتلامدىكى زاتلارمۇ يېڭىلىققا پائال ئاۋاز قوشتى. قۇرغاقچىلىققا ئوخشاش تەبىئىي ئاپەت ۋە ھەر خىل ئۇرۇشلار پەيدا قىلغان سۇنئىي ئاپەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقى زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىپ يەتتى.

1933 - يىلى شارىپقان جەڭسقان ئوغلى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي باشلىقى ۋە مۇداپىئە قوماندانى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، ئاۋۋال ماخېيىڭنىڭ، ئاندىن ماجۇڭيىڭنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن، دېھقانچىلىقتىن ئاساسەن ھوسۇل ئېلىنمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ يىلى ناھايىتى قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ، چارۋا ماللار ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان. 1934 - يىلى ئەتىيازدا ئاپەت تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، خەلق ئاچارچىلىق ئازابىغا دۇچ كەلگەن. شارىپقان بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، شېڭ شىسەينىڭ ئالتايغا ئەۋەتكەن ۋەكىلى بۇرھان شەھىدى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇ يەردىن 400 پۇت (6 مىڭ 500 كىلوگرام) ئۇن قەرز ئالدۇرغان. بۇ ئۇننى 60 تۆگە بىلەن ئەكىلىۋاتقاندا، ئاچارچىلىقتا قالغان خەلق يول ئۈستىدە بۇلاپ كەتكەن. ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە ئاشلىق قەرز ئەكىلىپ ئاچ قالغان خەلققە تارقىتىپ بەرگەن. شۇ يىلى سوۋېت



ئىتتىپاقىدىن جەمئىي 10 مىڭ پۇت (163 مىڭ 800 كىلوگرام) ئاشلىق قەرز ئېلىنغان. شارىپقان ئاشلىق مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىش ئۈچۈن، تەسلىم بولغان ئارمىيىدىكى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىدىن 300 گە يېقىن ئەسكەرنى ئالتاي شەھىرىگە يېقىن شىڭراۋ، قىزىل ئۆي، قاراغاش (قارا ياغاچ) دېگەن ئۈچ ئورۇن (ھازىرقى بىتەن يېزىسى) دا دېھقانچىلىق قىلدۇرغان. ئۇلار 250 گېكتار (بىر گېكتار 15 موغا تەڭ) بوز يەر ئېچىپ، دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرغان (تەسلىم بولغان ئارمىيىنىڭ بىر قىسمى ئاق ئورۇسلار بولۇپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى خېلى ئوبدان بىلەتتى) ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن لېنىنگرادتىكى «قىزىل سەپەر» زاۋۇتىدا 1923 - يىلىدىن باشلاپ ئىشلەپچىقىرىلغان «20 - фп» ماركىلىق، 20 ئات كۈچىگە ئىگە، ئۇزۇن چىشى بار، تۆمۈر چاقلىق، كىرسىن ياقىدىغان تراكتوردىن ئىككىنى، ئۈچ چىشلىق سوقىدىن ئىككىنى، تراكتور سىيالكىسى (ئورۇق سېپىش ماشىنىسى) دىن بىرنى، ئالتە ئات سۆرەيدىغان مولوتىلكا (دان ئايرىش ماشىنىسى) دىن ئىككىنى، ئادەم كۈچى بىلەن ئورۇق تازىلايدىغان ماشىنىدىن بىرنى، 15 ئات سۆرەيدىغان ساماز پۇرۇسكىدىن بىرنى، چۆپ ئورۇش ماشىنىسىدىن ئالتىنى، قوش چىشلىق ۋە قوش چاقلىق ئات سوقىسىدىن 50 نى، ئات سىيالكىسىدىن 10 نى، چىشلىق تىرنىدىن 25 نى بىراقلا ئەكەلدۈرگەن. بۇ تراكتور ۋە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىشكە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يەنە ئابدىرىشكوف (رۇس)، تۇسىپقان (قازاق) ئىسىملىك ئىككى مېخانىكنى ئالدۇرغان؛ ئۇلار بىلەن بىللە ئىشلەپ ئۆگىنىشكە سۇلايمان ئىسىملىك يەرلىك ئادەمنى قوشۇپ قويغان (سۇلايمان 1986 - يىلى ۋاپات بولۇپ كەتتى). ئابدىرىشكوف بىلەن تۇسىپقان توختام ۋاقتى توشقاندىن كېيىن سوۋېت

ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتكەن.

1935 ـ يىلىدىن كېيىن چۆچەك، غۇلجا، ئۈرۈمچى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى ئۆلكىگە بىۋاسىتە قارايدىغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ۋە بۇ جايلاردىكى ئايرىم بايلارمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تراكتور ئەكەلدۈرۈپ، ئۇلارنى يەر ھەيدەش، ئۆلگە كۆرسىتىش، تەجرىبە قىلىش ياكى ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ئىشلەتكەن. 1935 ـ يىلى چۆچەكتىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى قۇرۇلغاندا 1932 ـ يىلى خاركوف تراكتور زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان « 37 — xT3 » ماركىلىق 37 ئات كۈچىگە ئىگە، تۆمۈر چاقلىق، كىرسىن ياقىدىغان تراكتوردىن تۆتنى ۋە ئۇنىڭغا چېتىپ ئىشلىتىلىدىغان بىر يۈرۈش ماشىنا ـ سايمانلارنى ئەكەلدۈرگەن. چۆچەكتىكى بايلاردىن ئىگەمبەردى خەلپەت نازاروۋ (ئىمىر ھەسەن پالتابايوفنىڭ ئۆز بالىسى ئورنىدىكى كۈيئوغۇلى) 1937 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن «37 — xT3» ماركىلىق تراكتوردىن بىرنى ئەكەلدۈرۈپ، پالتا بايوفنىڭ باغچىسىدا ئىشلەتكەندە، پۈتۈن چۆچەك خەلقى چىقىپ كۆرۈپ تاماشا قىلغان. بۇ تراكتورنى ئىگەمبەردى خەلپەتنىڭ ماشىنا رېمونتچىسى مىڭغەلىي دېگەن تاتار ئادەم ھەيدىگەن. بۇ كىشى كېيىن ئامبىروسوف دېگەن رۇس مېخانىك بىلەن بىللە چۆچەكتە ماشىنا شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىمۇ ئاچقان (1955 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن) . شىبە مىللىتىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلىرىدىن دوڭ رۇڭچاڭ* 1935 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىپ، 1937 ـ يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىشىدە يېنىدىكى پۇلىغا «37 — xT3» ماركىلىق تراكتوردىن بىرنى سېتىۋالغان. ئۇ، تراكتورنى

* دوڭ رۇڭچاڭ — ئىلى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، چاپچال ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىدى. 1988 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.



چېگرىنىڭ بۇ تەرىپىدە ھەيدەپ كېلىۋاتقاندا، يول ئۈستىدە بۇزۇلۇپ قالغان. بۇ كىشى كۆمۈر كان تېخنىكىسى كەسپىنى ئوقۇغان بولۇپ، تراكتورنىڭ تۈزۈلۈشىنى بىلمەيدىكەن. شۇڭا، بۇزۇلۇپ قالغان تراكتورغا ئاچچىقلاپ، ئۆز تىلىدا: «راست دىراكتور ئىكەنسەن» دېگەن (دىراكتور ــ شىبە تىلىدا «يۈزى يوق» ، «قارا يۈز» دېگەن بولىدىكەن) . يەنە غۇلجىدىكى بايلاردىن دادامتۇدا دېھقانچىلىق قىلغان سالىجانباي، نىلقا قارا سۇدا ئولتۇرۇشلۇق چىڭ باۋ ئىسىملىك شىبەمۇ 1938 ـ يىلى يۇقىرىقىدەك ماركىلىق تراكتوردىن ئەكەلدۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا ئىشلەتكەن.

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ يىلنامىسى» دېگەن كىتابتا: «شىنجاڭ 1934 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغا قەدەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىن (20 — пф) ۋە (37 — xT3) ماركىلىق تراكتورلارنى خېلى كۆپ كىرگۈزگەن بولسىمۇ، ھەر خىل سىياسىي ھەرىكەتلەر ۋە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، 1949 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇلاردىن ئاران 20 دانە قالغان، باشقىلىرى كېرەكتىن چىققان، ۋەيران بولغان ياكى يوقالغان» ، دەپ يېزىلغان.

يۇقىرىدىكى ئەمەلىي پاكىتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆز ۋاقتىدىكى شىمالىي شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى ۋە ياردىمىدە تراكتور ۋە باشقا زامانىۋى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، كېڭەيتىش زور چەكلىمىگە ئۇچرىغان. چۈنكى، ئوتتۇرا ھال دېھقانلار ۋە ئادەتتىكى باي دېھقانلارنىڭ بۇنداق يىرىك ماشىنا ـ سايمانلارنى ئىشلىتىشكە قۇربى يەتمەيتتى، باشقا باي ۋە پومېشچىكلار بولسا، بۇنداق ماشىنا ـ سايمانلارنى ئىشلىتىشتىن كۆرە، نامرات دېھقانلارنىڭ ئەرزان ئەمگەك كۈچىدىن پايدىلىنىشنى ئەۋزەل كۆرەتتى. شۇڭا، ئۇ چاغدا

زامانىۋى دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنى ئىشلىتىش كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە ئەمەس ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن. زامانىۋى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە بولدى. تەرەققىي قىلىش سۈرئىتىمۇ تېزلەشتى. 1950 ـ يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسمىنىڭ 60% تىن كۆپرەكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىگە قاتناشتى، شۇ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تراكتور ۋە ئۇنىڭغا چاتىدىغان ماشىنا ـ سايمانلار، ئادەم ياكى ئات ـ ئۇلاغ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان يېرىم زامانىۋى ماشىنا ـ سايمانلار خېلى كۆپ كەلتۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھەربىي قىسىملارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. 1952 ـ يىلىغا كەلگەندە، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدە تراكتورلارنىڭ سانى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

| ماشىنىلار نامى | بىۋاستە قىسىم | 2 ـ جۇن | 6 ـ جۇن | 22 ـ بىڭتۇەن | 5 ـ جۇن | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|
| تراكتور | 5 | 7 | 4 | 6 | 3 | 25 |
| 24 قۇرلۇق سىيالكا | 2 | 6 | 5 | 6 | 2 | 20 |
| ئاشلىق تېپىش ماشىنىسى | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 | 10 |
| دىسكىلىق تىرنا | 4 | 7 | 6 | 7 | 1 | 26 |
| پۇرژىنىلىق تىرنا | 7 | 15 | 10 | 14 | 4 | 50 |
| كومباين | 1 | 1 | 1 | 2 | 1 | 6 |
| دالا مەشقى ماشىنىسى | 4 | 5 | 3 | 4 | 3 | 19 |



| تراكتور ماركىسى | ئات كۈچى | سانى |
|---|---|---|
| ستالىن ـ 80 | 80 | 17 |
| ئا. ت. ز ـ ناتي | 52 | 79 |
| ك. د ـ 25 | 35 | 21 |
| ۋ. ت. ز ـ 2 | 22 | 13 |
| جەمئىي | | 150 |

ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ ھەر خىل تراكتورلىرى 1955 ـ يىلىغا كەلگەندە 369 غا يەتتى.

چۆچەك بوزداق دېھقانچىلىق مەيدانى ئاساسىدا 1953 ـ يىلى تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماشىنىلاشقان چۆچەك بوزداق دېھقانچىلىق مەيدانى، 1956 ـ يىلى خوتەننىڭ قاراقاش ناھىيىسىدىكى بىڭتۇەن دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئۆزگەرتىلگەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى «كۇئېنلۇن» دېھقانچىلىق مەيدانى، ئۈرۈمچى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى «1 ـ ماي» دېھقانچىلىق مەيدانى، قابا دېھقانچىلىق مەيدانى، ئىلى «دولان» دېھقانچىلىق مەيدانى، قاراماي «ئىتتىپاق» دېھقانچىلىق مەيدانى قاتارلىق ئالتە دېھقانچىلىق مەيدانىدا 1957 ـ يىلىغىچە كۆپەيگەن ماشىنا ـ سايمانلارنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

| دېھقانچىلىق مەيدانلىرى | تېرىلغۇ مەيدانى | تراك- تورلار | سوقا | سىيالكا | مولو- تىلكا | ئاپتو موبىل |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۈرۈمچى «1 ـ ماي» | 10.000 | 11 | 11 | 3 | 1 | 1 |
| چۆچەك مۇزداق | 20.000 | 8 | 8 | 4 | 1 | 1 |
| قابا دېھقانچىلىق مەيدانى | 15.000 | 8 | 10 | 3 | 2 | 1 |
| «ئىلى دولان» | 10.000 | 5 | 5 | 3 | 1 | |
| قاراماي «ئىتتىپاق» | 9.000 | 7 | 6 | 6 | 1 | |
| قاراقاش «كۇئېنلۇن» | 10.000 | 5 | 5 | 6 | 1 | |
| جەمئىي | 74.000 | 44 | 45 | 25 | 7 | 3 |

بۇنىڭدىن باشقا، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىمۇ 1954 ـ يىلىدىن كېيىن تراكتور ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. 1962 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇلاردىكى تراكتورنىڭ سانى 68 گە يەتكەن. 1954 ـ يىلى، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىن باشقا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرى قۇرۇلۇپ، ئۇلاردىمۇ كۆپلىگەن تراكتورلار ئىشقا سېلىنىدى. ئەڭ دەسلەپ قۇرۇلغان ئۇرۇمچى ئەنەنچۇ تراكتور پونكىتىدا «د. ت ـ 54» ماركىلىق تراكتوردىن ئىككىسى، «ك. د ـ 35» ماركىلىق تراكتوردىن بىرى (ھەممىسى زەنجىر تاپانلىق تراكتور)، يەنە بىر دانە كومباين، بىر دانە مولوتىلكا، بىر دانە سىيالكا، بىر ئاپتوموبىل ۋە باشقا دېھقانچىلىق سايمانلىرى بولغان. 1956 ـ يىلىغا كەلگەندە تۇرپان، گۇگوڭ، سۇيدۇڭ، جىلىلىيۇزى، قەشقەر كوناشەھەر، قەشقەر «1 ـ ئاۋغۇست» دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە چۆچەك تراكتور پونكىتلىرى قۇرۇلۇپ، بۇلاردىمۇ خېلى كۆپ تراكتورلار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىشلىتىلگەن.

يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشى سولچىل لۇشيەن مەزگىلى ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدە زور زىيانغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا بولۇپمۇ، 11 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پارلاق ئىستىقبالغا ئېرىشىپ، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. 1991 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئېنېرگىيە قۇۋۋىتى 4 مىليون 242 مىڭ كىلوۋات (5 مىليون 684 مىڭ 280 ئات كۈچى) گە، ئومۇمىي تراكتور سانى 145 مىڭ 605 دانىگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكىلىرى 37 مىڭ 995 دانە، كىچىك تىپتىكىلىرى 107 مىڭ 610



دانىگە، كومباين 2100 دانە، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتورلارنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن سايمانلىرى 50 مىڭ 969 دانىگە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات مىقدارى 35 مىليون ئۆلچەملىك موغا يەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە تېرىقچىلىقنىڭ ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى تۆۋەندىكىچە:

ماشىنا بىلەن يەر ھەيدەش %79.8، ماشىنا بىلەن ئۇرۇق سېلىش %68، ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىش %23.2 (بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداينى ماشىنا بىلەن ئورۇپ يىغىۋېلىش %42)؛ ماشىنا بىلەن سۇلياۋ يوپۇق يېپىش، قوي يۇڭىنى ماشىنا بىلەن قىرقىۋېلىش، ماشىنا بىلەن سىلوس ياساش قاتارلىق يېڭىدىن تەرەققىي قىلىۋاتقان تۈرلەردىمۇ كۆپ خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىندى.

## يېزا ئىگىلىك تېخنىكلىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى

شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىك تېخنىكلىرىنى تەربىيىلەش 1936 ـ يىللىرى باشلانغان بولۇپ، بۇ خىزمەتنى دەسلەپ خەنزۇ يولداشلار ئىشلىگەن. 1937 ـ يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئاگرونوم ۋە يېزا ئىگىلىك تېخنىكرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مازارۇف، ئوچوۋاتكىن، دىيپاكىن، ترىگوف قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر تەكلىپ قىلىنىپ، تۇنجى قېتىم ئۈچ يىللىق مىلىي سىنىپ ئېچىلغان. بۇ سىنىپتا ئوقۇغانلاردىن مەسۇم نەجىبى (دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ پېشقەدەم ئىنژېنېرى)، تۇردىئاخۇن ناسىروف (غۇلجا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ پېشقەدەم باشلىقى)، ئەخمەت زەكىي (ئىلى ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكومىنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىسى)، ئابلىز ئوسمانوف (ۋاپات بولۇپ كەتتى)،

ئەبەيدۇللا (سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتتى)، بوسقىنباي (قازاق، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتتى) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. 1950 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە تراكتورچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلغان، ئۇنىڭدا ئوقۇغانلاردىن شې لياڭجۇن (تۇرپان تراكتور رېمونت زاۋۇتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى)، جې خۇڭكۇي (خۇيزۇ، ئىلى ۋىلايەتلىك تراكتور رېمونت زاۋۇتىنىڭ پېنسىيىگە چىققان تېخنىكىسى)، رامىل غەرەپشە (تاتار، 1962 ـ يىلى چۆچەكتىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن) لەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنى 1953 ـ يىلى پۈتتۈرگەنلەردىن مەسئۇت ئىسھاقوۋ (ئاپتونوم رايوننىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ئەسئەت ئىسھاقوۋنىڭ ئىنىسى، 1960 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن) ۋە مەن (بوراش ئېشىپنتايوۋ)؛ 1957 ـ يىلى پۈتتۈرگەنلەردىن ئابدۇراخمان (ئىلى ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باشقارمىسىدا)، ياسىن ئەپەندى (ئىلى ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكومىدا)، سانىيە، كى چىڭئا (شىبە، ئۈرۈمچى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكومىدا)، جامال نىياز (تۇرپان ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدە) لار مۇشۇ ساھەدە ئىشلىگەن.

1958 ـ يىلى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ يېزا ئىگىلىك فاكۇلتېتى «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇ فاكۇلتېتنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىدىكى بىر سىنىپ 1960 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن «1 ـ ئاۋغۇست» ئىنىستىتۇتىدا تەسىس قىلىنغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى فاكۇلتېتىدىن ھەر يىلى خەنزۇ ۋە مىللىي ئوقۇغۇچىلاردىن ئىككى سىنىپ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ تۇردى. 1960 ـ يىلدىن كېيىن ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەرلەردىمۇ يېزا ئىگىلىك



ماشىنىلىرى تېخنىكومى تەسىس قىلىنىپ، ئوتتۇرا دەرىجىدىكى تېخنىكوم بىلىمى بىلەن مەخسۇس كەسپىي تېخنىك خادىملار يېتىشتۈرۈلۈپ تۇردى. 1970 ـ يىلدىن باشلاپ ھەربىر ۋىلايەت ۋە ئوبلاستلاردا يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئوتتۇرا تېخنىكۇملىرى قۇرۇلدى، 1970 ـ يىلنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ ھەربىر ناھىيىلەردە تراكتورچىلارنى تەربىيىلەيدىغان كۇرسلار ئېچىلىپ، بۇ تېخنىكوم ۋە كۇرسلار چوڭلار مائارىپى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مائارىپى تەرەققىي قىلىپ سىستېمىلىق ۋە مۇنتىزىم بىلىم يۇرتلىرىدىن بولۇپ قالدى. بۇ بىلىم يۇرتلىرىدا تەربىيە ئېلىپ ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئورگانلىرىدا ئىشلەۋاتقان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 135 مىڭدىن ئاشىدۇ.

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش ۋە رېمونت قىلىش ئەھۋالى

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنى چەت ئەلدىن سېتىۋېلىپ ئىشلىتىش بىلەن بىللە، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ رېمونت قىلىدىغان، كېيىن ئۆزىمىز ياسايدىغان ئىشلارمۇ قەدەممۇ قەدەم ئېلىپ بېرىلدى. 1952 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە «ئۆكتەبىر» ئاپتورېمونت زاۋۇتى ۋە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى قۇرۇلۇشقا باشلاپ، 1954 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1958 ـ يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» دولقۇنىدا چېخىسلوۋاكىيىنىڭ «ژىتو ـ 25» ماركىلىق تراكتورىنىڭ نۇسخىسىغا ئاساسەن تراكتور ياساشتىن ئىبارەت جاپالىق كۈرەش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، 60 قا يېقىن ئىنژېنېر ۋە تېخنىكلارنىڭ 23 سوتكا جاپالىق كۈرەش

قىلىشى نەتىجىسىدە، شۇ يىلقى دۆلەت بايرىمىغا ئۇلگۇرتۇپ «قىزىل ئۆكتەبىر ـ25» ناملىق تراكتوردىن ئىككىسى ياسالدى. بۇ، شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى قېتىم ياسالغان تراكتور بولۇپ، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ساھەسىدە يېڭى بىر تارىخىي دەۋرنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن. «ئۆكتەبىر» ئاپتو رېمونت زاۋۇتى «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇ مەزگىلدە مەن بۇ زاۋۇتنىڭ ئەڭ ھالقىلىق سېخى بولغان ماشىنا قۇراشتۇرۇش سېخىدا مۇئاۋىن سېخ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدىم. مەن پىلان ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل بولغانلىقىم ئۈچۈن، يېڭى ياسالغان تراكتورنى قۇراشتۇرۇش ئىشىغا قاتناشتىم. مۇشۇنداق تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك ئىشقا بىر ئۈلۈش كۆچ قوشالىغانلىقىمدىن ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېسابلايمەن!

ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتى «ئۆكتەبىر ـ 28» ماركىلىق ئوتتۇرا تىپتىكى چاقلىق تراكتور، 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ «ئۆكتەبىر ـ 12» ۋە «ئۆكتەبىر ـ 15» ماركىلىق كىچىك تىپتىكى چاقلىق تراكتورلارنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى. ئۇ يەنە، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، بىرنەچچە يىل تەتقىق قىلىش، لايىھىلەش، سىناق قىلىش ئارقىلىق 1991 ـ يىلى ئوتتۇرا تىپتىكى ۋە 50 ئات كۈچىگە تەڭ «شىنجاڭ ـ 50» ماركىلىق يېڭى تۆردىكى زامانىۋى تراكتورنى ياساپ، رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى.

دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتىمۇ 1954 ـ يىلدىن باشلاپ تراكتور ياكى ئات ـ ئۇلاغ سۆرەيدىغان سوقا، كۇلتىۋاتور، تىرنا، بۇغداي ئورۇش ماشىنىلىرى، چۆپ ئورۇش ماشىنىلىرى قاتارلىقلارنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقارغانىدى. 1976 ـ يىللاردىن باشلاپ تراكتورغا چېتىپ ئىشلىتىدىغان «4LQ — 2.5» ماركىلىق چاتما كومباين ئىشلەپچىقىرىپ، «دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى» دېگەن نامنىڭ ئورنىغا «شىنجاڭ كومباين زاۋۇتى» دېگەن يېڭى نامغا ئېرىشتى. 1979 ـ يىلدىن باشلاپ «شىنجاڭ ـ 5» ماركىلىق ئاپتوماتلاشقان يېڭى كومباين ئىشلەپچىقاردى. ھازىر بۇ كومباينلار چەت ئەللەرگىمۇ چىقىرىلماقتا. يۇقىرىدىكى «ئۆكتەبىر» تراكتور زاۋۇتى ۋە شىنجاڭ كومباين زاۋۇتىدىن باشقا چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتىمۇ قۇرۇلۇپ، چۆپ ئورۇش ۋە چۆپ توغراش ماشىنىلىرى، سۈلياۋ يۇپۇق يېيىش ماشىنىلىرى، يۇڭ قىرقىش ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىۋاتىدۇ. ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست) ۋە ناھىيىلەردە، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدە تراكتور ۋە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتلىرى قۇرۇلۇپ، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى رېمونتلارنى ئېلىپ بارماقتا، كىچىك تىپتىكى ماشىنا ـ سايمانلارنىمۇ ياسىماقتا.

* * *

بۇ تارىخىي ئەسلىمىنى يېزىپ چىقىشىمغا ياردەملەشكەن، ئەھۋال تونۇشتۇرۇغان ۋە دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلىگەن ئورۇن ھەم شەخسلەرگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

(ئاپتورى: غۇلجا شەھەرلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسىدىن)

# تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىك تەرەققىيات تارىخىغا دائىر ئەسلىمە

ئابلىمىت ھاجىيۇف

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىك تەرەققىيات تارىخىغا دائىر بەزى ئەھۋاللارنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئەينى زاماندىكى مالىيە، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئەھۋالىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. 1939 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، سەيپۇللايوف بىلەن ئىككىمىز ئۆلكىلىك سىفەن مەكتىپىدىن مالىيە نازارىتىگە يۆتكىلىپ خىزمەتكە تەيىنلەندۇق، مالىيە نازارىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى مىرمانوف شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ شۇ چاغدىكى مالىيە كىرىم مەنبەلىرى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا بىر نەچچە كۈن بىزگە تونۇشتۇرۇش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، سەيپۇللايوفنى ئىلى ۋىلايەتلىك باج ئىشلار ئىدارىسىگە، مېنى (ھاجىيوفنى) چۆچەك ۋىلايەتلىك باج ئىشلار ئىدارىسىگە خىزمەتكە تەيىنلەپ ئەۋەتكەنىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، 1938 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يىللىق مالىيە كىرىمى 13.5 مىليون ئۆلكە پۇلى، يىللىق مالىيە چىقىمى 19.5 مىليون ئۆلكە پۇلى بولغان ئىكەن (1939 ـ يىلى كىرىم 17.6 مىليون، چىقىم 28.5 مىليون



ئۆلكە پۇلى بولغان). شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ پۈتۈن كىرىمى شىنجاڭ خەزىنىسىگە كىرىم قىلىناتتى، شىنجاڭنىڭ يەلىك كىرىمىنىڭ 90% ى تۆرلۈك باج كىرىملىرىدىن ئىبارەت ئىدى. شۇ چاغدىكى باجلار، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ قوشۇشىدىن بولىدىغان كىرىملەر: (1) تۆرلۈك كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ بېجىدىن (تۇز بېجىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كىرىدىغان كىرىملەر؛ (2) سودا تىجارەت (چاي، شېكەر، كىرسىن، سەرەڭگە، ئاپتوموبىل بېجىدىن كىرىدىغان كىرىملەر) بېجى كىرىملىرى؛ (3) سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولىدىغان سودىدىن كىرىدىغان كىرىملەر؛ (4) تۇياق بېجى، يەر ـ زېمىن بېجىدىن كىرىدىغان كىرىملەر، دېھقانچىلىق بېجىدىن كىرىدىغان كىرىملەر ئىدى. تامۇژنا بېجى بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئېلان قىلغان باھا بويىچە ئېلىناتتى. ئېكسپورت ماللارنى يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى، باج ئىدارىسى، مال بۇيرۇتقان تىجارەتچىلەر، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ بېكىتكەن سانىغا ئاساسلىنىپ تامۇژنا بېجى ئېلىناتتى، 1938 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىمپورت قىلىنغان ماللاردىن 7.5%، ئېكسپورت قىلىنغان ماللاردىن 5% باج ئېلىنىدىغان بولغانىدى.

بىلىشىمچە، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ 1938 ـ يىلىدىكى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر مەيدانى 19.8 مىليون مو بولۇپ، پۈتۈن ئۆلكە يەر مەيدانىنىڭ مىڭدە 8% نى ئىگىلىگەن. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر مەيدانى 12 مىليون 900 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر مەيدانىنىڭ 65% نى، ئىلى رايونىنىڭ تېرىلغۇ يەر مەيدانى ئۈچ مىليون بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر مەيدانىنىڭ 15.1% نى، ئۈرۈمچى رايونىنىڭ

تېرىلغۇ يەر مەيدانى 2 مىليون 550 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر مەيدانىنىڭ 12.8% نى، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ يەر مەيدانى 900 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر مەيدانىنىڭ 4.6% نى، ئالتاي رايونىنىڭ تېرىلغۇ يەر مەيدانى 450 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر مەيدانىنىڭ 2.4% نى ئىگىلىگەن. ئۆلكە بويىچە ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى بىر مىليارت جىڭدىن ئارتۇقراق ئىدى. ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر مەيدانى ئىچىدە كېۋەزنىڭ تېرىلغۇ يەر مەيدانى 625.000 مو بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلات 19 مىليون 300 مىڭ جىڭغا، بىرلىك مەھسۇلات 31 جىڭغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4 جىڭ كېمىيىپ كەتكەن. 1944 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۆلكىنىڭ ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر مەيدانى 19 مىليون 520 مىڭ موغا، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 900 مىليون 500 مىڭ جىڭ ئەتراپىغا چۈشۈپ قالغان.

شىنجاڭنىڭ ئەينى زاماندىكى چارۋىچىلىق ئەھۋالىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. 1944 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئات، كالا، قوي، ئۆچكە، تۆگە قاتارلىق چارۋا ماللارنىڭ ئومۇمىي سانى 15 مىليون 660 مىڭ تۇياق ئەتراپىدا ئىدى. ئۇ چاغدا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي چارۋا ـ مال سانى بىر مىليون 838 مىڭ تۇياق ئەتراپىدا بولۇپ، ھەر بىر كىشىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.8 دىن توغرا كېلەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئات 117770 باش بولۇپ 6.4% نى، كالا 139.330 تۇياق بولۇپ 7.5% نى، قوي 1.449.990 تۇياق بولۇپ 78.8% نى، ئۆچكە 144.990 تۇياق بولۇپ 7.9% نى، تۆگە 26.618 بولۇپ 1.4% نى ئىگىلەيتتى.



* * *

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىش بويىچە ئىلى، ئالتاي، تارباغاتايدىن ئىبارەت ئۈچ رايوننىڭ باشقۇرۇش جەھەتتىكى مەلۇم ھوقۇقى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەۋە بولماستىن، مەركەزگە بىۋاسىتە قارايتتى. 1919 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئىلى چېگرا مۇداپىئە مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ شەھەر مۇداپىئە مەھكىمىسىگە، 1916 ـ يىلى چۆچەك يارەمچى ۋەزىرلىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ تارباغاتاي ۋىلايىتىگە، 1918 ـ يىلى ئالتاي ئىش بېجىرىش بەگلىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ بىر ۋىلايەت سۈپىتىدە شىنجاڭ ئۆلكىسىگە قارايدىغان بولۇپ ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى مەمۇرىي رايون ئايرىلىشى ۋە مەلۇم باشقۇرۇش ھوقۇقى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە قارىمايدىغان ئىلى، ئالتاي، تارباغاتايدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ رايون بىر تۇتاش شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قارايدىغان قىلىنىپ ئۆزگەرتىلدى.

## 1

تارباغاتاي ۋىلايىتى ـ گۈزەل مەنزىرىلىك، تۆپرىقى مۇنبەت، سۈيى مول، دېھقانچىلىققىمۇ، چارۋىچىلىققىمۇ باب كېلىدىغان جاي، ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 470 كىلومېتىر، شىمالىدىن جەنۇبقىچە بولغان ئارىلىقى 490 كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 230 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ھازىر تارباغاتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق يەتتە

ناھىيە بولۇپ، چۆچەك (ھازىر چۆچەك شەھىرىگە ئۆزگىرتىلدى)، دۆربىلجىن، شىخو (ھازىر شىخو شەھىرىگە ئۆزگەرتىلدى)، ساۋەن، قۇبۇقسار، چاغانتۇقاي، تولى ناھىيىسىدىن ئىبارەت، ۋىلايەتنىڭ ھازىر ھەر مىللەتتىن تەركىب تاپقان 634.000 نوپۇسى بار (بىڭتۇەن، تۇەن - مەيدانلاردىكى كىشىلەرنىڭ نوپۇسى بۇنىڭغا كىرمەيدۇ). 1985 - يىلى دېھقانچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 630 مىليون جىڭغا، ئومۇمىي چارۋىسى 2 مىليون 660 مىڭ تۇياققا يەتكەن. . ئەينى زاماندا تارباغاتاي ۋىلايىتىدە چۆچەك، دۆربىلجىن، شىخو، ساۋەندىن ئىبارەت تۆت ناھىيە، قوشتولغاي، چاغانتوقايدىن ئىبارەت ئىككى شېجىجۈي (يېرىم ناھىيە) بار ئىدى. 1941 - يىلى قوشتولغاي شېجىجۈيى قۇبۇق ناھىيىسىگە (1954 - يىلى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى بولۇپ قۇرۇلدى) ئۆزگەرتىلدى. 1943 - يىلى چاغانتوقاي شېجىجۈيى چاغانتوقاي ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

تولى ناھىيىسى 1947 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللىشىغا ئاساسەن دۆربىلجىن ناھىيىسىدىن ئايرىلىپ تولى ناھىيىسى قىلىپ تەسىس قىلىندى، شۇ ۋاقىتتا تولى ناھىيىسىنىڭ چارۋىسى 700 مىڭ تۇياق ئىدى.

ئەينى زاماندا تارباغاتاي ۋىلايىتىدە قازاق، ئۇيغۇر، خەنزۇ، موڭغۇل، خۇيزۇ، ئۆزبېك، تاتار، رۇس، قىرغىز، داغۇر، شىبە، مانجۇ قاتارلىق 12 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 172 مىڭ ئەتراپىدا خەلق ياشايتتى. شۇ ۋاقىتتا چۆچەك شەھىرىدە 35 مىڭ نوپۇس بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، ئىچكى ئۆلكىلەردىن، چەت دۆلەت ۋە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ رېسپوبلىكىلىرىدىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ



قالغان خەلق ئىدى. بۇلار گەرچە ھەر مىللەت، ھەر - يەردىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئىنتايىن ئىتتىپاق ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى زىيالىيلار بولۇپ ئۆز يەرلىرىنىڭ بەزى ئىلغار پەن - تېخنىكا ۋە مەدەنىيىتىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ سودا - تىجارەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، مەدەنىي مائارىپ ۋە تۈرلۈك كەسپىي ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، چۆچەكنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشىدا خېلى زور ئۆزگىرىشلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئەمما تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى يەنىلا قالاق ھالەتتە ئىدى. چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش يولى ۋە ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى بولمىغانلىقتىن، باھاسى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك سانائەت بۇيۇملىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن كىرگۈزۈلگەنلىكتىن باھاسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، بىر قويغا بىر تاش چاي، بىر كالاتېرىسىگە بىر كىشىلىك چىت تېگىشىلەتتى.

شۇ چاغلاردا تارباغاتايدىكى خەلقلەرنىڭ كۆپچىلىكى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغانلىقتىن بىر قىسىم ئۇششاق كارخانا ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىن باشقا بىرەر زاۋۇت ياكى كارخانا يوق ئىدى. لېكىن چۆچەككە ھەر تەرەپتىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان خەلقلەر ئىچىدە سودىگەرلەر ۋە زىيالىيلار خېلى كۆپ بولۇپ، بۇلار بىر تەرەپتىن ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن سودا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قوشنا دۆلەت روسىيە بىلەن، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى يەنى سوۋېت سودا شىركىتى (سوۋ - سىن - تورگ) بىلەن (1935 - يىلى مايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ شۆبىسى چۆچەك شەھىرىدە ئىش

بېجىرەتتى، ئۇ، «سوۋ - سىن - تورگ» دەپ ئاتىلاتتى) سودا قىلاتتى. بۇنداق سودا قىلىدىغانلارنىڭ كۆپچىلىكى روسىيىلىك سودىگەرلەر بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قانچە شىركەتلەر (كامپانىيىلەر) مۇ بار ئىدى. بۇلار 1920 - 1930 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە قۇرۇلغان چۆچەكتىكى ئاكا - ئۇكا ئىساقباي ئابدۇجاپپارلارنىڭ، ئاكا - ئۇكا ھەسەن - ھۈسەنبايلارنىڭ يەنى رامىزان چانىشىفلارنىڭ سودا شىركىتى ئىدى. بۇلارنىڭ باش شىركەتلىرى شەمەيدە (ھازىرقى قازاقىستاننىڭ سىمپىلاتىنسكى شەھىرى) بولۇپ، شۆبە شىركەتلىرى چۆچەك ۋە ئۈرۈمچىدە سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. شىركەت باشلىقى ئىساقباي ئابدۇجاپپار شەمەيدىكى باش دۇكىنىنى باشقۇراتتى. چۆچەكتىكى شۆبە دۇكىنىنى ئارىپ ھاجى بىلەن ئىبراھىم ئابدۇجاپپارۇفلار باشقۇراتتى. يەنە ئىمىرھەسەنباي پالتا بايوفنىڭ «بىرادىران پالتابايوفلار كامپانىيىسى» بولۇپ، ئۇلار ئاۋۋال روسىيە بىلەن، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «سوۋ - سىن - تورگ» ۋە سودا ۋەكىللىرى ئارقىلىق ئۈرۈمچى بىلەن سودا قىلاتتى، شۇنىڭدەك يەنە مەخسۇت ھاجى سىيىت قارىيوفلارنىڭ «بىرادىران سىيىت قارىيوفلار شىركىتى» بار بولۇپ، بۇلار قۇبدۇدا (ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيىدە) ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «سوۋ - سىن - تورگ» بىلەن سودا قىلاتتى. ھاشىماخۇن ئىسمايىلبايۇف باشچىلىقىدىكى «بىرادىران ئىسمايىلبايۇفلار شىركىتى» بولسا ئاساسەن سوۋېت روسىيىسى، كېيىن سوۋ - سىن - تورگ بىلەن ھەم موللائىسلام ئارقىلىق ئالتاي بىلەن سودا قىلاتتى. مەخسۇت باي مۇھىتوفلارنىڭ «ئۇيغۇرىستان شىركىتى» بار ئىدى، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى «سوۋ - سىن - تورگ» بىلەن ھەمدە



ئۈرۈمچى، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا سودا قىلاتتى.

بۇلاردىن باشقا يەرلىك خەنزۇ سودىگەرلەرنىڭ شىركەتلىرىمۇ بار ئىدى. مەسىلەن: «خۇافېنتەي» بۇلار ئاساسەن تيەنجىن بىلەن سودا قىلاتتى. «جېيدىن خاۋ» سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «سوۋ - سىن - تورگ» ۋە ئۈرۈمچى بىلەن سودا قىلاتتى. «مېيىندىخۇا» ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن سودا قىلاتتى. بۇلاردىن باشقا يەنە شويىڭچىڭ، لى شاۋچى، سۇڭ گەنچىڭ، سۇڭ فاۋىن، سۇڭ جۇجاڭ، ليۇخاتىڭ، ليو فۇيجاڭ قاتارلىقلارنىڭ سودىسى چوڭ بولۇپ، بۇلار ئاساسەن ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ئۈرۈمچى ھەم سوۋېتنىڭ «سوۋ - سىن - تورگ» بىلەن سودا قىلاتتى. بۇلاردىن باشقا يەنە چوڭ سودىگەرلەردىن مىريۇسۇپ مىرزاھىتبايوف، مىرئاھىتبايوف باي مىرزاھىتبايوفلارنىڭ سودىسى، مەمەتنىياز قارى، ئەيسابايۇفلارنىڭ سودىسى، ئالىمجان ھاكىمبايۇف، ۋاققاس راپىيكوۋف، ئابابەكرى بابالىكوف ۋە كونىستانتىن بوتىۋىن ھەم ئۇنىڭدىن باشقا ئاتاقلىق سودىگەرلەرنىڭ سودىسىمۇ بار ئىدى. مۇشۇ سودىگەرلەردىن 70 گە يېقىن كىشى پاي قوشۇپ چۆچەكتە ئېلېكتر ھەسسىدارلىق شىركىتى ھەمدە چۆچەك شەھەر خەلقىنى، ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى، كۇلۇب، مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنى توك بىلەن تەمىنلىدى. بۇنىڭغا كونىستانتىن پوتىۋىن دېگەن ئادەم باشچىلىق قىلاتتى. بۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىغا چۆچەك ئەتراپىدا يېقىلغۇ مەنبەيى بولمىغانلىقتىن، كۆمۈرنى كالا ھارۋىسى بىلەن 100 كىلومېتىردىن يىراق بولغان تۆمۈرتام كۆمۈر كانىدىن ئېلىپ كېلەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن توك باھاسى قىممەت توختايتتى. بۇ سودىگەرلەر يەنىلار داۋاملىق سوۋېت ئىتتىپاقى «سوۋ - سىن

- تورگ» بىلەن سودا قىلاتتى، پالتابايوۋ ئىمىرھەسەنباينىڭ ئاپتوموبىل قاتناش ئەترىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاپتوموبىل رېمونت قىلىدىغان كىچىك تېپتىكى ستانوك زاۋۇتى، كۆن، خۇرۇم زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلىرى، ھەسەنباي چانىشفلارنىڭ بولسا ماي چىقىرىش زاۋۇتى بار ئىدى. بۇ شىركەتلەر ۋە شەخسىيلەردىن باشقا يەنە ئۆتمۈشتە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كېلىپ چۆچەكتە تىجارەت قىلىدىغان سودىگەرلەردىن ئابدۇقادىر ھاجى ئەخمەتبايوۋ قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيالىق سودىگەرلەرنىڭ چۆچەكتە دائىملىق تۇرۇپ سودىسىنى قىلىدىغان ۋەكىللىرى ئىدى.

بۇ سودا شىركەتلىرى ۋە شەخسىي سودىگەرلەر چۆچەك چېگرىسىنى ئارقىلىق ئاۋۋال روسىيىگە، كېيىنكى چاغلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوي، كالا ۋە قوي يۇڭى، قوي، كالا تېرىسى، ئۆچكە، ھەر تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىسى، ئەلتىرە، پاختا، خام يىپەك، قۇرۇق مېۋە، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىق بۇيۇملارنى ئېكسپورت قىلىپ تۈرلۈك گەزلىمە، تۆمۈر، تاختا چاي، پەمىل چاي، شېكەر، كەمپۈت، كىرسىن، تاماكا، سەرەڭگە قاتارلىق سانائەت ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىمپورت قىلىپ قىممەت باھادا ئىچكى بازارلاردا ساتاتتى. بۇ شىركەتلەر ياكى شەخسىي سودىگەرلەر بەزى ئايرىم شەھەر ۋە رايونلارنىڭ خام ئەشيا مەنبەلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ چارۋا - مال، قوي، كالا تېرىسى، ئەلتىرە ۋە ياۋايى ھايۋاناتلارنىڭ تېرىسى قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى؛ پاختا، خام يىپەك ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئېكسپورت قىلىپ ۋە ئىچكى جايلارغا ئەۋەتىپ سېتىپ، ئۇ يەرلەردىن ھەرتۈرلۈك سانائەت



مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى بىر نەچچە ھەسسە قىممەت باھادا سېتىپ، خەلقنىڭ قان تەرىنى شوراپ ئۆز بايلىقىنى ئاشۇراتتى، بۇ سودىگەرلەرنىڭ سودىسى خېلى چوڭ بولۇپ، بەزى جاي ۋە رايونلارنىڭ بازارلىرىنى مونوپولىيە قىلىۋالغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار بەزى نەرسىلەر بازاردا ئازلاپ قالغاندا، بېسىپ قويغان ماللىرىنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ يۇقىرى باھادا ساتاتتى. بەزىدە بازاردا مەلۇم تاۋارلار كاسات بولۇپ قالسا ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، بېسىپ قويۇپ، كېيىن بازاردا بۇ ماللار ئۆكسۈپ قالغاندا يۇقىرى باھادا ساتىدىغان ئەھۋاللىرىمۇ بولۇپ تۇراتتى. شۇڭلاشقا ئەينى زاماندا تارباغاتاي ۋىلايىتىدىمۇ باشقا جايلارغا ئوخشاشلا چارۋىچىلار، دېھقانلار يەنىلا كەمبەغەل، بايلار بولسا تېخىمۇ باي ئىدى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەينى زاماندا چۆچەكتە سودا بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان سودا كاپىتالى مۇزىيى بىر قەدەر راۋاجلانغان، دەپ ئېيتىشقا بولاتتى.

1931 - يىللىرى ۋەتىنىمىزنىڭ شەرق شىمالىدىكى ئۈچ ئۆلكىنى ياپون جاھانگىرلىكى بېسىۋالدى، شۇ سەۋەبتىن 1933 -، 1934 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈركىستان - سىبىرىيە تۆمۈريولى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتكەن بىر قىسىم خەنزۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەختى چېگرىسى ئارقىلىق چۆچەككە كەلگەن، بۇلارنى يەرلىك خەلقلەر «خوڭخوزىلار» دەپ ئاتايتتى. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئايالى رۇس ئىدى. بۇلار بەك تىرىشچان ھەم ئەمگەكچان خەلق بولغانلىقتىن ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا سەيپۇڭچىلىق، ئاياق كىيىم تىكىش، ماشىنا رېمونتچىلىق، قول

ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىلىرى ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىنى قۇرۇپ، چۆچەكنىڭ قىياپىتى ۋە ئۆي ـ ئىمارەت قۇرۇلۇشىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى قىلدى.

## 2

1938 ـ 1942 ـ يىلغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «سوۋ ـ سىن ـ تورگ» سودا شىركىتى دوگۋار سودىسىنى يولغا قويغانلىقتىن، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ جۈملىدىن چۆچەك ناھىيىسىنىڭ سودا تىجارىتى تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا قىلىدىغان ھۆكۈمەت ۋە بەزى سودا تەشكىلاتلىرىدىن باشقا ھەر مىللەتتىن بولغان شەخسىي سودىگەرلەر تەخمىنەن 80 ئائىلىدىن 100 ئائىلىگە قەدەر بولۇپ، بۇلار ئاساسەن چۆچەك، دۆربىلجىن، شىخو، ساۋەن ۋە بورتالا قاتارلىق جايلاردىن قوي ـ كالا، ھەر تۈرلۈك چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى، تۇرپاندىن پاختا، خام يىپەك، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى چۆچەككە ئەكىلىپ «سوۋ ـ سىن ـ تورگ» گە ئۆتكۈزەتتى. ھەر يىلى يۇقىرىدىكى سودا تەشكىلاتلار ۋە شەخسىيلەر «سوۋ ـ سىن ـ تورگ» بىلەن دوگۋار تۈزگەندە «سوۋ ـ سىن ـ تورگ» سودىگەرلەرنى ئۆزلىرىگە كۆپرەك جەلپ قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تۈزگەن دوگۋاردىكى سوممىسىنىڭ 30% تىنگە قەرز ھېسابىدا تاۋار، مال بېرەتتى. بۇ سودىگەرلەر ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ، ئەگەردە بازىرى ئىتتىك تاۋار بېرىلىدىغان بولسا سودىگەرلەر ناھايىتى تېزلا بېيىپ كېتەتتى. 1938 ـ يىلى چۆچەكتە ئاتاقلىق بىر سودىگەرنىڭ «سوۋ ـ سىن ـ تورگ» بىلەن قىلغان بىرىيىللىق



سودىسىدا 10 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق قوي پايدا ئالغانلىقى مەلۇم. دوگۋار تۈزگەن سودىگەرلەرنىڭ ئالدى ئۈچ مىڭدىن بەش مىڭغىچە قويغا، يۈز تۇياقتىن 200 تۇياقىچە كالىغا توختام تۈزەتتى. ئازراق دوگۋار تۈزگەنلىرىمۇ مىڭ تۇياق قويدىن بىر مىڭ بەش يۈز قويغا، ئەللىك تۇياقتىن يۈز تۇياقىچە ئۆكۈزگە ۋە يۇڭ، تېرە قاتارلىقلارغا توختام تۈزۈپ، ئۇنى شۇ يىلى بىرنەچچە قېتىمغا بۆلۈپ ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى. بۇنىڭدىن ئاز ـ تولا كېمىيىپ قالغىدەك بولسا كېلەر يىلقى سودىغا قوشۇپ بېرىپ تۈگىتەتتى. دوگۋار تۈزگەن يىللار ئىچىدە ھەر يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بەختى، چاغانوبا، ئىمىل قاتارلىق چېگرا پونكىتلار ئارقىلىق ھۆكۈمەتنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى شىركىتى ۋە ھەرقايسى شىركەت ۋە شەخسىي سودىگەرلەردىن بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «سوۋ ـ سىن ـ تورگ» غا يۈزمىڭغا يېقىن قوي، مىڭ تۇياقتىن ئۈچ مىڭ تۇياققا قەدەر كالا ۋە بىرنەچچە يۈزلىگەن ئات، ئۈچ يۈزمىڭ دانە ئەتراپىدا قوي ئۈچىيى، ئۈچ يۈز مىڭ ئەتراپىدا قوي، كالا تېرىسى، ئون مىڭ تونىنا قوي يۇڭى، 50 مىڭ دانىغا يېقىن ئەلتىرە، 30 مىڭدىن 50 مىڭ دانىغا قەدەر سوغۇر تېرىسى، 15 مىڭدىن 20 مىڭغا قەدەر ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلار تېرىسىنى يەنى تۈلكە، تىيىن، سېسىق كۈزەن قاتارلىق ھەر تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى ئۆتكۈزەتتى. بۇلارنىڭ سوممىسى ھەر يىلى ئاز بولغاندا 7 ـ 8 مىليون تاۋارنى روبلىدىن ئاشاتتى. تاۋارنى روبلى شۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سودىسىدا قوللىنىلىدىغان، كاپالەتكە ئىگە قاتتىق پۇل، يەنى ئالتۇن ھېسابىدىكى پۇل ئىدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ھەر يىلى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك باج

ئىدارىسى «سوۋ - سىن - تورگ» قا تۇياق بېجىدىن ئالغان قويدىن 90 مىڭدىن يۈز مىڭغا قەدەر، كالىدىن 300 تۇياقتىن 500 تۇياققا قەدەر ئۆتكۈزەتتى. بۇنىڭ سوممىسى تەخمىنەن بىر مىليون ئىككى يۈزمىڭدىن بىر مىليون بەش يۈزمىڭ تاۋارنى روبلىغىچە بولاتتى. 1942 - يىلى تارىختا ئەڭ كۆپ مال ئۆتكۈزگەن يىللارنىڭ بىرى بولغان ئىدى، چۈنكى بۇ يىلى چۆچەك ئېمىل چېگرىسىدىن يۇقىرىقىدەك تىرىك چارۋا ۋە خام ماللارنى ئۆتكۈزگەنىنىڭ سىرتىدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مالىيە نازارىتى چۆچەك يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى ئارقىلىق «سوۋ - سىن - تورگ» گە يەنە ئون مىڭدىن ئارتۇق ئات (ئۇ ئاتلارنى مەن مالىيە نازارىتىگە ۋەكىل بولۇپ ئېمىل چېگرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئىدىم) ئۆتكۈزدى، شۇ يىلى شەخسىيلەرنىڭ ئۆتكۈزگەن چارۋا مېلى كۆپ ئىدى. ئىلى ۋىلايىتىدىمۇ 20 مىڭ تۇياق ئات ئۆتكۈزۈلگەن ئىدى. ئاتلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مال دوختۇرلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەر كېلىپ تەكشۈرۈپ، ساق چىققانلارنى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈشكە رۇخسەت قىلاتتى، «سوۋ - سىن - تورگ» ھەر يىلى بەشىنچى ئايدىن باشلاپ 10 - ئايغىچە ئۆتكەن تىرىك مالنىڭ باھاسىنى ئۆزگەرتىپ تۇراتتى. چۈنكى سودىگەرلەر 5 - ئايدا مال ئورۇق بولغانلىقتىن «تىرىك قوينىڭ ئېغىرلىقى تۆۋەن بولىدۇ»، دەپ چارۋا - ماللارنى ئۆتكۈزۈشنى ئارقىغا سۈرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىك قوينىڭ كىلوسىنى يۇقىرى باھادا 10% دىن ئاشۇرۇپ ئالاتتى. 6 - ئايلاردىن باشلاپ ھەر ئايدا مەلۇم % تۆۋەنلىتىپ بېرىپ، 10 - ئايدا باھاسىنى 10% ئەتراپىدا تۆۋەنلىتىپ ئالاتتى. چۈنكى، بۇ چاغدا مالنىڭ سەمرىگەن ۋاقتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى ئاشاتتى. شۇڭلاشقا تىرىك مالنىڭ باھاسىدا



ئۆزگىرىش بولۇپ تۇراتتى. شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئاشكارا يۈز ئۆرۈگەندىن كېيىن، يەنى 1943 - يىلىدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولىدىغان سودا پۈتۈنلەي توختاپ كەتتى. «سوۋ - سىن - تورگ» مۇ چۆچەكتىن بەختى چېگرا پونكىتىغا كۆچۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن شەخسىيلەرنىڭ ئالىدىغان تاۋارلىرىنىڭ بىر قىسمى «سوۋ - سىن - تورگ» نىڭ قولىدا قېلىپ، كېيىن بازىرى ئىتتىك ماللار بېرىلمىگەنلىكتىن سودىگەرلەر كۆپ زىيان تارتىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شېڭ شىسەي ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى «باھا تەكشۈرۈش كومىتېتى» دېگەن بىر نېمىنى قۇرۇپ، سودىگەرلەرنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ ھەر تۈرلۈك تاۋارلارنى ئېلىپ چىقىپ، ئەرزان باھادا ئۆزلىرى سېتىۋېلىپ، سودىگەرلەرگە ئېغىر زىيان سالغان ئىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى، 1942 - يىلى مال ئۆتكۈزگەن سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنىڭ قالغان قىسمىنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن ئىنگەمبەردى خەلپەت نەزەربايوفقا كىرا پۇلى ھېسابىغا 12 دانە چوڭ يۈك ماشىنىسىنى بېرىپ، سودىگەرلەرنىڭ قېپقالغان تاۋارلىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى. لېكىن بۇ بەرگەن تاۋارلارنىڭ بازىرى ئىتتىك تاۋارلار بولماستىن تاماكا، ھاراق، شېكەر، سەرەڭگە، غالتەك يىپى، رەڭسىز گەزلىمە، ئاياق كىيىم، يىپ، تېرىكە قاتارلىق ماللار بولغانلىقتىن، بەزى سودىگەرلەر زىيان تارتقان ئىدى. «سوۋ - سىن - تورگ» 1943 - يىلى سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى بېرىپ تۈگەتكەنگە قەدەر ئۆزلىرىنىڭ بەزى كىشىلىرى بىلەن ئايرىم دوگۋار تۈزۈپ مال بەردى. مەسىلەن: ئالىمجان ھاكىمبايوفقا 1943 - يىلى تۈزگەن 500 مىڭ تاۋارنى روبلىلىق دوگۋار بويىچە 30% ئالدىن قەرز

ھېسابىدا ياخشى ھەم بازىرى ئىتتىك ماللارنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ناھايىتى تېزلا بېيىپ كەتكەنىدى. ئۇ، 1950 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەندە ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىگە 12.000 تۇياق قوينى سېتىپ كەتكەن. ئۆز ۋاقتىدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا نورمال داۋاملىشۋاتقاندا «سوۋ - سىن - تورگ» چۆچەكتىكى سودا تەشكىلاتلىرى ۋە شەخس سودىگەرلەرنىڭ ئۆتكۈزگەن خام ماللىرىنىڭ بەدىلىگە بېرىلگەن تۇرلۇك سانائەت ماللىرى؛ ئاپتوموبىل، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، تىراكتور، كومبايىن ھەم ئۇلارنىڭ زاپچاسلىرى، ھەر خىل ئەسۋاپ - ئۈسكۈنىلەر، كىيىم تىكىش ماشىنىلىرى، ۋېلسىپىت، تۆمۈر، پولات - ماتېرىياللىرى، يىپەك رەختلەر (تاۋار - دۇردۇن)، پاختا رەختلەر ۋە ھەر خىل توقۇلما، چىت، يىپ، تېرىكە، شېكەر، تۇرلۇك كەمپىت، سەرەڭگە، چاي، تاماكا قاتارلىق ھەر خىل مەھسۇلاتلارنى ھەممە بېنزىن، كىرسىن، سالياركا قاتارلىق مايلارنى سېتىپ بېرەتتى. ئەينى زاماندىكى ئېكسپورت ۋە ئىمپورتنىڭ يىللىق سودا ئوبوروتى تەخمىنەن 12 - 10 مىليون تاۋارنى روبلى ئەتراپىدا بولۇپ تۇراتتى، مەسىلەن: 1948 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئېكسپورت قىلىنغان ماللارنىڭ پۇلى ئۈچ ۋىلايەت چەك پۇل ھېسابىغا 5.74 مىليارت دوللار، شۇ يىلى ئىمپورت قىلىنغان سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ پۇلى 17.6 مىليارت دوللار بولغان ئىدى.

## 3

چۆچەكنىڭ ئەينى زاماندىكى سودا ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ قاتناش - ترانسپورت



ئىشلىرىمۇ خېلى ياخشى يولغا قويۇلغان ئىدى. چۆچەك بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى 637 كىلومېتىر بولۇپ، ئەينى زاماندا تاشيول بولمىغانلىقتىن قاتناش ئىشلىرى ناچار ئىدى، قاتناش قوراللىرى ئۇلاق ترانسپورتتىن ئىبارەت ئىدى. مۇشۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ چۆچەكتە ماشىنا قاتناش، ئاپتوموبىل ترانسپورت ئىشلىرىنى بىرىنچى قېتىم يولغا قويغان كىشى پالتايايېۋ ئىمىر ھەسەنباي بولۇپ، كېيىن ئىگەمبەردى خەلپەت نەزەربايېۋ داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ دەسلەپتە 8 - 10 ماشىنىسى بولۇپ ئۈرۈمچىگە قاتنىغاندىن باشقا، «سوۋ - سىن - تورگ» قا چۆچەكتىن ئۆتكۈزىدىغان چارۋا مەھسۇلاتلارنى ۋە باشقا خام ماللارنى بەختىگە (چۆچەك بىلەن بەختى ئارىلىقى 18 كىلومېتىر كېلىدۇ) ئېلىپ بېرىپ «سوۋ - سىن - تورگ» نىڭ چۆچەككە ئېلىپ كېلىدىغان تاۋارلىرىنى توشۇيتتى. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك 1943 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى «سوۋ - سىن - تورگ» دا قالغان تارباغاتاي سودىگەرلىرىنىڭ تاۋار ماللىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن ئىگەمبەردى خەلپەتكە يەنە 12 دانە يۈك ماشىنىسى بېرىپ، ئۇنىڭ قاتناش ترانسپورت ئىشلىرىنى خېلى راۋاجلاندۇردى. ھەممە بىر نەچچە قېتىم شوپۇرلۇق كۇرسلىرىنى ئېچىپ 100 دىن ئارتۇق شوپۇر تەييارلىدى. ئوسمان ئاخۇن ئۆمەربايېۋمۇ ئۆزىنىڭ ئىككى، ئۈچ چوڭ ماشىنىسى بىلەن چۆچەك - ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا يۈك توشۇپ كىراكەشلىك قىلدى.

شىين پىلىپ باشلىق بىر قانچە رۇس ياشلىرى ئاپتوموبىل قاتناش تىجارىتىنى يولغا قويۇپ، ئۈرۈمچىگە ھەر خىل يۈك ۋە تاۋارلارنى توشۇپ ھەم يولۇچىلارنى كىرا قىلىپ ئاپىرىپ، ئۇ يەرلەردىن سودىگەرلەرنىڭ ھەر خىل خام مال ۋە

تاۋار ماللىرىنى چۆچەككە كىرا قىلىپ ئەكېلىپ خېلى ئوبدان رول ئوينىغان ئىدى، ئىسلام شەينوف ئۇلاق هارۋا ترانسپورت ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ، كېيىن 1937 ـ 1940 ـ يىلىغىچە ئاپتوموبىل ترانسپورتىنى يولغا قويىدى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۈچ ـ تۆت ئاپتوموبىلى بار ئىدى، كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە شەخسىيلەرنىڭ يۈزدىن ئارتۇق پىرىچكا هارۋىسىنى ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئېتىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇلاق هارۋا ترانسپورتىنى يولغا قويۇپ ئۈرۈمچى، ئىلى، ئالتاي قاتارلىق جايلارغا سودىگەرلەرنىڭ ۋە هۆكۈمەتنىڭ هەر خىل يۈكلىرىنى توشۇپ خېلى چوڭ رول ئوينىغان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا رۇس دېھقانلىرىنىڭ شەخسىي پىرىچكا هارۋىلىرىمۇ ئىشلەپچىقىرىشتىن بوشىغان ۋاقىتلىرىدا ئۈرۈمچى بىلەن چۆچەك ئارىلىقىدا كىراكەشلىك قىلىپ ئەينى ۋاقىتتىكى قاتناش قىيىنچىلىقىنى هەل قىلىشتا خېلى ياخشى رول ئوينىغانىدى.

## 4

تارباغاتاي ۋىلايىتى يېرى مۇنبەت، سۈيى مول، دېھقانچىلىقمۇ، چارۋىچىلىقمۇ ئىنتايىن باب كېلىدىغان جاي بولغانلىقتىن، بۇ رايوننىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا پەرۋىش قىلىش ياخشى يولغا قويۇلسىلا مەھسۇلاتنىڭ ئېشىشىدا گەپ يوق ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا قازاق، مۇڭغۇل، قىرغىز ۋە مەلۇم ساندىكى رۇسلار چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى؛ مەلۇم ساندىكى خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، شىبە، سولۇن، رۇس قاتارلىق مىللەتلەر دېھقانچىلىق، هەر خىل كەسىپ ۋە قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى؛ كۆپرەك بىر قىسىم خەنزۇ،



ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتارلار سودا ـ سېتىق ۋە باشقا قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى. چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئومۇمىي ئاھالىنىڭ تەخمىنەن 40% نى، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 35% نى تەشكىل قىلاتتى، سودا ـ سېتىق ۋە هەر خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 25% ئەتراپىدا ئىدى.

شۇ ۋاقىتلاردا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر مەيدانى يۈزمىڭ گېكتار (1.500.000 مو) غا يېقىن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەلىي تېرىلىدىغان يەر تەخمىنەن 59 ـ 60 مىڭ گېكتار (900 مىڭ 885 مىڭ مو) ئەتراپىدا ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا تارباغاتايدا دېھقانلار يەرنى دەم ئالدۇرۇپ تېرىش ئۇسۇلىنى قوللىناتتى، بۇ يىل تېرىغان يەرنى كېلەر يىلى تېرىماستىن ئاق تاشلاپ قويۇپ باشقا يەرگە تېرىقچىلىق قىلاتتى، يەر كۆپ، ئوغۇت يوق ئىدى. مال قىغىنى كېسەك شەكلىگە كەلتۈرۈپ ئوتۇن ئورنىدا قالايتتى، هەربىر كىشىگە ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر 8.6 مودىن، ئەمەلىي تېرىلىدىغان يەر 5.2 مودىن توغرا كېلەتتى. هەر يىلقى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 130 مىليون جىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، هەربىر كىشىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 800 جىڭدىن توغرا كېلەتتى. بىرلىك مەھسۇلاتى 150 ـ 180 جىڭ ئەتراپىدا بولۇپ ئۇنىڭدىن ئاشمايتتى. سۇ قۇرۇلۇشى جەھەتتىن ئالغاندا، ۋىلايەت بويىچە 3673 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 140 دىن ئارتۇق ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىلغان ئىدى.

تارباغاتاي ۋىلايىتىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش خېلى بۇرۇنلا يولغا قويۇلغان بولۇپ، 1937 ـ يىللىرى چۆچەكتە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى بار ئىدى. ئۇنىڭغا قاراشلىق بوزداق دېھقانچىلىق مەيدانى قاتارلىق بىر

قانچە مەيدانلارمۇ بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىگىلىكىدە يەنە ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدىن 822 دانىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تراكتور، كومباين، بۇغداي ئورۇش ۋە چۆپ ئورۇش ماشىنىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دېھقانچىلىققا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىلاردىن 690 دانە ئەتراپىدا بار ئىدى، بۇ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ھەربىر ناھىيىدىكى دېھقانلارنىڭ تەلىپى بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى ئۇلارغا ۋەكالىتەن «سوۋ – سىن – تورگ» دىن ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنا – سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ بېرەتتى. ئۆز ۋاقتىدا مۇشۇ يول بىلەن ئېلىنغان يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرىنىڭ سانى 3000 دانىدىن ئاشاتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە دېھقانلارغا لازىملىق بولغان پىرىچكا ھارۋىدىن 700 دىن ئارتۇقنى ۋەكالىتەن سېتىۋېلىپ بەرگەنىدى. شۇ چاغدا ۋىلايەت بويىچە دېھقانلارنىڭ قولىدا 6840 دىن ئارتۇق ھەرخىل يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرى بار ئىدى. بۇنداق ماشىنا سايمانلىرىدىن چۆچەك، دۆربىلجىن ناھىيىلىرى 80% ئەتراپىدا پايدىلىناتتى، شىخودا 20% ئەتراپىدا پايدىلىناتتى. چۆچەك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى يەنە ھەر تەرەپتىن دېھقان – چارۋىچىلارغا ياردەم بېرەتتى. ئۇلار دېھقانلارغا ئىلمىي ئۇسۇلدا دېھقانچىلىق قىلىش تېخنىكىسىنى ئۆگىتىپ، رەسمىي ئاگرو تېخنىكىلىق ئۇسۇل بىلەن دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئاگرونوملاردىن بىر نەچچە يۈزنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئىدى. دېھقانچىلىق تېخنىكا كەسپىنى بىلىدىغان مۇتەخەسسىسلەردىن مىخائىل لاتىف، ئىبراھىم ھاجى، مامۇتخان ۋە نۇرغۇجا قاتارلىق يولداشلار ئۆز ۋاقتىدا تارباغاتاي



ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ياخشىلاشتا خېلى چوڭ تۆھپە قوشقان. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق دوختۇرخانىسى چارۋا ماللارنى داۋالاش، چارۋىلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، ئۇرۇقلاندۇرۇش خىزمەتلىرىنى خېلى ياخشى ئىشلەپ، چارۋىچىلار ئارىسىدا ئالاھىدە ھۆرمەتكە ئىگە بولغانىدى. ئاتاقلىق مال دوختۇرلىرىدىن ئابلىمىت چوڭ ھاجىيوف، سىراجىدىن، سارقىتباي تۇيكىيىن قاتارلىقلارنىڭمۇ بۇ ساھەدە قوشقان تۆھپىسى خېلى زور. شۇنداق بولغاچقا، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلىرى خېلى ئىلغار ئاگرو – تېخنىكا ۋە ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى.

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ چارۋا نەسلىنى ياخشىلىشىدا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ ۋە يۇقىرىقى مال دوختۇرلىرىنىڭ تۆھپىسىدىن باشقا، يەنە ئايرىم شەخسىيلەرنىڭمۇ تۆھپىسىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ، مەسىلەن: دياكوف، يىلقا نەسلىنى ياخشىلاشتا نەسىللىك ئايغىر، ئارغىماق ۋە بايتال قاتارلىقلارنى كۆپەيتكەن ۋە بۇ ساھەدە خېلى زور نەتىجىلەرنى ياراتقان، ئۇنىڭدىن باشقا كالا نەسلىنى ياخشىلاش ئۈچۈنمۇ خېلى كۈچ چىقارغان. بولۇپمۇ دياكوف، ۋارناكوۋف، كونستانتىن بوتىۋىن ۋە پاۋېل كالىنكىن (بۇ كىشى بىر تەرەپتىن دوختۇرلۇق قىلىپ خەلقنىڭ كېسىلىنى داۋالىسا، يەنە بىر تەرەپتىن نەسىللىك سىيىرلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن) قاتارلىقلارنىڭ يېتىشتۈرگەن نەسىللىك يىلقىسى ۋە كالىسى ھازىرقى شىنجاڭ قوڭۇر كالىسى دەپ ئاتالغان نەسىللىك سىيىرلار ئەينى زامانلاردىلا ۋىلايەتنىڭ سىرتىدا خېلى نۇرغۇن جايلارغا تارقالغانىدى. تارباغاتاي ۋىلايىتىدە ئۇنىڭدىن باشقا چارۋىچى خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ چارۋا

- ماللىرىنى نەسىللەندۈرۈش ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى، نەسىللىك ماللارنى ۋە ئۇلارنىڭ خىللىرىنى ياخشىلاش ۋە كۆپەيتىشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكەنىدى، مەسىلەن: چاغانتوقاي ناھىيىسىدە يەرلىك قوي ئاساسىدا باشپاي چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى شۇ چاغلاردا يېتىشتۈرۈلگەن ئەلا سۈپەتلىك قوي نەسلى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە يەر شارائىتىغا ماسلىششچانلىقى بىلەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ تارباغاتايدا ياخشى قوي نەسلىنىڭ بىرسى بولۇپ باھالىنىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكباشتىن ئەھمىيەت بېرىلمەكتە.

1940 ـ 1941 ـ يىلغىچە تارباغاتاي ۋىلايىتى بويىچە چارۋىچى ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ قولىدا ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى گېنىراتسىيىلىك يىلقىدىن تەخمىنەن 20 باش (6 ـ گېنىراتسىيىلىك بولغاندا ساپ قانلىق بولىدۇ)، بىرىنچى گېنىراتسىيىلىك يىلقىدىن 234 باش بار ئىدى. ئىككىنچى گېنىراتسىيىلىك كالمۇگورسكى نەسىللىك كالىدىن 152 تۇياق، 1 ـ گېنىراتسىيىلىك كالا 272 تۇياق ئەتراپىدا بار ئىدى. بۇلاردىن باشقا ساپ نەسىللىك يىلقا، كالىلار بولۇپ ھەممىسى 672 باش ئەتراپىدا ئىدى. 2 ـ گېنىراتسىيىلىك نەسىللىك قوي 4300 تۇياق ئەتراپىدا بولۇپ، بۇلاردىن باشقا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ساپ قانلىق ئايغىرىدىن ئۈچ باش، كالمۇگورسكى بوقىسىدىن 20 تۇياق، نەسىللىك قوشقاردىن 50 تۇياق بار ئىدى. شۇ چاغدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى چارۋىچىلىق بۆلۈمىنىڭ ئىگىلىكىدە ئارلوۋىيىسكى نەسىللىك ئايغىرىدىن ئالتە باش، ئەنگلىسكى نەسىللىك ئايغىرىدىن تۆت باش، كالموگورسكى نەسىللىك بوقىسىدىن يەتتە تۇياق، شىۋىتسكى



نەسىللىك بوقىسىدىن ئىككى تۇياق، نەسىللىك قوشقاردىن 36 تۇياق بار ئىدى. بۇ نەسىللىك ئايغىر، بوقا، قوشقارلاردىن يەرلىك خەلق چارۋا ـ ماللىرىنى نەسىللەندۈرەتتى. 1945 ـ يىلى 31 ـ ئىيول چۆچەك ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئازاد قىلىنىش ھارپىسىدا، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدىن ئۆتكەندە، بۇ نەسىللىك يىلقا ۋە بوقىلارنى بىللە ئېلىپ كەتكەن. ئۇ تەرەپتە بۇ ماللارنىڭ بىر قىسمى ئۆلۈپ تۈگىگەن، قالغان قىسمىنى ئۆلتۈرۈپ يەپ تۈگەتكەن.

5

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارباغاتاي ۋىلايىتىدە غەلىبە قىلىپ ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلەر گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلەش، ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت ئىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى چۆچەكتىن چېكىنىپ چىقىپ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدىن ئۆتكەن چاغدا، چۆچەكتىكى ئات، ئۇلاق، ماشىنا قاتارلىق قاتناش قوراللىرىنىڭ ھەممىسىنى بىللە ئېلىپ كىتىش بىلەن بانكىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنىمۇ ئېلىپ كەتكەنلىكتىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىگە پەقەت قۇرۇق ھېساباتلا قالغان بولۇپ، ھەتتا، كادىرلارغا ئىش ھەققى بېرىشكىمۇ مۇمكىنچىلىك بولماي قالغان ئىدى. مۇشۇنداق ئېغىر شارائىت ئاستىدا كادىرلارنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقى يۇقىرى بولغانلىقتىن، ئۈچ، تۆت ئايغا قەدەر مۇئاش ئالماي خىزمەت

قىلغانىدى. شۇ چاغدا چۆچەك ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ھەقىقەتەن قىيىن ئىدى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە ئۇرۇش ئېھتىياجىنى تەمىنلەش ئۈچۈن، بىر قاتار تەدبىرلەر قوللىنىلدى. ش ئالدى بىلەن گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ خەلققە، ئىنقىلابقا قارشى ھەرىكەت قىلغان ئەكسىيەتچىلەرنىڭ مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ دۆلەت مالىيىسىگە كىرىم قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا، 1942 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتى ئېمىل چېگرىسىدىن يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا 10.000 باش ئات، ھەربىر ئات ئۈچۈن بىردىن قېيىش نوقتا قوشۇپ ئۆتكۈزگەنلىكىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بۇ ئاتلارنى چارۋىچىلاردىن ناھايىتى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «سوۋ - سىن - تورگ» گە بىر باش ئاتنى 128 تاۋارنى روبلى ھېسابىدا ئۆتكۈزگەن، بۇ باھا خېلى يۇقىرى ھېسابلىناتتى. ئۆتكۈزۈلگەن ئاتلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى تەخمىنەن 800 مىڭدىن ئىككى مىليونغىچە تاۋارنى روبلى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە تۈرلۈك تاۋار، ئاساسەن گەزمال بەرگەن. خۇددى شۇ مەزگىلدە، يەنى 1942 - يىلىنىڭ ئاخىرى 1943 - يىلىنىڭ باشلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشى ناھايىتى جىددىي كېتىۋاتقان پەيتتە، شېڭ شىسەي ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈشى بىلەن شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولىدىغان سودىسى پۈتۈنلەي توختاپ قالغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن خەلقنىڭ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق



مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش مەنبەيى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، خەلق تۇرمۇشى تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قولىدا تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋالىدىغان نەق پۇلى بولمىغانلىقتىن، چۆچەك يەرلىك ماللار شىركىتى تېگىشىش سودىسى قىلىپ قولىدىكى گەزمال ۋە باشقا تاۋارلارنى قوي يۇڭى، ھەر خىل تېرە ۋە باشقا چارۋا مەھسۇلاتلىرىغا تېگىشىپ بۇ خام ئەشيالارنى ئۆتكۈزىدىغان ئورۇن بولمىغانلىقتىن چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئىسكىلاتتا ساقلىنىپ قالغان ئىدى. نەتىجىدە، 1943 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا تەخمىنەن 15 مىڭ توننا قوي يۇڭى ۋە بىر نەچچە يۈزمىڭ قوي، كالا تېرىسى ھەم يۈزمىڭلاپ ئەلتىرە ۋە باشقا نۇرغۇن ھەر خىل چارۋا مەھسۇلاتلىرى يىغىلىپ قالغان. بۇ خام ئەشيالار 1945 - يىل 31 - ئىيولدا چۆچەك ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مالىيىسى ۋە سودا ئىدارىسىنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇ خام ئەشيا ۋە مەھسۇلاتلار ئۆز نۆۋىتىدە تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مالىيە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى بىر قەدەر ئوڭشىۋېلىشقا ياردەم بولدى. تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى دەرھال سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئالاقىلىشىپ، قورچاق يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىدىن قالغان ۋە باشقا تەشكىلاتلاردىن ھۆكۈمەت ئىختىيارىغا ئۆتكەن ماللارنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەختى چېگرىسىدىكى سودا پونكىتىغا ئۆتكۈزدى، بۇنىڭ سوممىسى تەخمىنەن ئۈچ مىليون تاۋارنى روبلى بولغان ئىدى. كېيىن مۇناسىۋەتلىك يولداشلار بەختى چېگرىسىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا پونكىتىغا بېرىپ، ئۇنىڭ باشلىقى

بىلەن ھېسابلاشقاندا، ئەينى زاماندىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ قوماندانىنىڭ ئېيتىشىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن چۆچەك پارتىزانلىرىغا بېرىلگەن قورال - ياراق ۋە ئوق - دورا قاتارلىق ئەسلىھەلەرنىڭ پۇلى ئۈچۈن تەخمىنەن 600 مىڭ تاۋارنى روبلىنى تۆتۈپ قېلىپ، قالغان ئىككى مىليون 400 مىڭ تاۋارنى روبلىغا ھەر خىل تاۋار ۋە باشقا نەرسىلەرنى بەرگەن؛ بۇ چاغدا بولۇپمۇ ئەسكەرلەرنىڭ كىيىمى ئۈچۈن كۆپرەك رەخت، يىپ، تېرىكە، ھەر خىل چىت ۋە باشقا خەلق تۇرمۇشىغا كېرەكلىك تاۋارلارنى ئېلىپ، بىر تەرەپتىن ھەربىي قىسىملارنىڭ كىيىم ۋە باشقا ئېھتىياجلىرىغا ئىشلەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بازارنى تۈرلۈك تاۋارلار بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولىدىغان سودىسى ناھايىتى ياخشى يولغا قويۇلۇپ ھۆكۈمەت سودىسى بولسۇن، ياكى شەخسىيلەرنىڭ سودىسى بولسۇن تېز راۋاجلىنىپ، بازارلار ئاۋات بولۇپ خەلق تۇرمۇشى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان ئىدى، شۇڭلاشقا ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە كىرىمىمۇ خېلى دەرىجىدە كۆپەيگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋاقىتلىق چەك پۇل ھېسابىغا 150 مىليون دوللارلىق قۇرۇلۇش زايومى تارقاتقان بولۇپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىگە 70 مىليون دوللار تەقسىم قىلىنغان ئىدى، بۇ ۋەزىپىنى تارباغاتاي ۋىلايىتى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى، يۇقىرىقىلار تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشتا چوڭ رول ئوينىغان. شۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇپ، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەم بېرىشكىمۇ



ئىمكانىيەت يارىتىلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1946 - يىلى ئەتىيازدا دېھقانلارنى يۆلەش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ خەلقنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش چاقىرىقى ئاستىدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ 230 - نۆۋەتلىك يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ياخشىلاش، دېھقانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن 70 مىليون دوللار (ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋاقىتلىق چەك پۇلى) قەرز ھەم ياردەم پۇلى تارقىتىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىنقىلابتا قۇربان بولغانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا 1000 گېكتار تېرىلغۇ يەر ھەمدە چوڭ باغدىن 15 مېۋىلىك باغ پايدىلىنىش ئۈچۈن تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، يۇقىرىقى قارارنىڭ روھىغا ئاساسەن، تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسى دېھقان قېرىنداشلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە ۋىلايەت بويىچە دېھقانلارغا 1464 توننا ھەر تۈرلۈك ئاشلىق، 30 مىليون دوللار قەرز پۇل تارقىتىپ بەردى. ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئىگە بولغان دېھقانلار كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ، 1946 - يىلى ۋىلايەت بويىچە 42.575 گېكتار (700 مىڭ مو ئەتراپىدا) يەرگە 178.732 پۇت (بىر پۇت 8 كىلوگرام) ھەر خىل ئۇرۇق سالغان، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 100 مىڭ پۇتتىن ئارتۇق بولۇپ قالغانلىرى ئارپا، كۆممىقوناق، سۇلۇ، ئاق قوناق، شال، كېۋەز، زىغىر، پۇرچاقلاردىن ئىبارەت ئىدى. تارباغاتاي ۋىلايىتىدە شۇ چاغلاردا تېرىلغان زىرائەتلەرنى يەرگە سېلىنغان ئۇرۇق بويىچە ھېسابلايتتى، شۇ يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىدە ئاشلىقتىن مول

ھوسۇل ئېلىنىپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى تەخمىنەن 160 مىليون جىڭغا يېتىپ، ھەربىر كىشىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 930 جىڭ ئەتراپىدا توغرا كەلگەن ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى دېھقان ــ چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىپ، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە، 1946 ــ يىلى 30 ــ ماي كۈنى قوبۇل قىلىنغان 291 ــ سانلىق قارارنىڭ 1 ــ ۋە 4 ــ تارماقلىرىدا بەلگىلىگەن: 1944 ــ يىلى گومىنداڭ قورچاق ھۆكۈمىتى بەلگىلىگەن باج نىسبىتىنىڭ 50% كېمەيتىلىپ ئېلىنىشىنى، باج تۆلەش ئىقتىدارى بولمىغان دېھقان، چارۋىچىلاردىن دېھقانچىلىق باج سېلىقىنى پۈتۈنلەي كەچۈرۈم قىلىش بەلگىلىمىسى بويىچە دېھقان ۋە چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىپ، تۇرمۇش سەۋىيىسى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. مەسىلەن: 1947 ــ يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى ئومۇمىي چارۋا ــ مال سانى تەخمىنەن 747.000، 2 تۇياق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يىلقا 466.114 باش بولۇپ 5.23% نى، كالا 231،400 تۇياق بولۇپ 8.4% نى، قوي 1،978،200 تۇياق بولۇپ 72% نى، ئۆچكە 368،238 تۇياق بولۇپ 13.3% نى، تۆگە 23،114 بولۇپ 0.82% نى تەشكىل قىلغان ئىدى. بۇ سان ۋىلايەت بويىچە 172 مىڭ نوپۇسنىڭ ھەر بىرىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.15 دىن توغرا كەلگەن بولۇپ، 1944 ــ يىلدىكى مال سانىغا سېلىشتۇرغاندا تەخمىنەن 33% ئەتراپىدا ئاشقان ئىدى. يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۆسۈشى سودا تىجارەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئاساس يارىتىپ، ئۈچ ۋىلايەت دەۋرىدە تارباغاتاي ۋىلايىتىدە ھۆكۈمەت سودىسى بولسۇن ياكى شەخسىيلەرنىڭ سودىسى بولسۇن خېلى تەرەققىي قىلغان بولۇپ،



سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان تاشقى سودىنى ئاساس قىلاتتى. شۇڭلاشقا ئىمپورت ــ ئېكسپورت بېجىدىن، سودا ــ سانائەت بېجىدىن، دېھقان، چارۋىچىلىق بېجىدىن ۋە زاۋۇت ــ كارخانىلارنىڭ بېجىدىن كىرگەن كىرىم قاتارلىقلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاقىتلىق چەك پۇلىغا 10 نەچچە مىليارت دوللار بولاتتى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، بىرمەزگىل ئۇرۇمچىگە تۇرلۇك سانائەت ماللىرى ۋە تۇرمۇش مۇلازىمەت تاۋارلىرىنى ئېلىپ بېرىپ سېتىپ، چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە يەرلىك خام ماللارنى ئېلىپ كېلىپ ئېكسپورت قىلىش بىلەن ئىمپورت قىلىنغان ماللارنىڭ پايدىسى كۆپ بولۇپ، باج كىرىمىمۇ خېلى كۆپەيگەن ئىدى. مانا مۇشۇلار تارباغاتاي ۋىلايىتى، ھەربىي، مەمۇرى، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ۋە باشقا كەسپىي خىراجەتلەر بىر نەچچە مىڭ كادىر، ئىشچى ــ خىزمەتچى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇئاشىنى بىمالال ھەل قىلغانىنىڭ سىرتىدا، مەلۇم مالىيە زاپىسىغا ۋە زاپاش تاۋار ئىسكىلاتىغا ئىگە بولغان ئىدى.

1947 ــ يىلى 10 ــ ئايلاردا، ئوسمان گومىنداڭ بىلەن بىرلىشىپ ئالتايغا ھۇجۇم قىلىپ سارسۇمبىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، گېنېرال دەلىلقان ئالتاينىڭ مەمۇرىي ھەم ھەربىي خادىملىرىنى باشلاپ چۆچەككە كەلدى، چۆچەكتە ئوسمان باندىتلىرىغا قايتۇرما زەربە بېرىشكە تەييارلىق كۆردى، چۆچەكتىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر پولكى، ئىلىدىن لىسكىن باشچىلىقىدىكى بىر بىرىگادا، غۇجەخمەت باشچىلىقىدىكى جېمىنەي ۋە چۆچەك پارتىزانلىرىنىڭ ئالتايغا قاراپ يۈرۈش قىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، چۆچەكنىڭ ئېمىل چېگرىسىدىن

قىرىق دانە ئۇرال رىس ماشىنا بىلەن ئۆتۈپ كەلگەن بىر نەچچە يۈز كىشىلىك ھەربىي قىسىملار ئالتايغا يۈرۈپ كەتتى، مۇشۇ ھەربىي تەييارلىقلارنىڭ بارلىق خىراجىتى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مالىيىسىدىن بېرىلگەن. شۇ چاغلاردا، يەنى 1948 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ يىللىق مالىيە كىرىم چىقىمى تەخمىنەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ چەك پۇلى بويىچە ھېسابلىنغاندا 16 - 17 مىليارت دوللار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ يىللىق مالىيە ۋە ھەر خىل كىرىم - چىقىملىرى چەك پۇل بويىچە 48 دىن 50 مىليارت دوللارغىچە ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى 1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق چەك ھېسابىدا ئۈچ يۈز مىليون دوللارلىق غالىبىيەت زايۇمى تارقاتقان ئىدى. بۇنىڭدىن تارباغاتاي ۋىلايىتىگە يۈز مىليون دوللارلىق تەقسىم قىلىنغان بولۇپ، بۇ ۋەزىپە ۋاقتىدا ئاشۇرۇپ ئورۇنلانغان، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تۈزۈلگەن 11 ماددىلىق بىتىمدىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنى 500، 26 كىشىلىك قىلىپ باشقىدىن تەشكىللەپ، پۈتۈن خىراجىتىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بېرىشىنى تەلەپ قىلغانىدى. لېكىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىتىمگە خىلاپلىق قىلىپ، مىللىي ئارمىيىگە بېرىدىغان خىراجەتنى بەرمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئىقتىسادىي ھەيئىتى، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەر يىلى تۇياق بېجىغا ئالىدىغان پۈتۈن كىرىمىنى مىللىي ئارمىيىنى تەمىنلەش ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيە باش تەمىنات بۆلۈمىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى بەلگىلىگەندىن باشقا، ھەربىيلەرنى تەمىنلەشكە ئۈچ ۋىلايەتتىكى تەرەققىيات شىركەتلىرىنى مەسئۇل



قىلغان ئىدى. ھەر يىلى ئىلىدىن چۆچەككە باش ھەربىي تەمىناتنىڭ مەخسۇس ۋەكىلى تۇياق بېجى يىغىشقا كېلىپ، يالغۇز تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن تۇياق بېجى ئېلىنغان يۈز مىڭدىن ئارتۇق قوي، ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق كالا ۋە باشقا چارۋا - ماللارنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا سودىسىغا ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ ھېسابىغا ھەربىي تەمىناتقا لازىملىق بولغان تۈرلۈك تاۋارلارنى ئالاتتى، دېمەك، 11 ماددىلىق بىتىمدىن كېيىن 500، 26 كىشىلىك مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن بىر تىيىن ئالماي ئازادلىققا قەدەر بىمالال تەمىنلەپ كەلگەننىڭ سىرتىدا، ئىقتىسادنى بار كۈچى بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى تەدرىجىي ياخشىلاپ، تاشقى سودىنىمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇردى. مەسىلەن: 1947 - ۋە 1948 -يىللىرى پەقەت تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەرەققىيات شىركىتى (بۇ شىركەت ئىلگىرى ھەربىي مەتبۇئات شىركىتى بولۇپ، كېيىن تەرەققىيات شىركىتىگە ئۆزگەرتىلگەن) نىڭ ئۆزىلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا 45 - 50 مىڭ تۇياق قوي، 1000 تۇياقتىن 1500 تۇياققا قەدەر كالا، بىر نەچچە يۈز تۆگە ئۆتكۈزگەن ئىدى. چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن قوي يۇڭىدىن 1000 توننىدىن 1500 تونىنىغا قەدەر، قوي - كالا تېرىسىدىن 100 مىڭدىن 150 مىڭغا قەدەر، ئەلتىرىدىن 40 - 50 مىڭ دانىغا قەدەر ئۆتكۈزگەن ئىدى. شۇ چاغدا تەرەققىيات شىركىتى ئۆزىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ئارقىلىق ئۈرۈمچى، قاراشەھەر، قۇمۇللارغا چاي ۋە تۈرلۈك ماللارنى ئەۋەتىپ بېرىپ، 100 تونىدىن 150 تونىنىغا قەدەر قوي يۇڭى ۋە ئون نەچچە تونىنا مەشۇت قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىپ، چۆچەككە ئېلىپ كېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا سودىسىغا

ئۆتكۈزگەن ئىدى (شەخسىي سودىگەرلەر، باشقا شىركەتلەرنىڭ ئۆتكۈزىدىغان ئېكسپورت ماللىرى تەرەققىيات شىركىتى ئۆتكۈزگەن چارۋا ـ مال مەھسۇلاتلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىدى).

1949 ـ يىلى چۆچەكتە بۇغدايدىن مول ھوسول ئېلىنغان بولۇپ، 156.5 مىليون جىڭ مەھسۇلاتنى ئېلىپ ساتىدىغان بازار يوق ئىدى، شۇ ۋاقىتتا دېھقانلار بازارغا بۇغداي ئېلىپ كەلسە، شەھەردىكى بەزى كىشىلەر: «بۇغداي ئېلىپ كەلگىچە تېزەك ئېلىپ كەلسەڭ بولمامدۇ»، دېگەن گەپ ـ سۆزلەر تارقالغان ئىدى (ئەينى زاماندا چۆچەكتە تېزەكنى ئوتۇن ئورنىدا قالايتتى). مانا شۇ چاغلاردا تەرەققىيات شىركىتى ئوتتۇرىغا چىقىپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىقىنى سېتىۋېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا سودىسىغا ئۆتكۈزگەن، شۇ يىلى تەرەققىيات شىركىتى ۋە قىشلاق خوجىلىق بانكىسى بىرلىشىپ 12.000 توننىدىن ئارتۇق بۇغداي ئېكسپورت قىلغاننىڭ سىرتىدا، شەخسىي سودىگەرلەرمۇ تەخمىنەن 1500 توننىدىن 2000 توننىغا قەدەر بۇغداي ئۆتكۈزگەن.

1949 ـ يىلى، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىن تەرەققىيات شىركىتى قىشلاق خوجىلىق بانكىسى، گىراژدانلار جەمئىيىتى، موڭغۇل سودا جەمئىيىتى، خۇسۇسلارنىڭ سودا شىركەتلىرى ھەمدە 1000 نەپەر شەخسىي سودىگەر سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن 102 مىليارت 424 مىليون دوللارلىق ئوبوروت قىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە چەتتىن كىرگۈزۈلگەن تاۋارلار 77 مىليارت 940 مىليون دوللارلىق؛ چەتكە چىقىرىلغان ماللار 24.5 مىليارت دوللار بولغان. شۇنداق قىلىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە تارباغاتاي ۋىلايىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ۋە ۋالىي



مەھكىمىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدىكى بەش يىل جەريانىدا ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن خەلق تۇرمۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە زور كۈچ چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلاپ، ھەربىي، سەھىيە ۋە كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بولۇپ بىر نەچچە مىڭ كىشىنىڭ ئىش ھەققى ۋە باشقا تەمىناتلىرىنى ئوبدان ھەل قىلغاننىڭ سىرتىدا، ئۆلكە ئازاد بولغاندا مالىيە نازارىتىگە تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ يالغۇز ئۆزىلا تەخمىنەن بىر مىليون تاۋارنى روبلىلىق سانائەت ماللىرىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇندىن باشقا تارباغاتاي ۋىلايىتى ئۆلكە ئازاد بولۇپ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندە چەك پۇل ھېسابىغا 2.5 مىليارت دوللارلىق تۈرلۈك سانائەت ماللىرى، ھەر خىل تاۋارلارنى ئەۋەتىپ ھال سورىدى؛ يەنە تارباغاتاي ۋىلايەتلىك سودا شىركىتىنىڭ ۋە ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ تارباغاتاي ۋىلايىتى ئارقىلىق ئۆتكۈزگەن سودا شىركىتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقىتىدىكىدىن قالغان سودا تاۋار ماللىرى، شۇ ۋاقىتتىكى پۇل ھېسابىغا ئۈچ مىليارت فابىلىق (قانۇنلۇق پۇل) تاۋارنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ھەربىر ۋىلايەتكە ئايرىم فوندى قالدۇرغانىنىڭ سىرتىدا، يەنە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مالىيىسىدىن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ھەر خىل تاۋار ھەم سانائەت مەھسۇلاتلىرىمۇ خېلى كۆپ ئىدى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ چەك پۇل ھېسابىغا 25 مىليارت دوللارلىق تاۋار ياكى ئىككى مىليوندىن 2.5 مىليون تاۋارنى روبلىغىچە مال ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆلكە

مالىيىسىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن خېلى چوڭ تۆھپە قوشقانىدى. 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى 1950 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، تارباغاتاي ۋىلايىتى قوشۇلۇپ ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىن قورغاس ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈلگەن ئېكسپورت ماللارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 25 مىليون تاۋارنى روبلى بولۇپ، پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئېكسپورت ماللىرىنىڭ 40% نى تەشكىل قىلغان ئىدى.

## 6

بۇ يەردە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ پۇل مۇئامىلە ۋە مالىيە تۈزۈمى ھەققىدە ئاز ـ تولا توختىلىپ ئۆتۈشكە بوغرا كېلىدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى پارتىزان قىسىملىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن، 1945 ـ يىلى تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئازاد قىلدى، شۇ يىلى قىشتا ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى غۇلجىدا يىغىن ئېچىپ، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىك ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىگە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ مالىيە كۈچىنى مۇستەھكەملەش، ئىقتىسادىنى پۇختا ئاساسقا ئىگە قىلىش، پۇل مۇئامىلە ۋە مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەت بانكىسىنىڭ تۇنجى قېتىملىق چەك پۇلىنى تارقىتىشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن گومىنداڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىدىن غەنىيمەت ئالغان تۇرلۇك چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىپ، يۈز



مىليون دوللار قىممىتىدىكى سانائەت بۇيۇملىرىغا ئالماشتۇرۇپ، بۇنى ۋاقىتلىق چەك پۇل تارقىتىشنىڭ زاپاس فوندى قىلىپ، 1945 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ 100 دوللار، 300 دوللار، 500 دوللار، 1000 دوللارلىقتىن ئىبارەت تۆت خىلدىكى 100 مىليون دوللارلىق ۋاقىتلىق چەك قەغەز پۇل تارقاتتى. بۇ خىل ۋاقىتلىق چەك يېتەرلىك ماددىي ماتېرىياللار زاپىسىغا ئىگە ئىدى، ئۇ، بىر تەرەپتىن ۋاقىتلىق چەكنى تارقىتىش جەھەتتە ئوبيېكتىپ ھالدا تارقىتىشنى تىزگىنلەش رولىنى ئوينىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن پۇلنىڭ قىممىتىنى ۋە مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش رولىنى ئوينىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ۋاقىتلىق چەكنى تارقاتقاندىن كېيىنمۇ گومىنداڭنىڭ ئۆلكە پۇلى ۋە گۈەنجىڭ پۇلى قاتارلىق پۇللار ئۈچ ۋىلايەت چېگرىسى ئىچىدە بىر ۋاقىتتا خەجلەنگەن ئىدى. لېكىن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا ئۆز پۇلىنىڭ قىممىتى بەك تۆۋەنلەپ، مال باھاسى بەك يۇقىرى ئۆرلەپ كەتكەنلىكتىن، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە باھا پەرقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى گومىنداڭنىڭ قورچاق پۇلىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت پۇل مۇئامىلىسىنى ۋە بازارلارنى قالايمىقانلاشتۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، پۇل مۇئامىلە ۋە مال باھاسىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مۇستەقىل ئۆزگە ـ ئۆزى خوجا بولغان پۇل سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى.

1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ 97 ـ قېتىملىق يىغىنىدا: «گومىنداڭنىڭ قورچاق پۇلى ئۈستىگە بەلگە تامغىسى بېسىش» توغرىسىدا قارار چىقىرىلىپ، «بەلگە تامغىسى بېسىلمىغان

پۇللارنىڭ ئۈچ ۋىلايەت چېگرىسى ئىچىدە خەجلىنىشىنى مەنئىي قىلىش» تەلەپ قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ قورچاق پۇلىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت چېگرىسى ئىچىدە كۆپىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. خەلقنىڭ قولىدىكى چەكلەر ناھايىتى تېزلا ئۈچ ۋىلايەت بازارلىرىدا كەڭ كۆلەمدە خەجلىنىشكە باشلىدى، بۇ، ۋاقىتلىق چەكنىڭ تارقىتىلىشى ئۈچۈن ئىشەنچلىك ھالدا سىياسىي جەھەتتىن ئىناۋەت تىكلەپ بەردى، يەنە بىر تەرەپتىن تامغا بېسىلمىغان گومىنداڭ قورچاق پۇللىرىنى خەجلەش مەنئىي قىلىنغانلىقتىن، خەلق ئاممىسى پەقەت ۋاقىتلىق چەكتىن پايدىلىنىپ سودا - سېتىق ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەسلەپتە تارقىتىلغان چەك پۇل يۈزدە يۈز ماددىي زاپاسقا ھەم خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇپ، چەكنىڭ قىممىتىمۇ بىر قەدەر مۇقىم بولغان ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى يەنە دۈشمەنگە زەربە بېرىش، ھاكىمىيەتنى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، 1945 - يىلى ۋە 1946 - يىلى ئايرىم - ھالدا 150 مىليون دوللارلىق ۋە 300 مىليون دوللارلىق ۋاقىتلىق چەك ھېسابىدا «قۇرۇلۇش» ھەم «غالىبىيەت» زايومىلىرىنى تارقاتتى، بۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە 600 مىليون دوللارلىق ۋاقىتلىق چەك ھېسابىدا «تەلەي سىناش بېلىتى» تارقاتتى. بۇ، ئۇرۇش بولۇۋاتقان شارائىتتا مالىيە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەربىي ئىشلارغا ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۇل يىغىۋېلىشنى ئاكتىپ تەشكىللەپ بازاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارىنى ئازايتىش، پۇل قىممىتى ۋە مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ رول



ئوينىدى.

1946 - يىلى 7 - ئايدا، 11 ماددىلىق بىتىم ئاساسىدا قۇرۇلغان ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت «11 ماددىلىق بىتىم» نىڭ بەزى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئۆلكە پۇلىغا تېگىشىپ بېرىش ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋاقىتلىق چېكىنى يىغىۋېلىش چارىسىنى بەلگىلىدى؛ 1944 - يىلى 11 - ئايدىن 1946 - يىلى 5 - ئايغا قەدەر ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە تارقىتىلغان ۋاقىتلىق چەكنىڭ ئومۇمىي سانى 444 مىليون دوللار بولۇپ، «11 ماددىلىق بىتىم» دىن كېيىن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تېگىشىپ بېرىش ئۈچۈن 350 مىليون يۈەن ئۆلكە پۇلى بۇيرۇپ بەردى، شۇنداقلا 1946 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگە قەدەر ئىككى ئاي ئىچىدە تېگىشىپ بولۇشنى ھەمدە تېگىشىش نىسبىتىنى بىرگە بىر، يەنى بىر دوللارغا بىر يۈەن قىلىشنى بەلگىلىدى. لېكىن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ «تارباغاتاي، ئالتايلاردا تارقىتىلغان ۋاقىتلىق چەكنىڭ ئومۇمىي سانى ئەسلىدە مەلۇم قىلغان ساندىن كۆپ ئىكەن»، دەپ تېگىشىش فوندىنى كۆپەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەستىقلاپ بەرمىگەنلىكتىن تېگىشىش خىزمىتى توختاپ قېلىپ ۋاقىتلىق چەك ئۈچ ۋىلايەت ئىچىدە داۋاملىق ئوبوروت قىلىنىۋەردى.

1947 - يىلى كۈزدە، گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى «11 ماددىلىق بىتىم» نى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتقانلىقىدىن ۋە ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغانلىقتىن تىنچ ۋەزىيەت بۇزۇلۇپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتناشقان ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئىلىغا قايتىپ كەتتى؛ ئۈرۈمچى بىلەن ئىلى ئوتتۇرىسىدا قاتناش

ئۇزۇلگەنلىكتىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋاقىتلىق چەكنى داۋاملىق تارقىتىۋەردى. 1947 - يىلى ۋاقىتلىق چەكتىن 2000، 2500، 3000 دوللار بىر قانچە خىل قىلىپ بېسىلىپ، تەخمىنەن 15 مىليارت دوللار ئەتراپىدا تارقىتىلغان ئىدى، 1948 - يىلى 100 دوللارلىق ۋاقىتلىق چەكلەر داۋاملىق تارقىتىلدى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى تارقاتقان ۋاقىتلىق چەكنىڭ ئومۇمى مىقدارى 31 مىليارت دوللارغا يەتتى. «تامغا بېسىلغان ئۆلكە پۇلى» نىڭ قىممىتى 300 مىليون يۈەنگە يەتتى (بۇ پۇللار %75 ماددىي ماتېرىيال زاپىسىغا ئىگە ئىدى).

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ پۇل تۈزۈمى، مالىيە كىرىمى بىلەن تاشقى سودا ئاساسىغا تايانغان ئىدى، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلارغا قارىغاندا، پۇلنىڭ قىممىتى يەنىلا مۇقىم بولدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ئىشلەپچىقىرىشنى پائال راۋاجلاندۇرۇش، تاشقى سودىنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ياخشىلاش ۋە ھەر خىل باج كىرىملىرىنى تەرتىپكە سېلىش، سېلىقنى كۆپەيتمەسلىك شەرتى ئاستىدا، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئۈچ ۋىلايەت ئىچىدىكى زۆرۈر خىراجەت ۋە چىقىملارنى ياخشى ھەل قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى يۇقىرىقىدەك تەدبىرلەرگە تايانغانلىقىدىن، ئىقتىسادىي ئەھۋالى خېلى ياخشى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنىدى. 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى، 1950 - يىلى 2 - ئايدا، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ئۆلكىلىك مالىيە ئىقتىسادىي ھەيئىتىنىڭ ئۆلكىنىڭ مالىيە ئىقتىسادىنى بىرلىككە



كەلتۈرۈش ھەققىدىكى ئاساسىي پرىنسىپ ۋە پىكىرلىرى» نىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ پۇلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى. مۇشۇ قارارغا ئاساسەن، ئۈرۈمچى ھەم ئىلىدا 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى 16 خىل مالنى باھاسى بويىچە پۇلغا سۇندۇرۇپ ھېسابلاش ئارقىلىق، ئىككى خىل پۇلنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنى باھالىدى. نەتىجىدە ئۆلكە كۈمۈش پۇلنىڭ بىر يۈەنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق چېكىنىڭ 1.250 دوللىرىغا تەڭ قىلىپ بېكىتىلدى، مۇشۇ ئاساستا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قارارنى، 1950 - يىلى 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىشنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 86 - نومۇرلۇق ئۇقتۇرۇشىدا، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋاقىتلىق چېكىنى 1950 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە يىغىۋېلىشنى، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە ئىناۋەتسىز بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋاقىتلىق چېكى 36 مىليارت 800 مىليون دوللاردىن كۆپرەك يىغىۋېلىندى. شۇنداق قىلىپ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاقىتلىق چەك پۇلى ئۆزىنىڭ تارىخى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، ئومۇمىي ساھەسىدىن چېكىنىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆلكە ئىچىدە پۇل تۈزۈمى ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن، يەنە ئۆلكە كۈمۈش پۇلنى يىغىۋېلىش زۆرۈر ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن كۈمۈش پۇلنىڭ بىر يۈەنىنى، خەلق پۇلىنىڭ 0.35 يۈەنگە ئايرىباشلاپ 1952 يىلىغا قەدەر تاماملاپ، ئۆلكىنىڭ پۇل مۇئامىلىسىدىكى بىر نەچچە خىل پۇل تۈزۈمى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

ئەسكەرتىش: مەن بۇ ئەسلىمىنى يېزىش ئۈچۈن ئۆتكەن

يىلى چۆچەككە بېرىپ، ئەينى يىللاردا مەسئۇل خىزمەتلەردە بولغان پېشقەدەم يولداشلار بىلەن، «سوۋ - سىن تورگ» بىلەن تىجارەت قىلغان پېشقەدەم سودىگەرلەر بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەتلىشىپ، پاكىتنىڭ ئەينەن بولۇشىغا ھۆرمەت قىلدىم، ئۇنىڭدىن باشقا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئارخىپلىرىدىن پايدىلاندىم. شۇنداقتىمۇ كەچۈرمىشلىرىمنىڭ ۋاقتىنىڭ ناھايىتى ئۇزىراپ كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قولۇمدا بار بولغان بەزى ماتېرىياللارنىڭ ئاپەتلىك يىللاردا يوقىلىپ كېتىشى سەۋەبلىك بەزىبىر سان - سىفىرلاردا قىسمەن پەرقلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن، بىلىپ يولداشلارنىڭ تولۇقلاپ كېتىشىنى سورايمەن.

(ئاپتورى: ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى)



# ياپۇنغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك پائالىيەتلىرىدىن ئەسلىمە

ئابدۇللا تالىپ

1931 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ياپون تاجاۋۇزچىلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئۈچ ئۆلكىسىنى بېسىۋېلىپ، پۈتۈن جۇڭگونى ھەتتا پۈتۈن دۇنيا ئەللىرىنى زىلزىلىگە سالغان «18 - سېنتەبىر ۋەقەسى» پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتەر - ئۆتمەيلا خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ كەتكەن تاجاۋۇزچىلار خۇددى «پىلە قۇرتى ئۈجمە غازىڭىنى يېيىش ئۇسۇلى» بويىچە يەنە ئېلىمىزنىڭ شىمالىي جۇڭگو تېررىتورىيىسىگە ئىچكىرىلەپ بېسىپ كىرىپ، 1937 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى مەشھۇر «7 - ئىيول لوگوچياۋ ۋەقەسى» نى كەلتۈرۈپ چىقاردى. جۇڭگو زېمىنىنى يۇتۇۋېلىش غەرىزى بىلەن باشلانغان بۇ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا قارشى پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ئۇلۇغ مىللىي بىرلىكسەپ بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشۇپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش سەپەرۋەرلىكىنى كەڭ كۆلەمدە باشلىۋەتتى. شەككىز يېرىم يىلغا سوزۇلغان بۇ جاپالىق ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالدىكى مۇقەددەس زېمىنى — شىنجاڭ ئۆلكىسى بۈيۈك ئارقا سەپلىك

رولنى ئويناپ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ ئۇلۇغ كۈرەشكە مۇناسىپ ھەسسىسىنى قوشتى. بولۇپمۇ ئەينى مەزگىللەردە شىنجاڭ ئۆلكىسى ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ نىسبىتىنى ئىگىلىگەن ئۇيغۇر خەلقى تولۇپ تاشقان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق ئازادلىقى يولىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقانىدى. پىدائىي بولۇپ ئالدىنقى سەپتە جەڭگە قاتناشقانلار؛ پىداكار بولۇپ ئارقا سەپتە تاشيول ياسىغانلار؛ كارۋان بولۇپ ئالدىنقى سەپكە ماددىي بۇيۇم ۋە قورال ـ ياراق توشۇغانلار؛ زاۋۇت ـ كانلاردا جان پىدالىق بىلەن قان ـ تەر ئاققۇزۇپ ئىشلىگەنلەر؛ مال ـ مۈلۈك ۋە ئالتۇن ـ جابدۇقلىرىنى ئايىماي بەس ـ بەس بىلەن ئالدىنقى سەپكە ھەدىيە ـ ئىئانە قىلغانلار؛ مەنىۋى جەھەتتە: ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان يۇزلىگەن سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىققان دراماتورگلار، شائىرلار، ناخشا ئىجادىيەتچىلىرى، تەشۋىقاتچى ـ ناتىقلار، مەرىپەتچى ـ ئۇستازلار، ئارتىس، ئارتىسكا ۋە مۇزىكانتلار، رەسسام، ژۇرنالىستلار ھەم نۇرغۇنلىغان ساھەلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەر زاتلار تىللاردا داستان بولغۇدەك ئىش ئىزلىرىنى قالدۇرغانىدى.

بۇ ماقالەمدە مەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىدە كۆرسەتكەن ۋەتەنپەرۋەرلىك جاسارىتى ۋە مادىي، مەنىۋى جەھەتلەردىكى پائالىيەتلىرىدىن بىر قىسىم پاكىتلارنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتمەكچىمەن.

1

1937 ـ يىلى ياپونغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش مەملىكەت مىقياسىدا باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، تاجاۋۇزچى قوشۇنلار جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى ئۆلكىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ



قىسمىنى ئىشغال قىلىۋالغانىدى. نەتىجىدە ئېلىمىزنىڭ خەلقئارا قاتناش يولى ئۈزۈلۈپ تاشلاندى. ئەينى زاماندا تېخى ئىقتىسادى قالاق، ماددىي شارائىتى بىر قەدەر ناچار ھالەتتە بولغان جۇڭگو خەلقئارا ياردەمگە جىددىي مۇھتاج ئىدى. بۇنداق ئېھتىياجنىڭ تارىخىي مەجبۇرىيىتىنى ئەينى زامان جۇغراپىيە شارائىتىدا پەقەت شىنجاڭ ئۆلكىسىلا ئۆز ئۈستىگە ئالالايتتى. بۇ ئۆلكىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى «چوڭ ئارقا سەپلىك تارىخىي ئورنى» ئەنە شۇنداق تەقەززا بىلەن شەكىللەنگەنىدى. چۈنكى، ئەينى يىللاردا جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرىگە يېقىندىن ھېسداشلىق قىلغۇچى ۋە ئۇرۇش ئەسلىھەلىرى قاتارلىق ماددىي ياردەم بەرگۈچى دوست ئەل ــ سوۋېت ئىتتىپاقى جۇملىدىن باشقا ئەللەرنىڭ ھەر خىل ماددىي ياردەملىرىنى جۇڭگونىڭ ئالدىنقى سەپ فرونتلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىشتىكى قاتناش لىنىيىسى ئاساسەن شىنجاڭ ئۆلكىسى ئارقىلىق بولاتتى، بىراق، ئەينى زامانلاردا شىنجاڭدا زامانىۋى تاشيوللار تېخى يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ كېچە ـ كۈندۈز جاپالىق ئىشلىشى ئارقىسىدا، ئىنتايىن تېزلىك بىلەن شىمالدا «قورغاس ـ لەنجۇ» تاشيول لىنىيىسى؛ جەنۇبتا «قاراقول ـ ئۈرۈمچى» تاشيول لىنىيىسى ياسالدى. نۇرغۇن ئۇيغۇر دېھقان ياشلىرى بۇ ئېغىر ئەمگەك جەريانىدا ئىسسىق قان ـ تەرلىرىنى تۆكتى. بۇ ئىككى قاتناش لىنىيىسىدىكى ئاتاقلىق دەريا ۋە ئۆستەڭ كۆۋرۈكلىرىدىن ماناس دەرياسى كۆۋرۈكى، ئاقسۇ دەرياسى كۆۋرۈكى، ئاقسۇ «دولان ئۆستىڭى كۆۋرۈكى» («قىزىل كۆۋرۈك» دەپ نام بېرىلگەن)، باي «قىزىل دەرياسى كۆۋرۈكى»، باي «ياقىئېرىق دەرياسى كۆۋرۈكى»، «باغراش كۆۋرۈكى»، «داۋانچىڭ كۆۋرۈكى» ۋە مىڭلىغان كەلكۈن جىلغىلىرىدا ياسالغان چوڭ ـ كىچىك كۆۋرۈكلەر ئۇيغۇر دېھقان

ئەمگەكچىلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرى بەدىلىگە ياسالغانىدى. ئۇيغۇر ھارۋىكەشلىرى، ئات، ئېشەك ۋە تۆگە كارۋانلىرى بۇ يوللاردا توختىماي ئالدىنقى سەپكە كىيىم - كېچەك، يېمەك ئىچمەك، ئوق - دورا توشۇپ تۇراتتى.

ئۇنىڭدىن سىرت، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئېلىمىزگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۈرۈمچى تۇدۇڭخابادا قۇرۇپ چىققان قورال - ياراق زاۋۇتىدا، گېئولوگىيە ئەترەتلىرىدە، ھەر خىل رودا قېزىش كانلىرىدا تۇمەنلىگەن ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرى كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ جىسمانىي ئەمگەكلەرنى قىلغانىدى.

1940 - ، 1941 - يىللىرى ئالدىنقى سەپكە ھەربىر ناھىيە بىردىن ئايروپىلان تەقدىم قىلىش ھەرىكىتى قوزغىتىلغان چاغدا، ئۇيغۇر خەلقى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر قاتارىدا بۇ داغدۇغىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىگە ئىنتايىن قىزغىن ئاۋاز قوشتى. دېھقانلار، ئوۋچىلار، چارۋىچىلار قوللىرىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مىلتىق، نەيزىلىرىنى، ئەرلەر ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى، تۆمۈر، تۇچ قاتارلىق جابدۇقلىرىنى؛ ئاياللار ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن ساپاق قاتارلىق بىزەكلىرىنى؛ چارۋىچىلار ئات، كالا، قوي قاتارلىق ماللىرىنى مەردانىلىق بىلەن ئىئانە قىلدى. بۇ جەھەتتىكى نۇرغۇن سانلىق مەلۇماتلارنى ھەرقايسى ناھىيەلەرنىڭ تارىخىي ئارخىپلىرىدىن تەپسىلىي كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 2

جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى ستراتېگىيە جەھەتتىن ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان جاپالىق ئۇرۇش بولغانىدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئۇرۇشقا ماددىي سەپەرۋەرلىك بىلەن تەڭلا مەنىۋى سەپەرۋەرلىكمۇ ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى.



مۇشۇ ئېھتىياج تۈپەيلىدىن 1934 - يىللىرى شىنجاڭدا «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» («فەندىخۇي») تەسىس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە «ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» مۇ دۇنياغا كەلدى. جايلاردا ئۇلارنىڭ شۆبىلىرى قۇرۇلدى. ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدە ھەمدە ۋىلايەت، ناھىيەلەردە سانايىنەپىسە ئۆمەكلىرى قۇرۇلدى. ئاشۇ جەمئىيەت ۋە تەشكىلاتلارنى يادرو قىلغان ھالدا ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە سەھنە تىياتىرى قاتارلىق تەشۋىقات تۈرلىرى تەڭرىتېغىنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىي ئېتەكلىرىدە، تارىم ۋە جۇڭغار ئويمانلىقى ئەتراپلىرىدا كەڭ غۇلاچ يېيىپ شەكلى مىللىي، مەزمۇنى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئازادلىق ئۇرۇشقا قارىتىلغان ئەدەبىي - سەنئەت دولقۇنى بارلىققا كەلگەنىدى. «دۆلەت مۇداپىئە ئەدەبىياتى»، «دۆلەت مۇداپىئە سەنئىتى» فاڭجېنىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، قىسقىلا مۇددەت ئىچىدە يۈزلىگەن سەھنە ئەسەرلىرى يېزىلىپ چىقىپ، پۈتۈن شىنجاڭ سەھنىلىرىدە نامايان قىلىندى. ئاشۇ سەھنە ئەسەرلىرى ئىچىدە 1938 - يىلى زۇنۇن قادىر ۋە لۇتپۇللا مۇتەللىپ تەرىپىدىن ھەمكارلىشىپ يېزىلغان «ئۇچراشقاندا» درامىسى؛ يەنە شۇ يىلى ئابدۇشۇكۇر يالقۇن تەرىپىدىن يېزىلغان «شاڭخەي كېچىسى» درامىسى؛ 1939 - ، 1941 - يىللاردا لۇتپۇللا مۇتەللىپ يازغان «كۈرەش قىزى» ۋە «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» درامىلىرى سەۋىيە جەھەتتىن خېلى يۇقىرى بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدا كەڭ تەسىر قوزغىغان سەھنە ئەسەرلىرى ئىدى. شۇڭلاشقا «شاڭخەي كېچىسى»، «كۈرەش قىزى» قاتارلىق درامىلار ئەينى يىللاردا جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىلىرى ماۋدۇن ۋە شاۋسەن ئەپەندىلەرنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشكەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مەزمۇندا يېزىلغان چوڭ - كىچىك سەھنە ئەسەرلىرى، شېئىر، داستان، قوشاقلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى.

لېكىن، شۇ بىر نۇقتا خاراكتېرلىك ئىدىكى، ھەر قېتىم ۋە ھەر قانداق سەھنە ئەسەرلىرى ئوينىلىشنىڭ يا ئالدى، يا كەينىدە، ياكى باشقا تەشۋىقات سورۇنلىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تۆۋەندىكى خىتابلىق ناخشا مۇقەددىمە ياكى خاتىمە بولۇپ ئوقۇلاتتى:

ئۇزۇن يىللاپ جۇڭگو ئۈچۈن ھازىرلانغان،
ھەربىي قورال، بار كۈچىنى تەييارلىغان؛
پۈتۈن جۇڭگو تۇپرىقىنى باسماق بولغان،
ياپونلارنىڭ چىرىك پىكرىنى بۇزۇۋەتتۇق بىز.

* * *

پات ئۇرۇشۇپ پات ھەل قىلىش پىلانىنى،
يۈز مىڭلىغان سامۇرايلار ئەسكىرىنى،
ۋەھشى قانخور باندىتلارنىڭ شۇم پەيلىنى،
قەھرىمانلىق ئۇرۇش قىلىپ قايتۇردۇق بىز.

ئۇنىڭدىن باشقا، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان تەلىم ـ تەربىيە فاڭجېنى پۈتۈن ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ يېتەكچى پروگراممىسى ئىدى. مەكتەپ ناخشىلىرى، رەسىم ۋە تەنتەربىيە دەرسلىرىنىڭ مەزمۇنى پۈتۈنلەي ئاشۇ نىشانغا قارىتىلغانىدى. مەشھۇر رەسسام پەزىل سالىھ دەرسلىك سۈرەت ۋە تەشۋىقات رەسىملىرىنى سىزىشتا شىنجاڭ بويىچە نەمۇنە ياراتقانىدى. ئىنقىلابىي تالانتلىق شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ تەرىپىدىن يېزىلغان نۇرغۇن مەكتەپ شېئىرلىرى ئۇيغۇر ياش ـ ئۆسمۈرلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئىگە بولغان ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز ۋەتەنپەرۋەرلىك



تۇيغۇسىنى قوزغاتقانىدى. ئاشۇ مەكتەپ شېئىرلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق يېزىلغان:

«ئۆلۈم يا كۈرەش» دەپ مىليونلىغان ئەل،
قانلىق مەيدانغا چۈشتى باغلاپ مەھكەم بەل.
بۇ يولدا ئاقسىمۇ قانلار بولۇپ سەل،
ئاقىۋەت مەقسىتىمىز بولغۇسىدۇر ھەل.

يۇقىرىقىدەك كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە ۋە ئەمەلىي پائالىيەتلەرنىڭ تۈرتكىسىدە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ياشلىرى ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئۈچۈن، پىدائىيلىققا يېزىلغانىدى. ئاشۇ پىدائىيلىققا يېزىلغانلارنىڭ ئەڭ ئاكتىپ نامزاتلىرىدىن بىرى ئەنە شۇ مەرھۇم ئىنقىلابىي شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ بولغانىدى.

«ۋەتەن مۇداپىئەسى» مەزمۇنى قويۇق تۈس ئالغان ئۇيغۇر خەلق مائارىپى ھەرقايسى جايلاردىكى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ زىچ ھەمكارلىقى ۋە ياردىمى بىلەن، ھەردەرىجىلىك مەكتەپلەر دائىرىسىدە ھەپتە ئارىلاپ ئاخبارات لېكسىيەلەر ئۇيۇشتۇرۇلاتتى، نۇتۇق مۇسابىقىلىرى يۈرگۈزۈلەتتى، ناخشا مۇسابىقىلىرى ئۇيۇشتۇرۇلاتتى، بازار كۈنلىرى كوچا تەشۋىقاتلىرىنى ئېلىپ باراتتى، ئاي ئارىلاپ رەسىم كۆرگەزمىلىرى ئېچىلاتتى. ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى رول ئېلىپ، سەھنە ئەسەرلىرىنى رېپېتىست قىلىپ تەييارلاپ يېزا ـ كەنتلەردە ئويۇن قويۇپ، ئېلىمىزنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش فرونتلىرىغا ياردەم ئىئانە توپلايتتى. مەجرۇھ بولۇپ داۋالىنىش ئۈچۈن ئارقا سەپكە قايتقان جەڭچىلەر ئۈچۈن قان تەقدىم قىلاتتى. كىچىككىنە كەلپىن ناھىيىسىدىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى خىزمەتچىلىرى

1939 ـ، 1940 ـ يىللىرى «شاڭخەي كېچىسى»، «كۈرەش قىزى» درامىلىرىنى سەھنىگە تەييارلاپ سەييارە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ناھايىتى ئاز ۋاقىتنىڭ ئىچىدىلا 450 مىڭ دوللار ئىئانە توپلاپ، ياپونغا قارشى ئازادلىق ئۇرۇش فرونتىغا ئەۋەتكەنىدى. بۇ خىل تىپىك مىساللار ئىنتايىن كۆپ . . .

3

يۇقىرىدىكى رېئال پائالىيەتلەردىن باشقا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىللىرىدە پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە يەنە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئاساس قىلغان «دۆلەت مۇداپىئە تەنتەربىيە ھەرىكىتى» ئەۋج ئالدۇرۇلدى. تەنتەربىيە ھەرىكىتى ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە ھەر يىلى ئىككى قېتىم ئېلىپ بېرىلاتتى. ئەتىياز پەسلىدىكىسى «12 ـ سېنتەبىر تەنتەربىيە مۇسابىقىسى» نامى بىلەن يۈرگۈزۈلەتتى. بۇ مەزگىلدىكى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدە تەنتەربىيىنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى بويىچە نەچچە مىڭلىغان تەنھەرىكەت ماھىرلىرى ۋە چېمپىيونلىرى يېتىلىپ چىققانىدى. تەنتەربىيە تۈرلىرى ئىچىگە ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ۋە زامانىۋى تەنتەربىيە خىللىرى كىرگۈزۈلگەنىدى. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسى: چېلىشىش، ئوقيا ئېتىش، ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش، قىلىچ ۋە نەيزىۋازلىق، پومزەك ئېتىش، دارۋازلىق، سالما تاشلاش، ئېلاڭگۈچ ئويناش، ئات ئۈستىدە تەڭگە ئېلىشىش، تاغار يۈدۈپ يۈگۈرۈش، تۇخۇم چىشلەپ يۈگۈرۈش، ئارغامچا تارتىشىش، سەكرەش قاتارلىق خىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسى ئىچىگە يېڭى زامان تەنتەربىيە تۈرلىرىدىن:



دامكا، بىليارد، شاھمات، تامپاس، پۇتبول، ۋاسكېتبول، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش، قارىغا ئېتىش، ئاتلىتكا . . . قاتارلىق تەنتەربىيە تۈرلىرى كىرىپ كەلدى.

ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە خەلقنىڭ جىسمانىي سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش — دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ ئېھتىياجى ۋە جىددىي تەلىپى بولغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرىدىكى تەنتەربىيە خىللىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى «18 ـ سېنتەبىر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى» تۈرى بولۇپ ئىزچىللاشتۇرۇلاتتى. ئاشۇ مەزگىللەردە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرى يالغۇز ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە تەلىم ئېلىۋاتقان ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنىڭ يېزا ـ كەنتلىرىگىچە كەڭ تارقالغان ئاممىۋى پائالىيەتكە ئايلانغانىدى. جۈملىدىن «18 ـ سېنتەبىر تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى» ئۈچۈن تاللانغان مىڭلىغان تەنتەربىيە چولپانلىرى ئىچىدە يېرىم نىسبەتنى دېگۈدەك خوتۇن ـ قىزلار تەشكىل قىلاتتى. بۇ ھال تېخى فېئودالىزم شارائىتىدا كېتىۋاتقان جەمئىيەت ئۈچۈن ئالغاندا ئىنتايىن زور تارىخىي ئىلگىرىلەش ئىدى.

«18 ـ سېنتەربىر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى» ئۈچ دەرىجە بويىچە ئۆتكۈزۈلەتتى. بىرىنچى باسقۇچتا ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلەتتى. تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ھەيۋەتلىك داغدۇغا بىلەن باشلىنىپ، داغدۇغا بىلەن يېپىلاتتى. ئېچىلىش ۋە يېپىلىش مۇراسىملىرىدا ناھىيە، ۋىلايەت ۋە ئۆلكىنىڭ مەسئۇل خادىملىرى ياپونغا قارشى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، تەنتەربىيىنىڭ ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ تەكىتلەيتتى. رەتلىك ۋە بىر خىل فورمىدا چىرايلىق كىيىنىشكەن ئەر ـ ئايال ساغلام تەنھەرىكەتچىلەر كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن تۆۋەندىكى تەنھەرىكەت مارشىنى ئۈنلۈك ئېيتىشىپ،

مۇسابىقە مەيدانىنى زىلزىلىگە كەلتۈرەتتى:

بىز ئوينايمىز ئات مەشنى،
ھەم ئوينايمىز قىلىچ مەشنى؛
ئۇنى ئويناپ ئۇستا بولۇپ،
ئالىمىز ياپوننىڭ بېشىنى* .
......

## 4

ئەمما ياپونغا قارشى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى بىر ئوچۇم ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، «توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاش» ھىيلە نەيرەڭلىرىنى ئىشقا سېلىشقا باشلىدى. ئىلغار كۈچلەرنى قاماش، سۈرگۈن قىلىش، خارلاپ زەربە بېرىش قاتارلىق زىيانكەشلىكلەرنى يۈرگۈزدى. دەسلەپكى باسقۇچلاردا جاكارلانغان ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلغان مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، ئەمەلدارلار پاك بولۇش سىياسىتى بىكار قىلىنىپ، مىللەتلەر ئارىسىدا ئىناقسىزلىق ۋە بىر - بىرىنى كەمسىتىش كەيپىياتى ھەمدە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئىچىدە پارىخورلۇق، خىيانەت قىلىش ھەرىكەتلىرى كۈندىن - كۈنگە ئەدەپ كېتىشكە باشلىدى. ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى توپلانغان ئالتۇن - كۈمۈش ۋە باشقا بايلىقلار ئەمدىلىكتە بولسا خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ چۆنتىكىگە كىرىپ كىتىدىغان بولۇپ قالدى، ھالبۇكى، خوتەن ۋە ئالتايدىكى ئالتۇن كانلىرىدا بولسا مىڭلىغان ئۇيغۇر ئىشچىلىرى ئاشۇ ئالتۇن كانلىرىنىڭ ناچار مۇھىت ۋە ئۇسال

* بۇ شېئىر ل. مۇتەللىپنىڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندىكى ئۇستازى ئابىت ناسىرى تەرىپىدىن 1940 - يىلى يېزىلغان.



تۇرمۇش شارائىتىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆلەر - تىرىلىشىغا باقماي دۆلەت مۇداپىئە ئۇرۇشى ئۈچۈن، جان پىدالىق بىلەن كېچە - كۈندۈز ئالتۇن ئىشلەپ چىقىراتتى. بۇ كانلاردا قۇربان بولۇپ كەتكەن ئۇيغۇر ئىشچىلىرىنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ ئىدى. تېخى «ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك» قىلىپ 1942 - يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا «ئالتۇن ئالۋىنى» سېلىقى قويۇپ، نەچچە تۈمەن مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر يىگىتلىرىنى مەجبۇرىي تۇتقۇن قىلىپ، پىيادە ئۇرۇمچىگە ھەيدەپ كېلىشتى. بۇ مەھكۇم تۇتقۇنلارنىڭ نۇرغۇنلىرى قامچا - كالتەك ئاستىدا، بەزىلىرى ئاچلىقتا، يەنە بەزىلىرى ۋابا كېسەللىكىدە ئۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ئۇستىخانلىرى چۆل - جەزىرىلەردە قەبرىسىز قالغانىدى. يېزىلاردىكى زالىم بەگلەر ۋە شەھەرلەردىكى پارىخور مەنسەپدارلار ئاشۇ گۇناھسىز قۇربانلارنىڭ بەدىلىگە قىزىل قاندىن شاراپ ئىچىشەتتى، ھارامدىن ئەيشى - ئىشرەت سۈرەتتى.

«ئالتۇنچى» يىگىتلەرنىڭ ئۇرۇمچىگە ساق يېتىپ كەلگەنلىرىنىڭ بىر قىسمى جەنۇبىي ئۇلانباي ئۆستىڭى ۋە بوغدا ئۆستىڭى ئەمگىكىگە ھەيدىلىپ قەھرىتان سوغۇقتا مۇزلاپ ئۆلگەن بولسا، بىر قىسمى ئالتاي تاغلىرىدا نابۇت بولۇپ تۈگەشكەنىدى. بۇ ئۇنتۇلغۇسىز تارىخىي تراگېدىيە — قانلىق پاچىئە توغرىسىدا «ئالتۇنچى» يىگىتلەردىن بىرى تۆۋەندىكى قوشاقنى يېزىپ قالدۇرغانىدى:

بېشىمىز قايدىمۇ باللا،
پۇتىمىز تايدىمۇ باللا؛
قاراپ ھوناق بىلەن كۆككە،
كۆزىمىز ئايدىمۇ باللا.

*　　*　　*

ئۆلۈپ يوللاردا، چۆللەردە،
ئېقىپ ياش، تاشتى كۆللەردە؛
تۇرار جاي بولغىنى ئەمدى،
باياۋان سايدىمۇ باللا.

*　　*　　*

ئىسسىت توپ - توپ قىرىلدۇق بىز،
ئىچىمىزدىن سىرىلدۇق بىز.
قىرىلسۇن ھەم تۈگەشسۇن دەپ،
پەلەك تور يايدىمۇ باللا. . .

ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەشنىڭ ساپ پىداكار قۇربانلىرى بولغان ھەر مىللەت ۋەتەنپەرۋەرلىرىنىڭ قان بەدىلىگە توپلانغان زەر ئالتۇنلارنىڭ كۆپ قىسمىنى مىللىيتارىست شېڭ شىسەي نەچچە ماشىنىغا بېسىپ، 1944 - يىلى يازدا ئوغرىلىقچە قېچىپ كەتكەندە ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتكەنىدى. مۇشۇ ھەقتە ئۇزۇن يىل تۈرمىدە ياتقان بىر ۋەتەنپەرۋەر شائىر تۆۋەندىكى بىر كۇپلېت نەزمىنى يېزىپ قالدۇرغان:

شېڭ جاللاتنىڭ دەۋرىدە بويسۇندۇردى ئالتىنغا،
كاللا كېسىپ، زەر يىغىپ سېلىپ ماڭدى خالتىغا.
(ئاپتورى: ش ئۇ ئا ر مائارىپ نازارىتىدىن)



# ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ 15 يىللىق تارىخىدىن ئەسلىمە

## (1913 — 1927 - يىللار)

### چاۋار يۇسۇپ

ئاقسۇ ناھىيىسى مىنگونىڭ 2 - يىلى (مىلادى 1913 - يىلى) تەسىس قىلىنغان بولۇپ، تاكى 1927 - يىلىغىچە ھازىرقى ئاۋات ناھىيىسى بىلەن كەلپىن ناھىيىسىگە تەۋە جايلارنىڭ ھەممىسى ئاقسۇ ناھىيىسىگە قارايتتى، پۈتۈن ناھىيە ئالتە يۇرۇشلۇك مەمۇرىي رايونغا بۆلۈنۈپ باشقۇرۇلاتتى. 1927 - يىلى ئاۋات ناھىيىسى بىلەن كەلپىن ناھىيىسى ئاقسۇ ناھىيىسىدىن ئايرىلىپ، ھەرقايىسى ئۆز تەۋەلىكى بويىچە ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاقسۇ ناھىيىسى يۇرۇش دېگەن مەمۇرىي نامىنى رايونغا ئۆزگەرتىپ باشقۇردى.

ئاقسۇ ناھىيىسىگە سېپىل سېلىنىپ شەھەر بولغاندىن كېيىن، شەھەر سېپىلىگە تۆت چوڭ دەرۋازا قويۇلدى. شەرقىي دەرۋازىغا كۇچا دەرۋازىسى دەپ، غەربىي دەرۋازىغا گۇلباغ دەرۋازىسى دەپ، شىمالىي دەرۋازىغا بازار دەرۋازىسى دەپ، جەنۇبىي دەرۋازىغا قەشقەر دەرۋازىسى دەپ نام بېرىلدى.

## يامۇل ۋە لەڭزە

ئاقسۇ شەھىرىگە ئۈچ چوڭ يامۇل سېلىنغان بولۇپ، ئۇلار دوتەي يامۇلى، شىتەي يامۇلى، ئامبال يامۇلى دەپ ئاتىلاتتى. يامۇل بىلەن تەڭلا يەنە تۆت لەڭزە سېلىنغان بولۇپ، ئۇلار مادۇي لەڭزىسى، جوڭنىڭ لەڭزىسى، زۇيىڭ لەڭزىسى ۋە دۇڭ لەڭزىدىن ئىبارەت ئىدى.

## ناھىيە دەرىجىلىك ئىدارە ـ مەكتەپلەر

ناھىيە دەرىجىلىك ئىدارە ـ مەكتەپلەردىن پوچتىخانا، باجخانا، تۈرمە، مولوق ئالىدىغان ساڭ، ساقچى ئەترىتى (جۇزە دېپىلەتتى) قاتارلىقلار بار ئىدى. ئامبال يامۇلغا قارايتتى، شۇ ۋاقىتتا ناھىيىگە قاراشلىق ئىككى مەكتەپ بولۇپ، بىرىنىڭ دەرۋازىسى قارا سىر بىلەن سىرلانغاچقا، قارا شۆتاڭ دەپ ئاتايتتى، بۇ مەكتەپتە خەنزۇ بالىلار ئوقۇيتتى. يەنە بىر مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى سىرلانمىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يېزىدىن مەجبۇرى تۇتۇپ كېلىنگەن ئۇيغۇر بالىلار خەنزۇچە ئوقۇيتتى. شەھەر ئىچىدە يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىر قانچە جايلاردا بۇتخانىلار بار ئىدى.

## ئامبال يامۇلىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى

ئامبال دېگەن سۆز ناھىيە باشلىقى دېگەن بولۇپ، ئامبالنى ئۆلكە باشلىقى (جاڭجۈڭ) ئۆزى بەلگىلەپ، ئۈرۈمچىدىن بىۋاستە ئەۋەتىپ بېرەتتى. ئامبال ناھىيىنىڭ مەمۇرىي، سىياسىي ـ قانۇن، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ـ مائارىپ قاتارلىق



بارلىق ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. ئامبالنىڭ خىزمەت ئۆتەش مۇددىتى ئىككى يىلدىن ئۈچ يىلغىچە بولۇپ، ۋاقتى توشقان ھامان ئورنىغا باشقا ئامبال ئەۋەتىلەتتى.

ئامبالنىڭ قول ئاستىدا كاتىبات بۆلۈم، سىياسىي ـ قانۇن بۆلۈم، مالىيە بۆلۈم، خەلق ئىشلار بۆلۈمى، دايىيلار بۆلۈمى، باج ئىشلار بۆلۈمى، خەنبەن بۆلۈمى، خۇيبەن بۆلۈمى قاتارلىق سەككىز بۆلۈم بولۇپ، بۆلۈم باشلىقىنى سىيى دەپ ئاتايتتى. خەنبەن باشلىقىنى خەنبىي سىيى دەپ ئاتايتتى. بۇنىڭ قول ئاستىدا ئون نەپەر دورغىسى بولۇپ، خەنزۇ پۇقرانىڭ ئەرز ـ دەۋا ئىشلىرىنى سوراپ بىر تەرەپ قىلاتتى.

خۇيبەننىڭ باشلىقىنى خۇيبىيسى دەپ ئاتايتتى. بۇنىڭ قول ئاستىدا ئون نەپەر دورغىسى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى سوراپ بىر تەرەپ قىلاتتى. كاتىبات بۆلۈمدە بىر نەپەر بۆلۈم باشلىقى، ئۈچ نەپەر كاتىپ، ئۈچ نەپەر تەرجىمان بار ئىدى. پۇقرادىن كەلگەن ئەرز خەت ۋە باشقا ئالاقىلەرنى تەرجىمە قىلىپ، خەت كۆچۈرۈش، ئالاقە يېزىش، تارقىتىش ۋە ئۇقتۇرۇش چىقىرىش ئىشلىرىنى ئىشلەيتتى.

باج ئىشلار بۆلۈمىدە ئىككى نەپەر بۆلۈم باشلىقى بىلەن 30 نەپەر ئادەم ئىشلەيتتى. بۇلاردىن بىر نەپەر بۆلۈم باشلىقى مولۇق باجلارنى يىغىپ ئېلىشقا مەسئۇل ئىدى. ئون نەپەر بۆلۈم ئەزاسى بىلەن ئون نەپەر خوجى ساڭدا مولۇق ئالاتتى. يەنە بىر نەپەر بۆلۈم باشلىقى ئون نەپەر بۆلۈم ئەزاسى بىلەن يېزا ئاساسىي قاتلام باج خادىملىرىغا ماسلىشىپ، يەرلىك ئېلىم ـ سېتىم ۋە ھەر خىل باج كىرىمىنى يىغىۋېلىپ مالىيە بۆلۈمىگە تاپشۇراتتى.

مالىيە بۆلۈمدە بىر نەپەر بۆلۈم باشلىقى، بەش نەپەر بۆلۈم ئەزاسى بولۇپ، ناھىيىنىڭ بارلىق باج كىرىملىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، خىزمەتچىلەرنىڭ ئايلىق مائاشىنى بېرەتتى.

ئېشىپ قالغان پۇلنى ئامبالنىڭ شەخسىي خەزىنىسىنى باقىدىغان دايىيىنىڭ قولىغا تاپشۇراتتى.

دايىيلار بۆلۈمىدە بىر نەپەر بۆلۈم باشلىقى بىلەن تۆت نەپەر بۆلۈم ئەزاسى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى دايىي دەپ ئاتايتتى. بىر نەپەر دايىي ئامبالنىڭ خۇسۇسىي خەزىنە - مۈلۈكلىرىدىن خەۋەر ئېلىپ باشقۇراتتى. بىر نەپەر دايىي بىرىنچى داتاڭغا مەسئۇل بولۇپ، ئامبال سوراق قىلغىلى چىققاندا تامغا ساندۇقىنى قىزىل شەلپەرگە ئوراپ كۆتۈرۈپ چىقاتتى. بىر نەپەر دايىي ئىككىنچى داتاڭغا مەسئۇل بولۇپ، ئامبال بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن ئادەمنى قوبۇل قىلىپ، ئامبال بىلەن كۆرۈشتۈرەتتى. بىر نەپەر دايىي ئۈچىنچى داتاڭغا مەسئۇل بولۇپ، يامۇلنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى خاتىرىلەپ، كەچتە ئامبالغا دوكلات قىلىپ خەۋەرلەندۈرۈپ تۇراتتى.

خەلق ئىشلار بۆلۈمىدە بىر نەپەر بۆلۈم باشلىقى بىلەن ئۈچ نەپەر بۆلۈم ئەزاسى بار ئىدى. يۇقىرادىن كەلگەن ئەرز ۋە دەۋا - دەستەكلەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۆلۈم ۋەقەسى بولسا ئامبالنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇراتتى. جىنايى ئىشلارغا ئائىت بولسا سىياسىي - قانۇن بۆلۈمىگە يوللاپ بېرەتتى. ئەر - ئايالنىڭ نىكاھ مەسىلىسى ياكى مىراس مەسىلىسى بولسا مەھكىمە شەرئىيىگە يوللاپ بېرەتتى. باج توغرىلىق بولسا باج ئىشلار بۆلۈمىگە يوللاپ بېرەتتى. ھەق تەلەپ ئىشلىرىنى خەنزۇ بولسا خەنبەنگە، مۇسۇلمان بولسا خۇيبەنگە يوللاپ بېرەتتى.

سىياسىي قانۇن بۆلۈمىدە ئىككى نەپەر بۆلۈم باشلىقى بىلەن ئون نەپەر بۆلۈم ئەزاسى بار ئىدى. بۇ بۆلۈم تۈرمە بىلەن بىر ساقچى ئەترىتىنى باشقۇراتتى. ساقچى ئەترەتتە 50 نەپەر چېرىك بولۇپ، بىر نەپەر بۆلۈم باشلىقى بىلەن 20 نەپەر چېرىك ئامبال يامۇلىنى مۇھاپىزەت قىلاتتى. ئون نەپەر چېرىك ھەربىر كوچا - مەھەللىدىكى پاششاپ - ئونبېشى بىلەن شەھەرنىڭ تۆت



دەرۋازىسىنى باقاتتى.

## ئالدامچى ئامباللار

مىنگونىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادى 1913 - يىلى) ئاقسۇ ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دەسلەپ جورىڭچۈەن ئامبال بولۇپ، ئۈچ يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ ئۈچ يىل جەريانىدا يەرلىك بەگ - ئەمەلدارلار، سودىگەر - بايۋەتچىلەر ۋە يەر ئىگىلىرى بولۇپ جو رىڭچۈەننى ئىلگىرى - كېيىن مېھمانغا چاقىرىپ، ئۆز لايىقىدا سوۋغا - سالام تەقدىم قىلىشتى. ھەدېگەندىلا، ۋاي جودارىن دەپ قىلمىغانلىرى قالمىدى. بۇنىڭ بىلەن جودارىن تېخىمۇ مەغرۇرلىنىپ، ھېيلىگەرلىك بىلەن دېھقانلارنى ئالداپ: «مەن كونا دېھقانچىلىق باج تۈزۈمىنى مۇۋاپىق ئۆزگەرتىپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىپ، كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىمەن...» دەپ يەرنى ئومۇميۈزلۈك ئۆلچىگۈزۈپ، ئۈچ خىل دەرىجىگە ئايرىدى. بىرىنچى دەرىجىلىك يەرگە 16 جىڭ (ھازىرقى 24 جىڭغا تەڭ)، ئىككىنچى دەرىجىلىك يەرگە 12 جىڭ، ئۈچىنچى دەرىجىلىك يەرگە 8 جىڭ مولۇق باج ئېلىشقا توختاتتى. باجدىن تاشقىلىرى مازارنىڭ ۋەخپە يېرى، مەسچىتنىڭ ۋەخپە يېرى ۋە دېھقانلارنىڭ يېڭىدىن ئېچىپ تېرىغان بىنام يەرلىرىنىمۇ ئۆلچەپ مولۇق يەرگە قوشۇپ، يۇقىرى ئۆلچەمدە باج ھېسابلاپ ئالدى. شۇنداق قىلىپ ئاخىرى ئاقسۇ خەلقىنى قاقشىتىپ، 1915 - يىلى چۆنتىكى توشقاندا يۆتكىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاچ - يالىڭاچ قالغان دېھقانلار ئۇنىڭغا «ئالدامچى ئامبال»، دەپ لەقەم قويۇشقانىدى.

1916 - يىلى 1 - ئايدا شۇلويىڭ ئامبال بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ بويى پاكار ھەم سېمىز بولۇپ، ئۆردەكتەك ئىككى يېنىغا

ئېغاڭلاپ ماڭاتتى. يامۇل سىرتىغا چىقماقچى بولۇپ كاجوغا چىقىپ ئولتۇرسا ئۇنىڭ بويىنى چاشقانغا ئوشاپ قالاتتى. كاجونى تۆت دورغا كۆتۈرۈپ ماڭسا، يېنىدا تۆت چېرىك مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭاتتى. چېرىكلەر ئېھتىرام بىلدۈرمىگەنلەرنى كۆرۈپ قالسىلا ئۇراتتى، تىللايتتى. بۇنى كۆرگەن شۇلوينىڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ، چېرىكلەرنى ماختاپ قوياتتى. خەلقلەر ئۇنىڭ دىقماق بويىنىغا قاراپ «لاۋشۇ دارىن» (چاشقان چوڭام) دەپ لەقەم قويغانىدى.

شۇ دارىنمۇ دەسلەپتە جو رىڭچۇەنگە ئوخشاشلا بايۇەچچى ـ بەگلەرنىڭ ئۆيىدە بىر قاتار مېھمان بولدى. ئارقىدىن ھېيلىگەرلىك قىلىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ باج ـ سېلىقنى يەڭگىللىتىدىغانلىقىنى، تۇرمۇشنى ياخشىلايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمەلىيەتتە خەلقنىڭ زىممىسىدىكى سېلىقنى يەڭگىللىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، يەرلىك باجنى ئىسلاھ قىلىپ قەدىمدىن ئادەت بولۇپ كەلگەن تىجارەت بېجى، ھۈنەر ـ سانائەت بېجى، چارۋا ئېلىم ـ سېتىم بېجى قاتارلىق باجلاردىن باشقا، ئوتۇن ـ سامان، توخۇ، تۇخۇم بېجى، ئىت، مۈشۈك، پىرە ـ مەشرەپ، پاختا ـ يىپ، غاز ـ ئۆردەك بېجى قوشۇپ ئالدى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يېڭى سىياسەت چىقىرىپ، ھەتتا، شەھەر ـ يېزىنى ئايرىماستىن ھەربىر ئائىلىگە 50 پۇڭدىن ئايلىق باج قويۇپ يىغىۋالدى. ئۇ چاغدىكى 50 پۇڭ ھازىرقى بەش سومغا توغرا كېلىدۇ. شۇ دارىننىڭ ئالدامچىلىقى جورىڭچۇەننىڭكىدىن ئېشىپ چۈشكەچكە، ئۇ يۇقىرىقىدەك ۋاستىلەر بىلەن بىر يىل ئىچىدىلا نۇرغۇنلىغان بايلىق توپلىۋالغانىدى.

## يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەت

1916 ـ يىلى دېھقانلار كۈزلۈك زىرائەتلىرىنى يىغىشقا



بىرلەشتۈرۈپ، ئاقتاما يەرلىرىگە كۈزگە بۇغداي تېرىغانىدى. كۈز ۋاقتى سۇ قىس بولۇپ قېلىپ، نامرات دېھقانلارنىڭ بۇغدايلىرى قارا توپا بويىچە قالدى. دېھقانلاردا ئەتىيازلىققا ئەگىز سۈيى بالدۇر كەلسە بۇغدايلىرىمىزغا قۇيارمىز، دېگەن ئۈمىد بار ئىدى. ئەمما ئۇ قىشلىقى قار ياغماي، شىۋىرغانلىق قۇرغاق سوغۇق بولۇپ ئۆتتى. 1917 ـ يىلى ھەتتا 5 ـ ئاي كىرگەندىمۇ سۇ كەلمىدى. 6 ـ ئايلاردا ئارانلا ئازراق سۇ كەلدى. دېھقانلار يېرىم جان بولۇپ قۇرۇپ قالغان بۇغدايلىرىغا نۆۋەت بىلەن سۇ قۇيسا، قوناق تېرىلغۇسىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتەتتى. ئامالسىزلىقتىن بۇغدايغىلا چالا ـ پۇلا سۇ قۇيالىدى. قوناق يەرلىرى ئاقتاما قېلىۋەردى. ئەمما، 7 ـ ئايدا يېڭى بۇغدايغا ئېرىشىدىغان بولدۇق، دەپ تۇرغان پەيتتە، ئاسماندىن قار توزىغاندەك ئاق چېكەتكە (كەسكەك) دېگەن ھاشارات پەيدا بولۇپ، سېرىقتال بولغان بۇغداي باشاقلىرىنى قىرقىپ تاشلىغىلى تۇردى. چېكەتكە ئېتىزدىن ـ ئېتىزغا قاراپ ئۇچسا ئۇدۇلدىكى نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. نەتىجىدە بۇ چېكەتكە ئاپتى كۆپلىگەن ئېتىزلىقتىكى بۇغداينىڭ بېشىنى قىرقىۋەتتى. چېكەتكىنى قورۇپ قۇتقۇزۇپ قالغان بۇغدايدىن چىققان ئازغىنا ھوسۇل ئۇرۇقلۇقمۇ توغرا كەلمەيتتى. يەردىن چىققان بۇغداينى ئۇرۇقلۇققا قويسا يەيدىغانغا قالمايتتى، شۇڭا دەردۇ ـ بالانىڭ ھەممىسى دېھقانغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشىغا ئىمكانىيىتى قالمىدى. نەچچىسى يۇرتىنى تاشلاپ، سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتتى.

## مولۇق باج سىياستى

1917 ـ يىلى دېھقانلار ئېغىر تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچراپ زىيان تارتقان بىر يىل بولدى. دېھقانلار بۇغدىيىمىز ئاپەتكە

ئۆچرىدى، بالىلىرىمىز نېمە يەيدۇ؟ كەنجى تېرىغان قوناقتىن ئۈمىد يوق، دەپ ئوزۇق - تۈلۈك غېمىدا قالغانىدى، ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك، دېگەندەك 8 - ئاينىڭ كىرىشى بىلەنلا، ھەرقايسى ئايماقنىڭ كۆكبېشىلىرى مولۇق باج ئۈقتۇرۇشىنى ئېلىپ چىقىپ دېھقانلارغا قارا - قويۇق تارقاتتى. ئۈقتۇرۇشنى كۆرۈپ دېھقانلارنىڭ بېشى تېخىمۇ قاتتى. يەردىن چىققان بۇغداينى مولۇق باجغا تاپشۇرسا، ئۇرۇقلۇق بىلەن تەمىناتقا زادىلا ئاشمايتتى. شۇندا كۆكبېشىنىڭ پەيتۇلىرى ئۆيمۇ - ئۆي ئاختۇرۇپ يۈرۈپ، بۇغدىيى بارلارنى ھارۋىغا باستۇرۇپ ئېلىپ ماڭدى، بۇغدىيى يوق نامرات دېھقانلارنىڭ چارۋا - ماللىرىنى ھەيدەپ ماڭدى. چارۋىسى يوقلىرىنىڭ كىگىز - پالاز، قازان - قومۇشلىرىنى سېتىشقا زورلىدى. شۇ چاغدا بىزنىڭ ئائىلىدىمۇ پۈتۈن دان يوق ئىدى. دادامنىڭ كىلەر يىلى قوشقا يارايدۇ، دەپ بېقىۋاتقان بىر جۈپ توپىقى بار ئىدى. شۇنى سېتىشقا مەجبۇر بولۇپ، قارا سۇ بويىدىكى غىڭشىق توختاجىمنىڭ ئالدىغا ئاپارغانىدى. «قۇشقاچنى قار ياغقاندا تۇت» دېگەندەك، دادامنىڭ مولۇققا قىستالغىنىنى بىلگەن نائىنساپ ھاجىم ئىككى توپاققا ئارانلا 20 چارەك قوناق بېرىپ تۈگەتتى. دادام مولۇق بەدىلىگە بەش چارەك بۇغداي، 17 چارەك قوناق تاپشۇرۇپ ئاران تۈگىتىپ كەلدى. بىزدىن باشقا دېھقانلاردىن ئاچ - يالىڭاچ قېلىپ، ئۆلۈپ كەتكەنلەرمۇ بار ئىدى.

## مولۇق سېڭىدا كۆرگەنلىرىم

مولۇق — باج ئاشلىقىنى ساقلايدىغان ئىسكىلاتنى مولۇق سېڭى، دەپ ئاتايتتى. مولۇق سېڭى ئامبال يامۇلىنىڭ باج ئىشلار بۆلۈمىگە قارايدىغان بولۇپ، بىر نەپەر ساڭ باشلىقى بىلەن يەنە



بىر نەپەر مۇئاۋىن ساڭ باشلىقى بار ئىدى. ئۇندىن باشقا سەككىز نەپەر ۋېيبىڭ (ئىش بېجىرگۈچى) بىلەن سەككىز نەپەر خوچى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ساڭنىڭ بەگلىرى ھېسابلىناتتى. ساڭ باشلىقىنى ساڭ بېگىم، ئىش بېجىرگۈچىنى سىيى، خوچىلارنى خوچى بېگىم، دەپ ئاتايتتى.

1918 - يىلى 8 - ئايدا، ئايماقنىڭ پەيتۇلىرى دېھقانلارنى مولۇق - باج تاپشۇرۇش ئۈچۈن قارا - قويۇق ھەيدەپ ماڭدى. دادامۇ تەييارلىغان قونىقىنى ئېشەككە ئارتىپ يولغا چىقتى. مەنمۇ دادام بىلەن بىللە باردىم. دادام مېنى تاغار بېقىشقا قويۇپ، ئۆزى ئېشەك باغلىغىلى كەتتى. قارىسام ساڭنىڭ سەيناسىغا 100 پارچىدىن كۆپرەك كىگىز - پالاز سېلىنغان ئىكەن. ئۈچ نەپەر ساڭ بېگى چىقىپ تاغارنى تۆكۈشكە بۇيرۇدى. بىردەمدىلا بۇغداي، قوناق، گۈرۈچ ۋە باشقا ئاشلىقلار تۆكۈلۈپ بولدى. ئەمدى تاسقاڭلار دېدى. غەلۋىر بىلەن تاسقاشقا چۈشۈپ كەتتى. ئاندىن كېيىن سورۇڭلار، دەپ ئەمىر قىلدى. ھەممە ئادەم ئۆز ئاشلىقىنى سورۇپ بولۇپ، ئۇقتۇرۇش قەغىزىنى ئاشلىق ئۈستىدە قويۇپ، ئاشلىق بىلەن باستۇرۇپ قويدى. ساڭ بېگى چىقىپ ھەر دۆۋە ئاشلىقنى كۆرۈپ، يارىغانلىرىغا قىزىل چەنزە قاداپ قويدى. ئارقىدىن ئۈچ نەپەر خوچى كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۈچ ئادەم دو، شىڭ، شازىلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، شازىنى خوچى بېگىگە ئىككى قوللاپ سۇندى. ئۇلار چارەككە ئاشلىقنى چىڭداپ ئۇسۇپ، ئۈستىگە قىرغا سالمايلا تاغارغا قاچىلاۋەردى. توشقان تاغارنى يۈدۈپ ساڭغا ماڭغاندا، ئېتەك ھەققى دەپ ئارقىدا ماراپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە بىر شازىدىن بۇغداي قۇيۇپ بەردى. ئېتەكچىلەر بۇغداينى ئېلىپلا كۆزدىن غايىپ بولۇشتى. مەن ھەيران بولۇپ كۆرگەن ئەھۋالىمنى دادامغا ئېيتسام، دادام جىم بول، بىزگىمۇ بار ھېلى كۆرىسەن، دەپ مېنى جىم قىلدى.

قارىساق دېھقانلارنىڭ مولۇق بېجىدىن ئاشقان بۇغدايلىرىنى غەلۋىر ھەققى دەپ بىر نەچچىگە بۆلۈپ، ئىگىسىگە ئازراقمۇ بۇغداي قايتۇرۇپ بەرمەستىن، ھەممىسىنى بۇلاپ كەتتى. يىراق - يىراق يېزىلاردىن يول ئازابى تارتىپ مولۇق باج تاپشۇرغىلى كەلگەن نامرات دېھقانلار دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئېشەكلىرىنى ھەيدەپ كېتىشتى. دادامنىڭمۇ بىر دو، سەككىز شىڭ (بەش چارەك) بۇغداي بەدىلىگە ئېلىپ كەلگەن 17 چارەك قونىقىدىن ئىككى چارەكتىن كۆپرەك ئاشقانىدى. باشقا دېھقانلارغا ئوخشاشلا بىزگىمۇ بىر جىڭ قوناق بەرمەي بولاپ كەتتى. بىز ئاتا - بالا ئىككىمىز ئاچ قوساق ئۆيگە قايتىشقا مەجبۇر بولدۇق. . . . . . .

## شىرقى يەپ قەھەتچىلىكنى يېڭىش

1917 - يىلى تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن بۇغداي مەھسۇلاتى تۆۋەنلەپ كېتىپ، ئالغان مەھسۇلات مولۇق باج بىلەن ئاياغلىشىپ، ئۇرۇقلۇق بىلەن تەمىناتقا ئاشمىدى. كەنجى تېرىلغان قوناق باش چىقىرىپ، دان تۇتۇپ بولغىچە ئۇششۇك تېگىپ، يەر توڭلاپ قالدى. دېھقانلار جاپا تارتىپ بىر يىل ئەمگەك قىلغان بولسىمۇ، ئۆيدە يەيدىغانغا بەزى ئائىلىدە بىرەر چارەك تېرىق، بەزى ئائىلىدە بىرەر چارەكتىن سۆك بار ئىدى. ئۆيىدە يىگۈدەك بىر نەرسە قالمىغان نامرات دېھقانلار كۆكتات، كاۋا قاينىتىپ يەپ، بىر ئاي جان باقتى. نائىلاج جاڭگالمۇ - جاڭگال ئىزدەپ يۈرۈپ قاغا جىگدىسى تېرىپ كېلىپ باللىرىنى گۈللىدى. جىگدە تېپىلماي ئازغان مۇنچىقى بىلەن جىغاننىڭ ئۇرۇقىنىمۇ تېرىپ يېدى. ئاخىرى بۇنىمۇ تاپالمىغاندىن كېيىن، نامرات دېھقانلار ئاشلىقتىن ئۆلىدىغان ئوخشايمىز، دەپ يىغلاپ قاخشىدى. مۇشۇ ۋاقىتتا دېھقان قوشاقچىلىرى



تۆۋەندىكى غەزەلنى ئىجات قىلغانىدى:

هۆسنى جامالى ھەپىرەڭ خېنىم،
ئاچلىقتىن بولدى زەپىرەڭ خېنىم.
بىر كۈن بولسىمۇ كۈن كۆرۈش ئۈچۈن،
بۇغداي بولمىدى، شىرقى يەڭ خېنىم.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

بۇ غەزەلنى ئاڭلىغان دېھقانلار سۈرۈشتە قىلىپ، شىرىقنى يېيىشكە بولىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ خوش بولۇشۇپ كەتتى. غەزەل خەلق ئىجادىيىتى شەكلىدە ئاڭلانسىمۇ، ئەمما تەشۋىقى خۇش خەۋەر ئىدى. شۇڭا بۇ غەزەل چاقماق تېزلىكىدە تاراپ، ئاقسۇ، ئونسۇ تەۋەسىنىڭ ھەممە يېرىگە يېتىپ باردى. كۆپ ساندىكى دېھقانلار شىرىقى دېگەن گىياھنىڭ قۇلىقىنى يەمدۇ ياكى پوستىنى يەمدۇ بىلمەيتتى. 80 - 90 ياشلىق دېھقانلاردىن سوراپ، شىرىقى قۇملۇقتا ئۈنىدىغانلىقىنى، دان بولغان بولسا تۈگمەندە تارتىپ يېگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ، ئونسۇ تەۋەسىدىكى ئاشلىقى يوق نامرات دېھقانلار ۋە شەھەر كەمبەغەللىرى ئەر - ئايال ئېشەك تاغارلىرىنى ئېلىپ چىقىپ، قوۋچى بۇزۇرگاھىدىن تارتىپ خادا ئېرىقلارنى بويلاپ تارىم ۋادىسىغا قاراپ ئاتلاندى. ھەر يەر، ھەر يەردىن شىرىقى ئىزدەپ كەلگەن دېھقانلار قۇملۇقتا چېپىپ يۈرۈپ، ھەممە ئادەم ئۆز ئالدىغا كۆپرەك شىرىقى يىغىۋېلىشقا ئالدىرايتتى. شۇ قاتارىدا داداممۇ ئاشلىقى يوق كەمبەغەل دېھقاننىڭ بىرسى بولۇپ، ئاكام بىلەن بىر ئاي قۇملۇقتا يۈرۈپ، 35 چارەك شىرىقى يىغىپ كەلدى. ئانام شىرقنى يەپ كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، بىر چارەك شىرقىنى تۈگمەنگە ئاپىرىپ ئۈن تارتىپ كەلدى. بىر قازان ئۇماچ چېلىش ئۈچۈن، ئىككى - ئۈچ سائەت

ئوت قالغان بولسىمۇ، قازاننىڭ چۆرىسى قايناپ، ئوتتۇرىسى زادى قاينىمىدى. بىز ئۈچ بالا قازاننىڭ چۆرىسىگە چىقىپ ئۇماچ ئۇسۇپ بېرىڭ، دەپ ئانامنى ئالدىراتتۇق. قارىساق قازاننىڭ ئوتتۇرىسىغا يىغىلىۋېلىپ قايناتمىغان نەرسە شىرىقى يېغى ئىكەن. شۇنداق قىلىپ شىرقىنىڭ ئۇمىچىنى ئىچىپ، نېنىنى يېدۇق. تەمى قىرتاق ھەم سەل - پەل قاڭسىق تېتىسىمۇ، لېكىن باشنى قايدۇرۇپ، قوساقنى ئاغرىتىدىغان زىيانلىق ئەھۋال كۆرۈلمىدى. شۇنىڭ بىلەن 80% نامرات دېھانلار شىرىقى يەپ يىلغا ئۇلاشتۇق.

## قەپەسكە سولاپ ئۆلتۈرۈش

ئۇرۇشتىن قېچىپ كەلگەن سوۋېت پۇقرالىرى، 1917 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي كەلگىلى تۇردى. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى دېھقان، چارۋىچى خەلقلەر بولسىمۇ، بىر قىسمى يەر ئىگىلىرى، يەنە بىر قىسمى قانۇنسىز سودىگەرلەر ۋە ئاشلىق بېسىمدارلىرى ئىدى. بۇلار ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنسۇلۇق غوجەك بېدىك، ئابدۇلكېرىم مەخسۇم، مامۇت ھاجى، يۇسۇپ قوقان ۋە ئاقسۇلۇق سۇپى ھاجى، مەتنۇر ھاجى، ئەنۋەر ئىشان دېگەنلەر بىلەن تېپىشتى. بۇلار دائىم قاراقولغا بېرىپ - كېلىپ تۇراتتى. سوۋېت تەرەپتىن كەلگەن بايۋەچچى سودىگەرلەر ئېلىپ كەلگەن ئالتۇن - كۆمۈش ۋە تىللالىرىنى، تەڭ شېرىك كېلىشىم بىلەن ئاشلىق، ئات - كالا ۋە قوتاز سېتىۋېلىشقا ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى. يەرلىك سودىگەرلەر ئاقسۇ بىلەن ئۇنسۇ ئارىلىقىدا قاتىراپ يۈرۈپ، قوللىرىدىكى ئالتۇن - كۆمۈشلەرگە نۇرغۇن ئاشلىق ۋە چارۋا - مال توپلىدى. 1919 - يىلىنىڭ باشلىرىدا سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، سوۋېت پۇقرالىرى



قايتىپ ماڭدى. بۇنى كۆرگەن غوجەك بىدىك، «ھازىر قارا قولغا سەپەر قىلىشنىڭ پۇرسىتى كەلدى»، دەپ ئۆزى بىلەن ھەمنەپەس سودىگەرلەر بىلەن بىرلىشىپ يايلاقتا بېقىۋاتقان ئات - كالىلاردىن 30 - 40 تۇياق ئەكەلدۇرۇپ، ئۇن - گۈرۈچ ئارتىپ شىرىكلىرىنى مۇساپىرلارغا قوشۇپ، قاراقولغا ماڭدۇرۇۋەردى. بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن ئاشلىق يۆتكىدى. 10 - قېتىمدا ئۇ شىرىكلىرىنى قايتۇرۇۋېتىپ ئۆزى قالدى ۋە يۇسۇپ قوقاننىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن قوقانغا بېرىپ بىر يىل تۇردى. ئۇلار بىزنىڭ ئىشىمىزنى بىر كىم ئۇقمىدى، ئەمدى يۇرتقا بارساق سۈرۈشتە قىلمايدۇ، دېيىشىپ، 1919 - يىلى تاشقورغان بىلەن قەشقەرغە قايتىپ كەلدى.

بۇ يىلى ئاقسۇ رايونىدا ئاشلىق باھاسى كۈنسايىن ئۆرلەپ، بازارغا ئاشلىق كىرمەس بولدى. پۇل كۆتۈرۈپ چىققان بىلەن بىرەر نان ياكى بىر جىڭ ئاش تېپىلمايتتى. نامرات دېھقانلار بىلەن شەھەر كەمبەغەللىرىنىڭ كۈنى تەس بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئاچلىقتىن ئۆلۈم گىرداۋىغا بېرىپ قالغان 100 دىن كۆپ ئادەم توپلىشىپ ئامبال يامۇلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ھۆكۈمەتتىن ئاشلىق سېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى شۈلويىڭ جو دوتەينىڭ ئالدىغا كىرىپ ئەھۋالنى دوكلات قىلىدۇ. جو دوتەي ھەربىر ئادەمگە تۆت جىڭدىن ئۇن سېتىپ بېرىشنى بۇيرۇيدۇ. دادام بىلەن ئانامۇ ھەر كۈنى كېلىپ سەككىز جىڭ ئۇن ئېلىپ چىققاتتى. بۇنىڭ سەۋەبىنى تېپىش ئۈچۈن جو دوتەي ھەرقايسى ناھىيىلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ سۈرۈشتۈرگەندە، ئاشلىق ۋەقەسى ئەڭ ئېغىر بولغان جاي ئاقسۇ بىلەن ئۇنسۇ ناھىيىسى بولۇپ، غوجەك بېدىك باشچىلىقىدىكى سودىگەرلەر ئات - كالا ۋە قوتازلارغا ئۇن - گۈرۈچ ئارتىپ قارا قولغا قاچقانلىقى ئاشكارا بولىدۇ. نەتىجىدە جو دوتەينىڭ پەرمانىغا ئاساسەن غوجەك بېدىكنى تۇتۇش

ئۈچۈن، قوراللىق ئون ئادەمنى غۇلجا يولى مۇز داۋاننى توسۇشقا ئەۋەتىدۇ. ئون ئادەمنى ئۈچتۇرپانغا ئەۋەتىدۇ. يەنە ئون ئادەمنى قەشقەرگە ئەۋەتىدۇ. قەشقەرگە بارغانلار جو دوتەيىنىڭ سالىمىنى ماتتەيگە يەتكۈزگەندىن كېيىن، ماتتەيىنىڭ چېرىكلىرى بىلەن قەشقەر كوناشەھەر ۋە يېڭى شەھەرلەردە بىر ئاي يۈرۈپ، ئاخىرى غوجەك بىدىك باشچىلىقىدىكى يەتتە نەپەر سودىگەرنى تۇتۇپ قولغا ئېلىپ، قولىغا كويزا، پۇتىغا ئىشكال سېلىپ ئاقسۇغا ئېلىپ كېلىدۇ.

غوجەك بىدىكنى ئالدىن تەييارلاپ قويغان تۆمۈر قەپەسكە سولاپ، ئىشىكلىرىنى مەھكەم ئېتىپ، بەش نەپەر قوراللىق چېرىكنىڭ يالاپ مېڭىشى بىلەن ئاقسۇغا ئېلىپ كېلىدۇ. غوجەك بىدىكنى قەپەس بىلەن ئونسۇ ئامبال يامۇلىنىڭ ئالدىغا ئېسىپ قويۇپ، بىر يىل باقىدۇ. ئۇنىڭ كۈندىلىك تەمىناتى ئۈچۈن ئىككى سەر قوناق نېنى بىلەن بىر جام سوغاقسۇ بېرىدۇ. ئائىلىسىدىن ئاش ـ تاماق بېرىشكە رۇخسەت قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن غوجەك بىدىك قورسىقىنىڭ ئېچىشىغا چىدىماي ئۆز بەدىنىنىڭ ئاغزى يەتكەن جايىنى چىشلەپ يەپ، ئالتە ئايدىن كېيىن ماغدۇرسىزلىنىپ قەپەس ئىچىدە ئۆلىدۇ.

## خەلقپەرۋەر ئامبال

1919 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، شۇلويىڭنىڭ ئورنىغا يۈەن شۆتوڭ ئامبال بولۇپ كەلدى. بۇ كىشىنىڭ بويى ئېگىز ھەم گەۋدىلىك بولۇپ، يول ماڭسا ھاسىسىغا تايىنىپ ماڭاتتى. يېڭى ئامبال ئىش تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ھەر كۈنى بازارغا چىقىپ كوچا ئايلىنىپ، پۇقرانىڭ تۇرمۇشىنى كۆزدىن كەچۈرەتتى. ئاقسۇ رايونىدا ئۇدا ئىككى يىل قەھەتچىلىك يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، قورساق ئاغرىقى كېسىلى كۆپ ئىدى. ئامبال ئالدىغا



ئۇچرىغان كېسەلنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بەزىلىرىگە ئۆزى دورا بېرەتتى، بەزىلىرىگە دورا قەغىزى يېزىپ بېرەتتى. كېسەلدىن پۇل تەلەپ قىلمايتتى. ئامبالنىڭ تېۋىپ ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان پۇقرالار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ كېلىپ، داۋالىنىدىغان بولدى.

مەسىلەن: ئىگەرچىنىڭ سايلەڭگەر كەنتىدىن ساۋۇت ئاخۇن قورساق ئاغرىقىغا دۇچار بولغىلى ئىككى يىل بولغان. بۇ كىشى يۈەن شۆتاڭنىڭ ئالدىغا كەلگەندە تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ، ئۈچەيدە جاراھەت بار ئىكەن، دەپ تۇخۇم بىلەن شېكەرگە دورا ئارىلاشتۇرۇپ قايىنىتىپ بىر كورا ھالۋا قىلىپ بېرىدۇ. سادىق ئاخۇن بۇ ھالۋىنى يەپ ساقىيىپ كېتىدۇ.

يەنە مەسىلەن: ئاقسۇدىكى مەمەت ئاشپەزنىڭ ئۇچىقىغا ئوت قالايدىغان جۇمەك تازىنىڭ بېشىدىن قان يېرىڭ ئېقىپ تۇراتتى. ئامبال جۇمەكنىڭ بېشىغا ئاپئاق سۇيۇق دورا سۇۋاپ، ھەر ئۈچ كۈندە بىر كېلىڭ دەيدۇ، شۇنداق قىلىپ 30 كۈندە ساقىيىپ بېشىغا چاچ چىقىدۇ. دېمەك يۈەن ئامبالنىڭ قولىدا داۋالىنىپ ساقايغان قورساق ئاغرىقى ۋە باشقا كېسەللەر ئاز ئەمەس ئىدى.

ئىككى يىللىق قەھەتچىلىكتە باققۇچىسى يوق قېرىلار، تۇل خوتۇن ـ يېتىم بالىلاردىن ئائىلىنىڭ يوقلۇقىدىن تىلەمچى بولۇپ قالغانلار كۆپ ئىدى. يۈەن شۆتاڭ ئالدىغا ئۇچرىغان تىلەمچىنىڭ ئىسمىنى يېزىۋېلىپ، قولىغا خەت قىلىپ بېرىدۇ ھەم خەتنى كۆتۈرۈپ شەن يامۇلنىڭ خەلق ئىشلار بۆلۈمىگە بېرىڭ دەپ جېكىلەيدۇ. بۆلۈمگە بارغاندىن كېيىن، بۆلۈم باشلىقى ئامبالنىڭ ئىمزاسى چۈشكەن خەتنى كۆرۈپ، سېرىق سىر بىلەن خەت يېزىلغان بىر دانە قىزىل تاختا بېرىدۇ. ئۇنى كۆتۈرۈپ مولۇق ساڭغا بارسا ھەر ئايدا ئۈچ چارەك بۇغداي بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ يۈەن شۆتوڭ بىر يىلدا تىلەمچى قويماي ئۆز قولى بىلەن تىزىملاپ چىقىدۇ. تىلەمچىلەرنىڭ سانىغا قاراپ، ئاقسۇ قەلەندەرخانىسىنى ياسىتىدۇ. ھەربىر تىلەمچىگە بىر

ئېغىزلىقتىن ئۆي بېرىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. مەن چوڭ بولۇپ بىر نەرسىنى بىلسەم، ئانامنىڭ دادىسى توختىنياز سوپۇم دېگەن بوۋام قەلەندەرخانىدا ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، ھەر ئايدا قىزىل تاختىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ مولۇق سېغىدىن ئۈچ چارەك بۇغداي ئېلىپ چىقاتتى. مەن بۇغداينىڭ نەرقىنى سورىسام، بوۋام يۇەن شۇتوڭ ئامبالنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئاقسۇ قەلەندەرخانىغا جەم بولغان تىلەمچىلەر 500 ئۆيلۈككە يەتكەن ئىكەن. بۇ قەلەندەرخانىغا بارات ئىسىملىك بىر مويسىپىت ئادەمنى باشلىق قىلغان بولۇپ، تىلەمچىلەر ئۇ كىشىنى بارات بوۋام دەپ ھۆرمەت قىلىشىدىكەن. يۇەن شۇتوڭ ئامبال ياساتقان قەلەندەرخانا دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بىر نەچچە ئامبال ۋە ھۆكۈمەتنى بېشىدىن كەچۈردى. شۇنداقلا بۇ جايدىكى تىلەمچىلەرمۇ ئېغىر خار - زارلىقلارنى بېشىدىن كەچۈردى. ئاخىرى كۈتكەن ئازادلىققا ئېرىشىپ، ھازىر بەخت ساناتورىيىسىگە ئۆزگەردى.

(ئاپتورى: ئاقسۇ شەھەرلىك كۈتۈپخانىدىن)



## ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ ھەر- قايسى جايلىرىدا نەشر قىلىنغان گېزىت - ژۇرناللار توغرىسىدا ئەسلىمىلەر

شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرىدە ئازادلىقتىن (1949- يىل 9 - ئايدىن) ئىلگىرىمۇ تۈرلۈك گېزىت - ژۇرناللار نەشر قىلىنغان. بۇ گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ھەجىملىرى ۋە نەشر قىلىنىش شارائىتلىرىمۇ ھەر خىل بولغان، بۇ گېزىت - ژۇرناللارنىڭ تەپسىلىي ئەھۋاللىرىنى تۆۋەندە ۋىلايەتلەر بويىچە بايان قىلىمىز.

### تارباغاتاي ۋىلايىتىدە

تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى چۆچەكتە 1930 - يىلىدىن باشلاپ «بىزنىڭ تاۋۇش» ناملىق گېزىت نەشر قىلىنغان. بۇ گېزىتنى مەرىپەتپەرۋەر نىياز ساقى نەشر قىلغان. بۇ گېزىت دەسلەپ ئىككى بەتلىك، كېيىن تۆت كەسلەم تۆت بەتلىك قىلىپ نەشر قىلىنغان. ئۇ چاغلاردا چۆچەكتە مەخسۇس باسمىخانا بولمىغاچقا، 1910 - يىلى مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىنى بېسىش ئۈچۈن قۇرۇلغان تاش مەتبەئەدە بېسىلغان. تارباغاتاي كۆپ مىللەتلىك رايون بولغاچقا، بۇ

گېزىت تارباغاتاي ۋىلايىتىدە (جۇملىدىن چۆچەكتە) ياشاۋاتقان ھەممە مۇسۇلمان مىللەتلەر ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان ئورتاق تىلدا چىقىرىلغان. 1937 ـ يىلى نىياز ساقىنى جاللات شىڭ شىسەي تۈرمىگە ئېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

1937 ـ يىلدىن كېيىن، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ چۆچەك بېتى نەشر قىلىنىدى. بۇمۇ چوڭ بەتلىك ئىدى. بۇ گېزىت ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا نەشر قىلىناتتى. ئۇيغۇرچىسىغا يۈزەيلى مەخسۇم باشلىق، سەيپىدىن ئەزىزى مەسئۇل مۇھەررىر ئىدى؛ خەنزۇچىسىغا تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خېي يۈجۈن قوشۇمچە باشلىق ئىدى (شۇ چاغدا مەرھۇم يى باۋدې يەنى مەھمۇتجان ئىلھامجانوف ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىدى). شىڭ شىسەي خېي يۈجۈننى قولغا ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ياڭ خېلىگنى باشلىق قىلىپ ئەۋەتكەن. ئۇيغۇرچە گېزىتنىڭ كۆپىنچە خەۋەر ـ ماقالىلىرى خەنزۇچە گېزىتتىن تەرجىمە قىلىنىدىغان بولغاچقا، بۇ گېزىتكە ئابدۇللا زاكىروف، كەيىيىڭ، ئارىپ بۇرناشوفلار تەرجىمانلىق قىلاتتى. كېيىن «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ موڭغۇلچە بېتىمۇ نەشر قىلىندى، بۇنىڭغا داشىشاپ مەسئۇل بولدى. ئەمما بۇ گېزىت كۈندە ئەمەس، ھەپتىدە بىر سان نەشر قىلىندى، شاپىگرافتا بېسىلدى. چۆچەكتە 1937 ـ يىللاردىن كېيىن «يېڭى شىنجاڭ» ناملىق ژۇرنالمۇ نەشر قىلىندى. بۇ ژۇرنال مۇددەتسىز بولۇپ، ھەجىمى خېلى قېلىن ئىدى، 1944 ـ يىلى نەشردىن توختاپ قالدى.

1945 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، چۆچەكتە «خەلق ئاۋازى» ناملىق گېزىت



نەشر قىلىندى. بۇ گېزىتمۇ تۆت كەسلەم تۆت بەتلىك (چوڭ تۆت بەتلىك) قىلىپ چىقىرىلدى. بۇ گېزىت تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى بولۇپ، ئاساسەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلاتتى. بۇ گېزىتكە ئابدۇقادىر زۇنۇن مەسئۇل قىلىندى. ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ چۆچەك شۆبىسى «ئىنقىلابچىل ياشلار» ناملىق سەككىز كەسلەم تۆت بەتلىك (كىچىك تۆت بەتلىك) گېزىت نەشر قىلدى. بۇ گېزىتكە شۇ شۆبە تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى ئابلىمىت ھاجىيوف مەسئۇل بولدى (ئابلىمىت ھاجىيوپ شۇ چاغدا تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى، قوشۇمچە تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىدى). چۆچەكتە رۇس ياشلىرى كۆپ بولغاچقا، بۇ گېزىتنىڭ بىر بېتى رۇس يېزىقىدا چىقىرىلاتتى.

ئۈچ ۋىلايەتتە «خىپ» (خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى) قۇرۇلغاندىن كېيىن، «خەلق ئاۋازى» گېزىتى «يېڭى شىنجاڭ» ژۇرنىلىغا ئۆزگەرتىلدى. 16 فورمات چوڭلۇقتىكى بۇ ژۇرنال چۆچەكتە نەشر قىلىنىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە پۈتۈن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ جۈملىدىن «خىپ» نىڭ سىياسەت ـ فاڭجېنلىرىنى تەشۋىق قىلاتتى. بۇ ژۇرنال 1947 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە نەشر قىلىندى. 1948 ـ يىلى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، «يېڭى شىنجاڭ» ژۇرنىلى نەشردىن توختىتىلىپ، «خەلقچى» گېزىتى نەشر قىلىندى. بۇ گېزىتكە يەنىلا ئابدۇقادىر زۇنۇن مەسئۇل بولدى. تۆت كەسلەم تۆت بەتلىك بۇ گېزىتنىڭ بىر بېتى مەخسۇس چارۋىچىلىق بېتى بولۇپ نەشر قىلىناتتى، قالغان ئۈچ بېتىگە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ جۈملىدىن چۆچەكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش

ئەھۋالى، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە سىياسىي ئەھۋاللار توغرىسىدىكى خەۋەر - ماقالىلەر بېسىلاتتى. بۇ گېزىتمۇ ئورتا تىلدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتى. «ئىتتىپاق» قۇرۇلغاندىن كېيىن، «خىتپ» شۇنىڭغا بىرلەشتۇرۇۋېتىلدى.

«ئىتتىپاق» نىڭ مەركىزىي كومىتېتى 1950 - يىلى ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، مەزكۇر گېزىت نەشردىن توختىتىلدى.

سۆزلەپ بەرگۈچى: ئابلىمىت ھاجىيوف

## ئىلى ۋىلايىتىدە

تارىخىي ماتېرىياللاردا بايان قىلىنىشچە، 1910 - يىلى ئىلىنىڭ كۈرە دېگەن يېرىدە «ئىلى بەيخۇا گېزىتى» ناملىق سەككىز كەسلەملىك تۆت بەت چوڭلۇقتا گېزىت نەشر قىلىنغان. بۇ، شىنجاڭ بويىچە تۇنجى گېزىت بولۇشى مۇمكىن. بۇ گېزىتنى شۇ چاغدىكى «تۇڭمېڭخۇي»* ئەزالىرىدىن فېڭ تېمىن باشلىق بىرقانچە كىشى تەسىس قىلغان ۋە شۇلارنىڭ ئۆزى مۇھەررىرلىك قىلىپ چىقارغان. ئۇلار شۇ زاماننىڭ ئىنقىلابىي ئىدىيىدىكى كىشىلىرىدىن بولغاچقا، خەلق ئاممىسىغا دېموكراتىك ئىنقىلاب ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈش، ئاۋام خەلقتە مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلمىغا قارشى پىكىر پەيدا قىلىش ئۈچۈن، بۇ گېزىتنى خەنزۇ يېزىقىدا نەشر قىلغاندىن باشقا،

---

* «تۇڭمېڭخۇي» — «ئىتتىپاقچىلار جەمئىيىتى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، تولۇق ئىسمى «جۇڭگو ئىنقىلابى ئىتتىپاقچىلىرى جەمئىيىتى»؛ 1905 - يىلى توكيودا سۇن جۇڭشەن ئەپەندى باشلىق جۇڭگو بۇرژۇئا ئىنقىلابچىلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان (ماتېرىيالدىن).



ئۇيغۇر، مانجۇ، موڭغۇل يېزىقلىرىدىمۇ نەشر قىلغان؛ خەنزۇ تىلىدىكىسى مىڭ مەتبەئەدە، ئۇيغۇر، مانجۇ، موڭغۇل يېزىقتىكىلىرى شاپىگرافتا بېسىلغان.

«ئىلى بەيخۇا گېزىتى» شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىتىلغاندىن باشقا، كۈرە ۋە غۇلجا كوچىلىرىغىمۇ چاپلانغان، ھەتتا بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگىمۇ ئەۋەتىلگەن. 1911 - يىلغا كەلگەندە، مۇستەبىت ئىلى جياڭجۈنى جىرزۈي خەلقنىڭ ئويغىنىشىنى چەكلەش، جامائەت پىكرىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، بۇ گېزىتنى توختىتىۋەتكەن (ماتېرىيالدىن).

1934 - يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى غۇلجا شەھىرىدە «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» ناملىق گېزىت تەسىس قىلىنغان. ھەجمى تۆت كەسلەملىك تۆت بەت چوڭلۇقىدا ئىدى. بۇ گېزىتنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىزىل ئارمىيىسىدىن ئەۋەتىلگەن «تارباغاتايىسكى» ناملىق ھەربىي قىسىم تەسىس قىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر ۋە قازاق تىللىرىدا نەشر قىلىناتتى. بۇ گېزىتنى باسىدىغان مىخ مەتبەئە، گېزىتنىڭ باشلىق ۋە مۇھەررىرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋەتىلگەن. مەسئۇل مۇھەررىرلىرى خەبىب يۇنۇچى، ئەنۋەر ناسىرى قاتارلىقلار ئىدى. 1936 - يىلغا كەلگەندە بۇ گېزىتنىڭ قازاق تىلىدىكىسى توختاپ قېلىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكىسى داۋاملىق نەشر قىلىندى. 1939 - يىلغا كەلگەندە قازاق تىلىدىكىسى ئەسلىگە كېلىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكىسى بىلەن بىللە، 1944 - يىلغىچە نەشر قىلىندى.

1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىن، «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» ناملىق گېزىت نەشر قىلىندى. بۇمۇ تۆت

كەسلەملىك تۆت بەت چوڭلۇقىدا ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇكېرىم ئاbbasوف ئېلان قىلغان بەلگىلىمە بويىچە، بۇ گېزىت ئۇيغۇرچە، قازاقچە، خەنزۇچە، رۇسچە، موڭغۇلچە، شىبەچە ئالتە خىل تىلدا نەشر قىلىندى؛ خەبىب يۇنۇچى گېزىتخانا باشلىقى، ئەلى ئەپەندى باش سىنزور (باش تەپتىش) قىلىپ تەيىنلەندى (ئەلى ئەپەندىنىڭ ئەسلى خىزمەت ئورنى ج خ ئىدارىسىدە ئىدى)؛ ئۇيغۇرچە گېزىتكە بوساقوف، قازاقچە گېزىتكە بۇقارا تىشقانبايېف، خەنزۇچە گېزىتكە بىر خەنزۇ كىشى، رۇسچە گېزىتكە بىر رۇس ئايال، موڭغۇلچە گېزىتكە داشاپ، شىبەچە گېزىتكە دېلىن مەسئۇل قىلىندى. ئۇيغۇرچە گېزىتنىڭ مۇھەررىرلىرى: بوساقوف، م. نورۇز، خەمىت توختى، ئەسئەت ئىسھاقوف، زۇنۇن قادىر، تۇرەخمەت، ئابدۇرشىت ئىمىنلەر ئىدى (قالغان گېزىتلەرنىڭ مۇھەررىرلىرى ئېسىمدە قالماپتۇ)؛ كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى مۇھەررىر بولۇپ كەلدى. خەبىب يۇنۇچى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، گېزىتخانىغا ئەسئەت ئىسھاقوف باشلىق بولدى، بىتىم مەزگىلىدە ئۇيغۇر سايرانى باشلىق بولدى. ئەلقەم ئەختەم ئۇيغۇرچە گېزىتنىڭ كاپىتان دەرىجىلىك ھەربىي مۇخبىرى ئىدى.

1947 ـ يىلى گېزىتنىڭ نامى «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» غا ئۆزگەرتىلدى، باشلىقى ئەلقەم ئەختەم بولدى. 1948 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت بويىچە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلۇپ، «ئىتتىپاق» نامىدىن «ئالغا» گېزىتى ۋە «ئىتتىپاق» ناملىق ژۇرنال نەشر قىلىندى. 1950 ـ يىلىغا كەلگەندە، «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى نەشردىن توختىتىلىپ، ئىلى



ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ نەشر ئەفكارى سۇپىتىدە «يېڭى يول» ناملىق گېزىت نەشر قىلىندى. بۇ گېزىتكە دەسلەپ ياسىن خۇدابەردى، كېيىن ئەلقەم ئەختەم باشلىق بولدى (ياسىن خۇدابەردى غۇلجا شەھىرىنىڭ باشلىقى بولۇپ يۆتكىلىپ كەتكەن). بۇ گېزىت 1951 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە نەشر قىلىنىپ، 7 ـ ئايدىن كېيىن «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» بولۇپ نەشر قىلىندى (ھازىرقى «شىنجاڭ گېزىتى» چوڭلۇقىدا). «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» ئۈچ ۋىلايەت بويىچە كومپارتىيىنىڭ ئورگان گېزىتى ھېسابلىناتتى، بۇ گېزىتكە رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى يۈڭخې باشلىق، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەلقەم ئەختەم مۇئاۋىن باشلىق بولدى. باش مۇھەررىرى دەسلەپ بوساقوف، كېيىن مەنان قەييۇم بولدى. مۇھەررىرلىرى مەھەممەت سىدىق نورۇز، ئابلەي روزى، ئابلىز نازىر، خەمىت توختى، مۇختەر قاللار ئىدى.

1952 ـ يىلى «ئالغا» گېزىتى بىلەن «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈپ كېلىنگەندىن كېيىن، بۇنىڭغا ئابلىز شەرىپى باشلىق بولدى؛ ئابلىز شەرىپى رادىئو ئىستانسىسىغا يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەلقەم ئەختەم باشلىق بولدى؛ ئەلقەم ئەختەم غۇلجىغا يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن، سەيپىدىن ئەزىزى باشلىقلىقنى قوشۇمچە ئۆتىدى. بۇ گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ باش مۇھەررىرى ئىبراھىم تۇردى، مۇھەررىرلىرى مىجىت ئەپەندى، ئىسمايىل، تۇرسۇن ۋاھىدى، بوساقوف، زۇنۇن قادىر قاتارلىق كىشىلەر ئىدى.

1953 ـ يىلى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن، بۇ گېزىت ـ ژۇرنالمۇ ئەمەلدىن قالدى.

سۆزلەپ بەرگۈچى: ئەلقەم ئەختەم

## ئالتاي ۋىلايىتىدە

ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى ئالتاي شەھىرىدە 1935 ـ يىلىدىن باشلاپ «ئالتاي» ناملىق گېزىت نەشر قىلىنغان. بۇ گېزىت سەككىز كەسلەم تۆت بەتلىك بولۇپ، مىخ مەتبەئەدە بېسىلاتتى. شەرىپقان ئالتايدا ۋالىي بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدا، بۇ مىخ مەتبەئە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زەيسەن دېگەن يېرىدىن سېتىۋېلىنغان (ئۇلار لاتىن يېزىقىغا كۆچكەندىن كېيىن، ئەرەب يېزىقىدىكى بۇ مەتبەئە بىكار بولۇپ قالغان). گېزىتخانىنىڭ باشلىقى ۋە باش مۇھەررىرلىرى ئالتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى مۇقاش جەكە بىلەن جۇ چۇڭخۇي، مۇھەررىرلىرى ئەسقەر تاتانايېۋ، غالىم قاتارلىقلار ئىدى. دەرسلىك ۋە باشقا كىتابلارمۇ مۇشۇ مەتبەدە بېسىلاتتى.

1945 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا ئالتاي ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، گېزىتنىڭ ئىسمى «ئېرىكتى ئالتاي» («ئەركىن ئالتاي») غا ئۆزگەرتىلدى. بۇ گېزىت 1949 ـ يىلغىچە نەشر قىلىنىپ، 1949 ـ يىلدىن كېيىن (پۈتۈن شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن) ھازىرقى «ئالتاي گېزىتى» نەشر قىلىندى.

ئالتايدا 1936 ـ يىلدىن 1939 ـ يىلغىچە يەنە «جاڭى ئالتاي» («يېڭى ئالتاي») ناملىق ژۇرنال نەشر قىلىندى. بۇ ژۇرنالنىڭ مەسئۇللىرى شەرىپقان، مۇقاش جەكە ۋە باشقىلار ئىدى. 1938 ـ يىللىرى مۇشۇ ژۇرنالنىڭ بىرقانچە سانىغا ماۋزېدۇڭنىڭ «تىرە شۇۋۇسوقۇسى» («ئۇزاققا سوزۇلىدىغان



ئۇرۇش») ناملىق ئەسىرىنىڭ بىر قىسمى تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلغان.

سۆزلەپ بەرگۈچى: نىغمەت مىڭجانى

## ئۈرۈمچى ۋىلايىتىدە

ئۈرۈمچى ئازادلىقتىن ئىلگىرىمۇ شىنجاڭنىڭ مەركىزى بولۇش بىلەن، سانجى، جىمسار، فۇكاڭ، مىچۈەن، توقسۇن، تۇرپان، پىچان قاتارلىق ناھىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋىلايەت ھېسابلىناتتى؛ ۋىلايەتنىڭ مەركىزىمۇ ئۈرۈمچى ئىدى. دېمەك، ئۈرۈمچى شەھىرى ئۆلكىنىڭ ھەم ۋىلايەتنىڭ مەركىزى تۇرۇشلۇق مۇھىم شەھەر ئىدى.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق تىللىرىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» دىن باشقا، «ئەرك»، «يالقۇن»، «يۇرت»، «ئويغان»، «ھەقىقەت» ناملىق گېزىتلەر نەشر قىلىنغان. «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئەرك»، «يالقۇن»، «يۇرت» گېزىتلىرى توغرىسىدا مۇشۇ مەجمۇئەنىڭ 23 ـ ۋە 26 ـ سانلىرىدا بىر قەدەر تەپسىلىي ئەسلىمىلەر بېسىلدى. ئەمدى تۆۋەندە «ئويغان»، «ھەقىقەت» گېزىتلىرى توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەرنى بايان قىلىمىز.

«ئويغان» گېزىتى 1946 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن (11 ماددىلىق «تىنچلىق بىتىمى» تۈزۈلگەندىن كېيىن) 1947 ـ يىل ئەتىيازغىچە («تىنچلىق بىتىمى» بۇزۇلغانغا قەدەر) ئۈرۈمچىدىكى ئىنقىلابىي زىيالىيلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. ھەجمى سەككىز كەسلەملىك تۆت بەت چوڭلۇقتا ئىدى، مىخ مەتبەئەدە بېسىلاتتى. بۇ گېزىتنىڭ باشلىقلىرى ئابلەت

مەخسۇم، پولات ئالىمى؛ مۇھەررىرلىرى يۇسۇپ سەئىدى، شۇكۇر يالقىن، تۇرسۇن بۇرھانىلەر ئىدى. بۇ گېزىت «11 بىتىم» نى ۋە شۇ ۋاقىتتىكى بىرلەشمە خەلقچىل ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، خەلقنى ئويغىتىشنى مەقسەت قىلاتتى.

«ئويغان» گېزىتىنىڭ تۇنجى سانىغا شۇكۇر يالقىننىڭ «ئويغانما» ناملىق شېئىرى بېسىلغان. بۇ شېئىر خەلقنىڭ ئويغىنىشىدىن قورقىدىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋە ئۇلار يۆلەپ تۇرغان فېئودال كۈچلەرنىڭ خەلق ئاممىسىنى زۇلۇم ئاستىدا، زۇلمەت ۋە غەپلەتتە تۇتۇپ كەلگەنلىكىگە تەنە قىلىپ يېزىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا «ئويغانما» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان.

شېئىرنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

**ئويغانما**

(«ئويغان» گېزىتىنىڭ بىرىنچى سانىغا بېغىشلايمەن)

ئەزىز خەلقىم كۆتۈرمە باش، ھامان ئويغانما — ئۇخلاۋەر،
بېشىڭ يارسۇن ئېتىلغان تاش، ھامان ئويغانما —
ساڭا بولسۇن جاھالەت ئاش، ھامان ئويغانما — ، ئۇخلاۋەر،
غەرەز ئۇقماس بولۇپ بەڭباش، ھامان ئويغانما — ئۇخلاۋەر،
ئۆمۈر كۆرسەڭمۇ گەر يۈز ياش، ھامان ئويغانما — ئۇخلاۋەر.

جاھان سىمدىن چىراغ ياقسا، ئۇيالما سەن زىغىر ياغ ياق،
جاھان كۆكتە ئۇچۇپ يۈرسە، ئېشەك ھەيدە يالىڭاياغ،
كىمىنكى ئالدىسا ئالدان، ئىشەن كۆمۈر دېسە ئاپئاق،



يېسە ھالۋانى ھاكىملار، يېگىن سەنلا تاياق ـ توقماق،
كۈنۈڭ ئۆتسۇن شۇڭا ئوخشاش، ھامان ئويغانما — ئۇخلاۋەر.

ئىلىم ـ پەن، مەرىپەتتىن قاچ، بالادىن قاچقىنىڭدەك قاچ،
ئىشىكنى چىڭ ياپ ئىرپانغا، ئىشانغا دەرۋازاڭنى ئاچ،
مائارىپتىن بۇلاپ تاپقانني ۋەخپە قىل، مازارغا چاچ،
غوجام بول، تۆرە بول ئەرلەر، ئايال بولساڭ بۇۋۇم ـ قۇشناچ،
جىمى پەسلىككە سەن ماسلاش، ھامان ئويغانما — ئۇخلاۋەر.

بولۇپ تۇرساڭمۇ بىر مىللەت ۋە بىرلام تەڭرىگە بەندە،
قېرىنداشلار سوقۇم ـ مۇشتلاش، ئىناقلىق بولمىسۇن سەندە،
بولۇپ ئۆت ـ يەم رەقىبلەرگە ۋە يا قىغ ئورنى دەپسەندە،
قىزىل ـ ئۆل، جان ـ جىگەر دىرستلار، نەسىلنى ئەيلەشەرمەندە،
بىرىڭ قىلغىن ئۇنىڭنى پاش، ھامان ئويغانما — ئۇخلاۋەر.

ئەدەب ـ ئەخلاق نېمە ھاجەت، يامان ياقلارغا يول باشلا،
ئۆزۈڭدىن كۈلدۈرۈپ ياتنى، قاياشىنىڭ كۆزىنى ياشلا،
شىلىپ دوست تېرىسىنى سەن، ئۇنى دۈشمەن ئۈچۈن ئاشلا،
ئىلاجىكىم ئاتاڭ يۇرتىغا ئوت قوي، ئۇنى كۆيدۈرۈپ تاشلا،
رەزىللىكتە چېكىڭدىن ئاش، ھامان ئويغانما — ئۇخلاۋەر.

جاھان «ئويغان» دېسە، تەنھا ئۆزۈم «ئويغانما» دەپ تۇردۇم،
شېرىن خورەك تۈگەرمۇ دەپ، تۈمەن مىڭ غەمنى يەپ تۇردۇم،
شۇ ۋەسۋەسە بىرلە ئەللەيلەپ، داۋام سوسكامنى سەپ تۇردۇم،
چۈشەنگەي سۆزنى خەلقىم دەپ، تۆشەك ئالدىغا كەپتۇردۇم،

هامان بولساڭ قاپاقباش سەن، ئەبەد ئويغانما — ئۇخلاۋەر.

شۈكۈر يالقىن

1947 - يىل، ئۈرۈمچى

بۇ شېئىر ئەخمەتجان قاسىمغا بەك يارىغان. ئەخمەتجان قاسىمى بىر كۈنى مۇشۇ گېزىتنىڭ تەھرىر بۆلۈمىگە بىر ئىش بىلەن بارغاندا، باشقىلارغا: «شېئىر يازسا، مۇشۇنداق يازسا، ساپ ئىجابىي جەھەتتىن يېزىۋەرمەي، مۇشۇنداق سەلبىي جەھەتتىنمۇ يېزىش كېرەك» دېگەن؛ كېيىن شۈكۈر يالقىن بىلەن ئۇچراشقاندا: «شېئىرىڭىزنى ئوقۇدۇم، بەك ياخشى بوپتۇ» دېگەن. «ئويغان» گېزىتىنىڭ كېيىنكى بىر سانىغا يەنە شۈكۈر يالقىننىڭ «بەختسىز خەلق» ناملىق ماقالىسى بېسىلغان. ئەمما بۇ ماقالە بەك ئۇزۇن بولغاچقا، ماقالىنىڭ باش قىسمى گېزىتنىڭ ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنغان سانىغا بېسىلىپ، كېيىنكى قىسمى گېزىت غۇلجىغا كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن نەشر قىلىنغان سانلىرىغا بېسىلغان.

«ھەقىقەت» گېزىتى 1949 - يىل 9 - ئايدىن 1950 - يىل ئەتىيازغىچە نەشر قىلىنغان. بۇنىڭ ھەجىممۇ سەككىز كەسلەملىك تۆت بەت چوڭلۇقتا ئىدى. بۇنى تەلئەت موسابايوف، تۇرسۇن بۇرھانىلار مىخ مەتبەئەدە چىقىراتتى. بۇ گېزىتنىڭ مۇھەررىرلىرى بىر قانچە غۇلجىلىق كىشىلەر ئىدى. بۇ گېزىت تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدە تۇرغان شىنجاڭنىڭ جۈملىدىن ئۈرۈمچىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىدىن خەۋەر بېرىپ تۇرۇش، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلىپ، خەلقنى ھوشيار بولۇشقا ئۈندەشنى مەقسەت قىلاتتى.



سۆزلەپ بەرگۈچى: شۈكۈر يالقىن

## قارا شەھەر ۋىلايىتىدە

1945 - يىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن «قارا شەھەر گېزىتى» ناملىق گېزىت نەشر قىلىنغان. گېزىت ئىسمىنىڭ يېنىغا «خەلقنى ئويغىتايلى!» دېگەن شوئار بېسىلاتتى (بۇ شوئار گومىنداڭنىڭ 唤起民众 دېگەن شوئارىنىڭ مەنىسىگە توغرىلاپ قوللىنىلغان). گېزىتنىڭ ھەجمى كىچىك تۆت فورماتلىق بولۇپ، شاپىگرافتا بېسىلاتتى. ۋىلايەتكە قاراشلىق ناھىيىلەرگە ئەۋەتىلىدىغانلىرى ئۇيغۇر ئۇيۇشما تەرىپىدىن ئوراپ تەييار قىلىنىپ، پوچتىخانا ئارقىلىق تارقىتىلاتتى. بۇ گېزىتنىڭ خەۋەر - ماقالىلىرى پۈتۈنلەي خەلقنى ئويغىتىشنى مەقسەت قىلاتتى. گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى جۇنەيد بەكرى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئابدۇللا ئىبراھىم، مۇھەررىرلىرى ئابلىمىت مۆيىدىن قاتارلىقلار ئىدى. ئومۇمىي تىرازى 100 نۇسخا ئىدى.

1946 - يىلى تىنچلىق بىتىمدىن كېيىن، گېزىتنىڭ نامى «يۇلتۇز» غا ئۆزگەرتىلدى. بۇمۇ شاپىگرافتا بېسىلاتتى، شۇڭا تىرازىنى 100 دىن ئاشۇرغىلى بولمايتتى. لېكىن، بۇ گېزىتنىڭ ماقالە - خەۋەرلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىلغار پىكىرلىك بولۇپ، ئاساسەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ۋە «11 بىتىم» نى تەشۋىق قىلاتتى. گېزىتنىڭ تۇنجى سانىغا جۇنەيد بەكرى «تۈن قانچە قاراڭغۇ بولسا، يۇلتۇز شۇنچە يورۇق كۆرۈنىدۇ» دېگەن تېمىدا باش ماقالە يازغان، قاراشەھەر ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنىڭ مۇدىرى ئابلىز تۇردى «دىڭ

قۇلاقلار توۋا قىل» دېگەن ماۋزۇدا شېئىر يازغان. 1947 - يىلى بۇ گېزىتنىڭ ھەر ساندىن بىر نۇسخىنى يولۇچىلار ئارقىلىق مەخپىي ھالدا ئەخمەتجان قاسىمىغا ئەۋەتىپ تۇراتتۇق. ئۇ كىشى بىزگە خەت يېزىپ، گېزىتنى ماختىدى ۋە مۇمكىنقەدەر شىنجاڭ بويىچە تارقىتىشنى تاپىلىدى؛ غۇلجا مەتبۇئاتلىرىمۇ بۇ گېزىتنى ماختاپ خەۋەرلەر باسقان. بۇ گېزىت 1948 - يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن نەشردىن توختىتىلدى.

## كورلا ۋە لوپنۇردا

كورلىدا 1946 - يىلى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن شاپىگرافتا «باغراش» ناملىق گېزىت نەشر قىلىنغان. تىراژى 100 چە ئىدى. بۇ گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى ئۇيۇشما رەئىسى ئابدۇقادىر تاھىر، مۇھەررىرلىرى بىر - ئىككى كىشى ئىدى (ئىسمى ئېسىمدە قالماپتۇ). بۇمۇ ئىلغار پىكىرلىك گېزىت بولغاچقا، 1947 - يىلى «11 بىتىم» بۇزۇلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەجبۇرىي توختىتىۋېتىلگەن.

لوپنۇردىمۇ 1946 - يىلى ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن شاپىگرافتا «تەكلىماكان» ناملىق گېزىت نەشر قىلىنغان. تىراژى 100 دىن ئاشمايتتى. گېزىتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئىمىن ۋاھىدى، مۇھەررىرلىرى غوپۇر ياقۇبى، تاھىر ئەخمەتلەر ئىدى. بۇ گېزىتمۇ «11 بىتىم» بۇزۇلغاندىن كېيىن، نەشر قىلىنىشتىن توختاپ قالغان.

«تەكلىماكان» دېگەن ئىسىمنى 1946 - يىلى «بىتىم» ۋاقتىدىكى ھاكىم سايلىمىدا لوپنۇرنىڭ ھاكىملىقىغا سايلانغان



ئىمىن ۋاھىدى قويغان (ئىمىن داموللا دەپمۇ ئاتىلاتتى). بۇ كىشى 1937 - يىللىرى مامۇت سىجاڭ بىلەن بىللە چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپ، تۈركىيىدە ئوقۇغان؛ كېيىن ياپونىيىگە بېرىپ تۇرۇپ، 1944 - يىلى شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن. شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنغانلىقى ئېلان قىلىنىش ئالدىدا، يەنە چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپ، يول ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن.

سۆزلەپ بەرگۈچى: جۈنەيد بەكرى

## قۇمۇل ۋىلايىتىدە

قۇمۇلدا 1946 - يىلى 6 - ئايدىن كېيىن (11 ماددىلىق «تىنچلىق بىتىمى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن)، ئىسمايىل تاھىر باشچىلىقىدىكى ئىلغار ياشلار تەرىپىدىن «قۇمۇل گېزىتى» نەشر قىلىنغان. بۇ گېزىت سەككىز كەسلەملىك تۆت بەت چوڭلۇقتا بولۇپ، تاش مەتبەئەدە بېسىلاتتى؛ «11 بىتىم»نى تەشۋىق قىلىش، خەلقنى ئويغىتىشنى مەقسەت قىلاتتى. 1947 - يىلى ئەتىيازدا «11 بىتىم» بۇزۇلغاندىن كېيىن بۇ گېزىت نەشر قىلىنىشتىن توختاپ قالدى. ئىسمائىل تاھىرنى 1949 - يىلى 9 - ئايدا (شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا) گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئېتىۋەتكەن.

1947 - يىلى 6 - ئايدا قۇمۇل ۋالىيسى يولۋاسنىڭ كۈيئوغلى ھوشۇر ئۇلۇغ خەلقتىن ئىئانە توپلاپ، «ئاتالاي» ناملىق ژۇرنال چىقارغان. شۇ مەزگىلدىكى مەسلەك ۋە سىياسەتكە خىزمەت قىلىشنى مەقسەت قىلغان بۇ ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنىشىغا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى، شۇ ۋاقىتتىكى ئۆلكە رەئىسى مەسئۇد، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى

ئەيسا بەگلەرمۇ ماددىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەن. بۇ ژۇرنالمۇ تاش مەتبەئەدە بېسىلغان بولۇپ، ھەقسىز تارقىتىلاتتى. 1948 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، توپلانغان ئىقتىساد تۈگىگەندىن كېيىن، ژۇرنال نەشر قىلىنىشتىن توختاپ قالغان.

سۆزلەپ بەرگۈچى: ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

## ئاقسۇ ۋىلايىتىدە

ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى ئاقسۇ كونىشەھەردە 1934 - يىلى دانىش داموللا ھەنپى* ئىسىملىك كىشى «ئاقسۇ ئۈچۈرى» ناملىق گېزىت تەسىس قىلغان. بۇ گېزىت شاپىگرافتا بېسىلغان بولۇپ، 1936 - يىلغىچە داۋاملاشقان. ھەجمى كىچىك تۆت فورماتلىق، تىراژى 100 گە يېقىن ئىدى.

1936 - يىلى دانىش داموللامنى شېڭ شىسەي قولغا ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ كىشىنىڭ شاپىگرافىمۇ مۇسادىر قىلىنغان. ئاندىن بىر قانچە زىيالىيلار «ياش قەلەم ئۈچۈرى» ناملىق جەمئىيەت قۇرۇپ، بۇ جەمئىيەتكە ھاجى ياقۇپنى رەئىس قىلىپ سايلىغان. ھاجى ياقۇپ باشلىق يەتتە كىشى «ئاقسۇ ئۈچۈرى» ناملىق گېزىتنى مەخپىي ھالدا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، دەسلەپ ئۇنىڭ ھەربىر سانىنى قولدا يېزىپ، سەككىز كەسلەم ئىككى بەتلىك چوڭلۇقتا قىلىپ، ھەپتىدە بىر قېتىم 50 نۇسخا چىقارغان. كېيىن ئۈرۈمچىدىن شاپىگراف سېتىۋېلىپ ئاپىرىپ، شاپىگرافتا ھەپتىدە ئىككى قېتىم، 100 نۇسخىدىن چىقارغان. شۇ چاغلاردا ننم شېھىد (مەرھۇم ئارمىيە دامولللا)

---

* «ھەنپى» — «توغرا يول» دېگەن مەنىدە.



ياش زىيالىيلاردىن بىرى ئىدى. ئۇ كىشى ئاقسۇدا ئېچىلغان «ئىستىپادە كۇرسى»* نى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەزكۇر گېزىتنىڭ مۇھەررىرلىكىگە ئېلىپ كېلىنگەن. 1937 - يىلى «ياش قەلەم ئۈچۈرى» جەمئىيىتى يېپىلىپ گېزىتمۇ نەشر قىلىنىشتىن توختاپ قالغان، ھاجى ياقۇپ ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا چىقىپ كەتكەن.

1937 - يىلى «ئاقسۇ شىنجاڭ گېزىتى» تەسىس قىلىنىپ، مىخ مەتبەئەدە نەشر قىلىنغان. گېزىتخانىنىڭ باشلىقى تۇرسۇن ياسىنوف، باش مۇھەررىرى ئارمىيە دامولللا، مۇھەررىرلىرى بىرقانچە كىشى ئىدى. بۇ گېزىت 1941 - يىلدىن باشلاپ «ئاقسۇ گېزىتى» نامى بىلەن نەشر قىلىندى. گېزىتخانىنىڭ باشلىقى يەنىلا تۇرسۇن ياسىنوف، باش مۇھەررىرى ئارمىيە دامولللا، مۇھەررىرلىرى ل. مۇتەللىپ ۋە باشقا بىر قانچە كىشى ئىدى. «ئاقسۇ گېزىتى» ئازادلىققا قەدەر توختىماي نەشر قىلىندى، ئازادلىقتىن كېيىنمۇ داۋاملىق نەشر قىلىنىپ كەلمەكتە.

ئاقسۇدا نەشر قىلىنغان گېزىتلەرنىڭ مەزمۇنى: 1934 - 1937 - يىللىرى ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇش، خەلقنى ئاقارتىشنى نىشان قىلغان؛ 1938 - 1943 - يىللىرى «ئالتە سىياسەت» نى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلىشنى نىشان قىلغان؛ 1943 - 1945 - يىللىرى «سەنمىنجۇيى» (ئۈچ مىللىي مەسلەك)** نى ۋە گومىنداڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىشنى نىشان قىلغان؛ 1945 - 1946 - يىللىرى ئۈچ

---

* «ئىستىپادە» — «پايدىلىنىش» مەنىسىدە بولۇپ، ھازىرقى تەلىم - تەربىيە كورسىغا توغرا كېلىدۇ.

** «سەنمىنجۇيى» — 1911 - يىلى پارتلىغان شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ داھىيسى سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئەسىرى.

ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ۋە «11 بىتىم» نى تەشۋىق قىلىشنى نىشان قىلغان؛ 1947 ـ 1948 ـ يىللىرى يەنە گومىنداڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىشنى نىشان قىلغان؛ 1949 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ جۇملىدىن ئاقسۇنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە زور بۇرۇلۇش بولغانلىقتىن، گېزىتمۇ شۇنىڭغا يارىشا، گومىنداڭنىڭ زۇلمى ۋە سىياسىتىگە بولغان نارازىلىقلارنى، ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ خەۋەرلىرىنى تەشۋىق قىلىشنى نىشان قىلغان.

ئاقسۇدا 1944 ـ يىللىرى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن «جەنۇب شامىلى»ناملىق ژۇرنال نەشر قىلىنغان. بۇ ژۇرنالغا ئاساسەن زىيالىيلار ماقالە يازاتتى، ژۇرنال ئاقسۇ گېزىتخانىسىدا بېسىلاتتى. لېكىن، بۇ ژۇرنال بىر ـ ئىككى سان نەشر قىلىنىپلا توختاپ قالدى.

سۆزلەپ بەرگۈچىلەر: ھاجى ياقۇپ
ئابدۇللا تالىپ
ئەيسا يۇسۇپ

## قەشقەر ۋىلايىتىدە

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى قەشقەر كونىشەھەردە ئەڭ دەسلەپ قۇتلۇق شەۋقى ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر بىر داموللا كىشى 1933 ـ يىلى «ئاڭ» ناملىق گېزىت تەسىس قىلغان، كېيىن گېزىتنىڭ نامىنى «يېڭى ھايات» قا ئۆزگەرتكەن. بۇ گېزىتنىڭ مەخسۇس مەتبەئەسى بولمىغاچقا، گېزىت شۇ دەۋرلەردە قەشقەردە قۇرۇلغان «شۋېت مەتبەئەسى»* دە باس-

* «شۋېت مەتبەئەسى» — شۋېتسىيىنىڭ دىن تارقىتىش نامى بىلەن قەشقەرگە كەلگەن تەشۋىقات خادىملىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان مەتبەئە، ئۇ «سۋېن ھەيدىن باسمىخانىسى» دەپمۇ ئاتالغان (ماتېرىيالدىن).



تۇرۇلغان؛ 1936 ـ يىلى قولدا چۆگىلىتىدىغان بىر باسما ماشىنىسى سېتىۋېلىنىپ، شۇ ماشىنىدا بېسىلغان. 1937 ـ يىلى مامۇت سىجاڭ چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، جاللات شېڭ شىسەي قۇتلۇق شەۋقىنى قولغا ئالغان. ئاندىن ئۇنىڭ گېزىتخانىسىنى ھۆكۈمەت قارىمىقىغا ئېلىپ، شۇ چاغلاردا تاشكەنتتىن يېڭىلا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەنلەردىن ئابدۇراخمان قاسىموفنى گېزىتخانا باشلىقلىقىغا، لى تەييۇ بىلەن ۋاڭ مۇشىننى مۇئاۋىن باشلىقلىققا تەيىنلەپ ئەۋەتكەن. ئۇلار گېزىتنىڭ نامىنى «قەشقەر گېزىتى» گە ئۆزگەرتتى. گېزىتنىڭ مۇھەررىرلىرى ئەخمەت زىيائى، ئادىل سوپىيوف، خەلپەت سۇزۇكھاجىلار ئىدى؛ ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىردىن بەتكە مەسئۇل قىلىندى. گېزىتنىڭ كوررېكتورلىرى روزى يۇسۇپ، ئىبراھىم ئاخۇنلار، مەتبەئە مەسئۇلى ھامۇتجان ئىدى (ھامۇتجان ئازادلىقتىن كېيىن «شىنجاڭ گېزىتى» دىن دەم ئېلىشقا چىقىپ ئائىلىسىگە قايتتى).

1939 ـ يىلى ئابدۇراخمان قاسىموف كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتتى؛ خەلپەت سۇزۇكھاجى گېزىتخانىدىكى ھەم ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىكى ئىككى خىزمەتكە تەڭ يېتىشىپ كېتەلمىگەچكە، گېزىتخانىدىكى مۇھەررىرلىك خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىكى خىزمىتىنىلا قىلىشقا چىقىپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن، گېزىتخانىنىڭ ئىشىغا ۋاڭ موشىن بىلەن ئەخمەت زىيائى مەسئۇل قىلىندى. 1943 ـ يىلى ئەخمەت زىيائىنىمۇ شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ كېلىپ، بىر مەزگىل شىنجاڭ گېزىتخانىسىدا ئەدەبىيات بېتىگە خىزمەتكە قويغاندىن كېيىن تۈرمىگە قامىدى. شۇنىڭ بىلەن، گېزىتخانىنىڭ ئىشىغا ۋاڭ

موشىن بىلەن لى تەيىۋ مەسئۇل بولۇپ قالدى.

ۋاڭ موشىن — يەنئەندىن كەلگەن كوممۇنىستلاردىن بولۇپ، 1943 ـ يىلى جاللات شېڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكىدىن هايات قالغان كوممۇنىستلار قاتارىدا، 1944 يىلى يەنئەنگە قايتىپ كەتكەن؛ ئازادلىقتىن كېيىن بېيجىڭدىكى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىدە ئىشلىگەنلىكى مەلۇم.

لى تەيىۋ — تاشكەنتتە ئوقۇپ كەلگەن زىيالىيلاردىن بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىنمۇ مەتبۇئات ساھەسىدە (جۈملىدىن «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە) بىر مەزگىل ئىشلىگەن. كېيىن شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە يۆتكەلگەن، هازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە.

«قەشقەر گېزىتى» ئازادلىققا قەدەر داۋاملىق نەشر قىلىنىپ، ئازادلىقتىن كېيىن «جەنۇبىي تىيانشان» گېزىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

سۆزلەپ بەرگۈچى: خەلپەت سۇرۇكهاجى

## يەكەن ۋىلايىتىدە

يەكەندە ئەڭ دەسلەپ، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ هەيئەت ئەزاسى ئارتۇق هاجىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، 1935 ـ يىلى ئەتىيازدا «يەكەن دىۋار گېزىتى» نەشر قىلىندى. ئارتۇق هاجىم ئۆزبېك بولۇپ، ئۆز ئالدىغا مەكتەپ ئېچىپ نۇرغۇن بالىلارنى ساۋاتلىق قىلغان، نۇرغۇن خەتتات يېتىشتۈرگەن مەرىپەتپەرۋەر كىشى ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردىكى شارائىتتا، «يەكەن دىۋار گېزىتى» بىر بەتلىك قىلىنىپ قولدا يېزىپ چىقىرىلغان. گېزىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 90 سانتىمېتىر،



كەڭلىكى 80 سانتىمېتىر كېلەتتى. گېزىتنىڭ مۇھەررىرلىكىنى ئارتۇق هاجىم ئۆزى قىلاتتى، ماقالىلەر تەييار بولغاندىن كېيىن، ئابدۇقادىر هېكىمى ئىسىملىك خەتتات قولى بىلەن خۇش خەت قىلىپ يېزىپ چىقاتتى. هەر ئايدا بىر قېتىم جەمئىي 10 نۇسخا يېزىلىپ، يەكەننىڭ شەهەر كوچىلىرىغا چاپلىناتتى. بۇ بىر بەتلىك گېزىتنىڭ باش تەرىپىگە «ئوقۇغىن، نادانلىق ۋە جاهالەت نومۇستۇر؛ نادانلىق ۋە جاهالەتتە ئۆتۈش هايۋانغا خاستۇر» دېگەن شوئار يېزىلاتتى. بۇ گېزىتتە ئىلىم ـ بىلىم ئۆگىنىش، جاهالەتكە خاتىمە بېرىش، ئويغىنىش، قەد كۆتۈرۈپ تەرەققىي قىلىش تەرغىپ قىلىناتتى؛ نۆۋەتتە بولۇۋاتقان يېڭىلىقلار ۋە سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر خەۋەر قىلىناتتى؛ ياخشى ئىشلار مەدھىيىلىنىپ، يامان ئىشلار تەنقىد قىلىناتتى. گېزىتنىڭ راسخوتى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىن بېرىلەتتى. بۇ گېزىت 1936 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىككى يىلغا يېقىن نەشر قىلىندى.

ئارىلىقتا 10 يىلغىچە هېچقانداق گېزىت نەشر قىلىنماي، 1946 ـ يىلى يازدا، «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، يەكەندىكى دېموكراتىك زاتلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن «بەخت يۇلتۇزى» ناملىق گېزىت نەشر قىلىندى. گېزىتنىڭ مۇھەررىرى ئابدۇللاجان (ئۆزبېك، تەخەللۇسى «دولانى») ئىدى، هەجمى سەككىز كەسلەملىك تۆت بەت بولۇپ، شاپىگرافتا بېسىلاتتى، قەرەلسىز نەشر قىلىناتتى؛ تىراژى 500 چە بولۇپ، يەكەن تەۋەسىگە پۇلسىز تارقىتىلاتتى. بۇ گېزىتنىڭ راسخوتىنىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بېرەتتى. بۇ گېزىتتە «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» نى ۋە شۇ بىتىم ئاساسىدا قۇرۇلغان ئۆلكىلىك

بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش تەشۋىق قىلىناتتى؛ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋە يەرلىك فېئودال كۈچلەرنىڭ جىنايەتلىرى پاش قىلىناتتى، خەلق ئاممىسىنى ئويغىنىشقا، ئەركىنلىك تەلەپ قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىناتتى. بۇ گېزىت 1947 ـ يىل ئەتىيازغىچە نەشر قىلىندى.

1947 ـ يىل ئەتىيازدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «تىنچلىق بىتىمى» نى ئوچۇق ـ ئاشكارا بۇزۇپ، شىنجاڭدىكى جۇملىدىن يەكەندىكى خەلقچىل كۈچلەرنى قورال كۈچى بىلەن باستۇرغاندىن كېيىن، شىنجاڭ گارنىزون باش شتابىدىن يەكەنگە ئەۋەتىلگەن ھەربىي سىستېمىدىكى ئىشپىيون تۇراپبەگ* نىڭ باشلامچىلىقىدا «نۇرلۇق يول» ناملىق گېزىت نەشر قىلىندى. بۇ ئەكسىيەتچى گېزىت گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ۋە خەلقچىل كۈچلەرگە قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلاتتى. بۇ گېزىتمۇ سەككىز كەسلەملىك تۆت بەت چوڭلۇقتا بولۇپ، شاپىگرافتا بېسىلاتتى؛ تىرازى 500 دىن 1000 غىچە ئىدى، ھەقسىز تارقىتىلاتتى. بۇ گېزىتنىڭ راسخوتىنى تۇراپبەگ دەسلەپ شىنجاڭ گارنىزون باش شتابىدىن ئېلىپ تۇرغان، كېيىن يەكەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىن ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن ئېلىپ تۇردى.

سۆزلەپ بەرگۈچى: مەھەممەت پاتىھ

* تۇراپبەگ — ئەسلى ئالتە شەھەردە چوڭ بولغان خەنزۇ بولۇپ، خەنزۇچە ئىسمى خۇاڭ جىۋۇ، ھەربىي ئىشپىيونلۇق ئۇنۋانى «گاۋسەن» (يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچى) ئىدى. ئۇ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يەكەندىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە خەنزۇ تىلى مۇئەللىمى بولغان، كېيىنكى مەزگىلدە يەكەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ دۇساجاڭى بولغان؛ شېڭ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە چىقىپ كەتكەن.



1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تۇشۇنقات ھەيئىتى يەكەنگە مىخ مەتبەئە بېرىپ، رەسمىي گېزىتخانا قۇردى. بۇ گېزىتخانىنىڭ قۇرۇلۇشىدا مۇنداق بىر قىزىقارلىق جەريان بار:

شىنجاڭدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» نى بۇزغاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭدا جۇملىدىن يەكەن ۋىلايىتىدە ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە ئەپلىك بىر چارە ئىزدەپ تۇرغان چاغدا، گومىنداڭنىڭ چىڭدۇدىكى ھەربىي مەكتىپىگە 1945 ـ يىلى كۇزدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا چىڭدۇغا بېرىپ ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئالغان (ئەمەلىيەتتە ئىشپىيونلۇق تېخنىكىسى بىلەن تەربىيىلەنگەن) يەكەنلىك ئەمەت مەنسۇر 1948 ـ يىلى ئەتىيازدا ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ، گومىنداڭغا ناھايىتى سادىق بولۇپ تەربىيىلەنگەن بولسا كېرەك، ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ئەتىۋارلىق ئادىمى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ، گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدىكى گارنىزون شتابى، ئۆلكىلىك پىرقە ئىدارىسى، ئۆلكىلىك تەشۋىقات ھەيئىتى قاتارلىق ئورۇنلارغا ئەركىن ـ ئازادە كىرىپ ـ چىقىپ يۈرىدۇ*. گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۇنىڭ ئىشپىيونلۇقىنى ئوكۇشلۇق ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئاشكارا بىر سالاھىيەت تېپىپ بەرمەكچى بولۇپ، يەكەندە

مەن شۇ چاغدا ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك تىل مەكتىپىدە ئوقۇۋاتاتتىم. ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئورنى شۇ چاغلاردا ئىچكىرى ـ تاشقىرى ئىككى قۇر بولۇپ، ئىچكىرىكى قورۇ «ئۆلكىلىك تىل مەكتىپى». تاشقىرىقى قورۇ گومىنداڭنىڭ «ئۆلكىلىك تەشۋىقات ھەيئىتى» ئىدى؛ گومىنداڭنىڭ گارنىزون شتابى ۋە ئۆلكىلىك پىرقە ئىدارىسىمۇ تىل مەكتىپىگە يېقىن يەردە ئىدى. ئەمەت مەنسۇرنىڭ بۇ ئورۇنلارغا كىرىپ ئالاقە قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئۆز كۆزى دەپ بەرگەن، بەزىدە بىزمۇ كۆرگەن.

بىر گېزىتخانا قۇرماقچى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەت مەنسۇرنى باشلىق قىلىپ ئەۋەتمەكچى بولىدۇ. ئەمەت مەنسۇر بۇ ئاشكارا سالاھىيىتىدە جامائەت پىكرىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، يەكەندە گېزىتخانا قۇرۇلماقچى بولغانلىقىنى جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەرگە جۈملىدىن، ئۈرۈمچىدىكى يەكەنلىك يۇرتداشلار ۋە ئوقۇغۇچىلارغا «خۇش خەۋەر» قىلىپ يەتكۈزىدۇ ھەمدە بۇ يېڭى گېزىتخانىغا پىشقان مۇھەررىرلەر كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭدىن ئۈرۈمچىدىكى ئىنقىلابىي مەخپىي تەشكىلات — «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» مۇ خەۋەر تاپىدۇ. بۇ تەشكىلات ئۆز پائالىيىتىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىمۇ قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، غوللۇق ئەزالىرىدىن بولغان ياش شائىر ۋە ئەدىب ئابدۇراخمان بۇلاقنى مۇھەررىر دېگەن سالاھىيەت بىلەن گومىنداڭنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈشنى زۆرۈر تاپىدۇ، ئاندىن بۇ كىشىنى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ئارقىلىق «ئۆلكىلىك تەشۋىقات ھەيئىتى» گە تونۇشتۇرىدۇ. بۇ ھەيئەت ئەمەت مەنسۇر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئابدۇراخمان بۇلاقنى يەكەن گېزىتخانىسىنىڭ مۇھەررىرلىكىگە قوبۇل قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، «ئۆلكىلىك تەشۋىقات ھەيئىتى» يەكەندە گېزىتخانا قۇرۇلىدىغانلىقىنى رەسمىي بېكىتىپ، ئۇنىڭغا ئەمەت مەنسۇرنى باشلىق، ئابدۇراخمان بۇلاقنى مەسئۇل مۇھەررىر قىلىپ تەيىنلەپ، قالغان مۇھەررىرلەرنى يەكەندىن تېپىپ تەيىنلەش ھوقۇقىنى بېرىپ، ئۇلارنى بىر يۈرۈش مىخ مەنبەئە بىلەن يەكەنگە يولغا سالىدۇ (گېزىتخانىنىڭ مائاش ۋە باشقا خىراجىتىنى «ئۆلكىلىك تەشۋىقات ھەيئىتى» دىن ئەۋەتىپ بېرىدىغان بولىدۇ). ئۇلار يولغا چىقىدىغان كۈنى بىر يۈك ئاپتوموبىلى بىلەن «تەشۋىقات ھەيئىتى» نىڭ قورۇسىدىن



ماڭغاچقا، تىل مەكتىپىدىكى يەكەنلىك ئوقۇغۇچىلار ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدۇق. ئۇلار يەكەنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، يەكەندىكى گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ياردىمىدە، ھەممە تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ، گېزىتخانىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ، 1948 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن باشلاپ «يەكەن گېزىتى» نى نەشر قىلغان. بۇ گېزىت سەككىز كەسلەملىك تۆت بەت چوڭلۇقتا، مىخ مەتبەئەدە 1949 ـ يىلى ئازادلىق ئېلان قىلىنغانغا قەدەر نەشر قىلىنغان. مۇھەررىرلىرى ئابدۇراخمان بۇلاق، ئابدۇقادىر ھېيىت قاتارلىقلار بولغان.

سۆزلەپ بەرگۈچى: ئى. ئەسقەرى

1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، «يەكەن گېزىتى» نەشردىن توختىتىلىپ، يەكەندىكى ئىنقىلابىي زىيالىي ياشلار تەرىپىدىن «بەخت يولى» ناملىق گېزىت نەشر قىلىنغان. بۇ گېزىت ئازادلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە كۈيلەش، خەلقنى ئويغىتىش، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش، ئەكسىيەتچىلەرنى خەلققە باش ئېگىشكە ئاگاھلاندۇرۇش رولىنى ئوينىغان. بۇ گېزىتمۇ ئاۋۋالقى مىخ مەتبەئەدە سەككىز كەسلەملىك تۆت بەت قىلىپ بېسىلغان. تىرازى 2000 چە بولۇپ، ئەتراپتىكى باشقا ناھىيىلەرگىمۇ تارقىتىلغان. گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى مەتتىمىن توختىنىياز، مۇھەررىرلىرى ئا. بۇلاق، ئابدۇقادىر ھېيىت، ئابدۇسەمەت خېلىل، ئابلىمىت ئابدۇللالار ئىدى. 1949 ـ يىلى، 11 ـ ئايدا يەكەنگە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى يېتىپ كېلىپ، ھەربىي

باشقۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، «بەخت يولى» گېزىتى نەشردىن توختىتىپ قويۇلدى. 1950 - يىلىنىڭ بېشىدا يەكەن ۋىلايەتلىك پارتكوم قۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسى قايتىدىن تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، «يەكەن گېزىتى» يەنە قايتا نەشر قىلىندى (ئاۋالقى ھەجىم، ئاۋالقى مىخ مەتبەئەدە بېسىلدى)، باش مۇھەررىر ۋە مۇھەررىرلىرىمۇ ئاۋالقىلاردىن تەركىب تاپتى. 1956 - يىلى يەكەن ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، گېزىتمۇ نەشردىن توختىتىپ قويۇلغانىدى. بىر قانچە يىلدىن كېيىن (1960 - يىللىرى) «يەكەن گېزىتى» يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ھازىرغا قەدەر نەشر قىلىنىۋاتىدۇ. گېزىتنىڭ ھەجىمى تۆت كەسلەملىك تۆت بەت قىلىپ چوڭايتىلدى، تىرازى 5000 غا بارىدۇ. گېزىتخانىنىڭ بۇرۇنقى باشلىقى ۋە مۇھەررىرلىرى دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، ئاۋۇت ماmۇت گېزىتخانا باشلىقى، ياقۇپ ئەمەت باش مۇھەررىر بولدى، مۇھەررىرلىككە قېيىيۇم تۇردى، بۇۋىنىسا ئېزىم، ئۆمەر ئىسمايىل، ئابدىرىشىت ھاپىز، روزى رازىقلار تولۇقلاندى.

سۆزلەپ بەرگۈچىلەر: سەمەت ئەمەت، قېيىيۇم تۇردى

## خوتەن ۋىلايىتىدە

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى ئىلچىدە 1939 - يىلى «خوتەن شىنجاڭ گېزىتى» نەشر قىلىنغان. بۇ، خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئەڭ دەسلەپكى گېزىت بولۇپ، بۇنى ۋەلىخان ئىمىنوف دېگەن كىشى شاپىگرافتا چىقارغان. ھەجىمى سەككىز كەسلەملىك ئىككى بەت چوڭلۇقتا ئىدى. جاللات شېڭ شىسەي



1940 - يىلى ۋەلىخان ئىمىنوفنى قولغا ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىن ھاجى ياقۇپ يۈسۈپنى بېرىپ، بۇ گېزىتكە مەسئۇل بولغان ۋە مىخ مەتبەئەدە سەككىز كەسلەم تۆت بەتلىك قىلىپ چىقارغان. مۇھەررىرلىرى يۈسۈپ سەئىدى، بىلال ئەزىزىلەر ئىدى.

1941 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ھاجى ياقۇپمۇ قولغا ئېلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەخپىي ئەزاسى ماشۈ مەسئۇل بولغان. بۇ چاغدا «خوتەن شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ خەنزۇچىسىمۇ نەشر قىلىنىپ، شاپىگرافتا ئىككى بەتلىك، ھەپتىسىگە ئىككى سان چىقىرىلدى؛ ئۇيغۇرچىسى ئاۋۋالقىدەك سەككىز كەسلەم تۆت بەتلىك بولۇپ مىخ مەتبەئەدە بېسىلىۋەردى، ئەمما بۇمۇ ھەپتىسىگە ئىككى سان چىقاتتى. مۇھەررىرلىرى يەنىلا يۈسۈپ سەئىدى، بىلال ئەزىزىلەر ئىدى.

1942 - يىلى ماشۈ خەنزۇچە «شىنجاڭ گېزىتى» ئەدەبىيات بېتىنىڭ مۇھەررىرلىككە تەيىنلىنىپ ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېتىلگەندىن كېيىن، «خوتەن شىنجاڭ گېزىتى» گە يۈسۈپ سەئىدى مەسئۇل بولدى، خەنزۇچىسىغا دېڭ باۋشەن مەسئۇل مۇھەررىر بولدى. گېزىتنىڭ خەلقئارا ۋە مەملىكەت خەۋەرلىرى ئاساسەن تا س س دىن، شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقىدىن، قوشۇمچە «جۇڭياڭشې» ئاگېنتلىقى* دىن ئېلىناتتى (يەرلىك خەۋەرلەرنى گېزىتخانا مۇخبىرلىرى ۋە ئىختىيارىي مۇخبىرلار يازاتتى). ماي بايرىمى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى بايرىمى قاتارلىق چوڭ بايراملاردا، بۇ گېزىتكە

---

* گومىنداڭنىڭ ئاخبارات ئاگېنتلىقى.

ئۇرۇمچىدىن سىنكىنغا ئېلىپ ئەۋەتىلگەن ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ سۈرەتلىرى بېسىلاتتى؛ ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر «شىنجاڭ گېزىتى» دىن كۆچۈرۈپ بېسىلاتتى. بۇ گېزىتكە يەنە، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ خىتابنامىسى، سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئېلان قىلىنغان ستالىننىڭ نۇتۇق ۋە خىتابنامىلىرىمۇ بېسىلغان. ئۇ چاغلاردا بىرلىك سەپ سىياسىتى خېلى چىڭ ئىجرا قىلىنغاچقا، گېزىتتە كومپارتىيە - گومىنداڭ بىرلىكى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىك سەپ تەشۋىق قىلىناتتى، كومپارتىيە ياكى گومىنداڭنى ماختايدىغان ۋە ياكى تىللايدىغان خەۋەر ماقالىلەر بېسىلمايتتى؛ سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى ۋە جۇڭگو - ياپون ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىرى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر، يەرلىك ئاپتورلارنىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى مەدھىيىلەيدىغان ماقالىلىرىمۇ بېسىلاتتى.

1943 - يىلى شىنجاڭدا جۈملىدىن خوتەندە گومىنداڭ ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، گېزىتنىڭ نامى «خوتەن گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلدى ۋە ئۇنىڭ تەشۋىقات نىشانىسىمۇ پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. گېزىتكە ئاساسەن گومىنداڭنى تەشىق قىلىدىغان، «سەنمىنجۇيى» نى ۋە جياڭ جيېشىنىڭ «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» ناملىق ئەسىرىنى شەرھىيلەيدىغان ماقالىلەر، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش خەۋەرلىرى بېسىلىدىغان بولدى؛ يەنە «شىنجاڭ گېزىتى» دىن كوممۇنىستىك پارتىيىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنى تىللايدىغان ماقالىلەر كۆچۈرۈپ بېسىلدى. يەرلىك خەۋەرلەردىن باشقا، خەلقئارا خەۋەرلەر ۋە مەملىكەت خەۋەرلىرىنىڭ ھەممىسى



«جۇڭياڭشې» ئاگېنتلىقى ۋە «يېڭى دېھلى» ئاگېنتلىقى* دىن ئېلىنىدىغان بولدى (تەرجىمانلار تەرجىمە قىلىپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە).

1946 - يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى يەرلىك گېزىتلەر جۈملىدىن «خوتەن گېزىتى» مۇ «تىنچلىق بىتىمى» نى تەشۋىق قىلىش ۋە گومىنداڭغا قارشى كۆرەش قىلىشنىڭ مۇھىم سەھنىسى بولۇپ قالدى. شۇڭا، 1946 - يىلى 7 - ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «مالىيەدە قىيىنچىلىق بار» دېگەننى باھانە قىلىپ، بۇ گېزىتنى نەشر قىلىنىشتىن توختاتقانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئەمما، «خوتەن گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، قوشۇمچە خوتەن ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى («بىتىم» مەزگىلىدە رەسمىي ھاكىملىققا سايلانغان) ئابدۇقادىر ھەسەن، ئۇيۇشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەبەيدۇللا ھاجى، ۋىلايەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى ئابلىز خويجاڭ قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى بىلەن داۋاملىق نەشر قىلىنىۋەردى. بۇ چاغدىمۇ گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى يۈسۈپ سەئىدى ئىدى. گېزىتنىڭ بۇ چاغدىكى ئاساسىي تەشۋىقات نىشانى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ۋە «تىنچلىق بىتىمى» نى تەشۋىق قىلىش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ «تىنچلىق بىتىمى» گە ۋە دېموكراتىيىگە قارشى ھەرىكەتلىرىنى، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ زورلۇق -

* ھىندىستاننىڭ ئاخبارات ئاگېنتلىقى.

زۇمبۇلۇقلىرىنى پاش قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

1947 - يىلى ئەتىيازدا «تىنچلىق بىتىمى» بۇزۇلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئابدۇقادىر ھەسەننى قولغا ئالدى، يۇسۇپ سەئىدى ئۇرۇمچىگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن، «خوتەن گېزىتى» 1947 - يىلى 4 - ئايدىن تارتىپ نەشر قىلىنىشتىن توختاپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، خوتەندىكى ئىلغار تەشكىلات «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» (مەخپىي ھالەتتىكى) نىڭ ئەزالىرى ۋە باشقا ئىلغار ياشلارنىڭ قاتتىق تەلەپ قىلىشى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى نۇر بەگ (خې دوڭباڭ) نىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىدە «بىرلىك» (统一报)ناملىق گېزىت نەشر قىلىندى. بۇمۇ بۇرۇنقى مىخ مەتبەئەدە، سەككىز كەسلەم تۆت بەتلىك قىلىپ بېسىلدى. گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرلىكىگە ئىمىن تۇرسۇن (كېرىيە ناھىيىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ھاكىمى) تەيىنلەندى. لېكىن، بۇ گېزىت ئىككى - ئۈچ سان چىقار - چىقمايلا، 1947 - يىلى 7 - ئايدا گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك «تازىلاش» ئېلىپ بېرىپ، ۋىلايەت مەركىزى ئىلچىنىڭ ئۆزىدىنلا 80 نەچچە ئىلغار ياشنى قولغا ئالدى، شۇ قاتاردا ئىمىن تۇرسۇنمۇ قولغا ئېلىندى. «بىرلىك» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ۋالىي نۇر بەگ، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكىنى ۋىلايەتلىك «مىنجاۋگوەن» (خەلق ئاقارتىش يۇرتى) نىڭ باشلىقى قۇربانجان ئابدۇۋېلى ئۈستىگە ئالدى. ئۇلار گېزىتنىڭ ئەسلىدىكى دېموكراتىك خاراكتېرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ تەشۋىقات قورالىغا ئايلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ گېزىت كوممۇنىستىك



پارتىيىگە ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى مەيدانغا چىقىپ، ئوسمان باندىتنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنلىكىنى، مەسئۇد، ئەيسالارنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققانلىقىنى ئاشكارا قوللىدى؛ شۇنداقلا نۇر بەگنىڭ ئۆزىنى ماختايدىغان شەخسىي گېزىتى بولۇپ قالدى.

1948 - يىلى 4 - ئايدىن كېيىن، «بىرلىك» گېزىتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكىگە ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسىنىڭ جۇيجاڭى ئابلىمىت موللايى تەيىنلەندى؛ ئاندىن ئۇ، جاپپار ئەمەتنى تۇرمىدىن بوشىتىپ ئەپچىقىپ، گېزىتنىڭ تەھرىرلىكىگە قويدى. بۇ چاغدا «بىرلىك» گېزىتىنىڭ كومپارتىيىگە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى مۇقامى بىر ئاز پەسەيگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا گومىنداڭنى، خې دۇڭباڭنى (نۇر بەگنى) ماختايدىغان قورال بولۇپ قېلىۋەردى. 1948 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋالىي سايلىمى بولغاندا، نۇر بەگ ۋالىيلىقتىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، «بىرلىك» گېزىتىمۇ توختىدى.

1949 - يىلى 7 - ئايدا خوتەن ۋىلايىتىدە «ئۆلكىلىك تەشۋىقات ھەيئىتى» نىڭ قارىمىقىدا «ياشلارنىڭ جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش ئىدارىسى» (چىڭنيەن - شېخۇي - فۇۋۇشې) قۇرۇلدى. بۇ ئىدارىنىڭ باشلىقلىقىغا ئابلىمىت موللايى، باش گېنسىلىكىگە (1949 - يىل 9 - ئايدىن كېيىن) جاپپار ئەمەت تەيىنلەندى. ئاندىن بۇ ئىدارىنىڭ مەدەنىيەت بۆلۈمى يېتەكچىلىكىدە «تەكلىماكان گۈلى» (荒海之花) ناملىق گېزىت نەشر قىلىندى. بۇ گېزىتمۇ بۇرۇنقى مىخ مەتبەئەدە بېسىلىپ، ھەپتىسىگە ئىككى سان، ئىككى بەتلىك قىلىپ چىقىرىلدى. بۇ گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى يەنىلا ئابلىمىت موللايى، مۇھەررىرلىرى جاپپار ئەمەت، ئابدۇقادىر تۇردىھاجىلار

بولدى. گېزىتكە بېسىلىدىغان مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ خوتەندە تۇرۇشلۇق 8 - پولكىنىڭ سىياسىي باشقارمىسىدىن ئېلىنغان «جۇڭياڭشې» خەۋەرلىرى بولۇپ، بۇ خەۋەرنى مەزكۇر سىياسىي باشقارما ئۆزى تەرجىمە قىلدۇرۇپ ئەۋەتىپ بېرەتتى. بۇ خەۋەرلەرنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ «غەلىبىسى»، كوممۇنىستلارنىڭ «مەغلۇبىيىتى» قاتارلىق ئىنتايىن ئەكسىيەتچى گەپلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما، يەرلىك خەۋەرلەر نورمال بولۇپ، ھەر ساھەدىكى نەتىجىلەر توغرىسىدا يېزىلغان خەۋەرلەر، ئاندىن قالسا ئەدەبىيات بېتى بېرىلەتتى.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، «تەكلىماكان گۈلى» ئۆزىنىڭ تەشۋىقات نىشانىسىنى ئۆزگەرتتى. گېزىت مۇھەررىرى جاپپار ئەمەت، خوتەن دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ھوشۇر نىيازلار يېتەكچىلىكىدە «ۋىلايەتلىك تەشۋىقات گۇرۇپپىسى» قۇرۇلۇپ، «تەكلىماكان گۈلى» مۇشۇ گۇرۇپپىنىڭ رەھبەرلىكىدە نەشر قىلىنىۋەردى. بۇ چاغدىكى گېزىتتە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ خىتابنامىسى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىندى. شۇ ۋاقىتتىكى خوتەن ۋالىيسى روزىمەتبەگ (نەنشۇسەن)، مۇئاۋىن ۋالىيسى ۋاڭ جاۋجى باشلىق يەرلىك ئەمەلدارلار شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى سىرتقا ئاڭلاتماي، «كومپارتىيە دىننى يوقىتىدۇ، خوتۇن - قىزلارنى ۋە مال - مۈلۈكنى بۇلاپ كېتىدۇ» دەپ ئىغۋا تارقاتقان؛ مەتمىن بۇغرا، ئەيسا بەگ قاتارلىق قاچقۇنلار «ئامېرىكا ئارمىيىسى



چاۋشيەنگە ھۇجۇم باشلىدى، كۆپ بولسا بىر يىل، بولمىسا ئالتە ئايدا كومپارتىيە يوقىتىلىدۇ، بىز يەنە قايتىپ كېلىمىز» دەپ تەشۋىق قىلغانىدى. شۇڭا، تەشۋىقات گۇرۇپپىسى ئۆز ئالدىغا 10 مىڭ كىشىلىك چوڭ ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. «تەكلىماكان گۈلى» گېزىتىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى رولى ناھايىتى زور بولدى.

1950 - يىلى 1 - ئايدا «ياشلارنىڭ جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش ئىدارىسى» ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، گېزىتمۇ نەشردىن توختىتىلدى. شۇ يىلى 3 - ئايدا ئازادلىق ئارمىيە 15 - پولكىنىڭ سىياسىي كومىسسارى خۇاڭ چىڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، ھەربىي ئىدارە قىلىش ھەيئىتى «يېڭى خوتەن گېزىتى» نەشر قىلىشنى قارار قىلدى، بۇ گېزىت 4 - ئايدىن باشلاپ رەسمىي بېسىلدى. بۇ گېزىتمۇ بۇرۇنقى مىخ مەتبەئەدە، سەككىز كەسلەملىك تۆت بەت، ھەپتىدە ئىككى سان چىقىرىلدى. گېزىتخانىنىڭ باشلىقى ئەمەت قۇربان؛ باش مۇھەررىرى جاپپار ئەمەت، ھوشۇر نىيازلار؛ مۇھەررىرلىرى ئابدۇقادىر يۇسۇپ، زۇنۇن رۇستەم، نۇرمۇھەممەت قۇربان، پەخرىدىن يۇنۇسلەر بولدى. كېيىن، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى قۇرۇلۇپ، گېزىتخانىنىڭ باشلىقلىقىغا شۇ ۋاقىتتىكى ۋىلايەتلىك ياشلار ئىتتىپاقى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى مامۇت نىياز بەلگىلەندى، 1952 - يىلى قەشقەر گېزىتخانىسىدىن ياسىن سىدىق يۆتكەپ كېلىنىپ باش مۇھەررىرلىككە قويۇلدى، جاپپار ئەمەت مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولدى.

1954 - يىلى 7 - ئايدا خوتەن ۋە ئاقسۇ گېزىتلىرى

قەشقەردە نەشر قىلىنىدىغان «جەنۇبىي تيانشان» گېزىتىگە بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. 1958 ـ يىلى قايتىدىن «خوتەن گېزىتى» نەشر قىلىنىپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا چىقىرىلدى. بۇ گېزىت تۆت كەسلەملىك تۆت بەت (چوڭ تۆت بەت) ھەجىمدە، ھەر ئىككى كۈندە بىر سان چىقىۋاتىدۇ.

سۆزلەپ بەرگۈچىلەر: ھاجى ياقۇپ، جاپپار ئەمەت

بۇ ئەسلىمىلەرنى توپلاپ ۋە رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسمايىل ئەسقىرى

(ئاپتورى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن)



## قەيسەر جەڭچى

(يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف توغرىسىدا)

سەيدۇللا سەيپۇللايوف

يولداش ماۋزېدۇڭ شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى «جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەنىدى. شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن بولغان يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ھاياتى سەھىپىسى ئىچىدە بارلىقىنى جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىغا بېغىشلىدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەريانىدا خەلقنىڭ جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە كۈرەش قىلىپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيىتىگە يېتەكچى قىلدى ۋە ئۇنى ئىنقىلاب ئىشلىرىغا تەدبىقلاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىلىك ئىلگىرىلىشىگە تۆرتكە بولدى.

يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىلغار ياشلىرى ئىچىدىكى خەلق ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئاكتىپ قەيسەر جەڭچى ئىدى.

1931 ـ يىللىرى فېئوداللىق زۇلۇم ۋە مۇستەبىت ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ ھەر خىل دەھشەتلىك زۇلۇملىرىغا تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان قۇمۇل دېھقانلىرى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى، بۇ قوزغىلاڭنىڭ شىددەتلىك تەسىرى شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقىلىشقا باشلىدى.

1933 ـ يىلى 4 ـ ئايدا جاللات شېڭ شىسەي ئالدامچىلىق بىلەن ھوقۇق ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالدى، ئۇ، ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان دەسلەپكى چاغلاردا، ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن بىر مەزگىلگىچە مەلۇم ئىلغار سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر بولدى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا بىر قاتار ئىلغار سىياسەتلەر يۈرگۈزۈلۈپ، ھەتتا ماركسىزم ـ لېنىنىزم پەلسەپىلىرى تەشۋىق قىلىنىشقا باشلىدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ ۋۇجۇتقا كەلدى. جۈملىدىن جۇڭگو كومپارتىيىسى شىنجاڭدىمۇ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ـ مىللىي بىرلىكسەپ مۇناسىۋىتى ئورناتتى، يەنئەندىن بىر تۈركۈم كوممۇنىستلار كېلىپ ھەرقايسى ساھەلەردە خىزمەت ئىشلىدى، ئۈرۈمچىدە «8 ـ ئارمىيە ئىش باشقۇرۇش ئورنى» نى قۇردى.

1937 ـ يىلى 4 ـ ئايلاردا، جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغان قىسىملىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. دىڭ فا، چېن تەنچيۇ قاتارلىق يولداشلارمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت ئىشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپى بىلەن ماۋزېمىن،



لىن جىلۇ قاتارلىق يۈزدىن ئارتۇق كوممۇنىستلار يەنئەندىن شىنجاڭغا كېلىپ ھەرقايسى ساھەلەرگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلار «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە باشقا گېزىت ـ ژۇرناللاردا ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، ئىنقىلابنىڭ داۋالىلىرى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپنىڭ ۋەزىپىسى توغرىسىدا كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. بۇنداق ئۈنۈملۈك تەشۋىقى ـ تەربىيىلەر ۋە كوممۇنىستلارنىڭ نەمۇنىلىك ئىش پائالىيەتلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنى ئويغىتىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئاڭ ـ سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى، خەلقىمىزنى كوممۇنىستىك پارتىيىگە ۋە سوتسىيالىزمغا نىسبەتەن توغرا چۈشەنچە ھاسىل قىلىشقا يېتەكلىدى. مانا شۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ سىياسىي ئاڭ سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، روھىي قىياپىتىدە يېڭى كەيپىياتلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئەنە شۇ دەۋىردە ئۈچتۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى. يەنئەندىن كەلگەن كوممۇنىستلار ئىچىدە لى يۈنلياڭ (يەنە بىر ئىسمى لى زىلياڭ) 1938 ـ يىلى ئۈرۈمچى 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە مۇدىر بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، مەكتەپ تەربىيىسى ئالاھىدە ياخشىلاندى، ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ماركسچە پەلسەپە ۋە سىياسىي ئىقتىسادتىن دەرسلەر سۆزلەندى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش مەركەز قىلىنغان تەشۋىقات پائالىيەتلىرى تېخىمۇ جانلىق ئېلىپ بېرىلدى. 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بۇ پائالىيەتلەردە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە باشلامچىلىق رول ئويناپ، دەرستىن

سىرتقى ۋاقىتلاردا كوچا ئويۇنلىرى تەييارلاپ، كوچىلارغا چىقىپ ئويۇن قوياتتى، تام گېزىتلىرى چىقىرىپ، دېكلاماتسىيە يىغىلىشلىرى ئۇيۇشتۇراتتى. مۇشۇ پائالىيەتلەردە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاكتىپ رول ئويناۋاتقان بىر ياش ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى، تېتىكلىكى، روھى كەيپىياتىنىڭ جۇشقۇنلۇقى، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسىنىڭ ئوچۇق - يورۇقلۇقى ۋە سەمىمىيلىكى بىلەن باشقىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. بۇ دەل يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئىدى.

لى زىلياڭ قاتارلىق كوممۇنىستلارنىڭ تەربىيىسى ۋە تەسىرى ئارقىسىدا ياش ئوقۇغۇچى ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىمۇ باشقا ھەر مىللەت ياشلىرىغا ئوخشاش كوممۇنىستىك ئىدىيە بىخ تارتتى. 1938 - يىلى ئۇ 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ دارىلفۇنونىغا ئوقۇشقا كىرگەندە، يولداش لىن جىلۇ دارىلفۇنوندا ئىلمىي مۇدىر ئىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف بۇ مەكتەپتە يولداش لىن جىلۇنىڭ بىۋاسىتە تەربىيىسى ئارقىلىق پەننىي بىلىملەرنى، بولۇپمۇ ماركسىزمچە پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد قاتارلىق دەرسلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىش نەتىجىسىدە، خەلقنىڭ پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىلا ئاندىن ئازادلىققا ئېرىشەلەيدىغانلىقى، سوتسىيالىزم يولىلا خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزالايدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى بىر قەدەر چوڭقۇر ئۆزلەشتۈردى، بۇ ئارقىلىق ئۇ، خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە سوتسىيالىزم ئۈچۈن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى تىكلەپ، جاھانگىرلىككە قارشى ئىنقىلابىي كۈرەشلەرگە ئۆزىنى بېغىشلىغان ئىدى.

1941 - يىلى غەربتە گېتلىر فاشىزمى سوۋېت ئىتتىپاقىغا



تاجاۋۇز قىلىپ موسكۋا ئەتراپىغىچە بېسىپ كىردى، شەرقتە ياپون باسقۇنچىلىرى تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىنى قوزغىدى. جۇڭگودا بولسا، جياڭ جيېشى «جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى» نى تۇغدۇرۇپ، كوممۇنىستلارنى پاجىئەلىك قىرغىن قىلىشقا باشلىدى. ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتتىكى مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، پۇرسەتپەرەست شېڭ شىسەي ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىنقىلابقا، كومپارتىيىگە، خەلققە قارشى چىقىپ، ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئاتتى. بۇ چاغدا جياڭ جيېشى ئۆز يېقىنلىرى ۋە ئەمەلدارلىرىنى شىنجاڭغا كەينى - كەينىدىن ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەي بىلەن سىياسىي سودا قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر قانچە چوڭ مەنسەپلەرنى بەردى.

1942 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شېڭ شىسەي جياڭ جيېشىنىڭ ئىشەنچىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يالغان دېلو ياساپ چىقىپ، شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان يۈزدىن ئارتۇق كوممۇنىستلارنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئالدى، شۇ قاتاردا ھەر مىللەتتىن بولغان ئىلغار زىيالىيلارنى، ئوقۇغۇچىلارنى ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىمۇ كۆپلەپ قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى، ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىنى ئاق تېرورلۇق قاپلاپ كەتتى. شۇ چاغلاردا شېڭ شىسەي پەيدا قىلغان پاجىئەلىك ۋەقەلەر ئىنسانىيەت تارىخىدا ھەقىقەتەن ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى.

شېڭ شىسەي قولغا ئالغان كىشىلەرنىڭ بالا - چاقىلىرىنى «خائىنلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى» دەپ، چەت جايلارغا سۈرگۈن قىلدى. شۇ قاتاردا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىمۇ ساۋەنگە سۈرگۈن قىلغان ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ دادىسى ئەينى يىللاردا بىر قەدەر ئاڭلىق - تەرەققىيپەرۋەر كىشى بولۇپ، 30 - يىللاردىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى ئاكتىپ قوللىغۇچىلاردىن

ئىدى. شۇ سەۋەبتىن شىڭ شىسەي ئۇنىڭ دادىسىنىمۇ قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان ئىدى.

ئابباسوف ساۋەندە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىدى، ئۇ، بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن مەكتەپتىكى خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن خەنزۇچە ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى ۋە تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا قىسقا بىر مەزگىل ئىچىدىلا ئۆزىگە خەنزۇچە تىل ۋە يېزىق جەھەتلەردە پۇختا ئاساس سېلىۋالدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف گومىنداڭ شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىن چىقىپ كېتىشى، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنى تاپشۇرۇۋېلىش ئارىلىقىدىكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئائىلىسىگە قايتىپ بېرىۋالدۇ، ئۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئائىلىسى غۇلجىدا ئىدى.

گومىنداڭ كېلىپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پىرقە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشقا كىرىشتى، 1943 - يىلى ئىلىدا گومىنداڭنىڭ چۇيداڭبۇسى قۇرۇلدى. بۇ چۇيداڭبۇ ئىلىدىكى نەنجىڭگە قاراشلىق ھاۋا ئارمىيە مەكتىپىنى بازا قىلىپ، ئۆزىگە كۈچ توپلىماقچى بولدى. ۋىلايەت بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يىغىۋېلىپ، كۇرس ئېچىش ئۇسۇلى بىلەن مېڭە يۇيۇش ئېلىپ باردى. غۇلجىدىكى ماركسىزم - لېنىنىزم كلاسسىك ئەسەرلىرى ۋە مەكتەپ دەرسلىكلىرى سېتىلىدىغان خەلقارا كىتابخانىغىمۇ پايلاقچى قويۇپ، نازارەت ئاستىغا ئالدى ۋە كىتابخانىغا كەلگەن كىشىلەرنى تەقىپ قىلدى. شۇ يىلى يازدا «چەت ئەل كىتابلىرى كۇتۇپخانىسى» ئېچىش باھانىسى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قوللىرىدىكى چەت ئەل كىتابلىرىنى، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان كىتاب ۋە دەرسلىك قوللانمىلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن



مەكتەپلەرنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى.

شىڭ شىسەينىڭ خائىنلىقى ئارقىسىدا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى، يەرلىك ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى، بولۇپمۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھاۋا ئارمىيە مەكتىپىنىڭ ئادەملىرى ھەددىدىن ئېشىپ خەلقنىڭ جېنىغا تەگدى، ئۇلار ئاممىۋى سورۇنلاردا، كۇلۇبلاردا خەلقنى بوزەك قىلغانلىقتىن، ئۇلار بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا ئۇدا بىر قانچە قېتىم ماجرالار چىقتى. گومىنداڭ خەلققە تەھدىت سېلىش، تەقىپ قىلىش، قاماققا ئېلىش قاتارلىق ئىشلارنى كۈچەيتتى، ئالۋان - ياساقنى كۆپەيتىپ خەلقنى جېنىدىن جاق تويغازدى. بۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا ئات سېلىقى سېلىپ، چارۋىچى خەلقنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ قوزغىدى، بۇ قوزغىلاڭ ئوتىنى تۇتاشتۇرىدىغان پىلتە بولدى.

1944 - يىللىرى 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ۋەزىيىتىدە تۈپكى بۇرۇلۇش ھاسىل بولۇپ، گېتلېر گېرمانىيىسى مەغلۇبىيەتكە قاراپ يۈزلەندى، شەرقتە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىمۇ كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى، شىنجاڭدىمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ شەرت - شارائىتلىرى پىشىپ قالغانىدى. مۇنداق پايدىلىق شەرت - شارائىت ئاستىدا «غۇلجا ئازادلىق جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. شۇ چاغدىكى كۈرەشنىڭ ئېھتىياجى ۋە تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن «غۇلجا ئازادلىق جەمئىيىتى» رەھبەرلىكى تەركىبىدە يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەر گەرچە كۆپ سانىنى تەشكىل قىلسىمۇ، لېكىن يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋەكىللىكىدىكى ياش ئىلغار كۈچلەرمۇ بار ئىدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى خىزمىتىگە رەھبەرلىك

قىلغۇچىلار ئىچىدە ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىنى بىر قەدەر ياخشى ئۆگەنگەن ھەم ئۆزىدە مەلۇم ئاساس ياراتقان بولغاچقا، بۇ جەمئىيەتنىڭ خىزمىتىنى توغرا يولغا سېلىشتا، مىللىي باراۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىتتىپاقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەشتە، شەھەر خەلقىنى قوزغىتىپ، تەشكىللەپ قوراللاندۇرۇشتا بولسۇن يولداش ئابباسوۋنىڭ تۆھپىسى چوڭ بولدى.

1944 - يىلى 9 - ئايدا، نىلقا تاغلىرىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى، گومىنداڭچىلار بولسا، قوزغىلاڭ باشلىغان ئالتە كىشىنى «ئالتە ئوغرى»، دەپ سۈندۈرۈپ، ناھايىتى چاپسان يوقىتىپ تاشلايمىز دەپ داۋراڭ سالدى، ئەمما ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بولسا ئۇلارنى «ئالتە باتۇر» دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالاتتى ۋە ئۇلارنى سۆيەتتى. ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرى خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا مەدھىيىلىنىپ، خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىش روھىغا مەدەت بولاتتى.

نىلقا تاغلىرىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، گومىنداڭچىلارنىڭ غۇلجا شەھىرىدىكى نازارىتى ۋە تۇتقۇن قىلىشلىرى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ شەھەردە تۇرۇپ ئىشلىشى خەتەرلىك بولۇپ قالغان ئىدى، شۇڭا ۋاقىتلىق شەھەردىن ئايرىلىپ، تاغدىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا ماسلىشىشنىڭ ھەر خىل تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى.

1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تاڭ سەھەردە



نىلقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى، بۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف باشلىغان قوراللىق كۈچلەر شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدىن ھۇجۇم باشلىدى، ئىككى تەرەپتىن قىلىنغان ھۇجۇم نەتىجىسىدە 11 - نويابىر كۈنى غۇلجا شەھىرى تولۇق ئازاد قىلىندى، 12 - نويابىر كۈنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. شۇنىڭدىن باشلاپ خەلق قوراللىق كۈچلىرى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ، 45 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى گومىنداڭچىلارنى تەلتۆكۈس تازىلاپ بولدى.

1945 - يىلى يازدا ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت ياشلىرىنى تەشكىللەپ، ئۇلارنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەش قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش، ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ مېۋىلىرىنى ساقلاش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، يولداش ئابباسوف «ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى» قۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن 1945 - يىلى 11 - ئايدا غۇلجىدا 1 - قېتىملىق ياشلار ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلىپ، «ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى» رەسمىي قۇرۇلدى. يىغىندا ئابدۇكېرىم ئابباسوف بۇ تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرى، ناھىيىلىرىدىمۇ بۇ تەشكىلاتنىڭ ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ئارقىمۇ - ئارقا قۇرۇلدى. 1946 - يىلى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ خىزمىتى ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەنگە قەدەر، يولداش ئابباسوف ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتىدا مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدى. بۇ ئارىلىقتا مەنمۇ شۇ تەشكىلاتتا بولۇپ، ئابباسوف بىلەن بىرگە ئىشلىگەن ئىدىم.

ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتىنى يولداش ئاباسوفنىڭ رەھبەرلىكىدە «كۈرەش» ناملىق ژۇرنال نەشر قىلىپ، بۇ ئارقىلىق ياشلارغا ئىلغار ئىدىيىلەرنى سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنى ئىنقىلابىي روھ بىلەن تەربىيىلەپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشكە سەپەرۋەر قىلاتتى.

يولداش ئاباسوف ياشلارغا قارىتا سىياسىي — ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى، ياشلارغا خەلقارا ۋەزىيەت، جۇڭگونىڭ ئازادلىق ئۇرۇش ۋەزىيىتى توغرىسىدا ئۆزى بىۋاسىتە دوكلات بېرەتتى.

يولداش ئابدۇكېرىم ئاباسوفنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى، ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشىنى ناھايىتى چىڭ تۇتاتتى، خىزمەتنىڭ شۇنچە ئالدىراشلىقىغا قارىماي ھەر كۈنى ۋاقىت چىقىرىپ كىتاب ئوقۇيتتى، ماتېرىيال كۆرەتتى ۋە خاتىرە يازاتتى. ئاباسوفنىڭ مۇنداق بىر ئادىتى زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ: ئۇ چاغلاردا يەنئەن بىلەن غۇلجىنىڭ ئارىلىقى يىراق بولغاچقا، شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ رادىئو خەۋەرلىرى بىزگە ئاڭلانمايتتى، شۇڭا، ئاباسوف شىنجاڭغا قوشنا بولغان بىر قانچە دۆلەتلەرنىڭ خەنزۇچە رادىئو ئاڭلىتىشلىرىدىن بىر قەدەر ئوبيېكتىپ دەپ تونۇلغان ئىستانسىلارنىڭ كۈندىلىك خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ رەتلەپ، بىزنى كۈندىلىك خەۋەرلەر بىلەن تەمىنلىگەندىن تاشقىرى، شۇ خەۋەرلەردىن پايدىلىنىپ ئومۇمىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلغان ئاساستا، ياشلارغا بېرىدىغان دوكلاتلارنى تەييارلاپ چىقاتتى. يولداش ئاباسوف يالغۇز يەرلىكتىكى ياشلارنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، ئارمىيە ئىچىدىكى ياشلارنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى.



1948 - يىلى يولداش ئاباسوف مىللىي ئارمىيىنىڭ ئۈتتۈرا فرونتىغا كېلىپ قىسىملاردىكى كوماندىر - جەڭچىلەرگە سىياسىي دەرس ئۆتۈپ، مەخسۇس تېمىلاردا دوكلات بەرگەن ئىدى. بۇنىڭدا ئاساسەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرى سۆزلەنگەنىدى.

يولداش ئابدۇكېرىم ئاباسوفنىڭ ماھىر تەشۋىقاتچى ۋە ئىقتىدارلىق تەشكىلاتچى ئىكەنلىكىنى، ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشلەردە ئوينىغان رولى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن تولۇق ئىسپاتلىدى. ياشلارغا ئىشلەنگەن سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى ئارقىلىق، ياشلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ۋە جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەش قىلىش ئاڭلىقچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، گومىنداڭغا قارشى كۈرەش جەريانىدا ھەرقايسى ساھەدىكى خىزمەتلەردە كۆرۈنەرلىك ياخشى رول ئوينىدى. شۇنىڭدەك مىللىي ئارمىيە جەڭچى تولۇقلاش توغرا كەلسىلا، ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئالدى بىلەن ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرۇپ قىسىملارغا كىرەتتى. بىرەر جىددىي ئەھۋال يۈز بەرسە، شۇئان ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى سەپەرۋەر قىلىنىپ قوراللاندۇرۇلاتتى. مەسىلەن: ئالتايدا گومىنداڭچىلار ۋە باندىتلار ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى قوراللىق ۋەقە تۇغدۇرغاندا، چۆچەكتىكى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى دەرھال سەپەرۋەر قىلىنىپ قوراللاندۇرۇلغان ئىدى، قىسقىسى ئىدارە - جەمئىيەت، مەكتەپ، زاۋۇت، كان - كارخانا ۋە يېزىلاردا ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى كەڭ كۆلەمدە قۇرۇلغانلىقتىن، ياشلارنى تەربىيىلەش، ياشلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىشقا شۇنداقلا

ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىدىيۋى تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئاڭ سېزىمىنى ئۆستۈرۈشتە بۇ تەشكىلات كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى. دېمەك، ياشلارنىڭ ئىنقىلابىي تەشكىلاتىنى قۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىشتا يولداش ئابباسوفنىڭ رولى ئالاھىدە چوڭ بولدى.

يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف 1945 - يىل 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ (سوپاخۇن پولكوۋنىكنىڭ پولكى بىلەن)، مۇز داۋان ئارقىلىق ئاقسۇغا چۈشۈپ گومىنداڭ قىسىملىرىغا قارشى جەڭلەرگە رەھبەرلىك قىلدى.

يولداش ئابباسوف يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ماھىر تەشۋىقاتچى، ئىقتىدارلىق تەشكىلاتچى بولۇپلا قالماستىن، ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى، ھوشيارلىقى ۋە ئالدىن كۆرەرمەنلىكى بىلەن يولداشلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا «11 بىتىم» ئىمزالىنىپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان يېڭى ئەھۋال ئاستىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىنقىلابقا، كومپارتىيىگە، خەلققە قارشى ئەكسىيەتچىل مەيدانىنىڭ زادىلا ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭغا قارشى كۈرەش قىلىشتا ئىككى قول تەييارلىق كۆرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئالدىنئالا تولۇق مۆلچەرلىگەن يولداش ئابباسوف پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ھەر مىللەت ئىلغار كۈچلىرىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىشقا تەشكىللەش ۋە بۇ كۈرەشنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، تېخىمۇ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر مەخپىي پارتىيە قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئابباسوفنىڭ بۇ تەشەببۇسى مۇناسىۋەتلىك



يولداشلارنىڭ مۇزاكىرىسىدە ماقۇل كۆرۈلگەندىن كېيىن، 1946 - يىلى باھاردا «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» تەشكىللى قۇرۇلدى. يولداش ئابباسوف جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب توغرىسىدىكى پروگراممىسى ۋە نىزامنامىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ يېڭى ئەھۋالغا بىرلەشتۈرگەن ئاساستا پارتىيىنىڭ پروگرامما ۋە نىزامنامە لايىھىسىنى ئۆز قولى بىلەن تەييارلاپ چىقتى. پارتىيە پروگراممىسىنى تەييارلاشتا شىنجاڭنىڭ مەسىلىسى ئاخىرى قانداق بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلە مۇزاكىرە قىلىنغاندا، يولداش ئابباسوف ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «قەتئىي سوتسىيالىزمغا ماڭىمىز، سوتسىيالىزم قۇرۇشتا كومپارتىيە رەھبەرلىكى بولۇشى لازىم»، دەپ ھازىرقى ئوبيېكتىپ ئەھۋالدا ئۇنداق ئوچۇق يېزىشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى، بۇ مەسىلىنى گومىنداڭ ئاغدۇرۇلۇپ شىنجاڭ تولۇق ئازاد بولغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق مۇزاكىرىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش لازىم، دېگەن مەزمۇندىكى پىكىرىنى بەرگەندە، بۇ پىكىرنى ھەممە بىر ئېغىزدىن قوبۇل قىلدى. پارتىيە نامى «شىنجاڭ خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» (قىسقارتىپ «خ ئى پ») دەپ بېكىتىلدى، يىغىندا «خ ئى پ» نىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى، شۇنىڭدەك يولداش ئابباسوفنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتتىكى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى «خ ئى پ» نىڭ ياشلار بۆلۈمى بولىدىغانلىقى قارارلاشتۇرۇلدى. پارتىيىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاشقا قاتتىق دىققەت قىلىش توغرىسىدا ئالاھىدە توختىلىپ، خەت ئالاقىلەردە ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ئەسلى ئىسمىنى يېزىشقا بولمايدىغانلىقى، ئۆزگەرتكەن ئىسىم قوللىنىش لازىملىقى تەكىتلەندى.

بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ئابباسوفنىڭ خىزمىتى

ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتنىڭ بەزى مۇھىم جايلىرىدا پارتىيە گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىل قىلدى. ئۇ چاغدا، يەتتە ۋىلايەتتىكى پارتىيە گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى گومىنداڭنى بىتىمنى تولۇق ئىجرا قىلىشقا مەجبۇر قىلىش، ئۇلارنىڭ بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا يول قويماسلىق ئىدى.

1946 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا جياڭ جيېشى ئاتالمىش «خەلق قۇرۇلتىيى» چاقىرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى، ئاتالمىش «خەلق قۇرۇلتىيى» چاقىرىش دېگىنى، 1945 - يىلى 1 - ئايدا چاقىرىلغان ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ۋەكىللىرى ۋە جەمئىيەتتىكى مۆتىۋەر زاتلار قاتناشقان سىياسىي كېڭەش يىغىنىنىڭ روھى ۋە پرىنسىپلىرىغا خىلاپ بولغاچقا، جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە باشقا دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار بۇ ئاتالمىش قۇرۇلتايغا قاتنىشىشنى رەت قىلدى. لېكىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتناشقان ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف گومىنداڭنىڭ كۆتمىگەن يېرىدىن چىقىپ، ئاتالمىش قۇرۇلتايغا قاتناشماقچى بولدى. چۈنكى ئۇ چاغدا، شىنجاڭدا 11 بىتىم سەۋەپچى بولۇپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغان بولغاچقا، ئۇلار قۇرۇلتايغا قاتناشمىسا گومىنداڭنىڭ بىتىمنى بۇزۇشىغا سەۋەپچى بولۇپ قالاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، شۇ چاغلاردا گومىنداڭنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تۇرۇۋاتقان نەنجىڭدە جۇڭگو (كومپارتىيىسىنىڭ) ۋەكىللەر ئۆمىكى بار ئىدى. دېمەك، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى مەقسەتلىك ھالدا شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ باشقا ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە نەنجىڭگە باردى.



قورچاق قۇرۇلتايغا شىنجاڭدىن بارغان ۋەكىللەر 1947 - يىلى 1 - ئايدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى، يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا «خ ئى پ» نىڭ ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىنى چاقىردى. مەن شۇ چاغدا ئەسئەت ئىسھاقوف بىلەن بىرگە غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كەلدىم. يىغىندا ئابباسوف نەنجىڭگە بارغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللارنى، ئۆزىنىڭ يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشۈپ مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنى، دۇڭ بىۋۇنىڭ مۇھىم يوليورۇق بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى، ھەمدە ئۈرۈمچىدىكى ئىلغار خەنزۇ زىيالىيلىرىدىن تەشكىللەنگەن «شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى» نىڭ ئەزالىرىنىمۇ «خ ئى پ» قا قاتناشتۇرۇشنى مۇزاكىرىگە قويدى ۋە مۇنداق بىرلىشىشنى ئېلىپ بارغاندا «خ ئى پ» نىڭ كۈچىنى تېخىمۇ ئۇلغايتقىلى بولىدىغانلىقىنى تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقىنىڭ مەسئۇللىرىدىن لى تەييۈي، چېن شىخۋا، لوجىلەر يىغىنغا قاتناشتى، بۇ يىغىندا «خ ى پ» نىڭ رەھبەرلىكى تولۇقلاپ سايلاندى.

رەھبەرلىك تولۇقلانغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم ئابباسوف بۇ قېتىم يولداش ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن نەنجىڭگە بارغاندا، قورچاق قۇرۇلتايغا شەكلەن قاتنىشىپ قويۇپلا، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا نەنجىڭدىكى ئاسارە - ئەتىقىلەرنى ۋە باشقا مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ يۈرگەچ جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تۇرغان جايىنى ئىزلەپ تاپقانلىقىنى، يولداش دۇڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى، يولداش دۇڭ بىۋۇغا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي ئەھۋاللىرى، گومىنداڭ بىلەن بىتىم تۈزۈپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنغانلىقى، «خ ئى پ» نىڭ قۇرۇلۇش جەريانى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىك تەركىبى، نۆۋەتتە

جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا جىددىي مۇھتاج بولۇۋاتقانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى دوكلات قىلغانلىقىنى يەتكۈزدى. يولداش دۇڭ بىۋۇ مەركەزنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىنى، شۇنىڭدەك مەركەزنىڭ مۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بەرگەنلىكىنى، قايتىدىغان چاغدا يولداش دۇڭ بىۋۇ ئالاقە قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، يولداش پىڭ گوئەننى (ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى ۋاڭ نەندى، ئازادلىقتىن كېيىن بىر مەزگىل پوچتا تېلېگراف ئىدارىسىغا مۇئاۋىن باشلىق بولغان) ئاباسوفقا قوشۇپ شىنجاڭغا ئەۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

1947 - يىلى جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىلىرى ئۇستۇن ئەسكىرىي كۈچ تولپلاپ يەنئەنگە ھۇجۇم قوزغىدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يەنئەندىن ۋاقىتلىق چېكىندى، بۇ چاغدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى كۆرەڭلەپ شىنجاڭدا بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا باشلىدى، بىتىمدە بەلگىلەنگەن خەلقنىڭ دېموكراتىك سايلام ھوقۇقىغا ھەر خىل ۋاستىلەر ئارقىلىق چاڭ سېلىپ، ۋەقە تۇغدۇردى. بىتىم ماددىلىرىدا: «شىنجاڭ خەلقىگە دېموكراتىك سايلام ھوقۇقى بېرىلىدۇ، ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ سەنيىخۇيلىرىنى خەلق بىۋاستە سايلاپ چىقىدۇ، سەنيىخۇيلەر شۇ ناھىيىنىڭ ھاكىملىرىنى سايلاپ چىقىدۇ، ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىيلىرىنى خەلق كۆرسىتىدۇ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ (ئاساسىي مەزمۇنى) ......» دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلار ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ كۆپ جايلىرىدا گومىنداڭ ھەربىيلىرى ۋە ساقچىلىرى ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىپ، سۇيقەست ۋە ھىيلە ئىشلىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ غەرىزىنى خەلققە مەجبۇرى تېڭىپ، كۆپ جايلاردا سايلامغا ئېغىر ھالدا



بۇزغۇنچىلىق قىلدى. سايلامدا مەقسىتىگە يېتەلمەي قالسا خەلق سايلاپ چىققان ھاكىملارغا خىلمۇخىل بەتنامىلارنى چاپلاپ قولغا ئېلىپ، تۈرمىلەرگە تاشلىدى. بەزى جايلاردا سايلام مەيدانىنى قورallىق قورشاپ ئالدى، ھەتتا كۇچا ناھىيىسىدە سايلىغۇچىلارغا ئوق ئېتىپ، خەلقلەرنى يارىدار قىلدى ۋە ئۆلتۈردى. بىر قانچە ۋىلايەتنىڭ ۋالىيلىرىنى خەلقنىڭ نارازى بولۇشىغا قارىماستىن، ئۆز ئالدىغا خىزمەتكە تەيىن قىلدى. ئۈرۈمچى ۋە باشقا بىر قىسىم جايلاردا ئاممىۋى نامايىش ئۆتكۈزۈپ، گومىنداڭنىڭ بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان جىنايى قىلمىشلىرىغا نارازىلىق بىلدۈردى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بەزى ئەكسىيەتچىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ ئەسكەرلىرىنى پۇقراچە ياساندۇرۇپ «نامايىش» قىلدۇردى، ئۇلار گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا، ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى شوئارلارنى توۋلاپ قانلىق ۋەقە تۇغدۇردى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىشخانىسىغا باستۇرۇپ كىردى (بۇ چاغدا ئاباسوف، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق يولداشلار تۇرلۇك چارە - ئاماللار ئىزدەپ يولداش ئەخمەتجاننىڭ ئامانلىقىنى ساقلاپ قالغان)، يەنە بىر تەرەپتىن بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىنكى ئوڭۇشلۇق شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە ئىشپىيون ئەۋەتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان ئوسمان قاتارلىق كىشىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇلارغا قورال - ياراق، ئوق - دورا، پۇل - پىچەك بېرىپ ئالتايدا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ باندىتلىق قىلىشقا كۈشكۈرتۈپ، ئۈچ ۋىلايەت بازىسىنىڭ ئارقا سېپىنى بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچراتماقچى بولدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى

گەرچە بىتىمگە ئىمزا قويغان بولسىمۇ، لېكىن بىتىمگە خىلاپلىق قىلىش ئىشلىرى كۈندىن ـ كۈنگە مانا مەن دەپ ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. 1947 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ پىكرىنى ئالمايلا ئۆزىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەرگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئورنىغا مەسئۇتنىڭ رەئىسلىككە تەيىنلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلدى، بۇنداق قىلىش بىتىمنىڭ روھىغا خىلاپ ئىدى. شۇڭا بۇنىڭغا نارازى بولغان ھەر مىللەت خەلقلىرى ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئاممىۋى نامايىشلار ئۆتكۈزۈپ نارازىلىق بىلدۈرۈشتى. شۇ چاغلاردا ئۈرۈمچىدە يىغىن ئېچىشقا كەلگەن يېڭىدىن سايلانغان ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپچىلىك ۋەكىللەرمۇ مەسئۇتنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە رەئىس بولغانلىقىغا نارازىلىق پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن، كېڭەش ئەزالىرىنىڭ پىكىر بېرىشىنى چەكلەپ، بوغۇپ قويغانلىقتىن، ئاخىرى ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىنى ئېچىشقا مۇمكىن بولمىدى. نەتىجىدە ۋەكىللەر يىغىن ئاچالماي تارقاپ كەتتى، جۈملىدىن ۋەكىللەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىلى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئۆز خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرالماي، ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا ماناس دەرياسىنى چېگرا قىلغان بىر ـ بىرىگە قارىمۇ ـ قارشى ئىستىھكام پەيدا بولدى. ئۈرۈمچى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئۈزۈلدى.

1948 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى ستراتېگىيىلىك



قايتارما ھۇجۇم باسقۇچىغا ئۆتۈپ، ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ۋەزىيەتتىكى ئۇلۇغ بۇرۇلۇش ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە غايەت زور ئىلھام بولدى. ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى ۋە ھەر ساھە زاتلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كەڭ دائىرىلىك بىرلىكسەپ قۇرۇلدى. 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى، بۇ ئىتتىپاق قۇرۇلغاندىن كېيىن، «خ ئى پ» نىڭ ئىشىنى توختىتىپ ئىتتىپاققا قوشۇۋېتىش لازىم تېپىلدى.

«ئىتتىپاق» قۇرۇلغاندىن كېيىن، يولداش ئابباسوف تەشۋىقات تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى، پېڭ گوئەن بىزگە شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ ئىچكىرىدىكى ئەھۋالدىن بەرگەن خەۋەرلىرىنى ئېلىپ ئاڭلىتىپ تۇردى، ئىلىدىكى گېزىتلەر شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرىنى ئۈزۈلدۈرمەستىن بېسىپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقلىرىگە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرىنى يەتكۈزۈپ تۇردى.

بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن، ئىلىدا ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ خەلق ئىچىدە غۇلغۇلىلار كۆپىيىشكە باشلىدى، يولداش ئابباسوف پېڭ گوئەننىڭ خىزمەتتە ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى مەن بىلەن بىر قوروغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى، ھەمدە ماڭا قوروغا قالايمىقان ئادەملەرنى كىرگۈزمەسلىكنى، ئەتە ـ ئاخشامدا دىققەت قىلىشىمنى تاپىلىدى. بۇ مەزگىللەردە ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىكى گېزىت ـ ژۇرناللار ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، خەلقنىڭ ئازادلىققا بولغان ئىشەنچىسىنى

مۇقىملاشتۇرۇش، خەلقنىڭ كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. يولداش ئاباسوف مەتبۇئاتلاردا يەنە ماركسىزم، لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىگە دائىر ماقالە - نۇتۇقلارنى ئېلان قىلدۇرۇپ تۇراتتى. ماۋجۇشىنىڭ ماقالىلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، خەلققە تەشۋىق قىلىشتا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، شۇ قاتاردا ماۋجۇشىنىڭ «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇرچە قول يازمىسىنى تەييارلىدى، مەن بۇ ئەسەرنى تۇنجى قېتىم ئاباسوفنىڭ قولىدىن ئېلىپ كۆرگەن ئىدىم.

جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى بىرلىكسەپ خاراكتېرىنى ئالغان «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ رەھبەرلىكى، ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى بىلەن ھەرقايسى ئاممىۋي تەشكىلاتلارغا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىپ، ھەر ساھەدىكى خىزمەتلەرنى يولغا قويۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بازىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭنى ئازاد قىلىش كۈرىشىگە يېقىندىن زىچ ماسلاشتى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋجۇشى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق كۈرىشىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، شىنجاڭنى بالدۇرراق ئازاد قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، يولداش دېڭ لىچۈننى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق غۇلجىغا ئەۋەتتى، يولداش دېڭ لىچۈن 1949 - يىلى 8 - ئايدا غۇلجىغا يېتىپ كېلىپ، «لىچۈن» رادىئو گرامىمىسى قۇردى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىسىدا ئالاقە ئورنىتىلدى. ئەخمەتجان قاسىمى ئابدۇكېرىم ئاباسوف قاتارلىق يولداشلار، يولداش دېڭ لىچۈننى قىزغىن



قارشى ئالدى، ئۇنىڭغا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈن ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئاباسوف، دەلىلقان، لوجى قاتارلىق بەش كىشى (يولداش لوجى ئۇرۇمچىدە بولۇپ، يولغا چىقىش ئالدىدا غۇلجىغا يېتىپ كەلگەن) جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن، 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى سوۋېت ئارقىلىق بېيجىڭغا ئۇچىدىغان ئايروپىلاندا يولغا چىقتى. ھەممە ئۇلار ئۇشتۇمتۇت ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ، بىز بىلەن مەڭگۈگە ۋىدالاشتى، بۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن، شۇنداقلا پارتىيىمىز ئۈچۈن غايەت زور يوقىتىش ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ماۋجۇشى ئۈچ ۋىلايەتكە: «...... يولداش ئەخمەتجان باشلىق بەش نەپەر يولداش ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش يولىدا ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلدى، بۇ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ. يولداش ئەخمەتجان، يولداش ئىسھاقبېك، يولداش ئابدۇكېرىم ئاباسوف، يولداش دەلىلخان سوگۇربايېف ۋە يولداش لوجى مەڭگۈ ھايات» ، دېگەن مەزمۇندا تەزىيە تېلېگراممىسى يېزىپ ئەۋەتتى.

بۇ قايغۇلۇق ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى ئىنتايىن ئېغىر قايغۇغا چۆمدى، 1949 - يىلى ××× ئاينىڭ ×× كۈنى غۇلجىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ بارلىق كوماندىر - جەڭچىلىرى، «ئىتتىپاق» نىڭ بارلىق ئەزالىرى، زاۋۇت - كان ئىشچىلىرى، دېھقانلار، ئىدارە -

جەمئىيەت كادىرلىرى ۋە مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، شەھەر ئاھالىلىرى بولۇپ نەچچە مىڭلىغان ئادەملەر قاتتىق سۈكۈت ئىچىدە قايغۇلۇق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىگىلمەي - سۇنماي كۈرەش قىلغان بۇ قەھرىمانلارغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى.

يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف ناھايىتى قىسقا ياشىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن مەنىلىك ياشىدى، يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئىنقىلاب يولىغا قەدەم قويغاندىن كېيىنكى قىسقىغىنا ھاياتى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن ۋە ئاكتىپ تەشۋىق قىلغان تىرىشچان ھايات؛ جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش تۇغىنى باشتىن - ئاخىر تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرگەن جەڭگىۋار ھايات؛ ئۇ، جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىگىلمەي - سۇنماي باتۇرانە كۈرەش قىلىپ كەلگەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىنقىلابىي ياشلىرىنىڭ تىپىك - قەيسەر ۋەكىلى. شۇڭا يولداش ئابباسوفنى پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى دائىم ياد ئېتىدۇ ۋە مەڭگۈ ئۇنۇتمايدۇ.

(ئاپتورى: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى)



# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى مائارىپ ئەھۋالى

ئەنۋەر خانبابا

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى نەتىجىسىدە، 1944 - يىل 12 - نويابىر كۈنى غۇلجا شەھىرىدە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەركىبىدە نازارەتلەر، ئىدارىلەر بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىلىرى، ناھىيىلىك ھاكىم ئىدارىلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى قەدەممۇ قەدەم تولۇقلاندى.

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇشى بىلەن مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈنۈپ، 1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئېچىلغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىنىڭ 4 - سانلىق مەجلىسىدە قوبۇل قىلىنغان توققۇز ماددىلىق ھۆكۈمەت خىتابنامىسىنىڭ 5 - ماددىسىدا «مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» دەپ بەلگىلەندى. 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى مائارىپ نازارىتى تەشكىل قىلىندى ھەمدە نازىرلىققا ھەبىب يۈنچى، مۇئاۋىن نازىرلىققا سەيپىدىن ئەزىزى تەيىنلەندى. ھەبىب يۈنچى ۋاپات بولغاندىن كېيىن سەيپىدىن ئەزىزى نازىر بولدى. مۇقاتاي قۇرجاقانوو مۇئاۋىن نازىر بولدى. سابىت داموللام،

سەيپۇللايوفلار رەھبەرلىك خىزمىتىگە قاتناشتى. مائارىپ نازارىتى قارمىقىدا ئىشخانا، مەكتەپلەر بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، مەدەنىيەت بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، دەرسلىك تەييارلاش بۆلۈمى، تارىخ تەتقىقات بۆلۈمى قاتارلىق بۆلۈملەر تەشكىل قىلىندى. مەن مەكتەپلەر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ خىزمەت قىلدىم. ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن ئىمىن ئاخۇن تارىخ، كىۋىر نىياز، مۇتەللىپ قاسىم، مۇھەممەت باقى، مۇھەممەت مەنسۇر، ئىمىن موللاخۇن، ئىمىن ئىلياس قاتارلىقلار بار ئىدى.

1) مائارىپ نازارىتى قۇرۇلۇشى بىلەن جايلاردا ھەر دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي ئورۇنلىرى تەسىس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن شەھەر، ناھىيە، ۋىلايەت دائىرىسىدە مائارىپ خىزمەتلىرىنى تەشكىللەش ئىشى باشلىنىپ كەتتى. 1945 ـ 1946 ـ ئوقۇش يىلىغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلەش زۆرۈر ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى ئوقۇتقۇچى مەسىلىسى ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار سان جەھەتتە ئازلىق قىلاتتى، چۈنكى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن مىللىي زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى دېيەرلىك مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيتتى. ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىدە مىللىي خىزمەتچىلەر يوق دېيەرلىك ئىدى. ئىنقىلابتىن كېيىن ھەممە ئىدارىلەردە مىللىيلار خىزمەت قىلىدىغان بولدى، شۇ سەۋەبتىن كۆپلىگەن ئوقۇتقۇچىلار ئىدارىلەر ۋە ھەربىي ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئەگەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتۇرۇلمىغاندا، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يېڭىدىن ئوقۇتقۇچى تەييارلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئوقۇتقۇچى مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتۇرۇشتا چىڭ تۇردى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئىتى مەجلىسىنىڭ 1945 ـ



يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چىقارغان 108 ـ نومۇرلۇق قارارىنىڭ 3 ـ ماددىسىدا «خۇسۇسىي ئىش بىلەن شۇغۇللانغان ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇتقۇچىلىقتا مەجبۇرىي قايتۇرۇلسۇن، ھەربىي ئورۇنلاردا ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقانلار ئىچىدە بۇرۇن مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغانلار بولۇپ، ئەگەر ئۇلارنى مائارىپ نازارىتى تەلەپ قىلسا، ھەممىسى مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا قايتۇرۇلسۇن»، دەپ بەلگىلەنگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپلەرنى ئوقۇتقۇچى بىلەن تەمىنلەش بىر قەدەر ئوڭۇشلۇق بولدى. لېكىن سان مەسىلىسى بىلەن بىللە سۈپەت مەسىلىسى، خۇسۇسەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىدىئولوگىيە مەسىلىسى، ئوقۇغۇچىلارغا قانداق تەربىيە بېرىش مەسىلىسى نۆۋەتتىكى مۇھىم مەسىلە ئىدى. چۈنكى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى شېڭ شىسەي دەۋرىدە، گومىنداڭ دەۋرىدە ئوقۇغان ھەم ئىشلىگەن ئادەملەر ئىدى. ئەمدى بولسا، خەلق گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مۇستەبىتلەرنىڭ مىللىي زۇلۇم ۋە ئېزىشىدىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن نەپەس ئېلىشقا باشلىغان دەۋر ئىدى. خەلقنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ، مائارىپقا، ئوقۇشقا بولغان روھىي ھالىتى يۇقىرى ئىدى. مانا مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى قانداق روھ ۋە قانداق ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەش بىر مەسىلە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنى ئىدىيە جەھەتتە تەربىيىلەش، ئاندىن قالسا، كەسپىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كۈنتەرتىپكە قويۇلغان بىر ۋەزىپە بولۇپ قالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1945 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، ئوق ئاۋازلىرى تېخى توختىمىغان بىر شارائىتتا، غۇلجا شەھەر ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈچۈن بەيتۇللا مەكتىپىدە قىسقا مۇددەتلىك كۇرس تەشكىل قىلىندى. 1945 ـ يىلى يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەممە ناھىيىلىرىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن غۇلجا

شەھەر رۇس گىمنازىيىسىدە ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى تەشكىل قىلىندى. مەزكۇر كۇرسلاردا مەن كۇرس مۇدىرى ۋە ئوقۇتقۇچى بولۇپ خىزمەت قىلدىم. 1946 ـ يىلى يازدا، ۋىلايەت بويىچە ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ جىلىلىيۈزى يېزىسىدا تەشلىك قىلىندى. زۆرۈرىيەت ئېھتىياجى بىلەن بۇ خىل كۇرسلار ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ھەر يىلى يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ ئېچىلىپ تۇرۇلدى. «ئوقۇتقۇچىلار سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ۋىلايەتلەر ھەر يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا بىر ئايلىق ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئاچسۇن» دەپ بەلگىلەنگەنىدى. بۇ كۇرسلاردا مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. لېكىن قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلاردا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پەننىي بىلىم سەۋىيىسى ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قىيىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كەچكى مەكتىپى غۇلجا شەھەر ئىلى مەكتىپىدە تەشكىل قىلىندى. 1945 ـ يىلى 5 ـ دىكابىردا ئېچىلغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەيئەتلەر مەجلىسىنىڭ 158 ـ قارارىدا «مائارىپ نازارىتى ئالتە ئاي مۇددەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچسۇن، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە مەلۇم سەۋىيىگە ئىگە، ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىشنى خالايدىغان ھەر مىللەت ياشلىرى مىللەت ۋە جىنسىدىن قەتئىي نەزەر ئىشتىن ئايرىلغان ھالدا ئوقۇتقۇچىلار سىنىپىدا ئوقۇسا بولىدۇ. مەكتەپ مۇدىرى ۋە ئىلمىي مۇدىرلىرىمۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدا خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئوقۇسا بولىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىلەش كۇرسلىرىدا دىنىي دەرس بېرىش ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، دىنىي نازارەت مەخسۇس كۇرس ئېچىپ دىنىي ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلىسۇن» ، دەپ بەلگىلەنگەنىدى.



ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ پەننىي ۋە كەسپىي بىلىم سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى، چۈنكى، ۋەزىيەت شۇنى تەلەپ قىلاتتى. 1948 ـ يىلدىن باشلاپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى پۈتتۈرگەن مەكتىپى ( مەلۇماتى ) ۋە خىزمەت ستاژىغا قاراپ بېرىلىدىغان بولدى. ئوقۇتقۇچىلارغا ئۆز بىلىملىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش توغرۇلۇق مۇددەت بەلگىلەپ بېرىلدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى مەمۇرىي كادىرلارغا قارىغاندا يۇقىرى ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتى مۇدىرىنىڭ مائاشى ۋىلايەت ۋالىيسىنىڭ مائاشى بىلەن تەڭ ئىدى. شۇڭا ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى نىسبەتەن مۇقىم، تۇرمۇشى بىر قەدەر خاتىرجەم ئىدى.

2 ) دەرسلىك مەسىلىسى ـ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك زۆرۈر ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى. چۈنكى، گومىنداڭ ۋاقتىدا قوللانغان دەرسلىكلەرنى قوللىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئالدى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك تەييارلاش زۆرۈر تېپىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مائارىپ نازارىتى قۇرۇلۇشى بىلەن دەرسلىكلەر تەييارلاش بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، دەرسلىكلەرنى تۈزۈش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتى باشلاندى. ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ياشايدىغان ھەممە مىللەتلەرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە، داغۇر، ئۆزبېك، تاتار، خەنزۇ، خۇيزۇ، رۇس مىللەتلىرىنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇتۇلىدىغان مەكتەپلىرى قۇرۇلغانىدى. باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن ئېلىپبە، گرامماتىكا، ئوقۇش كىتابى، ھېساب، تەبىئەت، تارىخ، جۇغراپىيە، دىن دەرسلىكلىرى تەييارلاندى. مەكتەپلەردە ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، شىبە ۋە باشقا مىللەت تىللىرىدا دەرس ئۆتۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر مىللەتلەر تىلىدا دەرسلىك تەييارلاندى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىلغان دەرسلىكلەردىن قىسمەن پايدىلىنىلدى. رۇس

مەكتەپلىرى پۈتۈنلەي سايۇزدا نەشر قىلىنغان دەرسلىكلەرنى قوللاندى. دەرسلىك تۈزۈشنىڭ مۇرەككەپلىكى، مەتبەئە قىيىنچىلىقى، ۋاقىت قىسلىقى ۋە باشقا قىيىنچىلىقلار سەۋەبىدىن ھەممە دەرسلىكلەرنى ھەر مىللەت تىلىدا تولۇق تۈزۈش قىيىن ئىدى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە دەرسلىك تۈزۈشنىڭ زۆرۈرلىكى ئېتىبارى بىلەن، ھەر مىللەت باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئاساسىي جەھەتتىن تەمىن ئېتىلدى.

3) 1945 ـ يىلى يازدا ھۆكۈمەت، خەلق كۈچى ۋە ئۆشرە ـ زاكات كىرىمى (1945 ـ يىللىق ئۆشرە ـ زاكاتنى پۈتۈنلەي مائارىپ ئىشلىرىغا ئىشلىتىش قارار قىلىنغانىدى) بىلەن مەكتەپ بىنالىرى رېمونت قىلىندى ھەم زۆرۈر جاھازىلار بىلەن تولۇقلاندى. 1945 ـ 1946 ـ ئوقۇش يىلىدا، مەكتەپنى ۋاقتىدا ئېچىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەندى. 1945 ـ يىلى 1 ـ سېنتەبىردىن ئېتىبارەن مەكتەپلەر ئوقۇش باشلىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن، ئاتا ـ ئانىلار، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىن بىزار بولغانىدى. چۈنكى، ئوقۇشنىڭ ساپاسى تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. ئوقۇغۇچىلار ساۋاتى چىققاندىن كېيىنلا ئوقۇشنى خالىمايتتى. ۋەھالەنكى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئالىي مەكتەپ ئەمەس، ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىش ئىمكانىيىتى ئاز ئىدى. سەۋەبى، پۈتۈن ئىلى ۋىلايىتى بويىچە بىرلا گىمنازىيە مەكتىپى بولۇپ، بۇنىڭدا بەش سىنىپ ئۇيغۇر ئوغۇللار، ئىككى سىنىپ ئۇيغۇر قىزلار، تۆت سىنىپ خەنزۇ، ئىككى سىنىپ موڭغۇل، بىر سىنىپ رۇس بالىلىرى ئوقۇيتتى، قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى بولسا خەنزۇ قىزلىرىغا خاس ئىدى. مۇھىمى، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. شۇنىڭ



ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار باشلانغۇچ مەكتەپتىمۇ ئوقۇشنى خالىمايتتى ھەم مەكتەپكە كەلمەيتتى. مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇھىم بىر ئىشى، ھەر كۈنى كوچىدا ئۆيمۇ ـ ئۆي يۈرۈپ بالا يىغىش ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى، مەن غۇلجا شەھىرى ئۆزبېك «نەمۇنە» مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئىشلەيتتىم. مېنىڭ ھەر كۈنلۈك ئاساسىي ۋەزىپەمنىڭ بىرى ئوقۇتقۇچىلارنى بالا يىغىشقا تەشكىللەش ۋە ئۆزۈممۇ ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىللە كوچىمۇ كوچا يۈرۈپ ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپكە چاقىرىش ئىدى. بۇ ئىشتىن ئوقۇتقۇچىلارمۇ، ئاتا ـ ئانىلارمۇ، ئوقۇغۇچىلارمۇ بىزار ئىدى. ئوقۇغان بىلەن چىقىش يولى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى ھۈنەر ـ كەسىپ ئۆگىنىشكە بېرەتتى. ئۆگىنىدىغان كەسىپلەر سەيپۇڭچىلىق، موزدوزلۇق، ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك، تامچىلىق ۋە سودا ـ سېتىق قاتارلىق ئىشلار ئىدى. ئوقۇغۇچىلار بىرەر كەسىپ ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتى بولاتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئەھۋال پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. 108 ـ قارارنىڭ 2 ـ ماددىسىدا: «ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارغا شەھەرلەردە تولۇقسىز مەجبۇرىي تەلىم، يېزا، قىشلاقلاردا باشلانغۇچ مەجبۇرىي تەلىم ـ يۈرگۈزۈش»، دەپ بەلگىلەنگەنىدى. مۇھىمى ئوقۇشنى خالايدىغان بولدى. غۇلجا شەھىرىنى ئالساق، ئاۋغۇست ئېيىدا ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە تىزىملىنىپ بولاتتى، 1 ـ سېنتەبىر كۈنى مەكتەپلەردە رەسمىي دەرس باشلىناتتى. كېچىكىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپكە كىرگۈزۈش خېلى قىيىن ئىدى.

نېمە ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشقا بولغان ھەۋىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى مەكتەپكە بېرىشكە قىزىقىدىغان بولدى؟ چۈنكى، ئامما مائارىپنىڭ ئىستىقبالىنى

كۆردى، ئوقۇش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇش يولىنى تاپىدىغان بولدى. باشلانغۇچ مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەرلەردىكى نۇقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەر يېنىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا، تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرى ئېچىلدى. قازاق، قىرغىز، موڭغۇل مىللەتلىرى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاچقا تارقاق ياشايدىغانلىقى، كۆكلەۋ، يايلاۋ، كۈزلەۋ ۋە قىشلاۋ ئارا كۆچۈپ يۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، شەھەر - يېزىلارغا ئوخشاش مۇقىم بىر يەردە ئوقۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چارۋىچى خەلقنىڭ بىر قەدەر توپلىشىپ ئۇزۇنراق ئولتۇرىدىغان جايى قىشلاۋ بولۇپ، بۇ يەردىمۇ تۆت - بەش ئايلا ئولتۇرۇش مۇمكىن ئىدى. باشقا ۋاقىتلاردا بەك تارقاق جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنى توپلاش تەس، شۇنىڭ ئۈچۈن چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئوقۇتۇش مەسىلىسىنى ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلىش چارىسى چارۋىچى خەلقنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئىدى. لېكىن بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت، ئىقتىساد ۋە تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەر كېرەك بولاتتى. ئۈچ ۋىلايەت شارائىتىدا بۇنى ھەل قىلىش قىيىن ياكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قازاق، قىرغىز، موڭغۇل چارۋىچى خەلقنىڭ بالىلىرىنى يۇقىرى سىنىپلاردا (تولۇقسىز ئوتتۇرىدا) ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، مەركەزلەشكەن ياتاقلىق مەكتەپلەر قۇرۇلدى. ئىلى ۋىلايىتىنى مىسالغا ئالساق، بۇ خىل مەكتەپلەردىن غۇلجا، سۈيدۈڭ، چىلپەڭزە، بورتالا، ئارشاڭ، جىڭ، كۈنەس، توققۇزتارا، قىزىلكۈرە، موڭغۇلكۈرە، يۇلتۇز ناھىيىلىرىدە تەشكىل قىلىنغانىدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ پۈتۈن راسخوتى ھۆكۈمەت تەرەپتىن بولۇپ، پەقەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق راسخوتىنى ئاتا - ئانىلار ئۈستىگە ئالغانىدى.



موڭغۇللارنىڭ يۇقىرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن غۇلجىدا ياتاقلىق مەكتەپ تەشكىل قىلىندى، بۇ مەكتەپنىڭ پۈتۈن راسخوتى ھۆكۈمەت تەرەپتىن بېرىلدى. بۇنىڭ سىرتىدا بورتالا، ئارشاڭ، جىڭ، يۇلتۇز ناھىيىلىرىدە ياتاقلىق مەركەزلەشكەن مەكتەپلەر بار ئىدى.

شەھەر، يېزىلارنىڭ نۇقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپلىرى يېنىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلار، ئايرىم مەكتەپلەردە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلار، مەركەزلەشكەن ياتاقلىق مەكتەپلەر تەشكىللەنگەنلىكى ئۈچۈن، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئالاھىدە نەتىجە كۆرۈلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنى ئاساسەن ئۈچ ۋىلايەت تولۇق ئوتتۇرا ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن تەمىنلىدى.

1945 - 1946 - ئوقۇش يىلىدا ئىلى ۋىلايىتىدە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر 303 بولۇپ، بۇنىڭدىن قازاق مەكتىپى 147، ئۇيغۇر مەكتىپى 106، موڭغۇل مەكتىپى 10، رۇس مەكتىپى 13، شىبە مەكتىپى 11، خۇيزۇ مەكتىپى توققۇز، قىرغىز مەكتىپى ئۈچ، ئۆزبېك مەكتىپى ئىككى، تاتار مەكتىپى بىر، خەنزۇ مەكتىپى بىر، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 35 مىڭ 516 نەپەر. تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر 114، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر 12 بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت بويىچە مەكتەپلەر سانى 429 ئىدى. بۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى ئوقۇش يىلىدا مائارىپ ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن زور نەتىجە ئىدى.

ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، ئومۇمىي مەلۇماتقا ئىگە ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى، بوغالتىرلارغا بولغان ئېھتىياج تېخىمۇ زۆرۈر بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قىسقا مۇددەتلىك بوغالتىر يېتىشتۈرۈش كۇرسى

ئېچىلىپ، ئىدارە، جەمئىيەتلەرنىڭ مالىيە ـ ھېسابات خادىملىرىغا بولغان ئېھتىياجى قىسمەن تەمىن ئېتىلدى. 1948 ـ يىلغا كەلگەندە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ھەر ساھە مۇتەخەسسىسلىرىنى يېتىشتۈرۈش زۆرۈرىيىتى ۋە ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلى گىمنازىيىسى ئاساسىدا ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتى تەشكىل قىلىندى. بۇنىڭدا ئاگرونومىيە، مال دوختۇرلۇق، زوئوتېخنىكىلىق، ئوقۇتقۇچىلىق، ئىقتىساد، ئەدلىيە، قۇرۇلۇش قاتارلىق كەسىپلەر تەسىس قىلىندى. بۇنىڭدا 18 سىنىپ ئېچىلىپ، 500 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. تىببىي خادىملارغا بولغان ئېھتىياجنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن، تىببىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئېچىلىپ، نەچچە قارار ئوتتۇرا دەرىجىلىك تىببىي خادىملار تەربىيىلەندى. قىزلار ئۈچۈن تىككۈچىلىك ھۈنەر مەكتىپى ئېچىلىپ، تىككۈچىلەر تەربىيىلەندى. يېتىم ـ يېسىرلار ئۈچۈن دارىلئېتام ئېچىلىپ، ئۇلارنى ياتاق، تاماق، كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەش بىلەن بىللە، ئۇلارغىمۇ ئادەتتىكى مەكتەپلەرگە ئوخشاش دەرس ئۆتۈلدى. جەمئىيەتتىكى ئاجىز ئادەملەر ئۈچۈن دارىلئاجىزىن ئېچىلىپ، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

ياش ئەۋلادلارنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىللە، چوڭلارنىڭ ساۋات چىقىرىش ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى. گومىنداڭچىلار خەلق ئاممىسىنىڭ ساۋات چىقىرىشى بىلەن كارى يوق ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن چوڭلار ئىچىدە ساۋاتسىزلار كۆپ ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قازىنىش بىلەن، چوڭلار ئىچىدە ساۋات چىقىرىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى. ھەر يىلى قىشتا ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتى يۈرگۈزۈلۈپ، نۇرغۇن ئادەملەر ساۋاتلىق بولدى.



4) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئەكسىيەتچىل گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئوقۇتۇش سىستېمىسى، پروگراممىسى، دەرسلىكلىرى، تەلىم ـ تەربىيە جەھەتتىكى نامۇۋاپىق قائىدىلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىندى. چۈنكى، ئەكسىيەتچىل مائارىپقا ۋارىسلىق قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش زۆرۈر بولدى.

ئوقۇش سىستېمىسى جەھەتتە، گومىنداڭ ۋاقتىدا باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئالتە يىل، تولۇقسىز ئوتتۇرا ئۈچ يىل، تولۇق ئوتتۇرا ئۈچ يىل جەمئىي 12 يىل ئىدى. بىز باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى تۆت يىل قىلىپ ئۆزگەرتتۇق، چۈنكى، تۆت يىل بولغاندا باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىگە كاپالەتلىك قىلىش مۇمكىن ئىدى. ۋاقىتنى قىسقىراق قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى تېزرەك يېتىشتۈرگەندە ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ پايدىلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى قېرىنداش مىللەتلەردىن ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلىرى تۆت يىل ئىدى. بىزنىڭمۇ تۆت يىل بولغاندا، ئۇلارنىڭ دەرسلىك، پروگرامما ۋە باشقا جەھەتلەردىكى تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىشقا ئوڭايلىق تۇغۇلاتتى. ئەمەلىي قوللىنىش جەريانىدا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى تۆت يىللىق قىلغىنىمىز توغرا بولغانلىقى ئىسپاتلاندى.

باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ پروگراممىلىرى ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭدا سوۋېت پروگراممىلىرىدىن پايدىلىنىلدى. باشلانغۇچ مەكتەپلەردە گرامماتىكا، ئوقۇش كىتابى، ھېساب، تەبىئەت، دىن، رەسىم، شېئىر، گىمناستىكا قاتارلىق دەرسلەر كىرگۈزۈلدى. ئوتتۇرا مەكتەپلەردە گرامماتىكا، ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، تارىخ، جۇغراپىيە، بىئولوگىيە (بوتانىكا، زوئولوگىيە، ئاناتومىيە،

فىزىئولوگىيە)، گىمناستىكا، دىن دەرسلىرى ئۆتۈلەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ھەپتىسىگە 24 سائەت، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرىلاردا 30 سائەت دەرس ئۆتۈلەتتى. بىر سىنىپتا ئادەتتە 30 بالا ئوقۇيتتى. خەلق تارقاق جايلاشقان، ئوقۇغۇچىلار ئاز جايلاردا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە بىرلەشمە سىنىپلار تەشكىل قىلىنىدى.

باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرىلاردا دىن دەرسى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، سائەت سانى ئاز ئەمەس ئىدى، دىن دەرسى سائىتىنى مائارىپ نازارىتى بىلەن دىنىي نازارەت بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ بەلگىلەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن دىنىي نازارەتنىڭ پىكرى بويىچە دىن دەرسى سائىتى كۆپرەك بەلگىلەنگەنىدى. يازلىق تەتىلدىكى قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچىلار كۇرسلىرىغىمۇ دىن دەرسى كىرگۈزۈلگەنىدى.

مەكتەپلەردە ئوغۇل - قىز ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش ئوقۇيتتى، 1948 - يىلىغا كەلگەندە، غۇلجا شەھىرىدە بىر باشلانغۇچ قىزلار «سايرامىيە» مەكتىپى تەشكىل قىلىنىدى.

باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر مائارىپنىڭ ئاساسى، بۇ ئاساس ياخشى بولمىسا مائارىپتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. تەلىم - تەربىيە مەكتەپنىڭ ئاساسىي مەسىلىسى، مەكتەپلەردە تەلىم - تەربىيە خىزمىتى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلمىسا، ياش ئەۋلادلارنى ئەخلاقلىق، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرگىلى بولمايدۇ. ئوتتۇرا ۋە ئالىي دەرىجىلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ يارامىلىق بولۇشىدا، ئاساسىي مائارىپنىڭ رولى زور، شۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ، چىڭ تۇتۇلدى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ۋە ئەخلاقىغا نومۇر قويۇشتا ئەلا، ياخشى، ئوتتۇرا، ناچار، ناھايىتى ناچار دەپ بەش دەرىجىگە بۆلۈندى. بىر ئوقۇش يىلى تۆت چارەككە بۆلۈنۈپ، ھەر چارەك



داۋامىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈشىگە ئاساسەن دەرس سوراپ باھالىنىپ، چارەك ئاخىرىدا سىناق ئېلىپ، ئادەتتىكى ۋاقىتىدا دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نومۇرى بىلەن چارەكلىك سىناق نەتىجىسىنى بىرلەشتۈرۈپ باھا بېرىلەتتى. يىل ئاخىرىدا يىللىق ئىمتىھان ئېلىناتتى، يىللىق ئىمتىھان سوئاللىرى ئالاھىدە چىقىرىلىپ، مەكتەپلەرگە تارقىتىلىپ بېرىلەتتى. بەزى دەرسلەردىن ئاغزاكى، بەزى دەرسلەردىن يازما، بەزى دەرسلەردىن ھەم يازما ھەم ئاغزاكى ئىمتىھان ئېلىناتتى. ئىمتىھان ئالغاندا، دەرس ئوقۇتقۇچىسىدىن باشقا، نازارەت قىلغۇچى ئوقۇتقۇچىمۇ بولاتتى. تۆت چارەكنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ۋە يىللىق ئىمتىھان نەتىجىسى ئاساسىدا، يىللىق نەتىجە چىقىرىلاتتى، ئىككى پەندىن ئۆتەلمىسە كۈزلۈك ئىمتىھانغا قاتنىشاتتى، كۈزلۈك ئىمتىھاندىن ئۆتسە سىنىپتىن كۆچۈرۈلۈپ، ئۆتەلمىسە سىنىپتا قالاتتى.

ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ھەربىر ناھىيە، شەھەر ئۆزلىرى تەكشۈرۈپ تۇرغانىنىڭ سىرتىدا، ۋىلايەت تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئىلى ۋىلايىتىدە ھەربىر ناھىيىگە بىردىن مۇپەتتىش تەيىنلەنگەنىدى، بۇ مۇپەتتىشلەر بەلگىلەنگەن ناھىيىلەرگە بېرىپ، ئوقۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن ئوقۇش يىلىغا تەييارلىق كۆرۈش خىزمەتلىرىنى يەنى مەكتەپلەرنىڭ رېمونت قىلىنىشى، پارتا، ئورۇندۇق، دوسكا قاتارلىق مەكتەپ جاھازلىرىنىڭ رېمونت ۋە تولۇقلىنىش ئەھۋالىنى؛ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تولۇق - كەملىكى ۋە دەرسكە تەييارلىق قىلىش ئەھۋاللىرىنى، ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىنكى تەلىم - تەربىيىگە دائىر خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى. ھەممە ناھىيىلەرنىڭ مۇپەتتىشلىرى ۋاقتى - ۋاقتىدا خىزمەتلىرىدىن دوكلات بېرىپ، نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلەر توغرۇلۇق يوليورۇق ئېلىپ، يەنە ئۆز ناھىيىلىرىگە بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باراتتى.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇش يىلىغا تەييارلىق قىلىش خىزمەتلىرى چىڭ تۇتۇلاتتى. ئوقۇتقۇچىلار يازلىق قىسقا مۇدەتلىك كۇرسلارغا قاتناشقاندىن سىرت، ھەر يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا، ئوقۇش يىلى باشلىنىشتىن بۇرۇن ئوقۇتقۇچىلار كونفىرىنسىيىسى ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇنىڭدا ئۆتكەن ئوقۇش يىلىنىڭ خىزمەتلىرى يەكۈنلىنىشتىن سىرت، تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلاتتى ۋە يېڭى ئوقۇش يىلىنىڭ ۋەزىپىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلاتتى.

مەكتەپ ئوقۇتۇش ـ تەربىيە ئىشلىرىنىڭ نەتىجىلىك بولۇشى ـ مەكتەپ، ئائىلە، جەمئىيەت ئۈچ تەرەپنىڭ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشىغا باغلىق. ئاتا ـ ئانىلارنى مەكتەپ ئىشىغا جەلپ قىلىش ئۈچۈن، ھەربىر مەكتەپ يېنىدا ئاتا ـ ئانىلار كومىتېتى تەشكىل قىلىناتتى. ئاتا ـ ئانىلار كومىتېتى مەكتەپ رەھبەرلىكىگە ئوبدان ماسلىشىپ، مەكتەپنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلىرىغا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەربىيە ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەم بېرەتتى. ھەربىر مەكتەپ دائىرىسىدە مەكتەپ ئىشلىرىغا كۆيۈنىدىغان، غەمخورلۇق قىلىدىغان، مەكتەپ ئىشىنى ئۆز ئىشىم دەپ قارايدىغان ئاتا ـ ئانىلار ئاز ئەمەس ئىدى. ئاتا ـ ئانىلار كومىتېتىغا ئاساسەن ئەرلەر ئىشتىراك قىلاتتى.

5) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، غۇلجىدا مائارىپ نازارىتى، تاباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى، ناھىيىلەردە بۆلۈملەر تەشكىل قىلىندى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قازىنىپ، 11 ماددىلىق بىتىم تۈزۈلگىچە بولغان ئارىلىقتا (1945 ـ 1946 ـ يىللىرى) ئۈچ ۋىلايەت مائارىپ ئىشلىرىغا مائارىپ نازارىتى بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلدى. 1946 ـ يىلى 1 ـ ئىيۇلدا 11 ماددىلىق بىتىم ئاساسىدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت مائارىپ نازارىتى ئەمەلدىن قېلىپ، ئۈچ



ۋىلايەت مائارىپىغا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مائارىپ نازارىتى رەھبەرلىك قىلدى. ئەمما بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئۇزاق داۋام قىلمىدى. 1947 ـ يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا بىتىم بۇزۇلدى. بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت مائارىپ ئىشلىرىغا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن، سەيپىدىن ئەزىزى باشچىلىقىدا ئۈچ ۋىلايەت مائارىپ رەھبەرلىك ھەيئىتى قۇرۇلدى. بۇ ھەيئەت تاكى ئۆلكە ئازاد بولغانغا قەدەر ئۈچ ۋىلايەت مائارىپىغا رەھبەرلىك قىلدى. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مۇئاۋىن رەئىسى ئۈچ ۋىلايەت رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. مەن بىتىم ۋاقتىدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت مائارىپ نازارىتىدە مۇدىر كاتىپ (مىشۇ جۇرىن) بولۇپ ئىشلىدىم، بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن تاكى ئازادلىققا قەدەر ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسىنىڭ (ئىدارىسىنىڭ) باشلىقى بولۇپ ئىشلىدىم

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قازىنىپ تاكى ئازاد بولغانغا قەدەر بەش يىل ۋاقىت ئۆتتى. بۇ، تارىخىي جەھەتتىن ئالغاندا ناھايىتى قىسقا ۋاقىت بولسىمۇ، ئەمما بۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مائارىپ ساھەسىدە نۇرغۇن ئىشلار قىلىندى، بۇ ھەممىگە ئايان.

1948 ـ 1949 ـ ئوقۇش يىلىغا كەلگەندە، ئۈچ ۋىلايەتتە يەنى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە 545 باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ، 1830 سىنىپ، 56 مىڭ 900 ئوقۇغۇچى، 2059 نەپەر ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچى بار ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقتىدا يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك تولۇقسىز ئوتتۇرا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئايرىم ـ ئايرىم تەشكىل قىلىنماستىن، بەلكى نۇقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەر بىلەن بىرلىكتە ئېچىلغانىدى. ئۈچ ۋىلايەت مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان ئىلى، ئالتاي

ۋىلايەتلىرىنىڭ مائارىپىغا نىسبەتەن ھەقىقەتەن زور ئىدى. يەتتە ۋىلايەتتىكى 100 مىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھەربىلىرىنىڭ مۇھاسىرىسى ئاستىدا تۇرغان ئۈچ ۋىلايەتتە، قىسقىغىنە بەش يىل جەريانىدا مائارىپ ساھەسىدە مۇنداق تەرەققىياتلارغا ئېرىشىش ھەقىقەتەن زور غەلىبە ئىدى.

ئەلۋەتتە، ئۈچ ۋىلايەت مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى زور دېگەندە، بىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىكى ئەكسىيەتچىل گومىنداڭ ۋاقتىدىكى مائارىپنى نەزەردە تۇتىمىز. تەبىئىيكى، بۇنى ئازادلىقتىن كېيىنكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى شىنجاڭ مائارىپ تەرەققىياتى بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئازادلىقتىن كېيىنكى شىنجاڭ مائارىپى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، دەۋرنىڭ تەقەززاسى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەلەپ ۋە ئېھتىياجى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى نەتىجىسىدە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇنىڭدا شەك ـ شۈبھە يوق، بۇمۇ ھەممىگە ئايان.

( ئاپتورى: ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى)



# ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بېسىپ ئۆتكەن جەڭ مەيدانى

ئابدۇرېھىم مەرۇپ

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئىلى رايونىنى ئازاد قىلغانلىقى تېخى ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى قەدەمدىكى غەلىبىسى بولۇپ، گومىنداڭنىڭ ئۆزلۈلدۈرمەي قىلىۋاتقان ھۇجۇملىرىنى زەربە بىلەن چېكىندۈرۈپ، قولغا كەلتۈرگەن ئىنقىلاب غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت جىددىي ۋە مۇشكۈل ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، تارقاق ھەرىكەت قىلىۋاتقان پارتىزانلار ئەترەتلىرىنىڭ كۈچىگىلا تايىنىش كۇپايە قىلمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرلىككە كەلگەن مۇنتىزىم ھەربىي قىسىملار بىلەن ھازىرقى تارقاق ھالەتتە جەڭ قىلىۋاتقان پارتىزانلار ئەترىتىنى زىچ ماسلاشتۇرغاندىلا، ئاندىن ئادەم سانى ۋە قوراللىنىش جەھەتتىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە قىلغان ھۇجۇمىنى چېكىندۈرگىلى بولاتتى. ئەنە شۇنداق تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، 1945 ـ يىلى يانۋاردىكى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ 4 ـ سانلىق يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن ئەسلىدىكى ئۈچ ۋىلايەت پارتىزانلار شتابى ھەربىي ئىدارىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئەخمەتجان قاسىمى پولكوۋنىك ئۇنۋانى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. بۇ چاغلاردىكى ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي

قىسىملىرى ئاساسەن تارقاق ھالەتتىكى پارتىزانلار قىسىملىرى ئىدى. مانا مۇشۇنداق ھالەتتىكى مۇنتىزىم ھەربىي تەلىم تەربىيە كۆرمىگەن پارتىزانلار قىسمىنى مۇنتىزىم ھالەتتىكى ھەربىي قىسىمغا ئايلاندۇرۇش ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان يەنە بىر قېتىملىق ئىنتايىن كەسكىن، مۇشكۇل ۋە جاپالىق ۋەزىپە ئىدى.

ئەخمەتجان قاسىمى گېنېرال ئىسھاقبېك قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىرلىكتە ئالدى بىلەن مىللىي ئارمىيىنىڭ ئۇستاپى بىلەن ھەربىي ئىنتىزامىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇستاپتا: ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىلەن خەلق، ئوفىتسېرلار بىلەن جەڭچىلەر، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئەسىرلەرنى باشقۇرۇش تۈزۈملىرى ئوچۇق بەلگىلەندى.

1945 - يىلى 12 - يانۋاردا، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ 6 - سانلىق يىغىنىدا ھەربىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەربىي ئۇنۋانىنى يولغا قويۇش قارار قىلىندى. 2 - ئاينىڭ 2 - كۈندىكى 12 - سانلىق ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرى يىغىنىدا 18 ياشقا توشقان گراژدانلارنىڭ ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش قانۇنى ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىندى. 2 - ئاينىڭ 24 - كۈندىكى 25 - سانلىق ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرى يىغىنىدا ئۇرۇش سېپىدە ۋە ئارقا سەپ تەمىنات خىزمىتىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى ئوردېن - مېدال بىلەن مۇكاپاتلاش قارار قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، 1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنىنى مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغان بايرام كۈنى قىلىپ بەلگىلەندى.

8 - ئاپرېل كۈنى غۇلجىدا مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى قۇتلۇقلاپ چوڭ يىغىن ئېچىلىپ، ئارمىيىگە بايراق تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ كۈنى مىللىي ئارمىيە كوماندىر - جەڭچىلىرى تولۇق قوراللىنىپ، پاراتتىن



ئۆتۈپ، ئۆزلىرىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى ۋە جاسارىتىنى نامايان قىلدى. بۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئەسىرلەردىن بېرى تۇنجى قېتىم قولىغا قورال ئالغان مۇنتىزىم ھالەتتىكى مىللىي ئارمىيە قىز - ئوغۇل جەڭچىلىرىنى كۆرۈپ ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا «ياشىسۇن بىزنىڭ مىللىي ئارمىيىمىز!»، «ھەممە فرونت ئۈچۈن!»، «ھەممە ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن!» دېگەن شۇئارلارنى ياڭراتتى.

بۇ چاغدا مەن غۇلجىدا (ھەربىي مال دوختۇرخانىسىدا) ئىشلەيتتىم. شۇ كۈنى مەنمۇ كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا شەرەپ بىلەن قاتناشتىم.

مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيە قۇرۇلۇش بىلەن بىر چاغدا قوماندانلىق شتاب، سىياسىي بۆلۈم، ئارقا سەپ ئىشلىرى بۆلۈمى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئالتە پولك، ئۈچ مۇستەقىل باتالىيون قۇرۇلدى. ھەرەمباغ، ئاچال ئۇرنىشغا قاتناشقان پارتىزانلار ئىلى ئىككىنچى پولكى، تەلىم تەربىيە تۆتىنچى پولكى، تېكەس ئۈچىنچى ئاتلىق پولكى قىلىپ تەشكىللەندى. سۈيدۈڭ ئۇرۇشىغا قاتناشقان پارتىزانلار سۈيدۈڭ بىرىنچى پولكى قىلىپ تەشكىللەندى. قورغاس، كەڭساي ئۇرۇشىغا قاتناشقان پارتىزانلار كەڭساي ئۈچىنچى ئاتلىق پولكى، خۇيزۇ مۇستەقىل باتالىيونى قىلىپ تەشكىللەندى. چاپچال ناھىيىسىدىكى پارتىزانلار شىبە مۇستەقىل پاتالىيونى قىلىپ تەشكىللەندى. ئارشاڭ ناھىيىسىدىكى پارتىزانلار مۇڭغۇل ئاتلىق مۇستەقىل پولكى قىلىپ تەشكىللەندى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە توققۇزىنچى قارا ئاتلىق پولك قاتارلىقلار قۇرۇلدى.

## 1

گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرى ئىلى ئىنقىلابىي كۈچلىرىنىڭ باشقا رايونلارغا كېڭىيىپ كېتىشىنى توساش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچىگە تايىنىپ شىخۇ، جىڭ رايونلىرىدىكى مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق باش شتابى گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆزۈپ تاشلاپ، قورالىلىق كۈرەشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئازاد رايونلىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، دۈشمەن ۋە ئۆزىمىزدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن شىمالىي يۆلىنىش، ئوتتۇرا يۆنىلىش ۋە جەنۇبىي يۆنىلىش بويىچە جەڭ قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى.

شىمالىي يۆنىلىشنىڭ ۋەزىپىسى تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى ئازاد قىلىش؛ ئوتتۇرا يۆنىلىشنىڭ ۋەزىپىسى جىڭ، شىخودىن ئىبارەت ئىككى ناھىيىنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلەش؛ جەنۇبىي يۆنىلىشنىڭ ۋەزىپىسى باي ناھىيىسى بىلەن ئاقسۇ ناھىيىسىنى ئازاد قىلىپ، گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىسىملىرىنىڭ ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭغا قىسىم يۆتكەپ كېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن بىر چاغدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كەڭ رايونلاردا پارتىزانلىق ئۇرۇشنى قوزغاپ، گومىنداڭنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، شىمالىي يۆلىنىش ۋە ئوتتۇرا يۆلىنىشتە بولىۋاتقان جەڭنىڭ غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئۈچ يۆلىنىشتىكى جەڭدە، ئوتتۇرا



يۆلىنىشتىكى جەڭنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئەڭ مۇھىم ئىدى. چۈنكى شىخو، جىڭ بولسا ئىلى بىلەن تارباغاتاي، ئالتاينى تۇتاشتۇرۇدىغان قاتناش تۈگىنى ھەمدە ئۈرۈمچىگە بېرىشتا چوقۇم بېسىپ ئۆتىدىغان يول بولۇپ، ئۇنىڭ ستىراگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرىدىمۇ مىللىي ئارمىيە بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش مەقسىتىدە جىڭ، شىخولاردا ئۆزلىرىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى كۈچەيتكەن ئىدى.

بوچاغلاردا ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى زور قىزغىنلىق بىلەن ئىنقىلابنى ھىمايە قىلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىنقىلابقا ياردەم قىلدى، ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن ھېچ نەرسىسىنى ئايىمىدى؛ ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن پۇلى بارلار پۇلىنى، مېلى بارلا مېلىنى ياردەم قىلدى، 7 ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان ھەممە ئادەم كۈرەشكە ئاتلاندى.

سۇيدۇڭ ناھىيىسىدە بولغان كىچىككىنە بىر ئىش بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ: مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى قوراللىق كۈرەشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئازاد رايونلارنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئۈچ يۆنۈلۈش بويىچە جەڭ قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىققاندىن كېيىن، سۇيدۇڭ ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى يىغىن ئېچىپ، ئارمىيىنىڭ كۈچىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خەلققە تەشۋىق قىلىپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن پىدائىي بولغۇچىلارنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى، ئالدىمىزدىكى جۈمە كۈنى ھەرقايسى مەسچىتلەرگە بېرىپ، خەلققە پىدائىي بولۇش توغۇرلۇق تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن پىدائىي بولغانلارنى تىزىملاپ كېلىشكە ئورۇنلاشتۇردى. بۇچاغدا مەن مەھەللىمىزدىكى مەسچىتكە بېرىپ، يۇقىرىنىڭ تەشۋىق تىزىسىغا ئاساسەن خەلققە تەشۋىق قىلدىم. تەشۋىقاتتىن ئىسلام ھەسەن (چاپايوپ)، ماموت ئەيسا، خودەدەم قاتارلىق 30 نەچچە

كىشى (كۆپى ياشلار، بىر نەچچىسى ئوتتۇرا ياشلىقلار ئىدى) بەس ـ بەستە پىدائىي بولۇشقا ئۆزلىرىنى تىزىملاتتى. بۇلار گەرچە نامرات كىشىلەر بولسىمۇ، «ئۆزىمىز ئات چىقىرىپ پىدائىي بولىمىز، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قولىدا ئىزىلىۋاتقان جەنۇبتىكى قېرىنداشلىرىمىزنى ئازاد قىلىشقا بارىمىز»، دەپ ئىرادە بىلدۈرۈپ ئۆز ئاتلىرى بىلەن پىدائىي بولۇشقا تىزىملاتتى. ئاخىرىدا مەسچىت ئىچىدىكى جامائەت ئۆزلىكىدىن «گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقۇتايلى! گومىنداڭ قولىدا ئىزىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنى ئازاد قىلايلى!» .... دەپ شوئار توۋلاشتى. شو قېتىم باشقا مەسچىتكە بېرىپ كەلگەنلەرنىڭ دوكلاتىدىن قارىغاندا، ئەھۋال مەن بارغان مەسچىتتىكىگە ئوخشاش بولۇپ، شو قېتىمدىلا ناھىيە بويىچە 500 دىن ئارتۇق كىشى ئۆزلىرىنى پىدائىي بولۇشقا تىزىملاتقان ئىكەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئۆز ئېتى بىلەن پىدائىي بولۇشقا تىزىملاتقانلار 200 دىن ئارتۇق بولغان)، بۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى غۇلجا شەھىرى ۋە ئىلى تەرەپتىكى ئازاد رايونلارنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق پىدائىي قوبۇل قىلىش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى كۆپەيتىپ ۋە كۈچەيتىپ، ھەر جەھەتتىن پۇختا تەييارلىق قىلىۋالغاندىن كېيىن جەڭ قىلىشقا ئاتلاندى.

## 2

مىللىي ئارمىيە ئوتتۇرا يۆنىلىش قوشۇنلىرى پائال تۈردە جەڭ، شىخولارغا ھوجۇم قىلىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان چاغدا، شىمالىي يۆنىلىش قىسىملىرى كەڭساي 3 ـ ئاتلىق پولكىنى ئاساس قىلىپ، دۆربىلجىن بىلەن چۆچەككە ھوجۇم قوزغاپ ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قىلدى. 1945 ـ يىلى 7 ـ



ئاينىڭ 24 ـ كۈنى دۆربىلجىن ئازاد قىلىندى، 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تارباغاتاي ۋىلايىتى پۈتۈنلەي ئازاد قىلىندى. بۇ جايدىكى دۈشمەننىڭ بىر قىسمى بىزگە ئەسىرگە چۈشتى، يەنە بىر قىسمى سوۋېت چېگرىسى ئىچىگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى (1946 ـ يىلى تىنچلىق بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇلارنى قايتۇرۇپ بەردى، شۇندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ئۇلارنى ئەسىر قاتارىدا گومىنداڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردى). تارباغاتاي، دۆربىلجىن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە تېزلىكتە ئالتايغا قاراپ يولغا چىقتى.

كەڭساي ئاتلىق 3 ـ پولكىنىڭ ئاساسلىق كۈچى 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قوبۇقسارنى ئازاد قىلدى، 24 ـ كۈنى قوبۇقساردىن بورچىنغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. بۇ چاغدا ئالتايدىكى دەلىلقان* پارتىزانلىرىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى بورچىننى ئازاد قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بىزنىڭ ئالدىنقى سەپ قىسىملىرىمىز سارسۇمبە يېنىدىكى ئاۋېيتەندە دەلىلقان پارتىزانلىرى بىلەن قوشۇلدى. 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئالتاي ناھىيىسىنى ئازاد قىلدى. ئالتايدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى جەنۇبىي يول ئارقىلىق گۈچۈڭغا قېچىپ كېتىش غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغانلىقىدىن، 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تاشقى موڭغۇلىيەگە قېچىپ كېتىش مەقسىتىدە، ئالتاينىڭ شىمالىي ئارقىلىق ئورمىگان داۋىنىغا قاراپ قاچتى، ئارمىيىمىز بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن قىسىملارنى ئالدىن ئالا ئورمىگان داۋىنىغا مۆكتۈرۈپ قويدى. دۈشمەن بۇ يەرگە يېتىپ كېلىش بىلەنلا داۋان ئۈستىدە توسۇپ ياتقان قىسىملىرىمىز

*ئۇ چاغدا دەلىلقان ئالتاي پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ باش قوماندانى ئىدى. كېيىن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى بولدى

دۇشمەنگە ئوق ياغدۇردى. بۇ چاغدا دۇشمەن ئامالسىز قىلىپ تەسلىم بولدى. گومىنداڭنىڭ ئالتايدىكى قورچاق ۋالىيسى گاۋ بەيىۋ بىلەن گومىنداڭ ئالتاي قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى گېنېرال ۋەن لىيوڭ تەسلىم بولۇش توختامىغا قول قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئالتاينىڭ قورچاق ۋالىيسى گاۋ بەيىۋ، گېنېرال ۋەن لىيوڭ ۋە 8 - پولكنىڭ كوماندىرى پەن جىسۇن قاتارلىق 152 نەپەر ئوفېتسېر، 1684 نەپەر ئەسكەر ئەسىرگە ئېلىندى. 1486 تال مىلتىق، 52 دانە ئېغىر - يېنىك پىلىموت، 8 دانە مىناميوت، 600 توياق ئات ۋە نۇرغۇن ئوق - دورا، گىراناتلار غەنىيمەت ئېلىندى. شۇنىڭ بىلەن 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئالتاي ۋىلايىتى پۈتۈنلەي ئازاد قىلىندى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى 1944 - يىلى 8 - ئايدىن باشلاپ ھەربىي قىسىملىرىنى كەڭ كۆلەمدە شىخوغا يۆتكەپ، شىخونى يېڭىلمەس مۇستەھكەم مۇداپىئە ئىستېھكامىغا ئايلاندۇرۇشقا جىددىي كىرىشتى.

1945 - يىلى 7 - ئايلارغا كەلگەندە، شىخوغا 2 - كورپۇسنىڭ بىۋاستە قىسىملىرىدىن 7 - شىنىڭ بىر تۇەنى، ئالاھىدە تۇەننىڭ بىر باتالىئونى، برونېۋىك تانكا لىيەنى، ئېغىر پىلىموت لىيەنى، ئايرىم زىنىت توپ قىسمى، ماشىنا تۇەنىنىڭ بىر قىسمى، چىپەيزىدىكى بىر ئاتلىق تۇەنى قاتارلىقلارنى ئورۇنلاشتۇردى. بۇندىن باشقا جەنۇبىي تاغ بورتوڭگۇ 3 - ئاتلىق تۇەننى، مايتاغقا 2 - لىيەننى، چىگىشۇرغا پىلىموت يىڭىنى بولۇپ جەمئىي 6000 دىن ئارتۇق قوراللىق كۈچلىرىنى ئورونلاشتۇرۇش بىلەن، نۇرغۇنلىغان ئوق - دورا، تەمىنات ۋە ھەربىي ئەشيالارنى توپلاپ پۇختا تەييارلىق كۆردى. بۇنىڭغا 2 - كورپۇسنىڭ قوماندانى شى يىفىڭ قوماندانلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە گومىنداڭ قىسىملىرى ناھىيە بازىرىنىڭ ئەتراپىغا قاتمۇ - قات پوتەي ياساپ، سىم توساق ئورناتتى، ئاكوپ



قازدى، خەندەك كولاپ سۇ قۇيۇۋەتتى. مۇداپىئە لىنىيىسىگە پۈتلا - كاشاڭ بولۇش ئېھتىمالى بولغان پۈقرارلارنىڭ ئۆيلىرىنى چېقىپ، تۈزلەپ، دەرەخلەرنى كېسىپ، يەرلەرنى ھەيدەپ، مىنا كۆمۈپ، مۇستەھكەم مۇداپىئە ئىستېھكامىغا ئايلاندۇرۇش بىلەن، ئۆز - ئۆزلىرىدىن مەغرۇرلۇنۇپ، شىخونى «يېڭىلمەس ئىستېھكام»، «خەۋپتىن خالىي مۇستەھكەم پولات قورغان»، «جىڭ فرونتىنىڭ مۇستەھكەم ئارقا سەپ تايانچىسى»، دەپ شىخو مۇداپىئەسىگە زور ئۈمىد باغلىدى.

بۇنىڭغا قارشى مىللىي ئارمىيىمۇ تولۇق تەييارلىق كۆردى. بىرىنچىدىن، ئەسكىرىي كۈچىنى تەڭشەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇرۇش پىلانى يېڭىدىن تۈزۈلدى، ئاساسىي ھوجۇم يۆنىلىشى بېكىتىلدى. بىز تەرەپنىڭ شىخوغا ھوجۇم قىلىدىغان ئەسكىرىي كۈچىمىز سۇيدۇڭ 1 - پولك، تارباغاتاي 6 - پولك، موڭغۇل ئاتلىق باتالىئونى ۋە موھاپىزەت باتالىئونى بولۇپ جەمئىي 4000 دىن ئارتۇغراق ئادەمگە يەتكۈزۈلدى؛ ئىككىنچىدىن، دۇشمەن ئەھۋالى رازۋېتكا قىلىنىپ، دۇشمەننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى ۋە ئاجىز نۇقتىلىرى ئۆز ۋاقتىدا ئىگىلەپ تۇرۇلدى؛ ئۈچىنچىدىن، دۇشمەننىڭ ئارقا سېپىدە پارتىزانلىق ئۇرۇشى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلدى.

پارتىزانلار ئەترىتى چىگىشۇر چوڭ كوۋرۈكىنى بۇزۇپ تاشلاپ، شىخونىڭ جىڭ بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈپ تاشلىدى، ئارقىدىنلا يەنە داۋاملىق تۈردە دۇشمەننىڭ ئارقا سېپىگە ئۆتۈپ، يەنسخەي، ماناس كۆۋرۈكىنى بۇزۇپ تاشلاپ، دۇشمەننىڭ ماشىنا قاتناش ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، دۇشمەننى ئۈرۈمچى - ماناسلاردىن شىخوغا ياردەم بېرىشكە چارىسىز قىلىپ قويدى. ئۇندىن باشقا پارتىزانلار ئەترىتى ئىرەن قابورغا، بورتوڭگو، يەنسخەي، ساۋەن، ماناس قاتارلىق جايلاردا دۇشمەننىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ، دۇشمەنگە غەربىتىن

شەپە بېرىپ قويۇپ، شەرقتىن زەربە بېرىش تاكتىكىسىنى قوللۇنۇپ، دۈشمەننىڭ قاتناش لىنىيىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، تېلېفون سىميولىنى كېسىۋېتىپ، قاتناش ئىشلىرىنى ۋە خەۋەر ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. پارتىزانلار ئەترىتى يەنە دۈشمەننىڭ ئۈرۈمچىدىن شىخوغا ئېلىپ كېلىۋاتقان 4 ئاپتوموبىل قورال - ياراق، ئوق - دورىلىرى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى قولغا چۈشۈرۈۋېلىپ، ئاپتوموبىللاردىكى دۈشمەننى تولۇق يوقۇتۇپ، ئاپتوموبىللارنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ئارقىدىنلا موڭغۇل ئاتلىق باتالىئونى بىلەن پارتىزانلىرى ئۈلانبۇلاقتىكى دۈشمەنگە تۇيۇقسىز ھوجۇم قىلىپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز قاتتىق جەڭ قىلىپ، ئۈلانبولاقنى ئازاد قىلدى. مەغلۇپ بولغان دۈشمەنلەر چىپەيزىگە قېچىپ كىرىۋالدى. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 30 كۈنى موڭغۇل ئاتلىق باتالىئونى بىلەن تارباغاتاي 6 - پولكى دۈشمەن ئايروپىلانلىرىنىڭ بومباردىمان قىلىشىغا قارىماي ئۈلانبولاقتىن چىپەيزىگە قاراپ جىددىي يۈرۈش قىلىپ، 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چىپەيزىنى شىمال، شەرىق، غەرىب ئۈچ تەرەپتىن قورشاپ جىددىي جەڭ قىلدى. بۇچاغدا دۈشمەن ئۆزىنىڭ مۇداپىئە ئاكوپلىرىدىن پايدىلىنىپ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇ قېتىمقى جەڭدە بىزنىڭ قىسىملىرىمىز زور چىقىم تارتتى. 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سۇيدۇڭ 1 - پولكى ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپ، چىپەيزىنىڭ غەربىدىن ئايلىنىپ، دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ شىخو بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنگە قارشى ئىككىنچى قېتىملىق ھوجۇم باشلىنىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن دۈشمەن بارلىق ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ، جەنۇب تەرەپتىن مۇھاسىرىدىن بۆسۈپ چىقىپ، شىخوغا قېچىپ كەتتى. چىپەيزە ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن ئارمىيىمىز يەنە تېزدىن شىخوغا قاراپ ئىلگىرىلەپ،



شىخونى ساقلاپ ياتقان دۈشمەننى قورشىۋالدى.

9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تاڭ سەھەردە، ئارمىيىمىز شىخوغا ئومۇمىيۈزلۈك ھوجۇم باشلىدى. سۇيدۇڭ 1 - پولكىنىڭ 1 - ، 2 - باتالىئونى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىش ئارقىلىق دۈشمەننىڭ 1 - مۇداپىئەلىنىيىسى بولغان شىخو بازىرىنىڭ شىمالىدىكى قارا دۆڭنى ئىشغال قىلدى.

دۈشمەن قولىدىن كەتكەن يەرلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ئىككى تانكىسىنىڭ ھىمايىسىدە قايتا ھوجۇمغا ئۆتتى. ئارمىيىمىز قەيسەرلىك بىلەن توسۇپ زەربە بەردى. دۈشمەننىڭ بىر تانكىسى پاچاقلاپ تاشلاندى، يەنە بىر تانكىسى قايرىلىپ قېچىپ ئۆزى قازغان خەندەككە چۈشۈپ كەتتى. ئارمىيىمىز بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوغلاپ زەربە بېرىپ، دۈشمەننىڭ قايتۇرما ھوجۇمىنى چېكىندۈردى، بۇ چاغدا گەرچە دۈشمەن يەنە شىخونىڭ جەنۇبى شىمالىدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىدىن ئەسكىرىي كۈچ يۆتكەپ كېلىپ، سۇيدۇڭ پولكىغا ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىملىق قايتۇرما ھوجۇم قوزغىغان بولسىمۇ، ھەممىسىگە قاخشاتقۇچ زەربە بېرىپ ئۇلارنى چېكىندۈردى. مۇشۇنداق كۆپ قېتىملىق ئېلىشىشلار ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ئەسكىرىي كۈچى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىدى.

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئارمىيىمىز دۈشمەننىڭ ئۈچىنچى مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، شىخو بازىرىغا ھوجۇم قىلدى. بىر قىسىم دۈشمەن ئەسىرگە ئېلىندى، يەنە بىر قىسىم دۈشمەن ئۈرۈمچىگە قاراپ قاچتى. مىللىي ئارمىيە ئاتلىق قىسىملىرى ۋە سۇيدۇڭ 1 - پىيادە ئەسكەرلەر پولكى دۈشمەنگە شىددەت بىلەن قوغلاپ زەربە بېرىپ، كۈيتۇن - شىخو ئايرىدورۇمى ۋە مايتاغ قاتارلىق جايلارنى ئارقا - ئارقىدىن ئىشغال قىلدى، گومىنداڭ «موستەھكەم قورغان» ، دەپ ئاتىۋالغان شىخو 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى پۈتۈنلەي ئازاد قىلىندى.

بۇ قېتىمقى جەڭدە 900 دىن ئارتۇق دۈشمەن يوقىتىلدى، 1200 دىن ئارتۇق دۈشمەن ئەسىرگە ئېلىندى، 5 تانكا ۋە برونېۋىك، 15 دانە زەمبىرەك، 2 دانە چوڭ مىنامىيوت، بىر دانە زىنىت توپ، 1700 دىن ئارتۇق مىلتىق، 939 دانە قىلىچ، بىر مىليون پايدىن ئارتۇق ئوق، ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن 13 ئاپتوماشىنا ۋە باشقا بويۇملار غەنىيمەت ئېلىندى.

دېمەك، شىخو ئۇرۇشى مىللىي ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش تارىخىدا ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش بولۇپ، بۇ ئۇرۇشتا ھەر ئىككى تەرەپتىن ناھايىتى كۆپ ئەسكەر قاتناشتۇرۇلۇپ ئايروپىلان، تانكا، زەمبىرەك، مىنامىيوت قاتارلىق ئېغىر قوراللار ئىشلىتىلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيىسىنىڭ شىخونى ئىشغال قىلىپ، بۇ جەڭدە غەلىبە قىلىشى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بېرىلگەن بىر قېتىملىق قاخشاتقۇچ زەربە بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زۇلۇمغا، ئېزىلىشكە قارشى تۇرۇپ، ئەركىنلىك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىنقىلابى كۈرىشىنىڭ كۈچ قۇدرىتىنى نامايان قىلدى.

## 3

شۇچاغدا جىڭدا تۇرۇشلۇق دۈشمەن ئارمىيىسىدە گومىنداڭ 45 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ 2 ـ پولكى، زاپاس 7 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ 24 ـ پولكى، تاغ زەمبىرىكى قىسىملىرى قاتارلىقلار بولۇپ، جەمئىي 7000 دىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچى بار ئىدى. ئۇلار جىڭنى مەركەز، يۇڭجىخۇ، باجاخۇلارنى تايانچ قىلىپ، قارا تومشۇق، قۇمبولاق، كۆل ئۆتەڭ، توغراق چازا قاتارلىق مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرىنى ساقلايتتى. دۈشمەن 45 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ كوماندىرى گېنېرال گوچى مۇشۇ جايغا قۇرۇلغان ئالدىنقى سەپ باش قوماندانى ئىدى.



دۈشمەن ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇش ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن، جىڭدىكى خەلقنى كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇرلاپ ئاھالىلارنىڭ ئۆيلىرىنى بۇزۇپ، دەل ـ دەرەخلەرنى كېسىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ناھايىتى كۆپ پوتەيلەرنى ۋە مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى ياسىغان، نۇرغۇن خەندەكلەرنى قېزىپ، ئۇنىڭغا سۇ توشقۇزۇۋەتكەن ئىدى.

بۇ چاغدا مىللىي ئارمىيىنىڭ جىڭ ناھىيىسى ئەتراپىدا 4000 دىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچى بولۇپ، دۈشمەن كۈچىگە نىسبەتەن سان ۋە قورال جەھەتتىن خېلى تۆۋەن ئورۇندا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىلى 2 ـ پولك، مۇستەقىل زەمبىرەك باتالىئونى داخىيەنزىدە تۇراتتى، تېكەس 1 ـ پولكى ئاچالدا تۇراتتى، ئىلى 4 ـ پولكىنىڭ 2 ـ، 3 ـ باتالىئونى زاپاس ئەترەت قىلىنىپ، سەنتەي ۋە ۋۇتەيلەردە تۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا خۇيزۇ باتالىئونى ۋە شىبە روتىلىرىمۇ بار ئىدى.

جىڭغا ھوجۇم قىلىشتىن بۇرۇنلا يەنى 1945 ـ يىلى 7 ـ ئايلاردا مىللىي ئارمىيىنىڭ 65 كىشىدىن تەشكىللەنگەن بىر پارتىزانلار ئەترىتى شىخو بىلەن جىڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سارغازار دېگەن جايغا يېتىپ بېرىپ، ئالدى بىلەن شىخو ـ سارغازار ئوتتۇرىسىدىكى جىلغىدا تۇرۇشلۇق دۈشمەنگە ۋە سارغازار بىلەن نىلقا ئوتتۇرىسىدىكى چاغاراي داۋىنىدىكى دۈشمەنگە ئوشتۇمتۇت ھوجۇم قىلىپ، ئىككى داۋاننى تېزلىكتە ئىشغال قىلىپ، جىڭدىن شىخوغىچە بولغان تېلېفون سىمىنى كېسىپ تاشلاپ، كۆۋرۈكلەرنى پارتلىتىپ، قاتناش قوراللىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، جىڭغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىغان ئىدى. جىڭ ئۇرۇشى شىخو ئۇرۇشى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا باشلاندى. جىڭغا ھوجۇم قىلىشتىن بۇرۇن ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى ئالدى بىلەن يۇجىڭخۇ ۋە باجاخۇنى ئىشغال قىلىشنى قارار قىلدى. چۈنكى بۇ ئىككى جايدا گومىنداڭنىڭ مۇھىم

ئەسكىرىي كۆچى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەم نۇرغۇنلىغان پوتەيلەر ياسالغان بولۇپ، كۈچلۈك ئوت كۈچى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى، شۇڭا ئۇ يەرلەر جىلغا ناھىيىسىنى ئازاد قىلىشتىكى غايەت زور توسالغۇ ھېسابلىناتتى. 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 5 لەردە ئارمىيىمىز يۇجىڭخۇدىكى دۈشمەن مۇداپىئە لېنىيىسىگە ھوجۇم قىلىپ، كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق دۈشمەننىڭ مۇداپىئە لېنىيىسىنى بۆسۈپ تاشلىدى. دۈشمەن ئارمىيىسى ئىستېھكامنى تاشلاپ، ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا باجاخۇغا قاراپ قاچتى، ئارمىيىمىز يوجىڭخونى ئىشغال قىلدى. بۇ جەڭدە شىبە باتالىئونى دۈشمەن بىلەن قوچاغلاشما جەڭ قىلدى. نۇرغۇن شىبە جەڭچىلىرى مۇشۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. ئۇلارنىڭ باتۇرانە ئىش - ئىزلىرى مىللىي ئارمىيىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرگە ئىلھام بولدى. شۇندىن كېيىن باجاخۇنى ئىشغال قىلىشتا ئىلى 2 - پولكى غەربتىن، خۇيزۇ باتالىئونى غەربىي شىمالدىن، شىبە باتالىئونى شىمالدىن كېلىپ باجاخۇنى قورشىۋالدى. تېكەس ئاتلىق 1 - پولكى ئالدى بىلەن شەرقتىن ھۇجۇم باشلىدى، زەمبىرەك باتالىئونى باجاخۇنى توپقا تۇتتى، بۇ چاغدا دۈشمەن تاشيولنىڭ جەنۇبىغا ياسالغان ئاكوپلاردىن پايدىلىنىپ، زىچ ئوت كۈچى ئارقىلىق ئارمىيىمىزنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توساپ، جەڭچىلەرنى خېلى زور چىقىمغا ئۇچراتتى.

ئىلى 4 - پولكىنىڭ 1 - باتالىئونى پارتلاتقۇچ گۇرۇپپىسىنى چىقىرىپ، دۈشمەننىڭ يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلىرىغا قارىماي، دۈشمەن ئاكوپىغا قاراپ باتۇرلۇق بىلەن ئېتىلدى. كۆرەش قەھرىمانى نادىروپ زىفرۇللا (ئازادلىقتىن كېيىن مەملىكەتلىك كۆرەش قەھرىمانلىرى ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشقان، كېيىن كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى) باتۇرلۇق بىلەن كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، 5 جەڭچى بىلەن بىرلىكتە پارتلىتىش



ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ بىرىنچى پوتەيگە 20 مېتىردەك ئارىلىق قالغان جايغا يېتىپ بارغاندا، دۈشمەن ئۇنى سېزىۋېلىپ، پىلىموتتىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى، چاك - توزاڭ ئۇنى كۆمۈپ تاشلىدى. بۇ چاغدا ئۇ دۈشمەننىڭ كۆرۈش دائىرىسى چاڭ - توزاڭ بىلەن توسۇلۇپ قالغان قىسقىغىنە ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ دەرھال ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ، دۈشمەن پوتىيى ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، پوتەينىڭ ئوق چىقىرىدىغان تۆشۈكىدىن بىر باغلام گىراناتنى كىرگۈزۈۋېتىپ، بىرىنچى پوتەينى پارتلىتىۋەتتى. ئارقىدىنلا ئىككىنچى، ئۈچىنچى پوتەيلەرنى پارتلىتىۋېتىپ، دۈشمەننىڭ ئوت كۈچىنى بېسىقتۇرۇپ، قىسىملىرىمىزنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى. ئارقىدىن ئارمىيىمىز دۈشمەنگە قارشى شىددەتلىك ھوجۇم قىلىپ، 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى باجاخۇنى ئىگىلىدى.

دۈشمەننىڭ باجاخۇ، يۇڭجىخۇ مۇداپىئە لىنىيىسى بۇزۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، جىڭدىكى دۈشمەنلەر دەككە - دۈككە ئىچىدە قالدى. مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى بۇ پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئەتىگەندە جىڭغا ئومۇمىيۈزلۈك ھوجۇم باشلاشنى قارار قىلدى.

جىڭغا ھوجۇم قىلىشتا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى خۇيزۇ باتالىئونى بىلەن شىبە باتالىئونىنى جىڭنىڭ غەربىي شىمالدىن ھوجۇم قىلىشقا، ئىلى 2 - پولكى بىلەن زەمبىرەك باتالىئونىنى ئۇدۇلدىن ھوجۇم قىلىشقا، تېكەس 1 - ئاتلىق پولكنى جىڭنىڭ شەرق تەرىپىگە ئايلىنىپ ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ قېچىش يولىنى كېسىپ تاشلاشقا ئورۇنلاشتۇردى.

ئۇرۇش داۋامىدا دۈشمەن تەرەپ جىڭنىڭ غەرب تەرىپىدىكى پوتەيلىرىگە تايىنىپ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى،

بۇنىڭغا قارىتا تېكەس ئاتلىق 1 - پولكى پارتلاتقۇچلار گۇرۇپپىسىنى چىقىرىپ، دۈشمەننىڭ ئوق توچكىلىرىنى پارتىلىتىۋەتتى. دۈشمەن ئۆزىنىڭ مۇستەھكەم پوتەيلىرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئارقىمۇ - ئارقا چېكىنىپ، جىڭ كۆۋرۈكىگە ئوت قويۇۋېتىپ، شەرىققە قاراپ قاچتى. مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاتلىق ئەترەتلىرى غەلىبە بىلەن قوغلاپ زەربە بەردى.

دۈشمەن قارا تومشۇق، قۇم بۇلاققا قېچىپ بارغاندىن كېيىن دەرھال مۇداپىئە ئۇيۇشتۇرغان بولسىمۇ، ئاتلىق قىسىملىرىمىزنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئارقىسىدا ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، بەرداشلىق بەرگۈدەك ھالى قالمىغاندىن كېيىن، ئۆز جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن پىتراپ كەتتى، بىر قىسىم دۈشمەن تەسلىم بولدى، قالدۇق دۈشمەنلەر تاشيولنى بويلاپ شىخوغا قاراپ قاچتى. مىلتىق ھەتتا كىيىم - كېچەكلىرىنىمۇ يول ئۈستىگە تاشلىۋەتتى. دۈشمەن قېچىپ بۇرتاجىغا بارغاندا ئارمىيىمىزنىڭ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان قىسىملىرى تەرىپىدىن تامامەن يوقىتىلدى. دۈشمەننىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانى گېنېرال گوچى قالدۇق ئەسكەرلىرىدىن 200 دەك ئادىمىنى ئەگەشتۈرۈپ، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ قاچقاندا، بىزنىڭ قوغلاپ زەربە بەرگۈچى قىسىملىرىمىز كونا شىخو، يەنسخەي، كۈيتۇن ئەتراپلىرىدا توسۇپ زەربە بېرىپ يوقاتتى، گېنېرال گوچى ئەسىرگە چۈشتى.

جىڭ ئۇرۇشىدا 3000 دىن ئارتۇق دۈشمەن ئەسىرگە ئېلىندى. ئەسىرلەر ئىچىدە بىر نەپەر گېنېرال، ئىككى نەپەر شاڭشاۋ، تۆت نەپەر جۇڭشاۋ، 15 نەپەر مايور، 198 نەپەردىن ئارتۇق باشقا ئوفىتسېرلەر بار ئىدى. يەنە ئېغىر قوراللاردىن 12 دانە مىنامىيوت، توققۇز دانە چوڭ زەمبىرەك، 38 دانە ئېغىر پىلىموت ۋە زور مىقداردا ھەربىي ئەشيالار بار ئىدى.



## 4

1945 - يىلى 7 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى ۋە سوپاخۇنلارنىڭ باشچىلىقىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا پارتىزانلار ئەترىتىنى ئەۋەتىپ باي، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى دۈشمەن ئارقا سېپىدە ئامىمىنى قوزغاپ، پارتىزانلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەسكىرىي كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇتۇپ تۇرۇشنى قارار قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن 1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى 150 نەپەردىن ئارتۇق قاۋۇل جەڭچىلەردىن تەشكىل قىلىنغان پارتىزانلار غۇلجا شەھىرىدىن ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتى. جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشتا، ئەسلىدە مۇڭغۇلكۈرەنىڭ جەنۇبىدىن يولغا چىقىپ، شىپالىق داۋىنىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىش پىلانلانغان ئىدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سوپاخۇنلار ئىشنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن باشلاش ئۈچۈن، پارتىزانلار ئەترىتى غۇلجا شەھىرىدىن يولغا چىقىشى بىلەنلا مۇزداۋاننىڭ يەر شارائىتى ۋە شۇ جايدا تۇرۇشلۇق دۈشمەن ئەھۋالىنى تېزدىن ئىگىلەپ كېلىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە تەجرىبىلىك رازۋېتچىك ئەۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي قوماندانلىق شتابى رازۋېتچىك ئارقىلىق گومىنداڭنىڭ مۇزداۋاندا قاراۋۇل ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى، داۋاننى يىل بويى قاپلاپ تۇرغان قار - مۇزلار كۈندىن كۈنگە ئېگىزلەپ، بۇ جايدىن ھەتتا ئۇچار قاناتمۇ ئۆتەلمىگۈدەك بولۇپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، كەسكىن ھالدا تېكەسنىڭ شەرقىدىكى ئاق بۇلاق ئارقىلىق تەگرى تېغىدىن ئۆتۈش قارارىغا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن پارتىزانلار تەگرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ باغرىنى

بويلاپ ئىچكىرىلىدى. بۇ يول ئىنتايىن جاپالىق بولۇپ، بىرقانچە قارلىق داۋاندىن ئۆتمەي تۇرۇپ ئاق بولاقتىن ئۆتۈش زادى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. 150 تىن ئارتۇق ئادەم يۈزدىن ئارتۇق ئات - ئۇلاق بىلەن قارلىق تاغدا ئۇدا ئون نەچچە كۈن يۈرگەچكە، ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك جەھەتتىكى مەسىلە بارغانسېرى ئېغىرلاشقىلى تۇردى. يوللارمۇ بارغانسېرى تارلىشىپ، ئاق بولاق داۋىنىدىن ئۆتۈش جەريانىدا بەزىلەرنىڭ ئاتلىرى ھاڭغا غۇلاپ كەتتى، ئوزۇق - تۈلۈكمۇ تۈگەپ، جەڭچىلەر بىرنەچچە كۈن ئاچ قالدى. شۇندىن كېيىن بىھودە چىقىمنى ئازايتىش ۋە قىسىمنىڭ جەڭگىۋار كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىپ، تېكەسنىڭ كۆك سۇ بېشىدىكى چوڭ قوشتاي ئارقىلىق، باي ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قېيىر دېگەن جايغا قاراپ يۈرۈش قىلىش قارار قىلىندى. قىسىملار ئون نەچچە كۈنگىچە ئادەم ئىزى بېسىلمىغان تاغ - داۋان، چۆل - باياۋانلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، جاندىن ئۆتىدىغان قار - شۇۋىرغان، بوران - چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئاخىرى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كىشى ھەيران قالغۇدەك جاسارەت بىلەن قېيىرغا يېتىپ باردى.

جەڭچىلەر ھېرىپ - چارچىغانغا قارىماي چاقماق تېزلىكىدە تۇيۇقسىز ھوجۇمغا ئۆتۈپ، قېيىردىكى دۈشمەنلەرنى ئەس - ھوشىنى تېپىپ بولغىچە يوقاتتى، شۇندىن كېيىن غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى باينى مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇ ناھىيىنى ساقلاپ ياتقان بىر لىيەن دۈشمەنگە ئۈچ تەرەپتىن ھوجۇم قىلىپ، تۆت سائەت كەسكىن جەڭ قىلىش بىلەن دۈشمەننىڭ بىر پەي ئەسكىرى ھەقىقەتكە قايتتى، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى يوقىتىلدى.

باي ناھىيىسىنىڭ ئازاد قىلىنغانلىقى ئاقسۇدىكى دۈشمەنلەرنى ئالاقىزادە قىلىپ، ساراسىمىگە چۈشۈرۈپ قويدى.



بۇ چاغدا مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى قىسىمنى باشلاپ، داۋاملىق غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، ئىلى بىلەن ئاقسۇ ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تۈگۈنى بولغان قورغان ئېغىزىنى ئىگىلەپ، ئاقسۇ ناھىيىسىگە يۈرۈش قىلىشنى باشلىدى. قىسىملار تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قورغانغا يېتىپ بېرىپ، شۇ كېچىسىلا قورغاننى ساقلاۋاتقان دۈشمەنگە ھوجۇم قىلدى. بۇ جايدىكى دۈشمەن كۈچلىرى پارتىزانلارنى سېپىل تۈۋىگە يېقىن كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن، سېپىل ئەتراپىدىكى ئۆيلەرنى بۇزۇپ، قورغان ئەتراپىدا مۇستەھكەم ئىستېھكام قۇرغاچقا، گەرچە جەڭ ئالتە سائەت داۋاملاشقان بولسىمۇ، پارتىزانلاردا ئىلگىرىلەش ئانچە تېز بولمىدى. دەل مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە دۈشمەننىڭ ئاقسۇ ۋە ئاقسۇ كونا شەھىرىدىن ئەۋەتكەن ياردەمچى قوشۇنىنىڭ قورغانغا قاراپ يولغا چىققانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ قورغانغا ھوجۇم قىلىشنى ۋاقتىنچە توختىتىپ، دۈشمەننى داۋاملىق مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرۇشقا بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچنى قالدۇرۇشنى، كۆپ قىسىم ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ياردەمگە كېلىۋاتقان دۈشمەننىڭ ئالدىدىن توسۇپ زەربە بېرىشنى قارار قىلدى. شۇندىن كېيىن جەڭچىلەر كېچە سائەت 12 دە يولغا چىقىپ، ئاقسۇ كونا شەھەردىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى توز ئاۋات دېگەن جايغا بېرىپ يوشۇرۇندى. دۈشمەننىڭ ياردەمگە كەلگەن قىسىملىرى بۇ جايغا يېتىپ كېلىشى بىلەنلا جەڭچىلىرىمىزنىڭ تۇيۇقسىز زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ، بىرمۇنچىسى ئۆلدى ۋە يارىلاندى، قالغانلىرى ئۆلۈكلىرىنى تاشلاپ، ئۇلە - تىرىلىشىگە قارىماي ئاقسۇغا قاراپ تىكىۋەتتى. دۈشمەننىڭ ئاقسۇدىن تەلەپ قىلغان ياردىمى يوققا چىقتى. ئۇلار يەنە قورغاندىكى موھاسىرىدە قالغان

ئەسكىرىي كۈچىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن كۈچا، ئاقسۇ تەرەپتىن داۋاملىق ئەسكەر يۆتكىدى. گومىنداڭنىڭ كۈچادا تۇرۇشلۇق 4 - پولكىنىڭ كاماندىرى ×× (ئىسمى ئېسىمدە قالماپتۇ) باشچىلىقىدىكى ئەسكىرىي كۈچى باي ناھىيىسىنى قايتىدىن بېسىۋېلىپ، قاتناش تۈگۈنلىرىنى قامال قىلىۋالدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا پارتىزانلىق قىلىۋاتقان قىسىملىرىمىز دەرھال قورغاننى ئېلىپ، ئىلى بىلەن مۇز داۋان ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولىنى ئېچىپ، ئىلىدىن كېلىدىغان ياردەم كۈچىگە ئىگە بولۇش قارارىغا كەلدى. 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تاڭ سەھەردە قىسىملىرىمىز قورغاننىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئاق چوققىدىن قورغاننى ساقلاپ تۇرغان دۈشمەنگە قارشى ئىككىنچى قېتىم ھوجۇمغا ئۆتتى. 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى سەھەردە كۈچا، ئاقسۇ تەرەپتىكى دۈشمەننىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى قورغانغا يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىي ئىدى، بارلىق جەڭچىلىرىمىز ئۆزىنىڭ ھايات - ماماتى بىلەن كارى بولماي، يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوققا پەسەنت قىلماي، دۈشمەنگە قارشى باتۇرانە جەڭ قىلىپ قورغاندىكى ئېگىزلىكنى ئىگىلىۋالدى.

بىراق قورغان سېپىلىدىكى دۈشمەنلەر پىلىموت بىلەن ئوق ياغدۇرۇپ جەڭچىلەرنىڭ ئۆتەر يولىنى قاتتىق قامال قىلىۋالغانلىقتىن، قىسىمنىڭ ئىلگىرىلىشى ناھايىتى قىيىنغا چۈشتى. بۇ چاغدا قىسىمدىكى مىجىت، مىھىر ھاپىز، مۆمىن تالىپ قاتارلىق جەڭچىلەر كۆكرەك كېرىپ چىقىپ ئوت كۈچىنىڭ ھىمايىسىدە دۈشمەن پوتىيىگە ئېتىلىپ بېرىپ، دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى توچكىلىرىنى بىر - بىرلەپ پارتىلىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن قىسىملىرىمىز ئومۇمىيۈزلۈك ئاتاكىغا ئۆتۈپ، پوتەيلەرنى ئىگىلىۋالدى. قورغاندىكى دۈشمەننىڭ بىر قىسمى يوقىتىلدى، خېلى كۆپ قىسمى



ئەسىرگە چۈشتى. دۈشمەن لىيەنجاڭى لى شىجۈن قاتارلىقلار ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالدى.

بۇ قېتىمقى جەڭدە 17 دانە ئېغىر - يېنىك پىلىموت، 170 تال مىلتىق، 20 دانە تاپانچا، 100 مىڭ تالدىن ئارتۇق ئوق غەنىيمەت ئېلىندى. پارتىزانلار ئەترىتى بىر پەي ئەسكەر ئەۋەتىپ شىپالىق مۇزداۋاندىكى چازىدا تۇرۇشلۇق دۈشمەننى يوقىتىپ، توسالغۇلارنى تازىلاپ ئاقسۇ بىلەن ئىلى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولىنى ئاچتى. قورغاندىكى جەڭنىڭ غەلىبىسى پارتىزانلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە چىڭىتتى، دۈشمەننىڭ كۈچا، ئاقسۇدىكى ياردەمچى قوشۇنلىرى قورغاننىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، كەلگەن يېرىگە قاراپ تىكىۋەتتى.

قىسىملىرىمىز پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئاقسۇنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك تەييارلىق قىلىپ، تۇغ بەلچى دېگەن جايدا قوشۇننى تولۇق بىر ھەپتە تەرتىپكە سالدى ۋە دەم ئالدۇردى، ھەر مىللەت ياشلىرى كەينى - كەينىدىن كېلىپ قوشۇنغا قاتنىشىشقا ئۆزلىرىنى تىزىمغا ئالدۇردى، بۇنىڭ بىلەن پارتىزانلار تېزلىكتە تەرەققىي قىلىپ 250 دىن ئارتۇق كىشىگە يەتتى.

بۇ چاغدا پارتىزانلار ئەترىتىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى يەنە بىر مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەر روتىسىنى ئەۋەتتى. ئۇلار تېكەس ئارقىلىق تەڭرى تېغىدىن ئۆتۈپ بايغا بېرىپ، دۈشمەن ئىشغال قىلىۋالغان باينى بىر ھوجۇم بىلەنلا قايتۇرۇۋالدى. شۇندىن كېيىن مەزكۇر ئاتلىق روتىنىڭ بىر قىسمى بايدا قالدۇرۇلۇپ، قالغان قىسمى ئابدۇكېرىم ئابباسوف، سوپاخۇنلار باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار ئەترىتىگە قوشۇلدى.

ئاقسۇنى ئازاد قىلىشقا ماسلىشىش ۋە ئاقسۇدىكى جەڭنىڭ

غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تېكەس 2 - ئاتلىق پولكىنىڭ بىر قىسمى كۈچا، قارا شەھەر چېگراسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كويكۆز، تەلەمەت داۋانلىرىغا كۈچلۈك ئىستېھكام قۇرۇپ، دۈشمەننىڭ ئاقسۇغا ئەسكەر يۆتكىشىگە تەھدىت پەيدا قىلدى.

مۇشۇنداق پايدىلىق ۋەزىيەتتە، پارتىزانلار ئۇدۇل ئاقسۇ كونا شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى، گومىنداڭنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق قىسمىنىڭ كاتتىۋاشلىرى بىر تەرەپتىن پارتىزانلارنىڭ كۈچىنى سىناش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ رەزىل مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاقسۇ ۋالىيسىغا ئىككى مۆتىۋەر بەگنى قوشۇپ ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، پارتىزانلارنى تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلدى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف دۈشمەن ئەۋەتكەن ئەلچىلەر بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەتتە ئوچۇق ۋە كەسكىن ھالدا: «بىزنى قورال تاشلاپ تەسلىم بولىدۇ» ، دەپ ئويلىغىنىڭلار پۈتۈنلەي چۆچۈرنى خام سانىغىنىڭلار، سىلەر زاۋاللىققا يۈز تۇتقان كۈچ. سىلەر تىنچلىق بىلەن تەسلىم بولساڭلار بىز قارشى ئالىمىز. بۇ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان سىلەردىن كۈتكەن سەمىمىي ئۈمىدى، ۋالىي جانابلىرى، بىز خېلى ئوبدان تونۇشقۇ دەيمەن، ئۆزىڭىز ئىلىدىن ئاقسۇغا يۆتكەلگەن بولسىڭىزمۇ، لېكىن بالا - چاقىلىرىڭىز ئىلىدىن تېخى يۆتكۈلۈپ كەتكىنى يوق. بالا - چاقىلىرىڭىز ساق - سالامەت تۇرىۋاتىدۇ. سىز مۇشۇ ئەھۋالنى يېنىڭىزدىكىلەرگە ۋە ئۆز يېقىنلىرىڭىزغا تەشۋىق قىلىڭ. . . » ، دېدى.

ئەلچىلەر ئابدۇكېرىم ئابباسوفلارنىڭ قەتئىي مەيدانى، پارتىزانلارنىڭ كۈچلۈك ئىرادىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ، قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.



## 5

9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سەھەردە پارتىزانلار ئاقسۇ كوناشەھەرگە ھۇجۇم باشلىدى. جەڭ تۇيۇقسىز باشلىنىپ، تېز ئاياغلاشتى. جەڭدە دۈشمەننىڭ كۆپى ئەسىرگە چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ كونا شەھەر ئازاد قىلىندى.

ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئاقسۇ كونا شەھەر خەلقىگە نۇتۇق سۆزلەپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلقنى دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە قىلغان قىلمىشلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئىنقىلاب داۋلىيلىرىنى تەشۋىق قىلدى، ھەمدە دۈشمەندىن غەنىيمەت ئالغان ئاشلىقلارنى پۈتۈنلەي خەلققە تەقسىم قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاشلىققا ئېرىشكەن ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى خوشاللىقتىن دوپپىلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشىپ پارتىزانلار ئەترىتىگە باركاللا ئوقۇدى. پارتىزانلارنىڭ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئەمەلىي ھەرىكىتى خەلق ئاممىسىنى پارتىزانلار ئەترىتىگە تېخىمۇ ئىشىنىدىغان ۋە ئۇنى تېخىمۇ قوللايدىغان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان خەلق ئاممىسى پارتىزانلارغا ئۆزلىكىدىن ئات - ئۇلاق، ئوزۇق - تۈلۈك ياردەم قىلدى. بەزى كەمبەغەل دېھقان - چارۋىچىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى قوشۇنغا بەردى. قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە يۈزدىن ئارتۇق دېھقان ئەزىمەتلىرى قولىغا قورال ئېلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆرەشكە ئاتلاندى.

ئاقسۇ يېڭىشەھەرنى ئازاد قىلىش ئىنتايىن جاپالىق ۋەزىپە ئىدى. قورغان ۋە ئاقسۇ كوناشەھەرلەردىكى جەڭلەردە قورقۇپ، يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغان گومىنداڭنىڭ ئاقسۇ يېڭىشەھەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنىنىڭ 5 - پولكى بارلىق

ئەسكىرىي كۈچىنى شەھەر ئىچىگە توپلىدى، 3000 دىن ئارتۇق ئەسكەرنى ئاقسۇغا يۆتكەپ كېلىپ، ئۈچتۇرپاندىكى موداپىئە قوغدىنىشىنى كۈچەيتتى. ئۇلار سېپىل ئەتراپىدىكى پۇقرالارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، سېپىل ئەتراپىنى بويلاپ چوڭقۇر خەندەك كولاپ، ئۇنىڭغا سۇ تولدۇرۇپ توسالغۇ پەيدا قىلدى. ئىستىھكاملارنى قۇرۇپ، شەھەرنى كېچە - كۈندۈزلەپ ساقلىدى. ئۇلار پارتىزانلارنىڭ تۇيۇقسىز زەربە بېرىشىدىن قورقۇپ، كېچىسى سېپىلگە نۇرغۇن چىراقلارنى ياندۇرۇپ قوياتتى.

پارتىزانلار ئەترىتى سېپىلگە ھوجۇم قىلىشنىڭ بارلىق تەييارلىقلىرىنى پۇختا ئىشلەپ، 50 نەچچە شوتا تەييارلىدى. 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سەھەردە ھوجۇم باشلاندى. پارتىزانلار ئۇياقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ بۇياقتىن زەربە بېرىپ، ئالدى بىلەن بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچ بىلەن سېپىلگە شىمالدىن ھوجۇم قىلىپ، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئوت توچكىسىنى بوردى. جەڭ باشلانغاندىن كېيىن پارتىزانلىرىمىز سېپىل ئىچىدىكى دۈشمەنلەر پاي - پېتەك بولۇپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يەنە بىر قىسىم ئەسكىرىي كۈچ سېپىلنىڭ غەربىي تەرىپىدىن ھوجۇمغا ئۆتتى، بۇ چاغدا 3 نەپەر پارتىزان ئالدى بىلەن سېپىل يېنىغا بېرىپ شوتا قويۇپ باتۇرلۇق بىلەن سېپىل ئۈستىگە چىقتى، بەختكە قارشى ئۇلارنى دۈشمەن سېزىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئوق تېگىپ، شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. ۋەھشىي دۈشمەن بۇ 3 نەپەر پارتىزاننىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ، سېپىلنىڭ بۇرجەكلىرىگە ئېسىپ قويدى. بۇ پاجىئەلىك ۋەقە بارلىق پارتىزانلارنىڭ غەزىپىنى قايتىدىن قوزغىۋەتتى. ئۇلارنىڭ قىساس ئېلىش ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ ئاشتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن تېخىمۇ غەزەپكە كېلىپ، پارتىزانلارغا قاراپ «يولداشلار، جاللاتلار



بىزنى مۇشۇ يول بىلەن تىز پۈكتۈرمەكچى بولىۋاتىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئۇخلىماي كۆرگەن چۈشى، بىز دۈشمەننى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىپ، قۇربانلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشىمىز كېرەك» ، دەپ تۇۋلىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى سەپەرۋەرلىكى پارتىزانلارنى تېخىمۇ باتۇر ۋە قەيسەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۈشمەنگە قارشى قايتۇرما ئاتاكىغا ئۆتتى. ئاتاكىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭغان پارتىزان جەڭچى قولىدىكى پىلىموت بىلەن سېپىل ئۈستىدىكى دۈشمەنگە قارىتىپ غەزەپ ئوقلىرىنى ياغدۇردى. بۇنىڭ بىلەن دۈشمەن پىلىموتىنىڭ زۇۋانى تۇتۇلدى. دۈشمەننىڭ بىر نەچچە ئەسكىرىي سېپىلدىن موللاق ئېتىپ چۈشتى. بۇ بىرنەچچە كۈنلۈك جەڭدە دۈشمەن جەسەتلىرى ھەممە يەرنى قاپلىدى. بەزى پارتىزانلىرىمىز گەرچە يارىلانغان بولسىمۇ، جەڭ مەيدانىدىن قايتماي، يارىلىرىنى تېڭىۋېلىپ جەڭنى داۋاملاشتۇرۇدى، ئۇلار پەقەت دۈشمەننى يوقىتىشنىلا ئويلايتتى.

شۇ كۈنلەردە دۈشمەن تېخىمۇ غالجىرلاشتى. ئۇلار پارتىزانلار بىلەن ئالاقىسى بار دېگەننى بانا قىلىپ ئىنقىلابىي ياشلارنى، ئىلغار زاتلارنى، بىگۇناھ ئاممىنى كۆپلەپ تۇتتى ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلدى. 9 - ئاينىڭ 18 كۈنى، گومىنداڭ ئېتىش - چېپىش ۋە تىرىك كۆمۈشتەك قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ھىمايە قىلىپ، ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللانغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلى، ۋەتەنپەرۋەر ئوت يۈرەك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ باشچىلىقىدىكى «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» نىڭ 28 نەپەر ئەزاسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. پارتىزانلار بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، قاتتىق قايغۇرۇش بىلەن ئاقسۇنى ئىشغال قىلىپ قۇربان بولغانلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش جېڭىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاقسۇ يېڭىشەھەردىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ئالاقزادە

قىلىنۇەتتى. 10 ـ ئاينىڭ 11 كۈنى ئابدۇكېرىم ئاباسوف، قاسىمجان قەمبىرى ۋە سوپاخۇنلار مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ «. . . . قىسىملارنى ئېلىپ ئىلىغا قايتىپ كېلىڭلار» دېگەن ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. بۇ ئىش نۇرغۇنلىغان جەڭچىلەرنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن شتاپ رەھبەرلىكى ئۇلاردىن بويرۇقنى قەتئىي ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقتىن، پارتىزانلار ئەترىتى ئامالسىز قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

پارتىزانلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق قوشۇنى ئۇرۇشنى توختۇتۇش بويرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ، پارتىزانلار چېكىنىپ چىققان جايلارنى يېڭىۋاشتىن ئىشغال قىلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزدى. بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۆز ۋەدىسىگە ئۆزى ئەمەل قىلمايدىغان يالغانچى، رەزىل ئەپتى ـ بەشىرىسى خەلقى ـ ئالەم ئالدىدا يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلاندى.

(ئاپتورى: قورغاس ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن)



# قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى توغرىسىدا

## سوپاخۇن سۇۋۇرۇف

قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت 1928 ـ يىلى ئۆلدى. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرى ھەم باشقا يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەر شا مەخسۇتنىڭ جىنازىسىنى ھەيۋەتلىك، داغدۇغىلىق ئۇزىتىشنى پىلانلىدى.

تاۋۇتنىڭ ئالدىدا: بوتىلاقلىرىدىن ئايرىپ، ئۇستىگە ئاق يۇپۇق يېپىلىپ زىلچە خۇرجۇن ئارتىلغان تۆت تۆگە؛ قۇلانلىرىدىن ئايرىپ ئۇستىگە ئاق يۇپۇق يېپىلغان، ئىگەر ـ يۇگەنلىرىگىچە ئاق ئورىغان تۆت ئات (بايتال)؛ ئوغلاقلىرىدىن ئايرىپ ئاق يۇپۇق يېپىلغان تۆت ئۆچكە؛ قوزىسىدىن ئايرىپ قاق يۇپۇق يېپىلغان تۆت قوي قاتارلىق ھازىچى ھايۋانلارنى تىزىپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرسىنى ئاق كىيىم كەيگەن بىردىن ئادەم يېتەكلەپ ماڭغان ئىدى.

تۆگىلەرگە مىنىۋالغان ئاق كىيىملىك بەگلەر قۇمۇلنىڭ ئادىتى بويىچە 2 دىن يارماق (مىس پۇل) چېگىلگەن ئاق، قىزىل، كۆك، قارا تۇگۇنچەكلەرنى يول بويى چېچىپ ماڭدى، تۆگىلەرنىڭ بوزلاشلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، قوي ـ ئۆچكىلەرنىڭ مەرەشلىرى، ھازىچىلارنىڭ «ۋاي غوجام، ۋاي ئۇلۇغ غوجام»، دەپ يىغلىغان ئاۋازلىرىغا قوشۇلۇپ داغدۇغىلىق ماتەم زىلزىلىسى شەكىللەنگەن ئىدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇغ ـ ئەلەملىرىنى لەپىلدىتىپ تۇرغان

ئەسكەرلەر، تاۋۇت ئالدىغا كەلگەندە كاناي - دۇمباقلىرىنى چېلىپ ماتەم كۈيىنى ياڭرىتاتتى.

شۇ ئىشلار بولۇپ ئىككى - ئۈچ يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، 1931 - يىلى 2 - ئايلاردا قۇمۇل تاغلىرىدىكى دېھقان - چارۋىچىلار خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتىرىپ چىقتى. بۇ قوزغىلاڭ بۈيۈك ئورمانغا تۇتاشقان ئوتتەك ناھايىتى چاپسانلا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىدى. مەن شۇ دەۋرلەردە 10 نەچچە ياشلىق بالا بولساممۇ، لېكىن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن، بۇ ھەقتە قىسقىچە ئەسلىمە يېزىپ كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن. يېتەرسىز جايلىرىنى كۆپچىلىكنىڭ تولۇقلىشىغا ھاۋالە قىلىمەن.

## 1

1931 - يىلىنىڭ باشلىرىدا جىن شۇرېننىڭ تۇققىنى جاڭ گوخۇا، ئاراتۈرۈك ناھىيىسىنىڭ شوپۇل دېگەن يېرىدىكى چازىغا باج ئەمەلدارى بولۇپ كېلىدۇ. بۇ جاي شىنجاڭ بىلەن تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى چازا بولۇپ، باج كىرىمى ناھايىتى جىق ئورۇن ئىدى. جاڭ گوخۇا ئەمەلدار بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە بىر ئۇيغۇر قىزىنى ئالىمەن، دەپ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا زورلۇق قىلىدۇ. ئەھۋال شۇ دەرىجىگە يەتكەندە خەلق تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ.

شۇ كۈنلەردە ئابدۇنىياز مىراپ، سالى دورغا، خوجىنىياز ھاجى قاتارلىق يۇرت كاتتىلىرى قوزغىلاڭ باشلىماقچى بولۇپ، 1931 - يىلى 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى مەسلىھەتلىشىپ جاڭ گوخۇاغا قىزنى بەرمەكچى بولىدۇ ۋە توي مۇناسىۋىتى بىلەن قوزغىلاڭنى باشلاش توغرىسىدا بىر قارارغا كېلىدۇ. تويىنى 2



- ئاينىڭ 20 - كۈنى قىلماقچى بولىدۇ، توي ئاخشىمى جاڭ گوخۇا خوشاللىقىدا ھېچنېمىدىن شەكلەنمەستىن 33 نەپەر قۇراللىق ئەسكىرى بىلەن كېلىدۇ. ئۇنى كەچقۇرۇنلۇقى قىز ھوجرىسىغا باشلايدۇ. قىز ھوجرىسىدا قىزچە كىيىندۇرۇپ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىمىن ئىسىملىك يىگىت، جاڭ گوخۇا ھوجرىغا كىرىشى بىلەنلا قۇچاغلاپ تۇتۇۋېلىپ جايلاپ تاشلايدۇ. بۇ چاغدا تاشقىرىدا تەييار تۇرغان يىگىتلەر جاڭ گوخۇانىڭ 33 نەپەر قۇراللىق ئەسكەرلىرىنى جايلاپ، ئۇلارنىڭ قۇراللىرىنى تۈگەل تارتىۋالىدۇ ھەمدە قورغان ئەمەلدارى ئابدۇنىيازنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، قورغاننى ساقلاۋاتقان 100 دىن ئارتۇق چېرىكنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭمۇ قۇراللىرىنى تارتىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سالى دورغا، ئابدۇنىياز مىراپ، باقىنىياز دورغا، خوجىنىياز ھاجى، قاسىم پالۋان، يەھيا ئىمام، ئىبراھىم قۇرماللار يېتەكچىلىكىدە قوزغىلاڭ باشلىنىدۇ.

بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغان ئۈچ ناھىيىنىڭ دېھقان - چارۋىچىلىرى تەۋرەپ كەينى - كەينىدىن ئاۋاز قوشۇپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆتىرىلدى، ئۇ چاغدا قۇمۇلنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى لىيۇشىزىڭ ئىدى. ئۇ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن، يولۋاسنىڭ باشچىلىقىدا قوشۇن چىقاردى. بىراق، بۇ ئەسكەرلەردىن جېنىنى ئېلىپ قېچىپ كېلەلىگەنلىرى ناھايىتى ئاز بولدى. مۇتلەق كۆپچىلىكى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن يوقىتىلدى. قوزغىلاڭچى دېھقانلار بولسا ئۇلارنىڭ قۇراللىرى بىلەن ئۆزلىرىنى قوراللاندۇردى. ئىنقىلابچىلارنىڭ تۆۋەندىكى قوشاقلىرى مانا شۇ جەڭلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ:

سايلار ئارا چېرىك چىقتى،

ئەلىمىنى دىڭگايتىپ،
چەللەپ ئاتتۇق، دۈشمەن قاچتى،
مۈزىسىنى قىڭغايتىپ.

چىقىپ كەلگەن چېرىكلەر،
ئارىلاپ ئاتتى تاڭ - تاڭنى.
تاغچىلار يامان ئىكەن،
تارتىپ ئالدى جۇنچاڭنى[*]

قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا بىرقانچە قېتىم چىققان چېرىكلەرنىڭ قايتىپ كەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ليۇ شىزىڭ بىلەن يولۋاس پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ كېتىشتى. ئۇلار تاغقا ئەسكەر چىقارسا زىيان تارتىدىغانلىقىنى بىلىپ، قومۇلنى مۇداپىئە قىلىشقا ئۆتتى.

بۇ چاغدا 12 تاغ دېھقان - چارۋىچىلىرى قوزغىلىپ پىچاق، نەيزە، قارا مىلتىق، كالتەك، توقماق قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قوراللىنىپ بولغان ئىدى. لېكىن ئۇلارنى بىرلەشتۈرىدىغان كىشى بولمىغاچقا، ھەممىسى ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلاتتى.

خوجىنىياز ھاجى ئۆتمۈشتە تۆمۈر خەلىپىنىڭ قوزغىلىڭىغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، مەلۇم دەرىجىدە ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىسى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ، جايلاردىكى قوزغىلاڭچىلارنى ھەمدە بۇرۇن ۋاڭغا ئەسكەر بولغان پالۋانلارنى يىغىپ تەشكىللىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ليۇشىزىڭ بىلەن باتالىيون كوماندىرى جىڭ ئەن بىر باتالىئون قوراللىق ئەسكەرنى باشلاپ، قوزغىلاڭچىلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كۆشۈتى داۋىنىغا يۈرۈش قىلدى، كۆشۈتى داۋىنى 3 ناھىيىنىڭ يولىنى كونترول

* جۇنچاڭ — قورال - ياراق.



قىلىدىغان ستىراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە جاي ئىدى.

خوجىنىياز ھاجى، سالى دورغىنىڭ بىر قىسىم ئاتلىق ئادەملىرىنى كۆشۈتى جىلغىسىدا تۇرۇشقا بەلگىلەپ، ئۆزى بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلارنى باشلاپ سالى دورغىغا ماسلىشىپ، ئالدى - كەينىدىن ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق جىڭ ئەن باشچىلىقىدىكى بىر باتالىئون ئادەمنى تەلتۆكۈس يوقاتتى. بۇ جەڭ ھەققىدە خەلق تەرىپىدىن مانا مۇنداق قوشاق توقۇلغان:

خويما كاتتا جەڭ بولدى،
كۆشۈتى دېگەن جايدا.
جىڭ ئەن باشلىق چېرىكلەر،
تامام ئۆلدى شۇ جەڭدە.

چېرىك ئاتىدۇ ئوقنى،
قۇرۇق تاغنىڭ بېشىغا،
تاغچى پالۋان ئاتىدۇ،
چېرىكلەرنىڭ بېشىغا.

بۇ جەڭدىن كېيىن قوزغىلاڭچىلار بىر تۈركۈم قورال - ياراغ، ئوق - دورا ۋە ھەربىي ئەسلىھەلەرنى غەنىيمەت ئېلىپ تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇ غەلىبىنى كۆرگەن دېھقان - چارۋىچىلاردىن قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلىدىغانلار كۆپىيىپ كەلكۈندەك ئېقىپ كېلىشكە باشلىدى. خوجىنىياز ھاجى ئۇلارنى تەشكىللەپ بىرلەشتۈردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ ئاتاقلىق رەھبىرى بولۇپ قالدى. تەشكىللەنگەن بۇ ئىنقىلابچىلارنىڭ خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى ھەققىدە قومۇل خەلقى ئەينى ۋاقىتتا مۇنداق قوشاقلارنى توقىغان:

بۇ تاغلارنىڭ ئارقىسىدا،
پوتۇتى* دېگەن تاغ بار.
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ،
جۇنچاڭ ئالغان ئەرلەر بار.

ئاق بوز ئاتنى مىنگەندە،
ئاتا - ئانام بولۇر رازى.
ئۆلگەنلەر شېھىت كەتسە،
قالغانلار تامام غازى.

بۇ ئىنقىلاب بىر يىلغا يېقىن داۋاملىشىپ كۈندىن - كۈنگە كېڭىيىپ، قۇمۇلدىكى 12 تاغ، 5 شەھەرنى (قۇمۇلدا سۇمقاغا، ئاستانا، تۇغۇچى، لاپچۇق، قارا دۆۋە قاتارلىقلار شەھەر دەپ ئاتىلاتتى) زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ ھەممە يەرنى ئۇرۇش ئوتى قاپلاپ كەتتى.

بۇ ئەھۋالدىن چۆچىگەن جىن شۇرېن بىر تەرەپتىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنىنى قورشاپ يوقىتىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن چوڭ قوشۇن ئەۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن سۈلھى قىلىش ئۈچۈن ۋەكىل ئەۋەتتى. سۈلھى ۋەكىللىرى خوجىنىياز ھاجىنىڭ يۇرتى تاراتىغا كەلدى. ۋەكىللەرنى بىز ئۇ چاغدا ۋېيىۋەن دەيتتۇق، مېنىڭ چوڭ ھەدەمنىڭ يولدىشى موللاخۇن خوجىنىياز ھاجىنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلاتتى. ئۇ، ۋەكىللەر بىلەن ھاجىم ئوتتۇرىسىدا بولغان سۆھبەتنى ئاخشاملىرى بىزگە پاراڭ سېلىپ بېرەتتى، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە: ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ۋەكىللەر روزى ھاجى، ناسىربەگ ۋە بىر قانچە خەنزۇلار

* پوتۇتى — تەبىئىي قورغانلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ستراتېگىيىلىك جاي ئىدى.



ئىكەن. خوجىنىياز ھاجىنىڭ پوزىتسىيىسى قەتئىي بولۇپ، مۇرەسسەنى رەت قىلىدىكەن. باشقا دورغىلار (ئەسكەر باشلىقلىرى) ئاستىرتتىن قوشۇلۇشىنى خالىسىمۇ، لېكىن ھاجىمدىن تەپ تارتىپ ئوچۇق - ئاشكارا بىر نەرسە دېيەلمەيدىكەن. ھاجىمنىڭ تەلىپى جىن شۇرېن ئەسكەرلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى قۇمۇلدىن قايتۇرۇپ كېتىش، قۇمۇلنىڭ ئامانلىقىنى يەرلىك مىللىي قوشۇنغا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن ئىبارەت بولۇپ، خوجىنىياز ھاجىم بۇ شەرتىدە چىڭ تۇرىدۇ، شۇنداقلا جىن شۇرېنمۇ بۇ شەرتكە كۆنمەيدۇ.

نەتىجىدە سۆھبەت بۇزۇلۇپ، ئۇرۇش ئوتى پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىگە كېڭىيىشكە باشلايدۇ.

## 2

جوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل ئىنقىلابچىلىرى بىرقانچە قېتىملىق سوقۇشلاردا غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن جىن شۇرېن ۋە شېڭ شىسەي ئارمىيىسى ئۇلار ئۈچۈن يەنىلا چوڭ توسالغۇ ۋە تەھدىت ئىدى. چۈنكى ئىنقىلابچىلار يېڭىدىن تەشكىللەنگەن، ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆرمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قورال - ياراغلىرى ناچار، ئوق - دورىلىرى يېتەرسىز ئىدى (بەزى ئىنقىلابچىلار ئوق - دورىنى ئۆزلىرى ياساپ ئىشلىتەتتى). بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن، قوشۇننى ھەر جەھەتتىن كۈچەيتىش ياكى باشقا بىر چوڭ كۈچكە يۆلىنىش كېرەك ئىدى.

خوجىنىياز ھاجى مانا مۇشۇ مەقسەت بىلەن سالى دورغا، ئوسمان باي ۋە يولۋاسلارنى بىر قانچە ۋەكىللەر بىلەن بىرلىكتە گەنسۇغا ئەۋەتىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى (ئىنقىلابچىلار تاغدىكى كۆشۈتى داۋىنىدا

بىر باتالىئون ئەسكەرنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، شامالغا قاراپ ئىش قىلىدىغان يولۋاس، ئىنقىلابچىلارنىڭ كۈچەيگىنىنى كۆرۈپ تاغقا قېچىپ چىقىپ ئۇلارغا قوشۇلغان ئىدى). بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭ گەنسۇ، چىڭخەي ئەتراپلىرىدا باندىتلىق قىلىپ يۈرگەن، ما بۇفاڭ بولسا ئۇنى يوقىتالماي يۈرگەن ئىدى. مانا شۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئادەملىرى گەنسۇغا باردى. ما جۇڭيىڭ بولسا بۇنى شىنجاڭغا چىقىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلىپ، ئالدى بىلەن تەخمىنەن 200 دەك ئاتلىق ئەسكەر بىلەن چىقتى.

بۇ چاغدا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا تاغدىن چۈشۈپ قۇمۇل شەھىرىنى قورشاپ قاتتىق جەڭ قىلىۋاتاتتى. ئارايۆلتۆزنى (شىڭشىڭشانى) ساقلاۋاتقان چېرىكلەر قۇمۇل شەھىرىگە قايتىپ، سوقۇشۇۋاتقان چېرىكلەرگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققان ئىدى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ يەنە بىر قىسمى بولسا، ئۇلارنى بۇلۇڭ توغراقنىڭ (قۇمۇلنىڭ شەرق تەرىپىدە) قارمۇقچا دېگەن يېرىدە توساپ قاتتىق ئېلىشىۋاتاتتى. مانا شۇ چاغدا ما جۇڭيىڭنىڭ ئالدىن ئەۋەتكەن 200 ئاتلىق ئەسكىرى كەلدى. ئۇلار ھاجىمنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ، ئالدى بىلەن ئارايۆلتۆزدىن كېلىۋاتقان چېرىكلەر بىلەن سوقۇشتى (بۇ سوقۇشتا قۇمۇلنىڭ داڭلىق پالۋانى قاسىم مەرگەن ئۆلگەن ئىدى). نەتىجىدە چېرىكلەر تار - مار قىلىنىدى. ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى سېپىل ئىچىگە قېچىپ كىرىۋالدى.

ما جۇڭيىڭ بۇ قېتىم شىنجاڭغا چىققاندا يۇرت چوڭلىرى ئالدىغا چىقىپ چاچاڭ قۇرۇپ قارشى ئالدى (بۇ مېنىڭ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم بولۇپ، ئاخۇنۇمنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ بارغان ئىدىم). ما جۇڭيىڭ (گاسىلىڭ) ياش بالا ئىدى. ئۇ يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن كۆرۈشتى.



يۇرت چوڭلىرى ئېلىپ بارغان سوۋغا - سالاملىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. ما جۇڭيىڭنىڭ يېنىدىكى چوڭ ياشلىق بىر كىشى ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن دۇئا قىلىپ ئالدى.

ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئىسمايىل باي (ئىسمايىل داتۇ) نىڭ جاڭزىسىغا چۈشتى، چۈشۈش بىلەن تەڭلا بىر تەرەپتىن ھويلا، باغ، خامانلارنىڭ ۋە ئەتراپتىكى مەھەللىلەرنىڭ تاملىرىنى مىلتىق ئېتىش ئۈچۈن تىشىپ مۇداپىئەگە تەييارلاندى. يەنە بىر تەرەپتىن لاۋچېڭ (كونىشەھەر)، شىنچېڭ (يېڭىشەھەر) لەرنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇ ئىككى شەھەر ئەتراپىدا ئاساسەن خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان ئىدى. قۇمۇلدىكى جىن شۇرېن قوشۇنلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى مانا مۇشۇ ئىككى شەھەردىكى قورغان ئىچىگە قامىلىپ قالدى. بۇ قورغانلار بىلەن ئىسمايىل باينىڭ جاڭزىسىنىڭ ئارىلىقى 10 - 15 كىلومېتىر كېلەتتى. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بۇ شەھەرلەرنىڭ سېپىلىغا چىقىشقا بىر قانچە قېتىم ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ ئۈنۈم بەرمىدى. ئۇلار پىلانىنى ئۆزگەرتىپ كىچىكرەك قورغان شىنچېڭنى ئالماقچى بولدى. شىنچېڭ ستراتېگىيە جەھەتتىن مۇھىم جاي بولۇپ، بۇ يەر ئىشغال قىلىنسا باشقا جايلارنى ئېلىش ئوڭايغا چۈشەتتى. شۇڭا ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بۇ سېپىلغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. بىر ھەپتە داۋام قىلغان ئۇرۇشتا 40 - 50 دەك ئەسكەر ئۆلدى.

شەھەر سېپىلىنىڭ شەرقىي شىمال ۋە شىمال تەرىپىنى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى، غەربىي جەنۇب ۋە جەنۇب تەرىپىنى خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرى قورشىغان ئىدى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوماندانلىق شتابى قۇمۇل ۋاڭىنىڭ قەۋرىستانلىقى ئالتۇنلۇقتا جايلاشقان ئىدى.

دېمەك، شىنچېڭ ۋە لاۋچېڭ پۈتۈنلەي مۇھاسىرىگە

ئېلىنغان ئىدى (بىز دىنىي مەكتەپ ۋە مەدرىسە ئوقۇغۇچىلىرى جامائەتتىن يىغىلغان ئاش - تاماقلارنى ئاخۇنۇملارنىڭ يېتەكچىلىكىدە قوزغىلاڭچىلارغا يەتكۈزۈپ بېرەتتۇق).

بۇ ئىككى شەھەرنى ئالالمىغانلىقتىن، ما جۇڭيىڭ ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى بارىكۆلگە ئەۋەتتى. قۇمۇلنىڭ مۇھاسىرىدە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەن بارىكۆل گارنىزونىنىڭ باشلىقى خې تۇەنجاڭ (خې جىنچۈەن) سوقۇشمايلا تەسلىم بولدى. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرۇپ قۇمۇلغا ئېلىپ كەلدى. قۇمۇلنىڭ ئەلىماخۇنۇم باشلىق پۈتۈن ئاخۇن ۋە موللىلار بارىكۆلدىن غەلىبە بىلەن قايتقان ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنى شەھەر سېپىلىنىڭ تېشىغا چىقىپ قارشى ئالدى (شەھەر دەرۋازىلىرى تاقاق ئىدى).

بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان جىن شۇرېن، لۇيجاڭ دۇجىڭگو باشچىلىقىدا بىر بىرىگادا ئەسكەرنى قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇلار قۇمۇل، ئۈرۈمچى يولىدىكى چوڭ ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى بولغان لاۋدۇڭغا يېتىپ كەلگەندە خوجىنىياز ھاجىم، شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرۇۋاتقان ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرى ۋە ئۆزىگە قاراشلىق قىسىملاردىن مەلۇم ئادەم ئاجرىتىپ ئېلىپ لاۋدۇڭغا قاراپ يولغا چىقتى ۋە لاۋدۇڭ، چىگىلوچەن* دېگەن جايلاردا دۇلۇيجاڭ قوشۇنلىرىغا تۇيۇقسىز زەربە بېرىپ، ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ نۇرغۇن قورال - ياراغ، ئوق - دورا، ھەربىي چادىر، يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق نەرسىلەرنى غەنىيمەت ئالدى.

خەلق ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئۇرۇش توغرىسىدا مۇنداق قوشاقلارنى توقىدى:

* چىگىلوچەن — ئۈرۈمچى - قۇمۇل ئارىلىقىدىكى ئۆتەڭلەرنىڭ ئىسمى.



لاۋدۇڭدىكى سوقۇشتا،
يىيۈەنچەنگە ئات سالدۇق.
دۇلۇيجاڭنىڭ چېرىكىنى،
چىگىلوچەندە قاق سالدۇق.

خوجىنىياز ھاجى باش بولۇپ،
بىزنى جەڭگە باشلىدى.
دۇلۇيجاڭنىڭ چېرىكى،
قوراللىرىنى تاشلىدى.

خوجىنىياز ھاجى ئازراق ئەسكىرىنى لاۋدۇڭدا قالدۇرۇپ قالغان قوشۇنىنى باشلاپ، ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە قۇمۇلغا قايتىپ كەلدى. بۇ غەلىبىنى كۆرگەن قۇمۇل خەلقىنىڭ سوقۇشقا بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاشتى.

قۇمۇلنىڭ قاتتىق مۇھاسىرىدە قالغانلىقى ۋە دۇلۇيجاڭ قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان جىن شۇرېن ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شېڭ زىخۇي (شېڭ شىسەي) نىڭ قوماندانلىقىدا بىر بىرىگادا ئاتلىق (موڭغۇل، شىبە، روس) ئەسكەرلىرىنى قۇمۇلغا ئەۋەتتى. ئۇلار لاۋدۇڭغا يېتىپ كەلگەندە، خوجىنىياز ھاجى ۋە ما جۇڭيىڭ قوشۇنى يەنە لاۋدۇڭغا بېرىپ ئۇلار بىلەن قاتتىق ئېلىشتى. شېڭ شىسەي ئۇرۇش تاكتىكىسىنى دەرھال ئۆزگەرتىپ، ئاساسىي كۈچنى ئىككى يان تەرەپكە توپلاپ قورشاپ يوقاتماقچى بولدى. بۇ ئۇرۇشتا بىرىنچى سەپتە خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنى، ئىككىنچى سەپتە ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى تۇردى. مانا شۇ تەرىقىدە 3 كۈن قاتتىق ئۇرۇشقاندىن كېيىن، ما جۇڭيىڭ شېڭ شىسەي قوشۇنىغا تەڭ كېلىشكە كۆزى يەتمەي، جەڭ مەيدانىنى

تاشلاپ قۇمۇلغا، ئاندىن قۇمۇلدىكى ئەسكەرلىرىنى تاشلاپ گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىغا كەتتى. يولۋاس ما جۇڭيىڭنىڭ كەينىدە قالغان بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرىمۇ ئامالسىزلىقتىن ھاجىمنىڭ يۇرتى تاراتى دېگەن تاغقا چېكىنىدى (مەن ھاجىملارنىڭ تۆگە ترانسپورت قوشۇنىدا ئىشلەيتتىم، مەنمۇ بۇ چاغدا قوشۇندىن ئايرىلىپ قۇمۇلغا كەتتىم).

ما جۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرى گەنسۇغا چېكىنىدىغان چاغدا قۇمۇل خەلقىنىڭ ئات - ئۇلاق، مال - مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ - تالىدى، قارشىلىق قىلغانلارنى ئۆز جايىدىلا ئاتتى، چاپتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شېڭ زىخۇي (شېڭ شىسەي) نىڭ چوڭ قوشۇنى باستۇرۇپ قۇمۇلغا كېلىۋالدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن قۇمۇل خەلقى قورقۇپ يىغا - زارە قىلىشىپ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان يىغىپ توپلىغان مال - مۈلۈكلىرىنى، ئۆي - ئىمارەت، باغ - ۋارانلىرىنى تاشلاپ ئۇرۇق - تۇققانلىرىدىن ئايرىلىپ، سەرسان - سەرگەردان بولۇپ تاغقا قاراپ قاچتى. ئاتا - ئانا ۋە بالا - چاقىلار سەرسان بولۇپ نەچچە كۈنلەرگىچە بىر - بىرلىرى بىلەن تېپىشالمىدى. قۇمۇل دېھقانلىرىمۇ تاغقا قېچىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلا ما جۇڭيىڭنىڭ دەستىدىن يەر تېراي دېسە ئۇلاق - قارىسى يوق، ھەتتا يەيدىغانغا ئاشلىقىمۇ يوق ھالەتتە قېلىپ، بىر - ئىككى يىلغىچىلىك ئەسلىگە كېلەلمىدى. قان - قېنىغا باندىتلىق سىڭىپ كەتكەن ما جۇڭيىڭ ھەتتا ئۇلارنىڭ يوتقان - كۆرپىلىرىنىمۇ بۇلاپ كەتكەن ئىدى. قۇمۇل خەلقىگە ياردەم قىلىش نىقابى بىلەن چىققان ما جۇڭيىڭ خەلقنى ئەنە شۇنداق ئاچ - يالىڭاچ قىلىۋېتىپ كەتتى. ما جۇڭيىڭ قۇمۇلغا دەسلەپ چىققاندا خەلق ئۇنى شۇنچە خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالغان بولسا، قۇمۇلدىن قايتقاندا قاغاش - تىللاش بىلەن ئۇزاتتى.



مانا بۇ ما جۇڭيىڭنىڭ 1931 - يىلى كۈزدە شىنجاڭدا قىلغان باندىتلىق ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى قەدىمى.

## 3

ما جۇڭيىڭ گەنسۇغا قېچىپ، خوجىنىياز ھاجىلار تاغقا چېكىنگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي قوشۇنى باشلاپ قۇمۇلغا باستۇرۇپ كىرىپ قۇمۇل ۋاڭى شا مەخسۇت ئوردىسىنىڭ پۈتۈن مال - مۈلكىنى بۇلاپ - تالاپ، ئاندىن ئوردىغا ئوت قويۇۋەتتى. بىر قانچە 10 مېتىر ئېگىزلىكتىكى چىرايلىق، ھەشەمەتلىك ئوردىدىن بىر ئايغىچە يالقۇن، ئىس - تۈتەك كۆتىرىلىپ تۇردى. بىز تاغدا تۇرۇپ كېچىسى يالقۇنجىغان ئوتنى، كۈندۈزى ئىس - تۈتەكنى كۆرۈپ تۇردۇق. ھېيلىگەر شېڭ شىسەي شەھەردە ئاھالىنىڭ يوقلىغىنى كۆرۈپ شەھەر خەلقىگە قارىتىپ، بىگۇناھ خەلققە چېقىلمايدىغانلىقى، قورال - ياراغنى تاپشۇرسا بۇرۇنقى ئىشلىرىنى سۈرۈشتە قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە مۇراجىئەت چىقاردى. بۇ مۇراجىئەتنامە بويىچە تاغقا قېچىپ كەتكەن خەلق ۋە دېھقانلار ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كېلىشكە باشلىدى. شېڭ شىسەي تاراتىغا (تاغقا) ماشىنا چىقىرىپ، خوجىنىياز ھاجىنى قۇمۇلغا سۆھبەتكە كېلىشكە تەكلىپ قىلدى.

ھاجىم ھېچقانداق قورال ئالماي، سۆھبەت قىلىش ئۈچۈن قۇمۇلغا (شېڭ شىسەينىڭ نەچچە مىڭ قوراللىق ئەسكىرىنىڭ ئارىسىغا) باردى. شېڭ شىسەي بىلەن 4 كېچە - كۈندۈز سۆھبەت قىلىپ، ئۇنىڭ تاغچىلارنى قورالسىزلاندۇرۇش توغرىسىدىكى تەلىپىنى رەت قىلدى. لېكىن مۇشۇ تۇپەيلىدىن خوجىنىياز ھاجىم شېڭ شىسەينىڭ قولىدىن تىرىك قۇتۇلۇپ كېتەلمەسلىكىگە كۆزى يېتىپ، تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىشكە

مەجبۇر بولدى ۋە شېڭ شىسەيگە «مېنى دەرھال قويۇۋەت، ئۇنداق قىلمىساڭ تاغچىلاردىن بىر تال ئوقمۇ ئالالمايسەن» دېگەن شەرتنى قويۇپ، كۆرۈنۈشتە تاغچىلارنى قۇرالسىزلاندۇرۇش ئۈچۈن، تاغقا ئەسكەر باشلاپ چىقىش توغرىسىدىكى تەلەپنى قوبۇل قىلغان بولدى. شېڭ شىسەينىڭ مەقسىدى، مۇشۇ تەدبىر ئارقىلىق خوجىنىياز ھاجى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى يوقاتماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن، خوجىنىياز ھاجىنىڭ بۇنداق قىلتىقىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلمىغان ئىدى. ئۆزىگە ئىشەنگەن خوجىنىياز ھاجىم كېلىشىم بويىچە شېڭ شىسەينىڭ بىر تۈمەن ئاتلىق ئەسكىرىنى كۆشۈتى داۋىنىغا قاراپ باشلاپ ماڭدى. داۋان ئېغىزىغا يېقىن قۇرلۇق دېگەن يېزىغا كەلگەندە كېچىسى پەيتنى تېپىپ، قۇراللىق قوشۇن ئارىسىدىن قېچىپ چىقىپ كەتتى. ھاجىمنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان قوزغىلاڭچىلار خۇشاللىققا چۆمدى. يول باشلىغۇچىدىن ئايرىلىپ قالغان شېڭ شىسەينىڭ قوشۇنى كۆشۈتى قۇرلۇق تاغ ئېغىزىدا راسا ئەدىپىنى يەپ، نۇرغۇن ئادەم ۋە قوراللىرىدىن ئايرىلىپ قۇمۇلغا قېچىپ كەلدى.

شېڭ شىسەي قۇمۇلدىكى بارلىق قوشۇنلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن، تاراتىغا ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلدى. ئۇ ھەربىي تاكتىكىغا ئۇستا بولغان بىلەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنى تاغ ئۇرۇشىغا ماھىر ئىدى. شۇڭا بىر قانچە كۈنلۈك سوقۇشتا شېڭ شىسەي ھېچقانداق نەتىجىگە ئىگە بولالماي ئەكسىچە بىر قانچە يۈز ئەسكىرى ۋە قورال - ياراغلىرىدىن ئايرىلىپ، قۇمۇلغا قايتىپ كەلدى. شۇ يىلى كۈزدە ھاجىملارنىڭ قوشۇنى تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىغا بېرىپ ئورۇنلاشتى. دەسلەپتە تاشقى موڭغۇلىيە (چېگرا) دىن چارۋا - مال ۋە يېمەكلىكلەر ئالدى. كېيىنچە تاشقى موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى خوجىنىياز ھاجىملارنىڭ



ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى قوللاش يۈزىسىدىن ئۇلار بىلەن سۆھبەت قىلىشقا 2 نەپەر موڭغۇل، بىر نەپەر قازاق ۋەكىل ئەۋەتتى (قازاق ۋەكىلىنىڭ ئىسمى ئاباي دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇ خوجىنىياز ھاجىلار بىلەن 1935 - يىلغىچە بىللە بولدى) . شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدا تەدرىجى ھالدا نورمال بېرىش - كېلىش ئورنىتىلدى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ۋەكىللىرى ئوسمانباي، ئىسمايىل ھاجى، سالى دورغا، ئوسمانشاھ، يولۋاس، سەمەت ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر تاشقى موڭغۇل چېگرا چازىسىغا بېرىپ 1 - قېتىم 70 دانە مىلتىق، 20 ساندۇق ئوق، 500 كىشىلىك پاختىلىق كىيىم، 600 پار چىگىرىن ئۆتۈك، مىڭ دانە يامغۇرلۇق چاپان، 500 تاختا جۇۋا قاتارلىق قورال - ياراغ ۋە كىيىم - كېچەك ئېلىپ كەلدى. ئاندىن باشقا، تاشقى موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنىدىكى ياشلاردىن 30 - 40 چە كىشىنى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ھەربىي شوپۇرلۇق ۋە باشقا تېخنىكوملىرىدا ئوقۇتۇپ تەربىيىلەپ بەردى (مىللىي ئارمىيىدە ماشىنا ھەيدەيدىغان تالىپ ھاجى، قاتناش نازارەت تەۋەسىدىكى سەمەت ئاخۇنلار مانا شۇ چاغدا شوپۇرلۇقنى ئۆگىنىپ كەلگەن ئىدى. قۇمۇل ئاستانىلىق ھۇشۇر ئاخۇن دېگەن كىشى ھەربىي كۇرسىنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ دەسلەپتە خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنىدا، كېيىنچە مامۇت سىجاڭنىڭ قوشۇنىدا خىزمەت قىلدى. كېيىن شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئۆلدى) . شۇنداق قىلىپ خوجىنىياز ھاجىلار تاشقى موڭغۇلىيىدىن كۆپ ياردەملەرگە ئىگە بولۇپ، قوشۇنىنى كۈچەيتتى. تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىدا تۇرۇۋاتقان قوزغىلاڭچىلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ چاغدىكى ھاياتى ھەققىدە مانا مۇنداق قوشاقلارنى توقۇغان ئىدى:

مىڭگاڭغا* قاراپ ماڭدۇق،
قىيىن - قىستاڭ سايلار سايان.
تاغقا ماڭسا تاغچىلار،
خوتۇن، بالىلار قاراپ قالغان.

ئالتاي ياتتۇق مىڭگاڭدا،
سۆكسۆك بىلەن ئوت قالاپ.
كۆزنىڭ گۆھىرى ئاقتى،
قۇمۇل يولىغا قاراپ.

بىزلەر ئۆلۈپ كەتسەكمۇ،
ئەل يۇرتلار ئامان بولسۇن.
بىزنى دېگەن يارانلار،
ئۆلمەستىن تىرىك قالسۇن.

1932 - يىلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوجىنىياز ھاجى قوشۇنلىرىنى موڭغۇلىيە چېگرىسىدىن قايتۇرۇپ تاراتىغا ئېلىپ كەلدى. ماشىنىڭ بىر پەي ئەسكەرنى باشلاپ خوجىنىياز ھاجىنىڭ گىپىگە كىرمەي تۇرپان، پىچان تەرەپلەرگە كەتكەن ئىدى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن شىڭ شىسەي ئالدىراپ - تېنەپ قوشۇننى ئېلىپ، قۇمۇلدىن ئۇرۇمچىگە تۇرپان ئارقىلىق قايتتى.

ئىككىنچى قېتىم تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىدىن 100 تال مىلتىق ۋە ئوق، 2 توننا قوغۇشۇن قاتارلىق نەرسىلەر كەلتۈرۈلدى. بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئاچكۆز يولۋاس ئۆزى

* مىڭگاڭ — شىنجاڭ بىلەن تاشقى موڭغۇل چېگرىسىدىكى جاي ئىسمى.



ئېلىۋېلىپ، قالغانلىرىنى خوجىنىياز ھاجىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ ئىشنى ھاجىم بىلىم قېلىپ تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسىدىن كەلگەن يولۋاسنى قوتازلىققا* سولاپ قويىدۇ، يولۋاسنىڭ قاملىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى نىيازبەگ بىر قانچە ئەسكەر بىلەن كېلىپ، يولۋاسنى ساقلاۋاتقان كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئاتىسىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىدۇ، ئۇلار شۇ قېچىشتا دەسلەپ باغداشقا بېرىپ، كېيىن ئۆزىنىڭ كارىزى مالەن جاڭزىغا قايتىپ كېتىدۇ.

4

1933 - يىلنىڭ باشلىرىدا ما جۇڭيىڭ 2 - قېتىم قۇمۇلغا چىقتى. بۇ قېتىم ئىنىسى ما جۇڭجې (ئېرسىلىڭ) بىلەن بىرلىكتە ئەسكەر باشلاپ چىققان ئىدى. ئۇلار يولۋاسنىڭ مالەن جاڭزىسىدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ، خۇددى غالجىر ئىت تاپنى كۆرگەندەك خوش بولۇپ، شۇ جايغا ئورۇنلاشتى. ما جۇڭيىڭ يولۋاسقا بىر قانچە ئون يامبۇ، 200 تاختا قارا چاي، 30 تۇياق تۆگە ھەم بىر مۇنچە قورال - ياراغ، ھەربىي ئەسلىھەلەرنى بەردى. 30 نەپەر ئوفىتسېرنى ئاجرىتىپ يولۋاسنىڭ قوشۇننى كۈچەيتىشكە ياردەم بەردى. بۇ نەرسىلەرنى كۆرگەن يولۋاس خۇشال بولۇپ، نېمە دېسە ماقۇل دەيدىغان بولدى. ما جۇڭيىڭ دەسلەپ ئۇنى ئۆزىگە ھەربىي مەسلىھەتچى (سەنمۇ) قىلىپ ئەسكەر تopلاشقا قۇتراتتى. ما جۇڭيىڭنىڭ مەقسىدى: يولۋاسنى كۈچەيتىش ئارقىلىق خوجىنىياز ھاجىنى يوقىتىپ، شىنجاڭنى قولغا كىرگۈزۈش ئىدى. شۇڭا ئۇلار سوۋېت ھۆكۈمىتىلا ئارىلاشمىسا ياكى ئەسكەر كىرگۈزمىسە، شىنجاڭنى ئالىمىز،

* قوتازلىق — جاي ئىسمى.

دەپ مەسلىھەتلەشتى. ئەنە شۇ چاغدا يولۋاسنى 1 ـ مۇئاۋىن قوماندان قىلىش، كېيىنچە خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش پىلانلاندى. ئىككى يۈزلىمە ئاچكۆز يولۋاس بۇنىڭ بەدىلىگە پۈتۈن قۇمۇل خەلقىنى ما جۇڭيىڭغا ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ما جۇڭيىڭ قۇمۇل خەلقىنى خالىغانچە ئاياغ ـ ئاستى قىلىپ، باندىتلىق بىلەن كەڭ شۇغۇللاندى. يولۋاسمۇ ھەربىي قوشۇننى كۈچەيتتى ۋە زورايتتى (ما جۇڭيىڭ بىلەن يولۋاس ئوتتۇرىسىدا بولغان مەسلىھەتلەردە ۋە ئۇلارنىڭ پىلان يېزىش ئىشلىرىغا قاتناشقان، يولۋاسنىڭ يېنىدا ئۇزۇن يىللار مەمۇرى مەسلىھەتچى بولۇپ تۇرغان ھۇشۇر قۇربان دېگەن كىشىدىن ئاڭلىغان ئىدىم. بۇ كىشى مەن بىلەن بىر نەۋرە بولۇپ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئۆلۈپ كەتتى).

1933 ـ يىلى ئەتىياز ئايلىرىدا تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باش قوماندانى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، خوجىنىياز ھاجى ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ تۇرپانغا كېلىدۇ. بۇلار لۈكچۈندە تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، كېيىنكى ھەرىكەت پىلانىنى تۈزەۋاتقاندا، جىن شۇرېننىڭ پىچاندا تۇرۇۋاتقان ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى لۈكچۈنگە ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ناھايىتى قاتتىق بولىدۇ. مۇشۇ ئۇرۇشتا تۇرپانلىق ھەمدۇللا ئاخۇنۇم ۋە مەخسۇت مۇھىتىلار قۇربان بولىدۇ.

بۇ چاغدا ئىلگىرى قارا شەھەر تەرەپكە كەتكەن مەھمۇت مۇھىتى ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرلىشىدۇ. بۇلار بىرلىكتە كېيىنكى ئۇرۇش پىلانى تۈزۈپ، كۆكيار تاغلىرى ئارقىلىق مورى ـ گۇچۇڭ تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ.



## 5

بۇ ۋاقىتتا ما جۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ما جۇڭجې ئۆز قوشۇنىنىڭ بىر قىسمى بىلەن يولۋاسنىڭ بىر قىسىم ئادەملىرىنى قۇمۇلدا قالدۇرۇپ، قالغان قىسىملىرىنى باشلاپ 1933 ـ يىلى 5 ـ ئايلاردا يەتتە قۇدۇق ۋە داشتۇ ئارقىلىق مورى، گۇچۇڭغا قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ. بۇ چاغدا يولۋاسنى چىڭفاڭ سىلىڭ قىلىپ بەلگىلەيدۇ. ما جۇڭيىڭ گۇچۇڭ ئەتراپىدا خوجىنىياز ھاجى، مەخمۇت سىجاڭلار بىلەن بىرلىشىپ گۇچۇڭ، جىمىسارغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى تۈزۈپ، پىلان بويىچە ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى گۇچۇڭغا، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرى جىمىسارغا تەڭ ھۇجۇم قىلىدۇ. گۇچۇڭغا قىلىنغان ھۇجۇمدا ما جۇڭيىڭنىڭ ئىنىسى ما جۇڭجې سېپىلغا پىچاق سانجىپ چىقىۋاتقاندا ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. ما جۇڭجې شۇ چاغدا 21 ياش ئىدى.

ما جۇڭيىڭ گۇچۇڭنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن گۇچۇڭ شەھىرىدە چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال دېمەي ئۈچ كېچە كۈندۈز قىرغىن قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىنىسى ما جۇڭجېينىڭ ئىنتىقامىنى ئالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىدۇ.

خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرى جىمىسارغا ھۇجۇم قىلغان ئىدى. جىمىساردا تۇرۇشلۇق جىن شۇرېننىڭ بىر پولك ئەسكەرلىرى تەسلىم بولماقچى بولۇپ، بىر كۈنلۈك مۆھلەت سورايدۇ. بۇ خىل ئىشلاردا تەجرىبىسىز بولغان خوجىنىياز ھاجى ماقۇل كۆرۈپ، مۇھاسىرىنى بوشىتىپ سېپىلدىن ئارقىغا چېكىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ما جۇڭيىڭ بىر كېچىدە گۇچۇڭدىن ئەسكەر ئەۋەتىپ، تەسلىم بولغان چېرىكلەرنىڭ قورال ـ ياراغلىرىنى يىغىپ ئېلىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجى

ما جۇڭيىڭغا سۇلايمان قورمال قاتارلىق كىشىلەرنى ئەۋەتىپ: «سىلەر گۇچۇڭدا نۇرغۇن قورال - ياراغقا ئىگە بولدۇڭلار، بىز جىمىسارىدىكى ئازراق قورالغا ئىگە بولساق نىمە بولىدۇ!؟» دەپ نارازىلىق بىلدۈردى. ئەمما ما جۇڭيىڭ پىسەنت قىلمايدۇ (شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇرۇش ئەھۋاللىرى توغرىسىدا زىنچۇەنزىدىكى ئۇرۇشنىڭ تەپسىلاتىنى ۋە ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ جۇدۇڭغا ئۇچراپ سوغۇقتا توڭلاپ قىرىلغانلىقىنى يولداش خېۋىر تۆمۈر شىنجاڭ تارىخ ماتېرىيالى 12 - سانىدا تەپسىلى يازغانلىقى ئۈچۈن، مەن بۇ ھەقتە ئارتۇقچە توختالمىدىم).

ما جۇڭيىڭ ۋە خوجىنىياز ھاجىلار ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقاندا، بۇ ئىككى كۈچ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولىدۇ. بۇ ئىختىلاپتىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، ھىيلىگەر شىڭ شىسەي ئىككى تەرەپكە تەڭ ۋەكىل ئەۋەتىپ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، نەتىجىدە خوجىنىياز ھاجى بىلەن كېلىشىم قىلىپ ئىتتىپاقلىشىدۇ.

(ئاپتورى: ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول ئىدارىسىدىن)



# مەخمۇت سىجاڭ بىلەن بىللە بولغان 12 يىل

باي ئېزىز

مەن 1932 يىلى تۇرپاندا يۈز بەرگەن قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئىدىم. بۇ ئىشلارغا ئاز كام 50 يىل بولدى. ھازىر ئېسىمدە قالغان پاكىتلارنى يېزىپ ماتېرىيال سۈپىتىدە تەقدىم قىلماقچىمەن، قېپقالغان جايلىرى بولسا، خەۋەردار ئاغىنىلەرنىڭ تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## سۆزنى قۇمۇل قوزغىلىڭىدىن باشلايمەن

قۇمۇل ۋاڭى ۋە جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى خەلقنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئەزگەنلىكى ئۈچۈن قۇمۇل، ئاراتۈرۈك ئىككى ناھىيىدە خوجانىياز ھاجى ۋە سالى دورغا باشچىلىقىدا ئون نەچچە ئادەمدىن تەركىب تاپقان قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش تەشكىلاتى قۇرۇلدى. ئۇلار «ئىسلام ئېچىش» شۇئارى ئاستىدا كەڭ كۆلەمدە تەشۋىقات يۈرگۈزدى ۋە دېھقانلارنى قۇراللاندۇرۇپ، ۋاقىت پىشىپ يېتىلگەندە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانىنى بەلگىلىدى.

ئۇ چاغدا ئاراتۈرۈك ناھىيىسىدە بىر لىيەن ھۆكۈمەت ئەسكىرى تۇراتتى. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقى ئۇيغۇر قىزى ئالىمەن، دېگەندە يەرلىك خەلق ئۇنىڭغا ئىنتايىن غەزەپلەندى.

سالى دورغا باشچىلىقىدىكى بىر توپ دىهقانلار مەسلىهەتلىشىپ مەزكور لىيەنجاڭغا قىلماقچى بولغان تويغا قوشۇلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ توي مۇراسىمىغا تەييارلىق كۆرۈشىنى خەۋەر قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن سالى دورغا بىر قىسىم مەرگەنلەرنى توپلاپ، توي بولىۋاتقاندا پىلان بويىچە گازارمىغا هۇجۇم قىلىپ هۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى قورال تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. سالى دورغا مەزكور لىيەنجاڭنى ئۆلتۈرۈپ ئەسكەرلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن تاغقا چىقىپ كېيىنكى ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆردى.

ئۇ چاغدا خوجىنىياز هاجى قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا خىزمەتتە تۇراتتى. سالى دورغا خوجانىياز هاجى ۋە باشقا تەشكىلات ئەزالىرىغا تەشۋىق قىلىپ ئاممىنى قوزغاپ، تاغقا ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئۇقتۇرۇش قىلدى. ئۇلارنىڭ يۈرگۈزگەن تەشۋىقاتلىرى نەتىجىسىدە، هەرقايسى جايلاردىكى دېهقان – چارۋىچىلار قوللىرىغا تاياق – توقماق، كەتمەن، پالتا ئېلىپ تاغقا چىقىپ، تاغلىقلارنىڭ هەرىكەتلىرىگە قاتناشتى.

قۇمۇلدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان جىن شۇرېن هۆكۈمىتى ئاقسۇدىكى جياۋ دوتەينى يۆتكەپ كېلىپ، ئالدىنقى سەپ قۇماندانلىقىغا تەيىنلەپ، ئەسكىرى كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ قۇمۇل قوزغىلىڭىنى بېسىقتۇرماقچى بولدى. خوجانىياز هاجى قاتارلىقلار جىن شۇرېن هۆكۈمىتىنىڭ زور مىقداردا ئەسكەر ئەۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن گەنسۇغا ئادەم ئەۋەتىپ ما جۇڭيىڭنى ياردەمگە تەكلىپ قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن خوجانىياز هاجى بىر نەچچە ئادەم بىلەن قۇمۇلدىكى قۇماندانلىق شىتابىغا كىرىپ، سالى دورغىنى تىرىك تۇتۇپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى. قۇماندان ئۇنىڭ ۋەدىلىرىگە ئىشىنىپ تاغقا بىر نەچچە يۈز ئەسكەر ئەۋەتمەكچى بولۇپ، ئوزۇق – تۈلۈك ۋە كىيىم – كېچەك تەييارلاشقا كىرىشتى. بۇ جەرياندا تاغلىقلار تەييارلىق كۆرىۋاتقان ئىدى. شۇنىڭدەك



خوجانىياز هاجى تاغقا مەخپى ئادەم ئەۋەتىپ، سالى دورغىغا جاي تاللاپ دۈشمەنگە زەربە بېرىشنى خەۋەر قىلدى.

خوجا نىياز هاجى يەنە سالى دورغىغا، مەن هۆكۈمەت ئەسكىرىنى باشلاپ مەلۇم جايغا يەتكەندە ئالدى بىلەن مېنى خائىن دەپ باغلىۋېلىڭلار، ئاندىن كېيىن باشقىلارنى باغلاڭلار، دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى. سالى دورغا پىلان بويىچە ئىشلەپ ئۆز مەقسىدىگە يەتتى. هۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى تاغ ئىچىدە تولۇق يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ قورالىنى غەنىيمەت ئېلىپ ئۆزلىرىنى قوراللاندۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ خوجانىياز هاجىنىڭ نامى چىقىشقا باشلىدى.

## ما جۇڭيىڭنىڭ تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا چىقىشى

ما جۇڭيىڭ 500 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن قومۇلغا چىقىپ، خوجانىياز هاجى بىلەن بىرلىكتە قۇمۇل شەهىرىنى مۇهاسىرە قىلدى. كېيىن يەتتە قۇدۇقتىكى بىر جەڭدە ما جۇڭيىڭ يارىدار بولۇپ، ۋاقتىنچە يەنە گەنسۇغا قايتىپ كەتتى.

قومۇل شەهىرىنىڭ بازار باشلىقى يولۋاس بىر نەچچە مەرگەنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ تاغقا چىقىپ قوراللىق دېهقانلارغا قوشۇلدى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي خوجانىياز هاجى بىلەن كېلىشەلمەي، تاغدا ئۆز ئالدىغا ئىش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر قېتىم خوجانىياز هاجىنى تۇتۇۋېلىپ بىر قانچە كۈن نەزەربەنت قىلغاندا، قوزغىلاڭچى ئاما ئادەم ئەۋەتىپ خوجانىياز هاجىنى قۇتقۇزۇپ كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خوجانىياز هاجى بىلەن يولۋاس ئوتتۇرىسىدا ياراشتۇرغىلى بولمايدىغان ئېغىر زىددىيەت پەيدا بولدى.

خوجانىياز هاجى قۇمۇلدا باش كۆتەرگەندىن كېيىن، تاشقى مۇڭغۇلىيىدىن قاسىم ئەپەندى (قازاق) قاتارلىق بىر نەچچە

ئادەم كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسى مۇشاۋۇر (مەسلىھەتچى) بولدى.

ما جۇڭيىڭدىن قېپقالغان ماشىمىڭ، تۇرسۇن، تۆمۈر دېگەن كىشىلەرنى تېپىپ يۈزدىن ئارتۇق ئادەم توپلاپ تاغقا چىقىپ خوجانىياز ھاجى بىلەن بىرلىشىپ، ئەسكەر تەربىيىلەش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى ۋە ئەسكەرلەرگە ھەر خىل قورالLارنى ئىشلىتىشنى ئۆگەتتى.

## پىچان، تۇرپاندىكى ئۇچقۇن

ماشىمىڭ، تۇرسۇن، تۆمۈر دېگەنلەر تۇرپاندا شەرت ـ شارائىت پىشىپ قالدى، بىز چىقىپ ياردەم قىلساق دەپ خوجانىياز ھاجىغا پىكىر قىلغاندا، ھاجى ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىگە قوشۇلمىدى. ئەمما ئۇلار گەپكە كىرمەي ئارقا يول بىلەن پىچانغا چىقىپ، پىچاننىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئىشغال قىلدى. بۇ چاغدا شېڭ لۇجاڭ نەچچە يۈز ئاتلىق ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى ۋە نەچچە يۈز ئاتلىق موڭغۇل ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قۇمۇلغا كېتىۋاتقان ئىدى. ماشىمىڭ قوشۇنلىرىنىڭ پىچانغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى نۇر لويې دېگەن بىر كىشى شېڭ لۇيجاڭنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىپ خەۋەر قىلغاندا، شۇن لۇيجاڭ دەرھال ئارقىغا قايتىپ پىچاندا قاتتىق سوقۇش قىلدى. نەتىجىدە ماشىمىڭ، تۇرسۇن، تۆمۈر دېگەنلەر مەغلۇپ بولۇپ، لۈكچۈنگە چېكىندى. شېڭ لۇيجاڭ پىچاندا چوڭ قەتلىئام يۈرگۈزدى.

بۇ چاغدا تۇرپاندا مەھمۇت مۇھىتى، باي ئېزىز، پاشاخوجا (لۈكچۈن ۋاڭنىڭ ئوغلى)، ئابدۇراخمان (بۇ ئادەم قەشقەر ئاتۇشلۇق تۆگىچى بولۇپ ئۈرۈمچى، فۇكاڭ، سانجى، جىمسار، گۇچۇڭ، تۇرپان ئارىلىقلىرىدىكى ئاخباراتلارنى بىزگە يەتكۈزۈپ تۇراتتى) قاتارلىق 13 ئادەم تەشكىلات قۇرۇپ



«ئىسلام ئېچىش» شۇئارى ئاستىدا تەشۋىقات يۈرگۈزۈپ، ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى ئاممىنى قوزغاشقا كىرىشتۇق.

بىز يەنە مۆمىن ئاخۇننى قۇمۇلغا ئەۋەتىپ، خوجانىياز ھاجى بىلەن ئالاقە باغلىدۇق. شۇ كۈنلەردە تۇرپان ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىمىن باينى مەھمۇت مۇھىتى بىلەن بىرلىكتە لۈكچۈنگە بېرىپ تەشۋىق قىلىڭلار، دەپ ئاستانىغا ئەۋەتكەن ئىدى. مەن ئۇ چاغدا ماشىمىڭنىڭ پىچانغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ تېۋىپلىك قىياپىتىم بىلەن ئاتلىق ئاستانىغا بېرىپ مەھمۇت مۇھىتىنىڭ كۆرەسىگە كىرسەم، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئوغلى ئابلىمىت مىلتىق ياغلاۋاتقان ئىكەن. مەن ئۇنىڭدىن ئاتاڭ قېنى؟ دەپ سوراپ تۇرۇشۇمغا مەھمۇت مۇھىتى كېلىپ قالدى. مەن ئۇ كىشىدىن ئەھۋال سورىسام، ئۇ كىشى ئەسلىدە ئىمىن باي بىلەن بىرلىكتە لۈكچۈنگە تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا، يولدا ئىبراھىم دورغا باشچىلىقىدا بىر توپ خەلق ئۇچراپ، مېنى ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىپ بەرگىن، دەپ تەلەپ قىلدى، مەن ئۇلارغا ئېنىق جاۋاب بەرمىدىم، ھازىر ئۇلار ماشىمىڭنى قايتۇرۇپ كېلىمىز، دەپ قالدى. مەن ئىمىن باي بىلەن ئۆيگە قايتىپ كەلدىم، دېدى.

بۇ كۈنى مەھمۇت باي ئائىلە شەجەرىسى بىلەن ھېسابات دەپتەرلىرىنى ماڭا ساقلاپ قويۇشقا تاپشۇردى، يەنە بىر دانە تاپانچا بەردى. مەن بۇ نەرسىلەرنى تۇرپانغا ئېلىپ كېلىپ يوشۇرغاندىن كېيىن، ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە سالامغا باردىم. ئاخۇن مېنى كۆرۈپلا: «بۈگۈن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت سەن بىلەن ئىككىمىزنى ئاستانىغا بېرىپ خەلقنى باندىتلارغا قوشۇلماڭلار، دەپ تەشۋىق قىلىڭلار دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىمىز ئاستانىغا بارايلى»، دېدى.

ئەتىسى بىز ئىككىمىز ئاستانىغا بېرىپ توختى ھاجىنىڭ (ئەھمەت ۋاجىدىنىڭ ئاتىسى) ئۆيىگە چۈشتۇق. مەھمۇت

مۇھىتىنىڭ ئاكىسى مەھسۇت باي (بۇ ئادەم شۇ چاغدىلا روسچە بىلىدىغان زىيالى ئىدى) بىزنى كۆرۈپلا يىغلاپ تۇرۇپ «ئىسلام دىنىمىزنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ھەممىمىز ئورتاق كۈچ چىقىرايلى!» دېدى. ئاخۇنۇم باشلىق بىر قانچىمىز، يىغلىمىسىلا، ھەممىمىز ئىسلام ئۈچۈن ئىشلەشنى خالايمىز دېدۇق. ئاندىن ئۇ بىزگە: تۇرپان ئامبىلى شەھەرنى ساقلاش ئۈچۈن ھىسامىدىن (زىپەر ھاجىنىڭ چوڭ ئوغلى) غا 70 تال مىلتىق بېرىپتۇ. بىز شەھەرگە ھۇجۇم قىلساق، شەھەر ئىچىدىن ھىسامىدىن بىزگە ماسلىشىدۇ. مۇنداق بولغاندا تۇرپاننى ئاسانلا ئىشغال قىلالايمىز. شۇڭا مەن ھازىر باي ئېزىز، ئابدۇ قادىر داموللا بىلەن تۇرپانغا ماڭىمەن. قالغان ئادەملەر ئەتە ئەتىگەن چوقۇم يېتىپ بېرىشى كېرەك. بىز شەھەر ئىچىدىن سىلەرگە ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلساق، تۇرپان يېڭىشەھەرنى ئېلىۋالالايمىز، دېدى. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ كىشى يەنە تۇرپانغا ماڭدۇق.

ئەتىسى ئەتىگەندە قوزغىلاڭچىلار كېلىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلمىدى، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ھېچقايسىمىز بىلەميتتۇق. كېيىن مەن ئابدۇقادىر داموللا بىلەن ئاتلىنىپ بۇيلۇققا بېرىپ تاياق - توقماق كۆتەرگەن خەلقنىڭ ھۇجۇمغا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى ئۇچراتتۇق، بىز ئۇلاردىن بۈگۈن ئەتىگەن نېمە ئۈچۈن شەھەرگە ھۇجۇم قىلمىدىڭلار؟ دەپ سورىساق ئۇلاردىكى: موسۇلباي ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كېلىپ، تۇرپاننى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن نۇرغۇن ئەسكەر كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار تامامەن يېڭى قورال بىلەن قوراللانغان (بۇ قوراللارنى بۇرھان شەھىدى ئەنگلىيىدىن سېتىۋېلىپ كەلگەن)، ئالدى بىلەن شۇلارنى توساپ يىغىشتۇرىۋېتىڭلار، دېدى. شۇڭا بىز شەھەرگە ھوجۇم قىلمىدۇق. بىز ئەمدى كىندىككە مېڭىشقا تەييارلىق كۆرىۋاتىمىز، دېيىشتى.



قوزغىلاڭچىلار كىندىككە يېتىپ بارغاندا، ئۈرۈمچىدىن كېلىۋاتقانلار تېخى يېتىپ كەلمىگەن ئىدى. ئەمما گۇچۇڭدىن بىر باتالىيون ھۆكۈمەت ئەسكىرى كېلىپ تۇرپان شاپتۇللۇققا ئورۇنلاشقان ئىكەن، مەن ئابدۇقادىر داموللا بىلەن شاپتۇللۇققا بارساق قاتتىق ئۇرۇش بولىۋېتىپتۇ. ھەر ئىككى تەرەپ چېقىم تارتىپتۇ، ماشىمىڭنىڭ بىر بۆلەك ئادىمى ئاستانىغا قېچىپ كەتكەن ئىكەن.

بىز مەھمۇت مۇھىتى، ماشىمىڭلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تۇرپان يېڭىشەھەرگە قايتىپ كېتىۋاتساق، يولنىڭ ئىككى قاسىنىقىدا خەلقلەر كۆز يېشى قىلىپ ئامىن دەپ نۇسرەت تىلەشتى، بىز شەھەرگە يېقىنلاپ بېرىپ 70 تال قۇرالنى ئېلىپ، ئاندىن شەھەرگە ھۇجۇم قىلدۇق. چۈشكە قالمايلا شەھەرنى ئىگىللىدۇق.

## تۇرپان ئۇرۇشى

ئۈرۈمچىدىن كەلگەن قوشۇن بىلەن گۇچۇڭدىن كەلگەن قوشۇن شۇ كۈنى بىرلىشىپ تۇرپان كوناشەھەرگە كىرىپ، ئەتىسى تاڭ يورىغاندا يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرە قىلدى. ھەمدۇللا ئاخۇنۇم، مەھمۇت باي ۋە ماشىمىڭلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قەتئىي قارشى تۇرماقچى بولدۇق. ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى دەپ شۇ كېچىسى مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقماقچى بولۇپ شەرقىي دەرۋازىدىن چىقىشىمىزغا ھىسامىدىنغا ئوق تەگدى، ئۈرۈمچىدىن كەلگەن چوڭ قوشۇن بىلەن ماداخەنزە (شېڭ شىسەي چۆچەكتىن يۆتكەپ كەلگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ پولكوۋنىكى) قوشۇنلىرىغا قارشى بىر مەيدان قاتتىق ئۇرۇش قىلىۋاتقىنىمىزدا، لەمجىن تەرەپتىن قولىرىغا تاياق - توقماق كۆتەرگەن نۇرغۇن ئادەم ياردەمگە كەلدى. ماداخەنزە بۇ ئەھۋالنى

كۆرۈپ قاچماقچى بولدى. 50 ھارۋىغا قورال - ياراغلىرىنى بېسىپ قېچىپ يارغۇلغا كەلگەندە، قوزغىلاڭچى ئامما ئۇلارنى توساپ ئولجا ئالدى. ساندۇقلارغا قاچىلانغان ئوق - دورىلارنى چوڭ مەسچىتكە توپلىدۇق. بەزەن ساندۇقلاردا يۇمىلاق بىر نەرسىلەر قاچىلانغان ئىكەن. ئۇ نەرسىلەرنىڭ نېمىلىكىنى، قانداق ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. مەن بىر نەچچە تىجارەتچىلەردىن بۇ نەرسىلەرنىڭ نېمىلىكىنى سورىسام، ئۇلار ماڭا، بۇ نەرسىلەرنىڭ قول بومبىسى ئىكەنلىكىنى، قالايمىقان ئىشلەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇنىڭغا تېگىپ قويىدىغان بولسا پارتلاپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بىز دۈشمەننىڭ يېڭىشەھەرگە قىلغان مۇھاسىرىسىنى بۇزۇپ چىقىپ، كونا شەھەرگە ھۇجۇم قىلدۇق. كوناشەھەردە ئاق ئوروس ئەسكەرلىرى پىلىموت بىلەن بىزگە ھە دەپ ئوق ياغدۇراتتى. دەرۋازىغا يېقىنلاپ بارغىلى بولمايتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ بىردىن بىر چارە دەرۋازىغا ئوت قويۇش ئىدى. شۇ يەردىلا كىشىلەر ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىپ كىرىسىن تۇڭلىرىنى كۆتۈرۈپ، شەھەر دەرۋازىسىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. بىرسى ئۆلسە ئون ئادەم تەييار بولاتتى. پىلىموت ئوقى ئاستىدا كۆپ ئادەم ئۆلگەنلىكىگە قارىماي، ئاخىرى دەرۋازىغا ئوت قويدۇق. ئوت يالقۇنلىرى ئاسمان پەلەككە كۆتۈرۈلدى. بۇ چاغدا ماداخەنزە ئاق بايراق چىقىرىپ تەسلىم بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىر ئازدىن كېيىن ماداخەنزە نەچچە ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ سېپىل ئىچىدىن چىقتى. بىز تەرەپمۇ نەچچە ۋەكىل ئەۋەتتۇق. ئۇلار ئۆزئارا سۆزلەشتى. بىر مەسچىت ئىچىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدۇق. سۆھبەتتە: ① ماداخەنزە قورال تاپشۇرۇش؛ ② قوزغىلاڭچى ئامما تۇرپان كوناشەھەرگە كىرمەسلىك؛ ③ ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى تۇرپان يېڭىشەھەردىكى ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىندى.



نەتىجىدە ماداخەنزە قورال تاپشۇردى. بىزنىڭ تەجرىبىمىز بولمىغانلىقتىن، ئۇلار قانچىلىك تاپشۇرغان بولسا، بىز شۇنىڭغا قانائەت قىلدۇق. ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندە، قولىغا تاياق - توقماق كۆتەرگەن ئون نەچچە ئادەم كوناشەھەرگە كىرىپ، 8 - 7 چوشقىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. بۇ توغرىدا ماداخەنزە نارازىلىق بىلدۈردى. مەھمۇت باي توختامغا ئەمەل قىلىپ كوناشەھەرگە كىرىپ پاراكەنچىلىك تۇغدۇرغانلارنى باغلاتقۇزۇپ شەھەر ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلدى.

بۇ چاغدا ئاستانە تەرەپتىن: پىچاندىكى ئورۇس ئەسكەرلىرى تۇرپانغا كېلىۋېتىپتۇ دېگەن خەۋەر كەلدى، مەھمۇت مۇھىتى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا تۆمۈر ھاجىغا بىر قانچە يۈز ئادەم بىلەن بېرىپ توساپ زەربە بېرىشكە بۇيرۇق قىلدى.

ئۇ چاغدا ھاپىز ھاجى بىر پارچە خەت ئېلىپ كەلدى. خەتتە شيۇڭ لۈيجاڭ توشقان بۇلاققا كەلگەندە قوزغىلاڭچى خەلق توساپ قويدى، ماشىنىسىنىڭ رادىئاتورى (سۇ قاچىسى) توڭلاپ قاپتۇ. ئون نەچچە ھارۋا ئەۋەتىپ ياردەم قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، دېيىلگەن ئىكەن. شيۇڭ لۈيجاڭ دېگەن جاللات ئاخىرى بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشۈپتۇ! دەپ شۇ ئانلا بىر دانە ماشىنا بىلەن 20 نەچچە ئادەم ئەۋەتىپ شيۇڭ لۈيجاڭنى تۇتتۇرۇپ كەلدۇق، بىركېچە ئۇنى ھەمدۇللا ئاخۇنۇمنىڭ مەدرىسىدە ساقلاپ ئەتىسى ئاممىغا تاپشۇرۇپ بېرىۋىدۇق، ئامما ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. بىز يەنە ۋۇ داچىڭ دېگەن بىر كاتىپىنىمۇ تۇتقان ئىدۇق، ئۇنىمۇ ئۇرۇپ ئۆلتۈرىۋەتتى.

بۇ چاغلاردا ماشىمىڭ سىجاڭ، مەھمۇت مۇھىتى مۇئاۋىن سىجاڭ ئىدى (ئۆزلىرى قويۇپ ئاتىۋالغان ئىسىم). بۇ ئىككى سىجاڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ پىچانغا ھۇجۇم قىلدى، مەن يەتتە ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ ماشىمىڭ بىلەن بىرلىكتە پىچاندا ئۇرۇشقا قاتناشتىم. مەن نېمە ئۈچۈن ماشىمىڭ بىلەن بىللە بولىمەن؟

چۈنكى، مەھمۇت سىجاڭ ماشىنىڭنى گەنسۇغا قېچىپ كەتمىسۇن دەپ بىر ئاز ئىشەنمەيتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە نازارەت قىلىش ئۈچۈن مېنى قوشۇپ قويغان ئىدى. ماشىنىڭ قوشۇنلىرى پىچانغا بېرىپ شەرقىي يولغا (قۇمۇل يولىغا) ئورۇنلۇشۇپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ كۈنى لۈكچۈندىن تايىپ باشچىلىقىدا نەچچە يۈز ئادەم ياردەمگە كەلدى. شۇ كۈنى كېچىسى مەھمۇت سىجاڭ چۈشكۈن قىلغان جايغا كېلىپ، ئۇرۇش ئەھۋالىدىن دوكلات بېرىپ قايتىپ كېتىش ئۈچۈن ئىشىكتىن چىقسام، كېچىدە ئۇرۇش ناھايىتى قاتتىق بولىۋاتقان ئىكەن. شۇڭا مەن قايتىپ كېتەلمەي بىر كېچە قونۇپ قالدىم. ئەتىسى سەھەردە ماشىنىڭ تۇرغان جايغا قايتىپ بارسام قۇمۇل يولى تەرەپتىن بىر ھارۋا كەلدى. ماشىنىڭ ھارۋىنى كۆرۈپلا ئۆيدىن چىقىپ تاپانچا بىلەن ئاتنى ئېتىپ تاشلىدى. ھارۋىدىن ئۈچ ئادەم چۈشتى. ئۇنىڭ بىرسى ناسىر بەگ (ئازاتلىقتىن كېيىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە باشلىق بولغان ناسىر بەگ)، ئىككىنچىسى نۇربەگ (خې دىڭباڭ دەپمۇ ئاتايتتى. ئازاتلىقتىن بۇرۇن خوتەنگە ۋالىي بولغان) بولۇپ، ئۈچىنچىسى مامۇت بەگ (ئۈرۈمچىلىك). بۇلار ھارۋىدىن چۈشۈپلا قېچىپ كەتتى. كېيىن بىلسەك بۇ ئۈچ ئادەمنى شېڭ شىسەي تەرجىمان قىلىپ قۇمۇل تەرەپكە ئېلىپ بارغان ئىكەن.

ئۇرۇش قاتتىق داۋام قىلماقتا. شېڭ شىسەينىڭ قۇمۇلدىن قايتقان ئەسكەرلىرى تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ ئۇرۇشقا قاتناشتى. شۇ كۈنكى ئۇرۇشتا ئېتىلغان ئوق خۇددى مۆلدۈردەك تۆكۈلۈپ تۇردى. شېڭ شىسەي قىسىملىرى بىر دانە تۆمۈر كوڭكىنى (زىرى ھىلى ئاپتوموبىل) ئىشقا سېلىپ پىلموت قويۇپ نۇرغۇن ئادەمنى قىرىپ تاشلىدى ۋە ياردار قىلدى. مېنىڭ يەتتە ئادىمىمدىن ئاران بىرسى قالدى. ئابلا رەئىس ئەسىرگە چۈشۈپ



قالدى. تۆمۈر باشچىلىقىدىكى نەچچە يۈز ئادەم ئۆلۈپ تۆگىدى. تۆمۈرنىڭ ئورۇنباسارى تۇرسۇن ئۇرۇشقا قۇماندانلىق قىلىۋاتقان يېرىدىن ئاتلىنىپ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ: دۈشمەن ئەسكەرلىرى كۆپلەپ كەتتى، قاچمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ دېدى. مەن شۇئانلا ئابدۇقادىر داموللىنى ئېلىپ ماشىنىڭ تۇرغان يەرگە بارساق بىرمۇ ئادەم يوق. ئۇلار ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەن ئىكەن. بىزمۇ قېچىپ يول ئۈستىدە ماشىنىڭغا يېتىشىۋالدۇق. بۇچاغدا تۇرپان تەرەپتىن بىردانە ماشىنا كېلىۋىدى، ماشىنىڭ ئاتنى تاشلاپ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ تۇرپانغا كەتتى. مەن ئون نەچچە ئادەم بىلەن لەمجىنگە كېلىپ مەھمۇت سىجاڭنى ساقلىدىم. بىر ئازدىن كېيىن سىجاڭ يېتىپ كەلدى. مېنى كۆرۈپلا: تۇرپانغا بېرىپ ياردەمگە ئەسكەر باشلاپ كېلىڭلار، مەن قاراغوجا ئېغىزىدا شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرىنى توساپ تۇرىمەن، دېدى. شۇڭا مەن ئابدۇقادىر داموللا بىلەن تۇرپانغا ماڭدۇق. بىز ئاستانىغا كەلگەندە مەخسۇت باي بىزدىن مەھمۇت سىجاڭنى سورىدى. بىز سىجاڭنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن ئاندىن خاتىرجەم بولدى.

مەن تۇرپانغا كېلىپ ھەمدۇللا ئاخۇنۇم ۋە ماشىنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ مەھمۇت سىجاڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، 200 ئادەم بىلەن ئاخۇن تۇەنجاڭنى ئەۋەتتۇق، پىلانىمىزدا ئاخۇن تۇەنجاڭ ئالدى بىلەن لەمجىنگە بېرىپ ئاندىن كەينىگە يېنىپ ئېغىزغا ھۇجۇم قىلماقچى ئىدى. مەھمۇت سىجاڭ ۋە قۇربان سەئىدى باشچىلىقىدىكى قىسىملار ئېغىزنى توساپ شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى بىلەن ئۈچ كۈن ئۇرۇشتى. ئاخۇن تۇەنجاڭ يېتىپ كەلگىچە، ئورۇس ئەسكەرلىرى تاغدىن ئۆتۈپ بىزگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار پىلموت قويۇپ ئون نەچچە ئادىمىمىزنى نابۇت قىلدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەھمۇت سىجاڭ بىلەن قۇربان سەئىدى قىسىملىرى چېكىنىپ توشقان بۇلاققا كېلىۋالدى.

مەھمۇت سىجاڭ بىر نەچچە يېقىن ئادەملىرى بىلەن ھەمدۇللا ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ پەيلى بۇزۇق، خورىگى ئۈستۈن، شۇڭا توقسۇن ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە كېتىمەن، دېدى.

## جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش

شۇ كۈنى كەچتە ماشىنىڭ مېنى چاقىرتىپ، ئون نەچچە ئادەم ئېلىپ بېرىپ قۇمۇل يولىدىكى بىر كۆۋرۈكنىڭ ئالدى تەرىپىگە لەخمە كولاپ ئۈستىگە شۇپۇر تاشلاپ، دۈشمەننىڭ تومۇر كوڭكىسى ئۆتەلمەيدىغان قىلىپ كولاڭلار، دەپ بۇيرىدى. مەن ئون نەچچە ئادەم ئېلىپ بېرىپ، يەر توڭ بولغانلىقتىن لەخمە كولىيالمىدۇق. ئامالسىز قايتىپ كەلدىم، ئەتىسى ئابدۇقادىر داموللا مېنى ھەمدۇللا ئەلەمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلىڭ، دېدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاپامنى ۋە خوتۇن باللىرىمنى پاقا بۇلاق تەرەپكە ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئاندىن ئۆيدىكى مىلتىقنى ئېلىپ ھەمدۇللا ئاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە باردىم. شۇ كۈنى شېڭ شىسەي ئايرۇپىلان ئەۋەتىپ تۇرپان يېڭىشەھەرنى بومباردىمان قىلدى. شۇڭا ھەمدۇللا ئاخۇنۇم بىلەن بىرلىكتە پاقا بۇلاق تەرەپكە قاچتۇق. پاقا بۇلاقتا بىر كىراكەشنى تېپىپ، ئاپام بىلەن ئايالىمنى جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە ئاپىرىپ قويۇشقا كىرا قىلىۋېتىپ، ئۆزەم توقسۇنغا باردىم. مەن تاھىر بەگ، پالتاخۇن دېگەنلەر بىلەن توقسۇنغا باردىم. مەن تاھىر بەگ، پالتاخۇن دېگەنلەر بىلەن توقسۇنغا بارغىنىمىزدا ماشىنىڭ قېچىپ كۇمۇشكە يېتىپ بارغان ئىدى. توقسۇنلۇق توختى تۇەنجاڭ بولسا ئۆز ئادەملىرى بىلەن توقسۇن خودۇڭ رايونىنىڭ قارا بۇلاق دېگەن يېرىدە شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۋاتقان ئىكەن. بىز ماشىنىڭ، مەھمۇت سىجاڭنىڭ



ئادەملىرى جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتۇق. يول ئۈستىدە كېتىۋېتىپ بۇ ئۇرۇشتا توختى تۇەنجاڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى، شېڭ شىسەينىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق.

بىز قارا شەھەرگە بېرىپ ما جۇڭيىڭنى قايتا تەكلىپ قىلىش پىلانىنى مۇزاكىرە قىلىپ، مەۋسۇلباي (مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئاكىسى) بىلەن ۋاڭ نىيازنى (خويزۇ) كورلا ئارقىلىق دۇنخۇاڭغا ئەۋەتتۇق. جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن مەن بىلەن يۇنۇس بەگ، كىچىك ئاخۇن ئۈچىمىزنى كۇچاغا ئەۋەتتى. بىز ئۈچىمىز بۈگۈرگە يېتىپ بارغاندا، كۇچادا تومۇر ئېلى ۋە ھادى ئەلەم (شايارلىق) لەر باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى ئامما كۇچاغا ھۇجۇم قىلىپ مۇھاسىرە قىلغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. كۇچادا ئەسلىدە چوڭراق دورا ئىسكىلاتى بار ئىدى. ئامما شەھەرگە ھۇجۇم قىلغاندا، كۇچادىكى ھەربىي - مەمۇرى ئەمەلدارلار دورىخانا ئۆگزىسىگە چىقىپ بىر ئادىمىگە ئوق ئېتىشنى بۇيرۇپ دورىنى پارتلىتىپتۇ. گۈلدۈرلىگەن دورا ئاۋازى يەر جاھاننى تىترىتىپتۇ. پۈتۈن شەھەرنى ئىس تۇمان قاپلاپتۇ. بىز بۇ ئەھۋالنى بۈگۈردە تۇرۇپ ئاڭلىدۇق. بىز كۇچاغا يېتىپ بارساق، تۆمۈر تۇەنجاڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئاقسۇغا كەتكەن ئىكەن. بىز كۇچا، شايار، توقسۇ قاتارلىق جايلاردا تەشۋىق قىلىپ، ۋەزىپىمىز ئاخىرلاشقاندا قارا شەھەرگە قايتىپ كېتەيلى دەپ تۇرساق، كۇچالىق ئىسلامباي، ھېلىم ھاجى دېگەنلەر بىزنى توساپ، ئاقسۇدىن كەلگەن خەۋەردە تۆمۈر تۇەنجاڭ بىلەن مالۇيجاڭنىڭ ئارىسى بىرئاز بۇزۇلۇپ قاپتۇ. سىلەر بېرىپ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ تۈزەپ قويۇڭلار دېدى. شۇ سەۋەپتىن بىز قارا شەھەرگە قايتماستىن ئاقسۇغا بارماقچى بولدۇق. بىز ئاقسۇ كوناشەھەرگە يېتىپ بېرىپ، تۆمۈر تۇەنجاڭ بىلەن كۆرۈشتۇق،

ئۇ كىشى بىزگە مۇنداق دېدى: مالۇيجاڭ كۆمۈشتە ئۆزىنى - ئۆزى لۇيجاڭ دەپ ئاتىۋېلىپ ئادەم ياراتمايدىغان بولىۋالدى. ئۇنىڭ يى دارىن، ئېر دارىن، سەن دارىن دەپ ئۈچ ئىنىسى بار. ئۇرۇش دېسە يىراق قاچىدۇ، ئولجا ئېلىشقا كەلگەندە ھەممىدىن جىق ئالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ كېسىلىنى تۈزەتمىسەم بولمايدۇ، دېدى. بىز بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يۇنۇس بەگ، كىچىك ئاخۇن ئۈچىمىز ئاسوقتا (يېڭىشەھەرگە) چىقىپ ما لۇيجاڭ بىلەن كۆرۈشتۇق. نۇرغۇن ياخشى گەپلەرنى قىلىپ ئىككىسىنى ياخشىلاشتۇرۇپ قويدۇق. بىز تۆمۈر ئېلىنى ئاسوقتا باشلاپ چىقىپ، مالۇيجاڭ بېسىۋالغان قورال - ياراغ، ئوق - دورىلاردىن بىر قىسمىنى ئېلىپ بەردۇق. تۆمۈر ئېلى قورال ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىپ، مارالۋېشى تۈمشۇقتا قەشقەردىن كەلگەن مادۇتەي ئەسكەرلىرى بىلەن 40 نەچچە كۈن سوقۇش قىلدى. تۆمۈر ئېلى بىلەن مالۇيجاڭ ئىككىسى مېنى ئارقاسەپ تەمىنات خىزمىتىنى ئىشلەشكە تەيىنلىدى. شۇڭا مەن ئاقسۇدا ھەربىي كىيىم ۋە ئېگەر - توقۇم ياسىتىش بىلەن بولدۇم. يۇنۇس بەگ بىلەن كىچىك ئاخۇن ئىككىسى قاخشال يولى بىلەن قەشقەرگە كەتتى.

مەن قاراشەھەردىكى ماشىمىڭغا بىر پارچە خەت يازدىم. مەزمۇنى مالۇيجاڭ تۆمۈر ئېلىنى كۆزىگە ئىلماي نەتىجىدە ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا نارازىلىق پەيدا بولۇپتۇ. بۇنداق بولىشى ئىشلىرىمىز ئۈچۈن پايدىسىز. شۇڭا ئىچكى ئۆلكىدىن چىققان خۇيزۇلاردىن ئەۋەتىپ مالۇيجاڭغا بىرئاز بېسىم ئىشلەتكەن بولسىڭىز ياخشى بولاتتى، دېگەندىن ئىبارەت. مېنىڭ خېتىمگە ئاساسەن ماجەنساڭ ئىسمىلىك ياشىراق بىرسىنى بىر قىسىم ئادەم بىلەن ئەۋەتتى، ئۇ كىشى مارالۋېشىغا يېتىپ كېلىپلا ئۇرۇشقا قاتناشتى. ماجەنساڭ ئاقسۇغا كەلگەندە مەن ئاقسۇ كوناشەھەر



ھاكىمى ئايۇپ بىلەن بىللە بېرىپ كۆرۈشتۇم. ماجەنساڭمۇ مېنىڭ ئارقاسەپ تەمىنات خىزمىتى ئىشلەۋاتقانلىقىمغا قوشۇلدى.

مارالۋېشى تۈمشۇقتا 40 نەچچە كۈن جەڭ قىلغان تۆمۈر ئېلى غەلىبە قىلدى. ياڭ چىمىن ئۇرۇشتا ياريدار بولۇپ قەشقەرگە قاراپ قاچتى. مەن ئاقسۇدىن قەشقەرگە يېتىپ بارغاندا تۆمۈر ئېلى سىلىڭ بولۇپ قەشقەر كوناشەھەرگە جايلاشقان ئىكەن. يۇنۇس بەگ قەشقەرگە ۋالىي بولۇپتۇ. يەنە بىر ماناسلىق خۇيزۇ ئورۇنباسار ۋالىي بولۇپتۇ. كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ (پولكوۋنىك) بولۇپتۇ. مازىخۇي (ماجەنساڭ) قەشقەر يېڭىشەھەرگە جايلاشقان ئىكەن. مەن بېرىپ كۆرۈشكەندە ئۇ، ماڭا تۆمۈر ئېلى سىلىڭ بولغاندىن بۇيان مەن بىلەن با مەسلىھەت ئىش قىلمايدۇ، دەپ نارازىلىق سۆزلەرنى قىلدى.

## قەشقەردە

مېنىڭ بىلىشىمچە قەشقەردە 4 خىل كۈچ بار ئىدى: ① تۆمۈر سىلىڭ باشچىلىقىدىكى ھەربىي كۈچ؛ ② ماجەنساڭ باشچىلىقىدىكى ھەربىي كۈچ؛ ③ ئوسمان سىجاڭ باشچىلىغىدىكى ھەربىي كۈچ؛ ④ ئۆزبېك سېتىۋالدىجان باشچىلىقىدىكى ھەربىي كۈچلەردىن ئىبارەت.

قەشقەر ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىدى. قەشقەرلىق ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، ئابدۇرېيىم بايۋەتچە دېگەنلەر ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ئارىلىشىۋالغان ئىكەن. مەن قەشقەرگە بارغان ھامان مېنى يەكەنگە بۇيرىدى. يەكەندە تۆمۈر سىلىڭنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىدىن ھاپىز لۇيجاڭ بار ئىدى. شامەنسۇرمۇ شۇ يەردە ئىكەن. ئۇچاغدا يەكەنگە ھامىتخان خوجا دېگەن كىشى ھاكىم ئىدى.

شامەنسۇر دېگەن ئىسمنى ئاڭلاپ بۇ قانداق ئادەمدۇر دەپ هەيران بولدۇم. مەن يەكەنگە بارسام شامەنسۇر دېگەن كىشى كېلىپ مەن بىلەن قۇچاغلىشىپ كۆرۈشتى. ئاندىن ئۇنىڭ كونا ئاغىنەم ئىكەنلىگىنى تونۇدۇم. ئۇ ئەسلىدە ئابدۇللا ئىسىملىك دورىگەر بولۇپ، تۇرپاندا بىللە تېبابەتچىلىك قىلغان ئىدۇق. شۇنىڭ بىلەن مەن خاتىرجەم يەكەندە تۇرۇپ قالدىم. ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندە شامەنسۇر، ساۋۇت داموللا قاتارلىقلار خوتەن قىسىملىرىنى باشلاپ قەشقەرگە تۆمۈر سىجاڭنى زىيارەت قىلغىلى كەتتى. ئۇلار ئاساسەن تۆمۈر سىجاڭ بىلەن مەسلىهەتلىشىپ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتى» قۇرۇش ئۈچۈن بارغان ئىدى. بۇ مەسىلىدە تۆمۈر سىجاڭ بىلەن پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەي «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتى» قۇرالمىدىلا ئەمەس، ئەكسىنچە توقۇنۇش پەيدا بولۇپ تۆمۈر سىجاڭ خوتەن قىسىملىرىنى قۇرالسىزلاندۇرىۋەتتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ خوتەنلىكلەر تۆمۈر سىجاڭغا ئىتائەت قىلمىدى. ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەت كۈندىن ـ كۈنگە يامانلاشتى. تۆمۈر سىجاڭ، سېتىۋالدىجان پولكى بىلەن هاپىز لۈيجاڭغا خوتەنگە هۇجۇم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇ ۋاقىتلاردا تۆمۈر سىجاڭنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى ئابدۇقادىر مۇختەرنىڭ باشچىلىقىدا تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئەكىلىش ئۈچۈن كۇچاغا كەتكەن ئىدى. قەشقەر كوناشەهەردە هامۇتخان لۈيجاڭنىڭ بىر لۈي ئەسكىرىلا قالغان ئىدى. شۇنداق ۋاقىتتا ئوسمان سىجاڭ يۈز ئۆرۈپ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ تاغقا چىقىپ كەتتى. تۆمۈر سىجاڭ هامۇتخان لۈيجاڭغا ئوسمان سىجاڭنى قوغلاشقا بۇيرۇق قىلدى. قىرغىزلار ئاللىقاچان تاغ ئېچىگە كىرىپ كەتكەن ئىدى. ئەتىسى تۆمۈر سىجاڭ كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ لەنگەرگە چىقىپ ئۆرۈش ئەهۋالىنى



كۆزدىن كۆچۈرۈپ قەشقەر كوناشەهەرگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا، يول ئۈستىدە ماجەنساڭ ئەۋەتكەن كاڭ مازا باشچىلىقىدىكى بىر پولك ئەسكەرگە ئۇچرايدۇ. تۆمۈر سىجاڭ ماشىنىدىن چۈشۈپ مەزكۇر پولكنىڭ تۈەنجاڭنى ۋاقىتىدا كەلمىدىڭلار دەپ ئېيىپلايدۇ. خۇيزۇ ئەسكەرلىرى شۇ يەردە ئوق چىقىرىپ تۆمۈر سىجاڭ ۋە باشقا ئادەملىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. هەمدە تۆمۈر سىجاڭنىڭ كاللىسىنى كېسىپ شەهەر دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويىدۇ. (كاڭ مازا قاراشەهەرلىك خۇيزۇ بولۇپ، كېيىن لۈيجاڭ بولغان) مەن يەكەندە تۇرۇپ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىدىم. ئەسلىدە خوتەنگە هۇجۇم قىلماقچى بولغان هاپىز لۈيجاڭ ۋە سېتىۋالدىجان قىسىملىرى كەينىگە قايتىپ قەشقەرگە هۇجۇم قىلدى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ قارمىقىدىكى قوشۇنلار كۆرۈنۈشتە قىساس ئالماقچى بولۇپ سوقۇش قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار هەرقايسى ئۆز كۈچىنى ساقلاپ قىلىش كويىدا ئىدى. شۇڭا هەقىقى يوسۇندا ئۇرۇشقا قاتناشمىدى.

بۇ چاغدا خوجانىياز هاجى، مەهمۇت سىجاڭلار ئاقسۇغا كەلگەن ئىدى. تۆمۈر سىجاڭنىڭ قوشۇنلىرى قەشقەردىكى ماجەنساڭ قوشۇنلىرى بىلەن سوقۇشىۋاتاتتى. بولۇپمۇ سېتىۋالدىجاننىڭ ئۆزبېك پولكى ئىنتايىن قاتتىق جەڭ قىلدى. قەشقەر كوناشەهەرنى بىرقانچە قېتىم ئىشغال قىلدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ساۋۇت داموللا باشچىلىقىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتى» رەسمى قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى. ئاقسۇدىكى خوجانىياز هاجى مەهمۇت سىجاڭ قوشۇنلىرىمۇ قەشقەرگە كېلىپ ماجەنساڭغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتى.

خوجانىياز هاجى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتى» گە رەئىس جۇمهۇرلىققا تەيىنلەندى. ساۋۇت داموللا باش ۋەزىر (زۇڭلى) بولدى. مەهمۇت سىجاڭنىمۇ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى دەپ تەيىنلىدى. خوجانىيازهاجى

قوشۇنلىرى قەشقەر يېڭىشەھەرگە راسا ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا قۇربان ھېيت كېلىپ قالدى. خوجىنىياز ھاجى ئەسكەرلىرىنى قايتىپ كېلىپ ھېيت نامازنى ئوقۇشقا بۇيرۇق قىلدى. بۇيرۇققا بىنائەن ھەممە ئەسكەر سەپنى بوشۇتۇپ قايتىپ كەلدى. بۇ پۇرسەتتە ماجەنساڭ قوشۇنلىرى ئىلگىرى قولىدىن كەتكۈزۈپ قويغان سەپلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ يېڭىشەھەرنى مۇستەھكەملىۋالدى.

بۇ چاغدا مافۇيۇەن قوشۇنلىرى ئاقسۇدىن قەشقەرگە كەلدى. ئىمىر ساھىپ باشچىلىقىدىكى خوتەن ئەسكەرلىرى مارالۋېشى پەيزىۋاتلاردا توساپ زەربە بەردى. نەتىجىدە خوتەن ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ مارالۋېشى، پەيزىۋاتلارنى تاشلاپ چىقتى. مافۇيۇەن قوشۇنلىرى ئىلگىرىلەپ كېلىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلدى. خوجانىياز ھاجى ئاتۇشنىڭ ئاغۇ تاغلىرىغا چېكىندى. خۇيزۇ قوشۇنلىرى ئاتۇشقىچە قوغلۇشۇپ كېلىپ قاتتىق سوقۇشلار بولدى. ئەسكەرلەر تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كېتىپ ھاجىنىڭ يېنىدا ئاران ئون نەچچىلا ئادىمى قالغاندا خۇيزۇلار ئەسكەرلىرى ھاجىنى قوغلاپ بىر ئېقىنغا قاپساپ كېلىدۇ. ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. شۇ چاغدا ھاجى ئاتتىن چۈشۈپ ئۆز قولى بىلەن دۈشمەننىڭ نۇرغۇن ئادىمىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، خەتەردىن قۇتۇلىدۇ. خۇيزۇلار كەتكەندىن كېيىن خوجانىياز ھاجى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئەركەشتامغا بېرىپ، نەق بىر ئاي تۇردى. بۇ يەرگە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر مۇنچە ئادەملەر كېلىپ، ساۋۇت داموللىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈردى. ھەمدە خوجا نىياز ھاجىنى رەئىس جۇمھۇر بولماسلىقىڭىز لازىم ئىدى دەپ ئەيىپلىدى. بۇ مەسىلىدە خوجانىياز ھاجى خېلىلا «خىجالەت» بولدى. ئەڭ ئاخىرىدا سوۋېتلىكلەر ساۋتۇت داموللىنى قولغا ئېلىش تەكلىپىنى قويدى



ھەمدە نۇرغۇن سوۋغا تەقدىم قىلىپ شەرەپلىك ئۇنۋان بەردى.

«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ دۆلەت بايرىقى مەسىلىسىدە بىر قانچە كۈن مۇنازىرىلىشىپ، بىر قىسىم كىشىلەر مۇستەقىل بولۇش، بايراقتا ئاي يۇلتۇز بەلگىسى ئورنىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. يۇنۇس بەگ پىكىر قىلىپ بىز ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا بىر مەركەزگە تايىنىشىمىز كېرەك، ئۇنداق قىلمىساق چەت ئەل جاھانگىرلىرى بوزەك تاپىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت بايرىقىمىزغا ئاي - يۇلتۇز ئورناتقاندىن تاشقىرى، يۇقىرىقى بۇرجىكىگە «كۆك ئاسمان ئاق كۈن» بەلگىسى (گومىنداڭ دۆلەت بايرىقىنىڭ بەلگىسى - ت) ئورنىتىشىمىز لازىم، دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. كۆپچىلىك بۇ پىكىرنى ماقۇل كۆرۈپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» بايرىقىغا ئاي - يۇلتۇز ئورنىتىپ، دەستىنىڭ ئۈچىغا يېقىن بۇرجىكىگە «ئاق كۈن» بەلگىسى ئورناتماقچى بولدى.

خوجا نىياز ھاجى ئەركەشتامدىن يەكەنگە كېلىپ ساۋۇت داموللا، زىرىپ قارى ھاجى، سۇلتانجان قاتارلىق ئۈچ كىشىنى قولغا ئېلىش توغرىسىدا مەھمۇت سىجاڭغا بۇيرۇق چۈشۈردى. مەھمۇت سىجاڭ غوپۇر تۈەنجاڭغا بويرۇق بېرىپ ئۇلارنى قولغا ئالدى. سۇلتانجان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ باش كاتىپى بولۇپ، پۈتۈن ئىش شۇ كىشىنىڭ قولىدىن ئۆتەتتى. سۇلتانجان ئەسلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ ئۆتكەن ئۇنسۇر ئىدى. كېيىن ئۇ تۈرمىدىن قېچىپ چەت ئەلگە ئۆتۈپ، ئەرەب دۆلەتلىرىدە سەرگەردان بولۇپ يۈردى. (سۇلتانجان ئەسلىدە تۈركىيە پۇقراسى ئىدى. تۈركىيە ئۇنى سوۋېت ئىشپىيونى دەپ گۇمانلىنىپ تۈركىيىگە كىرگۈزمىگەن).

شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭ

تەرەپكە قوغلاپ كەلگەندە، ئۇلار قەشقەردە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ ئاندىن خوتەنگە يىغىلدى. مەن بۇ چاغدا يەكەندە ھاكىم ئىدىم. ماشىمىڭ، مافۇيۇەنلەر بىلەن تونۇش بولغۇنۇم ئۈچۈن، ئۇلار مېنىڭ داۋاملىق ھاكىم بولۇشۇمنى قوۋەتلىدى. ئۇلار يەكەنگە كەلگەندە خوجانىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت سىجاڭلار مەكىتتە ئىدى. ماشىمىڭ قىسىملىرى مەكىتكە بېرىپ تۇيۇقسىز ھوجۇم قىلدى. بۇ سوقۇشتا مەھمۇت سىجاڭنىڭ ئادىيوتانتلار باشلىقى نىيازغا ئوق تەگدى. شۇ سەۋەپتىن ئەسكەرلەر تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ يەكەن دەرياسى بويلاپ ئاقسۇغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار قېچىپ مارالۋېشى ئەتراپىدىكى شاقۇر دېگەن جايغا بارغاندا، ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى كىيىم - كېچەكلىرىنى يېشىپ خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقاندا، مافۇيۇەن قىسىملىرى قوغلاپ كېلىپ تۈن نىسپىدە ھۇجۇم قىلدى. خوجانىياز ھاجى قىسىملىرى ئۇيقۇلۇقتا قورقۇپ كېتىپ قاچتى. مافۇيۇەن قىسىملىرى نۇرغۇن قورال ۋە بايلىقلارنى غەنىيمەت ئالدى.

خوجانىياز ھاجى ئاقسۇغا بېرىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ تەيىنلەندى، بۇ، 1934 - يىلى 5 - ئايلاردىكى ئىش. لىيۇبىڭ قەشقەردە گارنىزون قوماندانى بولدى. مەھمۇت سىجاڭ مۇئاۋىن قوماندان بولغان ئىدى.

مەھمۇت سىجاڭ مارالبېشىدىكى ۋاقتىدا خوجانىياز ھاجى ئايرۇپىلان بىلەن ئاقسۇدىن كېلىپ، مەھمۇت سىجاڭ بىلەن كۆرۈشتى. بۇ ئىككىسى خوجىنىياز ھاجىنىڭ مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ ئۈرۈمچىگە بېرىش مەسىلىسىنى مەسلىھەتلەشتى. ئايرۇپىلان مارالۋېشىغا كېلىپ يەرگە قونۇش ۋاقتىدا بىر ئاز خەتەرگە ئۇچراپ ھاجىنىڭ پۇتى يارىلانغان ئىدى. مەھمۇت سىجاڭ ھاجىغا: ئۈرۈمچىگە بارماڭ، ئەگەر بارىدىغان بولسىڭىز ھەممە ئىشىڭىز بۇزۇلىدۇ، دەپ نەسىھەت قىلدى. خوجانىياز ھاجى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي ئۈرۈمچىگە بېرىپ



مۇئاۋىن رەئىس بولدى. مەھمۇت سىجاڭ قەشقەر كوناشەھەردە، لىيۇبىڭ يېڭىشەھەردە تۇردى. شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى رىبالىكىن ئىسىملىك ھەربىي ئەمەلدارنى ئەۋەتىپ، مەھمۇت سىجاڭغا ھەربىي مۇشاۋىرلىققا تەيىنلىدى (بۇ كىشى كېيىن ئاڭلىساق سوۋېت ئىتتىپاقى مەلۇم تانكا قىسمىنىڭ گېنېرالى بولغان). بۇ كىشى ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىنى تۇتتى. مەھمۇت سىجاڭ ئۆز ئىستىقبالى توغرىسىدا ئىنتايىن قايغۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر نەچچىلا ئادىمى قالغان ئىدى. مەسىلەن، ئابلا داموللا نەئىمى (تۇرپانلىق) سىجاڭنىڭ پۈتۈن مەخپىي ئالاقىلىرىنى باشقۇراتتى. قۇربان سەئىدى (تۇرپانلىق) سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىككى يىل ئوقۇپ كېلىپ، ئەمەت خەلپەتنىڭ ئورنىغا سەنمۇجاڭ بولدى. ئىلياس فوگۇەنجاڭ (ئادىيوتانتلار باشلىقى) مەھمۇت سىجاڭنىڭ مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئىلياسنى سوۋېت كونسۇلى بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ، چەت ئەلگە كېتىۋاتقاندا يولدا ئېتىپ تاشلىدى. يۇقىرىقى كىشىلەر ئىچىدە بەزەنلىرى تولۇق ئىشەنچلىك ئەمەس ئىدى. شۇڭا مەھمۇت سىجاڭ كۈن ئۆتكۈزمەكنىڭ قىيىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلاتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ يەنە بەزەن ھەرىكەتلەرنىمۇ قىلاتتى. قەشقەر شەھەر كوچىلىرىدا دائىم دېگىدەك سوۋېتكە قارشى تەشۋىق ۋەرەقلىرى تارقىتىپ تۇراتتى. تاڭ ئاتقاندا ئۇ، ھېچنېمىنى بىلمەس كىشى بولۇپ تەكشۈرۈشكە ئادەم ئاجرىتاتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ۋەرەقلەرنى ئابلا دامولىغا ئۆزى بۇيرۇپ قىلدۇراتتى.

## ئابدۇغۇپۇر دامولىنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى

شىڭ شىسەينىڭ تەكلىپى بىلەن ئابدۇغۇپۇر دامولىلا بىر

قېتىم ئۈرۈمچىگە بېرىپ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تەشۋىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. مەھمۇت سىجاڭ ئۇ كىشىنى شىڭ شىسەي بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ كەلگەن خەۋپلىك ئۇنسۇر دەپ قاراپ يوقىتىۋەتمەكچى بولدى. شۇ كۈنلەردە شىڭ شىسەي ئابدۇغۇپۇر داموللىنى 2 ـ قېتىم ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ تېلېگراما ئەۋەتتى. شۇ سەۋەپتىن ئادۇغۇپۇر داموللا مەھمۇت سىجاڭ بىلەن خوشلاشقىلى كەلگەندە، سىجاڭ مەقسەتلىك ھالدا كۈندۈزى كۆرۈشمەي كەچقۇرۇنلىقى كۆرۈشمەكچى بولدى. شۇ ئاخشىمى ئابدۇغۇپۇر داموللا مەھمۇت سىجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆيگە قايتىپ كېتىۋېتىپ تۈمەن دەرياسى كۆۋرۈكىگە كەلگەندە، سىجاڭ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىككى ئادەم كۆۋرۈك ئاستىدىن چىقىپ، پىچاق بىلەن ئابدۇغۇپۇر داموللىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى، ئابلا داموللا مېنى ئويغىتىپ، بۈگۈن كېچە تۈمەن دەرياسى كۆۋرۈكىدە ئابدۇغۇپۇر داموللىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ، دېدى. مەن ياتاقتىن چىقسام قۇربان سەئىدى كەلدى. مەھمۇت سىجاڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ شۇ ئاندىلا ماڭا بىر پولك ئەسكەر چىقىرىپ چارلاپ، قاتىللارنى تۇتۇڭلار، دېدى. مەن ئۇ چاغدا ھەربىي سوت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئىدىم. بۇيرۇققا بىنائەن بىر پولك ئەسكەر چىقىرىپ چارلاش يۈرگۈزگەن بولساممۇ، قاتىللارنى قولغا چۈشۈرەلمىدۇق. ئەتىسى ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مەھمۇت سىجاڭ مۇراسىمغا قاتناشتى.

مەھمۇت سىجاڭنىڭ مۆمىن ئاخۇن دېگەن بىر ئىشەنچلىك ئادىمى بار ئىدى. بۇ ئادەم سودىگەرچىلىك قىلاتتى. بۇ ئادەم ئەسكى چاپان كىيىپ يۈرۈيدىغان بولغاچقا، ئادەتتە ئۇ كىشىگە ھېچكىم دىققەت قىلمايتتى. مەھمۇت سىجاڭ بۇ ئادەمنى نەنجىڭگە ئەۋەتكەن ئىدى. مۆمىن ئاخۇن خوتەن، كېرىيە، دۇنخۇاڭ ئارقىلىق قەلەندەر شەكلىدە نەنجىڭگە يېتىپ بېرىپ، ئەيسا بەگ، مەسئۇت سەبرى قاتارلىقلارنى تېپىپ، ئۇلار ئارقىلىق گومىنداڭ باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ، گومىنداڭ مەركىزي ئۇ كىشىنىڭ دوكلادىنى ئاڭلاپ بىرمۇنچە يوليۇرۇق بەرگەندىن كېيىن يول خىراجىتى بېرىدۇ. بۇ كىشى مىڭ تاختىدەك چاي ئېلىپ شىنجاڭغا قايتىپ قۇمۇلغا كەلگەندە، يولۋاس بۇ ئادەمنى قولغا ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يوللاپ بېرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى قەشقەرگە كەلگەندە مۆمىن ئاخۇننى نەنجىڭگە ئەۋەتكەن مەسىلىنى تەنقىدى تەلەپپۇز بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ: سىجاڭ بۇ خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن قايتا سادىر قىلماسلىق كېرەك! دەيدۇ. مەھمۇت سىجاڭ بۇ سۆزگە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەيدۇ. كېيىن مەھمۇت سىجاڭ ئىمىن داموللىنى نەنجىڭگە ئەۋەتتى. بۇ ئادەم نەنجىڭدىن قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، چۆللەردە يول تاپالماي كەلگەن يولى بىلەن يەنە نەنجىڭگە قايتىپ كەتكەن ئىدى.

شىڭ شىسەي مەھمۇت سىجاڭنى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىپ نۇرغۇن قېتىم تېلېگراما ئەۋەتتى. مەھمۇت سىجاڭ كۆرۈنۈشتە بېرىشقا تەييارلىق كۆرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھىندىستانغا قېچىش تەييارلىقىنى كۆرەتتى. ئۇ قۇربان سەئىدىگە ھىندىستانغا قېچىش پىلانىنى ئېيتقاندا: بىز ئورنىمىزدىن قوزغالمايلى، چەتكە چىققان بىلەنمۇ ھېچقانداق مەقسەتكە يېتەلمەيمىز، چەتتە سەرگەردان بولۇپ يۈرمەكتىن باشقا ئىش يوق، دەپ قوشۇلمىدى. شۇڭا سىجاڭ چەتكە قېچىش پىلانىنى ۋاقتىنچە تاشلاپ قويدى.

## هىندىستانغا قېچىش

كېيىنچە مەھمۇت سىجاڭ ۋەزىيەتنىڭ بارغانچە جىددىيلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قۇربان سەئىدى سەنمۇ جاڭغا

تۇيدۇرماستىن، 2 ـ قېتىملىق قېچىش پىلانى تۈزدى.

مەھمۇت سىجاڭ تۇرپاندىكى بىر كارىزنى 400 سەر ئالتۇنغا ساتتى. يەنە باشقا نەرسە كېرەكلىرىنى سېتىشتۇرۇپ جەمئىي 800 سەر ئالتۇن تەييارلىدى. بۇنىڭدىن 400 سەر ئالتۇننى ئابدۇقادىر داموللىغا تاپشۇرۇپ چەتئەلگە ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋىدى، يول ئۈستىدە شېڭ شىسەينىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنىپ كەتتى. قالغان 400 سەر ئالتۇننى قاچقاندا بىللە ئېلىپ ماڭدۇق.

بىز پىلانىمىز بويىچە 1937 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى يولغا چىقتۇق. مېڭىش ئالدىدا ياقۇپ تۆەنفۇ (پودپولكوۋنىك، شايارلىق) غا پولكوۋنىك قۇربان نىيازنى ئېتىۋېتىشكە بۇيرۇق قىلدۇق. نەتىجىدە، بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمىدى (پۈتىندىن يارىدار قىلدى).

مەھمۇت سىجاڭ يەكەنگە بېرىپ ماخوسەن قىسىملىرىغا مەن شېڭ شىسەي بىلەن بۇزۇلۇشۇپ قايتىپ چىقتىم، خوتەنگە بېرىپ ما خۇسەن بىلەن كۆرۈشىمەن، دەپ نەچچە پارچە خەت يېزىپ ئەۋەتتى. بۇ خەتنى كۆرگەن ما خۇسەن قىسىملىرى ھەيران بولدى ھەمدە خوشال بولدى. شۇڭا ئۇلار مەھمۇت سىجاڭ كەلگىدەك دەپ، ئۆرتەڭ ـ ئۆرتەڭلەرگە زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇپ قارشى ئېلىش تەييارلىقى كۆردى. شۇنداق قىلىپ لاداق يولى بوش قالغان ئىدى.

بىز قېچىپ لاداققا باردۇق. توختى ھاجى ئوردۇ تىلى بىلگەچكە تەرجىمانلىق قىلدى. لاداقتىن 8 كۈن يۈرۈپ كەشمىرگە باردۇق. ئۇ يەردە خېلى جىق تىجارەتچى ئۇيغۇرلار بار ئىكەن. كەشمىردە تۇرۇشلۇق ئېنگىلىزلار رەسمىيەت ئۆتەپ قۇراللىرىمىزنى تاپشۇرۇپ ئالدى. مەھمۇت سىجاڭ بىلەن ئابلا داموللا ئىككىسى كالكوتتىغا بېرىپ، گومىنداڭنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بىلەن كۆرۈشۈپ پاسپورت تەلەپ قىلدى.



مەھمۇت سىجاڭ ماڭا 100 دانە تىللا بېرىپ نەنجىڭگە ئەۋەتتى. مەن كالكوتتىغا بېرىپ كونسۇلخانىدىن يول خېتى ئېلىپ، بىر ياپون پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ گۇاڭجۇ ئارقىلىق نەنجىڭگە باردىم. مەسئوت، ئەيسالار شۇ يەردە، مەسئۇت مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەزاسى، ئەيسا قانۇن تۈزۈش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى ئىكەن. ئۇلارنىڭ باشلامچىلىقى ئارقىسىدا 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشۈپ، 15 مىنۇتچە سۆزلەشتىم. مەن ئۈچ تۈرلۈك تەلەپ قويدۇم. ① بىز ما خۇسەنگە ئىشەنمەيمىز؛ ② شېڭ شىسەي سوۋېت تەرەپ بولۇپ كەتتى؛ ③ بىزگە قورال بەرسۇن، شىنجاڭغا ۋەكىل ئەۋەتىپ شېڭ شىسەينى يۆتكەپ كېتىش كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت. جياڭ جيېشى ماڭا: سىلەر جاپا چەكتىڭلار، ھازىر جۇڭگو ـ سوۋېت ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشماسلىق شەرتنامىسى ئىمزالاش ئالدىدا تۇرماقتا. ئەگەر شېڭ شىسەينى يۆتكىسەك جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىگە تەسىر يېتىشى مۇمكىن. ھازىر ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش دەۋرى، قالغان ئىشلارنى چېن لىفۇ بىلەن سۆزلىشىڭلار، مەن تېلېفون ئارقىلىق ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىمەن دېدى. مەن چېن لىفۇ بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇ ماڭا: ئاۋال ياڭ زېڭشىننى ئەسكى دىدىڭلار، كېيىن جىن شۇرېننى ئەسكى دېدىڭلار، ئەمدى شېڭ شىشەينى يامان دېسەڭلار، سىلەرگە مەن ئاسماندىن پەرىشتە تەكلىپ قىلىپ رەئىس قىلىپ بېرەتتىممۇ؟ دېگەندەك بىر مۇنچە قۇلاققا ياقمايدىغان سۆزلەرنى قىلدى. كېيىن ئۇ يەنە سۆزلەپ: يېقىندا شىنجاڭغا بارىمەن. مېڭىش ئالدىدا يەنە بىر كۆرۈشەيلى دېدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي چېن لىفۇ شىنجاڭغا كېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىدۇق. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شېڭ شىسەينى چېن لىفۇنىڭ ئادىمى دەپ تونۇيمەن.

بۇ ئەھۋاللارنى خەت ئارقىلىق مەھمۇت سىجاڭغا دوكلات

قىلدىم. مەھمۇت سىجاڭ مېنى شاڭخەيگە كېلىپ چەت ئەل كونسسىيەلىرىگە بېرىپ تۇرۇشۇمنى تاپشۇردى. مەن شاڭخەيگە بېرىشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتسام مەسئوت، ئەيسالارمۇ بىللە بارىمىز دېدى. ئەيسا بەگ قانۇن تۈزۈش پالاتاسىدىن بىر دانە ئاپتوموبىل ھەل قىلغان ئىكەن. شۇنىڭغا ئۆلتۈرۈپ شاڭخەيگە باردۇق. ئەيسا بىر ھەپتە تۇرۇپ قايتىپ كەتتى، مەن يالغۇز قالدىم.

مەن نەنجىڭگە كەلگەندىن كېيىن، مەھمۇت سىجاڭ مايىت تۆەنجاڭ (توقسۇنلۇق) ئابدۇللا داموللا، باۋۇدۇن ھاجى قاتارلىقلار بىرلىكتە ھەرەمگە بېرىپتۇ. ئۇ يەردىن تۈركىيىگە بېرىپ، يەنە ھىندىستانغا قايتىپ كەلگەن ئىكەن.

ئۇ چاغلاردا ھىندىستانلىقلار ھەمىشە نامايىش قىلىپ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇراتتى. مەھمۇت سىجاڭغا ئەگىشىپ چىققانلار بىكار يېتىپ زېرىكىپ، نەچچە ئېغىز ئوردوچە گەپ - سۆزلەرنى ئۆگىنىۋېلىپ نامايىشلارغا قاتنىشىپ، ھىندىستانلىقلارغا قۇلۇڭلارغا كالتەك ئېلىپ نامايىش قىلىڭلار، دەپ ئۆگەتكەن ئىكەن، ھىندىلار بۇ گەپتىن خېلى تەسىرلىنىپتۇ، ئېنگىلىز ھۆكۈمىتى بۇنى سىزىۋېلىپ مەھمۇت سىجاڭ كەلگەن ھامان قولغا ئېلىپ، 27 كۈن قاماپ قويىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ھۆكۈمەت تەرەپ ئۈچ كۈن ئىچىدە كېتىشىمىزنى ئۇقتۇرۇش قىلدى. شۇ سەۋەبتىن بىز ھىندىستاندا تۇرالمىدۇق.

## جۇڭگوغا قايتىش

مەھمۇت سىجاڭ، توختى ھاجى قاتارلىق تۆت كىشى كالكۇتتىغا كېلىپ، ياپونىيىنىڭ سودا پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ شاڭخەيگە كەتتى. شاڭخەيدە ئۈچ كۈن تۇرۇپ، ئۇ يەردىن



ياپونىيىگە كەتتى. توكيوغا بارغاندا «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال ئۇيۇشمىسى» قۇرماقچى بولۇپ، بىزگە (بىز ئۇ چاغدا كوكخۇتتا ئىدۇق) تېلېگرامما ئەۋەتىپ ۋەكىل قاتناشتۇرۇشىمىزنى ئۇقتۇردى. كوكخۇتتىكىلەر مەن بىلەن مايىت ھاجىنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى. بىز 1939 - يىلى 12 - ئاينىڭ باشلىرىدا توكيوغا يېتىپ بېرىپ «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال ئۇيۇشمىسى» قۇرۇپ، مەھمۇت سىجاڭنى رەئىس، ئىمىن ھەزرەتنى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلىدۇق (ئىمىن ھەزرەت ئافغانىستاندا ئىدى). ئىلى ھاجى ئومۇمىي ئىشلار باشلىقى بولدى. ئۇيۇشمىنىڭ چىراجىتىنى ئىئانە توپلاش يولى بىلەن ھەل قىلماقچى بولدۇق. 1940 - يىلى 1 - ئايدا بىز كوكخۇتقا قايتىپ كەلدۇق. ئۇيۇشمىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى يەتكۈزدۇق. ئۇ يەردىكىلەر ئىئانە بېرىشكە قوشۇلمىدى. ئىئانە توپلاپ چەتئەللەردە ساياھەت قىلىپ يۈرگەنلەرنى باقىمىزمۇ؟ دەپ ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇيۇشما قۇرۇلغان بولسىمۇ، راۋاج تاپالمىدى.

مەھمۇت سىجاڭ توكيودىن بېيجىڭگە قايتىپ كەلگەندە، مەن كوكخۇتتىن ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشتۈم. بەزەنلەر مەھمۇت سىجاڭ ياپونىيە ھۆكۈمىتى بىلەن قانداقتۇر بىر كېلىشىم تۈزۈشۈپتۇ دەيدۇ. مېنىڭچە بولغاندا پاكىت يوق. مەھمۇت سىجاڭ ياپونىيىگە بارغان بولسىمۇ، ئەمما ياپونلارغا ئىنتايىن نارازى ئىدى. مەھمۇت سىجاڭ، توختى ھاجى، ئابلا داموللا قاتارلىقلار ياپونىيىدىن جۇڭگوغا قايتىپ كېلىپ شەنخەيگۇەنگە كەلگەندە، ياپون ساقچىلىرى ئۇلارنىڭ يۈك - تاقلىرىنى تەكشۈرگەندە سومكا ئىچىدە نەرسە - كېرەك ئورىغان بىر پارچە گېزىتتە ياپون باشلىقىنىڭ سۈرىتى بىر ئاز پۈرلۈشۈپ كىرلەشكەنلىكىنى كۆرۈپ، توختى ھاجىنى ئىككى شاپىلاق ئۇرغان ھەمدە ئىككى كۈن توختۇتۇپ قويغان. بۇ ئىش مەھمۇت

سىجاڭنىڭ كۆڭلىگە ئىنتايىن ئېغىر كېلىپ، ياپونلارغا بەك نارازى بولغان. مەھمۇت سىجاڭ تيەنجىندە گومىنداڭنىڭ قاتناش بانكىسىغا 30 تاي گەزمال ئامانەت قويغان ئىدى. كېيىن ياپون باسقۇنچىلىرى تيەنجىننى ئىشغال قىلىپ مەزكۇر مالنى مۇسادىرە قىلىۋالدى. مەھمۇت سىجاڭ شۇ مالنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، ياپونلار قايتۇرۇپ بەرمىدى، شۇ سەۋەپتىنمۇ ياپونلارغا نارازى ئىدى. يۇقىرىقى پاكىتلاردىن مەھمۇت سىجاڭ بىلەن ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئالاقە بولمىغانلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

ئىزاھلار:

### 1. سېتىۋالدىجان پولكىنى قۇراللىزلاندۇرۇش

سېتىۋالدىجاننىڭ ئۆزبېك پولكى تۆمۈر سىجاڭ قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندا قۇرۇلغان بولۇپ، پۈتۈنلەي ئۆزبېكلەردىن قۇرۇلغان ئاتلىق پولك ئىدى. ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى خوتەنگە چېكىنگەندە، سېتىۋالدىجان پولكى بىلەن خوتەن قىسىملىرى يېڭىساردا توساپ ئۇرۇش قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا ئۆزبېك پولكى مەغلۇپ بولدى. سېتىۋالدىجان ئۆزى ئەركەشتام ئارقىلىق ھىندىستانغا قاچتى. چېگرىغا بارغاندا ئېنگىلىز ھەربىي قىسىملىرى چېگرىدىن ئۆتكۈزمىگەچكە، قايتىپ كېلىپ مېنىڭ يېنىمغا كەلدى ۋە مەندىن مەھمۇت سىجاڭغا بىر پارچە خەت يېزىپ ھاياتىغا كاپالەت قىلىشىمنى ئۆتۈندى. لېكىن مەن خەت يېزىپ مەھمۇت سىجاڭغا ئەۋەتىش ئارىلىقىدا ليۇبىڭ سېتىۋالدىجان بىلەن ئەيسا ھاجى دېگەنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بەردى. سېتىۋالدىجان ئېتىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا يۈسۈپجان پولك كوماندىرى بولدى. شېڭ شىسەي بۇ پولكنى قۇراللىزلاندۇرۇش ئۈچۈن، مەزكۇر پولكنى مارالبېشىغا



بېرىشقا بۇيرىدى. سەنمۇجاڭ ئەمەت خەلپەت بىرلىكتە باشلاپ ماڭدى. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مەزكۇر پولكنى قۇراللىزلاندۇرۇشقا ياردەم تەلەپ قىلغانلىقتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىستاكوۋ قوماندانلىقىدا قىزىل ئارمىيىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، مارالبېشى ئەتراپىدا مەزكۇر پولكنى قۇراللىزلاندۇردى. يۈسۈپجان مۇھاسىرىنى بۇزۇپ تەكلىماكان تەرەپكە قېچىپ قولغا چۈشمىگەن.

### 2. ئوسمان سىجاڭنى قولغا ئېلىش

ئوسمان سىجاڭ (قىرغىز) نى قولغا ئېلىش توغرىسىدا خوجانىياز ھاجى بەرگەن بۇيرۇققا ئاساسەن، 1935 ـ يىلى مەھمۇت سىجاڭ ئوسمان سىجاڭنى دۇۋزىيە شتابىغا مېھمانغا چاقىردى. ئوسمان بىر تۈركۈم ئادەملىرى بىلەن كەلگەندە ئۇنىڭ ئادەملىرىگە كارىدوردا داستىخان سالدى. ئۆزى ئىچكىرىكى مېھمانخانىغا بىرلا ئادىمى بىلەن كىرگەندە، شۇ يەردە تۇتۇپ قولغا ئالدى. يەنە بىر نەچچە ھەربىي باشلىقلارنىمۇ قولغا ئېلىپ بىرلىكتە ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ بەردى.

### 3. قەشقەردىكى قۇم دەرۋازا تۈرمىسىگە ئوت قويۇش

مەھمۇت سىجاڭ قاچقاندىن كېيىن، قەشقەردە 3 ـ 4 يۈز ئادەمنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان ئىدى. مېنىڭ ئايالىم ئىككى قات بولۇپ تۇغۇت كۈنلىرى يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ، شېڭ شىسەي ئادەملىرى قولغا ئېلىپ قاماپ قويغان ئىدى (كېيىن ئابدۇنىياز سىجاڭنىڭ توپىلاڭچى قوشۇنلىرى ئايالىمنى قۇتقۇزۇپ تازغۇنغا قايتۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا تۇغۇلغان

قىزىم ھازىر ئۈرۈمچى پوچتا تېلېگرافتا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ) . بىز كەتكەندىن كېيىن ما خۇسەن، ئابدۇنىياز سىجاڭلار قەشقەرگە ھوجۇم قىلغاندا، شىڭ شىسەي بۇيرۇق بويىچە قەشقەر كوناشەھەر قۇم دەرۋازىدىكى تۈرمىگە ئوت قويدۇرۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. تۈرمىدە قامالغانلار ئىچىدە گۇناسىزلار خېلى كۆپ ئىدى.

## 4. قەشقەردە بولۇنغان قىرغىن

ما جۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنىپ قەشقەرگە يېتىپ بارغاندا، خوجانىياز ھاجى ۋاقتىنچە ئاتۇشنىڭ تاغلىرىغا چېكىندى. ما جۇڭيىڭ قەشقەر كوناشەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىقىپ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى. شەھەر ئىچىدە ئادەم كۆرۈنسىلا ئۆلتۈردى. ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ كۆپلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇردۇ. ئۆلۈكلەرنى زەمبىللەر بىلەن توشۇپ چىقىپ كۆمگەن. مۇنداق قەتلىئام تارىختا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

## 5. مەھمۇت سىجاڭنىڭ ۋاپاتى

مەھمۇت مۇھىتى ياپونىيىدىن قايتىپ كېلىپ بېيجىڭدە، ئىلگىرى قۇمۇل ۋاڭ تۇرىدىغان قەسىرىدە تۇردى. قالغانلىرىمىز كوكخوتتا ئىدۇق. بىر قېتىم مەھمۇت سىجاڭ، توختى ھاجى، يۈسۈپ باي قاتارلىقلار بىرلىكتە كوكخوتقا كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشۈپ «ئۇيۇشما» قۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى. شۇ كۈنلەردە مەھمۇت سىجاڭنىڭ مىجەزى كەم ئىدى. كېيىن بېيجىڭغا قايتىپ كەتتى. ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتكەندە مەھمۇت



سىجاڭنىڭ كېسەل بولۇپ ۋاپات بولغانلىقى توغرۇلۇق تېلېگرامما ئالدۇق. بۇ 1944 ـ يىلدىكى ئىش. بىزلەر بېيجىڭغا باردۇق. مەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ساندۇقىدىن بىر نۇسخا قۇرئان تەرجىمىسىنى تاپتىم. بۇ نۇسخىنى ساقلاپ يۈرۈپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندە مەھمۇت سىجاڭنىڭ قىزى ھەجەرخانغا بەردىم. كېيىن ئاڭلىسام بۇ قۇرئان تەرجىمىسى نەمەت خەلپەتنىڭ قولىغا چۈشكەن ئىكەن.

1980 ـ يىل، بىرىنچى ئاي

# ما جۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى توغرىسىدا ئەسلىمە

ئۇيغۇر ئادىل

— مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا

## كىرىش سۆز

ئەگەر سىز ھازىرقى 60 ـ 70 ياشلىق كىشىلەرنىڭ ما جۇڭيىڭ ئۈستىدىن قىلغان شىكايەتلىرىنى ئاڭلىسىڭىز، ھەيران قالىسىز، سىزنىڭمۇ ما جۇڭيىڭغا غەزەپ ـ نەپرىتىڭىز قايناپ تاشىدۇ. دېمەك، ما جۇڭيىڭ شىنجاڭ خەلقىنىڭ پاك قەلبىدە مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك خاتىرىلەرنى قالدۇرغان يىرگىنىشلىك تارىخىي شەخس.

مېنىڭچە، يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ما جۇڭيىڭ ۋەقەسىنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئېچىپ بېرەلىگۈدەك تولۇق ئەسلىمە يېزىلمىدى (مۇنداق ئەسلىمىلەرنى مەنمۇ يازالماسلىقىم مۇمكىن)، بۇ توغرىدا بەزى بىر ئەسلىمىلەر يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بېشى بار ئاخىرى يوق بىر نەرسە بولۇپ قالدى؛ بەزىلىرى ئوتتۇرىدىن بۆسۈپلا يېزىلدى. شۇڭا مەن تۆۋەندە، بىرىنچىدىن، ما جۇڭيىڭ



بىلەن شىنجاڭدا بىرگە بولغان يولۋاس ۋە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى نىيازبەگ، ياقۇپ بەگ، قاسىم فۇگۈەن، جۈملىدىن باياخۇن (ما جۇڭيىڭ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغاندا بىرگە بولغان ۋە 1934 ـ يىللىرى يەكەنگە ھاكىم بولغان) قاتارلىقلارنى ھەمدە مۇندىن 50 نەچچە يىل ئىلگىرى يەنى 1938 ـ يىللىرى چىڭخەيدە ئاڭلىغانلىرىمنى؛ ئىككىنچىدىن، 1933 ـ يىلىدىن 1938 ـ يىلىغا قەدەر ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلىرىمنى تۆۋەندىكىچە ئەسلىمە قىلىپ يېزىشنى زۆرۈر تاپتىم. بىراق، 50 نەچچە يىل ئىلگىرىكى بۇ ۋەقە توغرىسىدا يېزىپ قويغان ماتېرىياللىرىم بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقىلىپ كەتتى. بۇ يەردە پەقەت ئېسىمدە قالغانلىرىنىلا كىتابخانلارنىڭ بىلىپ قېلىشىغا تۆۋەنچىلىك بىلەن سۇنىمەن. بۇ ئەسلىمىدە ساقلانغان بەزى سەۋەنلىكلەرنى زامانداشلارنىڭ تۈزىتىپ كېتىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

## ما جۇڭيىڭنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

ما جۇڭيىڭ تەخمىنەن 1911 ـ يىلى گەنسۇنىڭ جەنۇبىدىكى خېجۇ دېگەن يەردە كىچىك بىر ئوفىتسېر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 17 ياش ۋاقتىدا شىنجىڭدىكى ما بۇفاڭ قوشۇنىدا شاڭشاۋ (پولكوۋنىك) بولغان. ئۇنىڭ دادىسى ماباۋ گەنسۇنىڭ جىنجۇ دېگەن يېرىدىن بولۇپ، يىڭ (باتالىئون) كوماندىرى بولغان. دېمەك، ما جۇڭيىڭ ھەربىي ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولغاچقا، ئۇنىڭدا كىچىكىدىن تارتىپلا غەربىي شىمالدىكى تۆت ئۆلكە بويىچە «باتۇر» بولۇش قارا نىيىتى بىخلاشقا باشلىغان. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ، 1928 ـ يىلىدىن باشلاپ غەربىي شىمالدىكى

تۆت ئۆلكىدە قۇتراپ يۈرۈپ، «باتۇر» لۇقىنى نامايان قىلغان، ئۇ، باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا دادا جەمەتى ما بۇفاڭغا قاتتىق قوساق كۆپىكى پەيدا بولغاچقا، ئەسلىدىكى «مابۇيىڭ» دېگەن ئىسمىنى «ما جۇڭيىڭ» غا ئۆزگەرتىپ، ما بۇفاڭدىن ئادا - جۇدا بولغان. ئۇ، 1930 - يىلى ئەتىيازدا، نەنجىڭغا بېرىپ، جياڭ جيېشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، بىر ھەربىي مەكتەپتە ئۈچ ئاي ئوقۇغان؛ ئاندىن گەنسۇغا قايتىپ كېلىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ بويىدىكى جۇڭۋېي ناھىيىسىدە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى قوشۇنلىرىنى توپلاپ، بىرشى (دىۋىزىيە) تەشكىل قىلغان ۋە ئۆزىنى شىجاڭ دەپ ئېلان قىلغان. كېيىن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئۇنىڭ قوشۇنىغا 36 - شى دەپ نام بېرىلىپ، ما جۇڭيىڭ رەسمىي شىجاڭلىققا تەيىنلەنگەن.

## ما جۇڭيىڭنىڭ قوزغىلىپ چىقىشى

ما جۇڭيىڭ ما بۇفاڭدەك مىللىتارىستلاردىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ قوزغىلىپ چىققاندىن كېيىن، ئاۋۋال خېجۇ ناھىيىسىنىڭ تۈرمىسىدىكى جىنايەتچىلەرنى ئازاد قىلىپ، ئاندىن خېجۇ ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلغان. شۇ ۋاقىتلاردا لەنجۇدا ماشاۋۇ قوماندانلىقىدا تۇرۇۋاتقان خىماتۇن* ما شاۋۇغا قارشى قوزغىلىپ، ما جۇڭيىڭغا قوشۇلۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن، ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى كۆپىيىپ كەتكەن.

* خىماتۇن — بەزى ماتېرىياللاردا «خىمايىك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خىمايىكنىڭ يىڭجاڭى ××× شىنجاڭنىڭ تارباغاتاي ئورۇشىدا ئۆلگەن. كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ما فۇيۈەن يىڭجاڭ بولغان. ئۇ چىڭخەيدە ئۆلگەن.



ما جۇڭيىڭ مىللىتارىستلار ھاكىمىيىتىگە قارشى تەرەپتە تۇرۇپ، غەربىي شىمال تۆت ئۆلكىدە ئۇزۇن يىللار داۋامىدا يىلتىز تارتىپ كەتكەن مىللىتارىستلارنى خېلى ئەندىشىگە سالغان. ما جۇڭيىڭنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە يەرلىك ياشلار زور ھېسداشلىق بىلەن قوشۇلغاچقا، ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى تېخىمۇ كۈچەيگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، غەربىي شىمال چېگرىسىغا قەدەر توسالغۇسىز ئىلگىرىلەۋەرگەن.

ما جۇڭيىڭ ۋەقەسى 1928 - يىلدىن 1937 - يىلغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا، گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا، شىنجاڭ ۋە شىزاڭ قاتارلىق ئۆلكىلەردىكى مىللەتلەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ھاقارەت كەلتۈرگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا مىراسلىرىنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتقان قەبىھ ۋەقە. ما جۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى «ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈپ، بايلارنى قويماي بۇلايمىز» دېگەن شۇئار بىلەن نىقاپلىنىپ، گەنسۇ خەلقىنى بىر مەزگىل گۆللىگەچكە، تارىختىن بۇيان ئېزىلىپ كەلگەن گەنسۇ خەلقى ئۇ ھەققىدە «گا سىلىڭ بېشى كىچىك، مىسران قېلىچى ئىتتىك، ئەجدىھارغا ئوخشىماس، مەرگەن شا كىچىك» دەپ قوشاق توقۇشقان (1938 - يىلى چىڭخەيدە ئاڭلىغانىدىم).

ما جۇڭيىڭ قوزغىلىپ چىقىشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىنمۇ ئۇنىڭ يېتىدىغان نىشانى ۋە تۇتىدىغان يولى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئادەتتىكى دېھقان ۋە يەر - ماكانسىز يېتىمچى پۇقرالاردىن بولغاچقا، ئۇلارنىڭمۇ ۋاقىتلىق قورساق بېقىشتىن باشقا سىياسىي كۆز قاراشلىرى بولمىغان. ئۇلار ئۆزلىرىنى دەسلەپ «قوراللىق كۈچلەر»، «قارا يولۋاس» دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، كېيىن ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن «غەربىي شىمال چېگرا مۇداپىئە بىرلەشمە

قوشۇنى» دەپ ئاتىغان. ما جۇڭيىڭ خېجۇغا قىلغان 1 ـ قېتىملىق ھۇجۇمىدا غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، 3 ـ قېتىملىق ھۇجۇمىدا مەغلۇپ بولۇپ، شىنجاڭغا چېكىنگەن. لېكىن يەرلىك خەلقنىڭ جان پىدالىق بىلەن قىلغان قارشىلىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، بارغانلا يېرىدە شىنجاڭ خەلقىگە مىسلىسىز ئازاپ ـ ئوقۇبەتلەرنى سالغان. شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئاتا مىراس مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان. بۇنىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن 7 ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان شىنجاڭ خەلقى خۇاڭخې دەرياسىدەك سەل بولۇپ ما جۇڭيىڭغا ھۇجۇم قىلغاندا، ما جۇڭيىڭ ئاخىر بولالماي، شىنجاڭدىن چېكىنىپ چىڭخەيگە كېلىپ، چىڭخەينى ئىشغال قىلغان. چىڭخەيدە يېرىم كۈنمۇ تۇرالماي مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، نىڭشىيا ۋە سۈييۈەن قاتارلىق جايلارغا چېكىنگەن. ئۇ يەرلەردە ئارىسالدى بولۇپ يۈرگەندە، 1928 ـ يىلى لياڭجۇدا مەغلۇپ بولۇپ نەنجىڭگە بېرىپ، جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان. ئۇزاق ئۆتمەي، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە مىلىتارىستلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلانغاندا، ما خۇەنلياڭ برىگادىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇل-غان. چوڭ كۆلەملىك بۇ ئىچكى ئۇرۇشقا قاتناشقان ما جۇڭيىڭ ئۆزىنى خېلى چېنىقتۇرۇۋالغان. بۇ ئۇرۇشتا يەن شىشەن، فېڭ يۈشياڭلار مەغلۇپ بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان.

ما جۇڭيىڭ 1930 ـ يىلى 7 ـ ئايدا غەربىي شىمالغا قايتىپ، گەنجۇغا كەلگەندىن كېيىن، بۇرۇنقى كونا قىسىملىرىدىن قېپقالغان كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، گەنجۇ ئەتراپىدا پۈتۈن ھەربىي ھوقۇقنى ئىگىلەپ، ئۆزىنى غەربىي شىمال ئۆلكىلىرىنىڭ باش قوماندانى دەپ ئېلان قىلغان. بۇ



چاغدا ئۇنىڭ ئىنىسى ما جۇڭجې ۋە قېينى ئاكىسى ما خۇسەنلەرمۇ كېلىپ قوشۇلغان. ئۇنىڭ تەسىر كۈچى بارغانسېرى ئۇلغايغان، باشقا جايلاردىكىلەرمۇ ئۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا باشلىغان. شىمالىي ئۆلكىلەردە چىقىدىغان گېزىتلەردە ما جۇڭيىڭنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. بۇ ھال ما بۇفاڭنى خېشى كارىدورىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. ما بۇفاڭ بۇ ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، دەرھال بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، گەنجۇ، سۇجۇ، جايۇگۇەن ۋە يۈمىنگۇەن قاتارلىق جايلاردا ما جۇڭيىڭغا قارشى قانلىق ئۇرۇش قىلغان، نەتىجىدە، ما جۇڭيىڭ ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىغان. ما جۇڭيىڭ جايۇگۇەندىن يۆتكەلگەندىن كېيىن، شەرق تەرەپكە كېتىش ياكى غەربكە چېكىنىشتىن ئىبارەت ئىككى يول قالغان. شۇ مەزگىللەردە، ما جۇڭيىڭنىڭ بەختىگە يارىشا، قۇمۇل خەلقىنىڭ قانخور، زالىم جىن شۇرېنغا قارشى ھەققانىي قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەچكە، ما جۇڭيىڭنىڭ غەرب تەرەپكە كېلىشىگە شارائىت تۇغۇلغان.

## ما جۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا 1 ـ قېتىم كېلىشى

ما جۇڭيىڭ شىنجاڭغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، غوجانىياز ھاجى بىلەن جاپادىمۇ ـ ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولۇش، بىر ـ بىرىگە خىيانەت ۋە ساتقۇنلۇق قىلىشماسلىق، بارنى تەڭ كۆرۈش توغرۇلۇق ئىككى تەرەپ ئاخۇنلىرىنىڭ ئالدىدا قۇرئان تۇتۇپ قەسەمياد قىلىشقان؛ ھەر ئىككى تەرەپ ئەسكەرلىرىنىڭ

بىلەكلىرىگە «فىسەبىلىللاھ»* دېگەن بەلگە ئېسىلغان. ئۇلار جىن شۇرېنغا قارشى بىر مەقسەت - بىر نىيەتتە ئۇرۇشقا ئاتلانغان.

شۇ مەزگىلدە ما جۇڭيىڭ قۇماندانلىقىدا جەمئىي 700 دەك ئادەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ چوڭراق باشلىقلىرى، ما جۇڭيىڭدىن قالسا، ماخېيىڭ، ماشىڭگۇي، ماشىمىڭ، ماخۇسەن ۋە مايىڭچىلاردىن ئىبارەت بولغان. ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ 50 پىرسەنتتىن كۆپرەكى ئاز سانلىق مىللەت دېھقانلىرىدىن باشقا، تامامەن دېگۇدەك سەرگەردانلاردىن بولغاچقا، ئۇلار قوزغىلاڭچىلارغا ئەگىشىپ پۇرسەت تاپسىلا ئولجا ئېلىپ بېيىش نىيىتىدە قوزغىلاڭغا قاتناشقۇچىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «بولا - بولماس ئاخۇن»، «ئۆدەك بولوك»، «قارا ئاتلىقلار»، «توروق ئاتلىقلار» دەپ ئاتالغان. ئۇلار ياش ما جۇڭيىڭغا ئەگىشىپ، 4 - 5 يىل پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى بېشىدىن كەچۈرگەچكە، تولا ئۇرۇش قىلىپ يۈرەكلىرى توختىغان. جەڭنىڭ ئىپپى - چىپپىنى بىلىۋالغان. بۇ «قارا قورساق»، «قارا باتۇر» لار شۇ مەزگىللەردە ھۆكۈمەتنىڭ مۇنتىزىم ئەسكەرلىرىگە توغرىدىن توغرا ئوت ئاچالايدىكەن.

ما جۇڭيىڭ خوجانىياز ھاجى بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن، ئەسكىرىي كۈچىنى كۆپەيتىپ، 1931 - يىلى يازدا، قۇمۇلنىڭ شەرقىدە قۇمۇلنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان جۇرۋېچى، شۇڭ پايۇلار قوماندانلىقىدىكى ئۆلكە ئەسكەرلىرىنى تارمار قىلىپ، قۇمۇلنىڭ يېڭى ۋە كونا شەھەرلىرىنى سىرتىدىن قورشىۋالغان. ئۇ چاغدا ما جۇڭيىڭ ۋە خوجانىياز ھاجىلارنىڭ ئېغىر تىپتىكى

* فىسەبىلىللاھ — ئاللا يولىدا پىدائىلار، دېگەن مەنىدە.



قوراللىرى چەكلىك بولغاچقا، شەھەر ئىچىگە بۆسۈپ كىرىشكە ئىلاج قىلالمىغانلىقتىن، يىراقتىن يەر ئاستى يولى كولاپ ۋە كېچىلىرى سېپىلگە شوتا قويۇپ ھۇجۇم قىلىپمۇ شەھەرنى ئالالمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شەھەر ئىچىدىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى شەھەر ئىچىگە يېتەرلىك ئوق - ياراق ۋە ئاشلىق تەييارلاپ ئالغاچقا، شەھەرنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىش ۋاقتى يېرىم يىلغا سوزۇلۇپ كەتكەن. بۇ چاغدا ئۇلار، خوجانىياز ھاجىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى قۇمۇل ئەتراپىدا قالدۇرۇپ، ئاساسىي كۈچىنى باركۆلنى ئېلىشقا ماڭدۇرغان. باركۆلدە جىن شۇرېننىڭ بىر تۈەن ئەسكىرى بار ئىدى. قۇمۇل ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار باركۆل شەھىرىگە كىرىۋالغان. ما جۇڭيىڭ باركۆلگە ھۇجۇم قىلماي تۇرۇپلا، ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىگەندە، ئۇلار شەرتسىز تەسلىم بولغان. ما جۇڭيىڭ ئۇ يەردىن ئۇرۇش قىلمايلا مىڭدەك قورال ۋە ئوق - دورا غەنىيمەت ئالغان. نەتىجىدە تېخىمۇ كۈچىيىپ، قۇمۇل ۋە گۇچۇڭ ئارقىلىق شىمالىي شىنجاڭغا يۈزلەنمەكچى بولغان.

جىن شۇرېن قۇمۇلدىن بارغان جىددىي خەۋەرگە ئاساسەن، باش كاتىپى ليۇشاۋزۇڭنى باش قوماندان، شېڭ شىسەينى سەنمۇجاڭ قىلىپ تەيىنلەپ، دۇگوجىننىڭ بىر يىڭ ئەسكىرىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا سېلىپ، قۇمۇلغا ئەۋەتكەن. جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئەسكىرىي كۈچىنى كۈچەيتىپ قوراللىرىنى خىل قىلغان بولسىمۇ، ئەسكەرلىرىنىڭ تەرتىپ - ئىنتىزامى ۋە جەڭگىۋارلىقى ناچار بولغاچقا، دۇگوجىننىڭ بىر

يىنىڭ ئەسكىرى لودۇڭ* دېگەن جايغا بارغاندىن كېيىن، ما جۇڭيىڭنىڭ بىرلا ھۇجۇمى بىلەن تار مار بولۇپ كەتكەن، دوگوجى شۇ يەردىلا ئۆلگەن. ليۇشاۋزۇڭ دۇگوجىنىڭ مەغلۇپ بولۇپ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يەتتە قۇدۇق دېگەن يەردە زاپاس ساقلانغان ھەربىي ئەسلىھەلەر ۋە ماددىي ئەشيالارغا ئوت قويۇۋېتىپ، ئۆزى گۇچۇڭغا قېچىپ بېرىۋالغان. ما جۇڭيىڭ ئۈرۈمچى تەرەپنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلمىگەچكە، مەغلۇپ بولغانلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىمىغان. جىن شۇرېن قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ جەڭدە بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكىگە قاراپ، ئىلى ۋالىيسى جاڭ پېييۈەن باشچىلىقىدىكى ئىككى مىڭدەك ئاق ئورۇسنى قايتىدىن تەشكىللەپ، قۇمۇل قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا ۋە ما جۇڭيىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتكەن. بۇلار يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى، ما جۇڭيىڭ لودۇڭ ئۇرۇشىدا پۇتى يارىلانغاچقا، ئۆز ئورنىدا ماشىمىڭ بىلەن يولۋاسنى قالدۇرۇپ جيۇچۇەنگە قايتماقچى بولغان (بارىكۆل ۋە لودۇڭ ئۇرۇشلىرىدا غەنىيمەت ئېلىنغان ئوق - ياراقلار خوجانىياز ھاجىغا تەڭ تەقسىم قىلىپ بېرىلمىگەچكە، ما جۇڭيىڭ بىلەن خوجانىياز ھاجى ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان كۆڭۈلسىزلىكتىن پايدىلانغان يولۋاس خوجانىياز ھاجىدىن يۈز ئۆرۈپ، ما جۇڭيىڭ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن). ئۇ، جيۇچۇەنگە قايتىش ئالدىدا، قۇمۇل خەلقىنىڭ ئات - ئۇلاق، مال - مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ - تالىغان، قارشىلىق قىلغانلارنى ئۆز جايىدىلا ئاتقان ۋە چاپقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شېڭ شىسەينىڭ چوڭ قوشۇپ باشلاپ قۇمۇلغا باستۇرۇپ

* قۇمۇل بىلەن پىچان ئارىلىقىدىكى مۇھىم جاي.



كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان قۇمۇل خەلقى قورقۇپ، يىغا - زارى قىلىشىپ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان يىغىپ توپلىغان مال - مۈلۈك، ئۆي - ئىمارەت ۋە باغ - ۋارانلىرىنى تاشلاپ، سەرسان ۋە سەرگەردان بولۇپ تاغقا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. باندىتلىق قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى پۇقرالارنىڭ يەر تېرىيدىغان ئۇلاق - قارىلىرى، يەيدىغان ئاشلىقلىرى ھەتتا يوتقان - كۆرپىلىرىنىمۇ بۇلاپ كەتكەچكە، قۇمۇل خەلقى بىر - ئىككى يىلغىچە ئەسلىگە كېلەلمىگەن، قۇمۇل خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۈرەشكە ياردەم بېرىش نىقابى بىلەن شىنجاڭغا چىققان ما جۇڭيىڭ خەلقنى ئەنە شۇنداق قاڭقىر قاقشىتىپ، ئاچ - يالىڭاچ قالدۇرۇپ، جيۇچۇەنگە كەتكەن. ما جۇڭيىڭ قۇمۇلغا دەسلەپ كەلگەندە خەلق ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالغان بولسا، قۇمۇلدىن كېتەر ۋاقتىدا قارغاش - تىللاش بىلەن يولغا سالغان. يولۋاس بىلەن خوجانىياز ھاجى بولسا، مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇپ، ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن ۋە خوجانىياز ھاجى تاغقا چىقىپ كەتكەن. ما جۇڭيىڭ جيۇچۇەنگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، قۇمۇلدا قالدۇرۇپ كەتكەن ئىشەنچلىك ئادىمى يولۋاسقا ياردەملىشىشكە جيۇچۇەندىن 30 دەك ئادەم ئەۋەتكەن. دەل شۇ پەيتتە شېڭ شىسەي قوشۇنى قۇمۇلغا باستۇرۇپ كىرىپ، قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇت ئوردىسىنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى بۇلاپ - تالاپ، ئاندىن ئوردىغا ئوت قويۇۋەتكەن. بۇ ئەھۋالدىن چۆچۈگەن يولۋاس قۇمۇلنىڭ شىمالىي يولى بىلەن تيەنجىنگە كېتىۋاتقان ئاق ئورۇس سودىگەرلىرىنىڭ 400 دەك تۆگىسىدىكى مال - مۈلۈكلەرنى بۇلاپ، بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن گەنسۇنىڭ غەربىدىكى مەلۇم جايغا بېرىۋالغان. ماشىمىن بىلەن ماجەنساڭ

قۇمۇلنىڭ جەنۇبىدىكى ئوغرى يول بىلەن پىچانغا كېلىپ، پىچاننى ئىشغال قىلىۋالغان. ئارقىدىنلا شىڭ شىسەي بىلەن شۇڭ پايۇ پىچانغا كېلىپ، ماشىمىننى قوغلاپ چىقارغان. شيۇڭ فايۇ تۇرپان هاكىمى دىڭ فۇۋۇنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن تۇرپانغا كېلىش ئالدىدا، تۇرپاندا تۇرۇشلۇق ئەسكەر باشلىقى مافۇمىن ماشىمىڭگە سېتىلىپ كەتكەچكە، بۇ ئىشتىن بىخەۋەر ئەسكەر باشلاپ كەلگەن شيۇڭ فايو تىــرىــك قــولغا چۈشكــەن ۋە ئۆلتۈرۈلگەن. ئىلگىرىدىن پولكوۋنىك ئۇنىۋانىدا بولۇپ كەلگەن ماشىمىڭ ئۆزىنى 36 ـ شىنىڭ شىجاڭى، مافۇمىننى شەهەر مۇداپىئە سىلىڭى قىلىپ ئېلان قىلغان. كېيىن ما شىمىن ئۆزى تۇرپان، توقسۇن، قاراشەهەر ئەتراپىدا قېلىپ ما جەنساڭنى تۆمۈر سىجاڭغا قوشۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى ئازاد قىلىشقا ماڭدۇرغان. ئەمەلىيەتتە، جەنۇبىي شىنجاڭنى تۆمۈر ئەلى ئازاد قىلغان. ئەمما، تۆمۈر ئەلى كېيىن ما جەنساڭنىڭ قولىدا ئۆلگەن.

## ما جۇڭيىڭنىڭ قۇمۇلنى 2 ـ قېتىم بېسىۋېلىشى

1933 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا قارا نىيىتى چېكىدىن ئاشقان، ۋاپاسىز ما جۇڭيىڭ جيۇچۈەندىن بارلىق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ چىقىپ قۇمۇلغا قايتا بېسىپ كىرىدۇ. ئۇلار يول بويى «جىن شۇرېن هۆكۈمىتىنىڭ ئەشەددىي زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇمىز» دېگەن مەزمۇندا خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە ئېلانلار چىقىرىپ، قۇمۇل خەلقىنى يەنە ئالداشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، دەسلەپ بۇرنىغا يېگەن قۇمۇل خەلقى ئۇنىڭ هىيلە ـ نەيرەڭلىــرىگە پەقەت ئىشەنمەيدۇ ۋە بۇرۇنقىدەك ئىللىق مۇئامىلە قىــلمايدۇ. ما



جۇڭيىڭ ئەمدى پۈتۈن ئۈمىدىنى يولۋاسقا باغلاپ، يولۋاسنى تېپىپ ئۇنىڭغا بىر قانچە ئون يامبۇ، 200 ـ 300 تاختىدەك قارا چاي ۋە بىر قىسىم هەربىي ئەسلىهەلەرنى بېرىدۇ. بۇ نەرسىلەرنى كۆرگەن يولۋاس ما جۇڭيىڭنىڭ هەممە ئىشىغا ماقۇل بولىدۇ. ما جۇڭيىڭ دەسلەپ ئۇنى ئۆزىگە هەربىي مەسلىهەتچى قىلــــىپ، ئەسكەر توپلاشقا قۇترىتىـــدۇ. ما جۇڭيىڭنىڭ مەقسىتى يولۋاسنى كۆچەيتىش ئارقىلىق خوجانىياز هاجىنى يوقىتىپ، شىنجاڭنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈش ئىدى. دېمەك ئۇ، يولۋاسقا ئاۋۋال ئۆزىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ، كېيىنچە خوجانىياز هاجىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى پىلانلىغان. ئىككى يۈزلىمىچى، ئاچكۆز يولۋاس بۇنىڭ بەدىلىگە پۈتۈن قۇمۇل خەلقىنى ما جۇڭيىڭغا ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ما جۇڭيىڭ قۇمۇل خەلقىنى خالىغانچە ئاياغ ـ ئاستى قىلىپ، باندىتلىق بىلەن كەڭ كۆلەمدە شۇغۇللانغان. يولۋاسمۇ ئۆزىنىڭ هەربىي قوشۇنىنى كۈچەيتكەن ۋە زورايتقان. ئاندىن ما جۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ما جۇڭجې ئۆز قوشۇنىنىڭ بىر قىسمىنى قۇمۇلدا قالدۇرۇپ، قالغان قىسمىنى باشلاپ 1933 ـ يىلى 5 ـ ئايلاردا يەتتە قۇدۇق ۋە داشتۇ ئارقىلىق مورى ۋە گۇچۇڭلارغا يۈرۈش قىلغان، ئۇلار موسۇلباينىڭ مەسلىهەتى بىلەن، «مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقــى» قۇرۇپ، مەهمۇت مۇهىتى خوجانىياز هاجىلار جىمسارغا، ما جۇڭيىڭ گۇچۇڭغا تەڭ هۇجۇم قىلىشقا كېلىشكەن. گۇچۇڭغا قىلىنغان هۇجۇمدا ما جۇڭجې ئۆلگەن. ما جۇڭيىڭ گۇچۇڭنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، گۇچۇڭ شەهىرىدە چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال دېمەي، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز قىرغىن قىلغان. بۇنىڭ بىلەن، بىر تەرەپتىن ئىنىسى ما جۇڭجېنىڭ ئىنتىقامىنى

ئالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ بېيىغان.

خوجانىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرى جىمسارغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، جىن شۇرېننىڭ جىمساردىكى بىر تۈەن ئەسكىرى تەسلىم بولماقچى بولۇپ، خوجانىياز ھاجىدىن بىر كۈنلۈك مۆھلەت سورىغان. تەجرىبىسىز خوجانىياز ھاجى ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ، مۇھاسىرىنى بوشىتىپ ئارقىغا چېكىنگەن. جىن شۇرېن ئەسكەرلىرىنىڭ مەقسىتى قورالنى خوجانىياز ھاجىغا تاپشۇرماي، ما جۇڭيىڭغا تاپشۇرۇش ئىدى. ما جۇڭيىڭ شۇ كېچىسىلا كېلىپ، ئۇلارنىڭ قورال - ياراقلىرىنى قويماي تاپشۇرۇۋالغان. خوجانىياز ھاجى بۇنىڭدىن ۋاقىپلىنىپ، ما جۇڭيىڭغا كايىغان، ئەمما ما جۇڭيىڭ بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىغان. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلبايىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە قۇرۇلغان «مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى» نىڭ كۆلى كۆككە سورۇلۇپ كەتكەن. ما جۇڭيىڭ گۇچۇڭ ئۇرۇشىدا خىزمەت كۆرسەتكەن ئەسكەرلىرىگە ئولجا ئالغان دۇنيادىن بىر مىليون سەر پۇل مۇكاپات بەرگەن ۋە جىن شۇرېن قوشۇنىدىن ئەسىرگە چۈشكەن 300 نەچچە ئەسكەرنى ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىگە قوشۇپ، ئۆلگەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغان.

## ما جۇڭيىڭنىڭ شىمالىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشى

ما جۇڭيىڭ شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، نۇقۇل ھەربىي كۈچكىلا تايىنىپ تۇرۇۋەرمەي، خارجى يول تېپىشنىڭمۇ لازىملىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، ماخېيىڭنى ئۈچ لىيەن ئەسكەر بىلەن چۆچەكنى ئىشغال قىلىپ، شۇ يەردىكى سوۋېت كونسۇلخانىسى بىلەن ئالاقە باغلاشقا ئەۋەتكەن. شېڭ شىسەي



بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزمەكچى بولغاندا، ما جۇڭيىڭ ماقۇل كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ماقۇل كۆرمەي، ھاكىمىيەتنى قوراللىق كۈچ بىلەن تارتىۋېلىشنى تەشەببۇس قىلغان. چۈنكى، ئۇلار ئۇرۇش بىلەن بېيىشنى ياخشى كۆرەتتى. 1933 - يىلى 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئادەم ئەۋەتكەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە قويۇشقان شەرتلىرى باراۋەرلىك ئاساسىدا بولمىغاچقا، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، زىنچۈەنزى دېگەن جايدا ئۇرۇش باشلىنىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ھاۋارايىدا قاتتىق ئۆزگىرىش بولۇپ، قار ئارىلاش يامغۇر يېغىپ، شىۋىرغان چىقىپ كەتكەن. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى يالاڭ كىيىملىك بولغاچقا، ھۆل - يېغىن تۈپەيلىدىن زور خېلى چىقىمدار بولىدۇ. بۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان ئەسكەرلەر سانى ما جۇڭيىڭ تەرەپتىن ئاتلىق ۋە پىيادىلەر بولۇپ، 5 مىڭدەك، شېڭ شىسەي تەرەپتىن شەرقىي شىماللىق پىدائىيلار، ئاق ئورۇس، شىبە، داغۇر ۋە موڭغۇللار بولۇپ، 3 - 4 مىڭدەك ئىدى. بۇ ئۇرۇشتا شېڭ شىسەي تەرەپمۇ خېلى چىقىمدار بولىدۇ. ئاخىر ما جۇڭيىڭ مەغلۇپ بولۇپ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى تۆگىگە ئارتىپ، تۇرپان، پىچان تەرەپكە چۈشۈپ كېتىدۇ.

ما جۇڭيىڭ تۇرپان - پىچانغا چېكىنگەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن يېڭى ئەسكەر ئېلىپ تەربىيىلەپ، ماشىنىڭنىڭ نەنسەندە قالدۇرۇپ كەتكەن قىسىملىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇرۇمچىگە داۋاملىق تەھدىت سالىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن جاڭ ياشاۋ قاتارلىق ئۈچ كىشىنى ۋەكىل قىلىپ ئۇرۇمچىگە سۆھبەت

ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتىدۇ. ئۆلكە تەرەپمۇ ۋەكىل تەيىنلەپ ما جۇڭيىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. بۇ سۆھبەتتە ئۆلكە تەرەپ ما جۇڭيىڭنىڭ قۇمۇل — باركۆل تەرەپكە چېكىنىشىنى شەرت قىلىدۇ. ما جۇڭيىڭ ماقۇل بولۇپ، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ھەربىي تەمىنات بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن، شېڭ شىسەي تەرەپ: بىرىنچىدىن، ئىككى تەرەپ بىرلىشىپ قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنى يوقىتىش، ئىككىنچىدىن ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى شەرقىي يولنىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل بولۇش، ئۈچىنچىدىن ھۆكۈمەت تەرەپ ھەربىي تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىشنى شەرت قىلىپ قويىدۇ.

خوجانىياز ھاجى ۋە مەھمۇت سىجاڭلار گۇچۇڭ ۋە جىمسار ئۇرۇشىدا ئېلىنغان غەنىيمەتلەرنىڭ ئىككى تەرەپكە تەڭ تەقسىم قىلىنمىغانلىقىدەك ناھەقچىلىق تۈپەيلىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈزلەنگەندىن كېيىن، توقسۇن، ئايغىربۇلاق ۋە قارا شەھەرلەرنى بېسىپ ياتقان ماشىمىڭ بىلەن بىر قەپەز ئېلىشىپ، ماشىمىڭنى يېڭىپ كورلىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. بەرداشلىق بېرەلمىگەن ماشىمىڭ يوشۇرۇن يول بىلەن تۇرپانغا چېكىنىپ، ما جۇڭيىڭغا قوشۇلىدۇ. شېڭ شىسەي زىنىچۈەنزىدە تەبىئەتنىڭ ياردىمى بىلەن ما جۇڭيىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە بىر قەدەر بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭغا ئۆزى يالغۇز ھۆكۈمران بولۇش نىيىتىگە كېلىدۇ. ئۇ، ئۆلكە ئەسكەرلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئىككىنچى يول قوماندانى لى زوڭشاڭ بىلەن بىرلىكتە داۋانچىڭغا ئەسكەر ماڭدۇرۇپ، ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، سۆھبەتنى يەنە بۇزىدۇ. بۇ ئۇرۇش 1933 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى باشلىنىدۇ، بۇ ئۇرۇشتا شېڭ شىسەي تەرەپ مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىدۇ.



ما جۇڭيىڭ گۇچۇڭدا ۋاقىتىدا خەلقئارا بىر يول تېپىش ئۈچۈن چۆچەك تەرەپكە ئەۋەتكەن ماخىيىڭ يول ئۈستىدە بىر مۇنچە ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل ياشلىرىنى ۋە ئالتۇن كان ئىشچىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تارباغاتايغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، دۆربىلجىن ناھىيىسىنى ئىشغال قىلىپ، ئاندىن ئالتايدىن قوزغىلىپ كەلگەن مىڭدەك ئادەم بىلەن بىرلىكتە چۆچەككە ھۇجۇم قىلىدۇ. چۆچەك ۋالىيسى چېن جىشەن ئامالسىز قالغاندا، ئالتايدىكى شەرىپقان ۋە دەلىلقان قاتارلىقلار ئالتايدىن يەنە ئىككى لۈي قازاق، موڭغۇل ۋە ئاق ئورۇسلارنى تەشكىللەپ، شىمال تەرەپتىن قىستاپ كېلىدۇ. ئۇرۇمچى تەرەپتىن ئۆلكە ئەسكەرلىرى ۋە خېلوپوسكى باشچىلىقىدىكى بىر پولك ئاق ئورۇسلار جەنۇب تەرەپتىن قىستاپ بارىدۇ. نەتىجىدە چۆچەكتە ئىككى كۈن قاتتىق ئۇرۇش بولىدۇ، ماخىيىڭ ئەسكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي، جىڭ تەرەپكە چېكىنىدۇ. لېكىن، ماخىيىڭ قېچىپ فۇكاڭ ئەتراپىغا كەلگەندە، ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ ئوقى تېگىپ ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا مافۇيۈەن ئەسكەر باشلىقى بولۇپ، يەنىلا قارا ئاتلىقلارغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ما جۇڭيىڭ ماخىيىڭنى ئىشقا سېلىپ مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەينىڭ بىردىنبىر رەقىبى بولغان ئىلى ۋالىيسى ۋە ئۆز يۇرتلىقى جاڭ پېيۈەن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، شېڭ شىسەينىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ، پۈتۈن شىنجاڭنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىش نىيىتىگە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ما جۇڭيىڭ داۋانچىڭدىكى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ، جاڭ پېيۈەننى ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. جاڭ پېيۈەن ماقۇل بولۇپ، ئۇرۇمچى ئەتراپىدىكى ما جۇڭيىڭغا يېقىنچىن ماسلىشىپ، ئۇرۇمچى قىستاپ كەلگەندە، شېڭ شىسەي

ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگە پايدىسىز بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يالۋۇرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەينىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، چۆچەكتىكى باشلىقلار شىنجاڭغا كىرگەن قىزىل ئارمىيىگە جۇڭگوچە كىيىم - كېچەك هازىرلاپ، ئۇلارنى ئاق ئورۇسلاردىن تەركىب تاپقان ئەسكەرلەر سۈپىتىگە كىرگۈزىدۇ. شىڭ شىسەي هۆكۈمىتى ئۇلارنى «ئالتايىسكى» دەپ ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭغا جاۋ دەيشۈننى باش قوماندان قىلىپ بەلگىلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۇرۇمچىگە ئالدۇرىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئۇلارنى بىر پولك دېگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ سانى 2000 غا يېتىپ قالغان. قىسىملار ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاتلىق بولسىمۇ، كۆپىنچىسى برونېۋىك قىسىملار يەنى پىيادە ئەسكەرلەر ئىدى، يەنە بىر قىسىم ئايروپىلانلىرىمۇ بار ئىدى. پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ پۇتىدا كاڭكى بولۇپ، ئۇلار ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلانغان ئاغامچىنى تۇتۇپ ئات بىلەن تەڭ ماڭاتتى. ئەسلىدىن ئۇرۇمچىنى ما جۇڭيىڭ ۋە جاڭ پېيىۋەنلەرنىڭ مۇهاسىرىسىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا كېلىۋاتقان بۇ «ئالتايىسكى» قىسىملار سانجىدىن ئۆتۈپ تۇدۇڭخې دەرياسىنىڭ بويىغا كەلگەندە، ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ تۇيۇقسىز توساپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىغان، ئۇلار بولالماي، سانجى ناهىيىسىگە چېكىنگەن. ئۇلارنىڭ قوراللىرى ناهايىتى خىل بولسىمۇ، ئۇلار تۇدۇڭخې دەرياسىدا توسۇلۇپ زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىگەن. ئۇلار ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنى بىر پەشۋاغا يارىمايدىغان بولاڭچىلار دەپ ئويلاپ، تۇدۇڭخې ئەتراپىدا ئۈچ كۈن ئورۇشقان بولسىمۇ، تۇدۇڭخې دەرياسىدىن ئۆتەلمىگەن. بىر كۈنى كەچتە



ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى تۇدۇڭخې دەرياسىدىن تۇيۇقسىز هۇجۇم بىلەن ئۆتكەندە، «ئالتايىسكى» لار پۈتۈن لىنىيە بويىچە مەغلۇپ بولۇپ، شەهەر ئىچىگە قېچىپ كىرىۋالغان. ئېغىر ياردارلارنىڭ هەممىسى سانجى نەنگۈەندىكى دەڭگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇلار ياردارلارنى يۆتكەشكە ئۈلگۈرەلمىگەندە، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئۈچۈن، ئۆينىڭ تېمىنىڭ هۇلىنى كولاپ، ياردارلارنى كۆمۈپ ئىشنى تاماملىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «ئالتايىسكى» لارنىڭ هەممىسى 20 ياشلار ئەتراپىدا ئىكەن، ئۇلار شىنجاڭدىكى قېرى ئاق ئورۇسلارغا ئوخشىمايدىكەن. ئۇلارنىڭ هەممىسى ئوخشاش جۇۋا ۋە پاختىلىق چاپان كېيگەن بولسىمۇ، ئىشتانلىرى هەر خىل رەڭدىكى يىرىك سوكنىدا تىكىلگەن ئەستەرلىك ئىشتان بولۇپ، تولىمۇ رەتسىز ئىكەن. ئۇلارنىڭ قوراللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن يېڭى قوراللار بولۇپ، هەر بىرى يەنە ئۈچتىن بوتۇلكا شەكىللىك گىرانات ئېسىۋالغان. ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى شۇ كۈنى سانجىنىڭ نەنگۈەن ئەتراپىغىچە هۇجۇم قىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلگىرىلەشنى توختىتىپ، دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا قايتىپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ، ما جۇڭيىڭ ياردەمگە كەلگەن «ئالتايىسكى» لارغا بىرىنچى قېتىم ئۆزىنى تونۇتۇپ قويغان، «ئالتايىسكى» لارمۇ ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنى بوش چاغلىمايدىغان بولۇپ قالغان. ئۇلار ئۆز مەملىكىتىدىن يەنە ئوق، قورال - ياراق ۋە ئەسكەر ئەكەلدۈرگەن. بۇ ئارىلىقتا ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى تۇدۇڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا يوشۇرۇن هالدا پوتەي ۋە ئىستىهكاملار ياسىغان. دەريا ئىچى تۈز ۋە كەڭرى بولغاچقا، قېلىن قار دۆۋىلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن. يوشۇرۇن ئىستىهكامدىن دەريا يۈزىنى

كۆزىتىش ئاسان ئىدى. ئەگەر قارشى تەرەپ دەريادىن ئۆتمەكچى بولسا، دەريا يۈزىدە ئاشكارىلىنىپ قالاتتى ـ دە، ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى ئۇلارنى ئاسانلا يوقىتالايتتى. بىر كۈنى «ئالتايىسكى» لارنىڭ ھەر بىرى ئىككى ـ ئۈچ خىلدىن قورال ئېلىشىپ، ئۈستىگە ئاق خالات كىيىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە يولغا چىققان. ئۇلار بۇ سەپىرىدە ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىغا تۇيۇقسىز زەربە بەرمەكچى بولغان بولسىمۇ، بۇ زەربىدار ئەترەت دەريانىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتۈپلا، خۇددى دېڭىزغا چۈشكەن تاشتەك، يوقىلىپ كەتكەن. بۇ ئەھۋالدىن ئۇلارنىڭ قوماندانلىرى گاڭگىراپ قېلىشقان. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا يەنە ئۇرۇش باشلىنىپ كەتكەن. «ئالتايىسكى» لار ئالدى تەرەپتىكى بىر قانچە ئېغىز كونا ئۆيلەرنىڭ تاملىرىدىن تۆشۈك ئېچىپ، تۆشۈكلەردىن قارشى تەرەپكە ئوق چىقارغان. ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىمۇ ئۇلارغا داۋاملىق تاقابىل تۇرغان. بىردەمدىن كېيىن، ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى ئوق چىقىرىشنى توختىتىپ، قوللىرىغا قىلىچ ئېلىپ، «قورالنى تاپشۇرساڭلار ئۆلتۈرمەيمىز» دەپ توۋلاپ، بىر قىسمى قارشى تەرەپنىڭ ئوق ياغدۇرۇۋاتقانلىقىغا قارىماي، كونا ئۆيلەرنىڭ تۈۋىگە يان تەرەپتىن ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ، ئوق ياغدۇرۇۋاتقان بىر پىلىموتنىڭ ئۇچىدىن تارتىپ يېرىمىنى سىرتقا چىقىرىۋالغان؛ يەنە بىر قىسمى كونا ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، نەيزىۋازلىق قىلغان (بۇ ئەھۋالنى ماناسلىق سەيپۇللا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن).

ئۈرۈمچىدىكىلەر «ئالتايىسكى» لارنىڭ بالدۇراق كېلىپ مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى كۈتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار تۇدۇڭخې بويىدا نەچچە ئون كۈن توسۇلۇپ قالغان. كېيىن ئۇلار



زەمبىرەك سانىنى كۆپەيتىپ، ئىككى ـ ئۈچ كىلومېتىر كەڭلىكتىكى سەپتىن دەريانىڭ قارشى تەرىپىنى كېچە ـ كۈندۈز توختىماي توپقا تۇتقان، ئۈچ ئايروپىلان كۈن بويى توختىماي بومبا تاشلىغان. كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۈچ كۈن ئۇدا بومباردىمان قىلىش ۋە توپقا تۇتۇش نەتىجىسىدە، بۇ ئارمىيە تۇدۇڭخې دەرياسىدىن ئاران ئۆتكەن. ئەمما ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى بۇنىڭلىق بىلەن ئۈرۈمچى ئەتراپىدىن چېكىنمەي، دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقى ئەتراپىدا داۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتكەن ۋە يەنە بىر كېچە ـ كۈندۈز ئۇرۇشۇپ ئاندىن ئۈرۈمچى ئەتراپىدىن چېكىنگەن. «ئالتايىسكى» لار ئۈرۈمچىگە داۋاملىق يۈرۈش قىلىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ مۇداپىئەسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۈرۈمچى ئەتراپىغا كەلگەن. ئايروپىلانلار ئۈرۈمچى شەھەر ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ما جۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى ئەسكەرلىرىنى تار مار قىلغان. شەھەردە قامىلىپ قالغانلار شەھەردىن چىقىپ، «ئالتايىسكى» لارغا ماسلىشىپ، ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى بىلەن داۋانچىڭ ئەتراپىدا قانلىق جەڭ قىلغان. بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭنىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانى، قېيىن ئاكىسى ما خۇسەننىڭ پۇتىغا ئوق تېگىدۇ. 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنلىرى 8 مىڭدەك ئۆلكە ئەسكىرى بىلەن «ئالتايىسكى» لار داۋانچىڭدا مۇداپىئەلىنىپ تۇرغان ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىگە ئايروپىلان ۋە تانكا بىلەن بىر نەچچە كۈن ھۇجۇم قىلىپ، ما جۇڭيىڭنى جەنۇبقا قوغلىغان. ما جۇڭيىڭنىڭ شىمالدا مافۇيۈەن رەھبەرلىكىدىكى ئۇرۇشتا ئۆلمەي قالغان قىسىملىرى بىلەن ئۈرۈمچى نەنسەن ئەتراپىدا ماشىمىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇرۇش قىلىۋاتقان قىسىملىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، ما جۇڭيىڭغا ئەگىشىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا قاچقان. شېڭ شىسەينىڭ

ئەسكەرلىرى بىلەن ئاق ئورۇسلار ما جۇڭيىڭنى قوغلاش مۇناسىۋىتى بىلەن تۇرپان، پىچان ۋە توقسۇنلارغا باستۇرۇپ بېرىپ، خوجانىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھىتى، ئوسمان ئېلى، تۆمۈر سىجاڭلارغا ھېسداشلىق قىلغان سانسىز بىگۇناھ خەلقنى قەتلى قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلىغان. لۈكچۈن ۋاڭنىڭ پىچان ۋە لۈكچۈنلەردىكى ئوردىسىغا ئوت قويۇپ كۈلىنى كۆككە سورىغان. لېكىن جەنۇبىي شىنجاڭغا قاچقان ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ ئارقىسىدىن داۋاملىق قوغلىمىغان.

ما جۇڭيىڭ ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى ۋاقتىدا جاڭ پېيىۋەن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۈرۈمچىنى راسا ئىسكەنجىگە ئالغان ئىدى. جاڭ پېيىۋەن قىسىملىرى ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىدىكى قۇتۇبى، سەنداۋخېزى، ماناس، شىخو ۋە جىڭنى ئىشغال قىلىپ ئۈرۈمچىگە يېقىنلاپ قالغاندا، بىر قىسىم قىزىل ئارمىيە چۆچەكتىن كىرىپ، بۇيرۇققا بىنائەن شىخو ئارقىلىق ئىلىغا بۇرالغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان جاڭ پېيىۋەن مۇز داۋان ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا بارماقچى بولۇپ، 1933 - يىلى 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تېكەس شوتىغا بارغاندا، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر پېتىراپ قېچىشقا باشلىغان. ئاخىرى ئەمدى 40 ياشقا توشقان جاڭ پېيىۋەن ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىۋالغان. قىزىل ئارمىيە بۇنى ئاڭلاپ، ئۆز دۆلىتى چېگرىسىغا چېكىنگەن. جاڭ پېيىۋەننىڭ جىڭدىكى ئەسكەر باشلىقى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئىلىغا چېكىنگەندە، قىزىل ئارمىيە يەنە ئارقىسىغا قايتىپ ئىلىغا كەلگەن. شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىلىغا ئەۋەتىلگەن ليۇبىڭ ئىلىغا بارغىچە قىزىل ئارمىيىنىڭ كۆپ قىسمى ئىلىدىن چېكىنىپ كەتكەن. ئۇلار چېكىنىشتىن بۇرۇن، سۈيدۈڭكۈرەدە ئۇزۇندىن بۇيان ساقلىنىپ



كېلىۋاتقان ئوق دورىسىنى ساندۇقلىرى بىلەن سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئاستىغا كۆمدۈرۈپ، دەرۋازىنى پارتلىتىۋەتكەن. جاڭ پېيىۋەننىڭ ئىلىدىكى ئەسكەر باشلىقى ياڭ جىڭجۇڭ مۇزداۋان ئارقىلىق باي، كۇچا، شايار ناھىيىلىرىگە بېرىپ ئورۇنلىشىپ، ئۈرۈمچىدىن قېچىپ كۇچاغا بارغان ما جۇڭيىڭغا ئىتائەت قىلغان. ما جۇڭيىڭ كۇچادا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، ئاقسۇ، قەشقەرگە قاراپ ماڭغان، دەل شۇ چاغدا ئاقسۇنىڭ قارا يۇلغۇن ئەتراپىدا مۆكۈنۈپ ياتقان خوتەن پىدائىيلىرى ئۇلارغا توسۇپ زەربە بەرگەن. لېكىن ئاجىز خوتەن پىدائىيلىرى ئاقسۇ دەرياسى بويىدىكى بۇلۇت قۇمغا پاناھلانغاندا، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى قوغلاپ بېرىپ نۇرغۇن پىدائىيلارنى قىرغىن قىلغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئاقسۇدىكى خوجانىياز ھاجى ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتكەن. بۇ ئۇرۇشتا خوجانىياز ھاجىنىڭ سەردارى ھەمدەم بەگ ھاجى قۇربان بولغان. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى پېتىراپ كېتىپ، قوماندانسىز ئەسكەرلەر بېشى قايغان تەرەپكە كەتكەن. خوجانىياز ھاجى ئاقسۇدىن ئاقچى ناھىيىسى ئارقىلىق ئاتۇش ۋە قەشقەرلەرگە بارغاندا، ما جۇڭيىڭمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاپان دەسسەپ مەكىتكە بېرىپ، ئەسكەرلىرىنى بىر قۇر رەتلەپ، قەشقەرگە يۈرۈش قىلغان. خوجانىياز ھاجى يەنە قارشىلىق بىلدۈرمەي، ئاتۇشنىڭ ئاغۇ كەنتىگە چېكىنگەن. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بارغان ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى ئاتۇش خەلقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، قاتتىق پات - پاراقچىلىققا سالغان؛ قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى ئۇرغان ۋە چاپقان، ياشلارنى زورمۇ زور ئەسكەرلىككە تۇتقان. خوجانىياز ھاجى بىر قىسىم پىدائىي ئەسكەرلىرىنى ئاستىن ئاتۇشنىڭ غەربىدىكى بوغۇز ئېغىزىنىڭ ئەتراپىدىكى تاغقا

بۇكتۇرمە قىلىپ قويۇپ، ئۆزى ئاتۇشنىڭ ئاغۇ كەنتىدىكى چېدىر تېغىغا چىقىۋالغان. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بوغۇز جىلغىسىغا بىر ـ بىرلەپ كىرىپ بولغاندا، ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغان پىدائىيلار بىراقلا ھەرىكەتلىنىپ، ھېرىپ كەتكەن بىر نەچچە يۈز ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنى قىرىپ تاشلىغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ما جۇڭيىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئەسكەر ئەۋەتىپ، خوجانىياز ھاجىنى ئاغۇدىن قوغلاپ، ئەركەشتام تەرەپكە ئۆتكۈزۈۋەتكەن؛ ئارقىدىنلا ئاغۇ خەلقىنى بىر كېچە ـ كۈندۈز قىرغىن قىلغان. بۇ خەۋەر ئاتۇشقا يېتىپ كېلىشى بىلەن، ئاتۇش خەلقى ئەتراپتىكى تاغلارغا قېچىپ بېرىپ مۆكۈنۈۋالغان. ما جۇڭيىڭ قەشقەردە تۇرغان مەزگىلىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇلخانىسى بىلەن غەرەزلىك باردى ـ كەلدى قىلىپ تۇرغان. كونسۇلخانىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، ئۇنىڭدىن بىر نەچچە ئاي بۇرۇن ساۋۇت داموللا رەھبەرلىكىدە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ما جۇڭيىڭنىڭ مافۇيۈەن، ما خۇسەن، شەن فۇخەن قىسىملىرى تەرىپىدىن تارمار قىلىنۋېتىلگەن.

ما جۇڭيىڭ قەشقەر ئەتراپىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىنى يېڭىباشتىن رەتكە سالغان: ياڭ مىڭچۇڭ رەھبەرلىكىدىكى 8 ـ شىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ياڭ مىڭچۇڭ بىلەن ماشۈڭ ئىككىسىنى 36 ـ شىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭلىقىغا تەيىنلىگەن؛ قوشۇنلارنى 9 لۈيگە ئايرىپ، 1 ـ لۈيگە مايەنلياڭنى، 2 ـ لۈيگە مارۇلۇڭنى، 3 ـ لۈيگە شەن فۇخەينى، 4 ـ لۈيگە مافۇيۈەننى، 5 ـ لۈيگە ماشىڭگۈينى، 6 ـ لۈيگە بەيزىلى (خەنزۇ) نى، 7 ـ لۈيگە مايۇسەينى، 8 ـ لۈيگە ✕ ✕✕ (ئۇيغۇر) نى، 9 ـ لۈيگە ماشجەننى لۈيجاڭلىققا



بەلگىلىگەن. بۇنىڭدىن باشقا، زەمبىرەكچى قىسىم، ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان قىسىم ۋە خەۋەرلىشىش قىسىملىرىنى تەشكىللىگەن. ھەربىر لۈيگە 1.300 دىن ئارتۇق ئەسكەر بۆلۈنگەن. ئۇ چاغدا ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەر سانى 15 مىڭغا يېتەتتى.

ما جۇڭيىڭ قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نى پۈتۈنلەي يوقاتقاندىن كېيىنمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى بىلەن داۋاملىق مۇناسىۋەتلىشىپ تۇرغان. يەنە بىر تەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، ئىچكى جەھەتتە شېڭ شىسەي بىلەنمۇ تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلىقتىن، قىزىل ئارمىيە ۋە شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرىمۇ ما جۇڭيىڭنى ئىزچىل قوغلاشمىغان. قۇمۇل ئىنقىلابى ئەنە شۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نەتىجىسىز ئاخىرلاشقان.

ما جۇڭيىڭمۇ ئاخىر خوجا بولۇش خىيالىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، شىنجاڭ خەلقىدىن يىغىۋالغان ئالتۇن، تىللا، كۈمۈش، يامبۇلارنى ئات، خېچىر ۋە تۆگىلەرگە ئارتىپ، ئىككى يۈزدەك ئەسكىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن.

## ما خۇسەننىڭ خوتەنگە يۈرۈش قىلىشى

ما جۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىش ئالدىدا ئۆز ئورنىغا قالدۇرۇپ كەتكەن ماشۈڭدىن ما خۇسەن ھەربىي ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، ما جۇڭيىڭغا ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ 1934 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۆز ئالدىغا بېيىش ئۈچۈن، 36 ـ

شىغا باش بولۇۋېلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا قەشقەرنى قۇرۇغداپ، ئۇنى شىڭ شىسەي قەشقەرگە ئەۋەتكەن ئەسكەر باشلىقى ليۇبىڭ ۋە مۇئاۋىن باشلىقى مەھمۇت مۇھىتىلارغا تاشلاپ بېرىپ، خوتەنگە يول ئالغان. ئۇ يول ئۈستىدە ئاۋۋال قەشقەر تازغۇن، ياپچان قاتارلىق جايلاردا خوتەن پىدائىيلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. بۇ ئۇرۇشتا نۇرغۇن پىدائىيلار زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان دۈشمەنگە كالتەك، چوماقلار بىلەن قارشى تۇرۇپ، ئاخىر ئۆلۈپ تۈگىگەن؛ ئامان قالغانلىرى قەشقەر يېڭىسارغا بېرىپ، دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش تەييارلىقىنى قىلغان. تازغۇن، ياپچانلاردا ئۆلگەنلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى ما خۇسەن ئەسكەرلىرى بىلەن يۈز تۇرانە ئېلىشىپ، گىرەلىشىپ چېلىشقان. ئۆلگەنلەرنىڭ ئېغىزلىرىدا دۈشمەنلەرنىڭ قۇلاقلىرى، بارماقلىرى چىشلەكلىك قالغان. يېزىدا ئادەم بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى بىر نەچچە كۈنگىچە كۆمۈكسىز تاشلىنىپ قالغان ۋە قاغا ـ قۇزغۇن، لالما ئىتلارغا يەم بولغان.

ما خۇسەن خوتەن تەرەپكە كېتىۋېتىپ، يېڭىسارغا يېقىنلاشقاندا، بارلىق كۈچىنى ئوڭ ۋە سول قاناتقا ئايرىپ، يېڭىسارنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىشقا ئورۇنغان، ئۇنىڭ بۇ ھىيلىسىنى ئاللىقاچان سەزگەن شاھ مەنسۇر ۋە ئىمىر ساھىبلار ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۆز كۈچىنى ۋە خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ما خۇسەنگە قارشى تۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، ما خۇسەن ئەسكەرلىرى يېڭىسار ئەتراپىدا پەيدا بولغان. يېڭىسار ئەتراپىدا بىر ھەپتىدەك كېچە ـ كۈندۈز قاتتىق جەڭ بولغان، شاھ مەنسۇر ۋە ئىمىر ساھىبلار يېزىدىن شەھەرگە چېكىنگەن. ما خۇسەن ئەسكەرلىرى شەھەر سېپىلىنىڭ تۈۋىنى



كولاپ، ئارقىمۇ ئارقا پارتلاتقان؛ كېچىسى سېپىلگە شوتا قويۇپ، سېپىل ئۈستىگە چىقىشقا ئورۇنغان. بۇ شوتىلارنى خوتەن پىدائىيلىرى ئىتتىرىپ تاشلىغان. بەزى پىدائىيلار شوتىنى ئىتتەرگەندە، شوتا بىلەن بىللە سېپىل تۈۋىدىكى خەندەككە تاشلىنىپ، خۇدىنى بىلمەي قالغان ما خۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىپ قۇربان بولغان. ئاخىرى سېپىل ئىچىدىكىلەرنىڭ ئوق ـ دورىلىرى تۈگىگەندە، ئۇلار قولىغا قىلىچ ئېلىپ، سېپىل سىرتىغا چىقىپ، ما خۇسەن ئەسكەرلىرى بىلەن يۈز تۇرانە ئېلىشقان. بۇ چاپ ـ چاپلىق يېرىم كۈندەك داۋام قىلغان. شاھ مەنسۇر ئەنە شۇ قەبىھ چاپ ـ چاپلىقتا ما خۇسەن ئەسكەرلىرىنى مەھكەم قۇچاقلاپ، ئۇلارنىڭ قۇلىقىنى چىشلىگەن ۋە ئۆزىنىڭ تۆت ـ بەش يېرىگە ئوق تەككەن ھالدا ئۆلگەن. بۇ ئۇرۇش يېڭىسار شەھىرىنىڭ شەرقىي تۆپىلىكىگە جايلاشقان زاراتگاھلىقتا قاتتىق داۋاملاشقان. پىدائىيلارنىڭ بىر قىسمى شۇ يەردە داۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتكەن، بىر قىسمى كارۋان كەنتىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي قىسمىغا جايلىشىپ، ما خۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىنى توسقان. يېڭىسارنىڭ شەرقىدىكى تۆپىلىكتە جەڭ قىلغانلارنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە ئۆلۈپ تۈگىگەن. ما خۇسەننىڭ قالدۇق قىسىملىرى ئۇ يەردىن قىزىل تەرەپكە يۈرۈپ كەتكەندە، قەشقەرنى ما خۇسەن قىسىملىرىدىن تارتىۋالغان مەھمۇت سىجاڭ يېڭىسارغا سەمەت ۋە نۇر تۈەنجاڭلارنى ئەۋەتىپ، ھېلىقى قىرغىنچىلىقتا ئۆلگەنلەرنى شۇ يەردىكى زاراتگاھلىققا قويدۇرۇپ، نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزگەن. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يېڭىسار خەلقى بىر يىلدەك ۋاقىتتىن كېيىن ئۆزىنى ئاران ئوڭشىۋالغان.

مەھمۇت سىجاڭ خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئاستىرتتىن بەرگەن يولىيورۇقىغا ئىتائەت قىلىپ، خوتەن پىدائىيلىرىغا ياردەم قىلالمىغان. ما خۇسەن ئەسكەرلىرى بولسا، ئۈششۈك ھەرىدەك ھەر تەرەپكە ھۇجۇم قىلىۋەرگەن ۋە ئارقا تەرەپتىن خاتىرجەم بولۇپ، ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋەرگەن؛ بارغانلا يېرىدە غەلىبە قىلىپ، يەكەن شەھەر ئەتراپىغا يېتىپ بارغان. ما خۇسەن قىسىملىرى يەكەنگە يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى، خوتەندىن بەزىلىرى ئۇزۇن - قىسقا كونا قورال، بەزىلىرى ئۇزۇن - قىسقا قىلىچ، بەزىلىرى پالتا، ئورغاق كۆتۈرگەن 1000 دەك پىدائىي يەكەنگە كەلگەنىدى. لېكىن، ئۇلار زامانىۋى ئېغىر - يېنىك پىلىموتلار ۋە زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان، تۆت - بەش يىللىق ئۇرۇشتا پىششىپ كەتكەن، ھەتتا بىر مەزگىل «ئالتايىسكى» لارنى مەغلۇپ قىلغان ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىغا تاقابىل تۇرالمايتتى، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئۇلار يەكەن شەھەر ئىچى ۋە شەھەر ئەتراپىدا، ئاخىردا زەرەپشان دەرياسىنىڭ غەرب ۋە شەرق تەرەپلىرىدە مۇداپىئەلىنىپ قانلىق جەڭ قىلغان بولسىمۇ، مەغلۇپ بولۇپ، زەرەپشان دەرياسى قانغا بويالغان؛ ما خۇسەن ئەسكەرلىرى قان قەرزگە بوغۇلغان، پوسكام ۋە قاغىلىقتا تېخىمۇ قاتتىق جەڭ بولغان. ما خۇسەن قىسىملىرى زەرەپشان دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇرۇش سېپىنى جەنۇبقا قاراپ كېڭەيتىپ، خوتەن پىدائىيلىرىنىڭ ئارقا سەپ ياردەمچىلىرىنى توسۇپ يوقاتماقچى بولغان. ئەمەلىيەتتىمۇ خوتەن پىدائىيلىرى ياردەمچىسىز قېلىپ، قاغىلىقتىن بىراقلا گۇمىغا چېكىنگەن. ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇشقا مەھەممەت ئىمىن بۇغرا يېتەكچىلىك قىلغان. خوتەن خەلقى گۇمىدا قانلىق جەڭ قىلغان. ئاخىر ئوق - دورا تۈگىگەندە، مەھەممەت ئىمىن بۇغرا بىھۇدە قۇربان



بېرىۋېرىشنى خالىماي، پىدائىيلارغا نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى تىنچ تارقىلىپ كېتىشكە دەۋەت قىلغان. ئەمما، بەزىبىر مۇتەئەسسىپلەر قارىغۇلارچە قۇربان بېرىشكە دەۋەت قىلىپ تۇرۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇرۇش يۇرتۋازلىققا ئايلانغان. بەزىلەر مەھەممەت ئىمىن بۇغراغا روھىي جەھەتتىن مەدەت بەرگەن. بولۇپمۇ چاقىلىق، چەرچەن، نىيە، كېرىيە ۋە چىرىيەلەردىن پىدائىي بولۇپ كەلگەنلەر «يۇرتىمىزغا تىرىك قايتمايمىز» دەپ جاھىللىق بىلەن تۇرۇۋالغان. مەھەممەت ئىمىن بۇغرا خەلقنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، گۇما ئەتراپىدىكى چولاقنىڭ سېيى، زاڭگۇي، مۇجا ۋە پىيالما قاتارلىق جايلاردا قاتتىق جەڭ قىلىشقان. لېكىن ئاخىر يەنە بۇرۇنقى پىكرى بويىچە پىدائىيلارنى تارقىتىۋېتىپ، 1934 - يىلى كۈز پەسلىدە چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن. گۇما ئۇرۇشىدا «غالىپ» كەلگەن ما خۇسەن ئەسكەرلىرى، ئالدىدا ئاتلىق كانايچىلار كانايلىرىنى چىرقىرىتىپ چالغان ھالدا، خوتەن شەھىرىگە كىرىپ كەلگەن. ئۇلارنى مەتتوختى ئەلەم، مۇلۇك ھەزرەت (مەھەممەت نىياز ئاخون) قاتارلىق دىنىي مۇتەئەسسىپلەر قارشى ئالغان. لېكىن، ئۇزۇندىن بۇيان دىنىنىڭ ئاسارىتىدە قالغان ياۋاش خوتەن خەلقى خوتەن شەھىرىگە كىرگەن بۇ «مېھمان» لارغا گۇمانلىق قارىغان. شۇنداقتىمۇ، يەنىلا ئاخۇنلارنىڭ دىنىي پەرمانىغا ئاساسەن، «مېھمان» لارنى ئاش - نان، ئېسىل ھۆل يېمىشلەر بىلەن سورۇن تەييارلاپ، نەغمە - ناۋا بىلەن كۈتۈۋالغان. چاقىرىلمىغان بۇ «مېھمان» لار ۋاستە ئارقىلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە ھەربىي گازارمىغا، ئاندىن قالسا سودا سارايلىرىغا، دەڭلەرگە، ھەتتا شەخسىيلەرنىڭ ھويلا - ئاراملىرىغىچە ئورۇنلاشقان. يۇرت مۆتىۋەرلىرى دەرھال كوچا

ـ كوچىلارغا چىقىپ، خوتەن قەغىزىگە «دىنىي ئىسلام ۋە پىسەبىلىللاھ قەھرىمانلىرىنى قىزغىن قارشى ئالايلى!» دېگەن خەتلەرنى يوغان قىلىپ يېزىپ، دوقمۇش ـ دوقمۇشلارغا ۋە مەسچىتلەرگە چاپلىغان. توختى ئەلەمنى مەركەز قىلغان، ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلمەيدىغان نادان موللا ۋە ئاخۇنلار، بەگ ۋە دوغىلار خۇشاللىقىدىن پايپېتەك بولۇشۇپ، ما خۇسەن ئەسكەرلىرى ئۇچۇن ئاش ـ ئوزۇق، يەم ـ خەشەك هازىرلاشقا ئاتلانغان، قۇللۇقتا كۆنۈپ قالغان نادان خەلق ۋە ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان بەزى جامائەت دەرت ـ ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ قالغان.

## ما خۇسەن ئىشغالىيىتىدىكى خوتەن

ما خۇسەن 1934 ـ يىلىدىن 1937 ـ يىلىغىچە خوتەندە پادىشاھ بولۇۋالغان. ئۇ، خوتەننى ئىشغال قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، مۇلۇك ھەزرەت يەنى مەھەممەت نىياز دېگەن مۇتەئەسسىپ ئاخۇننى خوتەنگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۆزىگە سادىق جېن سىلىڭنى مۇئاۋىن ۋالىي قىلىپ ئۇنىڭغا چېتىپ قويغان؛ مەھەممەت ئىمىن مۇپتىنى خوتەن ناھىيىسىگە ئامبال قىلىپ تەيىنلىگەن. ما خۇسەن دىنىي خوراپاتلىقنىڭ ئاسارىتىدە قالغان خوتەن خەلقىگە پۇرسەت تاپقانلا يەردە ۋە مەسچىتلەردە «ھەممىمىز مۇسۇلمان، سىلەرنى هايات ـ ماماتىمىز بىلەن قوغدايمىز، زۇلۇمدىن ئازاد قىلىمىز، سىلەرگە بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كەلدۇق»، دېگەن يالغان ۋەدىلەرنى بەرگەن. جۈمە كۈنلىرى ھەممە ئەسكەرلىرىنى جۈمە نامىزىغا ئەكەلگەن؛ خوتەندىكى چوڭ جامەدە چىڭخەيدىن بىللە ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن



«بولا ـ بولماس» ئاخۇنلىرى ئارقىلىق ۋەز ـ نەسىھەت ئېيتقۇزۇپ، خوتەن خەلقىنى بىر مەھەل ئۆزىگە مايىل قىلىۋالغان. ئۆز كۈچىنىڭ دائىرىسىنى پوسكامدىن تارتىپ تا چەرچەنگىچە كېڭەيتىپ، پۈتۈن خوتەن دائىرىسىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان. بىرلا قاراڭغۇ تاغلىقلار 1936 ـ يىلىغا قەدەر ما خۇسەنگە بويسۇنماي، قاراڭغۇ تاغنىڭ بارلىق ئېغىزلىرىنى توسۇپ، ما خۇسەن ئەسكەرلىرىنى يېقىن كەلتۈرمىگەن. ما خۇسەننىڭ خوتەن ۋىلايىتىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى مۇنداق بولغان؛

### 1) ھەربىي، تەشكىلىي جەھەتتە:

شۇ دەۋردىكى دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ تۇراقلىق بولماسلىقتەك ئەھۋالىغا ئاساسەن، خوتەننى ھەربىي هاكىمىيەت ئۇسۇلى بويىچە باشقۇرماقچى بولغان. بۇنىڭ ئۇچۇن ئەسلىدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى ئاساس قىلغان هالدا، يەرلىك خەلقتىن ئەسكەر ئېلىپ ھەربىي كۈچىنى ئۇلغايتقان، قورال كۆتۈرەلىگۈدەكلەرنىڭ 15 ياشتىن يۇقىرى، 50 ياشتىن تۆۋەن ئەرلىرىنى مەجبۇرىي هالدا ئەسكەرلىككە تۇتقان (بۇ، ئۇلارنىڭ ئاتا مىراس ئادىتى). ساقاللىقلارنىڭ ساقىلىنى قىرقىتىۋەتكەن. يەرلىك بەگلەرنىڭ، ئاخۇنلار ۋە ئۇلانىڭ تالىپلىرى، بايلارنىڭ بالىلىرى ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇشتىن خالى قالغان. ئۇ چاغدا خوتەندە ئەسكەرلىككە تۇتۇلمىغانلار بەكمۇ ئاز ئىدى. ما خۇسەننىڭ خوتەندىكى ئەسكەر سانى 5 ـ 6 مىڭغا يېتەتتى. ئۇلارنىڭ مىللەت تەركىبىمۇ مۇرەككەپ بولۇپ، خۇيزۇلار 20 پىرسەنتىنى، خەنزۇلار 30 پىرسەنتىنى، موڭغۇل، شىبە، داغۇرلار 10 پىرسەنتىنى

ئۇيغۇرلار 40 پىرسەنتنى تەشكىل قىلاتتى. ئونبېشىدىن تارتىپ شىجاڭغىچە بولغان ئەسكەر باشلىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز كىشىلىرىدىن ئىدى. ما جۇڭيىڭغا ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئەگىشىپ چىققان خۇيزۇ ۋە خەنزۇ ئەسكەرلەرنىڭ سانى ئەسلىدە 7 ـ 8 يۈز ئەتراپىدا ئىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ، ئورنى شۇ جايلاردا تولدۇرۇلغان. 1934 ـ يىلدىكى ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ سانى 15 مىڭغا يەتكەن. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يەنە قەشقەر، تازغۇن، ياپچان، يېڭىسار، يەكەن، قاغىلىق، گۇما ئەتراپلىرىدا چىقىمغا ئۇچرىغان؛ بۇلارنىڭ ئورنى خوتەندە تولدۇرۇلغان.

بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئاز قىسمى ئاتلىق، كۆپ قىسمى پىيادىلەر بولۇپ، ئاتلىقلىرى ئاتلارنىڭ رەڭگى بويىچە بۆلۈنگەن، يەنى تۆت مىڭدەك ئاتلىق ئەسكەر ئاق، قىزىلتۇرۇق، جەرەن تۇرۇق، قارا ۋە ئارىلاش بەش خىل رەڭدىكى ئاتلىق قىسمىغا بۆلۈنگەن. ھەممە ئاتلارنىڭ قويرۇقى كېسىلگەن، يايلى قىرقىلغان. ئاتلىق ئەسكەرلەر مەشىق قىلغان ۋاقىتتا ئالا ـ بالداق رەڭلىك كىيىم كېيەتتى. ئەسكەرلەرنىڭ كىيىمى ئەسلىدە توق كۆلرەڭ بولۇپ، پۇتىغا لاتا خەي، لاتا قونجۇلۇق سانىبا كېيەتتى. ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى خوتەندە كۆك رەڭلىك قىلىپ مەخسۇس تىكتۈرۈلدى. بۇ كىيىملەر ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىر، كەڭلىكى 80 سانتىمېتىر كېلىدىغان سەپەر خۇرجۇنىدا تۇراتتى. ئۇنىڭغا «36 ـ شى» دەپ خەت يېزىلغان. ئەسكەرلەرنىڭ كۈندىلىك ۋە كېچىلىك مەشغۇلاتلىرى يەنى مەشق پائالىيەتلىرى بەك ئېغىر ئىدى. بىراق، يېمەك ـ ئىچمىكى مول ۋە گۆشلۈك ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر خىل چىغىرىغ ئويۇنلىرى، بولۇپمۇ ئېگىزلىكى ئون مېتىر كېلىدىغان تەختىراۋاندىن ھاۋا



تاپان بولۇپ تۆۋەندىكى قۇم ئۈستىگە تىك سەكرەش ئاسانغا چۈشمەيتتى؛ بۇنىڭدا بەزىلىرىنىڭ بوينى سۇناتتى ياكى مېيىپ بولۇپ قالاتتى. شۇنىڭدەك داپاۋبۇ (ئارقىغا پۇت ئېتىپ ئالدىغا يېرىم مېتىر ئېگىزلىك چامىسىدا سەكرەش) مەشىقىمۇ بەك قىيىن ئىدى. ئۇنىڭدىن قالسا، ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ قارىغا ئېتىش، چۈۋۇق چېپىش، ئات ئۈستىدە پۇتىنى ئۈستۈن بېشىنى تۆۋەن قىلىپ تىك تۇرۇش، يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ قورسىقىغا يوشۇرۇنۇپ قارىغا ئېتىش، يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئىككى ئاتنىڭ ساغرىسىغا ئىككى پۇتى بىلەن دەسسەپ تۇتۇپ ئالدى ـ ئارقىغا قاراپ قارىغا ئېتىش، ئاتنى ياتقۇزۇپ قويۇپ 10 ـ 20 مېتىردەك يەرگە يۈگۈرۈپ بېرىپ قارىغا ئېتىش، يەنە قايتىپ كېلىپ ئاتنى قوپۇرۇپ مىنىۋېلىپ، چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ قارىغا ئېتىش ياكى چۈۋۇق چېپىش قاتارلىق مەشىقلەر قىلدۇرۇلاتتى. يەنە كېچىسى تۇيۇقسىز جىددىي تابور قىلىنىپ، 5 ـ 10 كىلومېتىر يەرگىچە يۈگۈرتىپ ئاپىرىپ، ئاندىن قورالللار ۋە كىيىم ـ كېچەكنىڭ راۋۇرۇس ئىكەنلىكى تەكشۈرۈلەتتى ياكى كېچىلىرى تۇيۇقسىز مانېۋىر ئۆتكۈزۈلۈپ، قارشى تەرەپنىڭ گازارمىلىرى ئىشغال قىلىناتتى. ئۇتتۇرۇپ قويغان تەرەپتىكى ئەسكەرلەر سىرتقا چىقىنىشقا توغرا كەلسە، بەنجاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىقىپ، ئىشلىرىنى پۈتكۈزۈپ قايتاتتى.

ما خۇسەن ئەسكەرلىرى ئارىسىدا، مەيلى ئوفىتسېر ياكى ئادەتتىكى ئەسكەرلەر بولسۇن، قىمار ئويناش ئەۋج ئالغان (قىمار ئويناش مەنئىي قىلىنمايتتى) ئىدى. بەنجاڭلار باشچىلىقىدا كېچىسى ئوغرىلىققا چىقىپ، خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلايتتى، قويلىرىنى ئوغرىلاپ كېلىپ ئوغرىلىقچە

يەيتتى. لېكىن، هاراق ئىچىش ۋە نەشە چېكىش قاتتىق مەنئىي قىلىناتتى. يەرلىك ئەسكەرلەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يوقلاپ كەلسە، خۇددى تۇرمىدىكى جىنايەتچىلەرنىڭ تۇغقانلىرىغا مۇئامىلە قىلغاندەك، ئۇلارنى بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە كۆرۈشتۈرۈپ، تۇغقانلىرى ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى تەكشۈرۈپ ئالدۇراتتى، تۇغقانلىرى بەرگەن پۇلنى قىماردا ئۇتتۇرغۇزاتتى، ئۇنى ئامىتى كەلگەنلەر ئۇتۇۋالاتتى، بۇنىڭدىن بەنجاڭلارمۇ بەھرىمان بولاتتى. بەزىبىر ئەركىن ئوفىتسېر ۋە بەنجاڭلار تۇرمۇش ئىستىلىدا ساپ ئەمەس ئىدى. ساتقىن بەگلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن، يەرلىكتىكى كىشىلەرنىڭ ئاياللىرىنىڭ نومۇسىغا تېگەتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن جېدەل - ماجىرا چىقىپ تۇراتتى، ساتقىنلار بۇ ئەھۋالنى ياپاتتى.

2) پۇل مۇئامىلىسى ۋە سودا - سانائەت جەھەتتە:

خوتەندە 1934 - يىلدىن 1937 - يىلغىچە تۆۋەندىكى پۇللار ئىشلىتىلگەن: 1) خوتەن قەغىزىدىن ئەتراپى قىزىل قىلىپ ئىشلەنگەن ئۈچ سەرلىك تىزا. 2) قەشقەردە ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە چىقىرىلغان بىر سەرلىك ۋە تۆت تەڭگىلىك تىزا. 3) مىس داچەن ۋە تىيىن «تۆمۈر سىجاڭ چىقارغان يىگىرمە پۇڭلۇق تىيىن C. 4» ئالتۇن (خوتەننىڭ ئالتۇنى). 5) تىللا. 6) چوڭ - كىچىك تەڭگە پۇل. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشەنچلىكى ئالتۇن، تىللا، ھەر خىل كۈمۈش پۇل ۋە مىس پۇللار ئىدى. ما خۇسەن خوتەن خەلقىنىڭ قولىدىكى ئالتۇن - تىللالارنى ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن قەغەز پۇل ئارقىلىق يىغىۋالغان.

ما خۇسەن خوتەندە يەرلىك خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچەيتكەن، بولۇپمۇ يۇڭ، يىپەك، گىلەم ۋە خوتەن كىپەك



ئالتۇنى ئىشلەپچىقىرىشنى نۇقتىلىق چىڭ تۇتقان؛ ھىندىستان سودىگەرلىرىنىڭ خوتەنگە كېلىپ كېتىشىگە يول ئېچىپ بەرگەن. شۇ مەزگىللەردە تۈركىيىدىن كەلگەن ئىدرىس ئەپەندىمۇ خوتەندىن تۈركىيىگە نۇرغۇن پىلە ئۇرۇقى ئېلىپ كەتكەن. ئىككى تەرەپنىڭ سودىگەرلىرى لاداق يولىنى قوغۇنلۇق يولىغا ئايلاندۇرغان. خوتەن تەرەپ ھىندىستان ئارقىلىق ئەنگلىيىدىن ئوق - دورا، قورال (كۆپىنچە ئون ئاتار مىلتىق، قول بومبىلىرى)، قوشۇمچە دورا - دەرمەك ۋە يۇڭ رەخلەرنى سېتىۋالغان.

3) مەدەنىيەت مائارىپ جەھەتتە:

ئەزەلدىن ئاسارەتتە ياشاپ كېلىۋاتقان خوتەن خەلقىنى تېخىمۇ ئاسارەتتە قالدۇرۇش ئۈچۈن، ما خۇسەن مەدەنىي مەكتەپلەرنى ئەمەس، دىنىي مەكتەپلەرنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەدەت بەرگەن. ئۇ، توختى ئەلەم قاتارلىق مۇتەئەسسىپ ئاخۇنلارنى ئەتراپىغا يىغىۋېلىپ، ئۇلارغا دىنىي ھوقۇق بەرگەن. بۇ ئاخۇنلارنىڭ كۈچەپ تەرغىب قىلىشى بىلەن، مەسچىتلەردىمۇ دىنىي دەرسلەر ئۆتۈلگەن، مەدەنىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ دىن بىلەن پەننى تەڭ ئوقۇتۇشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار جەدىتلەر قاتارىغا چىقىرىۋېتىلگەن. يۈز بېشى ۋە بەگلەرگىمۇ ئۆز تەۋەلىكىدە ما خۇسەننىڭ مەقسىتىنى مەركەز قىلىپ دىنىي مەكتەپ ئېچىش تاپشۇرۇلغان. خوتەندە دوختۇرخانا يوق ئىدى، لېكىن، ما خۇسەن باشلىق 10 - 20 ئادەمنىڭ ئىككى ھىندىستانلىق دوختۇرى بار ئىدى. يەرلىك خەلقلەر ئۇ دوختۇرلارغا داۋالىنالمايتتى. ئەسكەرلەر ۋە يەرلىك خەلقلەر كېسەل بولۇپ قالسا، يەرلىك ئۇسۇلدا داۋالىناتتى. ما

خۇسەيننىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋالغان ھاللىق كارۋانلار ھىندىستانغا يۇك توشۇش بىلەن ھىندىستانغا كېتىۋېلىپ، قايتىپ كەلمەيتتى. كېيىن ھىندىلارنىڭ خوتەنگە كېلىشىگە رۇخسەت قىلىنىپ، يەرلىك خەلقنىڭ ھىندىستانغا بېرىشى مەنئىي قىلىندى.

4) يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە:

خوتەن تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، تۇپرىقى قۇم ئارىلاش. شۇڭا، تېرىقچىلىق قىلماق قەشقەرنىڭكىگە قارىغاندا بىر قەدەر ئاستا، يەرنى كەتمەن بىلەن ئۆرۈپ - چۆرۈپ تېرىغىلى بولىدۇ. خوتەندە ئاساسەن بۇغداي بىلەن قوناق تېرىلىدۇ، بىدىمۇ خېلى كۆپ تېرىلىدۇ. تېرىلغان بۇغداينى پىشقان چاغدا، ئاخشىمى سۇغۇرۇپ قويۇپ، ئەتىسى قول بىلەن يۇلۇپ يىغىۋالغىلى بولىدۇ (ئورغاق بىلەن ئورىدىغانلارمۇ بار). بۇغداي ئېگىزىغا قوناق تېرىسا، ئۇنىمۇ پىشۇرۇۋالغىلى بولىدۇ. خوتەننىڭ «ئۇندى پىشتى» قونىقىنىڭ تامىقى ۋە نېنى بەك مەززىلىك بولىدۇ. لېكىن، ئۇ چاغلاردا خوتەندە سۇ ئىنشائاتى بەك ناچار ئىدى. بولۇپمۇ 7 -، 8 - ئايلاردا كېلىدىغان كەلكۈن قارىقاش ۋە يورۇڭقاش دەريالىرىغا پاتماي، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى تېرىلغۇ يەرلەر ۋە ئۆيلەرنى بىراقلا سۈپۈرۈپ كېتەتتى. ئۇنداق چاغدا دەريادىن كېمىسىز ئۆتۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما، ما خۇسەن قىسمىلىرى سالغان ئاش - ئوزۇق ۋە ئوتۇن - سامان ئالۋاڭلىرىنى تاپشۇرىدىغان دېھقانلار بۇ ئالۋاڭلارنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇش ئۈچۈن، كېمىنىڭ كېلىشىنى ساقلىماي، دەريادىن كېچىسى سۇ پەسەيگەندە ئۆتىمىز دەپ ئاخشىمى دەرياغا چۈشەتتى



- دە، بەزىلىرى ئات - ئۇلاقلىرى بىلەنلا سۇغا غەرق بولۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەر تېرىيدىغان ئەرلەر ۋە ياشلار ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ كېتىپ، يەر تېرىش ۋە ئالۋاڭ - ياساق تاپشۇرۇش ئاياللار، قېرى - چۆرىلەر ۋە ئاغرىق - سىلاقلارغا قالغاچقا، ما خۇسەننىڭ ئالۋاڭلىرىنى تولۇق ۋە ۋاقتىدا تاپشۇرۇش خوتەن خەلقىگە تاغدىنمۇ ئېغىر كېلەتتى. ئۆزى تېرىپ، ئۆزى يېمەي ئاش تاپشۇرغانلارنىڭ ھالى تېخىمۇ ناچار ئىدى.

شۇنداق تۇرۇقلۇق، غەللە - پاراق تاپشۇرۇپ ئالىدىغان تۆۋەن قاتلامدىكى زالىم ئەمەلدارلار دېھقانلار ئېلىپ بارغان ئاشلىقلارنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ ئالمىغاچقا، دېھقانلار ئۇ يەردە كۈنلەپ، ھەتتا ھەپتىلەپ ساقلاپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى. تاپشۇرۇپ ئېلىشقا چىققاندا بولسا، تاپشۇرۇپ ئالغۇچىلار «بۇغدىيىڭ ياخشى تازىلانماپتۇ، باشقىدىن تازىلا» دەپ قەستەن ئاۋارىچىلىق سالاتتى. مۇشۇ سەۋەب بىلەن، دېھقانلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ۋاقتى ئىسراپ بولاتتى. بولۇپمۇ ئوتۇن تاپشۇرغۇچىلارنى «ئوتنىڭ ھۆل ئىكەن، كۆيمەيدۇ» دەپ ھەيدىۋېتەتتى. بىچارە دېھقانلار نائىلاج قايتىپ كېتەتتى. بەزى دېھقانلار ناھىيە ئاتلاپ غەللە - پاراق تاپشۇراتتى. لېكىن، ناھىيىلەرنىڭ ئارىلىقلىرىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان چۆل - جەزىرىلەر بولۇپ، ئۇ يەردىكى يوللارنى تەكلىماكان تەرەپتىن چىققان قارا بوران قۇم بىلەن كۆمۈۋەتكەچكە، بىچارە دېھقانلار يولدىن ئېزىپ كېتىپ، ئۇلاقلىرى بىلەن بىللە قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم بولۇپ كېرەتتى. ما خۇسەننىڭ خوتەن خەلقىگە ئېلىپ كەلگەن «بەخت سائادىتى» ئەنە شۇ ئىدى.

### 5) ئىجتىمائىي تۈزۈم جەھەتتە:

ما خۇسەن بۇرۇنقى ھاكىمىيەتلەردىن قېپقالغان بىر قاتار تۈزۈملەرنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ئاھالىنى باشقۇرۇشتا ئون بېشىلىك، يۈز بېشىلىك تۈزۈمنى قوللانغان. يۈز بېشىلىككە خۇيزۇ ئاخۇنلارنى قويغان. ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىككە ۋە خىزمەتچىلىككە ئۇيغۇر ئاخۇنلارنى قويغان. بۇ تۈزۈم دېھقانلارنى ئالۋاڭ - ياساق تۆلەشكە، ئەسكەر بولۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەشكە تەشكىللەشتە، دېھقانلارنىڭ ئۈستىدىن نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىشتە كۆپ ئاسانلىق ۋە يەڭگىللىك يارىتىپ بەرگەن. بۇ ئاسانلىقتىن پايدا كۆرگەن ما خۇسەن ئەمەلدارلىرى خەلق ئۈستىدىن دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى خالىغانچە بۇلاپ - تالىغان، خوتۇن - قىزلىرىنىڭ نومۇسىغا تەگكەن. ياش دېھقان ۋە ھۈنەرۋەنلەرنى لەڭزىگە تۇتۇپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرىنى تارتىۋالغان. قاچقانلارنى تۇتۇپ كېلىش يۈز بېشى ۋە بەگلەرنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى قىلىپ بەلگىلەنگەن. نەتىجىدە، قاچقان ئەسكەر ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ھاياتى ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلاشقان. شۇنىڭ بىلەن، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك نۇرغۇن يەرلەر ئەمگەك كۈچىنىڭ يېتىشمەسلىكى تۈپەيلىدىن قۇملۇققا ئايلىنىپ كەتكەن، نۇرغۇن ئائىلىلەر زۇلۇم - كۈلپەت تۈپەيلىدىن خانىۋەيران بولغان. ما خۇسەننىڭ خوتەن خەلقىگە سالغان زۇلۇمى 1864 — 1877 - يىللىرى خوتەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھېبىبۇللا ھاجى ۋە نىياز ھېكىم بەگلەرنىڭ زۇلمىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتكەن. قىسقىسى، ما خۇسەن ئەمەلدارلىرى خوتەندە چاي ئورنىغا قان ئىچكەن، ئاتلىرى سۇ ئورنىغا چاي ئىچكەن. بۇ — ئەمەلىي



ئەھۋال. دېمەك، خوتەن خەلقى شۇ مەزگىلدە قاتتىق زۇلۇم، قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە قالغان. چۈنكى، خەلقتىن ئېلىنىدىغان ئالۋاڭ - ياساق، باج، غەللە - پاراق، ئوتۇن - سامان، يەم - خەشەكلەرنىڭ سىرتىدا، ھەر بىر ئامباللىق تەۋەسىدىكى ئامبالدىن تارتىپ دوغا - يايىلارغىچە بولغان ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى چاي پۇلى، تاپان ھەققى قاتارلىق قوشۇمچە ئالۋاڭلارنى ئالغان. ئۇنىڭ بىلەنلا توختىماي، يۇقىرىدىكى تۈرلۈك ئالۋاڭ - ياساقلارنى تىلماچ ئون ھەسسە، بەگ يۈز ھەسسە، يۈز بېشى مىڭ ھەسسە كۆپەيتىپ، خەلقنى ئۈستى - ئۈستىلەپ شىلىغان. خەلق ئاممىسى يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە، مەسچىت - مەدرىسىلەرگە، ئىمام - ئاخۇن ۋە قازىلارغا ئۆشرە - زاكات تۆلەش، ۋەخپىي يەرلەرنى ھەقسىز تېرىپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان.

ما خۇسەن خوتەن خەلقىنى باشقۇرۇشتا، يەرلىك ئاخۇن ۋە بەگلەرنىڭ ياردىمىگە تايانغاندىن باشقا، نادان خەلقنى يۇرتۋازلىققا سېلىپ، بىر يۇرت بىلەن يەنە بىر يۇرتنى سۇ ياكى ئوتلاق تالىشىش باھانىسى بىلەن قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇپ، ئوتتۇرىدىن پايدا ئۈندۈرۈۋېلىش ئۇسۇلىنىمۇ قوللانغان. ما خۇسەن گۇرۇھىنىڭ چۈشكۈنلىشىپ ئەيشى - ئىشرەتكە بېرىلىشى، ھەر يىلى بولۇپ تۇرىدىغان تەبىئىي ئاپەت، يۇقۇملۇق كېسەللىك، ئاچارچىلىق، ئېغىر ئالۋاڭ - ياساق خەلق ئاممىسىنى پۈتۈنلەي ھالىدىن كەتكۈزۈپ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان. بولۇپمۇ ما خۇسەننىڭ خوتەن شەھىرىدىكى تۆمۈر دەرۋازا ئىچىدە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى ئاخۇن لۈيجاڭ خوتەن شەھەر خەلقىگە ھەددى ھېسابسىز زۇلۇم سالغان. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ كېيىم - كېچەكلىرى،

ئات - ئۇلاغ جابدۇقلىرى، سەپەر خۇرجۇنلىرى ۋە قاش تېشى زىننەت بۇيۇملىرىنى شەھەر ھۈنەرۋەنلىرى نەزەر بەنت ئاستىدا مەجبۇرىي ئىشلەپچىققان. ئاخۇن لۈيجاڭ شەھەر سېپىلىنىڭ ئاستىنى ئويدۇرۇپ، بىر كىشىلىك، ئىككى كىشىلىك مەخسۇس تۈرمىلەر ۋە دەھشەتلىك كۆل، يەنى سۇ زىندانى ياساتقان. بۇ تۈرمە ۋە زىندانلارغا ئاخۇن لۈيجاڭنىڭ بۇيرۇقىغا بويۇن تولغىغان كىشىلەر تاشلانغان. ئاخۇن لۈيجاڭنىڭ زۇلۇمىدىن ئۆلگەن ئەسكەرلەر بولسا، «توغراق مازار» غا كۆمۈلگەن. بۇ مازار خوتەننىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئات بازىرىنىڭ يەنى قارىقاش بېكىتىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، ئۆلگەن ئەسكەرلەرنىڭ كۆپلىكىگە بۇ مازارمۇ تارلىق قىلىپ قالغان.

## 1936 - يىلى خوتەن خەلقىنىڭ ما خۇسەنگە قارشى قىلغان قوزغىلىڭى

خوتەننىڭ جەنۇبىدىكى قاراڭغۇ تاغنى ئاقتۇرسۇن موللام ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت ئاق چوچەك ئىگىلەپ ئالغانىدى. شۇ چاغدا ئەينىدىن ئىسىملىك بىر ئافغان قاراڭغۇ تاغدا ئوغرىلىقچە پەيدا بولۇپ، ئاقتۇرسۇن موللامغا: «سىلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن مېنى شاھ مەنسۇر ئەۋەتتى» دەيدۇ ۋە ئاقتۇرسۇن موللام بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ما خۇسەن ئۇلاردىن قاتتىق ئەندىشە قىلىدۇ. ئەمما، ئۇلارنى ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ئۆزىگە ئەل قىلالماي، ئاخىرى قاراڭغۇ تاغقا خوتەندىن بىرنەچچە ئاخۇنلارنى سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار قاراڭغۇ تاغقا بېرىپ ئاقتۇرسۇن موللامنى تېپىپ، سۆھبەتنى ئەمدى باشلايلى دەپ تۇرۇشىغا، ما خۇسەن



خوتەن، قارىقاش ۋە چىرىيلەردىن بىر نەچچە يۈز ئاتلىق ئەسكەرنى يوشۇرۇن ئەۋەتىپ، سۆھبەتلىشىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنى قورشاپ يوقىتىپ، مال - مۈلكىنى تالان - تاراج قىلماقچى بولىدۇ. بىراق، ما خۇسەننىڭ بۇ قارا نىيىتى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. باستۇرۇپ بارغان ئەسكەرلەر ئاقتۇرسۇن موللىنىڭ پوكتۇرمە قىلىپ قويغان ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن بىت - چىت قىلىنىدۇ. ما خۇسەن ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، نەچچە يۈزلىگەن پارتىزانلارغا قارشى يەنە بىر نەچچە يۈز ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تەرەپ - تەرەپتىن قورشىۋېلىپ، ھەببۇللا خوجا باشلىق توققۇز نەپەر كىشىنى تۇتۇپ كېلىپ، ئاتىدۇ ۋە تاغلىقلارنىڭ بارلىق مۈلكىنى تالان - تاراج قىلىپ، قاراڭغۇ تاغ قوزغىلىڭىنى باستۇرىدۇ. لېكىن، خوتەننىڭ تەۋەككۇل، ئىسلام ئاۋات دېگەن جايلىرىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئەخمەت سەردار باشچىلىقىدىكى بىرەر مىڭدەك قوزغىلاڭچىلار ما خۇسەننىڭ بىر لىيەن ئەسكىرىنى يوقىتىپ، خوتەنگە قاراپ ماڭىدۇ. بىراق، خوتەندە قوزغىلاڭغا قاتناشقانلارنى ئۆز ئىچىدىكىلەر پاش قىلىپ قويۇپ، بۇ قوزغىلاڭچىلارمۇ خوتەنگە ئۆز تەسىرىنى كىرگۈزەلمەي، يېرىم يولدا مەغلۇپ بولىدۇ. بىر قىسىم پىدائىيلار يۇرۇڭقاش دەرياسىنى بويلاپ، ئاقسۇ، كۇچا تەرەپلەرگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. تەۋەككۇلدىن كەتمەي قالغانلار ما خۇسەننىڭ رەھىمسىز قىرغىنچىلىقىغا دۇچ كېلىدۇ؛ گۈزەل تەۋەككۇل بىر تەرەپتىن ما خۇسەندەك سۇنئىي ئاپەتنىڭ زۇلمى، يەنە بىر تەرەپتىن تەكلىماكاندىن كەلگەن تەبىئىي ئاپەتنىڭ زۇلمى بىلەن، بىر مەھەل ئېغىر ئاقىۋەتكە قالىدۇ. دېمەك، ما خۇسەن خوتەن خەلقىنى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئاسارەتكە مۇپتىلا قىلغان. ما خۇسەنگە ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان

ياشلار ما خۇسەننىڭ كېچە - كۈندۈز ئارام بەرمەي مەشىق قىلدۇرۇشىغا چىدىماي، ئەسكەرلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئېسىلىپ ياكى پۇرسەت تاپسىلا تەكلىماكان ئارقىلىق ئاقسۇ، كۇچاغا قاراپ قاچقان. لېكىن، ئۇلارنىڭ تولىسى تەكلىماكاندا بوران - چاپقۇن ئىچىدە قېلىپ، يولدىن ئېزىپ كېتىپ، چۆلدىن چىقالماي، قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم بولۇپ كەتكەن.

## ما جۇڭيىڭ بىلەن ما خۇسەننىڭ زىددىيىتى

ما جۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ما خۇسەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، 1937 - يىلى ئۆز يېنىدىكىلەردىن لا شۇلى، ما يەنلياڭ، ما شىمى ۋە ياڭ فۇشىڭلارنى لا شۇلى باشچىلىقىدا ئەركەشتام ئارقىلىق خوتەنگە ئەۋەتكەن. ئۇلار قەشقەرگە كەلگەندە، شېڭ - شىسەينىڭ قەشقەر يېڭىشەھەردە تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ قوماندانى ليۇ بىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ نېمە ۋەزىپە بىلەن كەلگەنلىكىنى دوكلات قىلغان. ليۇ بىڭ ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن خوتەنگە يولغا سېلىپ قويغان. ئۇلار خوتەنگە بارغاندىن كېيىن ما جۇڭيىڭنىڭ يوليورۇقى بويىچە، ما خۇسەننى شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىپ قەشقەردىكى مەھمۇت سىجاڭنى يوقىتىشقا دەۋەت قىلغان (مەھمۇت سىجاڭ ئۇ چاغلاردا شېڭ شىسەينىڭ قارىمىقىدا بولسىمۇ، كۆرۈنۈشتە شېڭ شىسەيگە بويسۇنغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۆز ئالدىغا ئىش تۇتقان، جۈملىدىن قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى ئۆز خاھىشى بويىچە راۋاجلاندۇرغان؛ بولۇپمۇ ئابدۇغۇپۇر داموللا



جاجىسىنى يېڭەندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە «مەجلىس» كە چاقىرتسا، يوقىلاڭ ئىشلارنى بانا قىلىپ بارغىلى ئۇنىمىغان. بۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولغان شېڭ شىسەي ئاخىر، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن ما جۇڭيىڭ ئارقىلىق خوتەندىكى ما خۇسەن بىلەن بىرلىشىپ مەھمۇت سىجاڭنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا ئالاقىسىنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانىنى تۈزگەن. ما جۇڭيىڭ شېڭ شىسەينىڭ مۇشۇ پىلانى بويىچە ما خۇسەنگە يوليورۇق بەرگەن). ئەمما، ما خۇسەن ئۆزىنىڭ كەلگۈسى مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، ما جۇڭيىڭنىڭ يوليورۇقىنى رەت قىلىپ، باشقىچە يول تۇتقان. ما جۇڭيىڭ سوۋېتتىن ئەۋەتكەن ئادەملەرنى كۆرۈنۈشتە قارشى ئالغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلاردىن گۇمانلىنىپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى نەزەر بەنت قىلىپ قويغان، لا شۇلى بىلەن ياڭ فۇشىڭنى ئۆزىنىڭ چەرچەندىكى بىر يىلك ئەسكىرىگە ئوفىتسېر قىلىپ ئەۋەتكەن؛ ئاندىن ھەربىي تەمىنات باشلىقى ما جۇڭنى ھىندىستانغا ئەۋەتىپ، ھىندىستان بىلەن سودا مۇناسىۋىتىنى يولغا قويغان. ما خۇسەن شېڭ شىسەينىڭ پىلانىغا جاۋابەن، «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دەپ، ئۇنىڭ قەشقەردىكى رەقىبى مەھمۇت سىجاڭ بىلەن بىرلىشىپ شېڭ شىسەينى ئاغدۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭغا يالغۇز خوجايىن بولۇش خام خىيالىنى قىلغان ۋە بۇ توغرىدا مەھمۇت سىجاڭ بىلەن ئالاقىلاشقان. لېكىن، ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ قارا نىيىتىنى ئېسىدىن چىقارمىغان مەھمۇت سىجاڭ ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ما خۇسەننىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلماي، «ئۆلمەك بار، كۆنمەك يوق» دەپ، كەلگۈسىدە باشقا يول تېپىشقا پۇرسەت كۈتۈش

ئۇچۇن، ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتكەن. بۇنى بىلگەن ما خۇسەن سەنمۇجاڭى بەي زىلى بىلەن مەخپىي مەسلىھەتلىشىپ، مەھمۇت سىجاڭ ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتكەندە، ئۇنىڭ ئورنىغا قېپقالغان ئابدۇنىياز ۋە كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭلار بىلەن بىرلىشىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش نىيىتىگە كەلگەن. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن شەن فۇخەي ۋە مافۇيۇەنلەر باشچىلىقىدىكى بىرىگادىلىرى ۋە زەمبىرەك باتالىئونلىرىنى قەشقەرگە ماڭدۇرۇپ، ئۆزى قاغىلىقتا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلغان؛ خوتەندە نەزەربەنت قىلىپ قويغان ما يەنلياڭ، ما شىجىلارنى قاغىلىققا ئالدۇرۇپ، ئۇلارغا مەھمۇت سىجاڭنىڭ قەشقەردىكى قالدۇق ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ شىڭ شىسەيگە قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ما جۇڭيىڭنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىش پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالغان. ما خۇسەن ئۇلارنىڭ پىكرىگە ۋە شىڭ شىسەينىڭ ھاۋادىن تاشلىغان تەشۋىقاتىغا كۆنمەي، مەھمۇت سىجاڭنىڭ يەكەن ۋە قەشقەردىكى قالدۇق ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، شىڭ شىسەيگە قارشى ئۇرۇش باشلىۋەتكەن. ما خۇسەن ئەسكەرلىرى خوتەن تەۋەسىدىن ئۈچ كېچە - كۈندۈزدە قەشقەرگە يېتىپ بېرىپ، قەشقەر يېڭىشەھەردىكى ئايرودرومنى ئىگىلىۋېلىپ، قەشقەر كونىشەھەرنى بىر كېچىدىلا ئىشغال قىلغان، ئۇرۇش دەھشەتلىك بولغان. ما خۇسەن ئەسكەرلىرى شىڭ شىسەينىڭ قەشقەر كونىشەھەردىكى بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى ۋە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قادىر ھاجى (سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەۋەتىلگەن) رەھبەرلىكىدە ۋاقىتلىق تەشكىللەنگەن قىرغىز، خۇيزۇ، خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر ساقچى قىسىملىرىنى تارمار قىلىپ،



ئاندىن قەشقەر يېڭى دەرۋازا (شىتەي يامۇل) ئىچىگە كىرىۋالغانلارنى بىرەر ھەپتىدەك قورشاۋدا تۇتۇپ، ئاچ، زارلىقتىن تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلىغان. بۇ ئۇرۇشتا، ساقچى باشلىقى قادىر ھاجى بوينىغا ئوق تېگىپ ئەسىرگە چۈشكەن. تەسلىم بولغان خەنزۇلار شەرقىي شىمالدىن كەلگەن قىزىل ساقاللىقلار ئومۇميۈزلۈك نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىنغان؛ قادىر ھاجى داۋالىتىپ ساقايتىلىپ، قەشقەر ئوردا بېشىدىكى بىر شەخسىينىڭ ھويلىسىغا نەزەربەنت قىلىپ قويۇلغان، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سابىق ساقچىلار قەشقەر شەھىرىنىڭ تەرتىپىنى ساقلاشقا قويۇلغان.

بۇ يەردە ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر ئەھۋال شۇكى، ما خۇسەن ئەسكەرلىرى قەشقەرگە باستۇرۇپ كېلىشتىن بىر ئاي بۇرۇن، مەھمۇت سىجاڭ رەھبەرلىكىدە قەشقەر مائارىپىنى گۈللەندۈرگەن خەلقپەرۋەر مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە مۇئەللىملەر ساقچى باشلىقى قادىر ھاجى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، قەشقەر يارباغ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى چىنىباغ ئەتراپىدا بىر قورۇغا (ۋاقىتلىق تۈرمىگە) سولاپ قويۇلۇپ، نەزەربەنت قىلىنغان. ما خۇسەن ئەسكەرلىرى قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان كېچىسى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان قادىر ھاجى بۇ مەھبۇسلارنى شۇ قورۇنىڭ بېغىغا بىر - بىرلەپ ئېلىپ چىقىپ ئېتىپ تاشلاۋاتقاندا، ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان قارشى تەرەپ (مەھمۇت سىجاڭنىڭ بۇ ئىشتىن بىخەۋەر قالدۇق ئەسكەرلىرى) «دۈشمەن تەرەپ بىزگە ئوق چىقىرىۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، ئوق ئاۋازى چىقىۋاتقان باغقا قول بومبىسى تاشلىغان. بومبا جەسەتلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشكەچكە، بەزى جەسەتلەر كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكەن. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئوق ئاۋازى

توختىمىغان. مەھمۇت سىجاڭنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرى باغقا ھۇجۇم قىلىپ كىرسە، قادىر ھاجىنىڭ ساقچى ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى ئۆز ئادەملىرىنىڭ جەسەتلىرى بىلەن مەھبۇسلارنىڭ جەسەتلىرىنى ۋە ئارقا دەپ يېمەكلىكلەر ئامبىرىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن. ئۆلگەن مەھبۇسلارنىڭ ئارىسىدا ئاتۇشلۇق مەھەممەت ئېلى (تەۋپىق) ئەپەندى، ئۇنىڭ ئاكىسى جۇمايىدىن، قەشقەر نوبىشى مەكتەپنىڭ مۇدىرى تۇرغۇنجان ئەپەندى، قەشقەر كېپەك بازىرىدىكى نەمۇنە مەكتەپنىڭ مۇدىرى يۇسۇپ زىيا ئەپەندىلەر بار ئىدى. ۋەقە يۈز بېرىپ ئارىدىن بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، نوبىشى مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى ئابلىز ئەپەندى ۋە كامال ئەپەندىلەر ئۆلگۈچىلەرنىڭ كۆيمەي قالغان مەلۇم بەلگىلىرىنى تونۇۋېلىپ، بۇ جەسەتلەرنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن.

يەنە شۇ باستۇرۇلغان مەھبۇسلارنىڭ ئارىسىدا يىراقتىن ئېتىلغان ئوقنىڭ بەختكە يارىشا تەگمەي قېلىشى بىلەن ھايات قالغانلاردىن بىرى — قەشقەر نوبىشى مەكتەپنىڭ رەسىم مۇئەللىمى ھەسەن ئاخۇن (ئۈرۈمچىلىك سەرراپ قادىر ھاجىنىڭ كۈيئوغلى) بولۇپ، ئۇنىڭغا يىراقتا تۇرۇپ ئارقىدىن ئېتىلغان ئوق شامالدا لەپىلدەپ تۇرغان كۆڭلىكىنىڭ يان تەرىپىدىن ئۆتۈپ كېتىپ تەگمەي قالغان. ئەمما ئۇ ئۆلۈم خەۋپىدىن قورقۇپ كەتكەچكە، ئوق ئاۋازى چىقىشى بىلەن تەڭ «ئەمدى ئۆلدۈمغۇ» دەپ جەسەتلەرنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ، ئارقا - ئارقىدىن ئېتىلغان مەھبۇسلارنىڭ ئارىسىدا كۆمۈلۈپ ياتقاندا، بىر ئوق ھەسەن ئاخۇننىڭ تاپىنىغا تېگىپ توختاپ قالغان. مەھبۇسلار ئېتىلىپ بولۇپ بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ھەسەن مۇئەللىم ئۆزىنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى سېزىپ،



جەسەتلەر ئارىسىدىن مىڭبىر بالادا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، تامنىڭ تۈۋىدىكى شاپتۇللۇققا يوشۇرۇنۇۋالغان؛ ئاندىن باغقا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن ئۇيغۇر ئەسكەرلەر تەرىپىدىن قۇتۇلدۇرۇلۇپ، قەشقەر يارباغ سىرتىدىكى دارىلئېيتام مەكتىپىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە بىر كۈندىن كېيىن كېرەمباغ دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ قويۇلغان. ھايات قالغانلاردىن يەنە بىرى — 25 ياشلار چامىسىدىكى يەكەنلىك بىر سودىگەر. ئۇ، ساقچىلار تەرىپىدىن «چەت ئەل ئىشپىيونى» دېگەن گۇمان بىلەن سولاپ قويۇلغان. شۇ كېچىسى ئۇمۇ مەھبۇسلار قاتارىدا ئېتىلغان بولسىمۇ، بەختكە يارىشا ئۇنىڭغا ئېتىلغان ئوقمۇ تەگمەي قېلىپ، ئۇمۇ بىر مەھەل جەسەتلەر ئارىسىدا كۆمۈلۈپ يېتىپ قالغان.

ما خۇسەننىڭ قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان ئەسكەرلىرى يەنە شۇ كېچىسى ئۇقۇشماسلىق تۈپەيلىدىن، يارباغ دەرۋازىسى سىرتىدىكى دارىلئېيتامدا يېتىپ ئوقۇيدىغان يېتىم بالىلارنى «قادىر ھاجىنىڭ ساقچىلىرى ئوخشايدۇ» دەپ ئوققا تۇتۇشقا تاس قالغان (بىچارە يېتىم بالىلار بىر بالايىئاپەتتىن ساقلىنىپ قالغان). ئەنە شۇ ما خۇسەن قىرغىنچىلىق پەيدا قىلىشتىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن، مەكتەپلەردە دەرس توختىغان، قەشقەر شەھىرىدىكى ھەتتا يېزا - كەنتلەردىكى نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇغۇچىلار ئۇستازلىرىدىن ۋە ئوقۇشتىن مەھرۇم بولۇپ، يېتىم قوزا ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان؛ شەھەر ئاھالىسى ئارىسىدا ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلۈپ، شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ كۈندۈزى بالدۇرلا تاقىلىپ قېلىشى بىلەن شەھەر ئىچىدە قورقۇنچلۇق بىر ۋەھىمە ھۆكۈم سۈرگەن؛ 1934 - يىلدىن 1937 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا پەيدا بولغان ئۇرۇش يارىلىرى ئەمدىلا تۈگەپ، مەرىپەتپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك

تەدبىرلىرى بىلەن قايتا تەرەققىياتقا يۈزلىنىۋاتقان قەشقەر مەدەنىيىتى ۋە سودا ـ سانائىتى يەنە مىسلىسىز بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. قەشقەر شەھىرى ئىشغال قىلىنىپ تۇرغان ئىككى، ئۈچ كۈن ئىچىدە شەھەر ئىچىدىكى ھۆكۈمەت ئىدارىلىرى، شەخسىيلەرنىڭ دۇكانلىرى ۋە ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ئۆيلىرىنى تاشلاپ قاچقان بەزى شەخسىيلەرنىڭ ئۆي ۋارانلىرى تالان ـ تاراج قىلىنغان. بۇ ھال بەزى قىمارۋاز ئەسكەرلەر ۋە ئۇياق ـ بۇياقتىن ئىقىپ كېلىپ قالغان سەرگەردانلارنىڭ ھارامدىن بېيىشىغا ياخشى پۇرسەت بولۇپ بەرگەن.

ما خۇسەن 1937 ـ يىلى 7 ـ ئايلاردا، قەشقەرنى ئاساسىي بازا قىلىش ئۈچۈن، قول ئاستىدىكى 1 ـ ۋە 2 ـ بىرىگادىلارنى يەنى جەدە ئاتلىقلار بىلەن تۇرۇق ئاتلىقلارنى قەشقەردە ئېلىپ قېلىپ، قەشقەر كوناشەھەر ۋە يېڭىشەھەرنى ئۆز نازارىتىگە ئاستىغا ئالغان؛ 3 ـ بىرىگادا بىلەن 4 ـ بىرىگادانى يەنى ئاق ئاتلىقلار بىلەن قارا ئاتلىقلارنى شىڭ شىسەيگە قارشى شىمالىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشقا ماڭدۇرغان. بۇلار ئاقسۇ، كۇچا ۋە كورلىغىچە ئۇرۇشۇپ بېرىپ، ئۇ يەرلەرنى ئىشغال قىلىپ، ئۈرۈمچىگە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىگەندە، شىڭ شىسەي ئۆز بېشىغا كېلىۋاتقان بۇ بالايىئاپەتتىن چۆچۈپ، ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى بارلىق ئەسكەرلىرىگە ھەربىي مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى قوشۇپ، ما خۇسەنگە قارشى يولغا سالغان. شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى كۈمۈش، ئايغىر بۇلاق، قاراشەھەر ئەتراپلىرىدا مۇداپىئەلەنگەن، ئىككى ئوتتۇرىدا قاتتىق قانلىق جەڭ بولغان. ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئالدىنئالا سەزگەن شىڭ شىسەي دەرھال سوۋېت ھۆكۈمىتىگە ياردەم سوراپ مۇراجىئەت قىلغان. سوۋېت



قىزىل ئارمىيىسىنىڭ شىڭ شىسەيگە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىلگەن ئايروپىلان ۋە تانكىلىرى ما خۇسەن ئەسكەرلىرىنى كورلىدا توسۇپ، قاتتىق زەربە بىلەن تارمار قىلىۋەتكەن. «سازلىقتا ھاڭرىغان ئېشەك جوۋۇدا ھاڭرىيالماپتۇ» دېگەندەك، ئايروپىلان ۋە تانكىلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ باقمىغان ما خۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى قەشقەرگە، بىر قىسمى لوپنۇر، چاقىلىق ۋە چەرچەنلەرگە قاراپ تىكىۋەتكەن. بۇ قاچاقلار بارغانلا يېرىدە خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ، ئۆيلىرىگە ئوت قويغان. بولۇپمۇ قارا ئاتلىقلار قەشقەرگە چېكىنمەي، تەكلىماكانغا يوشۇرۇنۇش جەريانىدا، تارىم بويلىرىدىكى چارۋىچىلارنى راسا بۇلىغان. كۇچا ۋە ئاقسۇ تەرەپكە چېكىنگەنلەرمۇ يول بويى تالان ـ تاراج قىلىپ ماڭغان؛ خەلقنىڭ جاپا تارتىپ تېرىپ تېخى يىغىۋالالمىغان ئاشلىقلىرى ئىگە ـ چاقىسىز قالغان چارۋا ـ ماللارغا ۋە ما خۇسەننىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرىغا يەم ـ خەشەك بولغان. بۇ ئاپەتلىك ئۇرۇش تۈپەيلىدىن، ئۆي ـ ۋارانلارمۇ ئىگىسىز قالغان، قارا باسقانلار ئۆلگەن، قاچالىغانلار قاچقان. دېمەك، پۈتۈن ئالتە شەھەر قارا تۇمان، قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە قالغان.

ما خۇسەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن قىزىل ئارمىيىگە تەڭ كېلەلمىگەندىن كېيىن، بىر كۈنى نامازدىگەر ۋاقتىدا، قەشقەردىكى ھەممە ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئوپال ئارقىلىق بىر كېچە يول يۈرۈپ، يېڭىسارغا بېرىۋالغان. ئۇ، يېڭىساردا ئىلگىرى ئاخىر ئۈچ كۈن مۇداپىئەلىنىپ تۇرغان. ئەمما، ما خۇسەننىڭ شىڭ شىسەيگە مايىل بىر قىسىم ئوفىتسېرلىرى ما خۇسەنگە ئەگەشمەي، ياپچان ئەتراپىدا قېپقالغان، ما خۇسەنگە ئەگەشكەنلەر ئارىسىدا بۆلۈنۈش پەيدا بولغان. ئۇلار يېڭىساردا

ۋاقتىدا يەنى 8 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى كەچتە، قىزىل ئارمىيە ئايروپىلانلىرى يېڭىسارنىڭ ئاسمىنىدا پەيدا بولۇپ، شەھەر ئىچىگە بومبا تاشلىغان. ما خۇسەننىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى شەھەر ئەتراپىدىكى دەڭلەرگە ۋە زاراتگاھلىقلارغا تارقىلىپ مۇداپىئەلەنگەن. شەھەر ئەتراپىدا بولسا، بىرونېۋنىڭ ۋە تانكىلاردىن ئېتىلغان ئوقلار يامغۇردەك ياغقان. ئىلاجسىز قالغان ما خۇسەن ئەسكەرلىرى بىر كاناي بىلەنلا ئاتلىنىپ، نامازشام ۋاقتىدا يەكەنگە قاراپ قاچقان. ما خۇسەن بىر تۈركۈم ئادەملىرى بىلەن ئالدىدا يول باشلاپ ماڭغان. ئۇلار بىر كېچە يول يۈرۈپ، يەكەنگە تەۋە كورۋاتقا بېرىۋالغان. ئەمما، شۇ كېچىسى ما خۇسەن بىر تۈركۈم ئادەملىرى بىلەن كۆزدىن غايىپ بولغان.

كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، ما خۇسەن كورۋاتتىن چىققانچە زەرەپشان دەرياسىنى بويلاپ مېڭىپ، ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى لاداق دېگەن يەرگە يېتىپ بارغان. ئۇ يەردە شىنجاڭدىن ئېلىپ ئۆتكەن قورال ـ ياراق ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى چېگرا باققۇچى ھىندىستانلىقلارغا تاپشۇرۇپ، ئاندىن ھىندىستاننىڭ مەركىزى شەھىرى دېھلىگە بېرىپ، ئۆزىنى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلغان. ئەمما، ما خۇسەن ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ئۇيغۇر مۇھاجىرلارنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تاپا ـ تەنىسىگە چىدىيالماي، بىر يىل ئۆتكەندە، چىڭخەيگە قايتىپ كەلمەكچى بولغان. بىراق، خىراجەتتىن قىسىلغانلىقتىن، ئاخىر ئۆز ۋاقتىدا ھىندىستانغا سودا ۋەكىلى قىلىپ ئەۋەتكەن ما جۈڭ ئارقىلىق ھىندىستاننىڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزگەن خام ئەشيالارنىڭ پۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، نىپال ـ تىبەت يولى بىلەن چىڭخەيگە ئاران ئۆلىشىۋالغان (بۇنى شۇلار



بىلەن چىڭخەيگە بىللە ئۆتكەن مەھمۇت چاقماق دېگەن ئادەمنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانىدىم). ئاندىن ئۇ، چىڭخەيدىكى مىلىتارىست ما بۇفاڭنىڭ يېنىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ، ئاخىر ئۆز يۇرتى خېجۇغا كەتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 1949 ـ يىلى كۈزدە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى خېجۇ ئارقىلىق چىڭخەيگە ئۆتۈش ۋاقتىدا، ما خۇسەن ما بۇفاڭنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قارشىلىق كۆرسەتكەن. ئاخىر بولالمىغاندا، ئوغلى بىلەن بىر راۋاق ئۈستىگە چىقىۋېلىپ داۋاملىق قارشىلىق كۆرسەتكەن. يېنىدىكى ئوقلىرى تۈگەپ، ئىككى پاي ئوق قالغاندا، ئاۋۋال ئوغلىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئاخىرقى بىر پاي ئوقتا ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋالغان.

بۇ يەردە ئىزاھاپ ئۆتۈدىغان بىر مەسىلە شۇكى، ما خۇسەن ئۆز ۋاقتىدا شىنجاڭدىن ھىندىستانغا ئېلىپ ئۆتكەن نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر توغرىسىدا، ئەڭ ئاۋۋال شېڭ شىسەي ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە دەۋا قىلىپ، ئۇنى شىنجاڭ ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان؛ كېيىن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەركىبىدە تەپتىش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ تۇرغان مەسئۇد ۋە قانۇن تۈزۈش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ تۇرغان ئەيسا بەگلەر گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئارقىلىق ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە ئەرز قىلىپ مەزكۇر ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى شىنجاڭ ھۆكۈمىتى نامىدىن ئەمەس، شىنجاڭ خەلقى نامىدىن ئەنگلىيىنىڭ خانلىق بانكىسىدا ئامانەت ساقلاپ بېرىشكە ھاۋالە قىلغان. بۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنىڭ قانداق بولغانلىقى نامەلۇم.

## قالدۇق ما خۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ گەنسۇغا قېچىشى

ما خۇسەندىن قەشقەر ياپچاندا ئايرىلىۋالغان ما سىڭكۇي باشچىلىقىدىكى بىر لۈي (بىرىگادا) ئەسكەر قەشقەر بىلەن يەكەن ئارىلىقىدىكى قىزىل دېگەن سايدا، قوراللىرىنى چىدىر شەكلىدە رەتلىك تىزىپ قويۇپ، قەشقەردىن كېلىۋاتقان سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە تەسلىم بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئاتلىقلىرى قىرغىز ۋە ئۇيغۇرلاردىن، برونېۋىك ۋە تانكىلارغا چىقىۋالغان پىيادىلىرى رۇسلاردىن تەركىب تاپقان سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بۇلارنىڭ تەسلىمىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇۋاتقان ما جۇڭيىڭدىن ئېلىپ كەلگەن يوليورۇق بويىچە، ما شىڭكۇي ۋە بەي زىللار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ما خۇسەننىڭ كورۋاتتا قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسكەرلىرىنىمۇ ئەكەلدۈرۈپ، ھەممىسىنى يەكەنگە يىغىپ باشقىدىن تەشكىللەپ رەتكە سالغان. شۇ مەزگىلدە، ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلان كېلىپ، ماسىڭكۇي قاتارلىق بىر قانچە بىرىگادا باشلىقلىرىنى ئۈرۈمچىگە كېلىشىم قىلىشقا ئېلىپ كەتكەن؛ ما خۇسەننىڭ كورلىغىچە ھۇجۇم قىلىپ بېرىپ، شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى ۋە ئايروپىلانلىرىنىڭ ھۇجۇمى بىلەن كۇچاغا چېكىنگەن ما فۇيۈەن بىرىگادىسى بولسا، يۇرۇڭقاش دەرياسىنى بويلاپ جەنۇبقا مېڭىپ، 1937 - يىلى 9 - ئايدا خوتەن شەھىرىگە ئورۇنلاشقان. ئەمما، مافۇيۈەن كۆرۈنۈشتە بەي زىلىگە ۋە يەكەندىكى سوۋېت قىزىل ئارمىيە شتابىغا بويسۇنغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆز يېنىنى چىڭداشنىڭ غېمىنى قىلىپ، ھەر ئىككىسىگە بويسۇنماي تۇرۇۋالغان. ما خۇسەننىڭ تەۋەككۇل دېگەن يەردە قالدۇرۇپ كەتكەن بىر لىيەن



ئەسكىرى ئۆز لىيەنجاڭىنى ئۆلتۈرۈپ ئىسيان كۆتۈرگەن. مۇشۇ ۋاقىتتا لوپ ناھىيىسىدە تۇرۇۋاتقان بەي زىلى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال تەۋەككۇلگە ئەسكەر ئەۋەتكەن. بۇ ئەسكەرلەر تەۋەككۇلغا بىر كېچىدىلا يېتىپ بارغان. ئەمما، بەي زىلىنىڭ ئەسكەرلىرى يېتىپ بارغىچە، ئىسيانچى ئەسكەرلەر تەۋەككۇل خەلقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، تەكلىماكانغا قېچىپ كىرىۋالغان. بەي زىلىنىڭ ئەسكەرلىرى ئەتىسى تەۋەككۇلدە چۈشلۈك ئوزۇقلىنىپ، شۇ كۈنى كېچىسى يەنە لوپقا قايتىپ كەلگەن. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، تەۋەككۇلدىن قېچىپ كەتكەن ئىسيانچى ئەسكەرلەر يولنى تەكلىماكانغا سېلىپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە چەرچەنگە ئۆتۈپ كەتكەن.

بۇ ئەھۋاللارنى بىلگەندىن كېيىن، بەي زىلىمۇ ئىككىلىنىپ، يەكەندىن قىزىل ئارمىيە قوماندانلىق شتابىغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ، گەنسۇغا ئۆتۈپ كېتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلغان. لېكىن ئۇ، ئىككى ئىشتىن: بىرى — سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ھاۋادا ئايروپىلان بىلەن، يەردە برونېۋىك قىسىملىرى بىلەن كۈندە دېگۈدەك كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن، يەنە بىرى — چەرچەندىكى ئەشەددىي دۈشمىنى لا شۇلى بىرىگادىسىنىڭ گەنسۇغا ئۆتۈدىغان يولنى توسۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ئەندىشە قىلغان. شۇڭا ئۇ، خوتەن بىلەن لوپ ئارىلىقىدىكى سازلىقنى ئايروپىلان قونالغۇدەك قىلىپ ياساۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، بىرەر ھەپتىنى ئۆتكۈزگەن. بۇ ۋاقىتتا شېڭ شىسەينىڭ ئېغىر تىپتىكى قوراللار بىلەن قوراللانغان رازۋېتچىك ماشىنىلىرى ناھىيىلەرنى ئارىلاپ كېلىپ - كېتىپ تۇرغان. بەي زىلىنىڭ ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى «ئاكاڭ كىمنى ئالسا يەڭگەڭ شۇ» دېگەن

پوزىتسىيە بىلەن كېچە ـ كۈندۈز قىمارغا بېرىلىپ كەتكەن؛ خەنزۇ ۋە خۇيزۇ ئەسكەرلىرى ئۇزاقتىن بۇيانقى جەڭلەردە كۆپ ئۆلجىغا ئىگە بولۇپ، يانلىرىنى چىڭدىۋالغاچقا، پاتراق يۇرتىغا كېتىش كويىدا بولغان. بەي زىلى ئاخىر ھەممە ئەسكەرلىرىنى تارقاق ماڭدۇرۇپ، شەرققە قاراپ يول ئالغان. مافۇيۈەنمۇ ئەسكەرلىرىنى بەي زىلىنىڭ ئەسكەرلىرىگە قوشماي، بەي زىلىنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ ماڭغان. ئۇلار چىرىيىگە بېرىپ، ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئۇياق ـ بۇياققا رازۋېتچىك ماڭدۇرۇپ تىڭ ـ تىڭلاپ باققاندىن كېيىن، ئاندىن كىرىيىگە بارغان.

ما خۇسەننىڭ بۇ قالدۇق ۋە چېچىلاڭغۇ ئەسكەرلىرى ناھىيىدىن ناھىيىگە ئاتلاپ پاراكەندىچىلىك سېلىش جەريانىدا، خوتەن خەلقى يەنە مىسلى كۆرۈلمىگەن بۇلاڭ ـ تالاڭغا ۋە دەپسەندە قىلىنىشقا ئۇچرىغان. بۇ ئەھۋال بولۇپمۇ كىرىيىدە بەك ئەۋج ئالغان. بەي زىلى پۇقرالارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ ھالاك بولۇپ كېتىشىدىن چۆچۈپ، بۇلاڭچىلىق قىلغان ئىككى ـ ئۈچ ئەسكەرنى ئېتىپ، خەلقنىڭ غەزىپىنى باسقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، قېچىش تەييارلىقىنى قىلىۋەرگەن. قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقىمۇ يوق ۋە تارىختىن بۇيان ئېزىلىپ كەلگەن خوتەن خەلقى زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھايات قالغان جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، يەر ـ زېمىنلىرىنى ۋە تېخى يىغىلمىغان زىرائەتلىرىنى تاشلاپ، قاراڭغۇ تاغلارغا كۆچۈپ كەتكەن. پۈتۈن كىرىيە شەھىرى دەككە ـ دۈككە ئىچىدە تۇرغان بەي زىلى ئەسكەرلىرىگە قالغان. قالدۇق ما خۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ قەدەممۇ قەدەم شەرققە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەن شىڭ شىسەي قىسىملىرى رازۋېتكا



قىلىشنى كۈچەيتكەن. ئاخىر بەي زىلى بىلەن شىڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدا سوقۇش باشلانغان. بەي زىلىنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرى بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى شىڭ شىسەي تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن. كۈچىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى سەزگەن بەي زىلى 4 ـ 5 يۈزدەك خۇيزۇ، خەنزۇ ئەسكەرلىرى ۋە قاچماي قالغان قازاق، موڭغۇل ئەسكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بىر كېچىدىلا كىرىيىنىڭ ئويتوغراق كەنتىگە بېرىۋالغان. بۇلاڭچىلىققا ئادەتلىنىپ كەتكەن بەزى ئەبلەخلەر خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلىغاندىن تاشقىرى، ئۆز ئىچىدىكى بۇلاڭچىلىق بىلەن بېيىغان سەپداشلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇلارنىڭ يانلىرىنى قۇرۇقداپ قويغان. ئۇلار كىرىيىدە تۇرغان ۋاقىتتا كۆپرەك يۈز بەرگەن بۇ ئەھۋال ئويتوغراققا كەلگەندە تېخىمۇ ئەۋج ئالغان. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ ـ تۆتلەردە، بەي زىلى ئەسكەرلىرى سەپ تارتىپ شەرققە قاراپ (كېچىچە نىيىگە بارماقچى بولغان) يول ئېلىشىغا، ھاۋادا ئۈچ ئايروپىلان پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى قېچىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، پەسلەپ ئۇچۇپ، بەي زىلى ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ پىلىموتقا تۇتقان؛ يەنە بىر ئايروپىلان پاتىپاراق بولۇپ كەتكەن سەپنىڭ بېشىدىن ئۆزۈپ، بومباردىمان قىلغان؛ يەنە بىرى بولسا، قېچىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ، يۈز مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچۇپ پىلىموتقا تۇتقان. ئەس ھوشىنى يوقاتقان بۇ ياۋۇز قاچقۇنلار ئاخىر زاۋال مەزگىلىدە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، كىرىيە بىلەن نىيە ئوتتۇرىسىدىكى بىپايان چۆلدە پىتىراپ كەتكەن. ھاۋادىن چۈشكەن بومبىنىڭ زەربىسى ۋە قاچاقلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۆت تەرەپكە ھۈركۈپ يۈگۈرۈشىدىن توزۇپ چىققان قۇم ـ توپىراقنىڭ دەستىدىن پۈتۈن دالا زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغان.

ئۆلمەي قالغان قاچاق ئەسكەرلەر ئەتراپىنى پەرق ئېتەلمەي، باشلىرى گاڭگىراپ، ئايروپىلاننىڭ شەپىسى ئاخىرلاشقان ھامان چۆلدىكى قۇم دۆۋىلىرى ۋە چاتقاللار ئارىسىغا مۆكۈنىۋېلىپ، تۈن بويى كىرپىك قاقماي ياتقان. تاڭ سۈزۈلگەندە، ئۇلار چولپان يۇلتۇزدىن شەرق تەرەپنى پەرق ئېتىپ، بەزىلىرى نىيە تەرەپكە، بەزىلىرى كېرىيە تەرەپكە قاراپ يول ئالغان. كېرىيە تەرەپكە ماڭغانلار كېرىيىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان مافۇيۈەن ئەسكەرلىرىگە قوشۇلۇپ يەنە نىيە تەرەپكە قاچقان. شۇ مالىمانچىلىقتا ئايروپىلان زەربىسىدىن ئۆلگەن ئادەم ۋە ئات - ئۇلاغنىڭ، چۆلدە قالغان ئوق - ياراغنىڭ سانىنى ئېيتىپ بېرىش تەس. شۇنىڭدەك، بومبا، پىلىموت زەربىسىدىن يارىدار بولۇپ، ئاتلىرىدىن ئايرىلىپ چۆلدە قېلىپ، قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم بولغانلارنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس.

ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىدىن ئېشىپ قېلىپ، مىڭبىر جاپادا نىيەگە كېلىۋاتقانلىرى بۇ ئوڭۇشسىز يەردە تارتقان زىيانلىرىنى تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، نىيە ناھىيىسىدىمۇ بۇلاڭچىلىق قىلىشقان. ئۇلار خەلقنىڭ چارۋىلىرىنى ھەتتا توخۇلىرىغا قەدەر تۇتۇۋېلىپ، تويماس نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، گۆلخان يېقىپ، شورپا سېلىپ ياكى كاۋاپ قىلىپ، ئەمدىلا يەيلى دەپ تۇرۇشىغا، نىيە ئاسمىنىدا ئۇشتۇمتۇت ئايروپىلان پەيدا بولۇپ، بۇ چىلبۆرىلەرنى تىنىم تاپتۇرماي بومباردىمان قىلىشقا باشلىغان. بۇ قاچاق بۆرىلەر يېمەك - ئىچمەكلىرىنى تاشلاپ، جېنىنى قويۇدىغان يەر تاپالماي، ئۆزلىرىنى ئاران دالدىغا ئالغان. ئۇلارنىڭ ئوتلاشقا قويۇۋەتكەن ئاتلىرى ئايروپىلاننىڭ ئاۋازىدىن ھۈركۈپ، بېشى قايغان تەرەپكە پىتراپ كەتكەن. بۇ مالىمانچىلىق ۋە بالايى - قازادىن چۆچۈگەن نىيە خەلقى ئۆي



- ماكانلىرىنى تاشلاپ، نىيەنىڭ شىمالىدىكى توغراقلىققا كىرىۋالغان. نىيەنىڭ پۈتۈن بايلىقى شۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغان. ما خۇسەننىڭ بۇلاڭچى قاچقۇنلىرى نىيە ناھىيىسىنى قۇرۇقداپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاتلىق، بەزىلىرى تۆگىلىك، بەزىلىرى ئۆكۈز - ئېشەكلىك بولۇپ نىيە ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى كوئېنلۇنغا — قاراڭغۇ تاغقا كىرىپ كەتكەن. شۇ جەرياندا، نىيەنىڭ ئالتۇنلۇق دېگەن كىچىك كەنتىدە بىر كۈن تۇرۇپ، ئۇ يەردىكى ئالتۇن قازغۇچى مۇساپىرلارنى «ئالتۇن تاپشۇر» دەپ مەجبۇرلاپ، ئۇچرىغانلا ئەر - ئاياللارنى كانارى قىلىپ ئېسىپ، ئۇلارنىڭ بار - يوقىنى ئېلىپ، ئاندىن تاغقا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەن. شۇ كۈنلەردىمۇ ئايروپىلانلار كۈندە دېگۈدەك ئىز بېسىپ قوغلاپ ئۇچۇپ پىلىموتقا تۇتقان. لېكىن، قاچقۇنلار تاغقا كىرىۋالغاندىن كېيىن، يول مېڭىشنى كۈندۈز ئەمەس، كېچىسى داۋام قىلدۇرغان. شۇنداقتىمۇ، تاغلىق چارۋىچىلارنى ئۇچراتقانلا يەردە قۇرۇغداپ ماڭغان. ئۇلار قورقۇنچ، ۋەسۋەسىلىك ۋە مۇشكۈللۈك ئىچىدە بىر ھەپتە ماڭغاندىن كېيىن، چەرچەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان بىر كەنتكە كېلىپ ئورۇنلاشقان. ئېيتىلىشچە، شۇ چاغدا بەي زىلىگە ئەگىشىپ ماڭغان قاچقۇنلارنىڭ سانى 3 - 4 يۈزگە چۈشۈپ قالغان، بەي زىلىنىڭ ئارقىسىدىن ئارىلىق تاشلاپ ماڭغان مافۇيۈەن قىسىملىرىنىڭ سانى 100 گە يەتمىگەن. بەي زىلى چىمەن يايلىقىنىڭ غەربىدىكى بىر كەنتكە يېتىپ كەلگەندە، ئۆزى ئېلىپ مېڭىشقا ئېغىر كەلگەن كۈمۈش تەڭگىدىن ھەر بىر ئەسكەرگە 5 - 10 سەردىن ئىنئام قىلىپ، ئۆزىنى ئوبدان قوغداشنى تاپىلىغان ۋە ئۇلارنى

چەرچەن — چاقىلىق ئارقىلىق دۇنخۇاڭغا ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا چاقىرغان. ئۇلار بېرىپ چۈشكەن كەنتنىڭ جەنۇبى چەرچەن ناھىيىسىدىكى چارۋىچىلارنىڭ چارۋا يايلىتىدىغان يايلىقى بولۇپ، ئۇ يەردە چارۋا سانى ئىنتايىن كۆپ، جۇملىدىن تۆگىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بۇ كەنتتىكى خەلق قاچقۇن ما خۇسەن ئەسكەرلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئاللىقاچان خەۋەر تېپىپ تاغلارنىڭ ئارىسىغا مۆكۈنۈۋالغانىكەن. بۇ قاچقۇنلار ئۇ يەردىمۇ چارۋىچىلارغا ئارام بەرمەي، ئىز قوغلاپ يۈرۈپ، ئۇچرىغانلا ئادەمنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ، پۇلغا يارىغۇدەكلا نەرسە بولسا بۇلاپ ئېلىۋالغان. ئۇلارنىڭ قىشلىق كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋالغان؛ ئۇ يەردە ئىككى - ئۈچ كۈن قانات قۇيرۇقىنى تەخشىۋالغاندىن كېيىن، شىمال تەرەپكە يەنى چەرچەن ناھىيىسىگە قاراپ يول ئالغان. بىراق، ما خۇسەن ۋە بەي زىلىلار تەرىپىدىن چەرچەنگە سۈرگۈن قىلىنغان لاۋشۈلى بىلەن ماجۇڭ بەي زىلىنىڭ شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ، دۇنخۇاڭغا كېتىش ئۈچۈن چەرچەنگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالغان. بەي زىلىمۇ ئۇلارنىڭ تەييارلىنىپ پايلاپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ، يېرىم يولدىن يەنە ھېلىقى كەنتكە چېكىنگەن. ئۇ يەردە يەنە ئىككى - ئۈچ كۈن تىڭ - تىڭلاپ، ئاخىر بولمىغاندا، دۇنخۇاڭغا بارىدىغان يولنى چىمەن تېغى بىلەن مېڭىشقا توغرىلاپ، دۇنخۇاڭغا ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغان. لېكىن بۇ يول چاقىلىقتىن ماڭىدىغان يولغا قارىغاندا، بىرىنچىدىن يىراق؛ ئىككىنچىدىن ئۈچ - تۆت كۈنلۈك يول سۇسىز، قۇرغاق، تاغلىق؛ ئۈچىنچىدىن چەرچەن يايلىقىدا قوراللىق موڭغۇل، سېرىق ئۇيغۇر ۋە تىبەتلىك چارۋىچىلار بولغاچقا، بۇ يول قاچقۇنلار ئۈچۈن بەكمۇ



قورقۇنچلۇق بىلىنگەن. بەي زىلى قاچقۇنلىرىنىڭ بېشى راسا قېتىۋاتقاندا، بەي زىلى ئەسكەرلىرىگە كۆپرەك ئوزۇقلۇق ئاشلىق تەييارلاشنى بۇيرۇغان. ئۇلار تۇرغان كەنت چىمەن تېغىنىڭ ئەڭ غەربىدىكى ئارپا تېرىلىدىغان كەنت ئىدى. قاچقۇنلار بۇيرۇققا بىنائەن، ئالدىراش ھالدا ھەدەپ تۆگە تۇتۇشقا ۋە ئاش ھازىرلاشقا كىرىشىپ، پۈتۈن كەنتنىڭ ئۆزلىرى گۇمان قىلغان يەرلىرىنى سوغۇردەك كولاپ، خەلقنىڭ قىشلىق ئوزۇق ئۈچۈن ھازىرلاپ كۆمۈپ قويغان ئارپا، بۇغداي ۋە قوناقلىرىنى تاغارلارغا قاچىلاپ ئېلىپ كەتكەن. ھەممە ھازىرلىق پۈتكەندىن كېيىن، چىمەن تېغى ئارقىلىق دۇنخۇاڭغا يول ئالغان. بىراق، چىمەنگە بارىدىغان يولنىڭ ئىككى تەرىپى كۆز يەتكۈسىز ئېگىز تاغ، ئوتتۇرىسى ئىتتىنىڭ ئۈچىيىدەك تار جىلغا بولۇپ، ئالدىدا يول باشلاپ كېتىۋاتقانلار ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئەھۋالىدىن بىخەۋەر ئىدى. چەرچەندىكىلەر بەي زىلىنىڭ يولنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى بىلىپ، بارلىق كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، چەرچەن يولىنىڭ تازا تار بوغىزىنى تاللاپ توسقان. بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى پىلىموتلۇق قىلىپ، تاغنىڭ قاپتىلىغا بۆكتۈرمە قىلىپ قويغان. بەي زىلىنىڭ سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان قاچقۇنلىرى ئۇلارنىڭ قىلتىقىغا بىر - بىرلەپ چۈشكەن. بۇ قىلتاققا ئاۋۋال بەي زىلى ئۆزى ئۆي ئىچىدىكىلىرى بىلەن چۈشكەن، دېمەك، لا شۈلى قىسىملىرى قاڭشالىق تاغنىڭ ئارقىسىغا قۇرغان بۆكتۈرمىسى بىلەن بەي زىلىنىڭ بىخوت كېلىۋاتقان باشباشتاق قاچقۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مىلتىقىنىڭ زاتورىنى سالدۇرۇۋېلىپ، ئىككى كۈن ئىچىدە نەچچە يۈزلىگەن قاچقۇننى قورالسىزلاندۇرۇپ قويغان. ئەمما، بۇنداق ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىنى پەرەز قىلىپ كېلىۋاتقان

مافۇيۇەن لا شۇلىنىڭ قىلتىقىغا چۈشمىگەن. ئۈچىنچى كۈنى بەي زىلى لا شۇلى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنىنى لا شۇلىنىڭ ئوفىتسېرلىرى ئىگىلىۋالغان (ئىككى خوتۇنىنىڭ بىرى پىروتكا، يەنە بىرى خەنزۇ ئىدى). ئالاقزادىلىكتە ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ بىر قىسمى تاغنىڭ باغرىنى قونالغۇ قىلىپ ياتقان. شۇ كۈنى كەچتىن باشلاپ راسا ياغقان قار كېچىسى تاغ چوققىسىدىن كۆچۈپ چۈشۈپ، تاغ باغرىدا ياتقان قاچقۇنلارنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان. ئۆلمەي قالغان 20 ـ 30 دەك ئادەممۇ چالا ئۆلۈك پېتى شۇ يەردە قېپقالغان.

لا شۇلى چىمەن يولىدا بەي زىلىنىڭ بارلىق قاچقۇنلىرىنى ئۆز ئىختىيارىغا ئۆتكۈزىۋالغاندىن كېيىن، بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە ئۇلارنى باشقىدىن بەن ـ لىيەنلەرگە بۆلۈپ، ئۇلاردىن سالدۇرىۋالغان زاتورلارنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەرگەن. ئۇ يەر قوزۇق قاقتى جىلغىسىنىڭ ئاغزى بولۇپ، شامىلى قاتتىق، ئوتۇن دىدارى يوق، سوغۇقى يامان بولغاچقا، بەزى يولۇچىلار توڭلاپ، قوزۇقتەك قېتىپ قالغان. شۇڭا، ئۇ يەر «قوزۇق قاقتى» دەپ ئاتالغان. بۇ يەردە تۇرۇش مۇمكىن بولمىغاچقا، لا شۇلىنىڭ يوليورۇقى بويىچە، بارلىق قاچقۇنلار قوزۇق قاقتى جىلغىسىدىن يۇقىرى ئۆرلەپ، چىمەنگە يۈزلەنگەن. ئۇلار بىر كۈن يول يۈرۈپ قوزۇق قاقتىنىڭ مەركىزىگە بارغاندىن كېيىن، تۇماننىڭ ۋە قاردىن كېپەن كېيگەن خادا تاشلارنىڭ كۆپلۈكىدىن يولنى پەرق ئېتەلمەي، سوغۇق بولسىمۇ شۇ يەردە قونۇشقا مەجبۇر بولغان. ئاخىر چېدىر ـ بارگاھلىرىنى تىكىپ، ئات ـ ئۇلاغلىرىنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ، غەبلەتكە پېتىپ، بىر كېچىنى كىرپىك قاقماي



ئۆتكۈزگەن. بەزىبىر ياردار ۋە كېسەللەر سوغۇقتىن قوزۇقتەك قېتىپ قالغان. بۇ جايدا ھەر كۈنى دېگۈدەك قار يېغىپ تۇرغاچقا، يوللار قارغا كۆمۈلۈپ، شامال چىققان كۈنلىرى ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن. ئەگەر بۇ خادا مۇز تۈۋرۈكلىكتە نەچچە ئون قېتىم قاتنىغان ئادەم بولمىسا، بۇ يەرنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا سالامەت چىقىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. بۇ ئوغرى يولدا يول باشلىغۇچى بولغان ئەپيۇن ئەتكەسچىسى بىر خۇيزۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يولدا پەقەت جىنىدىن تويغان ئەتكەسچىلەرلا دۇنخۇاڭدىن ئەپيۇن ئېلىپ شىنجاڭغا ئۆتىدىكەن. قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان بۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ كۈنلۈك بولۇپ، بۇ يولدا سوغۇقتا چىداپ بىر كۈن قونماي، كېچىدە مېڭىش بەكمۇ خەتەرلىك ئىكەن. «خوجامنىڭ خوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئورىسى» ، «ئەل قىساسى مىنەل ھەق» دېگەندەك، شىنجاڭدا تۆت ـ بەش يىل ئۆز خان ـ ئۆزبەگ بولۇۋېلىپ، شىنجاڭ خەلقىنى زار يىغلاتقان ما خۇسەن قاچقۇنلىرى قوزۇق قاقتى رايونىغا بارغاندا، تەبىئەتنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ، سوغۇق ئازابىدىن غال ـ غال تىترىشىپ، جانلىرىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغان؛ ئاشۇ قار ـ مۇزلۇق رايوندا دوزاخ ئازابىنى تارتىپ، ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ، ھايات قالغانلىرى ئاران دېگەندە ئاتلىق ياكى پىيادە ھالىتىدە، چىمەن يايلىقىدىن بىر كۈنلۈك بېرىدىكى، تاغ بېغىرلاپ ئېقىۋاتقان بىر دەريا بويىدىكى قاقشاللىققا يېتىۋالغان؛ شۇ قاقشاللىقتا ئىككى كۈندە ئوتقا قاقلىنىپ ئارام ئېلىپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى قۇرۇتۇپ، ئۆلگەن ئات ـ ئۇلاغلىرىنىڭ گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەپ، جانلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. لېكىن، چىمەن يايلىقىنىڭ شىمالىي تاغ باغرىنى بويلاپ ئاققان سۇ بويىدا ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا

سوزۇلغان قۇرۇق قاقشاللىقنىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىدە يالقۇنجاپ يانغان گۈلخانلاردىن چاچراپ چىققان ئوت ئۇچقۇنلىرى ئەتراپتىكى قورايلىقلارغا تۇتىشىپ، قاقشاللىقنىڭ جەنۇبىدىكى ئارامگاھتا دەم ئېلىۋاتقان قاچقۇنلارغا تەھدىت سالىدۇ. بۇ قاچقۇنلار ئاخىر ئۇ يەردىن يۆتكىلىپ، چىمەنگە قاراپ يول ئالىدۇ. ئۇلار بىر كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، چىمەن يايلىقىنىڭ كىندىكىدە ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان سازلىق بۇلاقنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلىشىدۇ. چىمەن يايلىقى ھەقىقەتەن ئىسمى جىسمىغا لايىق بىپايان يايلاق بولۇپ، ئاتلىق ئادەم كىرسە كۆرۈنمىگۈدەك چىغلىق ئىكەن. ئۇ يەرنىڭ 12 ـ ئايلاردىكى مەنزىرىسىمۇ كىشىگە خۇددى ئېكىنچىلىك قىلىنىدىغان يېزىلارنىڭ كەچ كۈز پەسلىدىكى ئالتۇن رەڭلىك مەنزىرىسىنى ئەسلىتىدىكەن. چىمەن يايلىقىنىڭ شىمالىي قاپتىلىدىن يېڭىلا قوزغىلىپ قېچىپ كەتكەن چارۋىچىلار قالدۇرۇپ كەتكەن ئېغىل ۋە قورۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇ يەر چارۋىچىلارنىڭ قىشلاۋسى ئىكەن، بەزى قارا قورساق قاچقۇنلارنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، ئەتراپتىكى چىغلىقلارغا ئوت قويىۋېتىشى بىلەن، بۇ چىغلىقلارغا ماكانلاشقان ياۋا ئاتلار، ياۋا تۆگىلەر، تېكە ـ ماراللار، سانسىزلىغان كىيىك ـ جەرەن، بۆكەن، توشقان، قىرغاۋۇل ۋە باشقا قۇشلار ئۇۋۇسىغا سۇ كىرگەن چۈمۈلىدەك تەرەپ ـ تەرەپكە پىتراپ كەتكەن. يول بويى قورال ـ ياراقلىرىنى تاشلىماي كەلگەن بەزى قاچقۇنلار ئۇچرىغانلا ياۋايى ھايۋانلارنى ئاتقان. نىشانسىز ئېتىلغان ئوقلار ئۆز ئادەملىرىگە ۋە ئوتلاشقا قويۇپ بېرىلگەن ئاتلارغا تېگىپ، ئوتتۇرىدا جېدەل بولغان. قالايمىقان ئوق ئاتقانلارنىڭ قوراللىرى يىغىۋېلىنىپ، ئەتىسىدىن باشلاپ تەشكىللىك ئوۋ ئوۋلاش يولغا قويۇلغان.



ئۇلار چىغلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇلاقنىڭ ئەتراپىغا بۆكتۈرمە قويۇپ، سۇ ئىچىشكە كەلگەن جانىۋارلارنى ئېتىپ، كېيىنكى سەپىرىگە گۆش ھازىرلىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چىمەن يايلىقىدا سېرىق ئۇيغۇر، موڭغۇل چارۋىچىلار ياشايدىكەن. ئۇلار خوتەندىن قېچىپ كېلىۋاتقان بۇ بالا ـ قازالاردىن چۆچۈپ، چىمەننىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىققا كىرىپ پاناھلانغان. يول بويى ئات ـ ئۇلاغلىرى ۋە يېمەك ـ ئىچمەكلىرىدىن ئايرىلغان بۇ نىيىتى بۇزۇق، قارا قورساق قاچقۇنلار ئۈچ ـ تۆت كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن ئاز تولا جان كىرىپ، تۇغما ئادىتى بويىچە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئۈچۈن، ھېلىقى چارۋىچىلارنى ئارقىدىن قوغلاپ بارغان. بىراق، سەزگۈر ۋە مەرگەن چارۋىچىلار دۈشمەننى ئېتىشقا ئەپلىك تاغ چوققىلىرىنى ئالدىنئالا ئىگىلەپ، قوغلاپ كەلگەنلەرنى نېرىدىن ئېتىپ، ئۆزلىرىگە يېقىن كەلتۈرمىگەن، كۆزگە ئىلىنغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. ئۆلۈمدىن ئېشىپ قالغانلىرى ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئاۋۋالقى ئورنىغا قايتىپ كەلگەن. ئۇلار سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئىككى كۈن ماڭغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بەزى ئادەملىرى ۋە بەزى ئاتلىرى سوغۇق، ئاچلىق ۋە ھارغىنلىقنىڭ ئازابىدىن ھالسىزلىنىپ، يول بويى بىر ـ بىرلەپ چۈشۈپ قالغان. ئۇلار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغان، ھەركىم ئۆز جېنىنىڭ غېمىدە قالغان. ھەممىدىن قىزىقى شۇكى، بۇ قاچقۇنلار يولدا قېپقېلىۋاتقان ئاشۇ سەپداشلىرىنى يۆلەشتۇرۇپ بىللە ئېلىپ مېڭىش ئۇياقتا تۇرسۇن قىلچە ئەيمەنمەستىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ، يانچۇقلىرىدىكى پۇلغا يارىغۇدەكلا نەرسىلەرنى ياكى خورجۇنىدىكى نان ـ تالقانلارنىڭ قالدۇقلىرىنى بەس ـ بەس

بىلەن ئېلىنغان. مۇنداق تاشلىنىپ قالغان ئادەم ۋە ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ ئۆلۈكلىرى، ئېغىر كېلىپ تاشلىۋېتىلگەن ھەر خىل قورال، ئېگەر ـ جابدۇق، خورجۇن ـ قاچا، قازان ـ چۆمۈچلەر بولۇپمۇ چىمەن يايلىقى بىلەن خانئامبال يايلىقى ئارىسىدا ھەددى ـ ھېسابسىز. شۇنداق قىلىپ، ئۆلۈمدىن ئېشىپ قالغان 200 نەچچە قاچقۇن مىڭبىر جاپادا لەنئەرخۇەن ۋە لەنسىخۇەن چۆللىرىدە ئون كۈندەك يول يۈرۈپ، دۇنخۇاڭغا ئون كۈنلۈك كېلىدىغان خانئامبال يايلىقىغا ئۇلىشىۋالغان.

خانئامبال يايلىقى ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، سۈيى مول، سۆكسۆك ئوتۇنلۇق ۋە ئوت ـ چۆپلۈك يايلاق بولۇپ، كۆلىمى ئانچە چوڭ ئەمەس. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ يەر دۇنخۇاڭدىكى چارۋىچى خۇيزۇ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋا قىشلىتىدىغان قىشلىقىدەك قىلاتتى. لېكىن، ئۇ يەردىكى چارۋىچىلارمۇ، غەربتىن كېلىۋاتقان بالا ـ قازا قاچقۇنلارنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ، چارۋىلىرىنى ھەيدەپ، خانئامبال يايلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغقا يوشۇرۇنۇۋالغان. قاچقۇنلار خانئامبالغا بېرىپ ئۈچىنچى كۈنى ئۇلاردىن ئون نەچچىسى قېچىپ كەتكەن چارۋىچىلارنىڭ ئىزىنى قوغلاپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئەتىسى كۈن ئولتۇراي دېگەن مەزگىلدە، ئىككى ئۇيغۇر قويچىنىڭ ئۈچ يۈزدەك قويىنى ئىگىسى بىلەن بىللە ھەيدەپ كەلگەن. ئۇزاقتىن بۇيان چىلبۆرىدەك ئاچ قالغان قاچقۇنلار قويلارنى كۆرۈپلا ئۈششۈك ھەرىدەك ئولىشىپ كېلىپ، قوي ئىگىلىرىنىڭ زارلىشىغا قارىماي، بەزىلىرى بىردىن، بەزىلىرى ئىككىدىن تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشتى، تۇغاي دەپ قالغان ساغلىقلارنىڭ ئىچىدىن بىردىن ياكى ئىككىدىن قوزا چىقتى. ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالغان قاچقۇنلار ساغلىقلارنى بالىسى بىلەن قوشۇپ چالا ـ بۇلا



پىشۇرۇپ يېيىشتى. قاچقۇنلار بۇ ئەھۋالدىن ھەيران بولۇپ داڭ قېتىپ قالغان قويچىلارنى بىر كېچە باغلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئۇلار ئارقىلىق يەنە باشقا قويچىلارنىڭ قويلىرى ۋە مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ كەلمەكچى بولىدۇ. يەنە ئون نەچچە قاچقۇن ئىككى قويچىنى ئالدىغا سېلىپ، تاغلاردىن ھالقىپ بىر تاغنىڭ ئىچىگە كىرگەندە كەچ كىرىپ كېتىدۇ. يول باشلاپ ماڭغان ئىككى قويچى قاچقۇنلارنى باشقا ئىشقا بەنت قىلىپ قويۇپ، تاغنىڭ تۇمشۇقىدىن بۇرۇلۇپلا كۆزدىن غايىپ بولىدۇ. بۇلاڭچىلار تاغ ئارىسىدا نىشانسىز گاڭگىراپ يۈرگەندە، غايىبتىن كەلگەن ئوق ئۇلارنى جېنىدىن جۇدا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قوراللىرى غايىپ ئوقنىڭ ئىگىلىرىگە نېسىپ بولىدۇ. قوي بۇلاپ كېلىشكە كەتكەنلەر ئىككى كۈنگىچە كەلمىگەندىن كېيىن، باشقا بۇلاڭچىلار يىراق ئەتراپقا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار گۆشنى خام ـ خوتۇلا يەۋەتكەچكە، ئىچى سۈرۈپ ھالسىزلىنىپ، يېتىپ قالىدۇ. ئارىدىن تۆت ـ بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، دۇنخۇاڭ تەرەپتىن 20 ـ 30 تۆگىگە ئاش ـ ئوزۇق يۈكلىگەن تۆگىچىلەر بىلەن بىللە، ئاز ـ تولا دورا ئېلىپ ئىككى دوختۇر يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار دۇنخۇاڭدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت نامىدىن ما خۇسەننىڭ بۇ قالدۇق قاچقۇنلىرىدىن ھال سوراپ كەلگەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن قاچقۇنلارغا جان كىرىپ، خانئامبال بايلىقىدىن يۆتكۈلىدۇ.

ئەتىسى مەن ئەگىشىپ ماڭغان جاڭ لىيەنجاڭ (خۇيزۇ) نىڭ داڭلىق ئېتى ھېرىپ قېلىپ چۆلدە قالغاندا جاڭ لىيەنجاڭ مېنىڭ يىمەي يىدۇرۇپ، يول بويى مىنىپ كېلىۋاتقان پاكار ۋە كۆرۈمسىز تورۇق ئېتىمنى ئىگىلىۋالدى. مېنىڭمۇ ئىچىم سۈرۈپ، جېنىم تۇمشۇقۇمغا كېلىپ قالغاچقا، گەنسۇغا

يېقىنلاشقانسېرى هالسىزلىنىپ، بىر كۆنلۈك يول يۈز كۈنلۈكتەك بىلىنىپ كەتكەندى. ئاخىر خانئامبالدىن دۇنخۇاڭغىچە يەتتە كۈن يول يۈرۈپ، دۇنخۇاڭنىڭ قارىسىنى ئالدۇق. ما خۇسەننىڭ بۇ قالدۇق قاچقۇنلىرى دۇنخۇاڭ شەھىرىگە زاۋال ۋاقتىدا ناھايىتى ۋەيرانە ھالەتتە يەنى ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، يۈزلىرى مەينەت، كىيىم ـ كېچەكلىرى جۇل ـ جۇل ھالەتتە كىرىپ باردى. بەزىلىرى ھەتتا كىرلىشىپ كەتكەن مىلتىقلارنىڭ ئاستىدا مۈكچىيىپ كەتكەن بولۇپ، مېڭىشتىن توختىسا دەرھال يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك ھالەتتە ئىدى. گويا ئەسىرگە چۈشكەن گۇناھكارلاردەك ئۆتۈۋاتقان بۇ قاچقۇنلارنى كۆرۈپ، شەھەر خەلقى ھەيران قالدى. بىز شۇ ھالىتىمىز بىلەن، ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان دۇنخۇاڭ ھەربىي گازارمىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇق. ھەربىي گازارمىدا ئون نەچچە كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، قاچقۇنلارغا باشقىدىن جان كىردى. ئۇلار بىكارچىلىقتا قىمار ئويناشقا باشلىدى. 1938 ـ يىلىلىرى گەنسۇ تەۋەسىدە قىمار ئويناش ئاشكارا ئىكەن. شۇڭا ھەربىي گازارمىدىمۇ ھەربىيلەر (بولۇپمۇ يەرلىك ھەربىيلەر) بىلەن يەرلىك قىمارۋازلار ئالاھىدە تاۋكا تۇزۇشۇپ، ئالتۇن ـ تىللا (تولاراق خوتەننىڭ كېپەك ئالتۇنى، ئاياللارنىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى) تىكىشىپ ئويناشتى. لېكىن، شىنجاڭدىن بارغانلارنىڭ ئىچكى جەھەتتە پۇقراچە كىيىنگەن يەرلىك ھەربىيلەر تەرىپىدىن نەزەربەنت قىلىنىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن باشقا ئاددىي ئەسكەرلىرىنىڭ سىرتقا چىقىشى مەنئىي قىلىنغانىدى. ئارىدىن بىرىم ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، شىنجاڭدىن بارغان قاچقۇنلار يەرلىك بىر لىيەن ھەربىينىڭ نازارىتى ئاستىدا قاشقۇۋۇق،



سۇجۇ (ھازىرقى جيۇچۇەن) لارغا يولغا سېلىندى.

## جەسەتنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇلغان ئالتۇننىڭ ئوغرىلىنىشى

1932 ـ يىللىرى دۇنخۇاڭ ناھىيىسىنىڭ ئەنشى كەنتىدىن جاڭ مىن ئىسىملىك بىر خۇيزۇ ئىنىسى جاڭ × × × (كېيىنكى جاڭ لىيەنجاڭ) نى ئەگەشتۈرۈپ ما جۇڭيىڭغا ئەسكەر بولۇپ شىنجاڭغا چىققاندىن كېيىن، ما جۇڭيىڭنىڭ 36 ـ شىسىنىڭ مەلۇم لىيەنىدە تا خوتەنگە قەدەر زاپخوز (سىۋجاڭ) بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ، 1935 ـ يىلى خوتەننىڭ قارىقاش ناھىيىسىدە زاپخوز بولۇپ ئىشلەۋاتقاندا، بىر كۈنى بىر گراناتنىڭ ئىچىدىن فونتان سۈيىدەك ئېتىلىپ چىققان ئوق دورىسىنىڭ ئوتى ئۇنىڭ يۈزىگە چاچراپ، ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويىدۇ. ما خۇسەن قىسىملىرى 1937 ـ يىلى خوتەندىن قەشقەرگە ماڭغاندا، ئۇ خوتەندە قېپقالغان ئىكەن. ما خۇسەن قىسىملىرى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ خوتەنگە چېكىنگەندىن كېيىن، جاڭ لىيەنجاڭ خوتەندىن دۇنخۇاڭغا قاراپ يولغا چىققاندا، ئاكىسى جاڭ مىننى بىللە ئېلىپ ماڭىدۇ ۋە 9 ـ بەنىنىڭ مۇئاۋىن بەنجاڭى گامازا (تۇرپانلىق خۇيزۇ) نىڭ يول بويى خەۋەر ئېلىپ مېڭىشىغا تاپشۇرىدۇ. ئۇ، گامازا بىلەن جاڭ مىنگە ئىككى ئات، بىر تۆگە ۋە ئاش ـ ئوزۇق بېرىپ، يەنە ماشىمىن ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ئەسكەر (ئەسلى ئىسمى ھاشىم) نى ئىككى ئات بىلەن قوشۇپ قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ ئادەم تۆت ئات ۋە يۈك ئارتىلغان بىر تۆگە بىلەن يول بويى بىللە ماڭىدۇ. لېكىن، چىمەن

يايلىقىغا بارغىچە ئۈچ ئات ھېرىپ ئۆلىدۇ، ئۈچ ئادەمگە بىر ئات، بىر تۆگە قالىدۇ. بۇ بىر ئاتمۇ لەنئەرخۇەندە يۇتۇپ كېتىدۇ، ئۈچ ئادەم بىر تۆگە بىلەن قالىدۇ. جاڭ لىيەنجاڭ، ئۇنىڭ بىر كانىۋويى ۋە بىر كاتىپى ئۈچ كىشىدە بەش ئات ۋە بىر تۆگە بار ئىدى. بۇ بەش ئاتنىڭ ئۈچى چىمەن يايلىقىدا يوقىلىپ كېتىدۇ، بىر تۆگىنىڭ تاپىنى تېشىلىپ ماڭالماس بولۇپ قالغاچقا لەنئەرخۇەندە تاشلىۋېتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالتە ئادەمگە ئىككى ئات، ئىككى تۆگە قالىدۇ. ئىككى ئاتقا جاڭ لىيەنجاڭ بىلەن ئاكىسى جاڭ مىن مىنىدۇ. جاڭ مىندىن خەۋەر ئېلىشقا يەنىلا گامازا مەسئۇل بولىدۇ. ئەمما، لەنئەرخۇەندىن لەنىسخۇەنگە كېتىۋاتقاندا، تار يولدا تاغ بويلاپ كېتىۋاتقان ئات جاڭ مىن بىلەن بىللە سول تەرەپتىكى ھاڭغا چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇ چاغدىكى يول ئازابىدىن ئېيتقاندا، جاڭ مىننىڭ ئۆلۈكىنى تاشلىۋېتىش پۈتۈنلەي يوللۇق ئىدى. چۈنكى، جاڭ لىيەنجاڭنىڭ كاتىپى توڭلاپ ئۆلگەندىمۇ تاشلىۋېتىلگەن ئىدى. ئەمما، جاڭ لىيەنجاڭ جاڭ مىننى تاشلىۋەتمىدى. ئۇ، جاڭ مىننىڭ ئۆلۈكىنى ھاڭدىن ئالدۇرۇپ چىقىپ، تۆگىگە ئارتىۋالدى. ھاۋا قەھرىتان سوغۇق بولغاچقا، جاڭ مىننىڭ جەسىتى توڭلاپ قالىدۇ. ئىككى كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ لەنىسخۇەنگە كەلگەندە، جاڭ لىيەنجاڭ جەسەتنىڭ ئىچ - قارنىنى ئالدۇرۇۋېتىپ، جەسەتنىڭ ئىچىگە شىنجاڭ خەلقىدىن بۇلىۋالغان ئالتۇن - تىللالارنى قاچىلاپ، جەسەتنى يەنە تۆگىگە ئارتىپ، خانئامبالغا قاراپ ماڭىدۇ (بۇ ئەھۋالنى جاڭ لىيەنجاڭدىن قالسا پەقەت گامازىلا بىلەتتى). خانئامبالغا بېرىپ ئۈچىنچى كۈنى جاڭ مىننىڭ جەسىتى يوقىلىپ كېتىدۇ. مەن 1949 - يىلى ئۈرۈمچى ئىككىنچى سىفەن مەكتەپنىڭ 3 -



ئوتتۇرا مەكتىپى نامىدىن تۇرپانغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغىلى بارغاندا، تۇرپان ئورمانچىلىق پونكىتىنىڭ كادىرى ئابدۇرېھىمجان (1951 - يىلى باستۇرۇلغان) بىلەن تۇرپان پىكىنشەھەر ئاشخانىسىغا تاماق يېگىلى كىرىپ، ئۇشتۇمتۇت گامازا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. گامازىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، شۇ چاغدا دۇنخۇاڭغا يېتىشكە بىر كۈنلۈك يول قالغان يەردە، جاڭ لىيەنجاڭ گامازىغا شىنجاڭدىن ئېلىپ ماڭغان گەزمالدىن 100 مېتىر دەك بېرىپ، ئۇنىڭ ۋاقتىنچە دۇنخۇاڭ شەھىرىگە كىرمەي، شۇ يەردىكى كەنتتە جىننى بېقىپ تۇرۇپ، ما خۇسەن قىسىملىرى دۇنخۇاڭدىن نېرىسىغا يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن دۇنخۇاڭغا بېرىشنى تاپىلىغان. گامازا بىر ئايدىن كېيىن دۇنخۇاڭ شەھىرىگە كىرىپ، بىر خۇيزۇ ئاشخانىسىدا تاڭچاڭلىق قىلغان. 1947 - يىلى ما بۇفاڭنىڭ 5 - ئاتلىق شىسى شىنجاڭغا چىقىپ كېتىۋاتقاندا، شۇلارغا ئەگىشىپ قۇمۇلغا كېلىپ، شۇ يەردە قېپقالغان ۋە 1948 - يىلى تۇرپانغا كېلىۋالغان. خان ئامبالدا يولقىلىپ كەتكەن جەسەت توغرۇلۇق، گامازا مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەردى: جاڭ مىننىڭ جەسىتىنى ئېلى تېكەستىن بارغان ئىككى موڭغۇل بىلەن بىر قازاق بىرلىكتە ئوغرىلاپ قېچىپ، جەسەتنىڭ ئىچىدىكى ئالتۇن - تىللالارنى بۆلۈشۈۋالغان. ئاندىن ئۇلار چەرچەنلىك ئىسھاق ھاجىنىڭ خانئامبال ئەتراپىدىكى قويچىلىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەن. ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار دۇنخۇاڭغا پەيدا بولۇپ قالغان ۋە ھەر كۈنى دېگۈدەك قىمارخانىدا قىمار ئويناپ، خېلى ھاللىق قىمارۋازلاردىن بولۇپ قالغان؛ ئىككى موڭغۇل بالا قازاق بالىغا تولا ئۇتتۇرۇپ، خېلى جىق قەرزدار بولۇپ قالغان. شۇ ئارىدا قازاق بالا جىيايۇگۈەننىڭ

جەنۇبىدىكى تاغقا ئورۇنلاشقان قازاق قېرىنداشلىرىغا (بۇ قازاقلار 1935 ـ يىلى ئىلياسخاننىڭ باشچىلىقىدا ئالتايدا شېڭ شىسەينىڭ زۇلۇمىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاشۇ تاغقا بېرىپ ئورۇنلىشىپ قالغان) قوشۇلۇپ كەتمەكچى بولۇپ، ھېلىقى ئىككى موڭغۇل بالىدىن پۇل سورىسا، ئۇلار پۇل بەرمىگەن. بىر كۈنى بۇ قازاق بالا گامازا بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، خانئامبالدا بولغان ۋەقەنى ئۇنىڭغا دەپ قويغان. گامازا بۇ ئەھۋالنى يەرلىك ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، يەرلىك ھۆكۈمەت ئىككى موڭغۇل بالىنى قولغا ئالغان. بۇ موڭغۇل ۋە قازاق بالىلار جەسەتنىڭ ئىچىدە ئالتۇن بارلىقىنى جاڭ لېيەنجاڭنىڭ فۇگۇەنى (كانتۇۋيى) دىن ئاڭلاپ قالغان. بۇ فۇگۇەن بالىمۇ دۇنخۇاڭغا بىر كۈنلۈك يول قالغاندا قېچىپ كەتكەن.

## ما جۇڭيىڭ قالدۇقلىرىنىڭ ئاخىرقى ئاقىۋىتى

ما خۇسەننىڭ قالدۇق قاچقۇنلىرى دۇنخۇاڭغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ما جۇڭيىڭ قوشۇنىغا 1930 ـ يىللىرى دۇنخۇاڭ، ئەنشى، يۇمېن، جيايۇگۇەن ۋە سۇجۇ ئەتراپلىرىدىن قوشۇلغانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ـ كېلىشىگە رۇخسەت قىلىنمىدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ قاچقۇنلار دۇنخۇاڭدىن سۇجۇغا ماڭغاندا، ئۇلارنىڭ ئورۇق ـ تۇغقانلىرى دۇنخۇاڭدىن سۇجۇغىچە بولغان يول ئۈستىدە قاچقۇنلار ئارىسىدىن تۇغقانلىرىنى ئىزدىدى. قاچقۇنلارمۇ يولنىڭ ئىككى چېتىدە كۈتۈپ تۇرغان ئادەملەر ئارىسىدىن تۇغقانلىرىنى ئىزدىدى. تېپىشقان تۇغقانلار بىر ـ بىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈشتى.



بىراق، ئۇلارنىڭ ئۇزاق سۆزلىشىشىگە يول قويىلمىدى. قاچقۇنلار دۇنخۇاڭدىن چىقىپ ئۈچىنچى كۈنى جيايۇگۇەنگە يېتىپ باردى (بۇ شەھەر سەددىچىن سېپىلى جەنۇبىتىن شىمالغا كېسىپ ئۆتىدىغان جايغا جايلاشقان) ۋە جيايۇگۇەن قەلئەسى ئىچىدىكى چوڭ ـ كىچىك دەڭلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇ كۈنى دەل نامازدىگەر ۋاقتىدا، لا شۈلىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، بارلىق ئەسكەرلەر چوڭ بىر دەڭگە تىزىلدى. لا شۈلى دۇنخۇاڭدىن جيايۇگۇەنگىچە بولغان ئارىلىقتا قېچىپ كېتىپ تۇتۇلۇپ قالغاندىن كېيىن، بوغۇزلاپ ياكى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن بەش ـ ئالتە جەسەتنى باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن چوڭ دەڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكەلدۈرۈپ قويۇپ، ئاندىن كۆپچىلىككە: «ئەگەر يول ئۈستىدە كىمىكى ھەربىي ئىنتىزامغا رىئايە قىلماي يەنە قاچىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىمۇ مۇشۇ ياتقانلارنىڭكىدەك بولىدۇ. بىز سۇجۇغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، 1930 ـ يىللىرى مۇشۇ تۆت ناھىيىدىن بىزگە قوشۇلۇپ بارغانلارنىڭ يۇرتىغا بېرىپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ»، دېدى. ئەتىسى جيايۇگۇەندىن قوزغىلىپ سۇجۇغا يېتىپ بارغاندا، شەھەرنىڭ چوڭ رەستىسىدىن رەتسىز ئۆتۈۋاتقان قاچقۇن «قەھرىمانلار» نى كۆرۈپ، سۇجۇ خەلقى ھەيران قېلىشىپ، نەپرەتلىك كۆزلىرى بىلەن قارىشىپ تۇردى. ئۆلمەي قالغان بۇ 200 نەچچە قالدۇق ئەسكەر ۋاقىتلىق ھەربىي گازارما قىلىنغان تۆت چوڭ بۇتخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بىرەر ئايدەك دەم ئالدى. بۇ جەرياندا، بازارغا چىقىپ ـ كىرىشكە رۇخسەت قىلىنغان بەزىبىر «ئىشەنچلىك» كىشىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىلياسخان باشچىلىقىدا سۇجۇنىڭ جەنۇبىدىكى تاغقا كېلىپ ئورۇنلاشقان ۋە سۇجۇ شەھىرىگە كىرىپ ـ چىقىپ

تۇرىدىغان قازاقلارغا ئوغرىلىقچە قورال - ياراق ساتقانىكەن (ھازىر مەركىزىي دىنىي ئىشلار ئىدارىسىدا ئىشلەۋاتقان ئەخمەت ۋاجىدىن شۇ چاغلاردا سۈجۈدا سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرەتتى. بۇ ۋەقەدىن ئۇ كىشىنىڭمۇ خەۋىرى بولۇشى مۇمكىن)، بۇ ئەھۋال يۇقىرى ئورۇنغا بىلىنىپ قېلىپ، بەزى كىشىلەرنىڭ بازارغا چىقىپ - كىرىشىمۇ پۈتۈنلەي مەنئىي قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە پائالىيەتلەر نازارەت ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلارمۇ ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە چوڭ ھەربىي مەيداندا، ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەر تەربىيىلەش تۈزۈمى بويىچە، كۈنىگە ئىككى سائەتتىن ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇلدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ما بۇفاڭ شىنجاڭدىن قايتىپ بارغان ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قارىغا ئېتىش ماھارىتىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، ئالاھىدە تەييارگەرلىكلەردىن كېيىن، چوڭ ھەربىي مەيداندا ئۇلارنى 100 مېتىر يىراقلىقتىكى چەمبىرەككە قارىغا ئاتقۇزۇپ كۆرگەندى. بۇ قاچقۇنلار ئالتە - يەتتە يىللىق ئەمەلىي ئۇرۇشنى بېشىدىن كەچۈرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوراللىرى سوۋېتتە ۋە ئەنگلىيىدە ئىشلەنگەن يېڭى بەش ئاتار ۋە ئون ئاتار مىلتىقلاردىن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ قارىغا ئېتىش ماھارىتى ياراملىق بولۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ قاچقۇنلاردا چوڭچىلىق، مەغرۇرلۇق پەيدا بولۇپ، يەرلىك ئەسكەرلەرنى كۆزگە ئىلمايدىغان، يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن ئولتۇرۇش قىلغاندا ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن بىر - بىرىگە قورال تەڭلەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. نەتىجىدە ئىككى ئوتتۇرىدا ئىتتىپاقسىزلىق تۇغۇلدى. قاچقۇنلار ئارىسىدا يەنە، ئىسيان كۆتۈرۈپ سوقۇش قىلىش، ما جۇڭيىڭنىڭ كونا يولىدا مېڭىشنى تەشەببۇس قىلىش كەيپىياتى ئەۋج ئالدى. ھەتتا



ئۇلار يەرلىك ھەربىيلەر نازارەت قىلىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەرلىرىدەك شەھەرگە ئەركىن كىرىپ - چىقىش، ئۆيى بارلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ - كېلىشىگە رۇخسەت قىلىش تەلەپلىرىنى قويدى. ما بۇفاڭ تەرەپ بۇ تەلەپلەرنىڭ بەزىلىرىگە ماقۇل بولدى. لېكىن، ئىچكى جەھەتتىن بولۇپمۇ كېچىلىرى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتتى. ئاندىن ئۇلارنى شەھەردىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئايرودرومنى ياساش ئەمگىكىگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار ئەمگەك ئورنىغا بەش كۈندەك قورالى بىلەن چىقىپ ھېرىپ كەتكەندىن كېيىن، يەرلىك ھەربىيلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، قوراللىرىنى گازارمىدا قويۇپ، ئۇنى ساقلاشقا مەلۇم ساندا ئادەم قالدۇرىدىغان بولدى. ئارىدىن ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى يەرلىك ھەربىيلەر ئۇلارنىڭ يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ گازارمىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ھەممە قوراللىرىنى يىغىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەمگەككە چىقىشمۇ ئاخىرلىشىدۇ، قاچقۇنلار ھەتتا مەشىققىمۇ چىقماي يېتىۋالىدۇ. يەرلىك ھەربىيلەر ئۇلارغا بولغان نازارەتنى كۈچەيتىدۇ. 30 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ما بۇفاڭنىڭ تاج - تەختىگە بىر مەھەل تەھدىت سالغان 36 - شىنىڭ بۇ قالدۇقلىرى نازارەت ئاستىدا ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ تۇرغان پەيتتە، گومىنداڭ مەركىزىدىن ما بۇفاڭغا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇشقا ئەسكەر سېلىقى چۈشىدۇ. ما بۇفاڭ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، يەرلىك ئەسكەرلەردىن بىرەر يۈزنى، قالغىنىغا ما جۇڭيىڭنىڭ مۇشۇ قالدۇق قاچقۇنلىرىنى قوشۇپ، مەركەز ئارمىيىسىنىڭ شىمالىي شەنشىدىكى يەن شىسەن قوماندانلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار

تەيخاڭسەندە ئېلىپ بېرىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ تۈگىگەنمىش؛ بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن 8 - ئارمىيە ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەردە ئۆلۈپ تۈگىگەنمىش. ما جۇڭيىڭ قالدۇقلىرىنىڭ ئاخىرقى ئىستىقبالى ئەنە شۇنداق بولغان.

**ئىزاھات:**

① ما جۇڭيىڭ «36 - شى» (36 - دىۋىزىيە دېگەن نامى جياڭ جيېشى قوماندانلىقىدىكى ھەربىي رەت سانى بويىچە جياڭ جيېشى تەرىپىدىن بېرىلگەن نام بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بايرىقى گومىنداڭ بايرىقىدىن ئىبارەت).

② 36 - شى دەسلەپتە خۇيزۇلاردىن تەشكىللەنگەنىدى.



# ما جۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىشى

تەييارلىغۇچى: ئەركىن ھوشۇر ئەلى

ماجۇڭيىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى، 30 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا غەربىي شىمالدىكى تۆت ئۆلكىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان مۇھىم ھەربىي شەخس. ئۇ، ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدە «گا سىلىڭ» (شا كىچىك قوماندان) دېگەن لەقەم بىلەن تونۇلغان؛ 1928 - يىلى يەتتە نەپەر ئادىمى بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نەچچە ئون مىڭلىغان خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ، گەنسۇ خېجۇ (ھازىرقى لىڭشىيا شەھىرى) نى ئۈچ نۆۋەت مۇھاسىرىگە ئالغان، نىڭشىياغا ئىككى نۆۋەت ھۇجۇم قوزغىغان؛ ئاندىن قوشۇنىنى تېز كۆپەيتىپ، نىڭشىيانىڭ مەركىزى يىڭچۈەن شەھىرى ۋە گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشىيا، شىنجاڭ ئۆلكىلىرىنىڭ كۆپلىگەن ناھىيىلىرىنى ئىشغال قىلغان. ئۇ، 1931 - ۋە 1933 - يىللىرى شىنجاڭغا ئىككى نۆۋەت ئەسكەر باشلاپ چىقىپ، جىن شۇرېن ۋە شېڭ شىسەيلەر بىلەن زېمىن تالاشقان؛ 1934 - يىلى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي چەت ئەل كۈچلىرىنى كىرگۈزۈپ، ماجۇڭيىڭنى ئىسكەنجىگە ئالغان. بۇ ئەھۋالدا، ما جۇڭيىڭ باشقا چىقىش يولى تاپالماي، سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىنكى

ئەھۋالىنىڭ زادى قانداق بولغانلىقى توغرىسىدا ھەر خىل پەرەزلەر بار. قانداقلا بولمىسۇن، ما جۇڭيىڭنىڭ ھاياتى بالدۇرلا ئاياغلاشقان ھايات. ما جۇڭيىڭ ئۆزىگە خاس روشەن سىياسىي پروگراممىسى يوق، يېتەكلىگەن قوشۇنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش خاراكتېرىنى ئالغان بىر ھەربىي شەخس ئىدى.

ما جۇڭيىڭ داۋانچىڭ ئۇرۇشىدا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، كۇچاغا كەتكەندىن كېيىن، قەشقەردە پۇت دەسسەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئاۋۋال ماشىمىڭ، مافۇيۈەن، ما ليۇسەن ۋە شيەن فۇخەيلەر قوماندانلىقىدىكى تۆت لۈي قوشۇننى قەشقەرنى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار قەشقەردىكى ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى تارمار قىلدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ما جۇڭيىڭ ما رۇلۇڭنى خوتەنگە ئەۋەتىپ، ئۇ يەردە قۇرۇلغان يەنە بىر يەرلىك ھاكىمىيەتنى تارمار قىلدى. ئۇ، قەشقەردە بىرنەچچە ئاي تۇرغاندىن كېيىن، مارالبېشىغا بېرىپ، قوشۇننى تەرتىپكە سالدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قوشۇنى تەخمىنەن 10 مىڭ ئادەمدىن ئارتۇق بولۇپ، جەمئىي 8 لۈيگە بۆلۈنەتتى، ھەربىر لۈيدە 1300 ئەسكەر بار ئىدى؛ يەنە ئۆزىگە بىۋاسىتە قاراشلىق زەمبىرەكچىلەر يىڭى، گۇڭبىڭ (ساپيورلار) يىڭى، پەۋقۇلئاددە خادىملار يىڭى، خەۋەرلىشىش يىڭى قاتارلىقلار بار ئىدى؛ ھەربىي مۇلازىمەت ۋە قورال - ياراقلىرى تولۇق ئىدى.

ما جۇڭيىڭ قەشقەردىكى چېغىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلىنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز ناھىيىگە ئىگىدارچىلىق قىلىپ، شىنجاڭنى شىڭ شىسەي بىلەن بىللە باشقۇرىدىغان بولدى. شۇ مەزگىلدە قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە كونسۇلىمۇ ما جۇڭيىڭنى ئەنگلىيىگە مايىل قىلىشقا بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇنغانىدى. بۇنداق مۇرەككەپ ئەھۋالدا، ئۇنىڭ يېنىدىكى



بىرنەچچە ئىلغار پىكىرلىك زات (ئەمەلىيەتتە كومپارتىيە ئەزالىرى) نىڭ تەسىرى بىلەن، ما جۇڭيىڭ پايدا - زىيان مۇناسىۋىتىنى ۋە ئۆز قوشۇنىنىڭ ئىستىقبالىنى كۆزدە تۇتۇپ، نەتىجىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل بولۇش قارارىغا كەلدى؛ ئاندىن ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇش ئارزۇسى بارلىقىنى سوۋېت كونسۇلىغا ئېيتتى. سوۋېت كونسۇلى بۇ ئەھۋالنى ئۆز ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزۈپ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، 1934 - يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ما جۇڭيىڭ ئۆزىنىڭ چوڭ قوشۇنى بىلەن خوشلىشىپ، سەي شۈسۈن قاتارلىق 280 دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئېلىپ، ئەركەشتام ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنىغا كىردى. ئۇلار چېگرىدىن ئۆتۈشى بىلەنلا قارشى تەرەپنىڭ ھەربىي دائىرىلىرى ئۇلارنى قورالسىزلاندۇرۇپ، ئەنجان ئارقىلىق پويىز بىلەن موسكۋاغا ئەۋەتتى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ما جۇڭيىڭنى كۈتۈۋېلىش ئىشلىرىغا بىر نەپەر چېگرا مۇداپىئە باشلىقىنى مەسئۇل قىلدى. ما جۇڭيىڭلار موسكۋادىن 7 - 8 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر داچىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاندىن ئۇلار شۇ جايدىكى سانائەت ئورۇنلىرى ۋە مەكتەپلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى؛ ما جۇڭيىڭنىڭ قول ئاستىدىكى خادىملار قۇرۇقلۇق ئارمىيە، ھاۋا ئارمىيە مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى؛ ما جۇڭيىڭنىڭ ئۆزىگە مىزىتوۋ ئىسىملىك بىرەيلەن مەسلىھەتچى بولدى ۋە يەنە تۆت نەپەر ھەربىي ئوقۇتقۇچى سىياسىي، ھەربىي، مەدەنىيەت، رۇس تىلى دەرسلىكلىرىنى ئۆگەتتى. شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئادەملىرى ئۇنى ئومۇميۈزلۈك «گېنېرال» دەپ ئاتاشقان.

ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى 36 - دىۋىزىيە دەپ ئاتىلاتتى. ما جۇڭيىڭ شىنجاڭدىن كەتكەن چاغدا، بۇ قوشۇنغا ھەدىسىنىڭ ئېرى ما خۇسەننى مۇۋەققەت دىۋىزىيە باشلىقى قىلىپ

قويغانىدى. ما خۇسەن 1934 - يىلى قىشتا ھەربىي لاۋازىمەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ مېڭجيۇنى سۇ جىمىن، جاڭ فۇچېڭ قاتارلىقلار بىلەن بىللە ھىندىستان ئارقىلىق تۈركىيىگە ئەۋەتتى. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈركىيىدىكى ئەلچىخانىسىدىن پاسپورت ئالغاندىن كېيىن موسكۋاغا بېرىپ، ما جۇڭيىڭغا 36 - دىۋىزىيىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ما خۇسەن يەنە ما شىڭگۇي باشلىق بىرنەچچەيلەننى قەشقەر ئارقىلىق موسكۋاغا ما جۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى. يېرىم يىلدىن كېيىن، ما شىڭگۇيلار ئۆزلىرىگە كېرەكلىك مۇداپىئە قوراللىرىنى ئېلىپ دۆلەتكە قايتىپ كەلدى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش نامى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي خىزمەت خادىملىرىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەنىدى. ئۇلار يەنە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كىنو فىلىمى، فاتىفون ۋە ما جۇڭيىڭنىڭ ئۆز قوشۇنىغا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى بىللە ئېلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىچە:

مەن بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ، ھاياتتىمۇ ۋە ماماتتىمۇ بىللە بولغان مۇھتەرەم قوراللىق بۇرادەرلىرىم! سىلەر جاپا چەكتىڭلار. جامائەتتىن ئايرىلغاندىن بېرى، كۆپچىلىك بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشۈش نېسىپ بولمىدى. سىلەرنى قاتتىق ياد ئېتىمەن. ۋەھالەنكى، مېنىڭ ئىشىم ھازىر مۇرەككەپ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، مەسئۇلىيەت ئىنتايىن ئېغىر. شۇڭا، سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈشۈم ئاسان ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن، ئۈنئالغۇ لېنتىسى ئارقىلىق كۆپچىلىككە بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلدىم، دىققەتتە بولۇڭلار.

1. مەن قەشقەردىن ئايرىلغاندىن بۇيان، ھەر ۋاقىت، ھەر چاغ 36 - دىۋىزىيىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن، خەلقنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن كۆرەشمەكتىمەن. ھازىر 36 - دىۋىزىيىنىڭ



ئىشى كاپالەتكە ئىگە بولدى، ئۆزىگە تەئەللۇق زېمىنگىمۇ — خوتەن رايونىغا ئىگە. ئەمدى نۇرلۇق ۋە ئادىل سىياسىي يولغا، ئىنسانىي ۋە پارلاق بەختىيار ھاياتقا قەدەم تاشلىدى. بۇ، مېنىڭ ئۆمرۈم بويى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ۋە قۇربانلار بېرىپ كۆرەش قىلغانلىقىمنىڭ نەتىجىسى.

2. ئەمدى مەن غەربىي شىمال خەلقىنىڭ ئاۋانگارتى بولغان 36 - دىۋىزىيىنىڭ ئەزىمەتلىرىنى نۇرلۇق داغدام يولغا باشلاپ ئالغا ئىلگىرىلەيمەن. ئۇزاققا قالماي، 36 - دىۋىزىيىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى ۋە سىزلەر جايلاشقان زېمىندىكى قەدىرلىك خەلقىمىز كونا جەمئىيەتنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن، كونا كۈچلەرنىڭ ئېزىشىدىن جەزمەن قۇتۇلۇپ، ئىنسانىي بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشىدۇ. يولداشلار، بۇ — خىيالىي تەسەۋۋۇر ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەت. 36 - دىۋىزىيىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى خەلقتىن يۈز ئۆرۈش يولىغا ماڭماي، خەلقنىڭ پاراۋانلىقى، ھازىرقى جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، كونا جەمئىيەت، كونا كۈچلەر تېرىپىرەن قىلىنىۋېتىلىدۇ، بۇنى تارىخىي تەجرىبىلەر بىزگە بىلدۈرىدۇ. يولداشلار، سىزلەر — بىزنىڭ تەشەببۇسىمىزنى چۈشەنگەن گۇۋاھچىلار. مەن بۇرۇن رېئاكسىيون يولدا ماڭدىممۇ - يوق؟ بۇنداق ئىش بولمىغان. بۇ ئىش توغرۇلۇق مەن بىر مىسال كۆرسىتەي، كۆپچىلىك ئەسلەپ بېقىڭلار.

3. مەن گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەيلەردىكى مەزلۇم خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ناھايىتى زالىم مىللىتارىستلار بىلەن بىرنەچچە يىل ئېلىشتىم. ئۇلار بىزنىڭ ترانسپورت ئەترىتىمىز ئىدى. مەن خەلققە خائىنلىق قىلىدىغان ئىشنى قىلغانمۇ؟ تەبىئىيكى، بۇنداق ئىشمۇ بولمىغان. بۇنى كۆپچىلىك تەپسىلىي بىلىدۇ، چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمايمەن. . . .

4. يولداشلار، دىققەتتە بولۇڭلار! سىزلەر بىزنىڭ ياپونغا

قارشى تۇرۇش توغرىسىدا تېلېگراما ئارقىلىق ئېلان قىلغان جاكارنامىمىزنى يوققا چىقارماقچىلار، جۇڭگونىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىدە، سىرتتىن كەلگەن بالايىئاپەت كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋاتىدۇ. دۆلەت ئىچى بارغانسېرى يامانلىشىۋاتىدۇ، ۋەتەن ساتقۇچىلار ۋەتەننى نومۇسسىزلىق بىلەن ساتتى، چىل بۆرىدەك يىرتقۇچ ياپون جاھانگىرلىكى ۋەتىنىمىزنىڭ تېررىتورىيىسىنى قىلچە پەرۋا قىلماي يېسىۋالماقتا. ئۇلار شەرقىي شىمالنى ئاچكۆزلەرچە يۇتۇپ كەتتى، ئەمدى يەنە شىمالىي جۇڭگوغا كۆز تىكمەكتە. شىمالىي جۇڭگو ھازىر ئىنتايىن خەۋپ ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ، بىز ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسىتىش تەييارلىقىدا بولۇشىمىز لازىم، چۈشكۈنلۈك بىزنى مۇنقەرز قىلىدۇ. يولداشلار، مەن مۇۋەققەت سىجاڭ ما خۇسەنگە بۇيرۇق چۈشۈردۈم، ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ ئىجرا قىلىڭلار. مەن ئۇزاق قالماي قايتىپ بېرىپ، سىلەرنى نۇرلۇق داغدام يولغا يېتەكلەپ ماڭىمەن.

ما جۇڭيىڭنىڭ سۆزى ئېلىنغان ئۈنئالغۇ لېنتىسى شۇ ۋاقىتتا 36 - دىۋىزىيىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرىگە زور ئىلھام بولغان.

1935 - يىلى يازدا ما شىڭگۈي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن خوتەنگە قايتىپ بېرىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ ما خۇسەننى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چاقىرغانلىق بۇيرۇقىنى يەتكۈزىدۇ. بۇ چاغدا، ما خۇسەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ قايسىسىغا مايىل بولۇش ئۈستىدە تېڭىرقاپ تۇرغان بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇشقا ئىپادە بىلدۈرمەيدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، ۋۇ يىڭچى، گې چيۇن ۋە لى شاڭيىڭلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن خوتەنگە قايتىپ بېرىپ، بۇيرۇققا بىنائەن، ما خۇسەننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا بېرىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. ما خۇسەن ھەرقايسى لۈيلەرنىڭ لۈيجاڭلىرىنى لوپ



ناھىيىسىگە چاقىرتىپ، مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە كېڭىشىدۇ. ئاخىر ئۇ، ئۆزىنىڭ يەنىلا مۇۋەققەت دىۋىزىيە باشلىقى بولۇپ قېلىشىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارماسلىقنى قارار قىلىپ، ما يەنلياڭ، لا شۈلى، ما شىجې ۋە ياڭ فۇشىن قاتارلىق لۈيجاڭ ۋە تۈەنجاڭلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتىدۇ. 1935 - يىلى 8 - ئايدا، قەشقەردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى ما يەنلياڭ قاتارلىقلارنى مەخسۇس ماشىنا بىلەن ئەنجانغا يولغا سالىدۇ. ئۇلار ئەنجاندىن پويىزغا ئولتۇرۇپ موسكۋاغا ماڭىدۇ. ئۇلار ئەنجانغا بارغاندا، ما جۇڭيىڭ ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچىسى مىزىنوۋ ۋە سەنمۇسىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار موسكۋاغا بارغاندا، ما جۇڭيىڭ بىلەن بىللە تۇرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا مۇداپىئە قوماندانى ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بېرىپ، زىياپەت ئالدىدا: «بۇ ئىشقا جاھانگىر دۆلەتلەر نارازى بولۇۋاتىدۇ، ئۇلار <غەرىبلەر نېمە؟> دەۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ما جۇڭيىڭ ئاز سانلىق مىللەتتىن چىققان بىر ياش. پورەكلەپ ئېچىلغان بىر گۈل. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئۇنى ناھايىتى ئوبدان بىر باغدا يېتىشتۈرۈشكە ئەپكەلدۇق» دېگەن سۆزلەرنى قىلىدۇ. بۇ نۆۋەت بارغان ئوفىتسېرلار ئاۋۋال زاۋۇت، مەكتەپلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ئاندىن ما جۇڭيىڭ بىلەن بىللە ئۆتۈشكە باشلايدۇ، بۇ ۋاقىتتا ما جۇڭيىڭ نېمىسچە، فرانسۇزچە، رۇسچە، ياپونچە تىللارنى ئۆگىنىۋاتقانىكەن.

1935 - يىلى قىشتا، جۇڭگو ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسى خېشى كارىدورىغا يېتىپ كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىرنەچچە نەپەر مۇتەخەسسىس چىقىرىپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن تۆۋەندىكى ئۈچ مەسىلە ئۈستىدە ئۈچ ئايدىن ئارتۇق مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان:

1) جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىنىڭ يەر شەكلى.

2) گومىنداڭنىڭ غەربىي شىمالدىكى ھەربىي كۈچى.
3) قىزىل ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش مەسىلىسى.

1937 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا مۇداپىئە قوماندانى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇۋاتقان ما يەنلياڭ قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ، شېڭ شىسەينىڭ قەشقەردە تۇرغۇزغان ئۇيغۇر دىۋىزىيىسىنىڭ باشلىقى مەھمۇتنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى، جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشى پارتلاش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئېيتقان. شۇنىڭدەك، ما يەنلياڭ، لا شۇلى، ما شىجې، ياڭ فۇشىنلارنىڭ شىنجاڭغا قايتىپ بېرىپ، 36 - دىۋىزىيىنى ئوبدان رەتكە سېلىشنى، ئاندىن شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىپ مەھمۇت سىجاڭنى يوقىتىشنى تەۋسىيە قىلغان. ئۇلارغا كىرەكلىك قورال - ياراغلارنى سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۈستىگە ئېلىپ تەمىنلىمەكچى بولغان. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە، خوتەندە بىر يىل ياكى بىر تۈمەن ئەسكەر قالدۇرۇپ، قالغان ئەسكەرلەرنى ئىچكىرىگە ئاپىرىپ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇشنى تەۋسىيە قىلغان. ما جۇڭيىڭ بۇ تەشەببۇسقا قوشۇلغان. ما يەنلياڭ قاتارلىق تۆتەيلەن دۆلەتكە قايتىدىغان چاغدا، ما جۇڭيىڭ ۋوگزالغا ئۆزى چىقىپ ئۇزىتىپ قويغان ۋە ما شىجې، ياڭ فۇشىنلەرگە شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن، ئۇرۇمچىگە بىر بېرىپ شېڭ شىسەي بىلەن ئوبدان كېڭىشىپ، ئاندىن موسكۋاغا كېلىپ ئۆزىگە ئەھۋالنى دوكلات قىلىشنى تاپىلىغان. ئەڭ ئاخىرىدا، كۆپچىلىككە قاراپ: «قايتىپ بارغىنىڭلاردىن كېيىن، بەلگىلەنگەن پرىنسىپ بويىچە ئىش كۆرۈڭلار، دائىرىدىن ھالقىپ كېتىشكە بولمايدۇ»، دېگەن.

1937 - يىلى 7 - ئايدا، ما يەنلياڭ قاتارلىق تۆتەيلەن قەشقەرگە كەلگەندە، ما خۇسەننىڭ مەھمۇت سىجاڭ بىلەن بىرلىشىپ شېڭ شىسەيگە قارشى چىققانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ما خۇسەن ما جۇڭيىڭنىڭ يېڭى يوليورۇقىغا پىسەنت قىلمايدۇ



ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ئوقۇشقا ئەمدى ئادەم ئەۋەتمەيدىغانلىقىنى قارار قىلىدۇ. ما خۇسەن شېڭ شىسەي بىلەن قايتا - قايتا ئېلىشقاندا، ما جۇڭيىڭ ئۇنىڭغا نەچچە نۆۋەت تېلېگراما ئەۋەتىپ توسۇغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈنۈمى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ما جۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەندىن كېيىن، ئەمەلىيەتتە، ما خۇسەن يەنە بىر خەلقئارا يولنى مېڭىپ، ھەربىي لاۋازىمەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ما جۇڭنى ھىندىستانغا قوي يۇڭى ۋە توقۇلما بۇيۇملار چىقىرىپ تاشقى سودا ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇغانىدى. ئۇ، خوتەنگە ئادەم ئەۋەتىپ خوتەن خەلقىنىڭ مال - مۈلكىنى تالان - تاراج قىلىپ، ئەسكەرلىرىنىڭ ئايلىق مائاشىغا خىيانەت قىلىپ، ئاندىن سەنمۇجاڭى بەي زىلىنى قەتلى قىلىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى بۇلاپ، ھىندىستانغا قاچتى. شۇنىڭ بىلەن، 36 - دىۋىزىيە تەلتۆكۈس بەربات بولدى.

ما جۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئەھۋالى توغرىسىدا ھەر خىل پەرەزلەر بار، لېكىن، نەق ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدىغان ئادەم چىقمىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئايروپىلان ھەيدەشنى ئۆگىنىۋاتقاندا، ھادىسىگە ئۇچراپ قازا بولغان. يەنە بەزىلەر «ئىسپانىيە ئۇرۇشىغا پىدائىيلىق بىلەن قاتنىشىپ قازا تاپقان» دېيىشىدۇ، يەنە بەزىلەر «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەتەن ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ قۇربان بولغان» دېيىشىدۇ. ما يەنلياڭ 1938 - يىلى ئۆكتەبىردە يەنئەندە ماۋ زېدۇڭ بىلەن ئۇچراشقىنىدا، ماۋ زېدۇڭ ئۇنىڭغا: «ما جۇڭيىڭ ھازىرمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا، سىلەر كېيىنچە يۈز كۆرۈشۈپ قېلىشىڭلار مۇمكىن» دېگەن.

# خوجىنىياز ھاجى بىلەن شېرىپقان تۆرىلەرنىڭ جەسەتلىرىنىڭ تېپىلىش ئەھۋالى

خوجىنىياز ھاجى بىلەن شېرىپقان تۆرىلەر 1937 - يىلى كۈزدە شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1943 - يىلى دەھشەتلىك يوسۇندا قەتلى قىلىنغان. ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنىڭ قاچان، قانداق تېپىلغانلىقى توغرىسىدا بىلىنىشىچە، 1946 - يىلى 9 - ئايلاردا ئۈرۈمچى 3 - ساقچى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى زىياۋۇدۇن ئەپەندى شۇ چاغدىكى ئۈچ ۋىلايەت گېزىتىدە «زالىم شېڭ شىسەي تەرىپىدىن شېھىد قىلىنغان مەرھۇملارنىڭ جەسەتلىرىنى تېپىپ ئېچىپ ئېلىڭلار...» دېگەن مەزمۇندا خەۋەر ئېلان قىلغانىكەن. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئوغلى سەئىدۇللا مەزكۇر خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەنلا بۇ ئىشقا كىرىشمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى تۇرپاندا بولۇپ قېلىپ ۋاقتىدا ئۈرۈمچىگە كېلەلمىگەنىكەن. پەقەت 1947 - يىلى 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۈرۈمچىدىكى يۇرت چوڭلىرىدىن موللا خوجىنىياز ھاجىم، زىرىپخان مەخسۇم ھاجىم ۋە ھامىتخانلار بىلەن بىرلىكتە باداۋان تېغىغا چىقىپ، بۇ ئىشقا كىرىشكەنىكەن. ئۇلار بۇ تاغدىكى شېھىتلەر كۆمۈلگەن يەرنى ئاچقاندا، ئۇ يەردىن بىرنەچچە كىشىنىڭ جەسىتى چىققان، ئۇنىڭ ئارىسىدىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ جەسىتى ئوغلى تەرىپىدىن تونۇلغان. جامائەت بۇ جەسەتلەرنى دۇئا - تەكبىر بىلەن قەبرىستانلىقتىكى يەرلىككە قويۇپ قايتقانىكەن.



خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەينى چاغلاردا ئاستىنقى ئوتتۇرا ئىككى چىشى ئالتۇن چىش بولۇپ، ئۆلتۈرۈلگەندە بۇ ئىككى چىش قومۇرۇپ ئېلىنغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئورنى بەلگە بولۇپ قالغان؛ ئىككىنچىدىن، خوجىنىياز ھاجى ساقال - بۇرۇتلىرى ئۇزۇن قويۇلغان كىشى بولۇپ، كۆمۈكلۈك تۇرغان بىرنەچچە يىل جەريانىدا ساقىلى ئۇۋۇلۇپ چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇرۇتى ئۆز ئەينى تۇرغانىكەن. يۇقىرىقى بەلگىلەر جەسەتنىڭ خوجىنىياز ھاجىنىڭ جەسىتى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى قىلىنىشقان.

شېرىپقان تۆرىنىڭ جەسىتى مۇنداق تونۇلغان: شېرىپقاننىڭ كېيىنكى كۈنلىرىدە ئەلەن ۋاڭ بىر قۇر كىيىم تىكتۇرۇپ ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ قويغانىكەن. مەرھۇمنىڭ جەسىتى كىيىمى بىلەن كۆمۈۋېتىلگەن بولغاچقا، بۇ كىيىم بولۇپمۇ كىيىمنىڭ ياقىسى جەسەتنىڭ شېرىپقاننىڭ جەسىتى ئىكەنلىكىگە بەلگە بولغان. ئىككىنچىدىن، شېرىپقان تۆرە ئۇستىخانلىق، ئالاھىدە يوغان ئادەم بولغاچقا، بىلىدىغانلار بۇ جەسەتنى تەكشۈرۈپ يۇقىرىقى بەلگىلەر ئاساسىدا «شېرىپقان جەسىتى» دەپ بېكىتكەن.

خوجىنىياز ھاجى بىلەن شېرىپقان تۆرە كۆمۈلگەن ۋاقىتتا، كۆمگۈچىلەردىن بەزىلەر بىر بەلگە بولۇپ قالسۇن دېگەن خىيال بىلەن، خەت يېزىلغان ئىككى تاختاي پارچىسىنىمۇ بىللە كۆمۈۋەتكەنىكەن. بۇ تاختاي پارچىلىرىمۇ جەسەتلەر بىلەن بىللە تېپىلغان. تاختايدىكى خەتلەر ئۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئايرىم بەلگە ئاساسلىرى بىلەن بۇ يەرلىكنىڭ (لەھەدنىڭ) ھەقىقەتەن مەرھۇملارنىڭ كۆمۈلگەن جايى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان.

**ئادالەت ھادى** تەييارلىغان.

# تىنچلىق بىتىم مەزگىلىدىن ئازادلىق ھارپىسىغىچە خوتەندە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار

## جاپپار ئەمەت

1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بىرلەشمە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. بىتىم بويىچە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنى ۋە مىللىي ئارمىيىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى؛ گومىنداڭ دائىرىلىرى خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقلىرىنى — سۆز - مەتبۇئات ئەركىنلىكى، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، يىغىن ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش، ئولتۇراقلىشىش ۋە كۆچۈش ھوقۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي، قوراللىق كۈچ ئارقىلىق ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىنى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازاد قىلغاندىن كېيىن، سىياسىي جەھەتتە قازانغان يەنە بىر چوڭ غەلىبە ئىدى. غەلىبە خەۋىرى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا تېزلىكتە تارقىلىپ، خەلققە زور ئىلھام ۋە ئىشەنچ بېغىشلىدى. خۇددى كەلكۈن سۇ ھەممە جاينى قاپلىغاندەك، خەلقنىڭ گومىنداڭغا قارشى غەزەپ - نەپرىتى،



ئازادلىق ۋە ئەركىنلىك يولىدىكى ئىنتىلىشلىرى بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەپ، ئىنقىلابنىڭ ئوت - يالقۇنى ھەممە جاينى قاپلىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئاچقان يول ۋە ئۇنىڭ تەجرىبىلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئۇيۇشقان كۈچنىڭ تەڭداشسىز ئىكەنلىكىنى تونۇتقان ئىدى. شۇڭا بىتىمدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش گۇرۇپپىلىرى ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. جۈملىدىن، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ غەلىبىسىدىن ئىلھاملانغان خوتەن ياشلىرىمۇ «ئىنقىلابچى ياشلار تەشكىلاتى» نى قۇرۇپ، ئويغانغان كۈچلەرنىڭ يېڭى ئىتتىپاقلىقىنى نامايەن قىلدى.

تىنچلىق بىتىمىنىڭ بىر ماددىسىدا: «شىنجاڭ خەلقىگە ئۆزى ئىشەنگەن يەرلىك زاتلاردىن مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى سايلاش ھوقۇقى بېرىلىدۇ. ناھىيىلەردە كېڭەش ھەيئەتلىرىنى خەلق بىۋاستە سايلاپ چىقىدۇ، كېڭەش ھەيئىتى ھاكىملارنى سايلاپ چىقىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن ئىدى. بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن، شۇ يىلى كۈزدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئومۇمىي سايلام باشلىنىپ كەتتى. سايلامدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى چارە - ئاماللار بىلەن ئۆزىنىڭ كونا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئورۇن ۋە ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىشقا ھېچ بولمىغاندا ئۆز يالاقچىلىرىنى، يەرلىك مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىرىشقا تىرىشاتتى، ئويغانغان خەلق ئاممىسى بولسا گومىنداڭنىڭ زالىم، قانخور، پارىخور، خىيانەتچى ئەمەلدارلىرىنى ۋە گومىنداڭ پەرەس ئۇنسۇرلارنى مەنسەپتىن

قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئادىل، خەلقپەرۋەر، ۋىجدانلىق كىشىلەرنى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىرىشقا تىرىشاتتى. شۇڭا بۇ قېتىمقى سايلام ئەمەلىيەتتە ئىنقىلابىي كۈچلەر بىلەن ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر مەيدان چوڭ سىياسىي كۈرەش ئىدى.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سايلام خىزمىتى 1946 - يىلى 11 - ئايدا باشلاندى. خوتەننىڭ سايلام ئىشلىرىغا نازارەت قىلىش ئۈچۈن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا (شۇ ۋاقىتتا تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى ئىدى، كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان، ئازادلىق ھارپىسىدا چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن)، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىن ئىمىن مەخسۇم باشچىلىقىدا بىرقانچە كىشىلەر كەلگەنىدى. سايلامنىڭ بېشىدىلا «ئىنقىلابچى ياشلار تەشكىلاتى» گومىنداڭغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ تەشكىلاتنىڭ پائالىيىتىنى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى، «خوتەن گېزىتى» ئىدارىسى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسى، دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى، چايخانا مەكتەپ قاتارلىق ئاممىۋىي تەشكىلات ۋە مەدەنىي - مائارىپ ئورۇنلىرىنىڭ ئاساسىي مەسئۇللىرى ۋە مۇتلەق كۆپچىلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ھەم شەھەر ئاھالىسى قوللايتتى. ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلەردە گۇرۇپپىلىرى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ تەشكىلات ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى ئىلغار ياشلار ۋە دېموكراتىك ئىدىيىدىكى كىشىلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى. سايلام مەزگىلىدە ياشلار تەشكىلاتى كۈچنى



مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەر ساھە خەلقلىرىنى ئويغىتىپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، سايلام غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى قىلغانىدى. شۇڭا سايلامنىڭ بېشىدىلا خوتەن، قارىقاش، لوپ، كېرىيە قاتارلىق ناھىيىلەردە ئىلغار كۈچلەر ئۈستۈنلۈك قازىنىپ، سايلامغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان «سايلام ھەيئىتى» ئىچىدە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىدى. خوتەن ناھىيىسىدىكى سايلام تەييارلىق ھەيئىتى قارمىقىدا قۇرۇلغان سايلام تەشۋىقات گۇرۇپپىسىدىكى 160 نەچچە كىشى ئىچىدە ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئاساسىي گەۋدە بولغاندىن تاشقىرى، شىڭ شىسەي ۋاقتىدا شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى، ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىن، مەدەنىيەت كادىرلىرى كۇرسى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئوقۇغان، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان، ئەينى ۋاقىتتا چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن قاتارلىق كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىسىدە ئىلغار ئىدىيىنى قوبۇل قىلغان زىيالىيلار كۆپچىلىكنى ئىگىلەيتتى. «سايلام خەۋەرلىرى» گېزىتىنى مەن ۋە زۇنۇن رۇستەم بىرلىكتە ئىشلەيتتۇق.

سايلام تەشۋىقات گۇرۇپپىسى بارغانلا يېرىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى ئاممىغا يەتكۈزدى. تىنچلىق بىتىمىنى تەشۋىق قىلدى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلق ئۈستىدىكى زۇلمىنى، بەگ - بوجاڭلارنىڭ زوراۋانلىقىنى دادىل پاش قىلدى. خەلقنى بۇ قېتىمقى سايلامدا يەنە زۇلۇم - كۈلپەتكە ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئۆزى ئىشىنىدىغان ياخشى كىشىلەرنى ھاكىمىيەت بېشىغا سايلاشقا چاقىردى. سايلام تەشۋىقاتى مەزگىلىدە شەھەردىن يېزىغا قەدەر كەڭ ئەمگەكچى

خەلق زور كۆلەمدە كۆتىرىلىپ گومىنداڭغا قارشى نارازىلىق ئاۋازلىرى تېخىمۇ ياڭرىدى. پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ئىلغار، دېموكراتىك كۈچلەر ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، گومىنداڭنىڭ مەمۇري ئورۇنلىرى ۋە ئەمەلدارلىرى پالەچ هالغا چۈشۈپ قالدى. سايلام رەسمىي باشلانغاندا خوتەن ناهىيىسىنىڭ سايلام نەتىجىسى گومىنداڭچىلارنى تېخىمۇ ئالاقزادە قىلىۋەتتى. چۈنكى بۇ ناهىيىدە يېزىلاردىن سايلانغان 360 نەپەر ۋەكىل ئىچىدە ئىلغار كۈچلەر 2/3 قىسمىدىن كۆپرەكنى تەشكىل قىلغان بولسا، ناهىيىلىك كېڭەش هەيئىتىنىڭ سايلىمىدا 25 نەپەر كېڭەش ئەزاسى ئىچىدە ئىلغار كۈچلەر 21 ئورۇننى ئىگىلەپ، خوتەندىكى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ يېتەكچىسى ئابدۇقادىر هەسەن ناهىيىنىڭ هاكىملىقىغا سايلاندى.

سايلامدا ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولۇش ئالدىدا تۇرغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى هەربىي ۋە ساقچى ژاندارمىلىرىنى، كونا ئەمەلدارلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزلىرى ئىگىلەپ تۇرغان هوقۇققا تايىنىپ، خەلققە قارشى يېڭى زوراۋانلىق باشلىدى. ئۇلار خوتەن ناهىيىسىنىڭ سايلىمىدا پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغاچقا، «يۇقىرىدىن تەستىق كەلمىدى» دېگەننى باهانە قىلىپ، يېڭى سايلانغان هاكىمغا تامغىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى رەت قىلدى. قارىقاش ناهىيىسىدە بىر توپ ئىشپىيونلار ۋە لۈكچەكلەرنى قوزغاپ، ئابدۇخالىق ساقى، نەسىردىن سىدىق، مەمتىمىن توختى قاتارلىق ياشلارنى ئۇرۇپ جاراهەتلەندۈردى ۋە قانۇنسىز هالدا قولغا ئالدى. كېرىيە ناهىيىسىدە ئىمىن تۇرسۇننى «ياقا يۇرتلۇق» دەپ چەتكە قاقتى. هەرقايسى ناهىيىلەردە هەربىي



هالەت ئېلان قىلىپ، قوراللىق تەهدىت سالدى، ئىرادىلىك كىشىلەرنى باستۇردى، ئىرادىسىز كىشىلەرنى سېتىۋالدى، بۇ ئارقىلىق سايلامغا زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، خەلقنىڭ ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى سايلىۋېلىشىغا يول قويمىدى. شۇڭا خوتەننىڭ سايلام مەسىلىسىنى هەل قىلىش ئۈچۈن، شۇ مەزگىلدە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سايلام خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا كەلگەن سەيپىدىن ئەزىزى، يەكەن ۋىلايىتىگە كەلگەن بۇرهان شەهىدى 12 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى خوتەنگە كەلدى. گومىنداڭچىلار قارىقاشتا قولغا ئېلىنغان ياشلارنى تۈرمىدىن بوشىتىشقا مەجبۇر بولدى. خوتەن ناهىيىسىنىڭ سايلىمىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تامغىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. ئەمما سايلامغا نازارەت قىلىشقا كەلگەنلەر خوتەندىن قايتقان كۈنىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپلا تېخىمۇ غالجىرلىشىپ ئىنقىلابىي ياشلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلىرىنى بىر - بىرلەپ قولغا ئېلىش ئۈچۈن، پىلان تۈزۈشكە كىرىشتى. بۇ ئەهۋالدىن خەۋەر تاپقان «ياشلار تەشكىلاتى» ئىمىن ئىسلام (خوتەن دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ مۇدىرى)، ئابدۇخالىق ساقى، يۈسۈپ سەئىدى (شۇ چاغدىكى خوتەن گېزىتى ئىدارىسىنىڭ باش مۇهەررىرى) قاتارلىق كىشىلەرنى قوغداپ قېلىش يۈزىسىدىن ئۈرۈمچى ۋە قەشقەرگە يولغا سېلىۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي خوتەن هاكىمى ئابدۇقادىر هەسەن قولغا ئېلىندى. ئۇنىڭ ئارقىدىنلا گومىنداڭنىڭ خوتەندە تۇرۇشلۇق 8 - پولكى شەهەر ئىچىدە هەربىي هالەت ئېلان قىلىپ، شەهەر ۋە يېزا ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى چەكلىدى. نامازشامدىن كېيىن ئۆيدىن سىرتقا چىقىشنى مەنئى قىلدى.

قارىقاش ناھىيىسىدە قانۇنسىز «تەكشۈرۈش پونكىتى» قۇرۇپ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ باشقا ۋىلايەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. سىرتتىن خوتەنگە كەلگەن ياكى خوتەندىن سىرتقا چىقماقچى بولغانلارنى قارقاش ناھىيىسىدە تۇتۇۋېلىپ مال - مۈلكىنى بۇلىدى، بەزىلىرىنى ئۇرۇپ جاراھەتلەندۈردى ياكى قولغا ئالدى. جۈملىدىن سايلام ۋاقتىدا تەشۋىقات ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتناشقان پېشقەدەم ئارتىست ۋە ئوقۇتقۇچى ئەمەت ئۆمەر قەشقەرگە تۇغقان يوقلاشقا ماڭغاندا، قارىقاشتا تۇتۇۋېلىپ قاتتىق ئۇردى ۋە مال - مۈلكىنى بۇلىۋالدى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يەنە خەلقنىڭ دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى كوممۇنىستلار قوزغىغان، ئۇلار غەلىبە قىلسا دىنىنى يوقىتىدۇ، مەسچىتلارنى چاقىدۇ» دەپ ئىغۋا تارقىتىپ، ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى. كىمىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ھىمايە قىلغان، سايلامدا خەلق تەرىپىدە تۇرغان بولسا، ئۇنى «كوممۇنىست»، «قىزىل پاچاق»، «دەھرى» دەپ ئاتىدى. شۇ قېتىمقى سايلام تەشۋىقاتىدا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئالدىنقى قاتاردا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بوغۇپ باش ئەگدۈرۈش مەقسىتىدە، «يۇقىرىدىن پۇل كەلمىدى» دېگەن باھانە بىلەن (ئۇ چاغدا ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ مائاش سوممىسى بىۋاسىتە ئۈرۈمچىدىن ئەۋەتىلەتتى) بىرقانچە ئايغىچە مائاش تارقىتىشنى توختىتىپ قويدى.

مۇنداق ئەھۋالدا «ئىنقىلابچى ياشلار تەشكىلاتى»



ئۈرۈمچىگە مەخپىي ئادەم ئەۋەتىش ئارقىلىق گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ زوراۋانلىقىنى شىكايەت قىلغاندىن تاشقىرى، ھەر ساھەلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، نارازىلىق ئەرزلىرىنى يازدۇرۇپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى.

1947 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەر خوتەنگە كەلدى.

ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بۇ كىشىلەر بىلەن، بولۇپمۇ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن خەلق ئامىنىسىنىڭ ئۇچرىشىشىنى چەكلەش ئۈچۈن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى «قوغداش» نامى بىلەن ھەربىي ۋە ساقچى ئىشپىيونلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئەخمەتجان قاسىمى ئورۇنلاشقان ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئەتراپىنى قاتتىق كونترول قىلدى. كىچىككىنە ئىلچى بازىرى (خوتەن شەھەر رايونى) ئىككى چوڭ بۆلەككە بۆلۈندى. گۈلباغنى مەركەز قىلغان ھالدا يېڭىشەھەر رايونى گومىنداڭچىلارنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ، قۇرچاق 8 - پولك سېپىل ئۈستىگە ئەسكەر چىقىرىپ، پىلىموت، توپ، زەمبىرەكلەرنى تىكلەپ ھەيۋە قىلسا، پۇقراچە كىيىنگەن ئەسكەر ۋە ساقچى ژاندارمىلىرى بىر توپ لۈكچەكلەرنى ئارقىسىغا سېلىپ، خالىغانچە زورلۇق قىلدى؛ كونىشەھەر رايونى ۋە قىزىق دەرۋازىسى ئىلغار كۈچلەرنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ، شەھەر كوچىسى يېزىدىن كىرگەن دېھقانلار بىلەن تولغانىدى. «ياشىسۇن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى!»، «گومىنداڭنىڭ

زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرايلى» دېگەن شوئار سادالىرى ھەر تەرەپتە ياڭرايتتى. شۇ كۈنلەردە خوتەننىڭ قورچاق ۋالىيسى نۇربەگ (خې دېڭباڭ)، مۇئاۋىن ۋالىي ئەخمەتتوختى ئەلەم، خوتەن ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى روزى مەمەت بەگ (نەن شۇسەن)، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تۇرسۇنىنىياز ھاجىلار خاتەم ھاجى، قازىبەگ، ئىمىن بەگ، ئوبۇلقاسىم بەگ، زىكرۇللا بەگ قاتارلىقلارنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلار ئارقىلىق يېزىلاردىن پىچاق، چوماق بىلەن قوراللانغان ئادەملەرنى كۆپلەپ كەلتۈرۈپ، ئىلغار ياشلارنى ۋە ۋىجدانلىق كىشىلەرنى تۇتۇش، ئۇرۇپ - سوقۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى زوراۋانلىق كۈچ ئارقىلىق ئاياق - ئاستى قىلماقچى بولدى. لېكىن خەلق كۈچلىرىمۇ بوش كەلمىدى. ئۇلار ئەخمەتجان قاسىمىغا ئەرز - دات قىلىشقا ماڭغاندا، بىر تۈركۈم لۈكچەكلەر يولنى توسۇۋالغانلىقتىن، جىددىي توقۇنۇش يۈز بەردى. خەلق توپى ئەخمەتتوختى ئەلەمنىڭ سەللىسىنى تارتىۋېلىپ، چوڭ پومپىچىك خاتەم ھاجىنى ئۇرۇپ خېمىر قىلىۋەتتى، بەگلەر تەشكىللىگەن لۈكچەكلەر شايكىسىنى سۇر - توقاي قىلىۋەتتى.

ئەنە شۇنداق جىددىي بىر پەيتتە، ئەخمەتجان قاسىمى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ھەيۋىسىگە پىسەنت قىلماي، ئۇلارنىڭ سۇيىقەست قىلىشىدىن قورقماي، كونىشەھەر رايونىغا بېرىپ ئامما بىلەن بىۋاستە يۈز كۆرۈشتى. بىرمۇنچە ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلدى. شەھەردىن 8 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى پىلە - ئۈژمىچىلىك كارخانىسىغا چىقىپ ئىشچىلارنى يوقلىدى. بارغانلا يېرىدە خەلقنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ



قەيسەر روھىنى مەدھىيىلىدى، ئۇلارغا ئىلھام ۋە مەدەت بەردى.

ئۈرۈمچىدىن كەلگەن باشلىقلار قاتنىشىش بىلەن خوتەندە يىغىن ئاچماقچى بولغاندا، ئالدىن خەۋەر تاپقان گومىنداڭ دائىرىلىرى يەرلىك ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ يېڭى بىر كومېدىيە ئوينىدى. ئۇلار ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنى يېزا - يېزىلارغا ئەۋەتىپ، رايون - يېزىلاردىكى ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ ئۆز قولىدا ئىكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، بىرنەچچە ئون مىڭ چوماق ياستىپ، دېھقانلارنى چوماق كۆتۈرۈپ شەھەرگە كىرىشكە ۋە «نامايىش قىلىش» قا زورلىدى. يىغىن كۈنى كىشىلەر توپى ئىلچى بازىرىنىڭ سىرتىدىكى «راۋاق» دەپ ئاتىلىدىغان تەنتەربىيە مەيدانىغا قاراپ ئاقماقتا ئىدى. چوماقلىرىنى قارا رەڭدە بويىغان «نامايىشچىلار» 3 دىن سەپ بولۇپ، يېڭى بازاردىن شەھەرگە قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پۇقراچە كىيىنگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى، ساقچى ئىشپىيونلىرى بار ئىدى. سەپنىڭ ئالدىدا قازانداك سەللىسىنى لەپىلدەتكەن ئەخمەتتوختى ئەلەم، قوللىرىغا قامچە تۇتقان قازى بەگ، ئىمىن بەگلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى ئاتلىق كېلىۋاتاتتى. ئۇلار قامچىلىرىنى ئىشقا سېلىپ دېھقانلارنى «يوقالسۇن ئەخمەتجان»، «خوتەننىڭ سايلىمىنى ئېتىراپ قىلمايمىز» دېگەندەك ئەكسىيەتچى شوئارلارنى توۋلاشقا زورلايتتى. «نامايىشچىلار» ئارىسىغا يوشۇرۇنغان لۈكچەكلەر يول بويى ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئىلغار كىشىلەرنى ئۇرۇپ جاراھەتلەندۈردى. جۈملىدىن شۇ كۈنى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى ۋە خوتەن ناھىيىلىك سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئابلىز خۇيجاڭ، ئىلغار سودىگەر

مۇھىددىن ھاجى قاتارلىق بىرقانچە كىشى ئېغىر يارىلاندى. ئەكسىيەتچى كۈچلەر بۈگۈنكى نامايىشنىڭ ھەيۋىسىگە تايىنىپ خەلق كۈچلىرىنى بېسىپ چۈشمەكتە ئىدى.

30 مىڭ كىشىلىك چوڭ يىغىن باشلاندى. يىغىن مەيدانىمۇ ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، يىغىن سەھنىسىنىڭ ئالدىنى «نامايىشچىلار قوشۇنى» ئىگىلىگەنىدى. بىتىمنى ھىمايە قىلغۇچى كۈچلەر يىغىن مەيدانىنىڭ سول تەرىپىدە قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى، كۆرۈنۈشتە «نامايىشچىلار» كۆپ سانلىق، بىز «ئاز سانلىق» بولساقمۇ، لېكىن يېزىلاردىن مەجبۇرىي ھەيدەپ كېلىنگەن دېھقانلارنىڭ قەلبى بىزگە مايىل ئىدى. گومىنداڭچىلار خەلقنى «ئەخمەق، دۆت»، «بىز نېمىگە زورلىساق شۇنى قىلىشقا مەجبۇر» دەپ ئويلىغاچقا، ئۇلار ناھايىتى مەغرۇر ئىدى.

ئالدى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى سۆزگە چىقىپ، گومىنداڭ دېموكراتىيىسىنى سۆزلەپ، «ھۆكۈمەت سايلام مەسىلىسىنى چوقۇم كەڭ خەلقنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە ئاساسەن ھەل قىلىدىغانلىقىنى» ئېلان قىلدى. ئارقىدىن تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مەسئۇت سەبرى ئاۋاز بېرىشنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلاپ: «ئاۋۋال ئىلگىرىكى سايلام كۈچكە ئىگە دېگۈچىلەر قول كۆتۈرۈڭلار» دېدى. مەيداندا بىرنەچچە مىڭ قول ئېگىز كۆتۈرۈلدى. بۇ قوللار ئىچىدە يېزىدىن مەجبۇرىي ھەيدەپ كىرىلگەن دېھقانلارنىڭ قولى ھەممىدىن كۆپ ئىدى، «قولۇڭنى تاشلا» دېگەن ۋارقىراشلار بىلەن تەڭ بەگ، بوجاڭلارنىڭ قامچىلىرى ۋە لۇكچەكلەرنىڭ چوماقلىرى دېھقانلارنىڭ بېشىغا چۈشۈشكە باشلىدى. لېكىن



شۇنچە كۆپ قوللارنى بىر ئوچۇم كىشىلەرنىڭ زوراۋانلىقى قانداقمۇ پەسكە چۈشۈرەلىسۇن! «سايلامنى كۈچكە ئىگە ئەمەس دېگۈچىلەر قول كۆتۈرۈڭلار!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلانغاندا، خۇددى ساسلىقتا ئۈنگەن شالاڭ جىگدىدەك، ئۇ يەردە بىر قول، بۇ يەردە بىر قول كۆتۈرۈلدى. بۇلار ئاساسەن كونا ئەمەلدارلار، بەگ، بوجاڭلار ۋە «نامايىشچىلار» ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئەسكەرلەر، لۇكچەكلەر، يەر ئىگىلىرى ئىدى، مەيدان ئىچى مەسخىرە كۈلكىلىرى بىلەن تولدى.

— جاپاكەش خوتەن خەلقى! — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى سۆزگە چىقىپ، ئۇنىڭ ئاۋازى گۈلدۈرماممىدەك ياڭراپ، خەلق قەلبىنى ھاياجانغا سالدى، — سىلەر تارىختا ئەڭ كۆپ ئېزىلگەن خەلق، نامراتلىق دەردىنى ئەڭ كۆپ تارتقان خەلق، شۇڭا سىلەر ھاكىمىيەتنىڭ توغرا، ئادىل، خەلقپەرۋەر كىشىلەرنىڭ قولىدا بولۇشىغا بەكمۇ موھتاج، بىز، ئۆتكەنكى سايلامنى ھىمايە قىلىپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن قوللارنىڭ كۆپلۈكىدىن سىلەرنىڭ قەلبىڭلارنى چۈشەندۇق، خۇددى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىم كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، — دېدى ئۇ جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنىڭ سۆزىنى تەكرارلاپ، — ھۆكۈمەت سايلام مەسىلىسىنى چوقۇم سىلەرنىڭ ئاۋازىڭلار بويىچە ھەل قىلىدۇ!

ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنى تېخىمۇ ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. شۇ كۈنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆزلىرى ئويۇشتۇرغان ساختا نامايىش ئارقىلىق ناھايىتى كۆرەڭلەپ كەتكەن بولسىمۇ، مانا ئەمدى ئۇلار سۇغا چۈشۈپ كەتكەن مۈشۈكتەك سۆلىشىپ كەتتى. ئەخمەتجان ئەپەندى ۋە جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىلەر خوتەندىن قايتىپ كەتكەندىن

كېيىن، ئەكسىيەتچى كۈچلەر تېخىمۇ غالجىرلاشتى. ئۇلار بىزنىڭ ئۈرۈمچىگە ئەرز - دات قىلىشقا ئەۋەتكەن ۋەكىلىمىز ئىمىن ئىسلامنىڭ خوتەنگە قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، يەكەن ۋىلايىتىنىڭ قورچاق ۋالىيسى جۇ فاڭگاڭ ۋە پاسار بەگلەرگە مەخپىي خەت يېزىپ ئۇنى يەكەندە قولغا ئالدى. ئىمىن ئىسلام ئەسلى خوتەننىڭ تەۋەككۇل رايونىدىن بولۇپ، شىڭ شىسەي ۋاقتىدا شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنى پۈتتۈرگەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرىدە ماركسىزم - لېنىنىزم ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان ئىلغار ياش ئىدى (ئازادلىقتىن كېيىن يولداش ئىمىن ئىسلامنىڭ گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن يەكەن سېپىلى ئاستىغا تىرىك كۆمۈلگەنلىكى ئېنىقلاندى، ئۇ خوتەن خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى بولۇشقا مۇناسىپ!).

شۇ يىلى 5 - ئايدا ئەكسىيەتچى كۈچلەر خوتەندىكى ئىلغار كۈچلەرنى ئازايتىش ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن، «ياقا يۇرتلۇقلار خوتەندىن چىقىپ كەتسۇن» دېگەن ئەكسىيەتچى شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چەت ۋىلايەتلەردىن كېلىپ خوتەندە خىزمەت قىلىۋاتقان ئىلغار ياشلاردىن سىيىت توختى، مۇھەممەت خۇدابەردى، ئەزىمتى، ئابدۇرۇسۇل قاتارلىق 50 نەچچە كىشىنى خىزمەتتىن بوشىتىپ، مەجبۇرىي ھالدا ئۆز يۇرتىغا ھەيدىدى.

1947 - يىلى 5 - ئايدا گومىنداڭ دائىرىلىرى تىنچلىق بىتىمىگە خىلاپ ھالدا، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپلا، مەسئۇت سەبىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى قىلىپ بەلگىلىدى. بۇ ئىشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن بولۇپ، يۇقىرى - تۆۋەن ماسلىشىپ ھەرقايسى جايلاردا ئۆز



ئالدىغا سايلام ئۆتكۈزۈپ، ئەكسىيەتچىلىكتە ئۇچىغا چىققان بىر ئوچۇم غالچىلىرىنى تەختكە چىقاردى. جۈملىدىن جىن شۇرېن ۋاقتىدا خەنزۇچە مەكتەپتە (شۆتاڭدا) ئوقۇغان روزىمەھەممەت بەگ (نەن شۇسەن) نى خوتەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، ئوبۇلقاسىم بەگنى ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئىتىنىڭ باشلىقىغا سايلىدى. قارىقاش ناھىيىسىدە مەتقۇربان پازىل، لوپ ناھىيىسىدە ئاخۇن زاكىر ئىسمايىل خان، چىرىيە ناھىيىسىدە چوڭ ئاخۇن، نىيە ناھىيىسىدە ئابدىۋاقى قاتارلىق كىشىلەر ھاكىملىققا بەلگىلەندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەكسىيەتچىلىكتە ۋە مۇتەئەسسىپلىكتە ئۇچىغا چىققان قارا قورساقلار بولۇپ، گومىنداڭچى خوجايىنلار قاياققا يېتىلىسە شۇياققا چاپاتتى، خەلقنىڭ غەم - قايغۇسى ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى تىنچلىق بىتىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، زورلۇق - زوراۋانلىقىنى كۈچەيتكەنسېرى خەلقنىڭ قارشىلىقى شۇنچە ئۇلغايدى. 1947 - يىلى 7 - ئايدا تۇرپان، پىچان، توقسۇن دېھقانلىرى گومىنداڭغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى تۇرپان خەلقى ئۈستىدىن ۋەھشىلەرچە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپلا قالماي، شىنجاڭ بويىچە كەڭ كۆلەمدە ئاق تېررورلۇق يۈرگۈزۈپ، ئىنقىلابىي كۈچلەرنى ۋە ئىلغار ئىدىيىدىكى كىشىلەرنى باستۇردى. شۇ يىل 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى (ھىجرىيە كالېندارى بويىچە رامىزان ئېيى ئىدى) بىر كۈننىڭ ئىچىدىلا خوتەن ناھىيىسىدە 86 ئادەمنى قولغا ئالدى، قارىقاش، كېرىيە، گۇما، لوپ قاتارلىق ناھىيىلەردىمۇ 150 دىن ئارتۇق كىشى قاماققا ئېلىندى،

گومىنداڭ ساقچىلىرى شۇ قېتىمقى قولغا ئېلىشتا قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى بولمىغان ھوشۇر ئەيسانى كىرىيىدىن خوتەنگە ئەكىلىۋېتىپ، يورۇڭقاش دەرياسىغا كەلگەندە «قارشىلىق كۆرسەتتى» دېگەن باھانە بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئەمدىلا 24 ياشقا كىرگەن بۇ يىگىت خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئاتاقلىق ئىسكىرىپكا چېلىش ماھىرى، ئون مىڭ مېتىرلىق يۈگۈرۈشنىڭ چېمپىيونى ئىدى. ئۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى تەشۋىق قىلغانلىقى ئۈچۈن 1945 - يىلى مەن بىلەن قولغا ئېلىنىپ، تىنچلىق بىتىمىدىن كېيىن تۈرمىدىن چىققانىدى. ئۇ، جىگەرلىك يىگىت بولغاچقا، گومىنداڭ ساقچى - ژاندارمىلىرىنىڭ دېھقانلارنى بوزەك قىلىش، ئاياللارغا زورلۇق قىلىش قاتارلىق جىنايەتلىرىنى ئۇچراتقاندا بىرقانچە قېتىم ساقچىلار بىلەن ئېلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بەرگەنىدى. بىتىم مەزگىلىدە ئۇ، ئۆزىنىڭ جاراڭلىق ئىسكىرىپكىسى ۋە ياڭراق ناخشىلىرى بىلەن خەلقنى ئويغىتىش ئىشلىرىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنىدى.

خوتەن ناھىيىسىدە قولغا ئېلىنغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ كېچىسى بىر پەي ئەسكەرنىڭ قوراللىق ھەيۋىسى ئىچىدە، گومىنداڭ 8 - پولكىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، بىز قامالغان تۈرمە خوتەن سېپىلى ئىچىدىكى ھەربىي گازارمىنىڭ يېنىغا جايلاشقان بولۇپ، «قارىقاش دەرۋازىسى» تەرەپتىكى «سىنسىرە خوجام» مازىرىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى. تۈرمىدە «جىڭبىيشى» دەپ ئاتىلىدىغان 3 ئېغىزلىق تار كامېر ۋە بىر ئېغىزلىق چوڭ ئۆي بولۇپ، ئالدى تەرىپى چوشقا قوتىنى جايلاشقان باغ ئىدى. 18 - كۈنى ئەتىگەندە 26 كىشىنى تاللاپ



ھېلىقى «جىڭبىيشى» گە ئەكېلىپ قاماشتى. تۈرمە تار، كۈن ئىسسىق، قورساق ئاچ بولغانلىقى ئۈچۈن ھەددىدىن زىيادە قىينالدۇق. قامالغاننىڭ 3 - كۈنى پولكىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى ۋاڭ ئىشىكنى ئاچقۇزۇپ، 3 كامېردىكى 26 كىشىنى بىر جايغا يىغدى. «سەنلەر بىزگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، بىزنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشساڭمۇ، — دېدى ئۇ ۋارقىراپ، — لېكىن بىز سەنلەرگە تاماق بېرىشنى لايىق تاپتۇق». شۇنىڭدىن باشلاپ كۈنىگە ئىككى قېتىم تاماق بېرىدىغان بولدى. ھەر قېتىمدا 100 گراملىقتىن 2 جىڭموما ۋە بىر ساپلىقتىن قايناقسۇ بېرەتتى، ئەتىگەندە ۋە كەچتە 2 قېتىم تەرەتكە ئېلىپ چىقىدىغان بولدى.

10 - ئاينىڭ باشلىرى 8 - پولك بىزنى بىر - بىرلەپ سوراق قىلىشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن «خەۋپلىك ئۇنسۇر» دەپ ئاتالغان 26 كىشى سوراققا تارتىلدى. سوراقنى پولكىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرلىرى ۋاڭ ۋە لىيۇلار قىلدى. گومىنداڭنىڭ بىزنى قارىلايدىغان ھېچقانداق دەلىل - ئىسپاتى يوق ئىدى. پەقەت ئۇلارنىڭ ئالدىنئالا تۈزۈۋالغان 10 نەچچە سوئالى بولۇپ: «تەشكىلاتنىڭ نامى نېمە؟ قاچان قۇرۇلغان، باشلىقى كىم؟ ئاساسلىق كىشىلىرى كىم؟ سېنىڭ ۋەزىپەڭ نېمە؟ قاچان قوزغالماقچى بولغان؟» دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئىقرار قىلمىغانلارغا بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئۆزى ئېيتىپ بېرەتتى. ئەگەر ئەيىبكار بۇ جاۋابنى رەت قىلسا مۇزلۇق ئۆيگە سولاپ ئاچ قالدۇرۇش، ئالىقانغا 3 قىرلىق تاياق بىلەن ئۇرۇش، قولنى ئارقىغا قىلىپ ئېسىپ قويۇش، ھاۋا تاپان قىلىپ ئېسىپ قويۇش، تىرنىقىغا مىخ قېقىش قاتارلىق فاشىستىك ۋاستىلەر

بىلەن ئازابلاشقا ئۇچرايتتى. ئىرادىسى ئاجىزلاردىن بىرسى «قورالنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلان ئارقىلىق تەكلىماكان چۆلىگە تاشلاپ بەرمەكچى ئىدى»، دەپ ئىقرار قىلغانىكەن، كېيىن بۇ جاۋاب ھەممە كىشىنى ئىقرار قىلدۇرۇشنىڭ بىر مەزمۇنى بولۇپ قالدى. تۈرمىدە ياتقانلار ئىچىدە «ئىنقىلابچى ياشلار تەشكىلاتى» نىڭ ئەزالىرىدىن بىرقانچە كىشى بولساقمۇ، لېكىن ھېچكىم بۇ تەشكىلاتنىڭ سىرىنى دۈشمەنگە پاش قىلىپ قويمىدى. ئۇلارنىڭ قىيىن - قىستاق ئارقىلىق ئىگە بولغىنى پۈتۈنلەي يالغان جاۋابلار ئىدى، لېكىن ئۇلار مۇشۇنداق ھېچقانداق دەلىل - ئىسپاتى بولمىغان «ئىقرارنامە» لارغا ئاساسەن «خوتەن ۋىلايىتىدە قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈش ئەنزىسى» دېگەن بىرنېمىنى قۇراشتۇرۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا سىرتتىكى يالاقچىلىرىنى كۈشكۈرتۈپ «ئىسيانچىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش شىكايەتنامە» لىرىنى يازدۇرۇپ، ئەكسىلئىنقىلابىي جامائەت پىكرى توپلىدى. گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى تەشۋىقات كارنىيى بولغان ئۈرۈمچىدە چىقىدىغان «خەلق ئاۋازى» مەجمۇئەسى ۋە باشقا ئەكسىيەتچى گېزىتلەر جايلاردا قولغا ئېلىنغانلارنى «كوممۇنىستلارنىڭ قۇيرۇقى، ئۇلار بېسىقتۇرالمىسا، جاھان تىنچىمايدۇ» دەپ يېزىشتى. خوتەندىكى ئىسھاق قاتارلىقلار «تۈرپان ۋەقەسى» دېگەن سەھنە ئەسىرىنى يېزىپ چىقىپ، سەھنىلەردە قويۇش بىلەن گومىنداڭغا قارشى كۈچلەرنى «ئوغرى، بۇلاڭچى، چەت ئەلگە سېتىلغان» قىلىپ كۆرسىتىشتى. لېكىن خەلق ئاممىسىمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئۈرۈمچىگە نارازىلىق ئەرزلىرىنى يېزىپ گومىنداڭچىلارنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى پاش قىلدى



ۋە ئۇلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىغا غەزەپ - نەپرەت ياغدۇردى، تۈرمىدىكىلەرمۇ مەخپىي نارازىلىق ئەرزلىرىنى يېزىپ يۇقىرىغا يوللىدۇق.

شۇ يىلى 11 - ئايدا يۇقىرىدىن ھەربىيلەردىن تەركىب تاپقان بىر ئەنزە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى خوتەنگە يېتىپ كېلىپ قايتا سوراق باشلىدى. سوراققا يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ناھىيىلىك قورچاق ساقچى ئىدارىسىدىن سادەيىي (ئۇيغۇر)، ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ئوبۇلقاسىم بەگلەرمۇ قاتناشتى. مۇتلەق كۆپ قىسىم يولداشلار سوراق ئۈستىدە ئاتالمىش «ئىسيان كۆتۈرۈش ئەنزىسى» نىڭ پۈتۈنلەي يالغانلىقىنى پاش قىلدى. ئىلگىرى قىيىن - قىستاق ئاستىدا ئىقرار قىلغانلارمۇ ئىقرارنامىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ھېچقانداق دەلىل - ئىسپاتى بولمىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى 1947 - يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1948 - يىلىنىڭ 9 - ئايلىرىدا قاماقتىكىلەرنى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ، تۈرمىدىن بوشىتىشقا مەجبۇر بولدى.

1949 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى غەربىي شىمال رايونىغا قاراپ چوڭ يۈرۈش باشلىدى. گومىنداڭ ئارمىيىسى تەرەپ - تەرەپتە مەغلۇپ بولۇپ، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن خوتەندىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر خۇددى بېشى ئۈزۈلگەن يىلاننىڭ قۇيرۇقى ھەرىكەتتىن توختىمىغاندەك، ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى توختاتمىغانىدى. 1948 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن ۋالىي سايلىمىدا روزى مەھەممەت بەگ (نەن شۇسەن) ۋالىيلىققا، ۋاڭ جاۋجى مۇئاۋىن ۋالىيلىققا سايلانغاندىن كېيىن، ئۇلار تېخىمۇ

كۆرەڭلەپ كەتتى. ۋاڭ جاۋجى گومىنداڭ «جۇڭتۇڭ سىستېمىسى» نىڭ ئىشپىيونى بولۇپ ھەم جاھىل، ھەم ھىيلىگەر ئىدى، روزى مەھەممەت بەگ گەرچە ۋالىي بولسىمۇ، ئۇنىڭ تىزگىنى ۋاڭ جاۋجىنىڭ قولىدا ئىدى. ۋاڭ جاۋجىنىڭ پىلانلىشى بىلەن 1949 - يىلى 6 - ئايدا خوتەندە «ياشلارنىڭ جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش ئىدارىسى» (قىسقارتىلغان ئىسمى ياشلار جەمئىيىتى) قۇرۇلدى. بۇ ئورۇننىڭ كونكرېت خىزمىتى ياشلار ئىچىدە گومىنداڭ تەشۋىقاتىنى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم «پەننىي مۇزاكىرە يىغىنى» دېگەن نام بىلەن دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزۈلەتتى. 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن بىرىنچى قېتىملىق يىغىندا 8 - پولك كوماندىرى لۇ گۇاڭيۇەن ۋەزىيەت ھەققىدە دوكلات بېرىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ «غەلىبە» قىلىشىدىن ئىبارەت سەپسەتىسىنى بازارغا سالدى. ئۇ: «گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئامېرىكىدەك كۈچلۈك ئارقا تىرەككە، سان جەھەتتىن ئۈستۈن بولغان قوراللىق كۈچكە ئىگە، بىز چوقۇم غەلىبە قىلىمىز، كوممۇنىستلار چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ» دەپ كاپشىدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا يەكەندىكى 4 - ئاتلىق بىرىگادىنىڭ 7 - پولكى پولك كوماندىرى خۇڭ فادۇڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىرىگادا كوماندىرى تاڭ جىڭرەننىڭ ئەسكەرلەرنىڭ ھەربىي تەمىناتىغا خىيانەت قىلىپ، ئۆزىنى بېيىتقانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈلگەنىدى. بۇ چاغدا خوتەندە لۇ گۇاڭيۇەن، ۋاڭ جاۋجى قاتارلىق ئەكسىيەتچىلەر كۆرۈنۈشتە «يەكەن ئىسيانىدىن مۇداپىئە كۆرۈش» دېگەننى باھانە قىلىپ، ئەمەلىيەتتە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە



قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن، ھەرقايسى ناھىيىلەردە «ئۆز - ئۆزىنى قوغداش ئەترىتى» دېگەن بىر نىمىلەرنى تەشكىل قىلىپ، ئۆزىنىڭ قول - چوماقچىلىرىغا ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ باردى. ئۇلار خوتەندە دارىلمۇئەللىمىن ۋە سانائەت مەكتىپى قاتارلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى بۇ ئەترەتنىڭ تەلىم - تەربىيە ئوبيېكتى قىلماقچى بولسىمۇ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى.

شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا، خوتەن تېلېگراف ئىدارىسى ۋە سانائەت مەكتىپى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئابدۇراخمان پازىل، سەيدىۋاققاس، رىن خىن قاتارلىق يولداشلار خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭ چېگرىسىغا يېقىنلىشىپ قالغانلىقى، گومىنداڭنىڭ ھالاك بولۇش ۋاقتى ئاز قالغانلىقى ئۈستىدە ئۆز ئارا پاراڭ سېلىشقانلىقى ئۈچۈن، مۇنداق خەۋەرلەرنىڭ جەمئىيەتكە تارقىلىپ كېتىشىدىن ئۆلگۈدەك قورققان 8 - پولك ئەتىسىلا ئۇلارنى قولغا ئېلىپ ھەربىي تۈرمىگە قامىدى.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقى ئاللىقاچان تېلېگرامما ئارقىلىق تۆۋەنگە ئۇقتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭنىڭ خوتەندىكى جاھىل مۇرتىلىرى بۇ خەۋەرنى بىر مەزگىل قامال قىلىۋېلىپ، ئاممىغا ئۇقتۇرمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىۋاتقاندا، چەت ئەلگە قېچىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن يولغا چىققان ما بۇفاڭنىڭ ئادەملىرى ۋە پانتۈركىست تەرەپدارلىرى 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا توپلانغانىدى،

مەمتىمىن بۇغرانىڭ ئايالى ئامىنىخان ھاجى، قۇربان قۇداي قاتارلىقلار خوتەنگە كېلىپ، بىر تەرەپتىن كىشىلەرنى چەتكە قېچىشقا قۇتراتسا، يەنە بىر تەرەپتىن: «بىز كۆپ بولسا بىر يىل، بولمىسا 6 ئايدىن كېيىن قايتىپ كېلىمىز، كوممۇنىستلار ئۇزۇن ـ كېسىل مەغلۇپ بولىدۇ» دېگەن ئىغۋالارنى تارقاتتى. گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ۋە بەگ ـ بوجاڭلارمۇ تەرەپ ـ تەرەپتە قۇتراپ يۈرۈپ: «كوممۇنىستلار كەلسە دىنىنى يوقىتىدۇ، ئازادلىق ئارمىيە خوتۇن ـ قىزلارنى مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا ئالىدۇ»، دەپ ئىغۋا تارقىتىشتى.

گومىنداڭنىڭ خوتەندىكى جاھىل كۈچلىرىنىڭ ئازادلىق خەۋىرىنى قامال قىلىۋالغانلىقى ۋە ئۈزلۈكسىز ئىغۋا تارقىتىشىغا چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى. شۇڭا خوتەندىكى ئىلغار ياشلار خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە يىغىلىپ، «ئازادلىق ئارمىيىنى كۈتۈۋېلىش تەشۋىقات ئۆمىكى» نى قۇردۇق، بۇ ئۆمەكنىڭ تەشۋىقات چىقىمىغا ۋاڭ جاۋجى، روزى مەھەممەت بەگلەر ياردەم بېرىشنى رەت قىلدى. بۇ چاغدا ۋىلايەتلىك باج ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابلىمىت موللايوف ئەكسىيەتچى كۈچلەردىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، بىزنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەمىنلىدى. تەشۋىقات ئۆمىكى 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەنتەنىلىك تەبرىك يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلىدۇق، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تېلېگرام يوللاپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى ئالقىشلىدۇق. شۇ كۈندىن باشلاپ بىزنىڭ تەشۋىقات گۇرۇپپىمىز بازار كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ ۋە يېزىلارغا چىقىپ شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى ئاممىغا



يەتكۈزۈپ، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ئىغۋالىرىغا رەددىيە بەردۇق، بىزنىڭ بۇ ھەرىكىتىمىزگە ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق قارشىلىق كۆرسىتىشكە پېتىنالمىغان ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئىلغار كۈچلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن «خوتەن ئىنقىلابىنى ئالغا سۈرۈش ئۇيۇشمىسى» دېگەن بىرنېمىنى تەشكىل قىلىپ، بىزگە: «قاتناشقانلار ئازادلىق ئارمىيە كەلگەندىن كېيىن مۇھىم رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا كۆتۈرۈلىدۇ» دەپ تەشۋىق قىلىشتى، ۋاھالەنكى، بۇ ئۇيۇشمىنىڭ ئاساسلىق ئۇنسۇرلىرىدىن بىرى ئۆزىنى «پىشقەدەم مائارىپچى» دەپ ئاتىۋالغان لوزىفاڭ، بىرى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ مۇدىرى يۈەن گۇ ئىدى. لوزىفاڭ 1945 ـ يىللىرى خوتەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، 1946 — 1948 ـ يىللىرى گومىنداڭنىڭ خوتەن ۋىلايەتلىك پىرقىسىنىڭ شۇجىجاڭى، ئۇنىڭدىن كېيىن ۋالىي مەھكىمە مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغانىدى. ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى قىياپىتى ھەممكە كىشىگە ئايان ئىدى. ئىمىن ئىسلامنىڭ يەكەندە ئۆلتۈرۈلۈشىدىمۇ ئۇنىڭ قولى بار ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ «ئىنقىلابنى ئالغا سۈرۈش ئۇيۇشمىسى» دەسلەپتە بىر قىسىم كىشىلەرنى قايمۇقتۇرالىغان بولسىمۇ، كېيىن ئۇزۇن ـ كېسىل مەغلۇپ بولدى. ۋەزىيەتنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بارغانسېرى قولايسىزلىقىنى ھېس قىلغان ۋاڭ جاۋجى بىر دوملاپلا «تەشۋىقاتچى» بولۇپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنى بىزگە چۈشەندۈرمەكچى بولدى.

بىزنىڭ تەشۋىقات ئۆمىكىمىزنىڭ پائالىيىتى بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. خەلق تۆت كۆزى بىلەن خەلق ئازادلىق

ئارمىيىسىنىڭ خوتەنگە بالدۇرراق يېتىپ كېلىشىنى كۈتەتتى. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئەزەلدىن بىز بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كەلگەن شورۋاغلىق مەتتۇردى بەگ بىزگە باشقىلاردىن ئۇققان مەخپىي خەۋەرنى — «ئاخشام لۇ گۇاڭيۈەن، ۋاڭ جاۋجى، روزى مەھەممەت بەگ، نۇر بەگ، قازبەگ، ئىمىن بەگ قاتارلىق ئەكسىيەتچىلەر 8 ـ پولكتا مەخپىي يىغىن ئۆتكۈزۈپ تەشۋىقات گۇرۇپپىسىنىڭ ئاساسلىق ئادەملىرىنى سۈيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرمەكچى» بولغانلىقىنى، ئازادلىق ئارمىيە كەلگەندە «بۇلار مىللەتچىلەر بولغىنى ئۈچۈن ئازادلىق ئارمىيىنىڭ خوتەنگە كېلىشىگە قارشى تەشۋىقات قىلدى. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن خەلق ئۇلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى» دەپ قۇتۇلماقچى بولغانلىقىنى يەتكۈزدى.

بىز شۇ كۈنى كېچىسى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە يىغىلىپ، جىددىي تەييارلىق ۋە ھوشيارلىق ئىچىدە تاڭ ئاتقۇزدۇق، ئەتىسى ئەتىگەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 15 ـ پولكىنىڭ جاڭ تۈەنجاڭ باشچىلىقىدىكى ئالدىن يۈرۈش قىلىش قىسمى خوتەنگە كەلدى. دېمەك، ئۇلارغا ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شۇ كۈنى خوتەنگە كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر قىلىنغاچقا، ئۆز سۈيىقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانىكەن.

12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى خوتەن تارىخىدا يېڭى سەھىپە باشلاندى. ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرى خۇشال ـ خۇراملىقتا چۆمدى. ليۇفاشۇ تۈەنجاڭ، سىياسىي كومىسسار خۇاڭ چىڭ باشچىلىقىدىكى 15 ـ پولك جەڭچىلىرى تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئاقسۇدىن خوتەنگە كېلىدىغان جاڭگال يولى



«خوتەن قېيىسى» ئارقىلىق 20 نەچچە كۈنلۈك يولنى پىيادە بېسىپ خوتەنگە يېتىپ كەلدى، شۇ كۈنى تەشۋىقات ئۆمىكىمىزنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 10 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت خەلقى داقا ـ دۇمباقلارنى ياڭرىتىپ، شەھەردىن 10 نەچچە يول يىراقلىقتىكى قۇشكۆلگە چىقىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى كۈتۈۋالدى.

ئەتىسى ئېچىلغان ئازادلىق ئارمىيىنى قارشى ئېلىش چوڭ يىغىنىدىن كېيىن، بىزنىڭ نامايىش قوشۇنىمىز ۋاڭ جاۋجى، روزى مەھەممەت بەگ، نۇر بەگلەرنى ئۆيىدىن سۆرەپ چىقىپ، كوچا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىش بىلەن ئارمىيە شتابىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

مېنىڭ بۇ ئەسلىمىلىرىمنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى خوتەندە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرەلمەسلىكى تەبىئىي، شۇنداقلا ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەچكە بەزى نۇقسانلاردىن خالىي ئەمەس، شۇڭا باشقا يولداشلارنىڭ تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# چىرىيە يېزىسى ۋەقەسى توغرىسىدا

## تىلىۋالدى ھوشۇر

چىرىيە يېزىسى (ھازىرقى چىرىيە ناھىيىسىنىڭ چىرىيە يېزىسى) كېرىيە ناھىيىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا 900 دىن كۆپ ئائىلە بار ئىدى. شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ئۇ كېرىيە ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئاساسلىق بىر بازار بولۇپ، رۇسىيە سودىگەرلىرى سودا - سېتىق قىلىدىغان رايونلارنىڭ بىرسى ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى رۇسىيە سودىگەرلىرى ئىككى مىڭ 493 ئائىلە بولۇپ ①، ئۇلار كۆرۈنۈشتە سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللانسىمۇ ئەمەلىيەتتە بىر تەرەپتىن، كونسۇللۇق ۋەزىپىسىنى ۋەكالىتەن بېجىرىپ شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاخبارات توپلاپ جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. سىيىت ھاجى كۆرۈنۈشتە سودىگەر، ئەمەلىيەتتە چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ جاسۇسى ئىدى ②. ئۇ چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى سوكوفنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە كېرىيە، چىرىيە قاتارلىق جايلاردا روسىيە گراژدانلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى رۇسىيە گراژدانى بولۇشقا دەۋەت قىلىشتا، ئالدى بىلەن رۇسىيە گراژدانى بولۇشنى خالايدىغانلار ھەممىدە پاسپورت ئېلىپ بولغانلارنىڭ ئالۋاڭ - ياسىقىنى كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىنى، شۇ



قاتاردا روسىيىنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدە ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن قىلىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئۇ، چىرىيە يېزىسىدا سۇ قىس شارائىتتىن پايدىلىنىپ، روسىيە گراژدانى بولغانلارغا سۇنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ. ئۇ يەنە ئاشكارا ھالدا ئېلان چىقىرىپ: «جۇڭگونىڭ ھازىرقى ھالى خاراب، ئۇيغۇرلار روسىيە تەرەپكە ئۆتىدىغان بولسا پايدا كۆپ»، دەپ جاكارلايدۇ. سىيىت ھاجى روسىيە گراژدانى بولۇشنى رەت قىلغانلارنى ھەر خىل ۋاسىتىلەر بىلەن قورقىتىدۇ، باغلايدۇ، ھەتتا ئۇرىدۇ. مەھەممەت توختى قاتارلىق ئۈچ كىشى روسىيە گراژدانى بولۇشنى رەت قىلغانلىقتىن قاتتىق ئۇرۇلۇپ، 15 كۈن قاماقتا ياتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا چىرىيىنىڭ تۆۋەن ئۆستەڭدىن سۇ ئىچىدىغان 130 ئائىلىلىك دېھقان مەجبۇرىي ھالدا روسىيە گراژدانى بولىدۇ. لېكىن چىرىيە يېزىسىدىكى خەلق ئۆز ۋەتىنىنى سۆيگەچكە، سىيىت ھاجىنىڭ ئالدامچىلىقى ۋە تەھدىتىگە پىسەنت قىلمايدۇ. ئۇلار يەرلىك ئەمەلدار سۇپۇرگە ئاخۇننىڭ باشچىلىقىدا چىرىيە، توپا قاتارلىق جايلاردا سىيىت ھاجىنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى دەلمۇدەل كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، سىيىت ھاجىنىڭ چىرىيە، توپا قاتارلىق جايلاردا روسىيە گراژدانى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يول قويمايدۇ.

1912 - يىلى 2 - ئايدا، سىيىت ھاجىنىڭ چىرىيە ئۆستىڭىنىڭ سۈيىنى ئىگىلىۋالغانلىقى دېھقانلارنىڭ چەكسىز غەزىپىنى قوزغاپ، كېرىيە ئامبىلىغا سىيىت ھاجى ئۈستىدىن ئەرز خەت سۇنىدۇ. لېكىن سىيىت ھاجى جىنايىتىنى ئىقرار قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ، يۈزدىن ئارتۇق «روسىيە گراژدانى» نى باشلاپ ياملۇغا بېسىپ كىرىپ، ئامبالغا تەھدىت سالىدۇ. لېكىن ئامبال ھەققانىيەت تەرەپتە تۇرۇپ، سىيىت ھاجىنى تۇتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چىرىيە يېزىسى خەلقى تۇنجى غەلىبىگە ئېرىشىدۇ. سىيىت ھاجىنىڭ

تۇتۇلغانلىقىنى ئاڭلىغان سوكوف، مۇئاۋىن كونسۇل بىرونوسنى كېرىيىگە ئەۋەتىدۇ. بىرونوس ئامبالغا بېسىم ئىشلىتىپ سېيىت ھاجىنى قەشقەر كونسۇلخانىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا قايتۇرۇپ كېتىدۇ. 5 ـ ئايدا كونسۇلخانا «گوۋاھ ـ ئىسپات تولۇق ئەمەس» دېگەننى باھانە قىلىپ، سېيىت ھاجىنى قويۇپ بېرىدۇ. دەل بۇ چاغدا قەشقەردىكى گىلاۋخويى ئىلىدىكى قوزغىلاڭنىڭ تەسىرى بىلەن، 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى قەشقەرگە دوتەي بولىدىغان يۈەن خوڭيۇنى ئۆلتۈرۈپ، قەشقەرنى ئىگىلەيدۇ. بۇنداق جىددىي ھالەتنى كۆرگەن سېيىت ھاجى يەنە چىرىيە يېزىسىغا كېلىدۇ. ئۇ يېزا ئاغزىغا كەلگەندە چاپارمەنلىرى سەپ بولۇپ قارشى ئالىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى سېيىت ھاجى يەنە سۈنى ئىگىلىۋېلىپ، ئامىنى ئۇرىدۇ. بۇ چاغدا چارروسىيە قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنى ۋە روسىيە سودىگەرلىرىنى قوغداش باھانىسى بىلەن قەشقەرگە ئەسكەر كىرگۈزىدۇ. سېيىت ھاجى بۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىدۇ. ئۇ قەشقەردىكى كونسۇلخانىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، روسىيە گراژدانىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، خەلققە مەجبۇرىي ھالدا يوقىرى باھادا پاسپورت سېتىپ بېرىدۇ. پاسپورت سېتىۋېلىشنى رەت قىلغانلارنى ئۇرىدۇ، قامايدۇ. نەتىجىدە سېيىت ھاجى بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ، خەلق يەرلىك ھۆكۈمەتكە سېيىت ھاجى ئۈستىدىن يەنە ئەرز قىلىدۇ. بۇ چاغدا قەشقەرنى ئىگىلەپ تۇرغان گىلاۋخوينىڭ كاتتىبېشى بېيەن يوڭفۇ، ۋىي دېشى قاتارلىقلار چىرىيە يېزىسى خەلقىنىڭ كۈرىشىگە ھېسداشلىق قىلىپ ۋە قوللاپ، يەكەندىكى سەنجاڭ، شيۇڭ گاۋشىڭ ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى جاۋ داشاڭ قاتارلىقلارنى كېرىيىگە سېيىت ھاجى دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. شيۇڭ گاۋشىڭ بىر ۋەتەنپەرۋەر ھەربىي ئەمەلدار



بولۇپ، مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن ئىقتىدارلىق كىشى ئىدى. ئۇنىڭ كېرىيىگە بېرىشى، يەرلىكتىكى خەلقنىڭ روسىيىگە قارشى كۈرىشىگە زور ئىلھام بولىدۇ. لېكىن سېيىت ھاجى بىرونوسنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن قول ئاستىدىكى 100 دىن ئارتۇق «روسىيە گراژدانى» نى قوراللاندۇرۇپ، قېيىنئاتىسى ئابلىز قارىنىڭ قورۇسىنى بازا قىلىپ، روسىيە بايرىقىنى ئۆگزىسىگە چىقىرىپ، شيۇڭ گاۋشىڭ بىلەن ئېلىشىشقا تەييارلىنىدۇ.

6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى شيۇڭ گاۋشىڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېرىيەدىن چىرىيىگە كېلىپ، سېيىت ھاجىنى سوراق قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. لېكىن سېيىت ھاجى قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن چىرىيە يېزىسى خەلقى، سوپۇرگە ئاخۇننىڭ باشچىلىقىدا سېيىت ھاجى ئىگىلەپ ياتقان قورۇنىڭ ئارقا تېمىغا يىغىلىپ، قورۇنى قورشايدۇ. شيۇڭ گاۋشىڭمۇ جۇ شۇتاڭ قاتارلىق بىرنەچچە ئەسكىرىنى ئەۋەتىدۇ. سېيىت ھاجى ئاشكارا قورال چىقىرىپ، جۇ شۇتاڭ بىلەن بىر ئەسكەرنى ۋە بىر پۇقرانى نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ، بىر كىشىنى ياريدار قىلىدۇ. سېيىت ھاجىنىڭ بۇ خىل زوراۋانلىقىنى كۆرگەن ئامما غەزىپىنى باسالماي، 29 ئېغىزلىق چوڭ قورۇغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. سېيىت ھاجى ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئايالچە ياسىنىپ، يېرىم كېچىدە بىرنەچچە چاپارمەنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قەشقەرگە قېچىپ كېتىدۇ. قاچالمىغان چاپارمەنلەر ۋە مىللىي مۇناپىقلار ئوتتا كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا غەزەپلەنگەن ئامما يەنە روسىيىنىڭ چىرىيىدە قانۇنسىز قۇرغان «ئاقساقاللار جەمئىيىتى» نى پاچاقلاپ تاشلايدۇ ھەم روسىيىنىڭ ئاتالمىش «روسىيە گراژدانلىرى خانىقاسى» نى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.

چىرىيە يېزىسى ۋەقەسىدىن كېيىن روسىيە كونسۇللىرى

ھەقىقىي پاكىتنى بۇرمىلاپ، چېرىيىلىكلەر سىيىت ھاجىنىڭ ئائىلىسى ۋە 100 دىن ئارتۇق ئادىمىمىزنى كۆيدۈرۈۋەتتى، دەپ يالغان سۆزلەيدۇ. ئارقىدىنلا «روسىيە گراژدانلىرىنى قوغداش» نىقابى ئاستىدا قەشقەردىكى ئەسكىرىنى كۆپەيتىپ 500 گە يەتكۈزۈپ، قەشقەر دوتىيىنىڭ چېرىيە يېزىسى ۋەقەسىنى روسىيىلىكلەرنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ھەل قىلىشى ھەققىدە تەھدىت سالىدۇ. سوكوف يەنە 200 دىن ئارتۇق كازاك قوشۇننى قوراللاندۇرۇپ، چېرىيىگە بېرىپ ئىنتىقام ئالىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالىدۇ. سوكوف 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا روسىيىنىڭ پېيجىڭدىكى ئەلچىسى ئارقىلىق يۇەن شىكەيدىن شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ ئۆزرەخاھلىق ئېيتىشىنى، بۇيرۇشنى ھەمدە قاتىلنى تۇتۇپ، زىياننى تۆلىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەتتا ئۇ، روسىيە تەرەپ چېرىيە يېزىسى ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، دەيدىغان بىمەنە تەلەپنىمۇ تەپ تارتماستىن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يۇەن شىكەي ۋەكىللىكىدىكى شىمالىي مىللەتچىلىك ھۆكۈمىتى چاررۇسىيىنىڭ بېسىمىغا تىز پۈكۈپ، «چېگرا رايونىدا چاتاق چىقماسلىقى كېرەك» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ھەم چاررۇسىيىنىڭ «ئەيۋ سوراش، قاتىلنى جازالاش، زىياننى تۆلەپ بېرىش» شەرتلىرىگە ماقۇل بولۇپ، شىنجاڭنىڭ دوتىيى ياڭ زېڭشىنغا تېلېگرامما بېرىپ، دەرھال تەكشۈرۈپ قاتىلنى تۇتۇپ قاتتىق جازالاشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. ئۇ يەنە شۇ يىلى 8 - ئايدا ياڭ زېڭشىنغا روسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىغا بېرىپ ئەيۋ سوراشقا ھەمدە خوتەننىڭ دوتىيى تاڭ يېجۈڭ، كېرىيە ئامبىلى شىن يوڭچىنىڭ مەنسىپىنى ئېلىۋېتىشكە، شيۇڭ گاۋشىڭ، جاۋ داشىڭ قاتارلىقلارنى تۇتۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ.

چاررۇسىيە يۇەن شىكەينىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، بوزەك قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەسكىرىنى داۋاملىق



كۆپەيتىدۇ. 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى 800 دىن ئارتۇق روسىيە ئەسكىرى ئۈچ چوڭ زەمبىرەك ۋە باشقا قورال - ياراغلار بىلەن كېلىپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىنى ئاشكارا پارتىلىتىپ، شەھەر ئىچىگە كىرىپ ئىغۋاگەرچىلىك قىلىدۇ. يەنە شۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا چاررۇسىيە ئەسكىرىنى كۆپەيتىپ، قەشقەر رايونىغا تاجاۋۇز قىلىدۇ. سوكوف بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا ماتېرىيال توپلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە چېرىيە يېزىسى ۋەقەسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. 9 - ئايدا چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى بىرونوس 25 نەپەر ئەسكىرىنى باشلاپ، خوتەن، چېرىيە، كېرىيە قاتارلىق جايلارغا ئىككى قېتىم بېرىپ «تەكشۈرۈش» ئېلىپ بېرىپ، يالغان ماتېرىيال ئويدۇرۇپ چىقىرىدۇ. ئۇلار ئۆز ئالدىغا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان مەزگىللەردە، پۇقرالارنى خالىغانچە سوراق قىلىپ، سىيىت ھاجىنىڭ جىنايى ماتېرىياللىرىنى يوقىتىۋېتىدۇ، ھەتتا تەكشۈرۈش باھانىسى بىلەن خالىغانچە ئادەم تۇتۇپ، جىنايى بەدنام چاپلايدۇ. ئىككى نەپەر ھەربىي ئەمەلدارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 36 نەپەر ئادەمنى جىنايەتچى قىلىپ، قەشقەرگە يالاپ ئېلىپ بارىدۇ. تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، بىرونوس تېخىمۇ غالجىرلىشىپ كېرىيە ياملىنىڭ ئاشلىق ئامبىرىغا ئوت قويۇۋېتىدۇ.

يۇەن شىكەي ھۆكۈمىتى چاررۇسىيىنىڭ زوراۋانلىقىغا قارىتا تاقابىل تۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى تەسلىم بولۇش، يول قويۇش يولىنى تۇتىدۇ. ياڭ زېڭشىن بۇنى سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، كېرىيە ئامبىلىغا بىرونوسنىڭ كېرىيىدە «تەكشۈرۈش» ئېلىپ بېرىشىغا ياردەملىشىشى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. يۇەن شىكەي ياڭ زېڭشىنغا شيۇڭ گاۋشىڭنى تۇتۇپ تەكشۈرۈشنى ئىلان قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن مەزگىللەردە

گۇما، قاغىلىق، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى ۋەتەنپەرۋەر خەلق تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، شيۇك گاۋشىڭنى قارشى ئالىدۇ. لېكىن بىرونوس «تەكشۈرۈش» ئېلىپ بارغاندا، خەلق ئۇنىڭغا ئاشكارا قارشى چىقىدۇ. يەكەن ئامبىلى بىرونوسنىڭ قوپاللىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، كۈتۈۋالمايدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. قەشقەردىكى ۋەتەنپەرۋەر گېلاۋخۇي ئەزالىرى ۋە قوراللىق كۈچلەر قەشقەردە نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈپ، چارروسىيە بىلەن ئاداققىچە ئېلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ.

ياڭ زىڭشىن جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ چارروسىيىگە قارشى كۈرەشنى قوللاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە يۇەن شىكەينىڭ ئىرادىسى بويىچە چارروسىيە بىلەن ئاپاق - چاپاق بولىدۇ. ئۇ 10 - ئايدا چىرىيە ۋەقەسىدە خەلق تەرەپتە تۇرغان بىيەن يۇڭدى، ۋېي دېشى قاتارلىق ھەربىي ئەمەلدارلارنى يەكەندىن قەشقەرگە يۆتكەپ كېلىدۇ. يۇەن شىكەي، ياڭ زىڭشىن قاتارلىقلارنىڭ تەسلىمچىلىك بىلەن يول قويۇشى ئارقىسىدا سوكوف خىلمۇخىل بىمەنە شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ: «روسىيە تەرەپ بۇ ۋەقەنى تەكشۈرگەنىكەن، روسىيە تەرەپ ئەلۋەتتە بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك»، دەيدۇ. نەتىجىدە چىرىيە يېزىسى ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئارقىغا تارتىلىپ كېتىدۇ. سوكوف يەنە چىرىيە يېزىسى ۋەقەسى ئۆزلىرىنىڭ شەرتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنمايدىكەن، زۆرۈر تېپىلغاندا ئەسكەر ئارىلاشتۇرىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. يۇەن شىكەي ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ياڭ زىڭشىننىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، ياڭ زەنشۇنى قەشقەرنىڭ دوتىيى، قوشۇمچە تاشقى ئىشلار ۋەكىلى قىلىپ چىرىيە يېزىسى ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتىدۇ.

1913 - يىلى 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى. ياڭ زەنشۇ ئىلىدىن قەشقەرگە كېلىپلا سوكوف بىلەن ئىككى نۆۋەت سۆھبەت



ئۆتكۈزىدۇ. سۆھبەتتە ياڭ زەنشۇ تۆت تۈرلۈك پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: ① دۆلەتكە زىيان يەتكۈزمەسلىك، ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىش؛ ② چارروسىيە قەشقەردىكى قوشۇنىنى چېكىندۈرۈش، چارروسىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى ۋە چارروسىيە سودىگەرلىرىنى جۇڭگو تەرەپ قوغداش؛ ③ چىرىيە يېزىسى ۋەقەسىنىڭ باش جىنايەتچىسى سېيىت ھاجىنى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇش؛ ④ چارروسىيىنىڭ شىنجاڭدا روسىيە گراژدانىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يول قويماسلىق. ياڭ زەنشۇنىڭ بۇ تۆت پرىنسىپى مەسىلىسىنىڭ ئەجەللىك يېرى بولۇپ، ئىككى تەرەپ سۆھبەت جەريانىدا كەسكىن بولغانلىقتىن، سۆھبەتتىن ھېچ نەتىجە چىقمايدۇ. بۇنداق ۋەزىيەتتە ياڭ دوتەي ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كاتتىباشلىرى يىغىنىنى ئېچىپ، تاقابىل تۇرۇشنى مەسلىھەتلىشىدۇ. ئۇ يەنە ئىلىدىن ئېلىپ كەلگەن 400 كىشىلىك قوشۇننى تايانچ قىلغان ھالدا قەشقەر، خوتەن، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى نەچچە يۈز ئاممىنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىپ، قىسقا مۇددەت تەربىيىلەپ، قورال تارقىتىپ، چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىنىدۇ. سوكوف قەشقەردە جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى كۆرۈپ، پوزىتسىيىدە بىر ئاز يۇمشايدۇ - يۇ، لېكىن نىيىتىدىن يانمايدۇ.

1913 - يىلى 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، چىرىيە ۋەقەسى توغرىسىدىكى سوت قەشقەردە ئېچىلىدۇ. سوت باشلانماي تۇرۇپ، سوكوف كونسۇل سالاھىيىتى بىلەن سوتتا ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلەپ، بۇ ۋەقەگە ئۆزى ھۆكۈم قىلماقچى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا پەقەت ئەرز قىلغۇچى سۈپىتىدە سوتقا قاتنىشىدۇ. يەنە 26 نەپەر ئاتالمىش «روسىيە گراژدانى» مۇ ئەرز قىلغۇچى سۈپىتىدە سوتقا قاتنىشىدۇ. ۋەتەنپەرۋەر ھەربىي

ئەمەلدار شيۇڭ گاۋشىڭ شۇنىڭدەك تاڭ يىجۇڭ ۋە چىرىيە يېزىسىدىكى 36 نەپەر ئامما «جاۋابكار» ئورۇندا تۇرىدۇ. سوت رەسمىي باشلانغاندا «جاۋابكار» لار سانسىز پاكىتلار ئارقىلىق سىيىت ھاجىنىڭ جىنايىتىنى پاش قىلىدۇ. بۇ چاغدا سوكوۇف پۇتى كۆيگەن توخۇدەك ئولتۇرالمايدۇ. لېكىن دەسلەپتە خەلق تەرەپتە تۇرغان ياڭ زەنشۇ بىردىن ئۆزگىرىپ، يۈەن شىكەيىنىڭ يېڭى بۇيرۇقىغا ئاساسەن، چارروسىيىنىڭ قوراللىق تەھدىتى ئاستىدىكى يولسىز شەرتلەرگە ماقۇل بولۇپ، ماھىيەت خاراكتېرلىك يول قويىدۇ. نەتىجىدە چىرىيە يېزىسى ۋەقەسى خەلقىمىزنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان ھالدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

شۇ يىلى 7 - ئايدا سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىكىدىكى 2 - قېتىملىق ئىنقىلاب پارتلايدۇ. يۈەن شىكەي ئىنقىلابنى باستۇرۇش ئۈچۈن، چارروسىيىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىپ، چارروسىيىنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇپ، ۋاڭ بىڭكۈننىڭ ③ ۋەزىپىسىنى ئېلىۋېتىدۇ. 8 - ئايدا ياڭ زەنشۇ بىلەن سوكوۇف چىرىيە يېزىسى ۋەقەسىنى بىر تەرەپ قىلىش كېلىشىمىنى تۈزىدۇ. كېلىشىمدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن تاڭ يىجۇڭ، شىن يۈچېڭنىڭ مەنسىپىنى ئېلىۋېتىدۇ. شيۇڭ گاۋشىڭغا 12 يىللىق قاماق جازاسى بېرىدۇ. جاۋ داشىڭغا ئالتە يىللىق تۇتۇپ تۇرۇش جازاسى بېرىدۇ. چىرىيە يېزىسىدىكى 36 نەپەر ئاممىغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۆت يىلدىن ئالتە يىلغىچە قاماق جازاسى بېرىدۇ. يۈەن شىكەي ھۆكۈمىتى يەنە 69 مىڭ ياماق تۆلەيدۇ. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىككى تەرەپ كېلىشىمگە رەسمىي قول قويۇپ، ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. سوكوۇف ئەسلىدە سىيىت ھاجىغا جازا بېرىشكە قوشۇلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە سىيىت ھاجى قەشقەردە «قەھرىمان» سۈپىتىدە ئەركىن يۈرىدۇ.



ئىزاھات:

① «شىنجاڭ يەرلىك تەزكىرىسى»، خەنزۇچە، 58 - سانىدىن ئېلىندى.

② سىيىت ھاجى (مىللىتى ئۆزبېك) ئەسلى خوتەن ناھىيىسىدىن بولۇپ، ئۇ 16 ياش ۋاقتىدا روسىيىگە بېرىپ ئوقۇغان ھەمدە روسىيە گراژدانلىقىغا كىرگەن. كېيىن ئۇ روسىيىدىن تۈركىيىگە بېرىپ ئوقۇغان. روسىيىدىكى ۋاقتىدا جاسۇسلۇق ئورگانلىرىدا ئالاھىدە تەلىم ئالغان. 39 يېشىدا (يەنى 1905 - يىلى) روسىيە تەرىپىدىن كېرىيىنىڭ چىرىيە يېزىسىغا روسىيە سودىگىرى سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەن. ئۇ چىرىيە يېزىسىدا بىر تەرەپتىن سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر تەرەپتىن ئاخبارات توپلىغان. ئۇ چىرىيە يېزىسىدىكى ۋاقتىدا يەرلىك چوڭ سودىگەر ئابلىز قارىنىڭ قىزى بۇۋى مەريەمنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ بىر مەزگىل ئۆي تۇتقان.

③ ۋاڭ بىڭكۈن، گېلاۋخۇينىڭ يەكەندىكى ھەربىي باشلىقى.

# ئۇيغۇر مەدەنىي خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى توغرىسىدا قىسقىچە ئەسلىمە

جۇنەيد بەكرى

30 ـ يىللار تارىختا ئاجايىپ ۋەقەلەر يۈز بەرگەن قالتىس يىللار ئىدى. بۇ مەزگىلدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەشھۇر 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغان ۋە خەلق ئازادلىق ھەرىكىتىنى باشلىۋەتكەن ئىدى. بۇ مەزگىلدە شىنجاڭدىمۇ تارىخىي خاراكتېرلىك زور تەۋرىنىش ۋە زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر (مەسىلەن، «قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى»، «12 ـ ئاپرېل ئۆزگىرىشى») يۈز بەردى ۋە بۇنىڭغا ماسلىشىپ بىر خىل يېڭىلىق پىكىر ئېقىمى ۋە مەدەنىيەت ھەرىكىتى ۋۇجۇتقا كەلدى. شۇ يىللارنىڭ باشلىرىدا ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى چاغلاردا پېشقەدەم كوممۇنىستلاردىن تىڭ دەيىۋەن، چىن يۈن، دېڭ فا، چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ، شېڭ يەنبىڭ (ماۋدۇن)، جاڭ جۇڭشى. . . قاتارلىق يولداشلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭغا كەلدى. بۇ ئىنقىلابىي پېشقەدەملەر ئېچىلمىغان بوز يەردىن ئىبارەت بۇ كەڭ رايونغا ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى چاچتى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى، بۇلارنىڭ تۈرتكىسى ۋە شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى،



ئېھتىياجى، شۇنىڭدەك تارىخىي تەرەققىياتنىڭ تەلىپى بويىچە ئەينى زاماندىكى ۋەتەن ۋە مىللەتنى سۆيىدىغان تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، يارقىن مەرىپەتچىلەر شۇ زامانلاردا دەۋران سۈرگەن زۇلۇم ـ زالالەت ۋە ئەۋھامى خۇراپاتلىققا قارشى شىددەتلىك ئوت ئېچىپ، يېڭىلىق ۋە ئىلىم ـ ئىرپانغا يۈرۈش قىلىش يولىدىكى تۈرلۈك تۇمەن توسالغۇلارنى بۆسۈپ، مەدەنىي ـ مائارىپ ئۈچۈن يېڭى يول ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن يىللار تاقىلىپ كەتكەن ئىلىم ـ پەن دەرۋازىسى ئېچىلىپ، مەدەنىي ـ مائارىپنىڭ ئويغىنىش ۋە گۈللىنىش دەۋرى باشلاندى. ئۆلكىنىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىدە ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى ــ شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى تۇنجى قېتىم قۇرۇلدى. شۇنىڭدەك ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن، گىمنازىيە مەكتەپلىرى تەسىس قىلىندى ۋە بىرمۇنچە كۇرسلار ئېچىلىپ كادىر تەربىيىلەش ئىشى باشلاندى. بۇ مەكتەپ ۋە كۇرسلارغا ئۆلكىنىڭ ھەممە يېرىدىن ۋە ھەر مىللەتتىن ئوقۇغۇچىلار كەلتۈرۈلدى. 1935 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ قەدىمىي مەدەنىي ـ مائارىپ، سودا ـ تىجارەت مەركىزىدىن بىرى بولغان قەشقەردىنلا بىرىنچى تۈركۈمدە 250 كە يېقىن ئۇيغۇر، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك ياشلىرى كېلىپ، ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە جايلاشتى. شۇنىڭدەك شۇ يىلدىن باشلاپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر ياشلىرىدىن تاللاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ 3 نۆۋەتتە 300 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى چىقىرىلدى. بۇلار مەمۇرىي، دوختۇرلۇق، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ۋە ھەربىي ساھەلەردە ئوقۇتۇلۇپ تەربىيىلەندى. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى مەدەنىي ـ مائارىپ ۋە ئالىي مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ھەممىنى ھەل قىلىدىغان كادىر مەسىلىسى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلىنىپ، مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ يەنىمۇ تېز سۈرئەت بىلەن گۈللىنىشىگە ئاساس يارىتىلدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا

ئوقۇپ كەلگەن ۋە ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ يېتىلگەن بۇ زىيالىيلار تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئېتەكلىرىدە مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئىلگىرى يۈكسىلىشىگە ئۆز تۆھپىسىنى قوشتى. كېيىن يەنى 1938 - يىلغا كەلگەندە، مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىنى تولۇقلاش يۈزىسىدىن ئۈرۈمچىدە ئالاھىدە «مەدەنىي ئالاقە جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەتكە ئىنقىلابىي ئەدىب شىن يەنبىڭ (ماۋدۇن)، جاڭ جۇڭشى قاتارلىق يولداشلار يېتەكچىلىك قىلدى، بۇ جەمئىيەت شىنجاڭنىڭ مەدەنىي - مائارىپىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا مۇئەييەن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ باردى. بۇ جەمئىيەت ئۆز قارمىقىدا ئالاھىدە مەدەنىي كادىرلار يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت سېپىنى يېڭى، ياش كادىرلار بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭدەك ھەر مىللەتنىڭ مەدەنىي خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىغا مەلۇم ۋاقىت يېتەكچىلىك قىلدى.

1934 - يىلىدىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنلا شىنجاڭدا ھەممە مىللەتنىڭ مەدەنىي خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلغان ئىدى، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ئاساسىي مىللەت بولغان ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا خەلق ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى (تۆۋەندە قىسقارتىپ «ئۇيغۇر ئۇيۇشما» دېيىلىدۇ) قۇرۇلغان ئىدى. بۇنىڭ ئۈرۈمچىدە مەركىزىي ئۇيۇشمىسى، ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە ۋىلايەتلىك، ناھىيىلەردە ناھىيىلىك شۆبە ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلغان. ھەتتا تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاستانە يېزىسى، قەشقەرنىڭ كەنت يايلاق يېزىسى، مارالبېشىنىڭ سېرىقبۇيا يېزىسى، لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ تىكەنلىك يېزىسىغا ئوخشاش چوڭراق ۋە ناھىيە مەركىزىدىن چەترەك بولغان يېزا - قىشلاقلاردىمۇ تارماق ئۇيۇشمىلار قۇرۇلغانىدى. بۇ ئۇيۇشمىلار بىر مىللىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي، ئاممىۋى تەشكىلات بولۇش سۈپىتى



بىلەن، مەدەنىي - مائارىپ خىزمىتىنىڭ ئەڭ ئىلغىر يۈكىنى ئۈستىگە ئالدى. خەلقنى ئاقارتىش، مىللەتنى پەن - مەدەنىيەت بىلەن قوراللاندۇرۇش، خەلقنىڭ كۆزىنى ئېچىش ئىشىغا جىددىي كىرىشتى، نادانلىق ۋە جاھالەتلىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان ۋە قارا كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئۇيغۇر خەلقىدە ئىلىم - ئىرپان ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭقۇر قىزىقىش ۋە ھەۋەس پەيدا بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىردىنبىر مىللىي تەشكىلاتى بولغان ئۇيۇشمىلارنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتى. قاينام - تاشقىنلىق مەدەنىيەت دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. پۇلى بارلار پۇل چىقاردى، كۈچى بارلار كۈچ چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن ھەممە يەردە يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇكتەك يېڭى مەكتەپ بىنالىرى قەد كۆتۈرۈشكە باشلىدى. بۇرۇندىن بار بولغان مەھەللىۋى دىنىي ۋە خۇسۇسىي مەكتەپلەرنى ئۇيۇشمىلار ئۆز ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالدى ياكى دىنىي مەكتەپلەرگىمۇ ئىلىم - پەندىن ساۋادى بار ئوقۇتقۇچىلارنى بەلگىلەپ، ئوقۇغۇچىلارغا پەننى ۋە دىنىي تەربىيىنى بىرلىكتە ئېلىپ باردى. شۇنداق قىلىپ ھەربىر كىچىك ۋە چەت يېزا - قىشلاقلاردىمۇ يېڭى تىپتىكى مەكتەپلەر بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، شىنجاڭنىڭ يىراق چەت ياقىسىدىكى چىرىيە ناھىيىسىدە ھۆكۈمەت قارمىقىدا شەھەر ئىچىدە بىرلا باشلانغۇچ مەكتەپ بولغان بولسا، ئۇيۇشما قارمىقىدا 35 جايدا مەكتەپ بار ئىدى. ھەتتا بۇ ناھىيىنىڭ ئەڭ يىراقتا بولغان كۆئىنلۈن تېغى ئىچىدىكى پولۇ دېگەن تاغلىق كەنتتىمۇ ئۇيۇشما قارمىقىدا 4 سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپ بار ئىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق مەرىپەتچىسى ۋە شائىرى نىمشېھىت سايرامىنىڭ «يۈرەك سۆزى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىكى 1936 - يىلى ئىيۇندا يېزىلغان «باي ناھىيىسىنىڭ ھەسرەتلىك ساداسى» دېگەن شېئىرىدا، ئەينى زاماندا باي ناھىيىسىدە 30 جايدا مەكتەپ بارلىقى، يەنە ئۇ يەردە بىر دارىلمۇئەللىمىن

ئېچىلىپ ئۇنىڭدا 35 نەپەر ئوقۇتقۇچىنىڭ تەربىيىلىنىپ چىققانلىقى، مەدەنىي ـ مائارىپ ئۈچۈن خەلقتىن ئالتۇن ـ كۈمۈش بولۇپ نەچچە مىليون دوللار پۇل ئىئانە توپلانغانلىقى، ئەمما بۇنىڭ گېزىت يۈزىدە ئېلان قىلىنمىغانلىقىغا شائىرنىڭ ئېچىنغانلىقى يېزىلغان ①. مانا بۇ شۇ ۋاقىتلاردىكى ئۇيۇشمىلارنىڭ كەڭ ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئىئانە توپلاپ، مەكتەپ بىنا قىلىپ، ھەممە جايدا مائارىپ ئىشلىرىنى كەڭ يولغا قويغانلىقىنىڭ بىر دەلىلى. دېمەك ئۇ مەزگىللەردە پەقەت ناھىيىلەرنىڭ مەركىزىدىلا بىردىن ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپ بولۇپ، ئۇنىڭدىن قالسا رايون ـ مەھەللىلەرنىڭ ھەممىسىدىلا ئۇيۇشما قارمىقىدا (خۇيلى) مەكتەپلەر بار ئىدى. ھەقىقەتەن بىر مەھەل ھەممىلا جايدا مەكتەپ بىنا قىلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ مەكتەپلەر گاھى جايلاردا يۇقىرىقىدەك ئىئانە توپلاش يولى بىلەن قۇرۇلغان بولسا، گاھى جايلاردا ئەھۋالغا قاراپ، ئۇيۇشمىلار ئۆزى سالدۇرۇپ بېرەتتى، گاھى جايلاردا بولسا، مائارىپپەرۋەر شەخسلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ مەلۇم شەخس ئۆز پۇلى بىلەن سېلىپ بېرەتتى، بۇ مەكتەپلەر ئادەتتە يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئەڭ ئاۋات، كۆزگە چېلىقارلىق يېرىگە سېلىناتتى. ئەينى ۋاقىتتا شۇ يېزىدا بىردىنبىر كۆركەم ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇش مەكتەپ بىناسى ئىدى، ئادەتتە مەكتەپنىڭ ئالدى پەشتاقلىق بولۇپ، ئىشىك بېشىغا چوڭ، چىرايلىق مەشق خەتلەر يېزىلغان ۋىۋىسكىلار ئېسىلغان بولاتتى. ئۇ كەملەردە يېزىلاردا مەكتەپتىن باشقا ۋىۋىسكا ئېسىلغان ئورۇن يوق ئىدى. مەكتەپنىڭ ئېھاتە تاملىرى مىللىي شەكىلدە بولۇپ، ئاقارتىلغان بولاتتى. مەكتەپلەرنىڭ ئۆزىگە لايىق سەينالىرى، كۆل ـ كۆلچەكلىرى، بوستانلىقلىرى، گۈللۈك، مېۋىلىك باغلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەكنى بىرلەشتۈرۈپ



تەربىيە بېرىشتە ئېھتىياجلىق بولغان تېرىلغۇ يەرلىرى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار دەرسنىڭ سىرتىدا مەلۇم مىقداردا جىسمانىي ئەمگەك بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى. بۇنىڭدىن باشقا مەكتەپلەردە ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ ئالاھىدىلىكى خۇسۇسىيەت ۋە ھەۋەسلىرىگە قاراپ قول سانائەت گۇرۇپپىلىرىمۇ تەشكىل قىلىنىپ، ھۈنەر ـ سەنئەت ئۆگىتىلەتتى. ھەتتا ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلاردىن سەنئەت گۇرۇپپىلىرى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، جەمئىيەتتىكى قالاق ھادىسە ۋە ناچار كەيپىياتلارنى تەنقىدلەپ، خەلقنى يېڭىلىققا باشلايدىغان ئەسەر، ناخشىلارنى يېزىپ، ئىجاد قىلىپ جەمئىيەتنى يېڭىلىققا ۋە ئالغا باشلايتتى. ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە قاراپ ھەر خىل تەشۋىق ـ تەرغىب ئىشلىرىنى پائال ئېلىپ باراتتى. مەكتەپلەر ئۆز قارمىقىدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىلىم ئىشلىرىغا لازىملىق نەرسىلىرىنى ئۆز دۇكىنىدىن تەمىنلەيتتى. بۇنىڭ بىلەن نەرسە كېرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىتمۇ تېجەپ قېلىناتتى. ئۇ چاغلاردا مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن شەھەردىن يېزىغا چىقىپ قالغان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ياكى مېھمان بولمىسۇن ئۆزى بارغان يېزىنىڭ مەكتىپىنى، ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرمەي قالمايتتى. ھەقىقەتەنمۇ بۇ مەكتەپلەر يېزىلارغا بارغان ھەرقانداق ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. خەلق ئىچىدىمۇ مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئابرويى يۇقىرى بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلار جەمئىيەتنىڭ ھۆرمەتلىك كىشىلىرى ئىدى. پۈتۈن خەلق ۋە ئاتا ـ ئانىلار ئوقۇتقۇچىلارنى ئىنتايىن قەدىرلەيتتى. كىشىلەر ئادەتتە ئەر ئوقۇتقۇچىلارنى «ئەپەندىم»، ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى «خانىم» دەپ ئاتايتتى. ھازىرمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە شۇنداق دەپ ئاتايدۇ. ئوقۇغۇچىلارمۇ ئوقۇتقۇچىلارنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى ۋە ياخشى كۆرەتتى. كوچىلاردا ئۇچرىشىپ قالسا، سالام بەرمەي

ئۆتمەيتتى. ئىزچىلار ئوقۇتقۇچىلارنى كۆرگەندە، تىك تۇرۇپ، قول كۆتۈرۈپ سالام بېرەتتى ۋە ئېھتىرام بىلدۈرەتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاتا - ئانىلىرىنىڭ سۆزىدىن بەكرەك ئاڭلايتتى. ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن مەكتەپ ئىنتىزامى بەك چىڭ ئىدى. بۇ مەكتەپلەر يېزا ۋە مەھەللىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالغانىدى. مەكتەپلەردە كۈندۈزى باللار دەرس ئوقۇسا، كەچتە چوڭ ئەر - ئاياللار ساۋات چىقىراتتى. يېزىلاردا قويۇلىدىغان كىنو - تىياتىر ۋە ھەر خىل يىغىن پائالىيەتلىرىمۇ مەكتەپ زاللىرى ۋە سەينالىرىدا ئۆتكۈزۈلەتتى. مەكتەپلەرنىڭ سىنىپلىرى كەڭتاشا، پارتا - ئورۇندۇق سەرەمجانلىرىمۇ بىرقەدەر تولۇق ۋە رەتلىك ئىدى. ئۇ چاغلاردا بەزى جايلاردا قەغەز بىرئاز قىس بولغاچقا، باللار قەلەي ياكى تاشتىن ئىشلەنگەن كىچىك قول دوسكىسىنى ئىشلىتەتتى. مەكتەپلەردە تامامەن مىللىي روھ، مىللىي تىل - يېزىق بىلەن دەرس ئۆتۈلەتتى، دەرسلىك كىتابلار ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆز ئاناتىلىدا تۈزۈلۈپ، ئۆز ئانا تىلىدا چۈشىنىشلىك قىلىپ دەرس ئۆتۈلگەچكە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈشى ۋە روھىي ھالىتىمۇ ئالاھىدە كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ رۇشدى سىنىپىدىن باشلاپلا تارىخ، جۇغراپىيە، گىراماتىكا، ئىجتىمائىيەت، شارائىتى بار جايلاردا خەنزۇچە، روسچە، لاتىنچە يېزىقلارمۇ قوشۇلۇپ ئۆتۈلەتتى. ئوقۇ - ئوقۇتۇشنىڭ سۈپىتىمۇ خېلىلا ياخشى ئىدى. دەرسلىك ماتېرىياللىرىمۇ بىرقەدەر ياخشى بولۇپ، ئۆزىمىزدە يوقلىرى (مەسىلەن ھېساب، تەبىئەت، جۇغراپىيە قاتارلىق كىتابلار) سوۋېت ئىتتىپاقىغا زاكاز قىلىنىپ ئۇيغۇر كونا يېزىقى بىلەن زامانىۋى مەنبەئەدە باستۇرۇلۇپ، يېزا - قىشلاقلارغىچە كەڭ دائىرىدە تارقىتىلغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئېلىپبە، ئوقۇش كىتابلىرىدىن تارتىپ قالغان ھەممە دەرسلىكلەر، ھەتتا دىن



دەرسلىكلىرىمۇ ئۆزىمىزنىڭ مەتبەئەلىرىدىن بېسىلىپ يېتەرلىك دەرىجىدە تارقىلاتتى.

مەكتەپلەردە ئومۇمەن ھەربىي مەشق يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئەتە - ئاخشام تەنتەربىيە دەرسى ۋاقىتلىرىدا ياغاچ مىلتىق بىلەن ھەربىي مەشق قىلاتتى. ھەر خىل يىغىن - مۇراسىملارغا ياغاچ مىلتىقلىرىنى دولىسىغا ئاسقان ھالدا، مەش دەسسەپ، شېئىر ئوقۇپ، ئەلەم كۆتۈرۈپ داقا - دۇمباق بىلەن باراتتى.

«1 - ماي خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى»، «12 - ئاپرېل» (شېڭ شىسەي بېكىتكەن بايرام) دەك كۈنلەردە باللار بىر خىل كىيىندۈرۈلەتتى. كەمبەغەل ۋە يېتىم باللارغا ئۆيۈشمىلار بىر خىل كىيىم قىلدۇرۇپ بېرەتتى.

بۇنىڭدىن باشقا يېتىم، ئاتا - ئانا، ئىگە - چاقىسى يوق ئوغۇل - قىزلار ئۈچۈن ئايرىم دارىلېتام (يېتىملەر مەكتىپى) بار ئىدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ پۈتۈن يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ياتاق، ئوقۇش خىراجەتلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆيۈشمىدىن بولاتتى.

دېمەك، ئۇ چاغلاردا ئۆيۈشمىلار باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتلەردە مۇبالىغىسىز مۇھىم ۋە ئاساسىي رول ئوينىغانىدى. ئۆيۈشما مەكتەپلەر ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپلەردىن سان - ساپا جەھەتتىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ چۈشەتتى. يالغۇز شېڭ شىسەي دەۋرىنى ئالساق، شۇ دەۋردە ھۆكۈمەت قارىمىقىدا 580 باشلانغۇچ مەكتەپ، 90333 نەپەر ئوقۇغۇچى بولغان بولسا، ئۆيۈشما قارىمىقىدا 1883 باشلانغۇچ مەكتەپ، 180035 نەپەر ئوقۇغۇچى بولغان ②. ۋاھالەنكى بۇ مەكتەپلەرنىڭ تەگدىن تولىسىنى دەسلەپتە ئۆيۈشمىلار تەسىس قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇدىر، مۇئەللىم، ئوقۇغۇچى، مەكتەپ بىناسى، ھەتتا پارتا، ئورۇندۇق، قارا تاختا (دوسكا) قاتارلىق

جاهازلىرىنىمۇ تولۇقلاپ، ئاندىن ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن مەكتەپلەر ئىدى. ئەقەللىسى يۇقىرىقى شەرتلەرنى ھازىرلاپ نۇرغۇن ئىلتىماسلارنى قىلغاندا ئاندىن ھۆكۈمەت ئۆتكۈزۈپ ئالاتتى. بولمىسا، ھۆكۈمەت ئۆز ھېساباتىغا ئالمايتتى.

ئۇ چاغلاردا ئۇيۇشمىلار ئىجتىمائىي مائارىپقىمۇ ئوخشاشلا ئەھمىيەت بەرگەن، نۇرغۇن ساۋات چىقىرىش مەكتەپلىرى ئېچىپ، نۇرغۇن قېرى - ياش ساۋاتسىزلارنى ساۋات چىقىرىشقا ئۈندىگەن. ھۆكۈمەتمۇ بىر مەھەل بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلگەن. ئۆلكە بويىچە «ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇش ھەرىكىتى» ۋە «قىشلىق ئوقۇش ھەرىكىتى» ئېلىپ بارغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى ساۋات چىقىرىش مەكتىپى ئاران 206 بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 15952 بولغان بولسا، ئۇيۇشما قارىمىقىدا 740 مەكتەپ بولۇپ، 133444 نەپەر كىشى ساۋاتلىق بولغان. ③ يەنە بىر تارىخىي مەنبەئەدە «. . . . 500 يەردە ھۆكۈمەت قارمىقىدا ئىپتىدائىي مەكتەپ، 1800 يەردە ئۇيۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپلەردە بولۇپ، بۇلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 250 مىڭدىن ئارتۇق» ئىكەنلىكى، «. . . نەچچە يۈز يەردە ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى خەلق مەكتىپى بىلەن ئۇيۇشمىلار قارىمىقىدىكى خەلق مەكتەپلىرى بار» لىقى يېزىلغان④.

مانا بۇ ئىككى خىل تارىخىي مەنبەنىڭ بىرى، ئازادلىقتىن بۇرۇن نەشر قىلىنغان رەسمىي تارىخىي ماتېرىيال، يەنە بىرى ئەينى زاماندىكى ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي ھۆججىتى بولۇپ، بۇ ئىككى خىل تارىخىي ماتېرىيالدىن مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىنىڭ جۈملىدىن، ئەدەبىي - سەنئەت، مەتبۇئات ئىشلىرىنىڭمۇ ھەقىقەتەن زور دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنى ۋە بۇ ئىشلاردا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ھۆكۈمەتكە نىسبەتەن تېخىمۇ زور رول كۆرسەتكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. دەرۋەقە، ئۇ



چاغلاردا مەدەنىي - مائارىپنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيۇشمىلاردا ئىدى. ئۇيۇشما بىردىنبىر مائارىپ ئوچىقى ئىدى. بىلىم - مەرىپەتنىڭ پارلاق نۇرى ئۇيۇشمىلاردىن چېچىلاتتى. ئۇيۇشما ھەقىقەتەن خەلقنى غەپلەتتىن ئويغاتقۇچى، ئىلىم - مەرىپەتكە دالالەت قىلغۇچى، يورۇقلۇققا يېتەكلىگۈچى ئىدى.

ئۇيۇشمىلارنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتىمۇ مۇكەممەل ۋە ساغلام بولۇپ، كاتىبات، تەشكىلات، تەشۋىقات، مەدەنىيەت، مالىيە بۆلۈملىرى بار ئىدى. مەدەنىيەت بۆلۈمى پۈتۈنلەي مەكتەپ ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. بۇنىڭدا يەنە بىرنەچچە مۇپەتتىشلەر بولۇپ، پات - پات تۆۋەنگە (ۋىلايەتتىن ناھىيىگە، ناھىيىدىن يېزىلارغا) چۈشۈپ ئوقۇش، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ سان - ساپاسىنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ چاغدا ھەقىقەتەن باشلانغۇچ مائارىپ ئومۇملاشقان دېيىشكە بولاتتى. چۈنكى، ئۇ مەجبۇرىي ئىدى. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنى ئۆيمۇ - ئۆي تىزىملاپ مەجبۇرىي يوسۇندا مەكتەپكە ئالاتتى. بۇرۇن مەكتەپ بولمىغاچقا، ئوقۇشتىن مەھرۇم قالغان ھەتتا يېشى 15 ـ 20 دىن ھالقىپ كەتسىمۇ مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەنلەرنىمۇ تۇتۇپ كېلىپ، 1 - سىنىپتىن باشلاپ ئوقۇتاتتى ۋە ئۇلار 7 ـ 8 ياشلىق بالىلار بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغان ئەھۋاللارمۇ بولغانىدى. بالىلىرىنى مەكتەپكە بېرىشكە ناقايىللىق قىلغان ياكى مەكتەپتىن قالغانلارغا چارە ۋە مەجبۇرىي تەدبىر قوللىناتتى.

ئۇ چاغدا قىز بالىلار ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپ ياكى سىنىپلار بار ئىدى. ئۇلارنى مۇئەللىمە (ئايال ئوقۇتقۇچى) ئوقۇتاتتى. مۇئەللىملەر ئايرىم تەربىيىلىنەتتى. ھەتتا بىر يىلى قاراشەھەر ۋىلايىتىدە مۇئەللىملەر (ئايال ئوقۇتقۇچىلار) يېتىشسىزلىكى ھېس قىلىنىپ، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئالاھىدە «مۇئەللىملەر يېتىشتۈرۈش كۇرسى» ئېچىپ بىر

تۈركۈم مۇئەللىملەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، مۇئەللىملەر يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغان.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىمۇ ئۆز خىراجىتى بىلەن دارىلمۇئەللىمان (ئەر ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش مەكتىپى)، دارىلمۇئەللىمىن (ئايال ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش مەكتىپى) لەرنى داۋاملىق ئېچىپ، پۈتۈن ۋىلايەتتە، جەنۇبتىكى باشقا ۋىلايەتلەرنىمۇ ئەر ـ ئايال ئوقۇتقۇچىلار بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان، شۇ ۋاقىتلاردا تەربىيىلەنگەن ئوقۇتقۇچىلاردىن ھازىرغا قەدەر جەمئىيەتتە خىزمەت قىلىۋاتقانلىرى ئاز ئەمەس.

ئۇيۇشمىلار يالغۇز باشلانغۇچ ۋە ئىجتىمائىي مائارىپ جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز نۆۋىتىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ جەھەتتىمۇ خېلى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ھەرقايسى ۋىلايەت ھەتتا، بەزەن ناھىيىلەردىمۇ دارىلمۇئەللىمىن، دارىلمۇئەللىمات، ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى، بوغالتىرلىق كۇرسى، سازەندىلەر كۇرسى، ئۇسسۇل كۇرژۇكى قاتارلىقلارنى ئېچىپ، نۇرغۇن ئىختىساسلاشقان كەسپىي كادىرلارنىمۇ يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بۇنىڭدىن باشقا، ھەر دەرىجىلىك ئۇيۇشمىلارنىڭ ئۆزىمۇ ئەمەلىيەتتە كادىر تەربىيىلەيدىغان بىر ئوچاق بولۇپ قالغانىدى. ئەينى زاماندا ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئىشقا ئورۇنلاشقان مىللىي كادىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاۋۋال ئۇيۇشمىدا ئىشلەپ، خىزمەت قائىدىلىرىنى ئۆگىنىپ چىققانلاردىن ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا ھەسسە قوشۇۋاتقان پېشقەدەم ۋە ئوتتۇرا ياشلىق كادىرلار ئىچىدىمۇ مۇنداقلار ئاز ئەمەس. ھالبۇكى، كونا جەمئىيەتتىن كېلىپ بۈگۈنكى «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» يولىدا جان پىدالىق بىلەن ئىشلەۋاتقان ھازىرقى نۇرغۇنلىغان سىياسىي ئەربابلار، مەدەنىيەت ئەربابلىرى، مۇتەخەسسىسلەر، ئىلىم ـ پەن خادىملىرى،



ئەدىبلەر، دىراماتورگلار، تەرجىمان ـ مۇھەررىرلەر، رېژىسسور ـ سەنئەتچىلەر، رەسساملار، مالىيە خادىملىرى... قاتارلىقلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەربىيىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ئۇيۇشمىلارنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمى قارمىقىدا يەنە «سانايىنەپىسە» بۆلۈمى (ھازىرقى سەنئەت ئۆمىكى) بار بولۇپ، ئۇ ئەدەبىي ـ سەنئەت، مۇقام، مۇزىكا، سەھنە ئەسەرلىرى، ناخشا ـ ئۇسسۇل قاتارلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك تارىخىي بەدىئىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلارنى توپلاش، رەتلەش، قايتا ئىشلەش ۋە ئىجاد قىلىش جەھەتلەردىمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى ئىشلىدى. شۇنىڭدەك بىر مۇنچە چوڭ ئوپېرا، دراما، كومېدىيە ۋە كونسېرتلار سەھنىلەشتۈرۈلدى ۋە قايتا ئىشلەپ چىقىلدى. مەسىلەن، ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇ، غۇلجا، چۆچەك، خوتەن، قاراشەھەر، يەكەن، كۇچا، قۇمۇل، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا، «غېرىب ـ سەنەم»، «تاھىر ـ زۆھرە»، «پەرھاد ـ شېرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «رابىيە ـ سەئىدىن»، «يۇسۇپ ـ زىلەيخا»، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»، «ئارشىن مال ئالان»، «بوز يىگىت»، «ئانارگۈل» ۋە شۇنىڭدەك «ئانارخان»، «قانلىق داغ»، «شاڭخەي كېچىسى»، «سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ» (ل. مۇتەللىپنىڭ) «ئاجايىپ ئۆلۈم»، «خىيالىي تېۋىپ»، «كۆرەش قىزى»، «ئۇچقۇن»، «ھۆرلىقا ـ ھەمراجان»، «سەۋلەت»، «باي ۋە مالاي» «ئۆز مۇھىت»، «ئۆگەي ئانا»، «پىرىخۇن»... قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك ئوپېرا ۋە دراملار سەھنىلەشتۈرۈلگەن، نۇرغۇن كومېدىيە، كونسېرتلار قويۇلغان.

مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ سانايىنەپىسە بۆلۈمى بۇ ئىشلارغا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلاتتى. بىرمۇنچە سەھنە ئەسەرلىرى بىلەن كونسېرت تېكىستلىرىنى ئالاھىدە بېسىپ شۆبە

ۋە تارماق ئۇيۇشمىلارغىچە تارقىتىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ھەممە يەردە دېگۇدەك ئويۇن قويۇش ۋە بۇ ئارقىلىق خەلقنى روھىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ئىشلىرى بىرقەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ئەۋج ئالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرمۇنچە ئۇيۇشمىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا كىنو ئاپپاراتلىرى، سەييارە كىنو قويۇش ئەترەتلىرى، سەييارە تىياتىر ئۆمەكلىرى بار ئىدى.

يالغۇز كۇلۇپ جەھەتتىن ئالغاندا، مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى مەرھۇم ئابدۇللا داموللام قاتارلىق زاتلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۈرۈمچىدە «مەدەنىيەت كۇلۇبى»، قەشقەردە خەلپەت سۇزۇك ھاجىيوف قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ھېيتگاھدىكى خەلق كۇلۇبىنىڭ ياسىلىشى بىلەن ھەربىر ۋىلايەت، ناھىيىلەردە، ھەتتا تارماق ئۇيۇشمىلاردىمۇ كۇلۇب سېلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، جايلاردا نۇرغۇن كۇلۇبلار بارلىققا كەلدى.

مەسىلەن: بۇگۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ 500 كىشىلىك تۇۋرۇكسىز كۇلۇبى بار ئىدى. ئوپال قاتارلىق يېزا-قىشلاقلاردىمۇ كۇلۇب بار ئىدى. شۇنىڭدەك بىرمۇنچە جايلاردىكى ئۇيۇشمىلارنىڭ يېنىدا قىرائەتخانا، بىلىيارت، شاھمات، دامكا ئويناش بۆلۈملىرى، چايخانا، بوفېت قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى.

بۇلاردىن باشقا يەنە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بەزى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ دەم ئېلىش ۋە كۆڭۈل ئېچىشى ئۈچۈن، ھەر خىل تىپتىكى باغچىلارمۇ قۇرۇلغانىدى. مەسىلەن. ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر ئۇيۇشما مەدەنىيەت كۇلۇبىنىڭ ئارقىسىدا «مەدەنىيەت باغچىسى»، قەشقەردە «مىللەتلەر باغچىسى»، خوتەندە «گۈلباغ»، غۇلجىدا «ۋاڭ قادىرنىڭ بېغى» ۋە باشقىلار ياسالغانىدى.

دېمەك بۇ ئۇيۇشمىلار شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە ئەدەبىي



سەنئەت ساھەسىدە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان باندىت شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى گومىنداڭ قىلالمىغان ۋە قىلمىغان، ئەمما ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان زۆرۈر ئىشلارنى ئىشلىدى ۋە بۇ زۆرۈرىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، خەلقنى بىرقەدەر روھىي ئوزۇق بىلەن تەمىنلىدى ۋە رازى قىلدى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى مىللىي ئەدەبىي سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىللە، مىللىي ئەدەبىي سەنئەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش، ئاممىنى چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتكىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. مەسىلەن ئالايلۇق: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۆز قارىمىقىدا ئالاھىدە چالغۇ ئەسۋابلىرى كارخانىسى تەسىس قىلىپ، ئىسكىروپكا، داپ، دۇتتار، تەمبۇر، چاڭ، نەي... قاتارلىق ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنى كۆپ مىقداردا ئىشلەپچىقىرىپ، مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىغا بولغان ئېھتىياجنى تەمىنلىدى. ئەينى ۋاقىتتا شۇ كارخانىنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى ئۈستىسى سەمەت ئاخۇننىڭ ياساپ چىققان ئىسكىروپكىسى جاھانغا مەشھۇر ئىتالىيە ئىسكىروپكىسىدىن قېلىشمايتتى، ھەتتا بۇ ئىسكىروپكا چەتئىلگىمۇ خېرىدارلىقى ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى.

مەتبۇئاتچىلىق ساھەسىدىمۇ ئۇيۇشمىلارنىڭ قىلغان ئىشى ئاز ئەمەس. خەلقنىڭ ئاڭ-سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ ئاممىنى ئويغىتىش، نادانلىقتىن مەدەنىيەتكە، كونىلىقتىن يېڭىلىققا ئۈندەش، ئاممىنى ھەممىدىن خەۋەردار قىلىپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشنىڭ، قىسقىسى قورالسىز ئىنقىلابنىڭ مۇھىم قورالى بولغان مەتبۇئاتچىلىق خىزمىتىمۇ ئۇيۇشمىلار خىزمىتىنىڭ

كۆندۈلۈك ئىش تەرتىپىگە قويۇلۇپ، بۇ ئىشلارنىمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىدى. مەركىزىي ئۇيۇشما ئۈرۈمچىدە «يېڭى شىنجاڭ» ناملىق گېزىت، «خانتەڭرى»، «مەدەنىيەت» قاتارلىق ئايلىق ژۇرناللارنى نەشر قىلدى. شۇنىڭدەك كۆپلىگەن ۋىلايەت، ناھىيىلەردىمۇ ئۇيۇشمىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مەتبۇئاتلىرى بولغان ئىدى، مەسىلەن ئېيتايلۇق، قەشقەردە «يېڭى ھايات»، تارباغاتايدا «بىزنىڭ تاۋۇش»، ئاقسۇدا «ئاقسۇ ئۇچۇرى»، قارىشەھەردە «يۇلتۇز»، كورلىدا «باغراش»، لوپنۇردا «تەكلىماكان» گېزىتى... ۋاھاكازالار چىقىرىلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيۇشمىلار يەنە خەيرىيەت، قۇتقۇزۇش، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش، تەئقىپكە ئۇچرىغانلارغا باشپاناھ بولۇشتەك جەھەتلەردىمۇ نۇرغۇن ساۋابلىق ئىشلارنى ئىشلىدى. بىرمۇنچە جايلار دارىلئاجىزىن ئورگانلىرىنى قۇرۇپ، بۇنىڭغا جەمئىيەتتە باشپاناھسىز ۋە ئىگە - چاقىسىز قالغان قېرى - چۆرى، مېيىپ كىشىلەرنى، جەمئىيەتتىكى تىلەمچىلەرنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىشقا يارايدىغانلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ياشلىرىغا ھۈنەر ئۆگىتىپ، ئىشقا يارامسىز، ئەمگەك كۈچىدىن قالغانلىرىنى بېقىپ، قېرىغاندىكى ھەر خىل خورلۇق، تالادا ئىگە - چاقىسىز تاشلىنىپ قېلىشتەك ئەھۋاللاردىن ساقلاپ قالدى. ئۇيۇشمىلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان يىللاردا، جەمئىيەتتە تىلەمچىلەر ئاساسەن تۈگەپ قالغانىدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، خەلقنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىش، «ئايروپىلان تەقدىم قىلىش» تەك ھەرىكەتلەردىمۇ كۆپ ئىشلارنى ئىشلىدى. ئاممىغا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مۇداپىئە ئۇرۇشىنىڭ ئەھمىيىتىنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن تەشۋىق قىلىپ، نۇرغۇن مىقداردا ئىئانە



توپلىدى. شۇنىڭدەك بۇ ھەقتە بىلەتلىك كىنو ۋە تىياتىر قويۇپ، بۇنىڭدىن چۈشكەن پۇلنىمۇ قوشۇپ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىپ تۇردى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە، دەۋردىن ھالقىغان ياشلار ھەرىكىتى، دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش، ھوقۇق تالىشىش دەۋاسى، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى، 11 ماددىلىق بىتىمنى ھىمايە قىلىش، ئومۇمىي سايلام قاتارلىق ئىلغار ھەرىكەتلەردىمۇ تەشەببۇسكارلىق ۋە باشلامچىلىق رول ئوينىدى ۋە بۇ ھەرىكەتلەردە تايانچ بازا بولۇپ قالدى.

دېمەك، ئۇيۇشمىلار ئۆز نۆۋىتىدە ھۆكۈمەت بېشىدا تۇرغان گومىنداڭ قىلمىغان، قىلىشنى خالىمىغان ۋە بەلكى قارشى تۇرغان، ئەمما خەلققە پايدىلىق بولغان نۇرغۇن ئىشلارنى دادىللىق بىلەن قىلالىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەكسىيەتچىلەرنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ قالدى.

ئەكسىيەتچىلەر نۇرغۇن جايلاردا ئۇيۇشمىلارنى قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئېلىپ، بېسىش ھەتتا تارقىتىۋېتىش ھالىتىگە كەلگەنىدى. گومىنداڭنىڭ پەۋقۇلئاددە كەچۈرۈم قىلىنغان سابىق گېنېرالى سۇڭ شىلىيەننىڭ «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى» دا ئېلان قىلىنغان ئەسلىمىلىرىدە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى گومىنداڭغا قارشى ئىلغار پائالىيەتلىرى ھەققىدە بىرنەچچە جايدا دارىتمىلاپ ئۆتۈپتۇ. بۇ يەردە ئۇنى تەپسىلىي نەقىل كەلتۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

تارىختىكى ھۆكۈمرانلار مەھكۇملارنىڭ كۆزى ئېچىلىشىنى، مەدەنىيەتلىك بولۇشىنى ھەرگىزمۇ خالىمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇلارنى مەڭگۈ قۇللۇقتا تۇتۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ نادان، بىلىمسىز بولۇشىنى، ئۇلارنىڭ كاللىدەك ياۋاش بولۇپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىشلەپ بېرىشنى خالايدۇ. ئەگەر ئۇلار بىر

نەرسىنى بىلسە ۋە كۆزى ئېچىلىدىكەن ھەرگىزمۇ قۇلدەك ئىشلەپ بەرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. مۇشۇ مەنتىقە بويىچە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شۇم ئايىقى شىنجاڭ زېمىنىغا كىرىشى بىلەن ئەمدىلا باش كۆتۈرۈپ مېۋە بېرىشكە باشلىغان مەدەنىي - مائارىپ كۆچەتلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلگەن «نادان قالدۇرۇش» سىياسىتىنىڭ قۇربانى بولدى. گۈللەپ ياشناۋاتقان يېڭى مەدەنىيەت كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان دەرىجىدە ئېغىر ۋەيرانلىققا ئۇچرىدى. مەدەنىي - مائارىپ مۇئەسسەسەلىرى بىلەن ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپلەر سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بېسىم ئارقىسىدا ھالاكەت گىردابىغا كېلىپ قالدى. بولۇپمۇ گومىنداڭنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە مال باھاسىنىڭ كونساناپ ئۇچقاندەك ئۆسۈشى، ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشى، پۇلنىڭ پاخاللىششى — مائارىپچىلار ئۈچۈن زور بىر كېلىشمەسلىك بولدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى مائارىپچىلارنىڭ ئايلىق تەمىناتى ھەتتا يېرىم يىللاپ تارقىتىلمىدى. تۇرمۇش تەقەززاسىدىن بىرمۇنچە مائارىپچىلار مائارىپچىلىق كەسپىدىن ۋاز كېچىپ، كەسىپ ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى. بەزىلىرى ئۇيۇشمىلارغا تەلپۈندى. ئۇيۇشمىلار بولسا، ئۆز قارمىقىدىكى مائارىپچى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئايلىق مائاشى ھېسابىغا پاخال پۇل ئەمەس، ماددىي ئەشيا (بۇغداي، قوناق) بېرىپ تەمىنلەپ كەلدى، گەرچە ئۇيۇشمىلار گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەقىپ ۋە بېسىم چەكلىمىسىگە ئۇچرىسىمۇ، لېكىن ھامان يىراقنى كۆزلەپ، كەلگۈسىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ، خەلقگە ۋە ئۆزىدىكى ئىقتىسادقا يۆلىنىپ، بىر تەرەپتىن رېئاللىققا تاقابىل تۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن چىشىنى چىشلەپ تېگىشلىك خىزمىتىنى ئۆتەپ كەلدى.

بەختكە يارىشا شەرقتىن تاڭ يورۇشىنىڭ شەپىسى كەلدى.



1949 - يىلى ئازادلىق ھارپىسىدا شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىش، ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدىكى ھەققانىي تەشەببۇسقا ئۇيۇشمىلار پائال ئاۋاز قوشتى ۋە بۇ ھەقتىكى غۇلغۇلالاردا ئاكتىپ رول ئوينىدى. شىنجاڭدىكى ئاساسىي ۋە مۇتلەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسىي مىللەت — ئۇيغۇر خەلقىگە ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ ئۇلۇغۋار ئەھمىيىتىنى، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ خەلقنىڭ نىجاد يۇلتۇزى ئىكەنلىكىنى، پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىلا جۇڭگو ۋە شىنجاڭنى ئازاد قىلالايدىغانلىقىنى پائال تەشۋىق قىلدى، جامائەت پىكرى ھازىرلىدى. ھەقىقەتكە قايتىشقا نارازى بولغان ۋە قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولغان جاھىل، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە قاتتىق زەربە بەردى. شۇنداق قىلىپ ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىشتە مەلۇم رول ئوينىدى.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتىپ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقى ئېلان قىلىنىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن بولسا، ئازادلىق ئارمىيىنى قىزغىن قارشى ئېلىش، كۆتۈۋېلىش، ئەدەبىيات كېچىلىرى ئۆتكۈزۈش، ھال سوراش، ياردەم بېرىش، تەشۋىق - تەرغىبات ئىشلىرىدىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىپادە كۆرسەتتى.

شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلار 30 - يىللاردىن تارتىپ تاكى ئازادلىققا قەدەر بولغان مۇرەككەپ ۋاقىت ئارىلىقىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىي - مائارىپىنى گۈللەندۈرۈش ۋە مىللىي ئازادلىق يولىدا شانلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخلاردىن شەكىللىنىپ راۋاجلانغان ۋە كېيىنكى جاھالەتلىك كۈنلەردە يوقىلىش گىردابىغا كېلىپ قالغان قىممەتلىك تارىخىي، ئەدەبىي - سەنئەت

مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى قوغداپ، ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك دەۋرىمىزگە ئۇلاشتۇردى ۋە بۇ ھەقتە بىردىنبىر ۋاستىچى بولۇپ قالدى.

1950 - يىلىغا كەلگەندە، ئۇيۇشمىلار «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» غا ئۆزگەرتىلدى. 1952 - يىلى بۇ ئىتتىپاق ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە، ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق تاماملىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قارمىقىدىكى مەدەنىي - مائارىپ، مەتبۇئات، سودا - سانائەت، ئىتتىپاق قولىدىكى بارلىق ئىقتىساد ۋە كۆچمەس مۇلۇكلەر ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈلۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى مەدەنىي - مائارىپ راسخوتلىرىنى ھۆكۈمەت ئۆز ئۇستىگە ئالدى.

ئۇيۇشمىلار قانداق قىلىپ مۇشۇنچە زور ئىشلارنى قىلالىدى؟

ئۇيۇشمىلار مۇشۇنداق چوڭ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۇرۇشتە، پەقەتلا خەلقنىڭ كۇچىگە، جۇملىدىن كەڭ دېھقانلارغا يۆلەندى. ئۇيۇشمىلار ئۆتمۇشتىن تارتىپ مەنپەئەتسىز ئىشلارغا ئورۇنسىز سەرپ بولۇپ كېتىدىغان ياكى مەلۇم شەخسلەرنىڭ چۆنتىكىگە كىرىپ كېتىدىغان ئۆشرە - زاكات، تۇرلۇك ۋەخپىلەرگە ئوخشاش دىنىي كىرىملەرنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى.

ئۆشرە دېگىنىمىز يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ 10 دىن بىر ئۇلۇشى، زاكات دېگىنىمىز چارۋىچىلىق، قول سانائەت، سودا - تىجارەت، مال - مۇلۇكنىڭ $\frac{1}{40}$ ئۇلۇشى بولۇپ، بۇ خىلدىكى ئىقتىساد ئۇيۇشمىلار تەرىپىدىن يىغىۋېلىناتتى. «تاما - تاما كۆل بولار» دەپ بۇمۇ ئاز كىرىم ئەمەس ئىدى. يالغۇز قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ئۆشرە ھېسابىدىن يىلىغا 200 مىڭ



چارەككە يېقىن ئاشلىق كىرىم بولاتتى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە مەسچىت، مەدرىسە (ئالىي دىنىي بىلىم يۇرتى)، يول، كۆۋرۇك، كۆل، مازارلارغا بېغىشلانغان ۋەخپى ئەۋقابلەر (يەر - زېمىن، باغ - ۋاران، ئۆي - ئىمارەت، تۇگمەن، ۋەخپى، دۇكان، ساراي قاتارلىق كۆچمەس مۇلۇكلەر) ئۇيۇشمىلار ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى. ئۇيۇشما تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن «ئەۋقاپ مۇدىرى»، «مۇتەۋەللى» ياكى «ئاشىر» (ئۆشرە يىغقۇچى خادىملار) بۇ ئىقتىسادنى يىغاتتى. مەسىلەن، قەشقەر كونا شەھەردىكى ئاپئاق غوجا مازىرىنىڭ 16 مىڭ مو، چاپان بازىرىدىكى چوڭ مەسچىتنىڭ 5 مىڭ مودىن ئارتۇق، ھېيتگاھ جامەسىنىڭ 6 مىڭ مودىن ئارتۇق ۋەخپىسى بار ئىدى. ئاتۇش ناھىيىسىدىكى «ھەزسۇلتىنىم» دەپ ئاتالغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنىڭ مىڭ مودىن ئارتۇق، كۇچادىكى چىنتەنلىرىم مازىرىنىڭ 5 مىڭ مودىن ئارتۇق، ئاقسۇدىكى ئالتۇنلۇق مازىرىنىڭ 2 مىڭ مودىن ئارتۇق ۋەخپى زېمىنى بار ئىدى. جايلاردىكى بۇ ۋەخپى زېمىنلاردىنمۇ ئۇيۇشمىلارغا نۇرغۇن كىرىم بولاتتى.

تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يالغۇز قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئۆزىگە خاس ۋەخپىلىرىدىنلا يىلىغا 171 مىڭ 6 يۇز جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىق كىرىم بولاتتى. بۇ مەسچىتنىڭ يەنە توققۇزاق، پەيزىۋات، سېمەن، پاختەكلى . . قاتارلىق جايلاردىمۇ ۋەخپىلىرى بولۇپ، يالغۇز سېمەندىكى ۋەخپىسىدىنلا يىلىغا 60 مىڭ جىڭ گۇرۇچ، بۇغداي كىرىم بولاتتى. ھېيتگاھ مەسچىتىگە قاراشلىق دۇكان - ئۆي ئىجارىسى ۋە ھاجەتخانا ئوغۇت كىرىمىلا 4 مىڭ يۇەندىن ئاشاتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيۇشمىنىڭ كىرىم مەنبەلىرىنىڭ يەنە بىر چوڭ قىسمى — قۇربانلىق بولۇپ، ھەر يىلى قۇربان ھېيتتا قۇدرىتى يەتكەن كىشىلەرنىڭ قۇربانلىققا ئاتاپ سويىدىغان كالا

- قوتاز، قوي - ئۆچكە قاتارلىق ماللىرىنىڭ تېرە - ئۈچەيلىرىمۇ ئۇيۇشمىلارغا ئېلىناتتى.

يەنە، ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ئەۋلادى يوق كىشىلەردىن قالغان مال - مۈلۈكلەرمۇ ئۇيۇشمىغا ئېلىناتتى، ھەمدە ئۇيۇشمىلارنىڭ كىنو - تىياتىر، سودا - سانائەتتىن كىرىدىغان كىرىملىرىمۇ بار ئىدى.

ئەنە شۇنداق پۇللار بىلەن توپلانغان زور مىقداردىكى ئىقتىساد مەدەنىي - مائارىپ ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان مەبلەغ ئىدى.

ئۇيۇشمىلار مۇنداق زور ئىقتىسادنى مۇنتىزىم بوغالتىرلىق تۈزۈمى بويىچە كىرىم - چىقىمىنى ئېنىق قىلغان ھالدا، تېگىشلىك ئورنىغا يەنى مەخسۇس مەدەنىي - مائارىپنى گۈللەندۈرۈش يولىغا سەرپ قىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن مەدەنىي - مائارىپ گۈللەنگەن ۋە شانلىق كەلگۈسى ئۈچۈن ئاساس يارىتىلغانىدى.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى ئۆز ۋاقتىدا ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا تارقالغان: «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تام - تورۇسلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قان - تەرى، ئۇستىخان - گۆشلىرىدىن پۈتكەن»، دېگەن كۆز قاراشلارغا مۇناسىپ ئىش قىلدى. ھەقىقەتەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىردىنبىر مىللىي مەدەنىي - مائارىپ ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتى بولغىنىغا مۇناسىپ ئىش قىلدى. ئۇيۇشمىلار ئۆزىنىڭ 20 نەچچە يىللىق تارىخىدا ئەنە شۇنداق زور ئىشلارنى ئىشلىدى. بۇ ھەممىگە ئايان پاكىت، ھەممىگە ئايان تارىخ. تارىخ ھامان ئادىل، پاكىت — كۆمۈلمەستۇر.



# ئۇيۇشما ۋە ئىتتىپاق

خەلپەت سۈزۈك ھاجىيوف

1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى شىنجاڭدا ئاپرېل ئۆزگىرىشى بولۇپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تىكلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي - مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۆرۈمچىدە ھەر مىللەتنىڭ مەركىزى مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى، ۋىلايەت، ناھىيە ۋە رايونلاردا ئۇنىڭ تارماقلىرىنى قۇرۇپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يول بەرگەنلىكى ئالاھىدە ئىش بولغانىدى. شۇ ۋاقىتلاردا شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى مۇشۇنداق يول تۇتمىسا، ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئومۇمىي خەلق مەدەنىي - مائارىپىنى يولغا قويۇپ، ئۇنى يېتەرلىك ئىقتىساد، ئوقۇتقۇچى، كادىر ۋە سەنئەتچىلەر بىلەن تەمىنلەپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. نەتىجىدە، 1934 - يىلدىن باشلاپ ئۆرۈمچىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەركىزىي مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيە ۋە رايونلىرىدىمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۇنىڭ شۆبە ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى.

جۈملىدىن قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىمۇ 1934 - يىلى قەشقەردىكى ئىلغار تەرەققىيپەرۋەر كۆچلەردىن مەرھۇم ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، ئابدۇراخمان ھاجىم، كېرەمخان ئەيسا

زادە، مەخمۇت مۇھىتى، ئابدۇراخمان ھاجىم، قۇتلۇق ھاجىم (شەۋقى)، ئوبۇلھەسەن ھاجىم مۇسابايوفلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، ئابدۇراخمان ھاجىمنى رەئىس، كېرەمخان ئەيسا زادىنى باش كاتىپلىققا سايلاش يولى بىلەن قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەنجان رەستىسىدىكى ئۆمەرباي ئاخۇنبايوفنىڭ چايخانىسى (مېھمانخانا) ئۇيۇشمىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى قىلىپ بېكىتىپ، ئىش باشلىغانىدى. ئۇيۇشما قارمىقىدا خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى بۆلۈملەر تەسىس قىلىنغان:

رەئىسلەر بۆلۈمى.

كاتىبات بۆلۈمى (ئىشخانا).

مالىيە بۆلۈمى.

ئەۋقاپ (ۋەخپىلەرنى باشقۇرۇش) بۆلۈمى.

تەپتىش بۆلۈمى.

مەكتەپلەر بۆلۈمى.

تەشۋىقات بۆلۈمى.

سانايى (سەنئەت) بۆلۈمى.

مەتبەئە (نەشرىياتچىلىق) بۆلۈمى.

### ئىشخانا (كاتىبات بۆلۈمى)

ھۆكۈمەت ۋە ئۇيۇشما ھەيئەتلىرىنىڭ بۇيرۇق، قارار، ئۇقتۇرۇش ۋە يوليورۇقلىرىنى كۈندىلىك ئىش تەرتىپىنىڭ ئاساسى قىلىپ، ھەرقايسى بۆلۈم، ناھىيە ۋە رايونلارغا تارقىتاتتى ھەم ئۇنىڭ ئىجراسىنى سۈيلەپ ئىش يۈرگۈزەتتى.



### ئەۋقاپ (ۋەخپىلەرنى باشقۇرۇش بۆلۈمى) ۋە ۋەخپە تۈرلىرى

ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى ياخشى خىسلەتلىرىدىن بولغان ساۋابلىق ئىشلىرى يەنى يېتىم - يېسىرلارنى يۆلەش، يول، كۆۋرۈك، مازار، مەسچىت، خانىقا (ئىشانلارنىڭ ئىبادەت ۋە مەشغۇلات، نەزىر - چىراغ ئورنى) ياساش، شۇنداقلا ئۆي - ئىمارەت، يەر - زېمىنلىرىنى ۋەخپە (بىر ئەۋلاد ۋارىسلىرى ئەۋلادىدىن ئەۋلادىغىچە سەرپ قىلىدىغان، ئەمما ئېلىش - سېتىش قىلالمايدىغان مۈلۈك) قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ۋەخپىلەر يېزىلاردا تۈگمەن - سوقا، يەر - زېمىنلارنى ئاساس قىلىدۇ. شەھەرلەردە دۇكان، ساراي، ئۆي - ئىمارەت، كارخانىلارنى ئاساس قىلىدۇ. ئەۋقاپ مۇشۇلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلغانىدى.

ئۆشرە — دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئاساسى بولغان ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ ئوندىن بىرىنى كەمبەغەل، ئاجىزلارغا ئاتىغان قىسمى.

زاكات — سودا - سېتىق، مال - چارۋىچىلىق ۋە قول سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغان كىشىلەرنىڭ غېرىب - غۇربا، يېتىم - يېسىرلەرگە ئاتىغان 40 تەڭگىسىنىڭ بىر تەڭگىسى، يەنى قىرىقتىن بىرى، بايلار ھەر خىل شىركەتلىرىدىن كىرگەن كىرىمىنىڭ، چارۋا ئىگىلىرى ئۆز مېلى ۋە پۇلىنىڭ قىرىقتىن بىرىنى ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا ھېسابلاپ چىقىپ، غېرىب - غۇربالارغا سەدىقە ئۈچۈن بېرەتتى.

ئۇيۇشما يۇقىرىدىكى كىرىم مەنبەلىرىدىن باشقا، ھەر خىل شىركەتلەر ۋە سېخىي بايلارنىڭ مەكتەپ سېلىش ئۈچۈن بەرگەن ۋە بېرىدىغان كىرىملىرىنى جۇغلاپ، مالىيە بۆلۈمى پۇختا

ھېسابات قائىدىسى بويىچە مۇكەممەل باشقۇرۇش تۈزۈملىرى (مالىيە بوغالتىرىيە ۋە كاسسىر) ئارقىلىق چىقىم قىلىپ، پۈتۈن ئۇيۇشما دائىرىسىدىكى كادىر، ئوقۇتقۇچى، سەنئەتچى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە مائاش ياكى ئاشلىق (بۇغداي، قوناق، گۈرۈچ) تارقىتاتتى. يېڭى سېلىنىدىغان مەكتەپ، ساڭلارنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ سىخېما تۈزۈپ، ئۇنى تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇيۇشما ھەيئەتلىرى يىغىنى قارارىغا ئاساسەن ئىش باشلايتتى.

ئۇيۇشما ئۆز كىرىمىنىڭ بۇزۇلۇپ ـ چېچىلىپ كەتمەسلىكى، ئايرىم كىشىلەرنىڭ خىيانەت قىلىپ كەتمەسلىكى شۇنداقلا، ئۇيۇشمىغا دائىر كىرىملەرنىڭ باشقا ئورۇنلار تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ كەتمەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇيۇشما مالىيە بۆلۈمى دائىرىسىدە مەخسۇس مالىيە مۇپەتتىشلىرىنى تەسىس قىلغاندى. خامان ۋاقتىدا ئۆشرە يىغىۋالغۇچى ئاشىرلار يۇرت ئارىلاپ، تەييار بولغان خامانىنىڭ ئاشلىقىنىڭ ئوندىن بىرىنى ساڭلارغا ماڭدۇراتتى.

## تەپتىش بۆلۈمى

ئۇيۇشمىنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىرى تەرىپىدىن رەسمىي قارار قىلىپ بېكىتىلگەن كىشى بۇ بۆلۈمگە باشلىق بولىدۇ. بۇ بۆلۈم تەپتىش ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن مۇشۇ ئىشقا ياردىمى تېگىدىغان مەلۇم ساندىكى كىشىلەرنى بۇ ھەيئەتنىڭ ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇيۇشما رەئىسلىرى باشلىق پۈتۈن ئۇيۇشما دائىرىسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۈستىدىن تەپتىش يۈرگۈزۈش ھوقۇقىغا ئىگە.



## مەكتەپلەر بۆلۈمى

ئۇيۇشما ۋە ئايرىم شەخسىي بايلار تەرىپىدىن سېلىنغان ۋە سېلىپ بېرىلگەن مەكتەپلەر پۈتكەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆز قارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، بۇ مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش، ئىشچى ـ خىزمەتچى، ئوقۇتقۇچى، مۇدىرلىرىنى تەيىنلەپ، يېتەرلىك ساندا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، مائارىپ سېپىنى كېڭەيتىش ۋە مەكتەپلەرگە ئومۇمىي جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلىشى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

مەكتەپلەر بۆلۈمى قارمىقىدا ئىلمىي مۇدىر ياكى مائارىپ مۇپەتتىشلىرىمۇ بولىدۇ. بۇلار ۋىلايەت بويىچە مەكتەپ مۇدىرلىرى، ئوقۇتقۇچىلار، مەكتەپ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى مائارىپ تۈزۈمىگە خىلاپ بولغان ياكى خاتا بولغان ئىشلارنى تەكشۈرۈپ، مەكتەپلەر بۆلۈمىگە دوكلات قىلىدۇ. مەكتەپلەر بۆلۈمى ئۆزى ھەل قىلىشقا تېگىشلىكىنى ئۆزى ھەل قىلىدۇ، باشقا ئورۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بولسا شۇ ئورۇنلار ئارقىلىق ھەل قىلىدۇ.

## تەشۋىقات بۆلۈمى

شېڭ شىسەي ئوتتۇرىغا قويغان جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى تەمىن ئېتىش، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، شىنجاڭنى تەمىرە قىلىشتىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەتنىڭ روھىغا ئاساسەن، پۇلى بارلار پۇل چىقىرىپ، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مەدەنىي ـ مائارىپ ۋە مەكتەپ قۇرۇشنى تەشۋىق ۋە تەشەببۇس

قىلىش بىلەن، ئايرىم شەخسلەر تەرىپىدىن سېلىنغان مەكتەپلەرنىڭ بىر قىسمى ھېلىمۇ جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، قەشقەر ھەزرەتكە ئىبراھىم ئاخۇن ئاكام (لوزۇڭ) سالغان ھەزرەت باشلانغۇچ مەكتىپى، بەشكېرەمنىڭ قازىرىق مەھەللىسىگە قادىر ھاجىم ھاشىم ھاجىم ئوغلى سېلىپ بەرگەن بەشكېرەم قازىرىق باشلانغۇچ مەكتىپى؛ قورغان موللا زادەم مەھەللىسىگە ئوبۇل قاسىم ئاخۇن سالغان موللا زەدە باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە باشقىلار. گەرچە مائارىپپەرۋەر شەخسلەرنىڭ ئۆز خىراجىتى بىلەن قۇرۇپ بەرگەن مەكتەپلەرنىڭ سانى ئومۇمىي مەكتەپ قۇرۇلۇشىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ جەمئىيەتكە بەرگەن تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولغان. ۋىلايەت بويىچە ھېسابلىغاندا مۇنداق سېلىنغان مەكتەپلەرمۇ ئانچە ئاز ئەمەس.

## سانايىنەپىسە بۆلۈمى

سانايىنەپىسە بۆلۈمى گەرچە ئۇيۇشما خىزمىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىشى تېز بولغان بىر تارماق بولسىمۇ، ئەمما بۇ بۆلۈمنىڭ ئىشىنى كېڭەيتىش شۇ ۋاقىتتىكى شارائىتتا تولىمۇ قىيىن ئىدى. چۈنكى، بۇ بۆلۈمنىڭ خىزمىتى ئۇيۇشمىنىڭ باشقا بۆلۈملىرىنىڭ خىزمىتىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. ئەڭ مۇھىمى بۇ ئىشقا ئالاھىدە سەھنە، زال، ئارتىس ۋە ئۇلارغا لازىملىق زىبۇ-زىننەت، كىيىم-كېچەكلەر بەكمۇ زۆرۈر ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ۋاقىتتىكى جەمئىيەتنىڭ شارائىتى ئۇيۇشمىنىڭ بۇ جەھەتتىكى خىلمۇ-خىل ئېھتىياجىنى قىسمەن بولسىمۇ قاندۇرۇشقا زادىلا ئىمكانىيەت ھازىرلىيالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سانايىنەپىسە بۆلۈمىدىكىلەر بىرەر ئويۇننى تەييارلىماقچى بولسا ياكى ئەر-



ئايال بىللە چىقىپ ئىجرا قىلىدىغان سەنئەت نومۇرلىرىنى سەھنىدە خەلققە كۆرسەتمەكچى بولسا، ئىلاجىسىز سېپتا، چىرايلىق، كېلىشكەن ئوغۇل باللارنى، مەسىلەن، ئابلىز ھاجىم، بوداق مەخسۇم، مەھەممەت سەتەڭ، تاشپولات، ئاق بارانقا ئوخشاش باللارنى قىز ۋە ئاياللار رولىنى ئويناپ چىقىشقا بەلگىلەشكە مەجبۇر بولاتتى. زىننەت بۇيۇملىرى ۋە زۆرۈر لازىملىق تۇرلۇك ئەر - ئايال كىيىم - كېچەكلىرىنىمۇ باي ئائىلىلەردىن قەرز ئېلىپ ئىشلىتەتتى. ئويۇن قويۇشقا لايىق كۇلۇب ۋە سەھنە بولمىغاچقا، سامان بازىرىدىكى بىر سارايغا بورا چىتەندە سەھنە ياساپ «جاتىۋتىپ»، «پىرىخون»، «باي بىلەن مالاي» دېگەنگە ئوخشاش ئويۇنلار قويۇلاتتى.

ساز گۇرۇپپىسىدا ئابدۇللا ئاخۇن ئاكام ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن سەمەت ئاخۇن، داۋۇت ئاخۇن، تالىپ ئاخۇن، ۋە ئابدۇرېھىم ئاخۇن ئاكام چاڭلار بولۇپ، سەھنە ۋە زالغا جان كىرگۈزەتتى.

## مەتبەئە (باسما) بۆلۈمى

بۇ ۋاقىتلاردا قەشقەردە ئالاھىدە باسما زاۋۇتى بولمىغاچقا، ھەمدە قەشقەر گېزىتىمۇ يېڭى تەشكىللىنىپ ئۆز ئېھتىياجىنىڭ ھۆددىسىدىن ئارانلا چىققاچقا، ئۇيۇشمىمۇ ئۆز ئېھتىياجىنىڭ ئاساسلىق ھۆددىسىدىن ئاساسەن چىقىش ئۈچۈن، مەھەممەت ئاخۇن خەلپىتىم دېگەن كىشىنىڭ باشچىلىقىدا ياغاچ مەتبەئە قۇرغانىدى. بۇ بۆلۈم ئۇيۇشمىلارنىڭ ئالاقە قەغىزى، تالون، ھېسابات دەپتەرلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلار دەپتەرلىرىنى تەييارلاپ بەرگەننىڭ سىرتىدا، باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرىنىڭ بىر قىسمىنىمۇ تەييارلاپ، مائارىپ خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاھىدە كۈچ قوشۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى دەرسلىك ماتېرىيال

بىلەن تەمىنلەيتتى.

## قەشقەردە سېلىنغان دەسلەپكى پەننىي مەكتەپ

قەشقەر شەھىرىنىڭ نوبېشى تەۋەسىدىكى بىر بۇتخانىنى چېقىپ، ئورنىغا 14 سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىنغان. بۇ مەكتەپكە باۋۇدۇن مۇسابايوفلار ئۇستۇن ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتى (ئۆز يۇرتى) دىن ئۆز بالىلىرىغا قوشۇپ تۈركىيىگە ئەۋەتىپ تەربىيىلەپ كەلگەن ۋە مەلۇم يىللار ئىكساقتا مۇسابايوفلار تەشكىل قىلغان يېڭىچە مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ھەم بۇ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ئىقتىدارى بارلارنى تاللاپ ئېلىپ كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىققا قويغانىدى.

مۇشۇنىڭغا ئۇلاپلا قەشقەر دائىرىسىدە قۇرۇلۇۋاتقان ۋە تەشكىل قىلىنىۋاتقان نۇرغۇن باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە كېرەكلىك ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، ئۇيۇشما دەسلەپكى قەدەمدە قەشقەر شەھىرىنىڭ ياۋاغ دەرۋازا تېشىدا ئاز ۋاقىت تەربىيىلىسە ئوقۇتقۇچىلىق قىلالايدىغان سەۋىيىدىكى ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلاردىن 250 نەپەر ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئاچقانىدى. بۇ كۇرسقا قاسىم ھاجىم خەلپىتىم غوجا چوڭنىڭ قوملۇقىدا ئاچقان مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سەۋىيىسى ياخشىراقلىرىدىنمۇ تاللاپ كېلىپ قاتناشتۇرغان. بۇ كۇرسقا (ئۈچ ئايلىق) ھەبىبۇللا ھاجىيوف بىلەن مەنمۇ قاتناشقان. بۇ كۇرستا تەربىيىلەنگەن ئوقۇتقۇچىلار شۇ ۋاقىتتىكى ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغاچقا، بۇنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئوقۇغۇچى سانىنىمۇ 500 گە يەتكۈزۈپ، قەشقەر شەھەر دورغا بەگ كۆلبېشى ۋە قوناق بازىرىغا سېلىنغان مەكتەپ ـ مەدرىسلىرىدە ئالتە ئايلىق ئوقۇتقۇچىلار



كۇرسى ئاچتى. بۇ كۇرسقا كىرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى تېخىمۇ تاللاپ قوبۇل قىلىپ، تەلئەت مۇسابايوف، تۇرسۇن ئەپەندى، ئەنۋەر ئەپەندى، پەخرىدىن ئەپەندىلەرگە ئوخشاش خېلى يۇقىرى سەۋىيىلىك ئوقۇتقۇچىلارنى دەرس ئۆتۈشكە بېكىتتى، ۋاقتىنىمۇ ئالتە ئايغا ئۇزارتتى. بۇ كۇرسقىمۇ مەن، مۇسا ھاجىيوف، ئابدۇللا زۇنۇنوفلار قاتناشتۇق. 1933 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، قەشقەردىن ئۈرۈمچى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە تىزىمغا ئالدۇردۇق ھەم ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەلدۇق. ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىنىدە بىر يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، 1936 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن سوۋېتكە چىقىرىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا ئىمتىھان بېرىپ تاشكەنتكە ئوقۇشقا باردۇق.

شۇ ۋاقىتلاردا قەشقەردە ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇرۇلغاندىن باشقا، يەنە قەشقەرنىڭ كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، پەيزىۋات، مارالبېشى، مەكىت، يېڭىسار، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، تاشقورغان ۋە ئۇلۇغچات قاتارلىق ناھىيىلىرىنىڭ ھەممىسىدە (تاشقورغاندا كېيىنرەك قۇرۇلدى) ناھىيىلىك ۋە رايونلۇق شۆبە ئۇيۇشمىلار قۇرۇلغانىدى. تاشقورغان ناھىيىسىدىكى تاجىكلار ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتكەچكە، ئوقۇتۇش ۋە دەرسلىك ئۇيغۇر تىلىدا يۈرگۈزۈلەتتى. بۇ يىللاردا قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە مەكتەپ سېلىش، ئۇنىڭغا يېتەرلىك ساندا ئوقۇتقۇچى تەييارلاش ئۇيۇشما زىممىسىدىكى بىردىنبىر جىددىي ۋەزىپە بولغاچقا، پۈتۈن خەلق چەكسىز خۇشاللىق بىلەن ياغىچى بارلار ياغاچ، يېرى بارلار يەر، پۇلى بارلار پۇل، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىپ، مەكتەپ ۋە ئاشلىق ئامبارلىرى قۇرۇلۇشىغا ئاتلاندى. ۋىلايەت بويىچە سېلىنغان بۇ مەكتەپلەرنى مۇدىر، ئوقۇتقۇچى، مەمۇرىي خىزمەتچىلەر بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قەشقەر بىلەن يەكەندە

ئالتە ئايلىق ۋە بىر يىللىق ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىنى ئاچتى. يەنە مالىيە خادىملىرىنى ۋە مەمۇرىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش مەخسۇس كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ھەرقايسى ناھىيە ۋە رايونلارنى مائارىپ ۋە مالىيە مەمۇرىي خادىملىرى بىلەن تەمىنلەيتتى. ئۇيۇشمىلارنىڭ ناھىيىدىن يۇقىرى رەئىسلىرىنى ئۇيۇشمىنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىرى سايلاپ چىقىپ ۋىلايەتكە تەستىقلىتاتتى. رايونلۇق شۆبە ئۇيۇشما باشلىقلىرىنى ناھىيىلىك ئۇيۇشما رەئىسلىرى تەستىقلاپ ئىشقا قوياتتى. ھەربىر رايونلۇق ئۇيۇشمىلار ئۆز دائىرىسىنىڭ ئۆشرە - زاكاتلىرىنى يىغىپ، ساقلاش ئۈچۈن ساڭلارنى سېلىپ، ئۇنىڭدا ئۆشرە - زاكاتتىن كەلگەن ماددىي ئەشيالارنى ساقلايتتى. ئۆشرە يىققۇچى - ئاشىر، تەييار بولغان خامانلارنى ئۇسۇپ بەرگۈچىلەر - دىۋان بېگى دەپ ئاتىلاتتى. خامان ئۇسۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تېگىشلىك ئۆشرىسىنى ئاشىرلار رايونلۇق ئۇيۇشما ساڭلىرىغا تاپشۇراتتى.

بۇندىن باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن سويغان قۇربانلىق ماللىرىنىڭ تېرە - ئۈچەيلىرىنىمۇ يىغىپ، پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۇيۇشمىنىڭ تىجارەت بۆلۈمى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى سودا ئورگىنى (سوۋ - سىن - تورگ) غا ئۆتكۈزۈپ، ئۇلاردىن خەلق تۇرمۇشى، مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىغا لازىملىق ماددىي ئەشيالار ئېلىنىپ، مەدەنىي - مائارىپ ئېھتىياجى ۋە خەلق تۇرمۇشى تەمىن ئېتىلەتتى.

## ئۇيۇشما باشقۇرغان مەكتەپلەر

يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئۇيۇشما ئۆز كۈچى ۋە خەلقنى قوزغاش، تەشۋىق قىلىش يوللىرى بىلەن مەكتەپ سېلىش ھەم



ئۇ مەكتەپلەرنى يېتەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن ئارقا - ئارقىدىن قىسقا مۇددەتلىك (ئۈچ ئاي، ئالتە ئاي، كېيىنرەك بىر يىللىق) كۇرسلارنى ئېچىپ، ئۇنىڭغا خەلق ئىچىدىكى بىر قەدەر ساۋاتى چىققان ياش ئەر - ئاياللارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا پەننىي بىلىملەردىن دەرس ئۆتۈپ، مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، ئۆز دائىرىسىدىكى مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئەۋەتتى. بۇلار ھەتتا يازلىق تەتىلمۇ قىلماي، قىسقا كۇرستا ئوقۇپ ئۆزىگە ئاز بولسىمۇ بىلىم توپلايتتى.

ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئوغۇل - قىزلار سىنىپىغا، ھەتتا چوكانلار دارىلمۇئەللىمىنى ۋە دارىلمۇئەللىمات تۈرلىرىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئوغۇللار مەكتىپى، ھەتتا دارىلمۇئەللىمات (ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى تەييالاش مەكتىپى) لارمۇ ئايرىم تەشكىل قىلىنىپ، ئايال ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈلەتتى. قەشقەر شەھىرىدە تۇرمۇشقا چىققان، يېڭى مەكتەپتە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلغان ساۋاتسىز ۋە ساۋاتلىق ئاياللارنى يىغىپ، مەخسۇس چوكانلار مەكتىپى تەشكىل قىلىنغانىدى.

## دارىلئىيتام (يېتىملەر مەكتىپى)

ئۇيۇشما جەمئىيەتتىكى كەمبەغەل، ئىگە - چاقىسىز ئوغۇل - قىزلارنى يىغىپ، ئۇلارغا ئالاھىدە مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇتۇپ، ئۇلاردىكى داۋاملىق ئوقۇپ كېتەلەيدىغان ۋە ئوقۇش نەتىجىسى ياخشى بولغانلارنى يۇقىرى سىنىپلارغا، ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىغا ۋە باشقا كەسپىي مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ بېرەتتى. بۇنداق يېتىملەر مەكتەپلىرى ھەتتا بەزى چوڭراق ناھىيىلەردىمۇ قۇرۇلغانىدى. بۇلارغا ئادەتتە ئوقۇتۇلىدىغان دەرسلەردىن باشقا قىسمەن كەسپىي دەرسلەر — سەيپۇڭچىلىق، ماتا، تاغار توقۇش، ياغاچچىلىق، تامچىلىق،

مۇزدۇزچىلىق قاتارلىق كەسپنى دەرسلىرىمۇ ئۆتۈلۈپ، مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن بىرەر كەسپنىڭ ئەھلى بولۇپ، مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ قالاتتى. ئوقۇيالايدىغانلىرى داۋاملىق ئوقۇپ، ئىمتىھاندىن ئۆتكەندىن كېيىن يۇقىرى مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلەتتى.

بۇ مەكتەپلەر دائىرىسىدە سەنئەت سىنىپىمۇ تەشكىل قىلىنىپ، مەكتەپنىڭ ئۆز دائىرىسىدىكى سەنئەت قابىلىيىتى بار ئوقۇغۇچىلارنى بۇ سىنىپقا قوبۇل قىلغاندىن تاشقىرى، ۋىلايەتنىڭ باشقا ناھىيىلىرىدىنمۇ سەنئەت قابىلىيىتى بار ياشلارنى قوبۇل قىلىپ، بىر يىللىق، ئىككى يىللىق سەنئەت سىنىپى ئېچىش ئارقىلىق، جەمئىيەتكە بىر قىسىم سەنئەتكار ياشلار تەربىيىلەپ بېرىلەتتى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ساز بىلەن شۇغۇللانسا، بىر قىسمى سەھنە ئارتىسلىرى بولۇپ قالاتتى. مۇشۇ سىنىپتا ئوقۇپ چىققان ھازىرقى ئاتاقلىق مۇزىكانت قۇربان ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى ھازىرغىچە ھەرقايسى جايلاردىكى سەنئەت قوشۇنلىرى ئىچىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي سەنئىتىمىزنىڭ كۈنساناپ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن، جانپىدالىق بىلەن خىزمەت قىلماقتا ۋە سەنئەت ساھەمىزنى بارغانچە بېيىتىپ بارماقتا.

## دارىلئاجىزىن (ئاجىزلار ۋە تىلەمچىلەرنى بېقىش ئورنى)

ئۆتمۈشتىكى تەڭسىز، قاراڭغۇ جەمئىيەتتە، كىشىلەر ئارىسىدىكى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەڭسىزلىك، جەمئىيەت ئەزالىرىنى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە تۇرمۇشىغا ئاساسەن ھەر خىل سىنىپلار ۋە تەبىقىلەرگە بۆلۈۋەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جەمئىيەتتىكى ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بىر -



بىرىدىن ئالاھىدە پەرق ئېتەتتى. كىشىلەرمۇ ئۆز ئەھۋالىغا، كېلىپ چىقىشىغا ۋە ئۆز ئارزۇسىغا قاراپ، ھەر خىل سىنىپ، تەبىقە، قاتلاملارغا تەۋە بولۇپ ياشايتتى. مۇنداق ئەھۋال شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا (ۋىلايەت، ناھىيىلىرىدە) ئۇچراپ تۇرىدىغان بولسىمۇ، ئەمما قەشقەر شەھىرىدە تولىمۇ ئېغىر ھالدا ئەكس ئېتەتتى. شەھەرنىڭ ئۆزىدىلا چوڭ - چوڭ مەخسۇس ئىككى تىلەمچىلەر مەھەللىسى بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئەتراپتىن ئېقىپ كېلىپ تىلەمچىلىك بىلەن جان بېقىپ، كۈننى تالادا ئۆتكۈزۈدىغان ماكانسىز تىلەمچىلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بۇلار ياز كۈنلىرى تىلەمچىلىك بىلەن قورسىقىنى بېقىپ ئۆتكۈزسىمۇ، ئەمما قىش - زىمىستان كۈنلىرى ئىسسىقراق پاناھ جاي ئىزدەپ، ئۆتمۈشتىكى سامان بازىرىنىڭ قېشىدىكى كونا ھاممام (مۇنچا) نىڭ كۆلخانىسىدىكى قوقاس كۆلگە كۆمۈلۈپ قىشنى چىقىراتتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇيقۇچىلىقتا قوقاسنىڭ تەسىرىنى سەزمەي، ياتقان يېرىدە كۆيۈپ ئۆلۈپ قالاتتى. ئەتىسى بۇ تىلەمچىلەرنىڭ ساغلاملىرى كۆيۈپ ئۆلگەن جەسەتنى ھارۋىغا ياكى زەمبىلگە سېلىپ، رەستىلەرنى ئايلاندۇرۇپ، غېرىپ كېپەنلىكگە سەدىقە بېرىڭلار - دەپ، پۇل يىغىپ، ئۇ جەسەتكە كېپەنلىك ۋە يەرلىك سېتىۋېلىپ، دەپنە قىلاتتى.

ئۇيۇشما جەمئىيەتتىكى مۇشۇ خىل تەڭسىزلىك ۋە خورلۇقنى تۈگىتىپ، بۇ قاتلامدىكىلەرنىڭ ياشلىرىنى ئوقۇتۇپ جەمئىيەتكە قوشۇش، ئەمگەك قىلالايدىغانلىرىنى تۈرلۈك كەسىپ ۋە ئەمگەكلەرگە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆز ئەمگىكى بىلەن بېقىپ توغرا يولغا سېلىش، قېرى، ئاجىز، مېيىپلىرىنى ئالەمدىن ئۆتكۈچە بېقىش، ئاسراش يولى بىلەن جەمئىيەت قىياپىتىنى يېڭىلاشنى مەقسەت قىلاتتى. بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى ھەقىقەتەن مۆلچەردىكىدىنمۇ ئارتۇق بولدى. جەمئىيەتتىكى ھەر

دوقمۇشتا، كوچا - كوچىدا ئۇچراپ تۇرىدىغان تەڭسىزلىك، ئاشكارا خورلۇق، سالپا - ساياقلىق خېلى يىللارغىچە (گومىنداڭ دەۋرىگىچە) جەمئىيەت سەھنىسىدىن يوقىلىپ، قەشقەرنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتى خېلىلا يېڭىلانغانىدى.

## ئۇيۇشمىغا ئۆتكۈزۈۋېتىلگەن ۋەخپە ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

بىز يۇقىرىدا ئۇيۇشما قارمىقىغا ئۆتكەن ۋەخپە تۈرلىرىنى بايان قىلدۇق. ئۆتمۈشتە بۇ ۋەخپىلەرنى تۈرىگە، ئورنىغا قاراپ ئىزچىل باشقۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭ كىرىمىنى ئۆز دائىرىسىدىكى دىنىي ۋەزىپىدارلارغا ۋەزىپىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ يىلدا بىر قېتىم تەقسىملەپ بېرىدىغان دىنىي ۋەزىپىدارلار بار ئىدى. ئۇيۇشما يۇقىرىدىكى ۋەخپىلەرنى ئۆتكۈزۈۋالغاندا بۇ مائارىپ كادىرلىرىغا ئايدا بىر قېتىم مائاش تارتقانتقاندەك بۇ ۋەزىپىدارلارنىمۇ جەمئىيەتتىن ۋەخپە قىلىنغان يەر - زېمىنلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈۋالغان. شۇنىڭ ئۇچۇن مەدەنىي - ۋەزىپىدارلارنىمۇ يىلدا بىر قېتىم ۋەزىپىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ ۋەزىپە ھەققى تارقىتىپ بېرەتتى. بۇلارنى دىنىي ئاتالغۇ بويىچە «ئەھلى ۋە زائىپلار» (ۋەزىپىدارلار) دەپ ئاتايتتى. بۇ ۋەزىپىلەر تۆۋەندىكىچە:

مۆتىۋەللى — ۋەخپە قىلىنغان ئورۇننىڭ مال - مۈلۈك ۋە مەھسۇلاتلىرىنى يىلدا بىر قېتىم ئۆز دائىرىسىدىكى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ۋەزىپىدارلارنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ تەقسىملەپ بېرىپ، قالغان مال - مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىپ باشقۇرىدۇ؛ مۈلۈكلەرنىڭ بۇزۇلغان جايلىرىنى رېمونت قىلىش، قايتا قۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

شەيخ — ئاساسەن مازار - ماشايىخلارغا، ئۆز ئاتا -



بوۋىلىرى ۋەخپە قىلغان زېمىنلەرگە تايىنىپ، بىر قىسىم كىرىمنى شۇ ۋەخپىدىن تولدۇرۇدىغان كىشىلەر. بۇلارغىمۇ ئورنىنىڭ ۋە ۋەزىپىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ يىلدا بىر قېتىم مەلۇم مىقداردا ئاشلىق بېرىلىدۇ.

سو پارىخان — ئاساسەن مازار - ماشايىخلارغا، باشقىلار تەرىپىدىن ۋەخپە قىلىنغان مازارغا تىلاۋەت (قۇرئان ئوقۇپ ئاتا - بوۋىسىنىڭ روھىغا دۇئا قىلىش) كە كېلىدىغانلارنىڭ قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، ئاتا - بوۋا ۋە ئەجداتلىرىنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ كېتىشىگە لازىم بولىدىغان قۇرئاننى ساقلاپ باشقۇرۇپ، ئۇنى ھاجەتمەنلەرگە ئارىيەت بېرىپ باشقۇرىدىغان ۋەزىپىدارلار.

خاتىپ (ياكى خېتىپ) — مازار، يۇرت ۋە شەھەر ئىچىدىكى ھەر ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنىسىلا جۈمەنى پىشىن بىلەن بىرگە ئوقۇپ بەرگۈچى ئىمام ئاخۇنۇم ياكى خېتىپ ئاخۇنۇم بولۇپ، بۇ كىشىنى ئۆز دائىرىسىدىكى شۇ كىشىگە ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغۇچى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە ئۇ كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدۇ.

ئىمام — ھەرقانداق چوڭ - كىچىك مەسچىتلەرنىڭ بەشۋاقلىق نامىزىنى ئوقۇپ بەرگۈچى كىشى بولۇپ، شۇ مەسچىت دائىرىسىدىكى مۇسۇلمان ئاھالىسىنىڭ بامدات، پىشىن، نامازدىگەر، ناماز شام، ناماز خۇپتەن، روزى ھېيت ۋە قۇربان ھېيت نامازلىرىنى جامائەتنى ئەگەشتۈرۈپ ئوقۇپ بەرگۈچى ۋەزىپىدار.

مەزىن — ھەرقانداق جايدىكى چوڭ - كىچىك مەسچىتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىگە تەۋە بولغان ۋە تەۋە بولمىغان مۇسۇلمانلارنى ئۆز مەسچىتىدە ناماز ئوقۇپ كېتىشكە چاقىرغۇچى ۋە ئويغاتقۇچى ۋەزىپىدار.

چاروپ — مەيلى مازار - ماشايىخ بولسۇن ياكى ھەرقانداق جايدىكى دىنىي مۇئەسسەسەلەر بولسۇن، ئۇنىڭ ئەتراپىنى

كۆكەرتىشكە ۋە مۇھىت تازىلىقىغا مەسئۇل كىشى.

چىراقچى — مەھەللە ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق، ھال - ئوقىتى ياخشىراق، قول ئىلكىدە بار كىشىلەردىن بىرەرسى ئۆز تەئەللۇقىدىن (زېمىنىدىن) مەسچىتىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ بەش مودىن ئىككى - ئۈچ موغىچە يەرنىڭ كۆكىنى بېرىدۇ. بۇ يەر مەزكۇر مەسچىتنى ئەۋلادىدىن - ئەۋلادىغىچە يورۇتۇپ بەرگۈچى (چىراغ يېقىپ بەرگۈچى) گە قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ھوسۇلىمۇ چىراغ يېقىپ بەرگۈچىگە تەئەللۇق بولىدۇ. بۇمۇ يۇقىرىدا سانالغان ۋەخپە تۈرلىرىنىڭ بىر خىلى بولۇپ، بۇ زېمىننى ئېلىپ سېتىشقا بولمايدۇ. باشقا ئورۇنلارنىڭ بۇ ۋەخپىلەرنى ئەمەلىي ۋەخپە قىلغۇچى ئەۋلادىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىشقا ياكى باشقا ئەر كىشىلەرنى بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىشىگىمۇ بولمايدۇ.

كۆل ۋەخپىسى — كۆل جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان جايلىرىنىڭ ھەممە يېرىدە، بولۇپمۇ ھەربىر مەھەللىلەردە بار بولۇپ، بارلىق ئاھالىلەر بۇ كۆللەرگە قىش - ياز سۇ قاچىلىۋېلىپ، مۇشۇ كۆلنىڭ تىنىق سۈيى بىلەن تەمىنلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر كۆلگە قاراشقا، سۈيىنى پاكىز ساقلاشقا، ئەتراپىنى كۆكەرتىپ مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنى ئۆتەشكە ئىشلىتىش ئۈچۈن قىلىنغان ۋەخپىلەر كۆل ۋەخپىسى دېيىلىدۇ. بۇنىڭ ھوسۇلىنى مەزكۇر كۆلنىڭ مۆتىۋەللىسى يىغىۋېلىپ، كۆلنى چېپىش، رېمونت قىلىشقا ئىشلىتىدۇ. كۆل مۇتىۋەللىسى ئاھالىلەرنى ئىچىدىغان سۈيىدىن خاتىرجەم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

ۋەخپە نەيى — ۋەخپە روسۇلىللا ياكى پەيغەمبەر ۋەخپىسى دېگەن ئوخشىمىغان ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن ۋەخپىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ۋەخپە قىلغۇچى كىشى ۋەخپە ھوقۇقىنى دىنىي جەھەتتە بىلىمى يۇقىرى بولغان ياكى خەلق ئىچىدە دىيانەتلىك



دەپ تونۇلغان ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىنىڭ بىرەرسىگە تۇتقۇزۇپ، ھەر يىلى مۇھەممەت پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇغۇلغان ئاي رەبىئولئەۋۋەلدە يەنى بۇ زاتنى ئەسلەپ ئۆتكۈزۈلىدىغان مەۋلۇد (تۇغۇلۇش) خاتىرە نەزىرىسى ئۆتكۈزەتتى.

ۋەزىپە خان ياكى ۋەزىپىدار — ئىسلام دىنىنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدە ئۆزىگە لايىق خىزمەتلەرنى ئىشلەش ئۈچۈن مەسئۇل قىلىنغان خىزمەتچىلەر.

## 1939 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئېچىلغان تۆت سىنىپلىق دارىلمۇئەللىمات

### (ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى)

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى شارائىتى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى ئوغۇل - قىزلارنى ئايرىپ باشقۇرۇش ۋە تەربىيىلەشنى تەلەپ قىلغاچقا، ئۇ ۋاقىتتا تەشكىل قىلىنغان مەكتەپلەرنىڭ بىر قىسمى ئوغۇللار، يەنە بىر قىسمى قىزلار، چوكانلار مەكتىپى قىلىپ تەشكىل قىلىناتتى. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى 1939 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەنجان كوچىسىدىكى ئابلا ئاخۇن بايۋەتچى ۋە ئابدۇرېھىم بايۋەتچىلەرنىڭ شىڭ شىسەي تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنغان باغ ھويلىسىدا تۆت سىنىپلىق دارىلمۇئەللىمات مەكتىپى ئېچىپ، 160 نەپەر قىز ۋە ئايال ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. بۇ كۇرسنىڭ مۇددىتى ئالتە ئايلىق، بىر يىللىق بولۇپ، بۇ كۇرس 1943 - يىلغىچە داۋام قىلىپ جەمئىيەتكە خېلى ساندا ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىپ، شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەر خەلقىنىڭ ئالاھىدە رازىلىقىغا ئېرىشكەنىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەكتەپكە كىرىدىغان ۋە كىرگەن قىز ۋە

ئايال ئوقۇغۇچىلار سانىمۇ يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ بارغان.

## ئومۇمىي خەلق ساۋات چىقىرىش دولقۇنى

ئۆتمۈشتىكى ئەكسىيەتچىل هاكىمىيەت ۋە جاهىل هۆكۈمران سىنىپلار مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا خەت ئۆگەتمەسلىك هەتتا، خەت ئۆگەنگەنلەرنىڭ قولىنىڭ تىرنىقىغا ئۇرۇپ، تىرنىقىنى چىقىرىۋېتىش يوللىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى خەت ئۆگىنىشتىن مەهرۇم قالدۇرۇپ، ئۆگەنگەننى تۈتى قۇشتەك يادلاپ ئوقۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويغانلىقتىن، كىشىلەرنى ساۋاتسىز، نادان قالدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ تېخىمۇ قالاق هالەتكە چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان. مەنمۇ دەسلەپتە شۇنداق مەكتەپتە ئوقۇغان. يەرگىلا شال پاخلى سېلىنغان ئۆيدە ئوقۇغۇچىلار يۈكىنىپ ئولتۇرۇپ، خەلپىتىم (مۇئەللىم) نېمىنى ئۆگەتسە شۇنى يادلاپ ئوقۇيدىغان مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلىق هاياتىمنى باشلىغانىدىم. بۇنداق مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش يىلىغا قاراپ سىنىپلارغا ئايرىلماستىن، هەممىسىلا شۇ بىر ئېغىز ئۆينىڭ ئۆزىدىلا مەشغۇلات ئېلىپ بارغاچقا، بۇنداق ئوقۇشنىڭ زادىلا ئۈنۈمى بولمايتتى. ئوقۇغۇچىلار ئىمان كەلىمىلىرى ۋە ئۇششاق سۈرىلەرنى تۈتى قۇشتەك يادقا بىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇپ، يېزىقىنى يازالمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى داۋاملىق مەكتەپتىن قېچىپ، ئوقۇشتىن زېرىكىپ، ئاخىرىدا شاۋاتسىز هالدا مەكتەپتىن چىقىپ كېتەتتى. بۇلارنىڭ شەهەردىكىلىرى تۇرلۇك هۈنەرلەرنى ئۆگىنىپ جان باقسىمۇ، دېهقان ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ياشلار ساۋاتسىز هالدا ئۆز ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ چارۋىچىلىق، دېهقانچىلىق، هۈنەرۋەنچىلىك كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىش



ئۈچۈن، مەكتەپتىن چىقىپ كېتەتتى. نەتىجىدە جەمئىيەتنىڭ نوپۇسى قانچە ئاشسا، ئۇنىڭدىكى ساۋاتسىزلار قوشۇنى شۇنچە كۆپىيىپ ۋە ئۇلغىيىپ باراتتى. مەسىلەن، بۇنىڭغا مېنىڭ ئۆز ئائىلەم، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇم ۋە مۇسابايوفلار ئائىلىسى مىسال بولالايدۇ.

مېنىڭ ئاتام مەرهۇم سۇزۇك هاجى بىر ئاتىدىن بەش ئوغۇل بولۇپ، چوڭ دادىمىز خەۋىر هاجىم گەرچە بۇلاردىن ئىككىسىنى ئوقۇتۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ، ئەمما ئاخىرقى هېسابتا ئوقۇشتا ئۇزۇپ چىقالىغىنى پەقەت ئاتام سۇزۇك هاجىم بولغان. ئاتام سۇزۇك هاجىمدىن بىز ئالتە ئوغۇل بولۇپ دادام هەممىمىزنى ئوقۇتۇشنى نىيەت قىلىپ مەكتەپكە بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاكىلىرىم ئوقۇشنى، يېزىشنى زادىلا بىلەلمىگەن. ئاخىرى ئوقۇيالماي يېشى چوڭىيىپ كەتكەچكە، ئاتام بۇلارنى دېهقانچىلىققا سېلىشقا مەجبۇر بولغان. نەتىجىدە، شۇندىن كېيىنكى ئۈمىدنى ماڭا باغلاپ، ماڭا شۇ يۇرتتا ئۆتكەن سابىر ئاخۇن خەلپىتىم دېگەن كىشىنىڭ ئىسمىنى قويۇپ (ئەركىلەتمە ئىسمىمنى خەلپىتىم ياكى خەپىتىم دەپ ئاتايتتى)، مېنى ۋە مەندىن كېيىنكى ئىنىمنى ئوقۇتۇشقا باشلىغان.

مېنىڭ بىرىنچى قېتىمدا كىرگەن مەكتىپىمنىڭ ئەهۋالىنى يۇقىرىدا بايان قىلدىم، ئۇ مەكتەپتىن تەلەپكە لايىق نەتىجە كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇشۇ ئەهۋاللارغا ئاساسەن، يۇرتتىكى ئوقۇش يېشىغا يېتىۋاتقان باللار سانىنىڭ بارغانچە ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆز مەهەللىمىزدە بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىلدى. بۇ مەكتەپتە مۇسابايوفلارنىڭ ئاتۇشتا تەشكىل قىلغان مەكتىپىدە ئوقۇغان هېيت ئاخۇن خەلپىتىم دېگەن كىشىنى مۇئەللىم قىلىپ بەلگىلىگەندىن كېيىن، بۇ مەكتەپكە خەت يازىدىغان دوسكا ئورنىتىپ، بىزلەرگە يېڭىچە ئوقۇش، خەت يېزىشنى ئۆگىتىپ، هېساب،

تىل دەرسلىرىنى ئاساس قىلغان هالدا تەربىيە ئېلىپ باردى.

شۇنىڭدىن كېيىن يۇرتىمىزدا يېڭىچە ئوقۇتۇشقا قارىتا ھەۋەس قوزغىلىپ، ئىككى - ئۈچ مەھەللە (ئەگەر تۇتاش مەھەللە بولسا) بىرلەشكەن ھالدا مەكتەپ ئېچىش باشلاندى. دەسلەپتە ئېچىلغان بىزنىڭ مەھەللىدىكى مەكتەپنىڭ نەتىجىسى خېلى ياخشى بولغاچقا، يۇرتتا مۇنداق مەكتەپنى قوللاش تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇ ئارىدا بىزنىڭ ئوقۇۋاتقان سىنىپىمىزدىن يۇقىرىراق سىنىپتا ئوقۇش ئېھتىياجىمىز تۇغۇلغاچقا، يازدا مۇسابايوفلارنىڭ ئاتۇشتىكى مەكتىپىگە بېرىپ، قىشتا باۋۇدۇن باي، ھۇسەن باي، ئوبۇل ھەسەن ھاجىملارنىڭ ئاتىسى مەرھۇم مۇسا ھاجىم ياساتقان ۋە ئاتام مەرھۇم سۇزۇك ھاجىمنى مەزكۇر مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسلىرىدىن بىرى قىلىپ تەيىنلىگەن خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇشقا باشلاپ، بۇ ئوقۇشىمىزدىن ئالاھىدە نەتىجە قازاندۇق. چۈنكى بۇ مەكتەپتە ئوقۇلىدىغان دەرسلەر ئاساسەن پەننىي دەرسلەر — تىل، جۇغراپىيە، تارىخ، ئەرەب تىلى، تەبىئەت ۋە دىنىي دەرستىن ئىبارەت بولغاچقا، بۇ مەكتەپكە كۆچكەندىن كېيىنكى نەتىجىمىز ئالاھىدە ياخشى بولدى. مۇشۇ ئاساس بىلەن مەن ۋە باشقىلار قەشقەردە ئېچىلغان ئوقۇتقۇچىلار كۇرسلىرى، ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىن ۋە تاشكەنتلەرگە قەدەر بېرىپ ئوقۇپ كېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق.

ئۇيغۇرلاردا: «ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ ئۇنتۇلمايدۇ»، دېگەن ماقال بار. بۇ ماقال نۇرغۇن ئەمەلىيەتلەر سىنىقىدىن ئۆتكەن ماقال، ئەلۋەتتە. تارىختىن بۇيان جەمئىيەتتە مۇسابايوفلارغا ئوخشاش خەلققە مەنپەئەتلىك ئىشلارنى قىلىپ، ئەل ئىچىدە ئۆزى ھايات بولمىسىمۇ ئىزى ئۆچمەي داۋاملىق يادلىنىپ كېلىۋاتقانلارمۇ بار. گەرچە بايلىقتا ئۆزلىرىنى مۇسابايوفلاردىن ئۈستۈن ساناپ كەلگەن، ئەلگە مەنپەئەت يەتكۈزمەي ئالەمدىن ئۆتۈپ ئىزى ئاللىقاچان ئۆچۈپ كەتكەن،



شۇنداقلا ئىلغارلىققاۋە ئىلغار كىشىلەرگە دۈشمەنلىك قىلىپ ئەكسىيەتچىلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئابدۇقادىر داموللامدەك ئالىمنى جېنىدىن ئايرىپ، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، يۇسۇپ قوقان، مامۇت ھاجىم قاتارلىق ئىلغارلارنى ئاقسۇغا پالىتىپ، زىنداندا ياتقۇزغان مىللەت خائىنلىرىمۇ ئۆتكەن. بۇ سېلىشتۇرما ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىدۇر.

مۇسابايوفلار گەرچە يۇرتتا مەرىپەت چىرىقىنى ياققۇچى سۈپىتىدە تونۇلۇپ، ئابدۇقادىر داموللامدەك كېيىنكى زامان ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا يول ئاچقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىچىدىن تا ھېلىغىچە، ئۆز ۋەتىنىمىز ئىچىدە ياكى چەتئەلدە بولسۇن بىرەر ئالىم يېتىشىپ چىقالمىدى دەۋاتقان ۋاقتىمىزدا، بۇ ئەۋلادنىڭ ئىچىدىن ئابدۇلئەلا بايۋەتچىنىڭ ئوغلى، يەككە تىجارەتچى ئوبۇلھەسەننىڭ ئۆز تىجارىتىنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمىنى بولسىمۇ ھازىر جەمئىيەتتە داۋام قىلىۋاتقان غۇنچە مۇكاپاتى پائالىيىتىگە ياردەم قىلىۋاتقانلىقى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پورەكلەپ ئېچىلىپ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە خۇشپۇراق چېچىشقا باشلىغانلىقى مىللىي مائارىپىمىز ئۈچۈن ناھايىتى ئۇلۇغ ئىشتۇر. شەخسەن مەن ئوبۇلھەسەننىڭ بۇ غەيرىتىگە — غۇنچە مۇكاپاتى ئۈچۈن قىلغان نەچچە قېتىملىق ياردىمىگە بارىكاللا ئېيتىمەن ھەم ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئىزىنى بېسىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ تىجارىتىگە بەرىكەت، غەيرىتىگە تېخىمۇ مەدەت ۋە ئىلھام بېرىشنى خالايمەن. شۇ قاتاردا بۇ پائالىيەتكە داۋاملىق ياردەم بېرىۋاتقان بىرمۇنچىلىغان ئىلغار يەككە تىجارەتچىلىرىمىزنىڭمۇ بۇ خاسىيەتلىك ئىشقا داۋاملىق ياردەم ۋە مەدەت بېرىشىنى، ھەتتا مەكتەپ سالدۇرۇپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىمەن.

## قەشقەردىكى ھېيتگاھ خەلق كۇلۇبىنىڭ سېلىنىشى

مەن 1935 - يىلى قەشقەردىن ئۈرۈمچى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا باردىم ۋە 1936 - يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىرىلغان ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا ئوقۇشقا چىقتىم. ئوقۇش جەريانىدا مەن ئۆز دەرسىمنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىققاندىن باشقا، ئۇ يەرلەردىكى مەدەنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە شەھەرلەرنىڭ ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشلىرىغا دائىر يېڭىلىقلارغا ناھايىتى قىزىقاتتىم، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش شەكلى ۋە سۈپىتىنى ئەستايىدىل كۆزىتەتتىم.

1938 - يىلى بىز ئوقۇشنى تۈگىتىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدۇق ھەم شېڭ شىسەينىڭ بىز ئۈچۈن ئاچقان سىياسىي نەزەرىيە كۇرسىدا 1939 - يىلى 3 - ئايغىچە ئوقۇغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەينىڭ تەقسىماتى بويىچە مەن قەشقەر ۋىلايەتلىك گېزىتخانا بىلەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا تەقسىم قىلىنىپ، مەلۇم ۋاقىتلارغىچە ئىككى ئورۇندا خىزمەت قىلدىم. دەسلەپتە گېزىتخانىدا تەھرىر، كېيىن ئۇيۇشمىدا تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىدىم. شۇ يىلى 8 - ئايدىكى ئۇيۇشمىنىڭ ھەيئەتلەر مەجلىسىدە ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىپ، مەھەممەت نىياز مەخسۇمدىن ئىش ئۆتكۈزۈۋالدىم.

بۇ ۋاقىتتا قەشقەر شەھىرى ھەتتا ۋىلايەت بويىچە يۇمىلاق شەھەر كۆلبېشىدىكى مىللەتلەر باغچىسى بىلەن يارباغدىكى خۇسۇسىيلار شېرىكلىشىپ ئاچقان كىنو شىركىتى كۇلۇبىدىن باشقا كىنو، تىياتىرخانا يوق ئىدى. بۇ ۋاقىتتىكى كىنولارمۇ



ئاۋازسىز بولۇپ، كىنو كۆرگۈچىلەر ئېكراندا پەقەت ھەرىكەتلىك سۈرەتنىلا كۆرەتتى. بۇ ئورۇنلار قەشقەر خەلقىنىڭ كۇنسايىن ئۆسۈۋاتقان مەنىۋىي جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەر خەلقىنىڭ بۇ تەرەپتىكى ئېھتىياجى ۋە تەلىپىنى قاندۇرۇش ھەم پۈتۈن ۋىلايەتكە ئۈلگە تىكلەش ئۈچۈن، قەشقەر خەلقى زور بىر مەدەنىي تۇرمۇش بازىسىغا موھتاج ئىدى. ئۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەت خەلقىنىڭ بۇ تەرەپتىكى ئېھتىياجى بىلەن زادىلا ھېسابلاشمايتتى ۋە ئويلاپمۇ قويمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشنى قەشقەر خەلقىنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئوچىقى بولغان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىلا قىلىشى كېرەك ئىدى. ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپ ئورۇنلىرى بولسا ئۇيۇشمىلار ئۆزلىرى قۇرۇپ جاھازىلاپ بەرگەن ۋىلايەتتىكى ئىككى مەكتەپنى ۋە ناھىيىلەردىن بىردىن مەكتەپنى باشقۇرۇپ تەمىنلەيتتى. ئۇندىن باشقا شەھەر، ناھىيە، رايون ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى بارلىق مەكتەپ، قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلار، يازلىق تەتىلدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرىنىڭ بارلىق راسخوتلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشلىرى، مەكتەپ، كۇلۇب قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بارلىق چىقىملىرىنى ئۇيۇشما ئۆزى تەمىنلەيتتى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى يۇقىرىدا ئېيتىلغان يۈكلەرنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىققاندىن باشقا، قەشقەر خەلقىنىڭ كۇنسايىن ئۆسۈۋاتقان مەنىۋىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ۋە باشقا ۋىلايەتلەرگە ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن، 1939 - يىلى 8 - ئايدا ئېچىلغان ھەيئەتلەر مەجلىسىدە زامانىۋى بىر كۇلۇب سېلىشنى ماقۇللىدى. ئورۇن تاللاشتا قەشقەر شەھىرىنىڭ يۈرىكى بولغان ھېيتگاھ جامەسىنىڭ بىر تەرىپىدىكى كونا خام بازىرى بولغان ھامام

(مۇنچا)، سامان بازىرى، ئۇيغۇرلار مازىرى (باقالچاق مازار) نى يۆتكەپ ھېيتگاھ خەلق كۇلۇبىنى سېلىشنى قارار قىلدى. ھەيئەتلەرنىڭ قارارىغا ئاساسەن، سېلىنىدىغان 1600 كىشىلىك كۇلۇبنىڭ مودېلى تېزلىكتە ياسىلىپ چىقتى. ھەيئەتلەر مودېلنى كۆرۈپ چىقىپ ئانچە - مۇنچە پىكىر بېرىپ، مودېلغا ئاساسەن كۇلۇب سېلىشنى قارار قىلدى.

كۇلۇب يازلىق، قىشلىق دەپ چوڭ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، كۇلۇبنىڭ ئاخىرقى چېتىگە قىشلىق، يازلىق كۇلۇب ۋە سىرتتىن كىرىدىغان خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ ھاجەتخانا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. قىشلىق كۇلۇبنىڭ ئەتراپى كارىدور بولۇپ، كارىدورنىڭ ئاخىرقى قىسمىغا ماتورخانا، كىنو بوتكىسى، سەھنىنىڭ ئارقىسىغا ئۈچ ئېغىزلىق گىرىم ئۆي ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى، سەھنە غالتەكلىك تۆمۈر يول بىلەن چۆگىلەيدىغان قىلىنىپ ئىشلىنىپ بىر كۆرۈنۈش ئويۇن ئوينىلىپ بولغىچە كېيىنكى كۆرۈنۈش تەييار قىلىنىپ تۇرغاچقا، خەلقنىڭ ئويۇن كۆرۈش ۋاقتى زور دەرىجىدە قىسقىرايتتى. بۇ ھال تاماشىبىنلارنىڭ روھىنى كۆتۈرەتتى ۋە ۋاقتىنى تېجەيتتى.

كۇلۇبنىڭ ھېيتگاھ مەيدانى تەرىپىدىكى قىسمىغا ئاشخانا، تاماق يېيىش زالى، يىمەك - ئىچمەك دۇكىنى، بىليارت، دامكا، شاھمات ئويناش ئورۇنلىرى، كۇتۇپخانا، قىرائەتخانا زاللىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. كۇلۇبنىڭ قىشلىق زالىغا لوژى قوشۇلۇپ 1600 كىشىلىك، يازلىق كۇلۇبقىمۇ 1600 كىشىلىك ئورۇندۇق ئورنىتىلغان. بۇنداق زور بىر مەدەنىيەت ئوچىقىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇشى 1939 - يىلى 10 - ئايدا قاينام - تاشقىنلىق بىلەن قەشقەرنىڭ ھېيتگاھ مەيدانىدا باشلاندى. پىلان بويىچە ئەڭ ئاۋۋال كۇلۇبنىڭ ئۇلى ناھايىتى چوڭقۇر كولانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچىگە بىر قەۋەت شېغىل، بىر



قەۋەت توپا تۆكۈلۈپ سۇ چېچىپ قاڭدالغان. چوڭقۇرلۇقى يەردىن بىر يېرىم مېتىر قالغاندا قاڭداش توختىتىلىپ، پىششىق خىش بىلەن بىر يېرىم مېتىر كەڭلىكتە ئۇل بېسىش باشلانغان. بۇ پىششىق خىش ئۇلىنىڭ بىر يېرىم مېتىرى يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ، بىر يېرىم مېتىرى يەر ئۈستىگە چىقىرىلغان. تاملار قوپۇرۇلۇپ قۇرۇلۇشنىڭ گەۋدىسى پۈتكەندىن كېيىن، كۇلۇبنىڭ پۈتۈن يۈزىگە تاختاي قېقىلغان. شۇ ۋاقىتتا كۇلۇبنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىغا قاراپ ئۇنىڭ 30 يىل كۈچ بېرىشى مۆلچەرلەنگەن. ئەگەر تامنىڭ كېسەك قىسمى ئېلىۋېتىلىپ، ئاشۇ ئۇل ئۈستىگە پىششىق خىش بىلەن قەۋەتلىك بىنا قۇرۇلسىمۇ كۇلۇبنىڭ ئەسلى ئۇلىنىڭ چىدايدىغانلىقى ھېسابقا ئېلىنغان.

كۇلۇب 50 يىلدىن بۇيان بىرەر جايدىن چاتاق چىقماستىن ھېلىغىچە ھېيتگاھ مەيدانىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. كۇلۇبقا ئىشلەتكەن ياغاچنىڭ خىللىرى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدىنمۇ توشۇپ كېلىنگەن. دېمەك، بۇ مەدەنىيەت ئوچىقىنى سېلىش ۋە پۈتتۈرۈشتە پۈتۈن قەشقەر خەلقى بىردەك ھەرىكەتكە كەلگەن. تامنىڭ ھەربىر بازىلىرىنىڭ ئارىسىغا ئۈجمە، قارىياغاچلار تۈۋرۈك قىلىپ بېكىتىلىپ، تام پۈتكەندە بۇ تۈۋرۈكلەر ئۈستىگە تاشلىنىپ ئاندىن ئۆگزە يېپىلغان. چوڭ زالنىڭ ئۈستىنى يېپىشقا باشلىغاندا، ئۆزىمىزدە ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردىكى سودا ئورگىنىدا تۈنىكە بولمىغاچقا، بۇنىڭغا كېرەكلىك تۈنىكە ئۈچتۇرپاننىڭ قاراقول چېگرىسىدىن ئېلىپ كېلىنگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن پۇل يەتمىگەندە شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەت بانكىسىدىن پۇل سورىساق بەرمىدى. ئاندىن بىز شەخسىي شىركەتلەر ۋە بايلارنى يىغىپ ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ ياردەم قىلىشتى. شۇندىن كېيىن ئۈچتۇرپان چېگرىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ تۈنىكە ئېلىپ

كەلدۇق. بۇ قۇرۇلۇش 1940 - يىلى 10 - ئايدا تاماملاندى.

بۇ كۇلۇبنىڭ قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولغان ۋە قاتناشقانلار تۆۋەندىكىچە:

(1) ئومۇمىي يېتەكچى ۋە پىلانچى سۇزۇك ھاجىيوف؛

(2) قۇرۇلۇشقا مەسئۇل ۋە نازارەت قىلغۇچى ئىبراھىم ساجىد ھاجى (تەمىرات - بىناكارلىق)؛

(3) تۆمۈرچىلىك ۋە تېخنىكا ئىشلىرى مەسئۇلى ئابدۇقادىر ئاخۇن ئۇستام؛

(4) ياغاچچىلار: ساۋۇت چوڭام ۋە ئىسلام چوڭلار؛

(5) تامچىلىققا روزى چوڭام ۋە نەزەر ئاخۇن ئۇستاملار؛

(6) سىرچىلىق ۋە دېكراتسىيە ئىشلىرىغا نامانخان ئۇستاملار مەسئۇل بولغان. بۇ كۇلۇپ 1940 - يىلى 9 - ئايدا پۈتكەندىن كېيىن، ئۇيۇشما دائىمىي ھەيئەتلىرى كۇلۇبقا نام بېرىش ۋە ۋىۋىسكا ئېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئەتراپلىق ئويلاشقان ھالدا «ھېيتگاھ خەلق كۇلۇبى» دەپ نام بېرىپ، ۋىۋىسكىنى ھېيتگاھقا قارايدىغان كايوئات ئۇستىگە ئېسىشنى قارار قىلدى. كۇلۇب پۈتۈش بىلەن كۇلۇب ئالدىدىكى باغچە قۇرۇلۇشىمۇ دەرھال باشلىنىپ، ئىككى - ئۈچ يىل ئىچىدىلا گۈل - گىياھ، مېۋە - چېۋىلەر بىلەن تولغان بىر گۈزەل باغچە تەييار بولۇپ، مەشھۇر قەشقەر ھېيتگاھىنىڭ ھۆسنىگە تېخىمۇ گۈزەللىك قوشۇلدى.

بۇنىڭدىن ئىلھاملانغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى باشقا ۋىلايەت، ناھىيىلەردىمۇ كۇلۇب، مەكتەپ سېلىش ۋە ساۋات چىقىرىش دولقۇنى قوزغىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مەدەنىي - مائارىپ خىزمىتىگە تەڭداشسىز كۈچ بىلەن تۈرتكە بولغانىدى.

ھېيتگاھ كۇلۇبى ئالدىدىكى بۇ باغچە كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇزۇل كېسىل بوزۇپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنى دۇكان،



سارايلار ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەززىلىك تائاملىرى بىلەن لىق تولغان چوڭ بىر بازارغا ئايلاندۇرۇلغان. بۇ بازار قەشقەرنىڭ ئادەتتىكى بازارلىرىغا ئوخشىمايدىغان، ئەتىگەندىن تارتىپ يېرىم كېچىگىچە، رامىزان ئايلىرىدا بولسا كېچە - كۈندۈز سودا بولۇپ تۇرىدىغان قايناق، قىزغىن بازار بولغاچقا، بۇ يەرگە يىغىلغان ۋە كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس، ئەلۋەتتە.

لېكىن بۇ كۇلۇب گومىنداڭ دەۋرىدە ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، سەرەمجانلىرى ۋەيران قىلىنىشتىن باشقا، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئىبارەت ئون يىللىق مالىمانچىلىقتىمۇ بۇزۇپ - چېقىلىپ ئۆز ئەينىنى ساقلاپ قالالمىغان. 1988 - يىلى مەن قەشقەرگە بارسام، شۇ يىلى كۈزدىن تارتىپ كۇلۇب ئالدىدىكى باغچىنى ئىگىلىۋالغان ھۆكۈمەت سودا ئورۇنلىرى ۋە شەخسىي ئوقەتچىلەرنى كۇلۇب باغچىسىدىن يۆتكەپ، باغنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بوپتۇ. بۇنى كۆرۈپ مەن ئىنتايىن سۆيۈندۈم ۋە خۇرسەن بولدۇم.

## ئومۇمىي خەلق ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتى

1939 - يىلىدىن باشلاپ ئۇيۇشما پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك كەچكۇرسلارنى تەشكىل قىلىپ، ئەر - ئايال ساۋاتسىزلارنى ياش - قېرىسىغا قارىماي ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتىگە يېتەكلىدى. بۇ كۇرسقا ھەتتا شىنجاڭ بويىچە ئەڭ مۆتىۋەر ئىشان تاھىرخان ھاجىمۇ ئۆز مۇرتلىرىنى باشلاپ قاتنىشىپ ساۋات چىقاردى. بۇنىڭ تەسىرى جەمئىيەتتە ئالاھىدە چوڭ بولۇپ، ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە كېڭىيىشىگە تېخىمۇ تۈرتكە بولدى.

## مەكتەپ قۇرۇلۇشلىرى

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر، ئىلگىرىكى دارىلمۇئەللىمىنلەر ، ۋىلايەتتىن تارتىپ ناھىيە، رايونلارغىچە سېلىنغان كۇلۇبلارنىڭ ھەممىسى ئۇيۇشما باشچىلىقىدىكى تەشكىلىي خىزمەت ئارقىسىدا قۇرۇلغان بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنى ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئوخشاش يېتىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ، مەكتەپ قۇرۇلۇشىدا سىنىپ ۋە باشقا پائالىيەت ئۆيلىرى ھەم مەيدانلىرىنى كۆزدە تۇتقاندىن باشقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس سىرتىدىكى جىسمانىي جەھەتتىن چېنىقىشى ئۈچۈن ئۈچ مودىن بەش موغىچە باغلىق يەر قالدۇرۇلاتتى. بۇندىن باشقا مەكتەپ دائىرىسىدە ھەربىر مەكتەپنىڭ ئىمكانىيىتىگە قاراپ ئوقۇغۇچىلارغا قول - ھۈنەر كەسىپلىرىمۇ ئۆگىتىلگەنىدى. بۇ مەكتەپلەرنى باشقۇرىدىغان مۇدىرلار ۋە ئەر - ئايال ئوقۇتقۇچىلار شۇ جەمئىيەتتىكى ئەڭ مۆتىۋەر ھۆرمەتلىك كىشىلەر بولۇپ، يۇرت چوڭلىرى جايلاردىكى مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىگە قۇلاق سالاتتى. ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنداپ بېرىپ، مەدەنىي - مائارىپ ئىشىنىڭ ئالغا بېسىشىغا ئالاھىدە شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرەتتى. پۈتۈن جەمئىيەت ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەپ، ئەر ئوقۇتقۇچىلارنى ئەپەندىم، ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى خانىم دەپ ئاتايتتى.

## نىقابلانغان شېڭ شىسەي

ئەخمەتجان قاسىمى شېڭ شىسەينىڭ ئالتە سىياسەت روھى بويىچە مەلۇم ۋاقىت شىنجاڭ خەلقىگە قىلغان خىزمىتىگە



ئالاھىدە باھا بېرىپ: «شېڭ شىسەي خەلقىمىزگە ئاز ۋاقىت ئېلېكتر يېقىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇزۇنغا قالماي بۇ چىراقنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، خەلقنى يەنىلا ئاۋۋالقى قارا چىراغقا قالدۇردى» ، دېگەنىدى. شېڭ شىسەي ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپلىرىدىكى گىتلېرنىڭ ۋاقىتلىق ئۈستۈنلۈكىگە ئىشىنىپ، يۈزىگە تارتىۋالغان يالغان نىقابىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ئەشەددىي يىرتقۇچ قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى؛ ماركسىزم - لېنىنىزمدىن يانغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ بولۇپمۇ ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت ياشلىرىنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزمدىن قول ئۈزۈپ، ئۇنىڭدىن ئادا - جۇدا بولۇشنى مەتبۇئات ئارقىلىق تەلەپمۇ قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزى ئىشىنىپ مەسئۇل خىزمەتلەرگە قويغان زور بىر تۈركۈم ئىلغار كۈچلەرنىڭ ئەڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزىنىڭ قانلىق زىندانلىرىغا تاشلاپ، ئاخىرىدا ئۇلارنى جىسمانىي جەھەتتىن يوقاتقان بولسا، سىرتتا قالغان قىسمىنىڭ خىزمەت قىلىۋاتقانلىرىنىمۇ، ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىغا قارىماي، خەلق ئىچىدىكى ئابرويى، تەسىرى ۋە بىلىمگە قاراپ ئۇلارنى قىلىۋاتقان خىزمەتلىرىدىن ئېلىپ تاشلىدى؛ ئۇلارنىڭ ئورنىغا يېڭى ئۆزگەرگەن، ۋەزىيەتكە ماسلىشالايدىغان بىر تۈركۈم مىللىي قورچاقلارنى ئىشقا قويۇش يولى بىلەن گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ۋە سىياسىتىنىڭ شىنجاڭدىكى يېڭى ئىجراچىلىرى ۋە يەرلىك قورچاق ئەمەلدارلىرىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلىدى.

بۇ ۋاقىتلاردا مەنمۇ قەشقەردە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە، تەسىر دائىرەم كەڭ كادىر بولغانلىقىم ئۈچۈن، مېنىمۇ ئەسلى ئورنۇمدىن ئېلىپ تاشلاپ، مەدەنىي - مائارىپچىلىق كەسپىمدىن ئايرىپ، دوختۇرخانىنىڭ مۇدىرلىقىغا چىقىرىپ قويدى. دوختۇرلۇق مېنىڭ كەسپىم بولمىغاچقا، مېنىڭ بۇ يەردىكى رولۇم ۋە خىزمىتىم كىچىككىنە دائىرىدىلا چەكلەندى، ئەمما سىياسىي خىزمىتىمنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۈزۈپ قويماي داۋام قىلدۇردۇم.

1943 - يىلى شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن بۇلاپ - تالاپ يىغقان بايلىقلارنى ئەللىكتىن ئارتۇق ماشىنىغا قاچىلاپ قاچقاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە داۋام قىلىپ كەلگەن قاينام - تاشقىنلىق بىراقلا ئۆزگىرىپ ۋە ھاكىمىيەت يېڭىلىنىپ، جەمئىيەت قىياپىتىمۇ باشقا بىر تۈسكە كىرىشكە باشلىدى. نۇرغۇن كادىرلار ئورنىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۈچ مەسلەككە، گومىنداڭغا سادىق كادىرلار قويۇلدى.

ھەربىي ئورگان ۋە بۇ ئورگانلار باشقۇرىدىغان قوشۇنلار ۋىلايەت بويىچە قەشقەر شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ناھىيە ھەتتا، رايونلاردىكى كەڭرەك مەكتەپ، كۇلۇب ۋە شەخسىلەرنىڭ چوڭ - چوڭ باغ - ھويلىلىرىغىچە ئورۇنلىشىپ، خېلى ۋاقىتلار (ئازادلىق) غىچە تۇرغاچقا، بۇ ئورۇنلاردىكى مەكتەپلەر ۋە مەدەنىي پائالىيەت سورۇنلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى رولىنى يوقىتىپ، جەمئىيەت قىياپىتىدە باشقىچە بىر كۆرۈنۈش پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بىرمۇنچە چوڭ مەكتەپلەر ھەربىيلەر تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغانلىقتىن، بۇنىڭ دەسلەپكى زەربىسى مەكتەپلەرگە



تېگىپ، مەدەنىي - مائارىپ خىزمىتىنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى، ھەتتا ھېيتگاھ خەلق كۇلۇبىنىڭ دوخاۋا پەردىلىرى، قورۇشقا ئۈلگۈرمەي ئامباردا تۇرۇۋاتقان تام مەشلەر، ئويۇشمىنىڭ ۋە كۇلۇبنىڭ گىلەملىرىمۇ بۇلاپ كېتىلگەن بولۇپ، مەدەنىي - مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەۋاتقان كادىر ۋە ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئەسلى كەسپىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆز كەسپىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. نەتىجىدە ئوقۇغۇچىلارمۇ بارغانچە ئازىيىپ، نۇرغۇنلىغان مەكتەپلەر ئۆزلۈكىدىن تاقىلىش باسقۇچىغا كېلىپ، خۇددى ئەزەلدىن يېنىپ پارقىراپ تۇرغان نۇرلۇق چىراغ بىردىنلا ئۆچۈپ، قاراڭغۇ زۇلمەت كېچە باشلانغاندەك قىياپەت پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلاشقا باشلىدى. گومىنداڭ دەۋرىدىكى چېكىدىن ئاشقان پۇل پاخاللىقى ئەزەلدىن ئازغىنە مائاشقا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن مائارىپچىلارغا تېخىمۇ ئېغىر زەربە بولدى. بۇ زەربە مائاشقا ئاشلىق ئالىدىغان ئويۇشما قارمىقىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىغا قارىغاندا ئايلىقىغا پۇل ئېلىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مائارىپچىلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ ئېغىر بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كەسىپ ئۆزگەرتىپ باشقا ئىش ۋە كەسىپلەرگە كىرىشىپ كېتىشى ئويۇشما مەكتەپلىرىنىڭكىدىن ئېغىر بولدى.

1944 - يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدىن قوزغالغان زۇلۇمغا قارشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى چاقماق تېزلىكىدە كېڭىيىپ ۋە ئۇلغىيىپ ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەرگە تەسىر قىلىشقا باشلىغاندا، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئالاھىدە تەيىنلەپ،

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش توختىتىپ تىنچلىق كېلىشىمى قىلىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق سوۋېت كونسۇلىنى ۋاستىچىلىككە سېلىپ، 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالىدى. مۇشۇ كېلىشىمگە ئاساسەن، گېنېرال جاڭ جىجۇڭ رەئىس، ئەخمەتجان قاسىمى، بۇرھان ئەپەندىلەرنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىدە ۋاقىتلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. بۇ ھۆكۈمەت ئۆز ئاپپاراتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىنىڭ ئاساسىنى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇۋالغاندىن كېيىن، سايلام قانۇنى تۈزۈپ بۇ قانۇن ئاساسىدا پۈتۈن شىنجاڭدا دېموكراتىك ھاكىمىيەت سايلىمى ئۆتكۈزۈپ، خەلق ئىشەنگەن كىشىلەرنى ئۆلكىلىك، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىقىغا ۋە ناھىيىلەرنىڭ ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا سايلاپ، خەلققە دەسلەپكى قەدەمدىكى ئەركىنلىكنى بېرىش ئۈچۈن، ھەربىر ۋىلايەتلەرگە مەخسۇس سايلام گۇرۇپپىلىرى ئەۋەتتى. قەشقەرگە يولداش سەيپىدىن ئەزىزى سايلام گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ كېلىپ، قەشقەر شەھىرىدە مەخسۇس سايلام ئىشخانىسى تەشكىللەپ، مېنى ئىشخانىنىڭ كۈنلۈك ئىشلىرىنى بېجىرىشكە مەسئۇل قىلىپ، سايلام خىزمىتىنى باشلىدى. ۋىلايەتلىك سايلام ھەيئىتى ھەربىر ناھىيىلەرنىڭ سايلىمىنى ئۇتتۇغلۇق ۋە ساغلام ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ھەربىر ناھىيىلەرگە مەخسۇس گۇرۇپپىلارنى تەشكىل قىلىپ ئەۋەتىپ، بۇ ۋىلايەتتىن ئۆلكىلىك كېڭەشكە سايلىنىدىغان ۋەكىللەرنى سايلىغاندىن باشقا، ھەربىر ناھىيىنىڭ ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم ۋە ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى



سايلاپ بولغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك كېڭەش ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى قۇرۇپ رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈردى. بۇ قېتىمقى سايلامدا مەنمۇ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدىن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىقىغا سايلاندىم.

قەشقەرنىڭ ھاكىمىيەت سايلىمى ئۇتتۇغلۇق تۈگىگەندىن كېيىن، 1946 ـ يىلى 11 ـ ئايدا يولداش سەيپىدىن ئەزىزى ئۆزى باشچىلىق قىلىپ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭمۇ سايلىمىنى ئۆتكۈزدى. بۇ سايلامدا كۆپچىلىك مېنى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە ئىككىنچى قېتىم سايلىدى. ئابدۇلھەقنى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلىدى. يولداش سەيپىدىن ئەزىزى باشچىلىقىدىكى قەشقەر سايلام گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمىتى ساغلام ۋە نەتىجىلىك ئاياغلاشتى.

بىز ئىككىمىز سايلانغاندىن كېيىن گومىنداڭ ۋاقتىدىكى رەئىس ئىسمائىل قاسىمدىن ئىش ئۆتكۈزۈۋالدۇق. لېكىن بۇ ھېساباتنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلگىچە، جايلاردىن ۋە قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىقىغا سايلانغانلار ئۆلكىلىك كېڭەش باشلىقلىرىنى سايلاپ چىقىش بىلەن بىللە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى سايلاش خىزمەتلىرىگە ئىشتىراك قىلدى. نەتىجىدە، شىنجاڭنىڭ مۇندىن كېيىنكى ئىشلىرى «11 ماددىلىق بىتىم» ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىشقا يۈزلەندى. بىز يۇقىرىدىكى ۋەزىپىلەرنى زىممىمىزگە ئېلىپ، «11 ماددىلىق بىتىم» ئاساسىدىكى دېموكراتىك ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى سايلاپ، ئۆلكىلىك كېڭەشنى قۇرۇپ، بۇ ئورگانلارنى ئىشقا كىرىشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىنى ئالغا سۈرۈپ كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلەپ،

خەلقنى «11 مادىلىق بىتىم» دائىرىسىدىكى ھوقۇق بىلەن تەمىنلەشنى تەشەببۇس قىلغان ۋە كۆرەشلەر ئېلىپ بارغان بولساقمۇ، ئەمما گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ئەيسا بەگنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىشقا سېلىپ، ئۈچ مەسلەكچى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ زالى (ھازىرقى پارتىيە مەكتىپى) دە ھەممىمىز ئۈچۈن ئوچۇق چاي ئۆتكۈزۈپ، بىزلەرگە ئوچۇق ـ ئاشكارا تەشۋىقات ھۇجۇمى باشلىدى. بۇ چاي جەريانىدا مەن باشلىق بىرقانچەيلەننى زىياپەت ئارىلىقىدا ئايرىم ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، ئۆزئارا بىرلىككە كېلىشنى تەكىتلەپ، بىزنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ۋە كوممۇنىستلاردىن ئايرىلىپ ئۆز تەرىپىدە تۇرۇشىمىزنى تەكلىپ قىلىپ، نۇرغۇن پىتنە ـ پاسات ئېغۋا سۆزلىرى بىلەن بىزلەرنى قايمۇقتۇرماقچى بولدى. مەنمۇ ئۇ كىشىنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن ئۆز پىكرىمنى بايان قىلىپ: «ھەرقايسىمىز ئۆزىمىز تاللىغان يولغا ماڭمىساق بولمايدىكەن» دېگەن جاۋابنى بېرىپ، سۆھبەتنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلدىم.

بۇ سۆھبەتتىن كېيىن 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ھازىرقى رايونلۇق پارتكومنىڭ غەربىي زالىدا شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن سايلانغان كېڭەش ئەزالىرىنى يىغىپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا مەسئۇد ئەپەندىنى ئۆلكە رەئىسلىكىگە بەلگىلىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى، بىز بۇ ئېلاننى ئاڭلاش بىلەن ئارىمىزدىن مەرھۇم باتۇر ئابدۇرېشىت ئەلەم ئاخۇنۇمنى سۆزگە چىقىرىپ بۇ ئېلاننى دەرھال رەت قىلدۇق. بۇ يىغىننىڭ ئۈچىنچى كۈنى رامىزان قىستاپ قالغاچقا، گېنېرال جاڭ جىجۇڭغا بىز قەشقەر ۋەكىللىرى نامىدىن ـ «ھازىر رامىزان قىستاپ قالدى،



رامىزاننىڭ كەينىدىنلا مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيتى كېلىدۇ. ئىسلام قائىدىسى ۋە بىزنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىمىز بويىچە، مۇسۇلمانلار يىل بويى ئەمگەك قىلغاندىن كېيىن رامىزان بىلەن ئىككى ھېيتنى خاتىرجەم ئۆتكۈزمىسە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قەشقەر ۋەكىللىرى رامىزان بىلەن روزى ھېيتنى ئۇرۇمچىگە يېقىنراق غۇلجىدا ئۆتكۈزۈپ، يىغىننى ھېيتتىن كېيىن ئاچساق» دېگەن تەكلىپنى بەردۇق. بۇ تەكلىپىمىزگە گېنېرال جاڭ جىجۇڭمۇ دەرھال ماقۇل بولدى. شۇندىن كېيىن 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى قەشقەرنىڭ بەش ۋەكىلى خوتەننىڭ بىزگە قوشۇلغان ۋەكىلى ئوسمان تۇردى، ئاقسۇ ۋەكىلى سەمەتخان، قارا شەھەر ۋەكىلى ئوسمان ياقۇپ، تۇرپان ۋەكىللىرى سىراجىدىن زەپەر ھاجى بىلەن مەھەممەت زەيدىنلارنى ئېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن غۇلجىغا كەتتۇق.

بىز غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى بىزنى چوڭ تەنتەنە بىلەن قارشى ئالدى ۋە كۈتۈۋالدى. بۇ كۈتۈشلەرنىڭ ئاساسىي قىسمى تا يايلاۋ ۋاقتى تۈگىگىچە ئىلى، بورتالا دائىرىسىدىكى يايلاۋلارنىڭ ئەڭ ياخشى جايلىرىنى تاللاپ ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە كۈتۈش يولى بىلەن رەتلىك ئېلىپ بېرىلغاچقا، بۇ جەرياندا ئۆتكەن كۈنلەر مېھمان ئۈچۈنمۇ، ساھىپخان ئۈچۈنمۇ ئۇنتۇلغۇسىز تارىخ بولۇپ، ھەممىمىزنىڭ يۈرىكىدە مەڭگۈ ئۆچمەس خاتىرە بولۇپ قالغانىدى. بىز يايلاۋ مەزگىلى ئاياغلاشقىچە مۇشۇنداق كۈتۈلۈپ ئاخىرىدا ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇق.

بىز ئۈرۈمچىدىن قايتقاندىن كېيىن، گومىنداڭ قولىدا

قالغان ۋىلايەتلەردە گومىنداڭچىلار بىتىمنى بۇزۇپ، ئىلغارلارنى كەڭ دائىرىلىك تۇتقۇن قىلىش باشلانغانلىقى ئۈچۈن، يەتتە ۋىلايەتتىن بولۇپمۇ ئۈرۈمچى، قۇمۇل، ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىرىدىن گومىنداڭ تۈزۈمىنى قايتا ئورنىتىشقا قارشى چىقىپ، بىتىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلغان ياشلار، يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە تۇرپان پارتىزانلىرىنىڭ ھايات قالغانلىرى ئارقىمۇ - ئارقا تا چېگرا تاقالغىچە غۇلجىغا يېتىپ كېلىپ، كەڭ دائىرىلىك زور ئىنقىلابىي بىرلىكسەپ قوشۇنىنى ھاسىل قىلدى. مەسىلەن، قەشقەردىن ئابدىكېرىمخان مەخسۇمنىڭ ئوغلى مۇختار كەرىموفنى قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلى بىر خىزمەتچىسى بىلەن ئەركەشتام ئارقىلىق غۇلجىغا يەتكۈزۈپ قويغاچقا، ئۇ بىز بىلەن بىرگە بولغان ئىدى، ئامما قەشقەردە قالغان قاسىمجان قەمبىرى، ئابلىز مۇھەممىدى، ئابدۇلھەق، نىزامىدىن سالىيوف، ئالىم ئاخۇن، بارات ئاخۇن قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەر ۋە ياشلارنى تا ئۆلكە ئازاد بولۇش ھارپىسىغىچە قاماپ، تۈرمىدە ئازابلىدى.

ئىلىغا توپلانغان بۇ ئىلغار قوشۇننىڭ ئىرادىسى، مەقسىتى، نىشانى ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كەسپى، سەۋىيىسى، يېشى ئوخشىمايتتى، ئۇلارنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

## يەتتە ۋىلايەت خەلقچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىنقىلابىي ئىلغار قوشۇنىنى



تېخىمۇ مۇستەھكەملەش زۆرۈرلۈكىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، بۇ كۈچلەرنى باشقۇرىدىغان بىر ئورگان، قۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ تەشكىل «يەتتە ۋىلايەت خەلقچىلەر بىرلەشمىسى» دەپ ئاتىلىپ، بۇنىڭغا مەرھۇم قاسىم ئەپەندىنى رەئىسلىككە سايلىغاندىن كېيىن، بۇ تەشكىل غۇلجىدا 1947 - يىلى 9 - ئاي ئاخىرىدا ئىش باشلاپ، يەتتە ۋىلايەتتىن سىقىلىشقا ئۇچراپ قېچىپ چىققان ئىلغار كۈچلەرنى ۋە تۇرپان پارتىزانلىرىنى ئۆز لايىقىدا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئىشلەشكە باشلىدى. بىرلەشمە بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن غۇلجىغا يىغىلغان ئىلغارلارنىڭ يېشى، سەۋىيىسى، كەسپى، قابىلىيىتىگە قاراپ ياشلارنى ھەربىي مەكتەپ، تىببىي مەكتەپ ۋە بىلىم يۇرتلىرىغا ئوقۇتقۇچى قىلدى ۋە مائارىپ كەسپىدىكىلەرنى ئۆز كەسپىگە، باشقا مەمۇرىي، سىياسىي خىزمەت ئىشلەپ كەلگەنلەرنىمۇ ئۆز لايىقىدىكى مەمۇرىي، سىياسىي خىزمەتلەرگە، ساۋاتسىزلارنى بىرلەشمە تەرىپىدىن تەشكىللىك ئاساستا دېھقان، چارۋىچىلىق مەيدانىغا؛ ئاخۇنۇملارنى ئىلى مەھكىمە شەرئىيىسى ۋە ناھىيىلىك مەھكىمە شەرئىيەلىرىنىڭ ئاخۇنلۇقىغا تەقسىم قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش يولى بىلەن ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى.

ياشلار مەخسۇس كەسپلەرنى ئوقۇپ چىقىپ، جەمئىيەتكە قوشۇلۇپ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇردى، ھاياتلىرى ھېلىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلماقتا. بۇ خىزمەتنىڭ ئەمەلىي ئىجراسىنى يولداش سوپى سەلەي بىلەن ئىككىمىز ئىشلىدۇق. بۇ

بىرلەشمىنىڭ خىزمىتى 1947 - يىلى 9 - ئايدىن 1948 - يىلى 8 - ئايغىچە داۋام قىلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك ۋە قوماندانلىق قىلغۇچى باش شىتاب «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» (قىسقارتىپ «ئىتتىپاق» دېيىلىدۇ) قۇرۇلغانغا قەدەر داۋام قىلىپ، ئاخىرىدا بۇ تەشكىل ئۈچ ۋىلايەت ياشلار تەشكىلاتى بىلەن بىرگە ئىتتىپاققا قوشۇۋېتىلدى. شۇندىن كېيىن بۇ ئىككى تەشكىل ئىشلەپ كەلگەن ئىش ئىتتىپاقنىڭ تەركىبىگە ئۆتتى. مېنىڭ خىزمىتىممۇ ئىتتىپاقنىڭ غۇلجا شەھەرلىك كومىتېتىغا بېكىتىلىپ، ئىتتىپاقنىڭ باش ئورگىنى ئۈرۈمچىگە كۆچكەنگە قەدەر شۇ يەردە بولدۇم. ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ باش ئىتتىپاقنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىگە ئورۇنلىشىپ، شۇ يەردە خىزمەت ئىشلىدىم.

1950 - يىلى باش ئىتتىپاق ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ۋە ئىقتىساد ئەسلىھەلىرى ئىتتىپاق تەركىبىگە كىرگۈزۈلۈپ بىر گەۋدە قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى باشقۇرۇپ كەلگەن بارلىق ئورگان، مەكتەپلەرنىڭ، كۆچمە ۋە كۆچمەس مۈلۈكلىرىنى كادىرلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، بۇ ۋاقىتقىچە ئۇيۇشما ئىشلەپ كەلگەن ئىشلارنى ئىتتىپاق ئىشلەيدىغان بولدى. شۇڭا باش ئىتتىپاق ئىمىنوف بىلەن مېنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى بارلىق مەدەنىي - مائارىپقا تەۋە ئىقتىساد، مۈلۈكلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋىلايەتلىك ئىتتىپاقنىڭ ئورگىنىنى قۇرۇشقا تەيىنلىدى.



ئىمىنوف بىلەن ئىككىمىز بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، 6 - ئايدا قەشقەردە ئىتتىپاقنىڭ ۋىلايەتلىك ئورگىنىنى قۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ھەيئەت، رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى سايلاپ چىقىش يىغىنىنى ئاچتۇق. يىغىنغا جەنۇبىي شىنجاڭ پارتكومى، ۋالىي مەھكىمىسى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. يىغىندا ۋىلايەتلىك ئىتتىپاقنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەتلىرى، رەئىس ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرى سايلاپ چىقىلدى، سايلامدا ۋالىي ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم رەئىسلىككە، ئىمىنوف بىلەن مەن مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلىنىپ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىتتىپاقنىڭ خىزمىتىنى رەسمىي باشلىدۇق. ئىشىمىزنىڭ بىر قىسمى ئىتتىپاقنىڭ نىزامنامىسى ئاساسىدا ئىتتىپاقنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا ئىختىيارىي ئاساستا ئەزا قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى تەربىيىلەپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى، بولۇپمۇ تەشۋىقات، مەدەنىي - مائارىپ خىزمىتى ۋە تەشكىلىي خىزمەتلىرىگە ياردەملىشىش؛ ئۇيۇشمىلار قولىدىكى بارلىق كۆچەر - كۆچمەس مۈلۈك ۋە مەدەنىي - مائارىپ ئورگانلىرى ۋە پاراۋانلىق ئورۇنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرۇش ۋە ئۇلارنى تەمىنلەش ئىدى.

ئىتتىپاق ئۆزىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى رەتكە سېلىۋالغاندىن كېيىن، ئىش ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە ناھىيىلەردىمۇ ئىتتىپاقنىڭ ناھىيىلىك ۋە ئاساسىي قاتلام تەشكىللىرىنى قۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ياردەملىشىشكە كىرىشتى. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيۇشمىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئابدۇلھەق ئەزىزى ئۆز خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈپ

بېرىپ، ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەتتى.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئىتتىپاق خىزمىتىنى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، ئىمىنوف ۋە مەن ئۈچىمىز ئىشلەشكە باشلىدۇق. كۆندىلىك ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەش مېنىڭ ۋەزىپەم بولۇپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ خىزمىتى خاراكتېر جەھەتتىن تەشكىلىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ـ مائارىپ، تەشۋىقات ۋە ئىقتىسادمۇ ئارىلاشقان ئىش بولغاچقا، بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشمۇ ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئىتتىپاق بىر تەرەپتىن قەشقەر دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەشكىلىي، تەشۋىقى خىزمىتىنى ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، پۈتۈن ۋىلايەت دائىرىسىدىكى ئۇيۇشمىلار باشقۇرۇپ، تەمىنلەپ كېلىۋاتقان مەدەنىي ـ مائارىپ ئورگانلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەمىنلەشنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىشى لازىم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىتتىپاق بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ تەشكىلىي، تەشۋىقى خىزمەتلىرىنى ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭ بويىچە ھەر دەرىجىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلغاندىن تارتىپ ئىشلەپ كەلگەن خىزمەتلەرنى 1954 ـ يىلى ئىتتىپاق تارقىتىۋېتىلگەنگە قەدەر قوشۇمچە ئىشلەپ، ئۆزىگە تەۋە بولغان ئىقتىساد بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرى نەنمىندىكى خەلق تىياتىرىنى ياساپ پۈتتۈردى، ھەمدە ئۇنى جەمئىيەتنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. ئۇ ۋاقىتتا مەن ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ باش كاتىپى ئىدىم.



# شىڭ شىسەينىڭ 1930- يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە ئەسلىمە

ئابلىمىت ھاجىيوف

## سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىشنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى

شىڭ شىسەي شىنجاڭ خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق قوزغىلىڭىنى پاجىئەلىك باستۇرۇپ، 1933 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە، يەنە بىر تەرەپتىن بىر نەچچە يىللىق ئۇرۇشتا خانىۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان خەلق ئىگىلىكى، مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرى ۋەيران بولغان شىنجاڭنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئالدى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى. مانا شۇنداق بىر پەيتتە ئۇ خەلق مەنپەئەتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن ئىلغار سىياسەتچى قىياپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، ئاتالمىش ئالتە سىياسەتنى تۈزۈپ چىقىپ، بىر نەچچە قېتىمدا تولۇقلاپ ئېلان قىلدى. بۇلار: «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن

دوست بولۇش، مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش، پارىخورلۇقنى يوقىتىش، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش، شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش» دىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ ئۆزىنى «ماركسىزم - لېنىنىزمغا ئېتىقاد قىلغۇچى» دەپ پەدەزلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋالدى. شۇ تەرىقىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ ماددىي جەھەتتىن، قەرز پۇل جەھەتتىن ياردەم بېرىشىگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مەسلىھەتچىلەر، مۇتەخەسسىسلەر تەكلىپ قىلىپ شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ۋە باشقا ئىشلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تولۇق ياردىمىگە ئىگە بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن، شېڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىدىنمۇ بىر تۈركۈم كوممۇنىستلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتىشنى تەكلىپ قىلدى. مۇشۇنداق يوللار بىلەن ئۆزىنى ماركسىزمچى دەپ ئاتىۋالغان شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ئورنىنى ۋە ھاكىمىيىتىنى بىر قەدەر مۇستەھكەملەپ ئالالىدى. لېكىن بۇنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسىي پروگراممىسىنى يۈرگۈزۈش ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئالتە سىياسەتنى خەلق ئاممىسى ئىچىدە تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، زور بىر تۈركۈمدىكى يېڭى ئىدىيىگە ئىگە بولغان قابىلىيەتلىك ياش تايانچى كۈچلەرگە موھتاج بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ مائارىپ - مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تېزدىن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش - شۇ ۋاقىتتىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرسى بولۇپ،



سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش مەسىلىسى شۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى دەسلەپ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن يولداش دېڭ فا قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كوممۇنىست يولداشلارنىڭ، شۇنىڭدەك يەنە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بەزى مەسئۇللىرىنىڭ شىنجاڭ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا خىزمەت ياكى ئوقۇشقا كېتىۋېتىپ ئۇرۇمچىدە توختاش جەريانىدا شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش ھەققىدىكى تەشەببۇسلىرى ۋە ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئاكتىپ قوللاپ، ياردەم بېرىشى نەتىجىسىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى كۆپلەپ ئەۋەتىپ، بىر نەچچە يىل داۋام قىلغان ئىچكى ئۇرۇش، قوزغىلاڭلار تۈپەيلىدىن ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى، يېزا ئىگىلىكى، خەلق تۇرمۇشى جەھەتتىكى يىمىرىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ۋە ياخشىلاش بىلەن مائارىپ، مەدەنىيەت ۋە سەھىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، مالىيە - پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش، مالىيە كىرىمى بىلەن مالىيە چىقىمىنى شۇ جۈملىدىن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئىنتايىن ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدى. شېڭ شىسەي شۇنداق جىددىي ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ۋە قىستىشى بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆپلەپ ئوقۇغۇچى ئەۋەتكەنىدى.

## سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەرتى، مىللىي تەركىبى ۋە ئەۋەتىلىش ئەھۋالى

1. سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەرتى ئالدى بىلەن ئىمتىھاندىن ئۆتۈش كېرەك ئىدى. ئاساسەن ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدە بىلىمگە ئىگە بولۇشى لازىملىقى تەلەپ قىلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس ئىمتىھان ئېلىش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، ئۇ: مائارىپ نازارىتى، مالىيە نازارىتى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ھەمدە ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىنىدىغان مەكتەپلەرنىڭ مەسئۇللىرىدىن تەركىب تاپقانىدى. ئىمتىھان ئېلىش ھەيئىتى ھەربىر ئوتتۇرا مەكتەپ، دارىلمۇئەللىمىنلەرگە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ ئوقۇشقا ئەۋەتمەكچى بولغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئىمتىھان ئالغانىنىڭ سىرتىدا، جەمئىيەتتىكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تىزىمغا ئالدۇرغان، شۇ دەرىجە بىلىم سەۋىيىسىگە ئىگە بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت بىلىمىدىن ئىمتىھان ئېلىش بىلەن تەن سالامەتلىكىنى ئۆلكىلىك دوختۇرخانىدىكى سوۋېت دوختۇرلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئىمتىھاندىن ئۆتكەن، تەن ـ سالامەتلىكى ياخشى، ساغلام ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلغان ئىدى.

2. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت شەھىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت دارىلفۇنۇنىغا (C. A. Γ. Y) ئۈچ تۈركۈمدە 300 ئەتراپىدا



ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلگەنىدى.

بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار 106 نەپەر بولۇپ 1934 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، ئىككىنچى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار 101 نەپەر (كېيىن لۈكچۈن ۋاڭىنىڭ ئوغلى قوشۇلغان) بولۇپ 1935 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، ئۈچىنچى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار 100 نەپەر بولۇپ 1936 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئەۋەتىلگەنىدى.

ھەربىر تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلارنى مەخسۇس تەيىنلەنگەن كىشى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ بېرىپ مەكتەپكە تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن قايتىپ كەلگەن. بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قاراردىكىلەرنى مائارىپ نازارىتى بىلەن مالىيە نازارىتىدىن ئىككى كىشى ئاپىرىپ قويغان. بۇ ئۈچ تۈركۈمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلاردىن: ئابدۇراخمان مۇھىتوۋ، سەيپىدىن تاشاخۇنوف، سەيدۇللا سەيپۇللايوف، ئابلىمىت ھاجىيوف، ئابدۇقادىر ھەسەنوف، ئابلىمىت مەخسۇتوف، ئابدۇللا داۋۇتوف، مەۋلانجان تۇردىيوف، ئوسمان يۇنۇسوف، ئابدۇراخمان سۇلايمانوف، خەلپەت سۈزۈك ھاجىيوف، ھەمدۇللا قۇربانوف، ئابدۇللا زاكىروف، مەھەممەت ئىمىن خۇدابەردىيوف، تۇرسۇنتاي مەھمۇتوف قاتارلىق 140 كىشى بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 46 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان.

قازاق، قىرغىزلاردىن: ھۈسەيىن سىيابايوف، نۇرمەدى، ئەنۋەر مامىيوف، قالى قاپسقبايوف، ئالىم ئەيتۋارۇف، ئابدۇقادىر توختاروف، تۇرغان خوجامبايوف، رىشات نۇرساپايوف قاتارلىق 30 كىشى بولۇپ، 10 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

تاتارلادىن: مەسئۇت خالىدوف، سەيدۇللا ئابدۇرىشىتوف، تاھىر دۆلەت چىنوف قاتارلىق بەش كىشى بولۇپ، 1.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئۆزبېك، تاجىكلاردىن: ھامۇت مەخمۇت خوجايوف، سۇلتان شەيخوف، ئىسلامجان ئابدۇجاپپاروف، ئايۇپ سەپەر مۇھەممەدوۋ تۆت قاتارلىق كىشى بولۇپ، 1.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

موڭغۇللاردىن: ئېردە، دۇرجى، كاما، دۇشە، بالىنىم، يىنمە، ساغان قاتارلىق 12 كىشى بولۇپ، 3.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. شىبە ـ سۇلۇنلاردىن: گوسوڭلىن، ئەن زىيىڭ، مىڭ يىمىن قاتارلىق بەش كىشى بولۇپ 1.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

خۇيزۇلاردىن: ما يىڭۇن، بەي ۋىنيۇ، ما كۇيۇۋ، (ئابدۇللا)، مومۇزايوف، ئالىمجان، جاۋ رىنچىن، ما جۇن، ما چىڭشەن، ئەن تاڭمىن قاتارلىق 16 كىشى بولۇپ، 5.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

مانجۇلاردىن: بۇ داچىڭ، خۇ دىڭجاۋ، لىيۇ دىجۇڭ قاتارلىق ئۈچ كىشى بولۇپ، بىر پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

خەنزۇلاردىن: پېڭ جاۋكۇن، خې رۇي، لى تەييۇ، لى رۇي، خۇ چاڭخۇا، خەن يۇفا، سۇن جالۇ، لى چۇنفاڭ، ۋۇ شۇخې، لىيۇ جۇشى، لى شۇيىڭ، سۇڭ مى قاتارلىق 84 كىشى بولۇپ، 30 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ (3 ـ تۇركۇمدىكى ئوقۇغۇچىلاردىن ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق بولۇپ كېسەل سەۋەبى بىلەن تۆت نەپەر ئوقۇغۇچىنى قايتۇرۇۋەتكەن. 26 كىشىنى



شىڭ شىسەي قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن). بۇنىڭدىن شىڭ شىسەينىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىللىي تەركىبىگە خېلى ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى، شۇنىڭدەك جايلارغىمۇ ئېتىبار بەرگەنلىكىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ، مەسىلەن: ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەر، چۆچەك، ئالتاي، قۇمۇل ۋىلايەتلىرىگە، تۇرپان، ئاتۇشلارغىمۇ ئېتىبار بەرگەنلىكىدىن كۆپرەك ئېلىنغان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى بىر قەدەر كۆپرەك ئىدى. بولۇپمۇ تۇرپان بىلەن قۇمۇلدىن قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار كۆپرەك بولۇشىنىڭ سەۋەبى خوجانىياز ھاجى بىلەن ماھمۇت سىجاڭنىڭ تەسىرى بولسا كېرەك. بۇلاردىن باشقا جايلاردىن قوبۇل قىلىنغانلار ئاز دېيەرلىك ئىدى.

3. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، شۇ مەزگىلدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، تەمىرات نازارىتى تەرىپىدىن ئىختىساسلىق يېزا ئىگىلىك كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا 20 نەچچە نەپەر ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلىپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن 10 نەپىرى سەمەرقەنتتىكى يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتىغا ئەۋەتىلدى. بۇلار: ئىسمايىل ياسىنوف، ئىبراھىم تۇردىيوف، مامۇتخان ئەخمەدىيوف، ئىمىن روزىيۇف، ئېلى جالالىدىنوف، يۇسۇپ شايىتوف، ئاباخان، يۇداشىن، جۇ مىڭچاۋ، شى چىنيىڭ؛ قالغان ئون نەپەر ئوقۇغۇچىدىن ئالماتادىكى دېھقان، چارۋىچىلىق ئالىي تېخنىكومىغا نەسرىدىن نەقىيوف، ئابابەكرى، چوڭ ئاخۇنوف قاتارلىق بەش نەپەر ئوقۇغۇچىنى، ئەنجاندىكى يېزا ئىگىلىك ئالىي تېخنىكومىغا

ئابلىمىت ياسىنوف، ئابباس قارى، ئۆمەرجان توختايوف قاتارلىق بەش نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئەۋەتكەندى.

4. بۇلاردىن باشقا تاشكەنتتىكى مېدىتسىنا ئىنىستىتۇتىغا ئابدۇرۇپ ئەخمىدوف، روخمىتۇللا كېرىموف، شامىل تاجىيەكىنوف، شەفىقە تاجىدىنوۋا، قەمبەرخان ئابدۇللايۇۋا قاتارلىق 14 نەپەر ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى خەنزۇ ھەمدە چاۋشەن مىللىتىدىن ئىدى.

5. ئەينى زاماندا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇشقا بېرىشىغىمۇ رۇخسەت قىلىنغان، بارغانلار: ئەنۋەر خانبابايوف، ئەسئەت ئىسھاقوف، ئۇيغۇر سايرانى، نۇسرەت شەھىدوف، شادىيە شەھىدىۋا، مەخفۇزە مىرزايىتىۋا؛ خەنزۇ ئوقۇغۇچىلاردىن جاۋدىشىڭ قاتارلىق تۆت كىشى بولۇپ، بۇلار موسكۋادا ئوقۇغانىدى.

6. سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدىغان ئوقۇغۇچىلار يولغا چىققاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىغا بەختى چېگرىسىغىچە قەدەر، مەكتەپ مەسئۇللىرىدىن ياكى ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرەرسى كېلىپ قارشى ئېلىپ بىرلىكتە ئېلىپ كېتەتتى. بىزنىڭ (2 - تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ) ئالدىمىزغا مەكتەپنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، يازغۇچى ئابدۇلھەي مۇھەممىدوف كېلىپ، مەكتەپ نامىدىن قارشى ئېلىپ، بىرلىكتە تاشكەنتكە ئېلىپ كەتكەندى. تاشكەنت پويىز ئىستانسىسىغا يېتىپ بارغاندا مەكتەپ مەسئۇللىرى، ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى ئالدىمىزغا چىقىپ قارشى ئالغانىدى. مەكتەپكە يېتىپ بېرىشىمىز بىلەن يۈك - تاقىلارنى دېزىنفېكسىيە قىلدۇرۇپ، ئىسكىلاتقا كىرگۈزۈپ قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى مۇنچىغا ئېلىپ بېرىپ يۇيۇندۇرۇپ، ئىچكى كىيىملەرنى ئالماشتۇرۇپ، سىرتقى كىيىملەرنى



دېزىنفېكسىيە قىلدۇرۇپ، ئاندىن مەكتەپ ياتاقلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

## سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا بارغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋالى

1. سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا بارغان ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن دوختۇرنىڭ سالامەتلىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈلەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارنى ئادەتتىكىچە سىناپ (ئىمتىھان ئېلىپ) كۆرۈپ، سىنىپلارغا بۆلۈپ ئاندىن دەرس ئۆتكەن. ھەربىر سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى 15 - 20 گىچە بولۇپ ئۈنىڭدىن ئاشمايتتى. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار (تاتار، ئۆزبېك، تاجىكلار قوشۇلۇپ) ئۈچ سىنىپقا، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار (خۇيزۇ، مانجۇ، شىبە، سولۇن قاتارلىقلار قوشۇلۇپ) ئۈچ سىنىپقا، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل ئوقۇغۇچىلار ئايرىم - ئايرىم ئىككى سىنىپقا بۆلۈنۈپ ئوقۇتۇلاتتى. ئوقۇتۇلىدىغان دەرسلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، رۇس تىلىنى مەخسۇس پەن سۈپىتىدە ھەر كۈنى ئىككى سائەت مۇئەللىم بولگاكوۋا ئۆتەتتى. دۇنيا تەبىئىتى، ئىقتىسادىي جۇغراپىيىنى مۇئەللىم نۇغمان دالىموف ئۆتەتتى، ماتېماتىكا، ئالىي ماتېماتىكا ۋە گېئومېترىيە دەرسىنى مۇئەللىم ئىسرائىل ئىسمائىلوف ئۆتەتتى. فىزىكا، خىمىيىنى مۇئەللىم مىرتازايوف، ئاناتومىيە، فىزىئولوگىيىنى مۇئەللىم قايۇموف، تىل - ئەدەبىياتنى ئابدۇلھەي مۇھەممىدوف، دۇنيا تارىخىنى مۇئەللىم، پروفېسسور بۇرھان قاسىموۋ، جۇڭگونىڭ دۆلەت تۈزۈلۈشى ھەم ئىقتىسادىي جۇغراپىيىسىنى مۇئەللىم، پروفېسسور لىپانوف، سىياسىي ئىقتىسادنى مۇئەللىم،

ئىقتىسادىي پەنلەر كاندىداتى ئابدۇرېھىم سادىقوف، خەلقئارا هوقۇقنى مۇئەللىم، پروفېسسور لېوتسكى، دۆلەتلەرنىڭ تۈزۈلۈش تارىخى ھەم ھوقۇقنى مۇئەللىم، پروفېسسور ئۆمەر قاسىموف، دېھقان - چارۋىچىلىق ئاگراتېمىنىگىنى موئەللىم، يېزا ئىگىلىك پەنلىرى كاندىداتى شاھىكىمبايوف، ئىگىلىك باشقۇرۇش، بوغالتىرىيە دەرسلىرىنى مۇئەللىم شاكىرقانى ئەكپەروف قاتارلىقلار ئۆتەتتى. دەرسلەر ئۇيغۇر سىنىپلىرىغا ئاساسەن ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار تىللىرىدا، ئايرىم پەنلەر رۇس تىلىدا ئۆتۈلۈپ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىناتتى. خەنزۇ، خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلىرىغا سىياسىي ئىقتىساد دەرسىنى خەنزۇ تىلىدا دوتسېنت لىن شېلۇ ئۆتكەنىدى. ئايرىم پەنلەر رۇس تىلىدا ئۆتۈلۈپ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. قازاق، قىرغىز ئوقۇغۇچىلارغا ئاساسەن قازاق، ئۇيغۇر، تاتار تىلىدا دەرس ئۆتۈلۈپ، ئايرىم رۇس تىللىرىدا ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى تەرجىمە قىلىپ بېرەتتى. موڭغۇل ئوقۇغۇچىلارغا ئايرىم پەنلەردىن موڭغۇل تىلىدا (موڭغۇل مۇئەللىملەرمۇ بار ئىدى) دەرس ئۆتكەنىنىڭ سىرتىدا، باشقا پەنلەرنى رۇسچىدىن تەرجىمە قىلىپ بېرەتتى. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، ھەممە پەنلەردىن دەرس ئۆتكەنىنىڭ سىرتىدا، بەزى نەزەرىيە مەسىلىلىرى لېكسىيە قىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارغا ئاساسەن ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسى ئىدىيە جەھەتتىن سىڭدۈرۈلگەنىدى.

2. ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلەتتى. تەجرىبە - سىناق ئۆتكۈزۈش ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن بىرلەشتۈرۈلەتتى. ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنىڭ پروگراممىسى ئېغىر ھەم يېنىك، ھەم زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ھەر كۈنى سەككىز سائەت دەرس ئۆتۈلەتتى. بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە



ئىنىستىتۇتنىڭ پروگراممىسىنى تولۇق ئۆتۈپ بولۇش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىنىمۇ شۇ دەرىجىگە يەتكۈزۈش كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۆپ بولمىغانلىقتىن ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلاردىن كۈتىدىغان تەلەپمۇ قاتتىق ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۆگىنىشكە بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن، مەكتەپ تەرەپتىن ئېلىپ بېرىلىدىغان كىنو - تىياتىرلارغىمۇ ئاز باراتتى. كۆپ ۋاقىتلاردا دەرس تەكرارلاش ۋە ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىش ۋاقتىدا سىرتقا چىقىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار يوق دېيەرلىك ئىدى. مەكتەپمۇ بۇنداق ھەرىكەتلەرگە دەم ئېلىش كۈنلىرىدىن باشقا ۋاقىتلاردا رۇخسەت قىلمايتتى. ھەربىر سىنىپقا مەسئۇل بولغان ئوقۇتقۇچىلار ھەر كۈنى كەچتە ئۇخلاشقا بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ياتاقلارغا كىرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بار - يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ چىقاتتى. ئەگەردە بىرەر ئوقۇغۇچى ياتاقتا بولماي قالسا، سۈرۈشتۈرۈپ ئوتتۇرىدا ئېلان قىلىناتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىشلار ھەرگىز تەكرارلانمايتتى. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ چەت ئەلگە ئوقۇشقا كەلگەنلىك يۈكىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ ئويۇنغا بېرىلمەيتتى، ئوقۇشقا تەسىر يېتىدىغان ھەر قانداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانمايتتى ھەمدە شۇغۇللىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى دەرسنىڭ ئېغىرلىقى، تەلەپنىڭ يۇقىرىلىقىدىن، دەرسلەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا بۇلار ئۆز ئىدىيىسىدە ئۆزلىرىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى زور ئۈمىد بىلەن چەت ئەلگە ئوقۇشقا ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ قان - تەر بەدىلىگە ئوقۇتۇۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر

مىللەت خەلقىنىڭ كۆتكەن ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويمايمىز، دېگەن ئىرادە ھەم مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئۆگەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇتلەق كۆپچىلىك ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدىن ئەلا دەرىجىدە ئۆتكەنىدى، ئىپادىسىمۇ ناھايىتى ياخشى بولغانىدى. شۇنچىۋالا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرسىمۇ ئوقۇش تۈگىگەندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا قېلىشنى خالىمىدى. بۇنىڭدىن بۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى، ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدە قانچىلىك ئېغىر مەسئۇلىيەتنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇمىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

3. مەكتەپ شىنجاڭدىن بارغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن مەخسۇس ئاشخانا ئاچقان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق بىلەن تەمىنلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىنغانىدى. توختام بويىچە، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن ئوقۇشنى تاماملاپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەنگە قەدەر، ھەربىر ئوقۇغۇچىغا تۆت پاردىن كاستۇم ـ بۇرۇلكا، ئىككىدىن دۇراپ پەلتۇ، ئالتە جۈپتىن ئاياغ كىيىم، سەككىز ـ ئوندىن كۆڭلەك ۋە ئىچ كىيىملەر بىلەن تەمىنلەنگەننىڭ سىرتىدا، مەخسۇس كىر يۇيۇش ئورنى تەشكىللەپ ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم كىر بولغان كىيىملەرنى ۋە يوتقان تىشى، پراستىنالارنى، كۆرپىلەرنى يۇيۇپ بېرەتتى. ئوقۇغۇچىلار پەقەت ئوقۇش بىلەنلا شۇغۇللىناتتى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا مەكتەپ ھەرئايدا، ھەربىر ئوقۇغۇچىغا 100 رۇبلىدىن قوشۇمچە پۇل بېرەتتى. بۇ پۇلنى ئۆزلىرىنىڭ پارچە ـ پۇرات كۈندىلىك تۇرمۇشىغا خىراجەت قىلاتتى ياكى مەكتەپ تەمىنلىگەن كىتابلارنىڭ سىرتىدا يېڭىدىن نەشىردىن چىققان كىتابلارنى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتەتتى.

4. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە يېتىپ بېرىپ دەرس



باشلانغاندىن كېيىن، مەكتەپ بىر نەچچە قېتىم تاشكەنتنىڭ ئۆزىدىكى سانائەت، يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىغا، پەن ـ تېخنىكا مۇئەسسەسىلىرىگە، كولخوز ۋە ساۋخوزلارغا ئېكىسكۇرسىيىگە ئېلىپ بارغان ئىدى. يازلىق تەتىلدە موسكۋا، لېنىنگرادلارغا ئېكىسكۇرسىيىگە ئېلىپ بېرىپ، چوڭ سانائەت كارخانىلىرىنى، ئاپتوموبىل زاۋۇتلىرىنى، ئىلمىي مۇئەسسەسەلەرنى، مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنى، تارىخىي يادىكارلىقلارنى، ھەر خىل مۇزېي، كۆرگەزمىخانىلارنى، پەن ـ تېخنىكا ئورۇنلىرىنى، گىدرو ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى، پىلانتارىيە ۋە بەزى ئۇنىۋېرسىتېتلارنى ئېكىسكۇرسىيە، ئۆگىنىش قىلدۇرۇپ كەلگەنىدى. موسكۋا، لېنىنگرادتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ۋاقىت بولۇپ قالسا، فەرغانە ئوبلاستىدىكى شاھىمەردان قاتارلىق جايلارغا ئېلىپ بېرىپ ساياھەت قىلدۇرۇپ كەلگەنلەرمۇ بولغانىدى. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ شىنجاڭغا قايتىش ئالدىدا يەنە بىر قېتىم ئېكىسكۇرسىيە، ئۆگىنىش قىلدۇرۇپ ئىلگىرى كۆرمىگەن ئورۇنلارنى كۆرسىتەتتى. بىز ئىككىنچى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىش ئالدىدا، تاشكەنتتىن 100 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چىرچىق دەرياسى قۇرۇلۇشى (ھازىرقى ئورجانىكىدزى شەھىرى) غا ئېلىپ بېرىپ يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان گىدرو ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن خىمىيىۋى ئوغۇت كومبىناتىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇرۇپ، ئاندىن شىنجاڭغا ئۇزىتىپ قويغانىدى.

5. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، ئوقۇشتىن سىرت بىر نەچچە خىل كۇرژۇكلارنى ئۇيۇشتۇردى. مەسىلەن، شوپۇرلۇق، تانسا ۋە سەنئەت، مۇزىكا، شاھمات، تەنتەربىيە قاتارلىق كۇرژۇكلارنى تەشكىللەپ، مەخسۇس مۇئەللىملەرنى تەكلىپ

قىلىپ دەرس ئۆتۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇشۇ ساھەلەردىمۇ بىلىملىرىنى ئاشۇرۇشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكتىن خېلى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنىدى. ھەر يىلى ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ خاتىرە بايرىمى، 1 ـ ماي خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلارنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىگە ئىشتىراك قىلىشقا تەكلىپ قىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، مەكتەپ شىنجاڭنىڭ «12 ـ ئاپرېل» بايرىمى ۋاقتىدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بايرام پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇشىغا ياردەملىشىپ شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بېرەتتى مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ياخشى ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنى تەقدىرلەپ، ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرىنى تام گېزىتلىرىگە چىقىراتتى.

## سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئەھۋالى

1. ھەربىر قارارىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن مەخسۇس ئۈچ ئايلىق سىياسىي ئۆگىنىش كۇرسى (2 ـ قارارىدىكىلەرگە جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىدا ئاچقان) ئېچىپ، شېڭ شىسەينىڭ ئۆزى ئالتە سىياسەت، ئاتالمىش ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىلىرى، سەككىز ماددىلىق خىتابنامە ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرى ھەققىدە ھەپتىدە ئىككى سائەتتىن دەرس ئۆتكەن. ئۇنىڭ دەرسى بار كۈنلەردە بىرەر ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، غەربىي زالنىڭ ئەتراپىدا كۆپلەپ ئەسكەر تۇرغۇزغانىنىڭ سىرتىدا، زالنىڭ ئىچىدە يول تەرەپكە قارايدىغان دېرىزىلەرنىڭ ئالدىغا پىلىموت ئورنىتىپ، ئۇنىڭ يېنىدا مەخسۇس ئەسكەر ھەم



ئوفىتسېرلەرنى قويۇپ، دەرس تۈگىگىچە ناھايىتى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ۋەزىيەت ھەققىدە خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى ھەققىدە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، مىللىي مەسىلە ھەققىدە سوۋېتلىك مەسلىھەتچىلەر، سىياسىي ئىشلار ھەققىدە جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىنىڭ باش كاتىپى قاتارلىقلار دەرس ئۆتكەنىدى. سىياسىي كۇرس تامام بولغاندىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەقسىم قىلىش لايىھىسى كۆپىنچە بىلىم سەۋىيىسىگە ۋە كەسپىي ئىقتىدارىغا قاراپ تۈزۈلۈپ، خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. كۆپرەك بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ، دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرىگە، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار يېزا ئىگىلىك ساھەسىگە، مالىيە، بانكا، باج ئىشلار ئورۇنلىرىغا، مەلۇم ساندا جامائەت خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرى بىلەن خارجى ئىشلار بۆلۈملىرىگە تەقسىم قىلىپ ئەۋەتىلگەننىڭ سىرتىدا، ئاز ساندىكى ئوقۇغۇچىلار ۋىلايەتلەرگە ئەۋەتىلگەنىدى.

2. بۇ يولداشلار ئەينى زاماندا ئۆزى ئىشلىگەن ئۆز ساھەسىنىڭ خىزمەتلىرىدە زور ئۆزگىرىشلەر ۋە يېڭىلىقلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش بىلەن، شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە جاپالىق كۈرەش قىلىپ، قىيىنچىلىقلار ۋە قارشىلىقلارنى يېڭىپ، ئاجايىپ نەتىجىلەرنى ياراتقانىدى. شۇنىڭدەك مەدەنىيەت ـ مائارىپ ساھەسىدە ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ ياشلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا ئىلىم ـ بىلىم، مەدەنىيەت تارقاتقۇچىلاردىن بولۇپ، پىداكارلىق بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپ زور نەتىجىلەرنى يارىتىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتى

ئۇچۇن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقانىدى. گەرچە يۇقىرىقىدەك چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىپ كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە مۇستەبىت شېڭ شىسەينىڭ مۇددىئاسى يوشۇرۇنغان بولسىمۇ، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، ئەينى زاماندا، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بۇ ساھەدە زور ئۆزگىرىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتە، چوڭ رول ئوينىغانىدى، لېكىن بۇلار نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا ۋە قارشىلىقلارغا ئۇچرىغان. سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتكەن ۋاقىتلاردا يېڭىچە مائارىپقا قارشى ھەرىكەت قىلىدىغان مۇتەئەسسىپ كۈچلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشىر قىلىنغان تۈرلۈك پەننىي كىتابلارنىڭ تارقىلىشىغا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن كىشىلەرگە، بۇلاردىن ئوقۇتقۇچى بولغانلارغا نىسبەتەن قارشىلىق تېخىمۇ كۈچلۈك ئىدى. 1937 - يىلى 8 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىككىنچى تۈركۈمدە ئوقۇپ قايتىپ كېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ 11 ھارۋىدىكى ھەر خىل پەننى ماتېرىياللىرى يەنى تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن كىتابلىرى، پەن - تېخنىكىغا دائىر ھەر خىل كىتابلار، تارىخىي ماتېرىياللار، ئوقۇتۇش ئەسۋابلىرى، تۈرلۈك خەرىتىلەر ۋە كىيىم - كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرگە قۇتۇبىدا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش جەريانىدا توپلىغان ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. بۇلار ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان مەزگىلدە تېخىمۇ قاتتىق قارشىلىققا ئۇچراپ تۇرغان بولسىمۇ، بەرداشلىق بېرىپ، تۈرلۈك يوللار بىلەن كۈرەش قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ خىزمەت قىلغانىدى. ئۇلار تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئوقۇغۇچى،



كادىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ھازىر جەمئىيەتتە مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، چوڭ ئورۇن تۇتۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش يولىدا پىداكارلىق بىلەن ئىشلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەسسىلىرىنى قوشماقتا.

ئۆز ۋاقتىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن يولداشلاردىن ھايات قالغانلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. مىلىتارىست شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ تورىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارغا قاراتقانلىقتىن، ئەينى زاماندا بۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمى قىرغىنچىلىقتا ئۆلتۈرۈلدى. بەزىلىرى ۋاپات بولۇپ كەتتى، بىر قىسمى چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتتى. ھازىر ھايات قالغانلىرى يۈز ئەتراپىدا (ئاز سانلىق مىللەتلەر 60 ئەتراپىدا) بولۇپ، ئۇلار ھەرقايسى سەپلەردە ئىشلەۋاتىدۇ.

3. ئەينى زاماندا، بىرتەرەپتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ھەرقايسى ساھەلەردە پىداكارلىق بىلەن ئەستايىدىل ئىشلەپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار كوممۇنىستىك پارتىيە شىنجاڭغا ئەۋەتكەن يۈزدىن ئارتۇق كوممۇنىستلارنىڭ جۈملىدىن، چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلارنىڭ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشى ۋە ئاسرىشىنى قوبۇل قىلىپ، نەتىجىدە سىياسىي، ئىدىيە جەھەتتىن ناھايىتى تېز ئالغا باستى. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ماركسىزم - لېنىنىزم روھىدا تەربىيە ئالغانلىقى ئۈچۈن، كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى بولمىسىمۇ (ئەينى زاماندا بەزى ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر ۋە تارىخىي شەرت - شارائىتنىڭ يار بەرمەسلىكى تۈپەيلىدىن، پارتىيە قۇرۇلۇشى ھەمدە پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇمكىن بولمىغانىدى)، كومپارتىيىنى بىجاندىل

سۆيۈپ ھىمايە قىلغان ۋە كوممۇنىزم غايىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، شۇ غايىنىڭ سادىق كىشىلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى. شۇ ۋاقىتلاردا بۇلاردىن ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە ئىشلىگەنلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى گومىنداڭغا قارشى يوشۇرۇن تەشكىلاتلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلدى. ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ ئوخشاشمىغان دەرىجىدىكى خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئاكتىپلىق بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتتى، ئۇنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. بۇلار: سەيپىدىن ئەزىزى، سەيدۇللا سەيپۇللايوۋ، ئەنۋەر خانبابايوف، ئابلىمىت ھاجىيوف، ئابدۇللا زاكىروف، ئەسئەت ئىساقوۋ، ئىسمائىل ياسىنوف، ئىبراھىم تۇردى، قۇسەيىن سىيابايوف، ئابدىراخمان مۇھىتى، مەجىت زاھدوف، ئۇيغۇر سايرانوف، باۋۇدۇن يۇسۇپوف، ئابلىمىت مەخسۇتوف، خەلپەت سۇزۇك ھاجىيوف، يۇسۇپجان ياسىنوۋ، خې رۈي، لى تەيىۋ، لوجى قاتارلىق نۇرغۇن يولداشلار ھەمدە ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئاباسوف، دەلىلقان قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئىلغار تەرەققىيپەرۋەر يولداشلار بىلەن بىرلىكتە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە، جاھانگىرلىكە قارشى جاپالىق بىلەن قەتئىي كۈرەش ئېلىپ باردى. بۇنىڭدىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەنلەردىن يەتە ۋىلايەت دائىرىسىدە ياشاپ ھەمدە ئىشلەپ تۇرغان يولداشلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بولسۇن ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ ۋە ئۇنى قوللاپ، ھىمايە قىلىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ماسلاشتى ھەمدە مەدەت بەردى. يۇقىرىدىكى يولداشلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بەزى خاتالىقلىرىنى



تۈزىتىپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەۋرەنمەي كۈرەش قىلدى، ھەمدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، شۇ چاغدىكى نۇرغۇنلىغان ھەر مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. بۇلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى جوڭگو خەلق ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىغا ئۆزلىرىنىڭ ھەسسىلىرىنى قوشتى. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئازادلىقتىن كېيىن كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەزا بولدى، پارتىيە رەھبەرلىكىدە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشتا، ھاكىمىيەت ئۆزگەرتىش خىزمەتلىرىنى، ئىجارە كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى، كاپىتالىستىك سودا ـ سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش، باندىتلارنى ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى يوقىتىش، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان ھەمدە زور نەتىجىلەرنى ياراتقانىدى. لېكىن يەرلىك مىللەتچى — ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش مەزگىللىرىدە بولسۇن، ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا بولسۇن، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغانلىقى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقانلىقى چوڭ جىنايەت بولۇپ، «چەت ئەلگە باغلانغان قارايىپ»، «مىللەتچى»، «مىللىي بۆلگۈنچى» ئۇنسۇرلار دەپ ئاتىلىپ، قالپاق كەيگۈزۈلۈپ، ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە دۇچار قىلىندى. ھەتتا بەزىلىرى ئېزىز جانلىرىدىن ئايرىلىپ، خانىۋەيران بولۇپ كەتتى. شۇنداق ئېغىر كۈنلەرگە قالسىمۇ، ئۇلار يەنىلا جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ۋە خەلق ئاممىسىغا ئىشىنىپ، ئۆز مەيدانلىرىدا قەتئىي ئېغىشماي

چىڭ تۇرۇپ كەلدى.

بۇ يولداشلارنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىرى بولسۇن، ھازىر ياشاۋاتقانلىرى بولسۇن، قىسقىسى ئۇلار ئۆز باشلىرىدىن بىرنەچچە دەۋرنى خەۋپ ـ خەتەرلىك مۇھىت ۋە ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى جاپالىق كۈرەشلەر ئىچىدە، ھەتتا تۈرمىلەردە ئۆتكۈزۈپ، ئاخىر، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ھەقىقىي ئازادلىققا ئېرىشىپ، ئەركىن، بەختلىك ھايات كۆچۈرۈش (ئازادلىقنىڭ باشلىرىدا بۇلارنىڭ كۆپى ھايات ئىدى) ۋە ئىشلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇ يولداشلارنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىي ـــ مائارىپ ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن، ھارماي ـ تىنماي جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ ۋە كۈرەش قىلىپ ياراتقان غايەت زور تۆھپىلىرىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى مەڭگۈ يادلايدۇ.

## ئەسكەرتىش:

بۇ ئەسلىمىنى يېزىشنى بەزى يولداشلار تەشەببۇس قىلغانىدى. باشتا يېزىشنى ماقۇل كۆرمىگەنىدىم. لېكىن يولداشلارنىڭ ئوقۇپ كەلگەندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر (ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە ھايات بارلىرى) جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىلىرى بىلەن باشلىرىدىن ئۆتكۈزگەن ھەر خىل ئوخشىمايدىغان سەرگۈزەشتىلىرىنى ئويلاپ، بۇ يولداشلارنىڭ جەمئىيەتتە ئۇنتۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن يېزىشقا ماقۇل بولدۇم، ۋاقتى ئۇزۇن بولغانلىقتىن كۆپ نەرسىلەر ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغانىكەن. شۇنداقلا ئالدىراش بولغانلىقتىن بىرگە



ئوقۇغان بەزى يولداشلاردىن مەسلىھەت ئېلىشقا پۇرسەت بولمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تولۇق بولمىسىمۇ بۇ ئەسلىمىنى يازدىم. تولۇق بولمىغان جايلىرىغا يولداشلارنىڭ تولۇقلىما پىكىرنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## قوشۇمچە:

1934 ـ يىل 11 ـ ئايدا، بىرىنچى تۈركۈمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسىملىكى:

ئابدۇراخمان مۇھىتوف، ئابلىمىت مۇھىتوف، ئابدۇرېھىم مۇھىتوف، قاسىم پەرسايوف، باۋۇدۇن يۇسۇپوف، سېيىت ھاسىلوف، ئىسمائىل روزىيوف، مۇھەممەت ئېلى جېلىلوف، ئابدۇكېرىم رازىيوف، ئەنۋەر مۇھىتوف، ئابدۇرېشىت مۇھىتوف، ھەسەن كېرىموف، ئەنۋەر يۇسۇپوف، ھوشۇر ھاجىيوف، چوڭئاخۇن ئابدۇراخمانوف، ئابلېتىپ قادىروف، ھوشۇر كېرىموف، ئابدۇراخمان قاسىموف، ھامۇت مەخمۇتوف، نۇردۇن قارى، خۇجەخمەت زاكىروف، قۇربانوف، مۇھەممەت ھامۇت، مەخمۇت غۇجايوف، ئېلى قارىيوف، قۇسەيىن سىيابايوف، ئەنۋەر مەمىتوف، نۇرمەدى سابايوف، تىلەۋ بەردى قىزىروف، سابىر ئالى، قالى چابىقبايوف، رىشات نۇرسابايوف، ھۇسىيىن ياخشىلىقوف، كامال ئىبراھىموف، قابباس، ئەسىيىن، ماقات، سېيىت غازى، پاتىخ، ئەسئەت ئابلىمىجىنوف، ئەيتىكەن، ھەمزە ئەزمۇھەممىدوف، سامزا.

1935 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، ئىككىنچى تۈركۈمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسىملىكى:

سەيپىدىن تاشاخۇنوف، سەيدۇللا سەيپۇللايوف، ئابلىمىت هاجىيوف، ئابلىمىت مەخسۇتوف، مىجىت زامىندوف، ئابدۇقادىر هۇسەنوف، مۇھەممەت هۇسەينوف، ئابدۇللا هوشۇروف، ئابدۇقەييۇم ئارزۇهاجىيوف، ئەبەيدۇللا رۇبەيدۇللايوف، ئىسمائىل هىبزۇللايوف، ئەيسا نىيازوف، ئابلىز شىرىپوف، ئابدۇلتىپ نىيازوف، مۇھەممەت سىلىموف، مۇھەممەت قارى ئەخمىدوف، توقسۇن سابىتوف، ئابلىزخان روزىيوف، هەبىبۇللا مۇسا هاجىيوف، مۇھەممەت يۇسۇپ جالالىدونوف، رەھمىتۇللا سابىتوف، ئوسمان يۇنۇسوف، مەتىمىن خۇدابەردىيوف، تۇردى قادىروف، ئابدۇهازىر ئارزۇهاجىيوف، سەيدۇللا خوجانىيازوف، يۇنۇس ئىمىنوف، تاھىر بوسۇقوف، سوپاخۇن تۇرانوف، ئەخمەت ئىمىنوف، هەبىبۇللا سۇبۇروف، ئابدۇللا قارى توختايوف، سۇلتان شەيخوف، ئەخمەت روزىبايوف، مەسئۇد خالىدۇف، سەيدۇللا ئابدۇرشىتوف، ئىبراھىم مۇتىتۇللايوف، ئەخمەت هەسەنوف، تۇرسۇن ياسىنوف، تاھىر دۆلەتچىنوف، ئىسلامجان ئابدۇجاپپاروف، ئىسكەندەر ئىمىنوف، ئابدۇراخمان هىدايوف، ئالىم ئەيتبايوف، ئابدۇقادىر توختاروف، تۇرغان خوجامبايوف، مادامبېك سىرغازى، نۇرەخمەت، مۇقەممەت، تۇردىيوف، قالدىتجان، سابىر ئالى، زارىپ ئابۇتايوف، چۇقاش، شەمەي.

1936 - يىلى ئۇچىنچى تۇركۇمدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسمىلىكى:

مەۋلانجان تۇردىيوف، مويدىنخان جالالىدىنوف، ئابدۇۋاھىت ۋاجىدوف، ئابدۇلىتىپ خەبىروف، ئابدۇللا سەيدۇللايوف، تۇرسۇن دەريا، تۇرسۇن سابىتوف، ئابدۇللا داۋۇتوف، ئابدۇراخمان سۇلايمانوف، ئابلىز قادىروف، ئابدۇراخمان سەيىدوف، تۇرسۇن ئابدۇرەھىموف، خەلپەت



سۇزۇك هاجىيوف، ئابدۇللا زاكىروف، تۇرسۇن ئىسرائىلوف، خۇدابەردى تالىپوف، تۇرسۇنتاي مەھمۇدوف، ئابدۇكېرىم تۇرسۇنوف، ئىسهاق ئارسلانوف، ئىدرىسوف، ئابدۇرېهىم ئابدۇللايوف، تەۋەككۇل ئۇلۇغوف، ئابلىتىپ ئەخمىدوف، مۇختەر ئابدۇكېرىموف، مويدىن خان تۆرە، ئايۇپ سەپەر مۇھەممىدوف، مەنسۇر ئاخۇنبايوف، ئايۇپ مەنسۇروف، توختى هاشىموف، ئابدۇغۇپۇر قادىر هاجىيوف، ئابدۇللا زۇنۇنوف، ئابدۇللا ياقۇپوف، جالالىدىن، سەدىردىن سەدىرنوف، سىدىق بەلىيوف.

(ئەسكەرتىش: ① ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقىرىقى ئىسىملىكى تولۇق ئەمەس، ئېسىمدە قالغانلىرىنى يازدىم، ئۇلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتىكى ئىشلىتىلىشى بويىچە يېزىلدى، كېيىنكى خىزمەت جەريانىدا ئۆزگەرتىۋەتكەنلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنىمۇ ئەسلى بويىچە يازدىم. ② بۇنىڭدا يېزىلغان مىللەتلەرنىڭ سىرتىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسى تولۇق بولمىغانلىقى ئۈچۈن تىزىمى بېرىلمىدى. ③ ۋاقتى ئۇزۇن بولغانلىقتىن ھەرقايسى تۇركۇمدە بارغانلارنىڭ ئورنى ئالمىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن)

# شىنجاڭنىڭ يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچى — رائىلە خانىم

ئىسلامجان سابىت

ئاتۇش خەلقى قەدىمكى زاماندىن تارتىپلا ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك خەلق بولغاچقا، ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرىغا ئىشتىياق باغلايدىغان ئېسىل ئەنئەنىگە ئىگە، شۇنداقلا يۇرت - يۇرتلارغا ۋە ئەل - ئەللەرگە بېرىپ تىجارەت قىلىشتەك ئۆزگىچە ئەنئەنىگىمۇ ئىگە. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىنىڭ دەسلىپىدە ئاتۇشلۇق سودىگەرلەر ياۋروپا، ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى ھەرقايسى ئەللەرگە بېرىپ، ئۇ دۆلەتلەردىكى زور ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ كۆزەتكەن. ئۇلاردىن مەشھۇر سودىگەر، مەرىپەتپەرۋەر ۋە ۋەتەنپەرۋەر زات موسا ھاجى ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ھۈسەن موسا باي، باۋدۇن موسابايلار روسىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە قاتارلىق غەربتىكى ئەللەرگە بېرىپ، كاپىتالىزمنىڭ يىرىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يۈكسەك تەرەققىياتىنى ۋە يېڭى پەننىي مائارىپنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كۈزىتىش جەريانىدا، كىشىلىك تۇرمۇش دۇنياسىدىكى ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنىنىمۇ كۆرۈپ قايىل بولغان. ئۇلار غەرب مەملىكەتلىرىنىڭ



ئىلغار نەتىجىلىرىنى ماھىرلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۆز يۇرتىدا يېڭى مەكتەپ قۇرۇپ يېڭىچە پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىتىپ ۋە ئوقۇتۇپ، ئىجتىماسلىق كىشىلەرنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ، مىللىتىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئىرادىسىگە كېلىشكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاكا - ئۇكا موسابايوفلار ئۆز يۇرتى ئىكساق كەنتىدە يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇشنىڭ كۆپلىگەن تۇسالغۇلىرىنى يېڭىپ، ئەتراپلىق ئويلىشىپ 1883 - يىلى كۈزدە يېڭى مەكتەپ قۇرۇپ، 1885 - يىلى ئوقۇتۇشنى رەسمىي باشلىغانىدى. مەكتەپ قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا ئۈچ سىنىپ، بەش ئوقۇتقۇچى، 105 نەپەر ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە قىز ئوقۇغۇچىلار 25 نەپەر ئىدى. رەزىللىك ۋە نادانلىق قاپلىغان شۇ زاماندا قىزلارنىڭ يېڭىچە مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشى، شەك - شۈبھىسىزكى، ئاياللار ئازادلىقى تارىخىدىكى بىر ئۇلۇغ بۆسۈپ ئۆتۈش ئىدى. بۇ شەرەپلىك ۋە قىيىن ۋەزىپىنى ئىكساقتا باشلانغان ئۇيغۇر يېڭى مەكتەپ مائارىپىنىڭ تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچىسى ۋە ئاياللار ئەركىنلىكىنىڭ تەشەببۇسچىسى رائىلە ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆچمەس تۆھپە ياراتتى.

رائىلە 1860 - يىلى ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە بىر مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر ھاللىق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كىچىكىدىنلا ئەقىللىق ۋە زېرەكلىكى ئاتىسى مۇھەممەت سۇلتان خەلپىتىمنى قايىل قىلغان. مۇھەممەت سۇلتان بىلىمگە ئىشتىياق باغلىغان مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولۇپ، ياش چاغلىرىدا ئۆز يۇرتى ئىكساق ۋە قەشقەردىكى كونىچە مەكتەپلەردە ئوقۇغان، كېيىن بۇخارا قاتارلىق جايلاردا بىلىم ئېلىپ، ئەرەب، پارس تىللىرى ۋە باشقا بىلىملەرنى پۇختا

ئىگىلەپ، دۇنيا قارىشىنى كېڭەيتكەن. شۇڭا ئۇ ئۆز قىزى رائىلەنى كىچىك چاغلىرىدىن تارتىپ تەربىيىلەپ خەت ساۋاتىنى چىقارغان. كېيىن ئۇنى ئىكساقتىكى كونا مەكتەپ مۇدەررىسىگە بېرىپ، ئابدۇلماناپ دامولىلا، چوڭ غوجىكام، سادىق موللام قاتارلىق يۇقىرى سەۋىيىلىك ۋە ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلاردىن بىلىم ئېلىشقا تاپشۇرغان. زېھنىي قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان رائىلە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قۇرئاننى تەپسىر قىلىشنى ئۆگىنىۋالغاندىن باشقا، ئەدەبىيات، تارىخ، ئالگېبىرا، جۇغراپىيە قاتارلىقلاردىمۇ بىلىم ئىگىلەپ، ئۇستازلىرىنى ھەيران قالدۇرغان. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇستازلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپ ياردىمىگە ئىگە بولۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگىنىپ، ئەرەبچە، پارسچە كىتابلارنى ئوقۇيالايدىغان، تەرجىمە قىلالايدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرگەن. بولۇپمۇ ئۆز زامانىسىنىڭ ئۇستا خەتتاتى بولۇش ئۈچۈن تىرىشىپ، خەتتاتلىقتا زور ئابروي قازىنىپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. رائىلە كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىقتىدارغا ئىگە بولغانلىقتىن، كىشىلەر تەرىپىدىن «رائىلە دامولىلىمە» دەپ ئاتالغان.

فېئوداللىق دۇنيا قارىشى ۋە دىنىي خۇراپاتلىقنىڭ جاھالەتلىك ئاسارىتى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان شۇ دەۋردە، خوتۇن - قىزلارنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىكى يوق بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەننىي بىلىملەرنى ئىگىلەپ جەمئىيەت ۋە تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىشى ئۈچۈن، توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىق زور ئىدى. بۇ ئەھۋال ئىكساق يېڭى مەكتىپىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تۈۋرۈكى بولغان باۋدۇنباينى چوڭقۇر ئويغا سالدى. باۋدۇنباي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى، قىز



ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتۇش ھەققىدە چوڭقۇر ۋە ئەستايىدىل ئويلىنىپ، ئالدى بىلەن ئۆز كەنتىدىكى دۇنيا قارىشى ئىلغار ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى يۈز - ئابرويى چوڭ ئابدۇلماناپ داموللا، چوڭ غوجىكام، مۇھەممەت سۇلتان خەلپىتىم قاتارلىق بىلىملىك، مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر بىلەن تەپسىلىي مەسلىھەتلىشىپ، سوفىزمنىڭ خۇراپاتلىق ئىدىيىسىگە تاقابىل تۇرۇپ، بىر قەدەر ئەتراپلىق بىلىم ئالغان رائىلەنى 1885 - يىلى بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلغانىدى. رائىلە ئوت يۈرەك ئايال بولۇش سالاھىيىتى بىلەن، فېئودالىزمغا ۋە فېئودالىزمنىڭ مەنىۋى قورالى بولغان سوفىزم ئۇستىقۇرۇلمىسىغا جەڭ ئېلان قىلىپ: «شەرىئەتتە ئاياللار ئوقۇمىسۇن دېيىلمىگەن، پەن ئۆگىنىش، كىتاب ئوقۇش ئوغۇل - قىزلار ئۈچۈن تەڭ ئاتا قىلىنغان. بالىلارنى ئوقۇتۇش، يېڭىلىقنى ئىگىلىتىش شەرىئەتكە خىلاپ ئەمەس، سىلەر ئۆز پەرزەنتىڭلارنى ئوقۇتمىساڭلار مەيلى، بىز ئوقۇتىمىز، ئۆز بالىلىرىمىزنى تېخىمۇ كۆپلەپ بىلىم ئۆگىنىپ دۇنيانى چۈشىنىدىغان، ھەق بىلەن ناھەقنى، ياخشى بىلەن ياماننى پەرق ئېتىدىغان قىلىپ تەربىيىلەيمىز»، دېگەن ھەمدە دەسلەپكى قەدەمدە باۋدۇنباينىڭ ئۇرۇق - جەمەتى ئىچىدىكى قىز - خېنىملارنى تىزىمغا ئالغان. بۇنى كۆرگەن مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قىز پەرزەنتلىرىنى كەينى - كەينىدىن تىزىمغا ئالدۇرۇپ، رائىلە بۇۋى موللاجىمنىڭ تەربىيىلىشىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن.

رائىلە خانىم «ھۆسەينىيە مەكتىپى» دە ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە 32 يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇ، يېڭى مەكتەپ مائارىپىدا بىردىنبىر تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچى بولۇش،

شۇنداقلا شىنجاڭ تارىخىدىكى ئۇيغۇر يېڭى پەننىي مائارىپ ئاساسچىلىرىدىن بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ھاياتىنى كەڭ ئايالىلارنىڭ ئەركىنلىكى ۋە بىلىم ئېلىشى ئۈچۈن ئاتىغان.

(ئاپتورى: قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن)



# يېڭى مائارىپ تارىخىمىزدىكى شەخسلەر

## ئۆچمەس تۆھپە

مائارىپپەرۋەر زات — مەنسۇرجانباي نارمۇھەممەت ئوغلى 1883 ـ يىلى 25 يېشىدا تاشكەنتتىن سودىگەرچىلىك بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ يەرلەشكەن ۋە 1915 ـ يىلغىچە ئۈرۈمچى، تۇرپانلاردا كۆرۈنەرلىك بېيىغان كىشى ئىدى. ئۇ، 1915 ـ يىلدىن ئېتىبارەن تۇرپاندا يېڭى پەننىي مەكتەپتىن بىرنى سېلىپ، ھازىرقى زامان مائارىپچىلىرىنى يېتىشتۇرۇشكە كىرىشكەن. 1916 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىدىن چوڭ بىر باغلىق زېمىن سېتىۋېلىپ، باغنىڭ چوڭ يېرىمىنى (تەخمىنەن ئالتە مو يەرنى) تۇرپان خەلقى ئۈچۈن خالىس سېلىپ بەرمەكچى بولغان «مەكتىپى جېدىيە» گە ھەقسىز ھەدىيە قىلغان، يەنە شۇ يىلى ئۆز چىقىمى بىلەن تۇرپان ئاستانىلىق مۇسۇل ئاخۇن مۇھىتىنىڭ ۋاستىلىقى ئارقىسىدا، 60 بالا ئوقۇيالايدىغان توققۇز دېرىزىلىك بىر مەكتەپ سالدۇرۇپ، پارتا ـ ئورۇندۇقلارنى ياسىتىپ، سىنىپلارنى جابدۇپ يۇرتقا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. بۇ، تۇرپان تەۋەسىدە تۇنجى قېتىم بارلىققا كەلگەن «ئەينەكلىك مەكتەپ» (ئىشىك ـ دېرىزىلىرىگە ئەينەك سېلىنغان مەكتەپ) ھېسابلىناتتى.

مەنسۇرجانباي يەنە، بۇ مەكتەپكە مەكتەپنىڭ مۇھىتىنى ياخشىلاش، سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بېرىش ئۈچۈن، كۆلدىن بىرنى چاپتۇرۇپ بەرگەن. مەكتەپ يېنىغا ئىككى يۇرۇش قوش دېرىزىلىك تۇرالغۇ ئۆي سالدۇرۇپ، مۇسۇل ئاخۇن تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدۈرگەن مۇئەللىملەرگە ھەقسىز

هەدىيە قىلغان. بۇ، مۇشۇ چاغلاردا تۇرپان تەۋەسىدە تۇنجى قېتىم سېلىنغان ئەينەكلىك ئۆيلەر ھېسابلىناتتى.

مەنسۇرجانباينىڭ بۇ «ئەينەكلىك مەكتەپ» ى 1922 - يىلغىچە سەككىز يىل داۋام قىلىپ، تۇرپان يېڭى زامان مائارىپىنىڭ بىخلىرىنى شەكىللەندۇرگەن. لېكىن، 1922 - يىلغا كەلگەندە بەزى يەرلىك جاھالەتچى — مۇتەسسىپ كۈچلەرنىڭ زەربىسى ئارقىسىدا بۇ مەكتەپ تاقىلىپ قالغان. بۇ مەكتەپنىڭ يېتەكچى مۇئەللىمى ھەببۇللا ئەپەندىمۇ جاھالەت كۈچلىرىنىڭ زەربىسى ئاستىدا ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتكەن.

مائارىپپەرۋەر مەنسۇر جانباي بەزى تۇرپانلىق ئىلغار كۈچلەرنىڭ مەدەت بېرىشى، ھەمكارلىششى بىلەن بۇ ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىلىرىنى ئويلاپ تاپقان، يەنى «جېدىت مەكتەپ» نى چىقىپ تۈزىتىپ، ئورنىغا «مەسچىت مەكتىپى» سېلىش ھەرىكىتىنى باشلىغان. 1923 - يىلى ئۆز خىراجىتى بىلەن يېڭىدىن ئىككى قەۋەت قىلىپ 28 سىنىپلىق «مەسچىت مەكتىپى» سالدۇرغان. ئۇنىڭ يېنىغا ئۆزى ئىئانە قىلغان باغچىنى ئوبدان كۆكەرتىپ، «مەكتەپ بېغى» قىلىپ بەرگەن. باغنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە كۆركەم مەسچىتتىن بىرنى سالدۇرۇپ، جامائەتكە دۇئا قىلدۇرغان. مەكتەپ مۇئەللىملىرى ئۈچۈن مەكتەپ يېنىغا زامانىۋى «ئەپەندىلەر ئۆيلىرى»، مەسچىت يېنىغا «مەسچىت ئۆيى»، «تۇنەكخانا» قاتارلىقلارنى سالدۇرۇپ، جاھالەتچى — مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ئاغزىنى ئەتكەن. بەزى پېشقەدەملەر مەنسۇرجانباينىڭ بۇ خالىس چىقىمىنى «100 يامبۇلۇق چىقىم» دەپمۇ تەرىپلىشىدۇ.

## ئۇنتۇلماس ئانا

مائارىپپەرۋەر ئايخان ئانا 1930 - يىللاردا مائارىپقا



ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۆپ ياردەملەرنى بەرگەن يېڭى زامان تارىخىمىزدىكى تۆھپىكار شەخسلەرنىڭ بىرىدۇر. 1936 - يىلى 18 - مايدا چىققان 24 - سان «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئۇنىڭ مائارىپقا بەرگەن ياردەملىرى مۇنداق بايان قىلىنغان: «غۇلجا شەھىرىدە ھاپىز باينىڭ سىڭلىسى، تۇردى باينىڭ قىزى ئايخان ئاپا مائارىپىمىزنىڭ يېڭى قۇرۇلۇش دەۋرىدىكى ئىقتىسادىي كەمچىلىكلىرىنى ئېتىبارغا ئېلىپ غۇلجا، ماناس، ئۈرۈمچى، ئاتۇشلاردا مائارىپىمىز ئۈچۈن كۆپلىگەن ماددىي ئىئانىلەرنى تەقدىم ئەتتى: 1. غۇلجا مائارىپىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن 1935 - يىلى 8 - ئايدا (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 24 - يىلى) بىر مىليون سەر نەق پۇل (شۇ زامانلاردا بۇ پۇلغا ئادەتتىكى قويدىن 4000 نى سېتىۋالغىلى بولاتتى — ئا) ياردەم قىلدى، 270 ئوقۇغۇچىنى، بەش گەزدىن چىت رەخت، بىردىن ياغلىق بىلەن مۇكاپاتلاپ، ياخشى ئوقۇشقا دالالەت قىلدى. 2. غۇلجا تاتار مەكتىپىگە بىر چاي، بىر جۈپ گەزدىن پەتنۇس ھەدىيە قىلدى (مەكتەپ مەسئۇللىرىدىن ھال سورىدى)، يەنە ئىككى مەكتەپ مۇئەللىملىرىدىن نەمۇنىچى ئوقۇتقۇچىلىققا تاللانغان ئىككى كىشىنى ئىككى تاۋار چاپان بىلەن مۇكاپاتلىدى. 3. غۇلجىدا مەكتەپ بىناسى ئۈچۈن ئۇزۇنى 30 گەز، توغرىسى 40 گەز (بىر گەز يېرىم مېتىرغا تەڭ) يەر ھەل قىلىپ بېرىپ، مەكتەپ ئورنىنى كېڭەيتىشكە شەرت ھازىرلاپ بەرگەندىن باشقا، مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتكىچە ئۆزىنىڭ ئون ئېغىزلىق مېھمانخانىسىنى بىر يىللىق ئىجارىسىز ئاجرىتىپ مەكتەپكە سىنىپ قىلىپ بەردى. 4. غۇلجىدا يەنە بىر مەكتەپكە پارتا - ئورۇندۇق ياسىتىش ئۈچۈن 12 مىڭ سەر نەق پۇل ھەدىيە قىلدى. 5. يول قۇرۇلۇشىغا ئاتاپ قويغان 1 مىليون سەر نەق پۇلىنىمۇ، كېيىن يولغا خەلقتىن پۇل يىغماسلىق سىياسىتى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، يېڭىدىن مەكتەپ سېلىش ئۈچۈن مائارىپ

ئورۇنلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. 6. غۇلىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىۋېتىپ ماناس بازىرىدا قونغاندا، بازار مەكتەپلىرىنىڭ رېمونتى ئۈچۈن 45 مىڭ سەر نەق پۇل ئىئانە بەردى. 7. ئۈرۈمچىگە كەلگەندە دارىلئېتام مەكتىپى (يېتىم - يېسىرلار، ئىگە - چاقىسىز بالىلار مەكتىپى) گە 40 مىڭ سەر، ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپىگە 40 مىڭ سەر، مەركىزىي ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۆلكىلىك سانايى نەفىسە بۆلۈمىگە (سەنئەت بۆلۈمىگە) 100 مىڭ سەر نەق پۇل هەدىيە قىلدى. 8. قەشقەر ئۇستۇن ئاتۇش (ئۇ زامانلاردا ئاتۇش قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ بىر ناهىيىسى ئىدى — ئا) ئىكساقتا مەرھۇم دادىسى هەم تاغىسى روزى بايدىن مىراس قالغان يەرلىرىنى ئۈچكە بۆلۈپ، بىر بۆلىكىنى مەركىزىي ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ بىلىم يۇرتىغا، يەنە بىر بۆلىكىنى ئىكساق مەكتىپىگە ئىئانە قىلىپ بەردى. . . . » .

شۇ مەزگىلدە مەركىزىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى نامىدا ئېلان قىلىنغان بۇ خەۋەردە يەنە، ئايخان ئانىنىڭ مائارىپقا قىلغان ياردەملىرىگە رەهمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن «پۈتۈن شىنجاڭ خوتون - قىزلىرىغا ئۆزىنىڭ مائارىپپەرۋەرلىكى، مىللەتپەرۋەرلىكى بىلەن ئۈلگە بولغۇچى مۆھتەرەمە، ھىممەتلىك ئايخان ئانىمىزغا ئومۇمىي مائارىپ ۋە ئاقارتىش ئۇيۇشمىلار نامىدىن چوڭقۇر تەشەككۇر، رەهمەتلەر بايان قىلىمىز. . . » دېيىلگەن.

## مائارىپپەرۋەر ئابدۇقادىر ئابدۇسەمەت

1930 - يىللاردىن بۇرۇن گۇچۇڭ ناهىيىسى تەۋەسىدە ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ هازىرقى زامان مائارىپ - مەدەنىيەت ئاپپاراتلىرى زادىلا يوق ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى: 1 -



خوتۇن - قىزلارنى پۈتۈن جەمئىيەت «نامەھرەمدىن توسۇشى» يەنى جەمئىيەت ئىشلىرىدىن، ئىلىم - مەرىپەت ساھەلىرىدىن چەتتە قالدۇرۇپ، جاھالەت ئىسكەنجىسى بىلەن «ئاجىز بەندە» لىكتە تۇتۇشى؛ 2 - خوتۇن - قىزلارنىڭ ئاقارتىش ئورۇنلىرى بولماسلىقى؛ 3 - خوتۇن - قىز ئوقۇتقۇچىلار، مەدەنىيەت يېتەكچىلىرى تېپىلماسلىقتىن ئىبارەت ئىدى. 1937 - يىلى 4 - ئايدا گۇچۇڭ ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر ئابدۇسەمەت ھاجى ئوغلى ئۆز خىراجىتى بىلەن 3 سىنىپلىق قىزلار مەكتىپى بىنا قىلىپ، ناھىيە بازىرىدا قىزلىرىنى مەكتەپتە ئوقۇتۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئاتا - ئانىلارنىڭ مەڭگۈلۈك رەھمىتىگە ئېرىشكەن. بۇ، گۇچۇڭدا تۇنجى قۇرۇلغان ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى ھېسابلىناتتى.

ئابدۇقادىر ئابدۇسەمەت ھاجى ئوغلى بۇ مەكتەپنى يەنە ئۆز چىقىمى بىلەن يېتەرلىك پارتا، ئورۇندۇق، دوسكا، مەش، كۆمۈر، تازىلىق سايمانلىرى، ئوقۇشلۇق ماتېرىياللار بىلەنمۇ بىرنەچچە يىل ئۈزلۈكسىز تەمىنلەپ كەلگەن ھەم جەمئىيەتتە خوتۇن - قىزلارنى ئوقۇتۇش، جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈش. . . تەشۋىقاتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، جەمئىيەتتە خوتۇن - قىزلار مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىشىغا، خوتۇن - قىزلارنىڭ مەنىۋىي ئازادلىقىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشقان. گۇچۇڭلۇق بەزى ئوقۇمۇشلۇق پېشقەدەملەر ئۇ كىشىنى ھازىرمۇ «گۇچۇڭ خوتۇن - قىزلار مائارىپى تارىخىدىكى قەدىردان زات»، دەپ تەرىپلىشىدۇ.

(ئادالەت ھادى تەييارلىغان)

# قەشقەر يېقىنقى زامان تېبابەتچىلىكى ۋە مەشھۇر تېۋىپلار

شېرىپ خۇشتار

ئىنسانلار پەيدا بولۇش بىلەن ئىپتىدائىي تېبابەت بىلىملىرى پەيدا بولغان. بۇ، ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان ھەقىقەت. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تېبابەت تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن. لېكىن بىز بۇ ماقالىمىزدە، قەشقەر شەھىرى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېقىنقى 200 يىل مابەينىدىكى ئۇيغۇر مىللىي تېبابەت تارىخى ۋە ئۇنى زامانىمىزغا ئېلىپ كەلگەن مەشھۇر شەخسلەر ئۈستىدە توختىلىمىز.

ئۇيغۇر تېبابىتى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق يىللىق داۋالاش، ساقلىنىش - ساقلاش، دورىگەرلىك ئەمەلىيەتلىرىنىڭ يەكۈنى بولغان مىللىي تېبابەتتىن ئىبارەتتۇر.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن تەسىس قىلىنغان مەدرىس ساچىيە، كېيىنرەك قەشقەر دۆلەتباغدا قۇرۇلۇپ ئۇلۇغ ئالىم ھۇسەيىن ئىبنى خەلەف (ھۇسەيىن پەيزۇللا غوجام) مۇددەرىس بولغان ۋە ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرى ئوقۇغان مەدرىسەئى ھامىدىيە، يەنىلا قارىخانىلار دەۋرىدە تەسىس قىلىنىپ، شۇ سۇلالىسىنىڭ شاھزادىلىرى، قاراخانىلار تەۋەلىكىدىكى جايلاردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئىلىم تەھسىل قىلىپ تۇرغان. ئوپال تاش بېلىق تېغى (ھەزرىتى موللا مازىرى ئەتراپى) دا قۇرۇلغان مەدرىسەئى مەھمۇدىيە (بۇ مەدرىستە باغداتتىن قايتىپ كەلگەن مەھمۇد قەشقىرى مۇددەرىسلىك قىلغان)، XVII ئەسىردە يەكەننى مەركەز قىلغان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ كېيىنكى



سۇلتانى ئابدۇللاخان قۇرغان قەشقەر شەھەر چاسۇدىكى خانلىق مەدرىسە، ئوردا ئىشىكىدىكى ۋاڭلىق مەدرىسە، كەنجازە مەدرىسە، قازان مەدرىسە، چاچ مەدرىسە ۋە باشقا مەدرىسلەرنىڭ ھەممىسىدە دىنىي دەرسلەرنىڭ سىرتىدا ئىلمىي فارائىز، ئىلمىي ھەندىسە، ئىلمىي نوجۇم (ئاسترونومىيە) ھەتتا ئىلمىي تىببىي (تېبابەتچىلىك) ۋە باشقىلار ئوقۇتۇلاتتى. يەكەن، قاغىلىق ۋە باشقا شەھەرلەردىكى مەشھۇر مەدرىسلەردە ئوقۇغان تالىپلار دىنىي دەرسلەردىن باشقا، تېبابەتچىلىك كىتابلىرىدىنمۇ بىلىم ئالاتتى. يېقىنقى 200 يىلدىن بۇيان قەشقەر ۋىلايىتى دائىرىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر تېۋىپلارنىڭ ھەم دىنىي ئالىم ھەم تېبابەتچىلىك ئالىمى بولۇشىدىكى سەۋەب شۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر. ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن بەزىلىرى يازغان ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى كىتابلار چەت ئەللەرنىڭ تېبابەتچىلىك دارىلفۇنۇنلىرىدا رەسمىي دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلۇپ كەلگەن. مەسىلەن، خوتەن قارىقاش ناھىيە ئاقساراي كەنتىدە تۇغۇلۇپ خوتەندە ئوقۇغان تېۋىپ جامالىدىن ئاقسارايى ئەرەب تىلىدا يازغان «كىتابى تىببىي ئاقساراي» 1899 - يىلى ھىندىستاننىڭ لاكنو شەھىرىدە رەسمىي نەشر قىلىنغان بولۇپ، ھىندىستاننىڭ مەركىزى دېھلىدىكى ئىسلام تېبابىتى دارىلفۇنۇنىدا 1929 - يىللاردىمۇ رەسمىي دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلۇپ كەلگەن (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت شۆبە ئىلمىي جەمئىيىتى تۈزگەن «ئۇيغۇر تېبابەت چولپانلىرى» 51 -، 52 - بەت). يەنە شۇ كىتابنىڭ 52 - بېتىدە، شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ قول يازمىسىدىن نەقلىيە قىلىپ: «مەشھۇر تېۋىپ نورۇز ئاخۇنۇم شىنجاڭنىڭ تېبابەتچىلىك تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تۆھپە قوشقانلىقى، نۇرغۇن شاگىرت يېتىشتۈرگەنلىكى، ئۇ كىشىنىڭ يەرلىك ئوت - چۆپلەرنى دورا ئورنىدا ئىشلىتىشكە ماھىر ئىكەنلىكى، مەكتىتىكى نورۇز ئاخۇنۇم مازىرى دەل شۇ

كىشىنىڭ مازىرى ئىكەنلىكى» خاتىرىلەنگەن.

قەشقەردە ئۆتكەن مەشھۇر تېۋىپ سوپاخۇنۇمنىڭ چوڭ ئائىلە شەجەرىسىدىن بىزگە مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلاردىن بەش ئەۋلاد تېبابەتچىلىك بىلەن ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ چوڭ بوۋىسى مەھەممەت مىراتبېك ئەلىبېك ئوغلى ھىجرىيە 1150 ـ (مىلادى 1640 ـ يىلى) يىلىدا قەشقەر شەھىرىدە «ئەغراز تىببىي» (تېبابەتچىلىك مەقسەتلىرى) ناملىق تىببىي ئەسەرنى ئۇيغۇر تىلىدا يازغان. بىز تونۇشتۇرماقچى بولغان مەشھۇر تېۋىپ پەرىدىن سوپى ئاخۇنۇم XVIII، XIX ئەسىرلەردە ياشىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتى ئاتا كەسىپكە ۋارىسلىق قىلىپ، تېبابەتچىلىك بىلەن ئۆتكەن. سوپاخۇنۇم ئەرەبچە، پارسچە تىللارغا ماھىر بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە) ساھەسىدىمۇ يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغان. شۇڭا قەدىمكى تېبابەتنىڭ ئانچە قوللىنىلمايدىغان بىر ئۇسۇلى ـــ يۇلتۇزلارنىڭ سامادىكى ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشلىرى ۋە ھەرىكىتىگە ئاساسەن دىئاگنوز قويۇش، دورا بۇيرۇش، ئاقىۋىتىگە باھا بېرىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ كېسەل داۋالىغانلىقى ھەققىدە رىۋايەتلەر بار.

پەرىدىن سوپى ئاخۇنۇمنىڭ ھىجرىيە 1250 ـ (مىلادى 1832 ـ يىلى) يىلىدا قەشقەردە يازغان «شىفائىلقۇلۇپ» ناملىق كىتابى ۋە ئۆز شاگىرتى قەشقەرلىق خۇدابەردى ئاخۇنغا تېۋىپلىق قىلىش ئىجازەتنامىسى بىلەن يېزىپ بەرگەن 100 خىلدىن ئارتۇق دورا نۇسخىلىرى، رېتسىپلىرى ھەم بەزى قول يازمىلىرى ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىدە ساقلانماقتا. بۇنىڭدىن باشقا پەرىدىن سوپى ئاخۇنۇم زامانداشلىرىدىن سەئىد مۇختار بۇلاقبەگ ئوغلى ئىسىملىك بىر تېۋىپنىڭ «تىببىي شىفا» نامىدا يازغان كىتابىنىڭ كۆچۈرمىسى ھازىر قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ، قەدىرلەپ ئوقۇلىدىغان



دەستۇرلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

XX ئەسىردە يۇقىرىقى تېۋىپلاردىن تاشقىرى يەنە قەشقەر شەھىرىدىلا موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم، يۇسۇپ ئاخۇنۇم، موللا ھېيىت ئاخۇنۇم، موللا قۇتلۇق ئاخۇنۇم، ھەيدەر ئاخۇنۇم، قاسىم ئۆمەر ھاجىم، مامۇت شەلفە ئاخۇنۇم؛ بەدەۋلەت زامانىدىن كېيىن سوپا ئاخۇنۇم ئوغلى خوجا ئاخۇن ھاجىم، تېۋىپ قادىر ھاجىم، باھاۋۇدۇن ئاخۇنۇم، ئوغلى موللا ئاخۇن، مۇساقارى ئاخۇنۇم، قاھىرقارى ئىشان، ھەسەن قازى ئاخۇنۇملار؛ بۇلاردىن كېيىن ئۆمەرقارى ھاجىم، ئىمىن ھاجىم، زۇنۇن ئاخۇن، مەھەممەت ھاجىم، مامۇتخان ھاجىم، غوجا ئابدۇللاخان، ئۇلۇغ ئاخۇنۇم، مۇسا ئاخۇن، قۇتبىدىن ئاخۇن، يۇسۇپ ھاجىم قەشقىرى، مەھەممەت ئىشان، روزى ھاجىم، كېرەم ئاخۇنۇم قاتارلىقلارمۇ مەشھۇر تېۋىپلار ھېسابلىنىپ كەلگەن.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ھازىرغىچە ئالاھىدە تۆھپىكار بولۇپ كەلگەن تېۋىپلاردىن يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان يۇسۇپ ھاجىم قەشقىرى، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىنىڭ ئاساسىنى قۇرۇشقا قاتناشقان ھەفىزىخان مەخسۇم، فەتھىدىن مەخسۇم، زۇنۇن قارىم، ئارىپ ھاجىم، ئىسمائىلجان، مامۇتخان، ھاشىم ئاخۇن خەلپىتىم، ئابدۇراخمان كېرىم (ئاتام) لار ئۇيغۇر تېبابىتىنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن تېۋىپلارنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

قەشقەر شەھىرىدىن باشقا، قەشقەرنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدىن يېتىشىپ چىققانلاردىن مەشھۇر شائىر، ئاتاقلىق تېۋىپ سېيىت ھۇسەيىنخان قۇتبىدىن شاھ ئوغلى (تەجەللى ھەزرەت) ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ زات ھىجرىيە 1272 ـ (مىلادىيە 1856 ـ يىلى) يىلىدا قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ زوڭلاڭ يېزىسى ئايباي كەنتىدە دىنىي ئالىم، مەشھۇر تېۋىپ قوتبىدىن

شاھ ھەزرەت ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، ھاياتىدا ئەرەب، پارس، ئوردو تىللىرىنى ئۆگەنگەندىن باشقا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ دېھلى رارىلئۇلوم مەدرىسىدە، ئىراننىڭ ئىسپاھان دارىلفۇنۇنىدا، ئاخىرىدا ئافغانىستاننىڭ كابول دارىلفۇنۇنىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان. شۇ جەرياندا ئۇ ئۇيغۇرچە، پارسچە، ئەرەبچە ئەدەبىياتلارنى پۇختا ئۆگەنگەن، كۆپلىگەن ئەسەر يازغان. ئۇ، تېبابەت ساھەسىدە يۈرەك، ئۆپكە، سىل قاتارلىق كېسەللەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋالاشتىن باشقا، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا بويىچە داۋاسى تېپىلمىغان راك (سەرتان) كېسىلىنى يىلان گۆشى (زەھىرى) بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا داۋالاپ ساقايتقان (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتخانىسى تۈزگەن «ئۇيغۇر تېبابەت چولپانلىرى» 55 - بەت). تەجەللىنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇغان، ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغان ۋە ياكى ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغانلاردىن يۈسۈپ ھاجىم قەشقىرى (سۆھبەتدىشى)، مۇساخۇن تېۋىپ (شاگىرتى)، قاغىلىقتىن يۈسۈپ ئەپەندى، سەيدىنا ئەپەندى، سادىق مەخسۇم، گۇمىدىن مامۇت ھاجىم، خوتەندىن پېشقەدەم تېۋىپ تۇردى ھاجىم ۋە باشقىلاردۇر.

تەجەللى ھەزرەتنىڭ ئەدەبىي ۋە تېببىي ئەسەرلىرى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يوقالغان بولسىمۇ، ئەمما خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان بىر بۆلۈم ئەسەرلىرى ئالىم ۋە شائىر ئابلىكىم مەخسۇم ھاجىم تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، 1984 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «تەجەللى - مۇجەللى» نامىدا نەشر قىلىندى. يەنە بىر بۆلۈم ئەسەرلىرى ئابلىكىم مەخسۇم ھاجىم ۋە تەجەللى ھەزرەتنىڭ نەۋرىسى شەمئۇلھۇداخان قولىدا ساقلانماقتا.

تەجەللى ھەزرەت 1927 يىلى - 74 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ قەبرىسى قاغىلىق كاسكى يېزىسىدا ئىدى. بۇ



قېتىم خەلق تەرىپىدىن قايتىدىن رېمونت قىلىندى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، قەشقەر ۋىلايىتىگە تەۋە ناھىيىلەردە كۆپلىگەن مەشھۇر تېۋىپ - ھۆكىمالار ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

قاغىلىق ناھىيىسىدىن: يۈسۈپ ئەپەندىم، ياسىن ئاخۇن داموللام، تېڭىقچى ئايال بۇسەيدىخان، سەپەر ئاخۇن ھاجىم، روزى ئەزىزۇللا، ۋاھاپ ئاخۇنۇم، بابىخان ھاجىم، موللا مەھەممەت تۇرسۇن، سەيپىدىن ئاخۇنۇم، مەھەممەت ئېلى ئېزىزۇللا، سادىق مەخسۇم، ئابدۇقادىر روزى، سايت ئاخۇن خەلپىتىم، نۇر مەھەممەت مەخسۇم، غازى ئاخۇنۇم، يۈسۈپ ئاخۇن تېۋىپ (يۈسۈپ تۇردى) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

پوسكام ناھىيىسىدىن: ئەيسا ئاخۇنۇم، ئابدىرېھىم ئەيسا، توختى بەگ، ئىسھاق ئاخۇنۇم، قادىر مەخسۇم، ئابلا تېۋىپ، ۋەزىرخان ھەزرىتىم، سۇپۇرگە نىياز ھاجىم، مايسىخان، ئەمەتجان، يۈسۈپ ئاخۇن تېۋىپ، نىيازاخۇن تېۋىپ، سابىت ئاخۇنۇم، قاسىم ئاخۇن تېۋىپ، ئىمىن سۇڭجاڭ؛ ھازىر ھاياتلار (ئىشلەۋاتقانلار) دىن مەھەممەت ھەسەن، مەھەممەت ھوشۇر، ئەيسا قارى، ئاۋۇت ئاخۇن، ئەمەت نىياز، ئابدۇكېرىم مامۇت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

يەكەن ناھىيىسىدىن: پەيزى مۇھەممەت ھاجىم، باۋۇدۇن قارى، ئابدۇراخمان خوجا، تەخخانباي، ئاتاۋۇللا ئاخۇن، ئىبراھىم ئاخۇنۇم، تۇردى ھاجىم، ئابلاخان تۇردى، سىيىت ئەخمەتخان ھاجىم، مامۇت ئاخۇن، ھاۋاخېنىم سادىقشاھخان، ياسىن دوختۇر، مەھەممەت ئىمىن ياسىن، ئۆمەر بارات ھاجىم، ئابدۇللا ئاخۇن خەلپىتىم، سوپى ئاخۇن يىگىت بېشى، ئىمىن ھاجىم، زىياۋۇدۇن قارىم، ئابدۇرشىت قارىم، ئابلەھەتخان مەخسۇم، ئەخمەت كېرەم، پاتىمىخان، كېرەم ھاجىم، ئەبەيدۇللاخان تۆرەم، نەمتۇللاخان، ئېزىز قارىم قاتالىقلاردىن

ئىبارەت.

يېڭىسار ناھىيىسىدىن: ئابدۇللا قارىم، مەسۇم ئاخۇن داموللام، تېۋىپ ئىمىن ھاجىم، تېۋىپ ئابدۇللا ئاخۇن ئۇستام، سىدىق ئاخۇن خەلپىتىم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

مارالبېشى ناھىيىسىدىن: تېۋىپ ياقۇپ، دوختۇر نەزەرخەلپەم، چوڭ ئاخۇن موللام قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

پەيزاۋات ناھىيىسىدىن: يىگىت بېشى، ئەركەش، ساۋۇت داموللام، توختى موللام، توختى باقى، ياسىن ھېلىم ھاجى، ئىمىن جېلىل، يۈسۈپ دامولام، ئابدۇرېھىم توختى، ھاپىز قارى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇلاردىن باشقا قەشقەر كونىشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر، يوپۇرغا، سېرىقبۇيا، يەكشەنبە بازار، دۈشەنبە بازار ۋە باشقا يېزا - قىشلاقلاردىمۇ نۇرغۇن پېشقەدەم تېۋىپلار ئۆتكەن.

1884 - يىلى شۋېتسىيە مىسسىيونېرلىرى قەشقەر رايونىغا كىرىپ، قەشقەردە داۋالاش پونكىتى قۇرغانىدى. كېيىنكى يىللاردا سوۋېت كونسۇلخانىسى ۋە ئەنگلىيە كونسۇلخانىلىرىمۇ داۋالاش پونكىتى قۇرغان. «ھېلالى ئەھمەر جەمئىيىتى» (قىزىل يېڭى ئاي جەمئىيىتى) قاتارلىق داۋالاش ئورۇنلىرىمۇ زور نەتىجىلىك ئىشلارنى قىلغان. بولۇپمۇ «ھىلالى ئەھمەر جەمئىيىتى» نىڭ قۇرغۇچى ۋە ئەزالىرى ئاساسەن تېۋىپلاردىن تەركىب تاپقانىدى. قىسقىسى، قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ تېبابەتچىلىك - داۋالاش ئىشلىرى ئەلمۇساقتىن تارتىپلا روناق تاپقان ۋە بىر - بىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. تۆۋەندە ئەنە شۇ تېبابەت چولپانلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان يۈسۈپ ھاجىم قەشقىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

مەن 1954 - يىلى سېنتەبىردە، ئاپتونوم رايونلۇق



مەدەنىيەت ئىدارىسى ئىجتىمائىي پەن بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يۈسۈپبەگ مۇخلىسوفنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن، قەشقەر شەھەر ئىچى ئۆستەڭبويى مەھەللە ياغاچچى كوچىسىدىكى بىر مەرىپەتلىك ئائىلىگە كىرىشكە مۇيەسسەر بولدۇم. بىز دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ ئىشىك قاققىنىمىزدا، مانا - مانا ھازىر، دېگەن يېقىملىق ئاۋاز بىلەن تەڭلا ئوتتۇرا بوي، قىزىل يۈزلۈك، مەڭزىدىن قان تېپىپ تۇرىدىغان نۇرانە چىراي بىر ئاقساقال كىشى چىقىپ كەلدى ۋە بىزنى ئالاھىدە ئېھتىراملىق سالام بىلەن قارشى ئالغاندىن كېيىن، ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. دۇئادىن كېيىن، يۈسۈپبەگ مۇخلىسوف مەقسىتىنى بايان قىلىپ، قەشقەر دىيارىدىن تېپىلغان كۆپلىگەن تارىخىي ھۆججەت، ۋەسىقە ۋە بەزى كىتابلارنىڭ ئەرەب، پارس تىلىدا يېزىلغانلىقى، ئۇلارنى ۋاقتى يەتسە كۆرۈپ تەرجىمە قىلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. بۇ چاغدا ئۇ خۇش پېئىل ئۆلىما ئورنىدىن تۇرۇپ: جانابلىرى بىزنى نەزەرلىرىگە ئېلىپ مۇشۇ ئىشنى قىلالايدۇ دېگەن ئىكەنلا، مىڭ مەرتىۋە خىزمەتلىرىگە تەييارمىز، دېدى. بىز بۇ كىشىنىڭ كىچىك پېئىل، خۇش مۇئامىلىسىدىن ۋە كەمتەرلىكىدىن مەمنۇن بولۇپ، بۇ زاتقا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈردۇق.

يۈسۈپ ھاجىم جاۋەنلىرىگە قات - قات تىزىلغان ئەرەب، پارس، ئوردو تىللىرىدىكى كىتابلارنى ئېلىپ بىزگە كۆرسەتتى ۋە بۇ كىتابلاردىن بىرنەچچىنى تاللاپ ئوقۇپ بەردى. ئوقۇغاندىمۇ ئەرەب، پارس ۋە ئوردو تىللىرىنى خۇددى ئۇيغۇرچىدەكلا سۇدەك راۋان ئوقۇپ بىزنى ھەيران قالدۇردى. بىز تۇن يېرىمىغىچە قىزغىن سۆھبەتتە بولۇپ، ئىلىم - مەرىپەت ئۈستىدە كەڭ - كۇشادە پاراڭلاشتۇق. بۇ جەرياندا يۈسۈپ ھاجىم ئۆز ھاياتىدا ئوقۇغان 600 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل تارىخىي، ئەدەبىي، تېببىي كىتابلاردىكى مۇھىم ۋەقە،

تارىخىي ھادىسە، مەشھۇر شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ يازمىشلىرى ئۇستىدە توختىلىپ، بىزنى دۇنياۋى بىلىم گىرداۋىغا ئاپىرىپ قويىدى. بولوپمۇ يۇسۇپ ھاجىم بايان قىلغان ئۇزاق يىللىق ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى ۋە تېبابەت ساھەسىدىكى كەڭرى بايانى بىزنى قايىل قىلدى. مەن شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ زاتنىڭ ئىخلاسمەنلىرىدىن بىرى بولۇپ، كۆپ قېتىم سۆھبەتلىشىش، مۇڭدىشىش جەريانىدا ئۇنىڭ ھاياتى — پائالىيىتى ھەم ئۆتمۈش تارىخى بىلەن خېلى پۇختا تونۇشتۇم.

*　　*　　*

يۇسۇپ ھاجىم — ھىجرىيە 1298 - يىلى (مىلادىيە 1876 - يىلى) قەشقەر شەھەر ئىچى ئۆستەڭبويى مەھەللە ياغاچچى كوچىسىدا ئوقۇمۇشلۇق سودىگەر قادىر ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن، ئائىلىدە ۋە مەھەللىدىكى باشلانغۇچ، دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان.

قادىر ھاجىم ئۆزىمۇ مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولغىنى ئۈچۈن، ئۆز ئوغلى يۇسۇپنىڭ تىرىشىپ ئىلىم - ئىرپان ئۆگىنىشىگە مەدەت بېرىپ، ئۇنى كىچىكىدىنلا زىرەك، بىلىم سۆيەر قىلىپ تەربىيىلىگەن. شۇڭا يۇسۇپ ھاجىم مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىغا نىسبەتەن يۇقىرى دەرىجىدە بىلىم ئالغان. ئۇ، 20 ياشقا تولغان ۋاقىتلىرىدا دىن، ئەخلاق، تارىخ، ئەدەبىيات، جۇغراپىيە، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە) گە ئائىت بىلىملەرنى ئوقۇغان. مۇشۇ خىل بىلىملەرنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئەينى زاماننىڭ ئېقىمى مۇقەررەر ھالدا ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىش زۆرۈر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بۇ خىل تىللارنى ئۆگىنىشنى ئۆزىگە مەجبۇرىيەت دەپ بىلىپ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ، بۇ تىللارنى



ئاخىرى ئۆگەنگەن. نەتىجىدە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان ۋە باشقىلارغا چۈشەندۈرەلەيدىغان بولۇپ يېتىلگەن. شۇ جەرياندا خۇش خەت مەشق قىلىپ، بۇ ساھەدىمۇ يېتىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قەشقەر شەھىرىدىكى ئاتاقلىق مەدرىسلەردە بىلىم ئېلىش بىلەن بىللە، ھەرقايسى دىنىي مۇتالىئە ۋە ئەدەبىيات مۇتالىئەلىرىگە قاتناشقان. ئالىملارنىڭ تەپسىر - ئەھكاملىرىنى كۆپ ئاڭلىغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىقتىسادىنىڭ يار بېرىش سەۋەبى بىلەن 600 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب سېتىۋېلىپ ئوقۇغان.

يۇسۇپ ھاجىم ھىجرىيە 1327 - يىلى (مىلادىيە 1905 - يىلى) ئاتىسى قادىر ھاجىم، تاغىسى تۇردى ھاجىملار بىلەن (بۇ چاغدا 29 ياشتا ئىدى) بىللە ھەج - تاۋاپ قىلغىلى بارغان. ئۇ، مۇشۇ جەرياندا روسىيە، تۈركىيە، سۈرىيە، مىسىر، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇقەددەس جاي ۋە ساياھەت ئورۇنلىرىنى كۆرگەن. بۇ جايلاردا كۆپلىگەن ئىلىم ئەھلى بىلەن ئۇچراشقان. تۈركىيە ۋە مىسىردىكى مەشھۇر كىتابخانىلارنى زىيارەت قىلغان، بىزگە يېتىپ كەلمىگەن كۆپ كىتابلارنى ئوقۇغان ۋە ئۆز خاتىرىسىگە تەسىرات يېزىپ قالدۇرغان. ھەممىدىن مۇھىمى، بارغان جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى، خەلقلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە مىجەز - خۇلقى بىلەن تونۇشقان، جايلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتلىرىدىن مول تەجرىبە ھاسىل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەسىرلەپ ئىستىبدات، خۇراپاتلىقنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدا ئۇخلاپ ياتقان ئۆز ئېلىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى، مىللەتنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئاچقۇچى بىلىم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. چۈنكى، يۇسۇپ ھاجىمنىڭ ھەرەمگە بارغان ۋاقىتلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىپ، بارلىق ۋەھشىيانە سىياسەتلەر بىلەن خەلق ئۇستىدە تۈگەتكۈسىز

زۇلۇم ـ زورلۇق قىلىۋاتقان دەۋرى ئىدى.

يۇسۇپ ھاجىم ئاشۇ قانلىق ئۆتمۈشنى ئەسلەپ مۇنداق دېگەنىدى: «ئاشۇ يىللارغىچە قەشقەر شەھىرى ۋە ۋىلايىتىنىڭ بىرقانچە ناھىيىسىدىن باشقا جايىنى كۆرمىگەن بولساممۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بولۇۋاتقان زوراۋانلىقتىن خەۋەر تاپتىم. قەشقەر شەھىرىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، مەنچىلىك لويىلىرى كوچىغا چىقىپ قالسا كىشىلەر باش قويۇپ تەزىم قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. چېرىكلىرى چىقسا ۋاژىلداپ قىزىۋاتقان بازار خۇددى ۋىچىلداپ سايرىغان قۇشقاچلارنىڭ ئاۋازى بىر چالما بىلەن جىم بولغاندەك، بازار ئىچى جىمجىت چۆللۈككە ئايلىناتتى. قېچىپ قۇتۇلالمىغانلار مال ـ مۈلكى ھەتتا ئۇستىدىكى كىيىملىرى سالدۇرۇۋېلىناتتى. مۇنداق تەسادىپىي زۇلۇمغا ھېچقانداق ئامال يوق ئىدى. مېنىڭ ئىچىم سىيرىلىدىغان بىر ئىش، كوچا ـ كوچىلاردا يېتىپ كەتكەن كېسەللەر، باشلىرى يىرىڭداپ كەتكەن تاز باللار، بەدەنلىرى تېشىلىپ، قان ـ يىرىڭ ئېقىپ گۇلەختە (ھاممام، ئاشخانىلار كۆلى تۆكۈلىدىغان جاي بولۇپ، غېرىپلار ئىسسىق كۆلگە كۆمۈلۈپ ياتاتتى) ياتقان مۇساپىرلار ئىدى. چېرىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇنداق كېسەل، غېرىپلار بىلەن كارى يوق ئىدى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن غەرپ مىسسىئونېرلىرى بولسا ئاتالمىش داۋالاش پونكىتى بىلەن جاسۇسلۇق ھەرىكەت ئېلىپ باراتتى. خەلقنى ئىمكان قەدەر ئىسلام دىنىدىن قايتۇرۇپ خرىستىئان دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلاتتى. مۇشۇنداق كۈنلەردە، ماڭا چۈشكەن ئىشتىياق تېبابەتچىلىكنى ئۆگىنىپ، كېسەل داۋالاپ خەلقنى قۇتقۇزۇش بولغانىدى. بۇ ئارزۇيۇمنى دادامغا ئېيتقىنىمدا، دادام بۇ ئارزۇيۇمنى نەزەردە تۇتۇپ، تۇرپاندىن مەشھۇر تېۋىپ مۆھىدىن ئاخۇنۇم دېگەن كىشىنى قەشقەرگە تەكلىپ قىلىپ، ئۆيىمىزدە ئۈچ يىل تۇرغۇزۇپ،



ئۇنىڭدىن تېبابەتچىلىكنى ئۆگىنىشىمگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنىدى. ئۇ كىشى ماڭا تېبابەتكە ئائىت مۇھىم ئەسەرلەردىن ‹تېببىي ئەكبەر›، ‹قارابادىن قادىرى›، ‹دوستۇرىلئىلاج› قاتارلىق كىتابلارنى دەرس قىلىپ ئۆتۈپ بېرىش بىلەن بىرگە يەنە نۇرغۇنلىغان نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئۆگەتتى. مەن نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىي داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈپ خېلى كۆپ تەجرىبە ھاسىل قىلغانىدىم. كېيىنچە ئۆزۈم مۇستەقىل كېسەل كۆرۈپ، دورا ياساپ ئۆگىنىش ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدىم. شۇنداق قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي يېقىن ئەتراپتا نامدار تېۋىپ بولۇپ قالدىم. كۈنىگە 70 ـ 80 كىشى كېسەل كۆرسىتىدىغان، كېچىلەپ ئىشلەيدىغان بولدۇم. مېنىڭ بۇنچىلا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشۇمدا، بىرى ئەستايىدىللىق، كېسەللەرگە بولغان ئىللىق مۇئامىلەمدىن بولدى؛ يەنە بىرى، يېتىم ـ يېسىر، غېرىپ ـ غۇرۋالارغا ئەرزان ياكى ھەقسىز دورا بېرىش، يۆتكەشكە بولمايدىغان كېسەللەرنىڭ باي ـ كەمبەغەل ياكى ئۆيىنىڭ يىراق ـ يېقىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چوقۇم ئۆيىگە بېرىپ داۋالاش ئىشىنى ئېلىپ باردىم. كېيىنچە، يەنى 1910 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۇستازلارنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئۆستەڭبويىدا شىپاخانا ئېچىپ، مۇستەقىل ئىش ئېلىپ باردىم. بۇ يىللاردا دورا ماتېرىياللىرى ۋە ئۆسۈملۈكلىرى ناھايىتى كەم ئىدى. كۆپ ۋاقىتلاردا چەتتىن دورا ـ دەرمەك ئالاتتۇق. مېنىڭ ھەج سەپىرىمدە ھەرقايسى دۆلەت تېبابەتلىرىدىن كۆرگەنلىرىم، بولۇپمۇ دورا ئۆسۈملۈكلىرى ھەققىدە كۆرگەنلىرىم رەسمىي شىپاخانا ئاچقاندىن كېيىن تازىمۇ لازىم بولدى. تاغ ـ داللار، باغ ـ ۋارانلار، چۆل ـ باياۋانلار مېنىڭ دورا ئۆسۈملۈك ئىزلەيدىغان يېرىمگە ئايلاندى. مۇشۇ جەرياندا كۆپلىگەن دورا ئۆسۈملۈك ۋە مېۋە ـ چېۋىلەرنى دورا قىلىپ ئىشلەتتىم. كېيىن تۇرپانلىق نىقى قارى ھاجىم، ئابىت

داموللام، قاغىلىقتىن سادىق ئاخۇنۇم ۋە مۇھەممەت ئىمىن قارىم (خوتەنلىك) قاتارلىق كىشىلەرنى تەلەپلىرىگە ئاساسەن شاگىرتلىققا ئېلىپ ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە تېبابەت نەزەرىيىسى ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرىغا كامىل قىلىپ يېتىشتۈردۈم. مېنىڭ دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىم مانا مۇشۇنداق باشلاندى». مەن سوئال قويۇپ: «ھاجىم، تېبابەت ساھەسىدە ئۆيدە ئوقۇغاندىن باشقا يەنە چەت ئەلدە ياكى باشقا مەكتەپلەردە بىلىم ئالدىلىمۇ؟» دەپ سورىغىنىمدا، يۇسۇپ ھاجىم تۆۋەندىكى جاۋابنى بەرگەنىدى:

— ئاساسەن ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگەندىم. بىلىمگە قىزىقىش ماڭا بىر ھېرىسلىق بولۇپ قالغان، بىرەر كونا كىتاب كۆرمىسەم، ئەتىگەن - كەچلەردە ئىلمىي مۇتالىئەلەرگە قۇلاق سالمىسام، ئاڭلىغانلىرىمنى كىتاب ئاختۇرۇپ تەھلىل قىلمىسام، باشقا ئالىم ۋە ئەدىبلەرنى كۆرگەندە ئۇلاردىن قىيىن مەسىلىلەرگە جاۋاب ئالمىسام تۇرالمايدىغان بىر مىجەز پەيدا بولغانىدى. شۇڭا، مەن ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگىنىشتە دۇچ كەلگەن قىيىن ئەھۋاللار ئاستىدا ئانچە ئېگىلمىدىم. ئاشۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى موساجارۇللا ئەپەندى بىلەن بىرقانچە قېتىم سۆھبەتتە بولدۇم، دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلىلەرگە ئۇ زاتتىن جاۋاب ئالدىم. شۇنداقلا زامانداشىمىز ئاتاقلىق ئەدىب، داڭلىق شائىر ۋە تېۋىپ ھۇسەيىنخان تەجەللى ھەزرەتلىرىنىڭ سۆھبىتىدە بولدۇم. كۆپ قېتىم سۆزلىشىپ ئۇنىڭ بىلەن تېبابەت ساھەسىدە تەجرىبە ئالماشتۇرغاندىم. ساۋاقدىشىم، ھەم سەپەردىشىم بولغان ئۇلۇغ ئالىم ۋە ئەدىب قۇتلۇق ھاجىم شەۋقى بىلەن ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئەخلاقۇل بىلىم جەھەتتە بىرگە مۇتالىئەدە بولدۇم. ئۇزاتتىن ئايرىلغىچە ئىزدىشىپ تۇرغانىدىم...

يۇسۇپ ھاجىم ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ زامانىمىزدىكى



ئاتاقلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ، مەدەنىي - مائارىپ، خەلق ئاقارتىش ئىشلىرىدا ۋەتەنپەرۋەر ئەربابلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ.

بىزنىڭ يۇسۇپ ھاجىم توغرىسىدا ئىگىلىگەن ئىلمىي مەلۇماتلىرىمىزغا ئاساسلانغاندا، ئۇ يالغۇزلا ئىلىم - پەن ساھەسىدە تېبابەتچىلىك ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىپ قالماستىن، بەلكى تارىخ، ئەدەبىيات، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە قاتارلىق ئىلىملارنى پىششىق بىلگەن. ئىسلام دىنى بىلىملىرىدە خېلى كامالەتكە يەتكەن، ئىجتىمائىي پەنلەر ۋە تۇرمۇش بىلىملىرىدە ئۇستۇن تۇرىدىغان ئالىم ۋە ۋەتەنپەرۋەر شائىردۇر.

1955 - يىلىنىڭ بېشىدا، تەجەللى ھەزرەتنىڭ شاگىرتى مۇسائاخۇن تېۋىپ بىلەن غۇلجا شەھىرىدە ئۇچراشتىم. ئۇ كىشى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى غۇلجا شەھەر نۇراخۇن ئاقساقال مەسچىتىدىكى ئىككى ئېغىز ھۇجرىدا نارسىدە قىز - ئوغلى بىلەن ئۆتكۈزگەنىكەن. بىز ئۇ كىشى (شۇ يىلى شۇ جايدا ۋاپات بولدى) بىلەن ئىلىم ساھەسىدىكى مۆتىۋەرلەر ئۈستىدە سۆھبەت قىلغىنىمىزدا: «ئۆزۈم ياشىغان مۇشۇ دەۋردە، ئۇستازىم تەجەللى ھەزرەت، يۇسۇپ ھاجىم، قۇتلۇق شەۋقى، باۋۇدۇن مەخسۇم قاتارلىقلار قەشقەر دىيارىدىكى ئۇلۇغۋار ئەدىب، تارىخىي ۋەتەنپەرۋەرلەردۇر. بۇنىڭ ئىچىدە ھايات قالغىنى يۇسۇپ ھاجىم بولۇپ، بۇنىڭدىن سوراش - بىلىش ۋەلىيلەر (ئەۋلىيا دېمەكچى) سۆھبىتىگە مۇيەسسەر بولۇش بىلەن تەڭ»، دېگەنىدى.

بىزنىڭ ئۆزۈندىن بېرى ئىگىلىگەن يۇسۇپ ھاجىم توغرىسىدىكى ئەھۋاللاردىن بىلىشىمىزچە، يۇسۇپ ھاجىم يالغۇز تېۋىپ بولۇپلا قالماستىن، دىنىي ئالىم، تارىخشۇناس ۋە ۋەتەنپەرۋەر شائىردۇر (قولىمىزدىكى ئەسەرلىرى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يوقالدى). يۇسۇپ ھاجىم ئاق كۆڭۈل، كىچىك

پىئىل، خۇش تەبىئەت، ئۆتكۈر زېھنىلىك، تەپەككۇرى چوڭقۇر، تىرىشچان، كىشىلەر بىلەن چىقىشقاق، يېزىش قابىلىيىتى كامالەتكە يەتكەن، ئەستە قالدۇرۇش تالانتى ناهايىتى ئۈستۈن كىشى ئىدى. ئۇنىڭ يازغان شېئىرى ناهايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ساقلاپ قالالمىدۇق. ئۇ «تەرىقۇلئىلاج» دېگەن ئىككى توملۇق چوڭ ھەجىمدىكى تېببىي قامۇسىنى تەرجىمە قىلغان ۋە ئۇنىڭغا كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ تولۇقلىغان. ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكىدىكى ئەڭ مۇھىم كىتاب «قارابادىن قادىرى» نى ھەج سەپىرى جەريانىدا چەتتىن ئۆگەنگەن دورىگەرلىك ئىلمىگە ئاساسەن يېزىپ چىققان. ئۇنىڭدىن باشقا «سەپەرنامە»ناملىق ئەسىرى بىلەن ئۇستازى ئەمەت ئاخۇن خەلپەم ۋاپات بولغاندا يازغان مەرسىيىسىدىمۇ قىممەتلىك مەزمۇنلار بار. بولۇپمۇ يۇسۇپ هاجىم ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا «قانۇنچە» دېگەن كىتابنى يېزىپ، ئۇيغۇر تېبابىتىگە پۈتمەس ـ تۈگىمەس تۆھپە قوشۇش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىغىمۇ ئالاھىدە ھەسسە قوشقان. 1936 يىللىرى قەشقەردە «دارىلئۇلوم» مەكتىپى قۇرۇلغاندا، تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يۇسۇپ هاجىم ئۆزىنىڭ يېقىن بۇرادەرلىرىدىن ئوسمان قارى قاتارلىقلارنى باشلاپ «دارىلئۇلوم» مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇيدۇ. مەكتەپنى ئەلا پۈتتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، مەھەللىسىدىكى يېڭىچە مەكتەپكە مۇئەللىم بولىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭدىن: «هاجىم، بىر ئايدا بىر تاغار قوناققا ئىشلەپ مۇئەللىم بولغاندىن، كېسەل داۋالىسىلا بولمامدۇ......» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «مەن پۇل ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سەبى بالىلارنى جاھالەتلىك دۇنيادىكى ئىلمىسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مۇئەللىملىك قىلىۋاتىمەن، مەن 30 بالا ئوقۇتسام، كەلگۈسىدە 30 بالا ئوتتۇزدىن ئوقۇتسا، بىرى مىڭ بولسا، مىڭى ئون مىڭ بولۇپ



ئىلىم ـ بىلىم بىلەن خەلق ئاقارسا، جاھالەتتىن قۇتۇلسا دەيمەن» ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

يۇسۇپ هاجىم تەدبىرلىك كىشى بولۇپ، يەرلىك ئوت ـ چۆپلەر، دورا قىممىتى بار مېۋە ـ چېۋىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان قىزىلدۆۋە دېگەن يېرىدىكى بېغىنىڭ بوش جايلىرىغا ھەر خىل دورا ئۇرۇقلىرىنى ئېلىپ كېلىپ ئۆستۈرگەن. يەنە باغدا بولىدىغان قىزىل گۈل، ئانارگۈلى، بىيە، ئالما چېچىكى، جىگدە چېچىكى، شاپتۇل چېچىكى قاتارلىق گۈل چېچەكلەر؛ ئىگىر يىلتىزى، ئاق لەيلى (گۈل ۋە يىلتىزى)، تال (ئۈزۈم) دەرىخىدىن باھاردا ئاقىدىغان سۇ، ھۆل ۋە قۇرۇق ئەمەن، ئىت ئۈزۈمى، ۋاڭ ئۇرۇقى، قارا سۆگەت چۆجىسى، بۆرە سويمىسى، بۇيا ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى ھەم چىغان مۇنچاقلىرىنى يىغىپ دورا ياساپ كېسەل داۋالىغان.

مېۋىلەردىن ئاق ئۈجمە، شاتۇت، چېقىر ئۈجمە، قارا ئۈجمە قاتارلىقلارنى يىغىپ دورا ئورنىدا ئىشلەتكەن.

يۇسۇپ هاجىم خەلقنىڭ ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىغا جان كۆيدۈرۈپ پىداكارلىق بىلەن ئىشلىگەن. 1932 ـ يىلى مارت، ئاپرېل ئايلىرىدا قەشقەر شەھىرىدە يۇقۇملۇق «قارا كېزىك» تارقىلىپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئىككى مىڭ نەچچە يۈز كىشى ئۆلىدۇ. ئۆلگۈچىلەر ئاساسەن 40 ياشتىن تۆۋەنلەر ئىدى. كېسەل دەسلەپ تارقالغاندا، ئىستىبدات جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ مەمۇرلىرى چارە ـ تەدبىر قىلمايدۇ، كېسەل ئەھۋالى ناهايىتى يامانلىشىدۇ. بۇ چاغدا يۇسۇپ هاجىم ئوتتۇرىغا چىقىپ شەھەر چوڭلىرىغا مەسلىھەت بېرىپ: «كېسەل جاراسىملار (مىكروبلار) ئارقىلىق يۇقىدۇ. شۇڭا، كېسەل بولغان كىشىنى باشقا كىشىلەرگە ئارىلاشتۇرماي ئايرىم قىلساق» دەيدۇ. بۇنى شەھەر چوڭلىرى ۋە جاهان كۆرگەن تەرەققىپەرۋەر

ئالىم ـ ئاقىللار قوللايدۇ.

يۈسۈپ ھاجىم كېسەل (قارا كېزىك) تارقالغان ئۆيگە بېرىپ، كېسەلنى ساق كىشىلەردىن ئايرىيدۇ، ئايرىم ئۆيدە ياتقۇزىدۇ؛ يوتقان ـ كۆرپە، قاچا ـ قۇمۇشلارنى ئايرىم قىلىدۇ، ئائىلىنىڭ تاماق ـ جابدۇق، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يۇلغۇن ئوتى بىلەن ئىسلايدۇ. ئاندىن سىركە (ئۈزۈم سىركىسى)، ھىلىڭ قوشۇلغان سۇنى چېچىپ دېزىنفېكسىيە قىلىدۇ. كېسەل تەگكەن ئائىلە كىشىلىرىنى تالا ـ تۈزگە چىقارمايدۇ. تاماقلىرىغا خام سامساق ۋە سىركە قوشۇپ يېيىشنى، ھەركىم ئۆز قاچا ـ قوشۇقىنى ئىشلىتىشنى ئۇقتۇرىدۇ. قاچا ـ قوشۇقلارنى ئۈچ ۋاقىلىق تاماقتىن كېيىن قازاندا قاينىتىشنى ئادەت قىلغۇزىدۇ. سامساقنى يالىڭاچلاپ (پوستىنى سويۇپ) بويىنىغا ئېسىشنى، پات ـ پات پۇراپ تۇرۇشنى ئادەت قىلغۇزىدۇ. نەتىجىدە بۇ تەدبىرلەر بىلەن كېسەلنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ، خەلق ئاپىرىن ئوقۇيدۇ.

1935 ـ يىلى ماي، ئىيون ئايلىرىدا قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىدىكى ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايلاشقان تىكەنبېشى يېزىسىنىڭ خىلۋاب كەنتىدە تائۇن (چۇما) يۈز بېرىدۇ. بۇ كېسەلدىن ئۆلگەن ئادەم ۋە ئىتلارنىڭ ئۆلىگىنى «ھىلالى ئەھمەر» (قىزىل يېڭى ئاي جەمئىيىتى) دوختۇرخانىسى ئاھاك بىلەن كۆمۈشنى ئۇقتۇرغان ۋە شۇنداق قىلغاندا، بەزى مۇتەئەسسىپلەر: «... مۇسۇلماننىڭ جەسىتىنى يۇماي، نامىزىنى چۈشۈمەي كۆمۈش چوڭ گۇناھ بولىدۇ......» دەپ قارشىلىق بىلدۈرگەندە، يۈسۈپ ھاجىم ئوتتۇرىغا چىقىپ: «بۇ تەدبىر ئىنسانىيەتنىڭ ۋە باشقا ساق قالغان ئەل ـ يۇرتنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكى ئۈچۈندۇر، بۇ مۇۋاپىق تەدبىر...» دەپ ئۇلارنى ئىلمىي يوسۇندا قايىل قىلىدۇ ۋە دوستيار ـ ئاغىنە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ توسۇشىغا قارىماي، «ھىلالى ئەھمەر» (قىزىل



يېڭى ئاي جەمئىيىتى) نىڭ داۋالاش ئىشىغا قاتنىشىپ، تائۇن (چۇما) نى يوقىتىشتا زور ھەسسە قوشىدۇ.

يۈسۈپ ھاجىم «ھىلالى ئەھمەر» (قىزىل يېڭى ئاي جەمئىيىتى) گە قاتنىشىپ ئىشلىگەندە خەدىچە، مۇزەپپەر، گوياخان قاتارلىق شەپقەت ـ ھەمشىرىلەر بىلەن بىرگە يېڭىچە داۋالاش ئىشىنى ئېلىپ بارىدۇ. كېيىن قوۋاپ سارىيىدا ئەپيۇن ۋە نەشە چېكىدىغانلارنى داۋالاپ، ئۇلارنى زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن قۇتۇلدۇرۇش ئىشى ئېلىپ بېرىلغاندا، بۇنىڭغا پىداكارلىق بىلەن قاتنىشىپ قەشقەر خەلقىنىڭ ئاپىرىن ئوقۇشىغا سازاۋەر بولىدۇ.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا بىگۇناھ خەلقنى قىرىش، بۇلاش، قاماش ئىشىنى ئېلىپ بارغان دەھشەتلىك يىللاردا، يۈسۈپ ھاجىم كۆپلىگەن بىگۇناھ ئادەملەر بىلەن بىرگە قولغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆيى تەكشۈرۈلۈپ نۇرغۇنلىغان ئىپار، زەپەر، مەرۋايىت، ئەنبەر، ئاتىرلال قاتارلىق ئېسىل دورىلارنى، خەت ـ چەكلەرنى ۋە ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئېلىپ كېتىدۇ. يۈسۈپ ھاجىم قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن قەشقەر شەھىرى ۋە يېڭىشەھەر تۈرمىسىدە، كېيىن ئۈرۈمچى 4 ـ تۈرمىدە 1940 ـ يىلغىچە قامىلىدۇ. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ يەنىلا تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

1952 ـ يىلى يۈسۈپ ھاجىم پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان مىللىي تېبابەتنى كېڭەيتىش چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، قەشقەر شەھەرلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ قوللىشى بىلەن قەشقەر شەھىرىدە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تېۋىپلارغا ئۆز ئۆيىدە كۇرس ئېچىپ، ئۇلارغا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمىي نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىي بىلىملىرىگە ئۆز تەجرىبىسىنى بىرلەشتۈرۈپ دەرس ئۆتىدۇ.

نەتىجىدە مامۇتخان ئاكا، ئىسمائىلجان[①]، هازىرقى مىللىي شىپاخانىنىڭ باش ۋراچى تېۋىپ ئابدۇراخمان ئاكا[②]، هاشىماخۇن خەلپىتىم قاتارلىق داڭلىق تېۋىپلار يېتىشىپ چىقىپ، نەچچە مىڭ بىمارنىڭ دەردىگە شىپا بولىدۇ. خەلق ئاممىسى يۇسۇپ هاجىم ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن مىننەتدار بولىدۇ.

1955 - يىلى خەلق هۆكۈمىتى ۋە سەھىيە تارماقلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، شىنجاڭدا تۇنجى قۇرۇلغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قەشقەر ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى شىپاخانىسى يۇسۇپ هاجىم، ئىسمائىلجان، هەپىزىخان مەخسۇم[③] قاتارلىق پېشقەدەم

① ئىسمائىلجان — قەشقەر شەھەرلىك بولۇپ، ئۇ 1912 - يىلى تېۋىپ ئۆمەرقارى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 18 يېشىدا دادىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ تېبابەتچىلىكنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇ شۇ جەرياندا ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىپ، تېبابەت ساھەسىدە مۇستەھكەم نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە بولغان. نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش — داۋالاش ئاساسىدا كۆپلىگەن ئۈسۈملۈكلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ شىپالىق رولىنى ئېنىقلاپ چىققان. 1958 - يىلى قەشقەر شەھەرلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى شىپاخانىسى قۇرۇلغاندا، ئاساسلىق كەسپىي خادىم سۈپىتىدە بۇ ئورۇنغا ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دورا باشقۇرۇش ۋە ئۈسۈملۈكلەر ھەققىدە ئەستايىدىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تاغ زىرىسىنى ئاتىرلال (چەتتىن كىرگۈزۈدىغان قىممەتلىك دورا) ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. ئۇ يەنە دورا ئېزىش، كومىملاچ قىلىش مەشغۇلاتىدا يېڭىلىق يارىتىپلا قالماي، بەلكى ئاق كېسەل، ئايالار كېسىلى، باللار كېسىلىنى داۋالاشتا ئۈنۈم هاسىل قىلغان. ئۇ يەنە كۆپلىگەن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن بولۇپ، بۇلاردىن ئابدۇرىشىت مەخسۇم هاجىم، ئېزىز كەنجى قاتارلىقلار هازىر ئۇيغۇر شىپاخانىسىنىڭ داڭلىق تېۋىپلىرى بولۇپ قالدى.

② ئابدۇراخمان ئاكا — 1905 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تېۋىپ كېرەم قارى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كېرەم قارى تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغاندا، ئابدۇراخمان ئاكا دورىگەرلىك بىلەن شۇغۇللانغان. 1948 - يىلى دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن دادىسىنىڭ كەسپىنى داۋاملاشتۇرغان. 1955 - يىلى ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىغا كىرىپ كېسەل كۆرۈش، دورا ياساش بىلەن شۇغۇللانغان. 1982 - يىلى ئابدۇراخمان ئاكىغا باش تېۋىپ ئۇنۋانى بېرىلدى.

ئابدۇراخمان ئاكا، تېبابەتچىلىك جەريانىدا «ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش»، «ئاشقازان 12 بارماق ئۈچەي يارىسى»، «سۆزنەك كېسەللىكى»، «سۈيدۈك كەلمەسلىك كېسەللىكى» قاتارلىقلارغا بېرىلىدىغان دورىلارنى تەتقىق قىلىپ، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇ هازىر ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن روھلۇق، جۇشقۇن هالدا داۋانلىق ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش ۋە بىمارلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ.

③ هەپىزىخان مەخسۇم (ئۆزبېك) — 1894 - يىلى ئۆزبېكىستان رېسپوبلىكىسىنىڭ «خاكەنت» دېگەن يېرىدە تېۋىپ نەجمىدىن قارى داموللا هاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 20 ياشقىچە يۇرتى ۋە بۇخارادا ئوقۇغان، 25 يېشىدا دادىسىدىن تېۋىپلىقنى ئۆگەنگەن. 1933 - يىلى قەشقەرگە كەلگەن، 50 يىللىق ئۆمرى تېبابەتچىلىك بىلەن ئۆتكەن. 1955 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر شىپاخانىسى قۇرۇلغاندا بىر يۈرۈش هويلىسى ۋە دورىخانىسىنى شىپاخانىغا تەقدىم قىلىش بىلەن بىللە ئۆزىمۇ شىپاخانىدا ئىشلىگەن. 1959 - يىلى شىپاخانىدا ياتاق ئاچقاندا، كۈندۈزى كېسەل كۆرۈپ، باشقا ۋاقىتتا كېسەل داۋالىغان. ئۇ، ئاشقازان؛ ئۆپكە، رېماتىزىم، دېمى سىقىلىش قاتارلىق كېسەللەرنى ئاددىي دورا بىلەن داۋالاشتا ئۈنۈم هاسىل قىلغان. «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىدىغان دورىلار»، «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىدىغان مۇرەككەپ دورىلار قوللانمىسى» قاتارلىق كىتابلارنى يېزىشقا قاتناشقان، كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەر يازغان. ماتېرىيال توپلىغان. بۇلار مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يوقالدى. ئۇ دوختۇرخانىغا تەقدىم قىلغان شىپاھىيە، هورمىل سەغىز قاتارلىق دورىلار شىپاخانىنىڭ ئاساسلىق دورىلىرىدىن بولۇپ قالغان. ئۇ يەنە كۆپلىگەن ۋارىسلارنى تەربىيىلىدى. خەلق ئۇنى دائىم ئەسلەيدۇ.



تېۋىپ ۋە باشقا مەمۇرىي خادىملار (يەتتە نەپەرلا كىشى) دىن تەشكىللىنىپ قۇرۇلغانىدى.

شىپاخانا قۇرۇلغاندىن كېيىن، يۇسۇپ هاجىم ئۇيغۇر تېباتەتچىلىكىنى ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلغان جەمئىيەتتىكى ئىلىم سۆيەر ياشلاردىن بىر قانچىسىنى شاگىرتلىققا ئېلىپ، ئۇلارغا نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن ھەر تەرەپلىمە بىلىم بەردى. نەتىجىدە ئابدۇقادىر مەھەممەت، ئابدۇرىشىت غوپۇر، مەھەممەت ئېلى مەھمۇدى قاتارلىقلار يېتىشىپ چىقتى. ئۇلار هازىر شىپاخانىنىڭ ئاساسلىق تېببىي خادىملىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

قەشقەر ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى ۋاقىتتا، ئادەم كۈچى، دورا ماتېرىياللار ۋە جىددىي لازىملىق سايمانلار كەمچىل ئىدى. بۇ ۋاقىتتا يۇسۇپ هاجىم دەرهال تەدبىر قوللىنىپ، بارلىق شاگىرت ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ، ئۇلار بىلەن تۇغ - دالا، باغ - ۋارانلارنى كېزىپ دورا ئۈسۈملۈكلەرنى تونۇيدىغان دەرىجىگە كەلتۈرۈپ يېتىشتۈرىدۇ ۋە ئېھتىياجىمۇ قىسمەن قاندۇرۇلىدۇ. يۇسۇپ هاجىم يەنە شىپاخانا قۇرۇلۇپ تاكى ۋاپات بولغۇچە ئارىلىقتا شۇ زامانىنىڭ داڭدار تېۋىپى زۇنۇن قارىم[①] قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەتداش بولۇپ ئىش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن كېسەلگە شىپا بولدى.

يۇسۇپ هاجىم ئۆز هاياتىدا يەنە كۆپلىگەن دورا ئۈسۈملۈكلەرنى تېرىپ ئۆستۈرۈش جەھەتتە ئىجادكارلىق رول ئوينىدى. ئۇ، كاسىنى، بادىرەنجى بۇيا، سەئىتەر، ئىسپىغول،

① زۇنۇن قارىم — 1901 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە كاسىپ ئىمىن قارىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا قەشقەر شەھىرىدە ھەر دەرىجىلىك دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. پارس، ئەرەب تىللىرىنى ئۆگەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن بوۋىسى تېۋىپ ئۆمەر هاجىمنىڭ ئىزىنى بېسىپ تېبابەتچىلىك كەسپىگە كىرگەن. 1959 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىغا باش دوختۇر بولۇپ خىزمەتكە كىرگەن. ئۇ رېماتىزىم، خاپىغان، ئۆپكە، يۈرەك ئاجىزلىقى كېسەللىرىگە يەرلىك ئاددىي دورىلارنى ئىشلىتىپ نەتىجە قازانغان. زۇنۇن قارىم 16 - يېشىدىن باشلاپ تېۋىپلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۇيغۇر تېبابىتى ئۈچۈن 70 يىل ئىشلىدى. 2 - ئەۋلات تېۋىپلارنى تەربىيىلەشتە زور كۈچ كۆرسەتتى.

لاله (شاقايقۇ نىئىمان) قاتارلىق 20 خىل دورىنى تېرىپ ئۆستۈرۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئىلگىرى «داۋاسىز كېسەل» دەپ قارالغان ئاق كېسەلگە چەتتىن كېلىدىغان «ئاترىلال» دېگەن دورا ئىشلىنەتتى. يۈسۈپ هاجىم بۇ جەھەتتە ئىسمائىلجان قاتارلىقلار بىلەن كۆپ ئىزدىنىپ «كالىزىرە» نى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئاق كېسەلنى داۋالاشتا ئۈنۈم هاسىل قىلدى. نۇرغۇن كېسەللەر ئۈچۈن يېڭى رېتسىپ، يېڭى نۇسخىلارنى ئىجاد قىلىپ، شىپاخانىغا تەقدىم قىلغانىدى. ئۇلار «مۇرەككەپ دورا قوللانمىسى» غا كىرگۈزۈلۈپ هازىرغىچە ئىشلىنىۋاتىدۇ.

يۈسۈپ هاجىم قەشقەر شەهەرلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى هەم ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇ، قۇرۇلتاي ۋە هەرقايسى يىغىنلارغا قاتناشقاندا، ئاممىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ۋە پىكىر - تەلەپلىرىنى هۆكۈمەتكە يەتكۈزۈپ، ئامما بىلەن هۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغانىدى.

بىراق، يۈسۈپ هاجىم 1961 - يىلى 85 يېشىدا بىزدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلدى. گەرچە ئۇنىڭ جىسمى بىزدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئەمما ساپ ئەخلاق - پەزىلىتى، ئىلمىي، تېبابىي تالانتى، خەلقىمىزگە يارىتىپ بەرگەن ئىجادىي مېهنەتلىرى خەلقىمىز قەلبىدىن ئايرىلىپ قالمىدى. بەلكى ئۇنىڭ تەلەپ - ئارزۇلىرى كومپارتىيە رەهبەرلىكىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا رېئاللىققا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ روهىنى ئەبەدىيلىك خۇشال قىلدى.

ئاخىرىدا مېنى بۇ ماتېرىيال ئاساسى بىلەن تەمىنلىگەن يۈسۈپ هاجىم (1954 - يىلى هايات ۋاقتىدا)، ئىنايەتۇللا هېلىمى، هاجى مۇهەممەت، ئوسمان سىدىق ۋە باشقا پېشقەدەم دوختۇرلارغا رەهمەت ئېيتىمەن.



# «ئون ئىككى مۇقام» نى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن سازەندىلەر توغرىسىدا ئەسلىمە

ئېلى ئېزىز

ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرىنىڭ گۈل تاجىسى بولغان «ئون ئىككى مۇقام» غەربىي دىيار مەدەنىيىتىدە مەركىزىي ئورۇننى ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى ۋەتەن مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباها گۆهەر هېسابلىنىدۇ.

«ئون ئىككى مۇقام» ئۇزاق تارىختىن بۇيانقى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي هاياتىدىكى بەدىئىي دىتى ۋە ئەقىل پاراستى، ئىستېتىك تۇيغۇسى ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇرلىرىنىڭ مەهسۇلى بولۇپ، ئۇ، ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقى، ئۇسسۇللىرى، ناخشىلىرى، تىياتىرلىرى، هېيت - بايرام، نورۇزلىرى، توي - تۆكۈن، مەرىكە - مەشرەپ بەزمىلىرى، نەغمە - ناۋالىرى، باللار سەنئىتى، جەڭ مۇزىكىلىرى - مارشلىرى، ئەمگەك ناخشىلىرى ... قاتارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ هەممە ساهەلىرىگە سىڭىشىپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن. خەلقىمىزنىڭ ئەنە شۇ نادىر «مۇقام» نى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن مۇزىكانتلار، خەلقىمىزنى مەنىۋىي ئوزۇق بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن شاگىرت - ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، بۈگۈنكى زامانىمىزغا يەتكۈزۈپ كەلگەن ئاتاقلىق

مۇقام پىشۋالىرىدىن بىر نەچچىنى ئەسلەپ ئۆتىمەن.

## ئاتاقلىق مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن
## (1956 ~ 1881)

«ئون ئىككى مۇقام» ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېتىنىك ھاياتىدا بارلىققا كەلگەن چوڭ ھەجىمدىكى ناخشا مۇزىكىلىق قامۇس. ئۇنى ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگىنى خەلق سازەندىسى، مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇندۇر.

تۇردى ئاخۇن 1952 - يىلىدىن 1954 - يىلىغىچە ئۇرۇمچىدە «ئون ئىككى مۇقام» نى ئۈنئالغۇغا ھەم نوتىغا ئالدۇرغاندىن كېيىن، 1964 - يىل بېيجىڭدا ئىككى توملۇق كىتابى نەشر قىلىندى. «ئون ئىككى مۇقام» كىتابى 365 ئاھاڭ (مەرغۇللىرى بىلەن)، 2526 مىسرا بېيىتتىن تەركىب تاپقان چوڭ ھەجىمدىكى قامۇس بولۇپ، ئۇنىڭغا مەشھۇر كلاسسىكلىرىمىزدىن: ئالىم ۋە شائىر ناۋائىي، سۇبورى، پۇزۇلى، ھۇۋەيدا ۋە شاھ مەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ بېيىتلىرى ھەم ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك داستانلىرىدىن «غېرىپ - سەنەم»، «دىلئارام»، «ھۆرلىقا - ھەمراجان»، «يۇسۇپ - زىلەيخا» قاتارلىق داستانلارنىڭ مۇزىكىلىق ناخشىلىرى ۋە خەلق قوشاقلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. بۇ بېيىتلەردە ئۆتمۈشتىكى ئەۋلادلارنىڭ مۇڭ - زارلىرى، غايە - ئىستەكلىرى، مۇھەببەت ۋە نەپرەتلىرى، ئەقىل - پاراسەتلىرى ئىپادىلەنگەن.

تۇردى ئاكا «ئون ئىككى مۇقام» نى مۇزىكا بىلەن ئىجرا قىلغاندا مۇقام تېكىستلىرىنى ئالدى بىلەن ئاھاڭلىق يادقا



ئالغانلىقتىن، مۇقاملاردىكى 2600 مىسرا بېيىتنىمۇ ئاھاڭنى بىلەن بىر ۋاقىتتا كىتابقا قارىماي مۇزىكا بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىجرا قىلغانلىقى، ئىنتايىن ئىخلاس بىلەن مۇقاملار ئەدەبىياتىنى بىرلىكتە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

تۇردى ئاخۇن 1881 - يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بۇلاقسۇ رايونى بارىن يېزىسى ئۆتكۈل كەنتىدە مۇقامشۇناس سازەندە تەۋەككۇل مۇقام ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ سەككىز يېشىدىن تارتىپ 20 ياشقىچە ئاتىسىدىن داپ ئۇرۇش، تەمبۇر چېلىش ۋە مەشرەپ - نەغمىچىلىكنى ئۆگەنگەن. كېيىن دادىسى تەۋەككۇل ئاكا ئاكىسى غېنى ئاخۇنلارغا قوشۇلۇپ ئەلنەغمىلەرگە، مەھەللىۋى خەلق مەشرەپلىرىگە قاتنىشىپ ئەلنەغمىچىلىكتە ماھارەت كۆرسىتىپ، جامائەتچىلىككە تونۇلغان.

كېيىنچە تۇردى ئاخۇن ئاكىسى غېنى ئاخۇن بىلەن چوڭ - كىچىك سورۇنلاردا مۇقام - نەغمىلىرىنى بىمالال ئىجرا قىلالايدىغان بولۇپ، خەلقنىڭ ۋە دادىسى تەۋەككۇل ئاكىنىڭ ئىمتىھانىسىدىن ئۆتكەن مەزگىللەردە، يۇرت بېگى تەرىپىدىن يوق باھانە، ئېغىر ئالۋان - ياساققا مەجبۇر قىلىنغانلىقتىن، تەۋەككۇل ئاكا يېڭىسار ناھىيىسىگە كۆچۈپ بېرىپ، «ئون ئىككى مۇقام» نى خەلق ئىچىدە داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە بىر قانچە ياش سازەندىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ.

تۇردى ئاخۇن ئاكىسىنىڭ دادىسى تەۋەككۇل ئاخۇنۇم ياش چېغىدا قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان. ساۋاتى چىققاندىن كېيىن شەرق كىلاسسىكلىرى ئەسەرلىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن.

مۇزىكا ساھەسىدە مەھەممەت مۇللام (كاۋرۇشاڭ ئاخۇنۇم)، [1] قەشقەر شەھەر ئىچىدىن موللاخۇن ئاكا ئەلنەغمىچى، ھېلىم - سېلىملار بىلەن مەدرىستە بىرگە تەلىم ئالغان چاغلىرىدا ئون ئىككى مۇقام توغرۇلۇق كۆپ قېتىم بەس - مۇنازىرىلەر ئېلىپ بارغان. بۇ جەرياندا 16 - ئەسىر يەكەندە قىدىرخان ۋە خانىش ئامانىنىساخانىملار رەتلەپ قېلىپلاشتۇرغان ئون ئىككى مۇقام كېيىن خەلق سازەندىلىرى ئىچىگە تارقىلىپ ئىجرا قىلىنىشتا بەزى ئۇسلۇبى ئوخشاش بولمىغان، بەزى تېكىستلىرى ئېغىز - ئاھاڭغا تەسىر يەتكۈزگەن ياكى چۈشىنىكسىز تېكىستلىرىنى كىلاسسىكلارنىڭ بېيىتلىرى بىلەن تولۇقلاش قاتارلىق ئىشلارنى قىلغان. تەۋەككۇل ئاكا 88 يېشىدا يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ لاۋا يېزىسىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. تۇردى ئاخۇن ئاكا ئاكىسى غېنى ئاخۇن، ئوغلى ھوشۇر ئاخۇنلار بىلەن يەكەنگە كېلىپ يەكەندىكى سازەندىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، بىر مەزگىل «ئون ئىككى مۇقام» نى ئىجرا قىلىش، ماھارەت كۆرسىتىش ئارقىلىق ئەسلىگە ھۆرمەت قىلىش بىلەن بىرگە، ئون ئىككى مۇقامنى ئۆز ئارا تولۇقلاش ئىشىنى ئېلىپ بارغان.

تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن غېنى ئاخۇن، ھوشۇر ئاخۇنلار يەكەندە بىر نەچچە ئاي تۇرغاندىن كېيىن، قاغىلىق ناھىيىسىگە بېرىپ قاغىلىقتا مۇقام كەسپىنى ئەل ئىچىدە داۋاملاشتۇرۇپ، بىر قانچە ياشلارغا مۇقام مۇزىكىلىرىنى ئۆگىتىپ تەربىيىلەيدۇ. 1945 - يىل، تاشقورغان، قاغىلىق تەۋەسىگە كەلگەن ئۈچ

[1] تەۋەككۇل ئاكا ئۆز باللىرى غېنى ئاخۇن، تۇردى ئاخۇن ئاكىلارنى تەربىيىلەپ مۇقام ۋارىسى قىلىپ يېتىشتۈرۈشتە ئاتىلىق بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلغان. غېنى ئاخۇن ۋە تۇردى ئاخۇن ئاكىلار مۇزىكانتلىقتا كامالەتكە يېتىپلا قالماي، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە مۇئامىلىدە سىلىقلىقى بىلەنمۇ ياخشى تەسىر قالدۇرغان.



ۋىلايەت قىسىملىرى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، قاغىلىقتا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ تەرەپ: «ئوغرىلارنى ساز چېلىپ قارشى ئالدىڭ» دېگەن باھانا بىلەن يەرلىك مۇتەئەسسىپلەرنى كۈشكۈرتۈپ غېنى ئاخۇننى ئۇردۇرىدۇ. غېنى ئاخۇن تاياق زەربىسىدىن ياخشى بولالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ.

## تۇردى ئاخۇننىڭ ئەجدادلىرى

تۇردى ئاخۇن ئاكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش ئەۋلاد ئاتا - بوۋىلىرى ھەم ئاكىسى غېنى ئاخۇن، بالىسى ھوشۇر ئاخۇن، قاۋۇل ئاخۇن چاغلار قوشۇلۇپ سەككىز ئەۋلادلار ئۈچ ئەسىر داۋامىدا ئون ئىككى مۇقامنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، كەڭ دائىرىدە تارقىتىپ كەلدى.

تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ بىرىنچى چوڭ بوۋىسى مۇقام ئۇستازى ئىبراھىم ئاخۇن (ئىبراھىم قالۇن)، ئىككىنچى بوۋىسى (ئىبراھىم قالۇننىڭ ئوغلى) ھاشىم ئاخۇن ساتار، بۇ كىشى ئەينى زاماندا ئەڭ مەشھۇر خەلق مۇقامچىلىرىدىن بولۇپ، مۇزىكا بىلەن ئون ئىككى مۇقامنى ئىجرا قىلىشتا نامى مەشھۇر بولغان كۆپ شاگىرت يېتىشتۈرگەن. تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئۈچىنچى بوۋىسى قاۋۇل ئاخۇن، ئۇ، ھاشىم ئاخۇننىڭ ئوغلى بولۇپ قالۇن بىلەن مۇقام ئىجرا قىلىشتا ئاتىقى چىققان ئۇستا ئىكەن. ئۇ قالۇننى چېلىپ تۇرۇپ، مۇقام ئېيتىشتا كامالغا يەتكۈزەر ئىكەن.

## شائىر، مۇزىكانت سابىت ھاجىم
## (1859 ـ 1934)

سابىت ھاجىم كۇچا ناھىيىسىدە مەرىپەتپەرۋەر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، كىچىك چېغىدىلا كۇچا شەھىرىدە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ، 1868 ـ يىلى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئاۋات ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى يېڭىئېرىق يېزىسى تۇگمەن بېشى كەنتىگە كۆچۈپ كېلىپ ئۆمرىنى شۇ يېزىدا ئۆتكۈزىدۇ.

سابىت ھاجى ئاقسۇ كونىشەھەر مەدرىسىدە ھەم قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇپ ئەرەپ، پارس، تۈرك تىل ـ يېزىقلىرى، ئەدەبىيات تارىخىنى مۇكەممەل ئىگىلەپ، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» نى ساتار، تەمبۇر بىلەن ئىجرا قىلىشنى ئۆگىنىدۇ.

ئۇ، ئۆمرىدە ئۈچ قېتىم ھەج قىلغان بولۇپ، ئۈچىنچى قېتىملىق ھەج سەپىرىدە كاراچى، بومباي، يېڭى دېھلى، مەككە ـ مەدىنە، قاھىرە، دەمەشىق ھەمدە تاشكەنت، سەمەرقەنت، بۇخارا. . . قاتارلىق جايلاردا ساياھەت قىلىش جەريانىدا «ئون ئىككى مۇقام» نى تونىتىدۇ.

سابىت ھاجىم ھەج سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر مەزگىل باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىپ، ئۆز باللىرىنى ھەم دېھقانلارنىڭ باللىرىنى ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە سازەندىلىك بىلەن تەربىيىلەيدۇ.

سابىت ھاجىم ئۆز دەۋرىنىڭ داڭدار غەزەلخانى ۋە ئۇستا



سازەندىسى بولۇپ، دۇتار، تەمبۇر، ساتار چېلىش بىلەن غەزەلخانلىق (مۇقامچىلىق) نى پەرزەنتلىرىگە ئۆگىتىدۇ.

سابىت ھاجىنىڭ كەنجى ئوغلى مىجىت سابىت دادىسىدىن تېخى بالا چېغىدىلا تەمبۇر، ساتار چېلىشنى ياخشى ئۆگەنگەن بولۇپ، 1951 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مۇزىكانتلىقىغا قوبۇل قىلىنغان، كېيىن ئاقسۇ 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن.

سابىت ھاجىم ئۆز ئۆمرىدە مۇزىكانت ۋە غەزەلخانلىقتىن باشقا، قۇرۇلۇش (تامچىلىق)، سىرچىلىق (نەققاشچىلىق)، ياغاچچىلىق، تىككۈچىلىك قاتارلىق ھۈنەرلەرنى ئۆزلىكىدىن پىششىق ئۆگىنىش بىلەن، تىببىي ئىلىم جەھەتتە، ئالاھىدە شۆھرەت قازانغان.

سابىت ھاجىم مۇزىكانت، ئارختېكتور، نەققاش، تېۋىپ بولۇپلا قالماي، يەنە شائىر ئىدى. ئۇنىڭ «باھار» توغرىسىدا يازغان شېئىرىدە:

ھەر دەرەخ ياپراق چىقارسا بەرگىلەر ئۆزرە چېچەك
نەچچە تۈرلۈك جانىۋارلار بۇلبۇلكى داستان كىرەك.
يېڭى ئۆسكەن ياش يىگىتلەر كۆڭلىدە يۈزمىڭ ھەۋەس،
ياز ئەييامىدا تەمبۇر، داپ بىلەن بوستان كىرەك. . .

. . . . . .

دېگەن مىسرالار ئۇچرايدۇ.

سابىت ھاجىم 1934 ـ يىلى 75 يېشىدا ئاقسۇدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئاتاقلىق سەنئەتكار هاشىم هاجىم
## (1952 ـ 1869)

هاشىم هاجىم خوتەن قاراقاش ناھىيە، تاتاپ بېشى[①] يېزىسىدا مەشھۇر خەلق سەنئەتكارى ھەمدۇللا ئاخۇنۇم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ھاشىم ھاجىنىڭ دادىسى ھەمدۇللا ئاخۇنۇم مۇزىكانت ھەم دارۋاز بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى نۇرھاجىم داڭدار ناتىق، ۋائىز (مادداھ) ئىدى. ھاشىم ھاجىنىڭ سىڭلىسى ئايىمخان ھاجىمۇ مەشھۇر مۇزىكانت ۋە غەزەلخان بولۇپ، بۇ سەنئەت ئائىلىسى تەخمىنەن ئىككى ئەسىرگە يېقىن بىرىنىڭ ئىزىنى بىرسى بېسىپ، مۇزىكا ـ مۇقامچىلىق، سىرىك ـ دارۋازلىق، جانبازلىق، مەدداھلىق ساھەلىرىدە ئۆچمەس خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن ھەمدە نۇرغۇن شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.

ھاشىم ھاجىم ئۆز زامانىسىنىڭ كاتتا مەرىپەتپەرۋەرلىرى بولۇپلا قالماي، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئەرەپ يېرىم ئارىلى قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردا ئۇيغۇر سەنئىتىنى نامايان قىلغان مەشھۇر زاتتۇر. بولۇپمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھاشىم ھاجىم قەدىمكى مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان كوسەن دىيارىدا ئولتۇراقلىشىپ، كوسەن مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىدۇ، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ ۋە داۋاملاشتۇرۇشتا شۇنداقلا قەشقەر مۇقاملىرى بىلەن كوسەن مۇقاملىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇقامچىلارنى تەربىيىلەشتە كۆپ ئەجىر سىڭدۇرگەن.

---

① «تاتاپ بېشى» ياقۇپ بەگ تۈنجى «يەر ئۆلچەش» ئېلىپ بارغان يەر نامى.



ئۇ، سەنئەتخۇمار كۇچا خەلقىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان.

ھاشىم ھاجىنىڭ كۆپ ھاياتى «ئون ئىككى مۇقام» نى تولۇقلاش، جارى قىلىش، شاگىرت يېتىشتۈرۈش، تىياتىر تەشكىل قىلىش، مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى ياساش بىلەن ئۆتكەن.

ھاشىم ھاجىنىڭ سەنئەت ئالاھىدىلىكى: سىرىك، سېھىرگەرلىك، دارۋازلىقلار بولۇپ قالماي، ئاساسلىقى مۇزىكانتلىق ـ مۇقامچىلىقتىن ئىبارەت. ئۇ ھەر كۈنى كۇچادىكى داڭلىق ئاشخانىدا مۇقام ئورۇنلايدۇ.

ھاشىم ھاجى «ئون ئىككى مۇقام» نى دادىسى ھەمدۇللا ئاخۇنۇمدىن ئۆگەنگەن، كېيىن قەشقەردە تۇردى ئاخۇن ئاكىدىن، قاسىم ئاخۇن ئەلنەغمە بايدىن، بايىز ئاخۇن ئاكا لەنە، كۇچادا ئىسلام تەمبۇرنىڭ ئوغلى ئىبراھىم قارى . . . قاتارلىقلار بىلەن ئۇچرىشىپ، مۇقام مۇزىكىلىرى ۋە بېيىتلىرىنى تولۇقلىغان.

ھاشىم ھاجىم سەنئەت مائارىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ھەم ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئۇ، ئۆز ئەۋلادلىرىنى ـ ئوغلى شىر ئېلى، ھەيدەر ئېلى، سىدىق ئاخۇن، نەۋرىسى تۇرسۇن ئىلى، ئايشەم، خەلچەم سىدىق. . . قاتارلىقلارنى سەنئەتكار قىلىپ يېتىشتۈرۈپ جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرگەن. ئۇ، كۇچانى مەركەز قىلىپ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ھەربىر ناھىيىلىرىدە مۇزىكا كۇرسى ئېچىپ، يۈزگە يېقىن مۇزىكانتلارنى يېتىشتۈرگەن.

ئۇنىڭ ھازىرقى دارۋازلىقتىكى ئوقۇغۇچىلىرىدىن نۇر ئاخۇن دارۋاز، سىدىق ئاخۇن دارۋازلار سەنئەتكارلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتا، ھاشىم ھاجىنىڭ سەنئەتچىلەرنى

يېتىشتۈرۈش روھىنى جارى قىلدۇرماقتا.

ھاشىم ھاجىم شىنجاڭدا ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ئاقارتىش مەزگىللىرىدە، مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا «ئون ئىككى مۇقام» مۇزىكىسى ئارقىلىق جانلىق خىزمەت قىلىپ قالماي، دارۋازلىق، سېرىك، سېھىرگەرلىك، تەنتەربىيە، تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىدا قىزغىنلىق بىلەن ئىشلەيدۇ.

ئۇ، 1934 - يىلى ھەرەمدىن قايتىش سەپىرىدە سۇرىيە (دەمەشق)، ئىران، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، قازاقىستاننى ئايلىنىپ قاراقول ئارقىلىق ئۈچتۇرپان بىلەن ئاقسۇغا كەلگەندە، «ئاقسۇ ئۆلكىلىك سىفەن مەكتەپ» دە مۇزىكىلىق مارش تەييارلاشقا قاتنىشىپ، پەننى يېڭى مائارىپنىڭ چوڭ داغدۇغىسى ئۈچۈن يۇرۇش مۇزىكىسى بىلەن تەنتەنە پەيدا قىلغان.

ئۇ، كۇچاغا كېلىپلا ئۇرۇنلاشقان يىللىرى كومپارتىيىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى لىن جىلۇ ھاكىملىق ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان كۈنلەر بولۇپ، «ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن ياردەم توپلاش، ئايروپىلان تەقدىم قىلىش» پائالىيىتىدە ھاشىم ھاجى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ، سەييارە ئويۇن قويۇپ قىلغان كىرىمىدىن 1000 سەر كۈمۈش تەڭگە توپلاپ لىن جىلۇ ھاكىمغا «ئالدىنقى سەپتىكى قەھرىمان ئازادلىق جەڭچىلىرىگە ئېلىپ كەلگەن پۇلۇمنى قوبۇل قىلسىلا» ، دېگەن، . لىن جىلۇ كۈلۈپ: «بۇ پۇلىڭىزغا بىر ئايروپىلان كېلىدىكەن. مەن يەنئەنگە سىزنىڭ نامىڭىزنى مەلۇم قىلىمەن» دېگەن، بۇنى چوڭ يىغىندا ئېلان قىلغان.

1949 - يىلى ئازادلىق ھارپىسىدا بىر قېتىم جاھىل



گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قاچقۇنلىرى: «ئالتۇن - كۈمۈش بېرىسەن» دەپ ھاشىم ھاجىمنى قاتتىق ئازابلاپ تەن جازاسى بەرگەن. كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇرالماي كېسەل ئازابى بىلەن 1952 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

ھاشىم ھاجىمنىڭ بالىلىرى سىدىق ھاشىم، شېرئېلى، ھەيدەر ئېلى، نەۋرىلىرى تۇرسۇن ئېلى، ئايشەم سىدىق، خەلچەم سىدىق قاتارلىقلار ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغان. بۇلارنىڭ ھايات قالغانلىرى سەنئەت ساھەلىرىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

## ئاتاقلىق مۇقامشۇناس سۇلايمان قالۇن
## (1963 - 1891)

سۇلايمان قالۇن[1] 1891 - يىلى خوتەن چىرىيە ناھىيىسىدە مۇزىكانت ئاخۇن خوجىكام ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. يەتتە - سەككىز يېشىدىلا ئاتىسى ئاخۇن غوجىكام تەربىيىسىدە خەت - ساۋاتى چىققان، ئون يېشىدىن 20 ياشلىرىغىچە خوتەن خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇيدۇ. بۇ جەرياندا شەرق كلاسسىكلىرىدىن ناۋائى، پۇزۇلى، زەلىلى، شاھ مەشرەپ قاتارلىق مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى قىزىقىپ ئۆگىنىدۇ. سۇلايمان ئاكا دادىسى ئاخۇن غوجىكام تەربىيىسىدە قالۇن بىلەن مۇقامنى ئىجرا قىلىشنى ئىلكىگە ئالغاندىن كېيىن، ئاتىسىغا ھەمدەم بولۇپ، ئۆلىمالار بەزمىسىنىڭ مۇزىكىلىق ئولتۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ، قالۇننى

[1] «سۇلايمان قالۇن» دېگەن نام سۇلايمان ئاكىنىڭ بالا چېغىدىلا قالۇن بىلەن مۇقام مۇزىكىسىنى ئىجرا قىلىپ، پۈتۈن ئۆمرىنى مۇقامچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇ سازەندىسىگە خەلق تەرىپىدىن بېرىلگەن نام.

تىلغا كىرگۈزۈپ مۇقامنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئاساسىنى تىكلىگەن.

سۇلايمان ئاخۇن ئاكا 25 ياشلارغا كەلگەندە، ئەلنەغمىچىلىك كەسپى بىلەن خەلق ئىچىدە «سۇلايمان ئاخۇنۇم قالۇن» دېگەن نامى بىلەن تونۇلغان. لېكىن ئۇ بۇنىڭغا قانائەت قىلماي «مۇقامچىلار ماكانى» دەپ ئاتالغان كىرىيە ناھىيىسىگە بېرىپ، «مەشھۇر مۇقام پېشىۋاسى» دەپ ئاتالغان ئالىم، مۇقامچى مۇھەممەت نىياز ئاخۇنۇم، ھاجى ئاخۇنۇم قالۇن، توختى مۇقام، موللا كېرىم ساتار قاتارلىقلاردىن كىچىك پېئىللىك بىلەن ئۆگىنىپ مۇقامنىڭ بېيىتىنى ۋە ئاھاڭلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. سۇلايمان ئاكا ئۇلاردىن قالۇن مۇزىكىسىدىن باشقا ساتار، تەمبۇر، دۇتار چالغۇلىرى بىلەن مۇقام ئورۇنلاشنىڭ ئۇسلۇبىنى ئۆگىنىدۇ. ئىككىنچى قېتىمدا چىرىيە ناھىيىسىدىكى نۇرمۇھەممەت ئاكا، ساتارچى نۇرۇللا قارى، يۇنۇس ئاخۇن ساتار، يۇسۇپ ئاخۇن داپ قاتارلىقلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، سۇلايمان ئاخۇن ئاكا ۋە ئۇنىڭ دادىسى موللا غوجىكام قالۇنلار باشچىلىقىدا «ئون ئىككى مۇقام» نى ئىجرا قىلىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش ـ تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ.

سۇلايمان ئاخۇن ئاكا مۇقامچىلىق ماھارىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش مەقسىتىدە، خوتەن قاراقاش ناھىيىلىرىنى كېزىپ، قاراقاشتىكى مەشھۇر سازەندە ئوقۇمۇشلۇق سەنئەتكار ھەمدۇللا ئاخۇنۇم (سەنئەتكار ھاشىم ھاجىمنىڭ دادىسى) دىن بىر مەزگىل مۇقامچىلىقنى ئۆگىنىدۇ. كېيىن يەكەن، قەشقەرگىچە بېرىپ نۇرغۇن داڭدار مۇقام پېشىۋالىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ.



شۇ مەزگىلدە مەشھۇر مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا ۋە ئۇنىڭ دادىسى تەۋەككۇل ئاخۇنۇم بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ مۇقامچىلىق ئۇلتۇرۇشلىرىغا قاتنىششقا مۇيەسسەر بولۇپ، تەۋەككۇل ئاكىنىڭ ساتارىغا سۇلايمان ئاخۇن ئاكا قالۇننى تەڭكەش قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرىدۇ. ئۇ خوتەنگە قايتقاندىن كېيىن، بىر نەچچە ياشلارنى تەربىيىلىگەن. ئۇلار چىرىيىدىن ئاتاقلىق مۇقامچى مۇزىكانت سالى غوجا، خوتەن شەھىرىدىن ئاتاقلىق نەي، بالىمانچى رىمىن ئىمىن، نادىر خان ئابدۇۋەلى ئوغلى، قەشقەردىن ئۆمەر ئېلى، تۇرسۇن چاڭچى، تالىپ ئابدۇللا، مۇھەممەت ھېيت، تۇردى روزى قاتارلىقلاردۇر.

سۇلايمان ئاخۇن ئاكا ئازادلىقتىن كېيىن خوتەن، يەكەن، قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئىشلىگەن. «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ داستان، مەشرەپ ـ مەرغۇللىرىدىن پايدىلىنىپ نومۇر ئىشلەپ بەرگەن.

«ئون ئىككى مۇقام» نى ئۇنىئالغۇغا ۋە نوتىغا ئېلىش ۋاقتىدا تۇردى ئاخۇن ئاكىغا يېقىندىن ھەمكارلىشىدۇ.

ئۇ 1952 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە قەشقەر رايونىدا ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى سەنئەت مۇسابىقىسىدە قالۇن بىلەن مۇقام مۇزىكىسىدا ماھارەت كۆرسىتىپ مۇكاپاتلانغان. 1953 ـ يىلى «جەنۇبىي شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆمىكى» گە يۆتكىلىپ كېلىپ، تۇردى ئاخۇن ئاكا، مۇقامچى روزى ھوشۇر ۋە تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ چوڭ ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن، تالىپ ئابدۇللا، ئا. رازى قاتارلىقلار بىلەن «ئوشاق»، «راك» مۇقاملىرىدىن «قەشقەر سەنىمى»، «ئۇششاق مۇقامىدىن ئارىيە»، «راك

مۇقام مەشرىپى» قاتارلىق ئۇسسۇللۇق ناخشا ـ نومۇرىنى ئىشلەيدۇ.

سۇلايمان ئاكا 1957 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ، 1963 ـ يىلى 72 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## جامى زاكىرجان ئوغلى
**(1878 ـ 1958)**

جامى 1878 ـ يىلى ئىلى (غۇلجا) شەھىرى سۇ دەرۋازا مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. جامى مەكتەپ يېشىدىكى چاغلىرىدىلا تەڭتۇشلىرى مەسۇم (توقۇم) موسا، نىياز قاتارلىق بالا سازەندىلەر بىلەن ساز ئۆگىنىشكە قىزىقىپ، ئۇلاردىن دۇتار چېلىشنى ۋە بىر قانچە ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئۆگىنىپ، ياش سازەندىلەر ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالەتكە كەلگەندە، جامىنىڭ دادىسى زاكىرجان ئاكا ئوغلىنىڭ سازەندە بولۇپ قېلىشىنى ياقتۇرماي، ئۇنى ئىنىسى ئۆمەرجانغا قوشۇپ بىر مۇنچە يەرلىك ماللار بىلەن ئەنجانغا (سودىگەرچىلىك قىلىش مەقسىتىدە) يولغا سالىدۇ. جامى ئەنجانغا بارغاندىن كېيىن، ساماۋەرخانە (چايخانە) لەردىكى ئۆزبېك نەغمىچىلەردىن بىر نەچچە ناخشا ـ مۇزىكىلارنى چېلىش ـ ئورۇنلاشنى ئۆگىنىۋالىدۇ. بۇ چاغدا جامىنىڭ تاغىسى سودا ـ سېتىقنى تۈگىتىپ، جامىنى ئىزدەپ تاپالماي غۇلجىغا قايتىپ كېتىدۇ.

جامى ئەنجاندا تۇرمۇش قۇرۇپ بىر نەچچە ۋاقىت تۇرۇپ قېلىش جەريانىدا مۇزىكانتلىق كەسپىنى مۇكەممەل ئىگىلەيدۇ.

جامى ئۆزبېك خەلق ناخشا (ئۇسسۇل) لىرىنى ھەم دۇتار،



تەمبۇر ماھارىتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ پىششىق ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئۇلارغا ئۆگىتىدۇ ۋە ساماۋەرخانىلاردا ھەم توي ـ مەشرەپلەردە ماھارەت كۆرسىتىپ، ئۇ يەرلەردىكى ئۆزبېك، ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەر ئىچىدە تونۇلىدۇ.

جامى ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئىچىدە مەشھۇر بولغان «باياز»، «مىسكىن»، «بايات»، «رەجەبى»، «ئەشەۋى»، «كۇرت»، «سۆۋىتى»، «ھەرىۋى»، «گۇلۇستانى» . . . قاتارلىق ناخشا، مۇقام مۇزىكىلىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ، ئانا ماكانى غۇلجا شەھىرىگە قايتىپ كېلىدۇ. بۇ 1913 ـ يىللىرى روسىيىدە ئاق پادىشاھ تەۋرەپ قالغان تەختىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، خەلق ئىچىدىن ئەسكەر ئېلىش مەجبۇرىيىتىنى خەلققە تاڭغان تىنچسىز ھالەت بولۇپ، بۇ چاغدا جامى غۇلجىغا قايتقان.

جامى غۇلجىغا كېلىپلا مۇھەممەت موللام (كارۇشاڭ) ئاخۇنۇمنى تاپىدۇ. كارۇشاڭ ئاخۇنۇمدىن ئۆگىنىۋاتقان ھەسەن ئاكا، ئابلا دۇمباق، ھۆسىيىن تەمبۇر، روزى تەمبۇر . . . قاتارلىقلار بىلەن مۇھەممەت موللامدىن سەككىز مۇقامنى تولۇق ئۆگەنگەن. بۇ مەزگىللەردە روزى تەمبۇر مۇھەممەت داموللامدىن «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ توي مەشرەپلەردە ئېيتىلىدىغان مەشرەپ قىسمى بىلەن داستان نەغمىلىرىنى ئۆگىنىدۇ.

جامىكامنىڭ بىرىنچى ئوغلى ھۇسەيىنجان جامى، ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇراخمان جامىلارنى كىچىكىدىنلا ئۆزى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. ھۇسەيىنجان جامى ئاتىسىنىڭ تەمبۇرى بىلەن مەرھۇم تۇردى ئاخۇن ئاكا قالدۇرۇپ كەتكەن

«ئون ئىككى مۇقام» نى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە ۋە «ئون ئىككى مۇقاق» مېلودىيىلىرىنى خېمىرتۇرۇش قىلىپ «ئازاد زامان»، «ۋەتىنىم»، «ئەجەم مۇقامى»، «ئەجەم سىمپونىيىسى»، «باھار مۇزىكىسى» قاتارلىق يىرىك ئىجادىي ئەسەرلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇلچىلىقىنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرغان. ھۇسەيىنجان جامىنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا توپلامى (ئۇيغۇر نۇسخىسى) نەشر قىلىندى.

جامىكام 1958 ـ يىلى 80 يېشىدا ئۇرۇمچىدە ئالەمدىن ئۆتتى.

## ئاتاقلىق مۇقامشۇناس مۇھەممەت مۇللام
## (1853 ـ 1927)

مۇھەممەت دامموللام 1853 ـ يىلى قەشقەر كونىشەھەر خام (ماتا) بازىرى چاسا مەدرىس كوچىسىدا ئەمەت ئاخۇن ئاكىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

مۇھەممەت موللام بالىلىق دەۋرىدە باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپتە، كېيىن چاسا مەدرىسىدە ئوقۇغان. ئۇ، تالىپلىق مەزگىللىرىدە راۋاپ ـ تەمبۇر چېلىشنى ئۆگەنگەن. كېيىن تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ دادىسى مەشھۇر مۇقامشۇناس تەۋەككۇلغا شاگىرت بولۇپ مۇقاملارنى ئۆگەنگەن.

مۇھەممەت موللامنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولغان مۇھەممەت ئىمىن ئاخۇن، ھەسەن تەمبۇر، ھۇسەيىن تەمبۇر، بارات تەمبۇر، جامىكام، ئابدۇللا تەمبۇر (دۇمباق)، روزى تەمبۇر قاتارلىقلار مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئۆگىنىپ مۇزىكىلىق ئىجرا



قىلىشتا ئۇنىڭغا ئىلى ناخشىلىرىنىڭ پۇراقلىرىنى سىڭدۈرۈپ يېڭى تۈس كىرگۈزگەن.

مۇھەممەت دامموللام قەشقەردىكى چاغلىرىدا 16 ـ ئەسىردە يەكەندە ئابدۇرىشىتخان، قىدىرخان ۋە خانىش ئامانىساخانىملار تەرىپىدىن قېلىپلاشتۇرۇلغان «ئون ئىككى مۇقام» 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئىككىنچى قېتىم قەشقەردە تەۋەككۇل ئاكا، جومى كەشمىر ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى ھىلىم، سىلىم، موللاخۇن ئاكا، مۇھەممەد موللام، بايىز ئاخۇن ئاكا قاتارلىقلار باشچىلىقىدا بەزى مۇزىكىلىق قىسىملىرى بىلەن تېكىستلىرىنى تولۇقلىغاندا مۇقام كۈيلىرىگە خەلق ناخشىلىرى ۋە خەلق داستانلىرىنىڭ مۇزىكىلىق بېيىتلىرىنى، شۇنىڭدەك شاھ مەشرەپ، زەلىلى قاتارلىقلارنىڭ بېيىت ـ شېئىرلىرىنى قوشقان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا روزى تەمبۇر مۇھەممەت موللامغا شاگىرت بولۇپ (كۆپ سورۇنلاردا بىرگە بولۇپ) تەربىيىلىنىدۇ. ھەسەن ئاكا، ئابدۇللا دۇمباق، جامىكام، ھۇسەن تەمبۇر، مۇھەممەت غېنى ئاخۇن، بارات تەمبۇر. . . قاتارلىقلار ئىلى خەلق كلاسسىك ناخشىلىرىنى، مۇزىكا ـ كۈي يۈرۈشلىرىنى ھەرقايسى مۇقام قاتلاملىرىغا كىرگۈزۈپ، «ئىلى ئون ئىككى مۇقام» نىڭ گەۋدىسىنى تۇرغۇزغان.

شۇ مەزگىللەردە قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئوغلى موسا گوڭنى ئىلى (غۇلجا) غا ھاكىم قىلىپ بېكىتكەندە، مۇسا گۇڭ قۇمۇلدىن موللا گايىت دېگەن قۇمۇل خەلق مۇقامچىسىنىمۇ بىرگە غۇلجىغا ئېلىپ كەلگەن. موللا گايىت سازەندىنىڭمۇ ئىلى مۇقام ـ ناخشىلىرىغا تەسىرى بولغان.

مۇھەممەت موللام (كاۋرۇشاڭ ئاخۇنۇم) 1927 ـ يىلى 75

يېشىدا غۇلجا شەھىرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

## مۇقامشۇناس موللا ئاخۇن ساتار

موللاخۇن ئاكا 1813 - يىلى قەشقەر شەھەر ئىچىدە ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1889 - يىلى چوڭ ئوغلى ئەھمەتخان (1844 - يىلى دۇنياغا كېلىپ 1928 - يىلى قەشقەردە مۇزىكا - مۇقامچىلىق بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن) ۋە ئىككىنچى ئوغلى روزىدىن ئاخۇن (1850 - يىلى دۇنياغا كېلىپ «ئون ئىككى مۇقام» ۋە دولان مۇقاملىرىنى ئۆمۈر بويى داۋاملىق ئىجرا قىلىپ 1931 - يىلى ئاقسۇ رايونىدا ئالەمدىن ئۆتكەن) بىلەن قەشقەردىن ئەركەشتام يولى ئارقىلىق ئەنجان، سەمەرقەند، بۇخارا، پىشكەنت قاتارلىق جايلارنى سەييارە قىلىپ «ئون ئىككى مۇقام» نى كەڭ تارانقان. ئۇ يەرلەردە ئۆزبېك خەلقىنىڭ «شەش مۇقام» ىنى ھەم خەلق ناخشا - سازلىرىنى كۆپ ئۆزلەشتۈرگەن ھەم شۇ جەرياندا ئوغۇللىرى ئەھمەتخان ۋە روزىدىن ئاخۇنلارنى تولۇق تېكىستلىرى بىلەن «ئون ئىككى مۇقام» نى ئىجرا قىلالايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزگەن.

موللاخۇن ئاكا بالىلىرىنى ئېلىپ ئانا ماكانى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئاۋۇت ئاخۇن ئەلنەغمە

خەلق ئەلنەغمىچىسى ئاۋۇت ئاخۇن راۋاپ 1896 - يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى توققۇزاق رايونى تېتىر يېزىسىدە



مۇزىكانت داۋۇت ئاخۇن ئاكا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاۋۇت ئاكا كىچىكىدىن تارتىپلا دادىسى داۋۇت ئاخۇن تەربىيىسىدە راۋاپ چېلىش، قوشاقچىلىق بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن. ئۇ دادىسى بىلەن 40 يىل ئەلنەغمىچىلىك قىلىش جەريانىدا، خەلق داستانلىرىدىن «غېرىپ - سەنەم»، «يۈسۈپ - ئەخمەت»، «ھۆرلىقا - ھەمراجان»، «رابىيە - سەئىدىن»، «سىيىت نوچى»، «ئابدۇراخمان خان غوجا»... قاتارلىق خەلق داستانلىرىنى مۇزىكا چېلىپ ھەم ناخشىنى مۇزىكا ئاھاڭى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئورۇنلاش ماھارىتىنى ئىگىلەپ، ئەلنەغمىچىلىكنى چوڭ - كىچىك سورۇنلاردا ئىجرا قىلالايدىغان ھالەتكە يەتكەندە، ئاۋۇت ئاكىنىڭ دادىسى داۋۇت ئەلنەغمە 1936 - يىلى ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

ئاۋۇت ئاخۇن دادا كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق قەشقەر يېڭىسار، يەكەن، قاغىلىق، مەكىت، مارالبېشى، خوتەن، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا بىر تەرەپتىن خەلق داستانلىرىنى ئاساس قىلغان نەغمىچىلىكنى داۋاملاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ يەرلەردىكى سازەندە - مۇقامچىلاردىن ئۆگىنىدۇ. ئۇ خوتەنگە بارغاندا مۇقامچىلاردىن «ئابدۇراخمان خان غوجا» داستانىنى ئاھاڭى بىلەن ئۆگىنىدۇ («ئابدۇراخمان خان غوجا» بەدەۋلەت - ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن پاجىئەلىك قەتلە قىلىنغانلىقى بايان قىلىنىدىغان تراگېدىيىلىك داستان). ئاۋۇت ئاخۇن خوتەن قاراقاش ناھىيىسىدىن «ئات قىسسىسى» (نەزەرمۇپتىغا ھەشقاللا) نىڭ ھەجۋى قىسمىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى مۇقام ئاھاڭىغا سېلىپ كۆپ سورۇنلاردا ئىجرا قىلغان. شۇنىڭدەك ما تىتەينىڭ زالىملىقىنى پاش قىلىدىغان ھەجۋى

قوشاقلىرى ئارقىلىق زۇلۇمخورلارنى، جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەتلەرنى پاش قىلىش، ساپ مۇھەببەتنى، ساداقەتلىكنى بىر ئۆمۈر كۈيلەپ كەلگەن ئاۋۇت ئاخۇن دادىسى داۋۇت ئاخۇن ئەلنەغمە ۋاپات بولغان يىلى دۇنياغا كەلگەن ئوغلىنىڭ ئىسمىنى «داۋۇت» قويۇپ، ئاپىقى چىققاندىن باشلاپ ئەگەشتۈرۈپ، 20 ياشلارغا كەلگىچە راۋاپ چېلىش تېخنىكىسى بىلەن داستانچىلىق، غەزەلخانلىق كەسپىنى ئۆگەتكەن. 1955 - يىللىرى ياش داۋۇت ئاۋۇت ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ، مەملىكەتلىك خەلق سەنئەتچىلەر قاتارىدا تاللىنىپ، 6 - قېتىملىق موسكۋا خەلقئارا ياشلار فېستىۋالىغا قاتنىشىپ، ماھارەت كۆرسەتكەن. ئۇ 1955 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغان. ھازىر داۋۇت ئاۋۇت، دادىسى ئاۋۇت ئاخۇندىن مىراس قالغان راۋابى بىلەن «ئون ئىككى مۇقام» نى تولۇق ئۆگىنىپ مۇستەقىل ئىجرا قىلالايدىغان ئىقتىدارنى تىرىشىپ يېتىشتۈرگەندىن تاشقىرى، «ئون ئىككى مۇقام» مۇزىكىسى قېلىپلاشتۇرۇلغاندىن بۇيانقى 300 دىن ئارتۇق خەلق مۇزىكا - ناخشىلىرىنى مەشق قىلغان ۋە قىلماقتا.

ئۇ «مېنىڭ راۋابىم»، «كونا تاشۋاي»، «گۈندىپاي»، «شادىيانە» قاتارلىق ئومۇمىي مۇزىكىلاردا راۋابنى ماھىرلىق بىلەن تەڭكەش قىلىپ ئۆز تالانتىنى نامايەت قىلدى.

داۋۇت ئاۋۇت جۇڭگو - شىنجاڭ سەنئەتچىلەر ۋەكىلى قاتارىدا چەت دۆلەتلەرگە بېرىپ كۆپ قېتىم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا سەنئىتىنى تونۇشتۇردى.

(ئاپتورى: مەدەنىيەت نازارىتىدىن)



# شىنجاڭ سەنئەتچىلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم ئىچكى ئۆلكىلەرنى ساياھەت قىلىشى

پەرىدە ئېلىيوۋا

30 - يىللاردىكى ئويغىنىش دەۋرىدە، شىنجاڭنىڭ مەدەنىي - مائارىپى يوقتىن بارلىققا كېلىپ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. جۈملىدىن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمۇ يوقتىن بارلىققا كېلىپ راۋاج تاپتى. ھەربىر ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىي - مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدا سانايىنەپىسە (سەنئەت ئۆمىكى) تەسىس قىلىنىپ، بۇنىڭ ئەتراپىغا زىيالىيلار، ئارتىس، ئارتىسكىلار ۋە يازغۇچىلار جەلپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن 1937 - يىلغا كەلگەندە ئەدەبىيات - سەنئەت (سانايىنەپىسە) ئىشلىرى تەرەققىي قىلىپ، دەسلەپكى ئۇسسۇل ئويناش، ناخشا ئېيتىش، دېكلاماتسىيە سۆزلەشتىن ئىلگىرىلەپ سەھنە ئەسەرلىرىنى قويالايدىغان بولدى. شۇ چاغدا «ئانارگۈل»، «غېرىپ - سەنەم»، «پەرھاد - شېرىن»، «سامساق ئاكاڭ قايناپدۇ»، «قانلىق داغ»، «رابىيە - سەئىدىن»، «زەينەپكە تۆھمەت»، «چىن مۇدەن»، «ئارشىن

ـ مالئالان» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى ئوينالغانىدى. تاتار ئۇيۇشمىسىدا: «ئاسىل يار»، «غالىيە بانو»، «باشماق»، «سىرىنگەن يۇلتۇزلار» قاتارلىقلار؛ قازاق ئۇيۇشمىسىدا: «شوغا»، «قىزجىبەك» قاتارلىقلار؛ ئۆزبېك ئۇيۇشمىسىدا، «نەسەپ قۇربانى»، رۇسلار ۋە باشقا مىللەت ئۇيۇشمىلىرىمۇ ئۆز لايىقىدا ئويۇنلارنى قويالايدىغان بولدى. ئۇ چاغدا ھەممە ئۇيۇشما ئۆز مەدەنىي ـ مائارىپ، ئەدەبىيات سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشاتتى. مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرى بىلىملىك كىشىلەرگە يۆلەنسە، ئەدەبىيات سەنئەتتىمۇ زىيالىي ياشلارغا، قابىلىيەتلىك، تالانتلىق ئارتىس، ئارتىسكىلارغا ۋە مۇزىكانتلارغا مۇھتاج ئىدى. ئۇ چاغدىكى ئاساسلىق قىيىنچىلىق ئارتىسكا مەسىلىسى بولۇپ، ئاياللارنى سەھنىگە چىقارغىلى بولمايتتى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنىدىكى ئاياللار، بولۇپمۇ يارامىلىق ئارتىسكىلار ئاز ئىدى. چۈنكى ئۇ چاغدا فېئوداللىق دىنىي خۇراپاتلىق خاھىشى كۈچلۈك بولغاچقا، ئاياللار سەھنىگە چىقسا ئۇلارنى پەقەت كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان بىر ئويۇنچىلار، دەپ قارىغانلىقتىن، ھېچكىم ئاياللارنى سەھنىگە چىقىرىشقا ئۇنىمايتتى. 1940 ـ يىلغا كەلگەندە ئۇيۇشمىلار ئارا بىر قېتىملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇسابىقىسى قانات يايدۇرۇلۇپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى باشچىلىقىدا پائالىيەت ئېلىپ باردى. ھەرقايسى ئۇيۇشمىلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئويۇن قويۇپ، ياپونغا قارشى تۇرۇپ ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىئانە توپلىدى. نەتىجىدە ھەرقايسى ئۇيۇشمىلاردىن يىغىلغان ئىئانە ـ ياردەم پۇللارغا 10 ئايروپىلان سېتىۋېلىپ، ئۇنى 1939 ـ يىلى ياپونغا قارشى



تۇرۇش باش ئۇيۇشمىغا يەتكۈزۈپ بەردى. بۇنىڭدا ھەرقايسى ئۇيۇشمىلار ئاكتىپ ئاۋاز قوشقانىدى. مانا شۇنداق ھەرىكەتلەر شۇ چاغدا ئاممىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن تەربىيىلىدى. شۇ چاغدىكى سانايىنەپىسەدىكى سەنئەتچىلەر گەرچە ئاز ساندا بولسىمۇ، ئەمما يۇقىرىقىدەك مۇھىم ھەرىكەتلەرگە پائال قاتنىشىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ۋە ئاممىنى ۋەتەننى سۆيۈش، جاھانگىرلارغا قارشى تۇرۇش، ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ۋە خەلقنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

1941 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئۇيۇشمىلار ئارا يەنە بىر قېتىم مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلگەندە، قەمبەرخانىم تۇغقان يوقلاپ چۆچەككە كېتىپ قالغانىكەن. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشما ئالاھىدە بىر ماشىنا بىلەن ئابلەھەق ھوشۇرنى ئەۋەتىپ، قەمبەرخانىم بىلەن سىڭلىسى گۈلبەھرەمنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ئاچا ـ سىڭىل ئىككىسى سەھنىدە ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىپ ھەممىمىزنى ھەيران قالدۇردى. شۇنداق قىلىپ بىز چوڭ تەييارلىقلار بىلەن مۇسابىقىگە قاتناشتۇق. مەن شۇ چاغدا ئۈچ ئۇيۇشمىنىڭ ناخشا ۋە مۇزىكىسىغا قاتناشتىم. قەمبەرخانىم، گۈلبەھرەملەر قاتناشقان شۇ قېتىملىق مۇسابىقىدە مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بىرىنچىلىكنى ئالدى. شۇندىن تارتىپ قەمبەرخانىم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق سەنئەتچىسى بولۇپ قالدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمۇ ئۈچقاندەك راۋاج تاپتى. ئىلگىرىكىدەك ئاياللار سەھنىگە چىقماسلىقتەك كونا رامكىنى بۇزۇپ تاشلاپ،

سەھنىگە ئاياللار كۆپلەپ چىقىشقا باشلىدى، مۇسابىقىلەرمۇ داۋاملىق بولۇپ تۇرىدىغان بولدى. 1947 ـ يىلغا كەلگەندە رەئىس جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئەيسالارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ھال سوراش ئۆمىكى ئەۋەتمەكچى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەر ۋە قاغىلىق قاتارلىق يەرلەردىن بىر تۈركۈم ئارتىس، ئارتىسكىلارنى تاللاپ ئەكىلىپ، ئۈرۈمچىدىكى سەنئەتچىلەر بىلەن بىرلەشتۈرگەن ئاساستا ئۆلكىلىك تەشۋىقات ھەيئىتى قارمىقىدا 60 كىشىلىك بىر سەنئەت ئۆمىكى تەشكىل قىلىندى. بۇ ئۆمەك ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ھال سوراش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىقلارنى قىلىشقا باشلىدى. بۇلارغا كىيىم ئۈچۈن شاڭخەي، شياڭگاڭ بازارلىرىدىن نەپىس رەختلەرنى تاللاپ كېلىپ سەنئەتچىلەر كىيىمىنى تىكتۈردى. ئارتىس، ئارتىسكىلارغىمۇ كاستۇم، شالۋۇر، پەلتۇلارنى تىكتۈردى. شۇنىڭ بىلەن سەنئەتچىلەرنىڭ سەھنە كىيىملىرى دېگەندەك چىرايلىق ھەم تولۇق بولدى. تەييارلىقلىرىمىز پۈتكەندىن كېيىن ھال سوراش ئۆمىكى دېگەن نام بىلەن جاڭ جىجۇڭ بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىپ، كونكرېت ئىشلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن مەمەت ئىمىن توختايوفنى بەلگىلىدى. بۇ چاغدا ئەيسابەگنىڭ ئايالى پاتىمە خانىم ئۆمەك بىلەن مەنمۇ بارىمەن دېگەندى، ئەيسابەگ ئۇنىمىدى. ماڭار چېغىمىزدا ئەيسابەگ ئۇزىتىش نۇتقى سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «بىز شىنجاڭدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ھال سوراش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى خەنزۇلارغا تونۇشتۇرۇش ۋە سىلەرنى خەنزۇلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى بىلەن تونۇشتۇرۇپ، مەدەنىيەت، سەنئەت ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن



سىلەرنى تەشكىللەپ ئەۋەتمەكچى بولدۇق. سىلەر بۇرۇن ئۇ يەرلەرنى كۆرمىگەن، ئۇلارمۇ سىلەرنى كۆرمىگەن، تۇنجى قېتىم كېتىپ بارىسىلەر. سىلەر شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىغا ۋاكالىتەن ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى تونۇشتۇرۇش ۋە جۇڭگونىڭ قىسمەن شەھەرلىرىنى، خەلقىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بارىسىلەر. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن سىلەر دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى، بارغانلا يەردە ھەربىر ئادەم ئۆزىنى ئوبدان تۇتۇش، بولۇپمۇ ئەدەب ئەخلاققا دىققەت قىلىپ، يامان تەسىر بېرىشتىن ساقلىنىش لازىم. ھەر جەھەتتە ياخشى تەسىر كۆرسىتىپ، قايتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن......».

1947 ـ يىلى 10 ئاي ئاخىرلىرىدا بىز ئۈرۈمچىدىن مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئۇچۇپ، لەنجۇدا بىر كېچە قوندۇق. ئەتىسى شۇ چاغدىكى مەركىزىي شەھەر نەنجىڭگە يېتىپ باردۇق. بىزگە ئۇ يەردە غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمە مۇدىرى جاڭ جىجۇڭ بىۋاستە رەھبەرلىك قىلدى. بىزنى نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق مەركىزىي ئىدارىلەر، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ۋە خەلق ئاممىسى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، تەييارلانغان مېھمانخانىلارغا ئورۇنلاشتۇردى. بىز بىرقانچە كۈن ئارام ئالدۇق. بۇ جەرياندا مۇخبىرلار كېلىپ، بىزنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشتىكى مەقسىتىمىز ۋە قاچانغىچە تۇرۇپ، قانچە ۋاقىت ئويۇن قويۇشىمىزنى سوراپ، كۈندىلىكنى كۈندە گېزىتكە خەۋەر قىلىپ تۇردى. بىز ئۇ يەردە بىر تەرەپتىن خەلققە ئويۇن قويۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىدارە، جەمئىيەت، فابرىكىلارنى، مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق ۋە كۆپ تەسىراتلارغا ئىگە بولدۇق. بىر كۈنى نەنجىڭدە چوڭ كۇلۇبتا ئويۇن قويغاندا جىياڭ جيېشى

كېلىپ ئويۇنىمىزنى كۆردى. ئۇيۇن مەزمۇنىنى بۇرھان ئەپەندى ئۇنىڭغا تەرجىمە قىلىپ بېرىۋاتاتتى. مەن بۇنى سەھنىدە ناخشا ئېيتىپ تۇرۇپ كۆردۈم. ئۇ بىرەر سائەت كۆرە - كۆرمەيلا كېتىپ قالدى. بىز قالغان تاماشىبىنلارغا ئويۇنىمىزنى قويۇۋەردۇق. بىزلەر تۇنجى قېتىم ئىچكىرىگە بېرىپ ئويۇن قويغان ئۇيغۇرلار بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، خەنزۇ خەلقى بىزنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇلار قىزىققان ھالدا بىز بىلەن سۆھبەتلەشتى، بىزنى سىلەر چەت ئەللىكمۇ؟ دەپ سورايتتى. بىز ئۇلارغا جۇڭگولۇق، شىنجاڭلىق دېسەك، شىنجاڭ دېگەن نەدە؟ سىلەر قايسى مىللەت؟ دەپ سوراپ كەتتى. ئۇ چاغلاردا بېرىش - كېلىش ئىشلىرى يوق دېيەرلىك بولغاچقا، مىللەتلەر ئارا چۈشەنچىلەر ئەنە شۇنداق ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئىدى. ئويۇن قويۇشنى باشلاپ ئاۋۋال ئىدارە، جەمئىيەتلەرگە، ئاندىن ئاممىغا ئويۇن قويدۇق. بېلەتلەر باس - باس بولغاچقا كوچىغا چىقساق بېلەت بەرسەڭلار دەپ ماڭغۇزمايتتى. بىزنىڭ كونسېرتلىرىمىز قىزغىن قارشى ئېلىنىپ، كېچە - كۈندۈز ئويۇن قويۇپ تۇرساقمۇ يەنە خەلق ئاممىسى ئۈستى - ئۈستىگە تەلەپ قىلىپ تۇردى. سەھنىدە ھەربىر نومۇرىمىزغا قىزغىن چاۋاك چېلىنىپ، زاللارنى تىترىتىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ بىر ئايدىن ئارتۇق تۇرۇپ ئويۇنىمىزنى ئاياغلاشتۇرۇپ شاڭخەيگە كەتتۇق. شاڭخەيدىمۇ شۇنداق ياخشى قارشى ئېلىندۇق، ئۇ يەردىمۇ بىر تەرەپتىن ئويۇن قويۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. شاڭخەيدە قىلغان ئېكسكۇرسىيىمىز ئۈزۈنراق بولدى. چۈنكى شاڭخەي شۇ زامانلاردىلا مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ، بىزگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. بىزنىڭ



سەنئەت نومۇرلىرىمىزمۇ ئۇلارغا ياخشى تەسىر بەردى. بىز شاڭخەيدە ئۈچ ئايدىن ئارتۇق تۇردۇق. بۇ جەرياندا كىنو فىلىمى ئالدۇق ۋە پىلاستىنكا ئالدۇردۇق. ئارىلىقتا ۋاقىت چىقىرىپ خاڭجۇغا بېرىپ كەلدۇق. خاڭجۇ دۆلىتىمىز بويىچە ئەڭ گۈزەل شەھەرلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، ناھايىتى ياخشى يەر ئىكەن. ئۇ يەردىمۇ ياخشى قارشى ئېلىنىپ، ئويۇن قويۇپ بەردۇق. خاڭجۇنىڭ سانائەت بۇيۇملىرى بىزنى بەك قىزىقتۇردى. ئۇ يەردە ئېسىل تاۋار، دۇخاۋا زاۋۇتلىرى بار ئىكەن. ئۇ زاۋۇتلارنى بىر - بىرلەپ زىيارەت قىلدۇق، ئالىي مەكتەپلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. خاڭجۇنىڭ پۇراقلىق ياغاچ ماتېرىياللىرى، پۇراقلىق يەلپۈگۈچلىرى، كۈنلۈكلىرى بەك ئېسىل ئىكەن. ئاتاقلىق چاي زاۋۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق ۋە ئاتاقلىق چايلىرىنى ئىچتۇق. ئۇ چايلار دۆلىتىمىز بويىچە ئەڭ ئېسىل چايلار ئىكەن. نەگە بارساق شۇ يەرنىڭ يەرلىك ماللىرىدىن بىزگە سوۋغات تەقدىم قىلدى. ئۇ يەردىن قايتىپ شاڭخەيدە يەنە ئويۇن قويدۇق ۋە ئۇ يەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچراشتۇق. مەشھۇر سەنئەتچىلەردىن مېي لەنفاڭ، كىنو ئارتىسكىسى بەي ياڭلار بىلەنمۇ كۆرۈشتۇق. ئۇلار بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇردۇق. بىر كۈنى مېي لەنفاڭ ئۆيۈم كىچىك دەپ قەمبەرخانىم باشلىق سەككىز كىشىنى ئۆيىگە چايغا تەكلىپ قىلىپتۇ. چاي ئۈستىدە كەڭتاشا پىكىرلەشتۇق. مېي لەنفاڭنىڭ بىر ئوغلى، بىر قىزى بولۇپ، قىزى ئەرەنچە ناخشا، ئوغلى ئايالچە ياسىنىپ، ئايالچە ناخشا ئېيتىپ رول ئالىدىكەن. ئۇلارنىڭ ماھارىتى بىزنى خېلىلا ھەيران قالدۇردى. بىز يەنە شۇ چاغدىكى كىنولارنىڭ مەشھۇر

ئارتىس، ئارتىسكىلىرى بىلەنمۇ كۆرۈشتۇق. كەسپداشلار بىر ـ بىرىنى كۆرگەندە ناھايىتى ھاياجانلىنىدىكەن. ئۇلار بىلەنمۇ دوستلۇق كەيپىياتتا ئۆتتۇق. مەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ زېمىنىدا ياشاۋاتقان خەنزۇ خەلقىنىڭ چىگرا رايونىدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرگە بولغان قىزغىن مۇئامىلىسى ۋە سەمىمى دوسلۇقىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندىم. شاڭخەيدە يەنە بىر قىسىم تاتارلار بار ئىكەن. ئۇلار بىلەنمۇ كۆرۈشتۇق. ئۇلارمۇ بىزنى قىزغىن قارشى ئېلىپ ئوبدان كۈتۈۋالدى. شاڭخەيدىكى ئىشلىرىمىز ئاياغلاشقاندىن كېيىن تەيۋەنگە بارماقچى بولدۇق. بۇ چاغدا ئۈرۈمچىدىن خەۋەر كەلدى. تەيۋەنگە بېرىشتا تەشكىلنى ئىخچاملاپ ئادەم سانىنى ئازايتىپ، يارامىلىق ئادەملەردىن 30 كىشى بارماقچى بولدى. قالغانلارنى پاتىمخان باشلاپ ئۈرۈمچىگە قايتماقچى بولدى. بىز تاللانغان 30 ئادەم شاڭخەيدىن مەخسۇس پاراخوت بىلەن تەيۋەنگە ماڭدۇق. بىر يېرىم سوتكا مېڭىپ ئۇلۇغ ئوكياننى يېرىپ دېڭىز شاۋقۇنلىرىنى تاماشا قىلىپ، تەيۋەننىڭ مەركىزىي شەھىرى تەيبېيگە يېتىپ باردۇق. ئۇ يەردىمۇ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ۋە خەلق ئاممىسى پورتقا چىقىپ بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. تەيبېينىڭ ئالىي مېھمانخانىلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى. تەيۋەن ئەڭ گۈزەل جاي بولۇپ، ئۇرۇش جەريانىدىكى قىسمەن خارابىزارلىقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شەھەر قۇرۇلۇشلىرى ئازادە ئىكەن. تەيۋەننىڭ يەرلىك تىلىنى بىر تەرجىمان خەنزۇچە، ئۇيغۇرچىغا (بىزنىڭ مەخسۇس تەرجىمانىمىز) تەرجىمە قىلدى. 50 يىل ياپونىيە ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرغان تەيۋەننىڭ تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ياپونچە بولۇپ كەتكەنىكەن. ئۆيگە كىرىشتە كەشىنى سېلىپ



كىرىش، پاكار جوزىدا تاماق يېيىشتەك ئادەتلىرى ساقلىنىپ قالغانىكەن. بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئادەتلىرىگە ماسلىشىپ يۈردۇق. تەيۋەن سانائەت رايونى بولۇپ، يەر بايلىقىمۇ مول ئىكەن. ئۇ يەردە مەرۋايىت كانى بولۇپ، بازارلاردا تۈرلۈك مەرۋايىتلار سېتىلىدىكەن. شۇنىڭدەك ئېسىل سەدەپ سايمانلار، زىننەت بۇيۇملىرى شۇ يەرنىڭ دەريالىرىدىن چىقىدىكەن. ئۇ مەرۋايىت، سەدەپلەرنىڭ ئېسىللىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەردە شېكەر قومۇچى، چاي، سوپۇن، يۇزماي، رەخت زاۋۇتلىرى بار ئىكەن. ئۇلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. پەمىل چايلىرى بەك ئېسىل پۇراقلىق بولىدىكەن. تەيبېيدە بىرقانچە ۋاقىت ئويۇن قويۇپ، ئېكىسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن تەيجوڭ شەھىرىگە بېرىپ ئويۇن قويدۇق. ئۇ يەردىمۇ بىزنى بەك قارشى ئالدى. ئايدىڭكۆل دەپ ئاتالغان ئەينى زاماندىكى ياپونلار ياسىغان مەشھۇر كۆلنى ساياھەت قىلىش ئۈچۈن، بىر كۈن ئاپتوبۇس بىلەن باردۇق. ئۇ يەردە ماتورلۇق كېمە بىلەن كۆلنى ئايلاندۇرۇپ ساياھەت قىلدۇردى. كۆلنىڭ تۆت تەرىپى قويۇق ئورمانلىق بولۇپ، مەنزىرىسى بەكمۇ چىرايلىق ئىدى. مايمۇن، تېيىن شاختىن ـ شاخقا سەكرەپ يۈرگەن، تۈرلۈك قۇشلار سايراپ تۇرغان. ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسىنى، مەنزىرىلىرىنىڭ گۈزەللىكىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. ئاخىرىدا كۆلنىڭ ئۇ چېتىدە ياۋايى ئادەملەر بار، شۇ يەرگە ئاپىرايلى دېدى. بۇنى ئاڭلاپ بىز قانداق ياۋايى ئادەملەردۇر، دېگەن خىياللار بىلەن باردۇق. قارىساق ئۇلار ھېچبىر ياۋايى ئەمەس، بىزگە ئوخشاشلا ئادەملەر ئىكەن. قىزلار، ئاياللار، ئەرلەر بىزگە ئوخشاش ئىكەن. ئۇلار شۇ يەرنىڭ يەرلىك خەلقى

بولۇپ، گاۋشەنزۇ دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇلار ئايدىڭكۆل ياقىسىدا ئۇۋچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرۈپ كەلگەچكە، شەھەردىكىلەر ئۇلارنى ياۋايى دەپ ئاتىشىدىكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇلار يەرلىك كەمبەغەللەر بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىيىم - كېچەكلىرى بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىنىدىكەن. باشلىرىغا قۇش قاناتلىرىنى قىستۇرۇۋالىدىكەن، ئاياللىرى بويۇنلىرىغا ھەر خىل مارجانلارنى ئېسىۋالىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا تىلى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ تىلىنى تەيۋەنلىكلەر تىلىغا، تەيۋەن تىلىدىن خەنزۇچىغا، خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئۇلارغىمۇ ئويۇن قويۇپ بەردۇق. ئۇلار بىزگە ئويۇن قويۇپ بەردى. بامبۇك قومۇشتىن كېسىپ تەييارلانغان مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى يەرگە ئۇرۇش ئارقىلىق پەيدا قىلغان مۇزىكا سادالىرىغا كەلتۈرۈپ، بىر تاشنى دائىرە قىلىپ چۆگىلەپ ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ بەردى. ساياھىتىمىزنى تۈگىتىپ يەنە تەيبېيگە قايتىپ كەلدۇق ۋە مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. بىرقانچە كۈن ئويۇن قويۇپ كۆپ تەسىراتلارنى ئېلىپ، يەنە مەخسۇس چوڭ پاراخوت بىلەن شاڭخەيگە قايتىپ كەلدۇق.

نەنجىن، شاڭخەي، خاڭجۇ، تەيۋەن قاتارلىق شەھەرلەردە ئالتە ئاي دېگەندەك ساياھەت قىلىپ، ناھايىتى كۆپ جايلارنى ۋە خىلمۇ خىل كىشىلەرنى كۆرۈپ ناھايىتى تەسىرلەندىم.

بىز ئالتە ئاي جەرياندا يۇقىرىقىدەك تەسىراتلاردىن باشقا، ۋەتىنىمىزنىڭ قانچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىنى، خەلقى جىق، بايلىقى نۇرغۇن ئىكەنلىكىنى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىمۇ يامان ئەمەس بىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈمىز بىلەن كۆردۇق.



شۇندىن كېيىن ۋەتەنگە بولغان مېھرى - مۇھەببىتىم ئېشىپ، ۋەتەن ھەققىدە ئوبدان تونۇشلارغا ئىگە بولدۇم.

1948 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ساياھىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدۇق.

# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى توغرىسىدا

## سۇلايمان ئابدۇرېھىم

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن تارىخي تەرەققىيات جەريانىدا تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ۋە ئۇنى ئۈزۈلكىسىز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېڭىلاپ تۇرغان. بۇنداق ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇلارنى تۆۋەندە قىسقىچە تونۇشتۇرىمەن.

### ئوغلاق تارتىش

ئوغلاق تارتىش — كىشىلەردىن ئىنتايىن ماھىرلىق، چاققانلىقنى ھەمدە ھېچنېمىدىن قورقماي قارشى تەرەپنى يېڭىشكە ئىنتىلىدىغان روھ، قەيسەر ئىرادە بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر خىل چەۋەندازلىق ئويۇنى. ئۇيغۇرلاردا ئوغلاق تارتىش تارىخى ئۇزۇن ھەم كىشىلەر ياخشى كۆرۈپ ئوينايدىغان ئويۇنلارنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار ئىپتىدائىي چارۋىچىلىق ھاياتىدىن باشلاپلا ئوغلاق تارتىشنى بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنى



سۈپىتىدە مەيدانغا كەلتۈرگەن. ئوغلاق تارتىشتا، ئادەمدىن تاشقىرى، ئۆگىتىلگەن يۈگۈرۈك ئات بولۇشى، شۇنداقلا ئوغلاقچى چەۋەندازغا «ھە ـ ھۇ» دېيىشىپ بېرىدىغان بىر قانچە دوستلىرى بولۇشى لازىم. ئوغلاق تارتىش پائالىيىتى كۆپ ھاللاردا كۈز ۋە قىش كۈنلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئەتىياز ۋە ياز كۈنلىرى ھاۋا ئىسسىق، دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش ۋاقتى بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ چولىسى تەگمەيدۇ. شۇڭا كۈز ۋە قىش ۋاقتى ھاۋا سوغۇقراق، ئاتلار سېمىز بولغاچقا، ئوغلاق تارتىشنى ياخشى شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

تۈنجى نۆۋەت ئوينىلىدىغان ئوغلاق ئىككى خىل ئۇسۇلدا مەيدانغا كەلتۈرۈلىدۇ: بىرىنچىسى، مەلۇم ئائىلىدە توي بولغاندا يىگىت تەرەپ (مۇشۇنداق قىلىشقا قۇدرىتى يېتىدىغانلار) بىر دانە ئوغلاقنى جامائەتكە تاشلاپ بېرىدۇ (ئازادلىقتىن بۇرۇن تويدا ئوغلاق تارتىش بىر خىل ئادەتكە ئايلانغان)، جامائەت تاشلاپ بېرىلگەن ئوغلاقنى ئويناپ بولۇپ، كەچ بولغاندا مەسلىھەتلىشىپ، شۇ ئوغلاقنى مەلۇم بىر ئائىلىگە ئېلىپ بېرىپ تاشلايدۇ. ئوغلاقنى قوبۇل قىلىپ ئالغۇچى شۇ ئاخشىمى مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ ئوغلاقچى چەۋەندازلارنى كۈتۈۋالىدۇ. ئوغلاقچى چەۋەندازلار تەلەپ قىلغان چاغدا يەنە بىر دانە ئوغلاقنى چىقىرىپ بېرىدۇ، بۇ، ئوغلاق تارتىش دەسمايىسى قىلىنىدۇ. بۇ ئوغلاقنى كىمنىڭ ئېتى يۈگۈرۈك، ئۆزى ماھىر بولسا، كەچ بولغاندا شۇ كىشى ئېلىپ قېچىپ كېتىدۇ. ئىككىنچىسى، كۈزنىڭ ئوغلاق تارتىش ۋاقتى كەلگەن كۈنلەردە، كۆپچىلىك بىر ئازدىن پۇل چىقىرىپ بىر ئوغلاق سېتىۋالىدۇ ۋە بۇنى دەسمايە قىلىپ تۇرۇپ ئوغلاق تارتىدۇ. بۇنداق ئوغلاقنى

ئىختىيارىچە ئېلىپ قېچىپ كېتىشكە بولمايدۇ، ئەگەردە كىم ئېلىپ قېچىپ كەتسە، ئورنىغا بىر دانا ئوغلاق تەييارلايدۇ. ناۋادا شۇ كۈنكى ئوغلاق تارتىش ئاياغلىشىپ قالغاندا، ئوغلاقنى ئۆيگە ئېلىپ قېچىپ كېتىپ يىگۈچىلەر چىقسا (ئوغلاق ئېلىپ قاچقۇچى ئۆيگە بارغىچە باشقىلارنى چوقۇم ئۆزىگە يېتىشتۈرمەسلىكى، ئوغلاقنى تارتقۇزۇپ قويماسلىقى ۋە كېچىسى مەشرەپ قىلىپ بېرىشى كېرەك). بىرقانچە ئوغلاقچى چەۋەنداز بىرلىشىپ، بىر ئوغلاقنى مەلۇم بىر ئائىلىگە تاشلايدۇ. ئوغلاقنى قوبۇل قىلىپ ئالغۇچى بۇ ئىشنى ئۆزىگە قىلىنغان ھۆرمەت دەپ چۈشىنىدۇ ۋە شۇ ئاخشىمى مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ، ئوغلاقچى چەۋەندازلارنى كۈتۈۋالىدۇ. مۇشۇ ئائىلە كېيىنكى نۆۋەتتىكى ئوغلاق تارتىشقا يەنە بىر دانە ئوغلاق تەييارلاپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئوغلاق تارتىش دەسمايىسى تۈگىمەيدۇ.

ئوغلاق تارتىش مەزگىلى كەلگەندە، ئوغلاقچى چەۋەندازلار يۇرت ـ جامائەت ئىچىدە ئىناۋىتى بار، ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتمەيدىغان بىر ماھىر ئوغلاقچى چەۋەندازنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ سايلايدۇ، پۈتۈن يىللىق ئوغلاق تارتىش پائالىيىتى شۇ كىشىنىڭ باشقۇرۇشىدا تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بەرسە، ئاشۇ كىشى ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ، بەزى قەستەن جېدەل چىقارغان، باشقىلارنى بوزەك ئەتكەن، ئامىمىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالغان، ئويۇننى بۇزغان كىشىلەر كۆپچىلىك تەرىپىدىن ئەيىبلىنىدۇ.

ئوغلاق تارتىش ئويۇنى باشلىنىدىغان كۈنى ئوغلاقچى چەۋەندازلار ۋە تاماشا كۆرگۈچىلەر سائەت ئونلاردا يىغىلىشقا



باشلايدۇ. ئوغلاقچى چەۋەندازلار بىرەر ـ ئىككى سائەت ئاتلارنى يېتىلەپ ئارام ئالدۇرىدۇ، ئاندىن سائەت 11 ـ 12 لەردە ئوغلاق تارتىش باشلىنىپ، چۈشتىن كېيىنكى سائەت ئۈچ ـ تۆتلەرگىچە داۋام قىلىدۇ. ئوغلاق تارتىش باشلىنىشتىن بۇرۇن، ئوغلاقچى چەۋەندازلارنىڭ باشلىقى شۇ كۈنى ئويىنىلىدىغان ئوغلاقنىڭ بېشىنى، تۆت پۇتىنى كېسىپ، ئىچ ـ قارنىنى ئېلىۋېتىپ، قورساقنىڭ يېرىلغان جايىنى يىپ بىلەن پىششىق تىكىپ مەيدانغا ھازىر قىلىدۇ. ئوغلاقنى تۆت ـ بەش سائەت ئويناپ، ئادەملەر چارچاپ، ئاتلار ھارغاندىن كېيىن، ئوغلاقچى چەۋەندازلارنىڭ باشلىقى تاماشا كۆرگۈچىلەردىن تارقىلىپ كېتىش ھەققىدە رۇخسەت سورايدۇ. تاماشا كۆرگۈچى خالايىق رازى بولغاندىن كېيىن، ئوغلاقچىلار باشلىقى: «ئوغلاقنى كىم ئېلىپ كەتسە رۇخسەت!» دەپ جاكارلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەيداندىكى ئوغلاقچىلار پۈتۈن ماھارەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئېلىشىدۇ. بەزى چاغلاردا بۇنداق ئېلىشىش خېلى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ، ئەڭ ئاخىردا بىرەرسى ئوغلاقنى ئېلىپ قاچىدۇ، باشقىلار ئۇنى ئۆيىگە بارغىچە قوغلايدۇ. پەقەت ئۆيىگە بارغىچە باشقىلارنى ئۆزىگە يېتىشتۈرمىگەن كىشىلا ئوغلاق گۆشىنى يېيەلەيدۇ. ئەگەردە ئېلىپ قاچىدىغان ئادەم چىقمىسا، بىرقانچە چەۋەنداز بىرلىشىپ، ئوغلاقنى بىرەر ئائىلىگە تاشلايدۇ. ئوغلاقنى قوبۇل قىلىپ ئالغان ئائىلە ئوغلاقچى چەۋەندازلارنىڭ ئۆزىگە قىلغان بۇ ھۆرمىتى ئۈچۈن كېچىسى مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ، چەۋەندازلارنى كۈتۈۋالىدۇ ۋە كېيىنكى نۆۋەتكە بىر دانە ئوغلاق تەييارلاپ قويىدۇ. ئوغلاق تارتىشىدىغان كۈنلەردە بەيگە مەيدانىغا يەل ـ يېمىش ساتىدىغان باققاللار، ھەر خىل تاماق ۋە سامسا، گۆش

گىرده ساتىدىغان ئاشپەز، ناۋايلار، تونۇر كاۋاپچىلىرى يىغىلىپ سودا قىلىپ، سورۇننى تېخىمۇ قىزىتىدۇ.

## بارات كېچىسىدىكى پائالىيەتلەر

بارات كېچىسى — ئىسلام دىنىدا ئەنئەنىۋى پائالىيەت كېچىسى بولۇپ، ھىجرىيە يىلى ھېسابىدا ھەر يىل شەئبانىنىڭ[1] 15 ـ كۈنى (رامىزاندىن 15 كۈن بۇرۇن) رامزاننى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان كىچىك تىپتىكى بىر دىنىي پائالىيەت. بۇ كۈنى كۈندۈزى ئائىلىلەردە ياغ پۇرۇتۇپ، قۇيماق سېلىپ، قۇلۇم ـ قوشنىلارنى چاقىرىپ ئايەت ئوقۇتۇلىدۇ ۋە داستىخان كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىققا چىقىپ، ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قەبرىسىنى يوقلايدۇ. ياشانغانلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار كېچىسى يىغىلىپ، يۇرتقا تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك، تۇرمۇشقا بەرىكەت، ئىشلەپچىقىرىشقا مول ھوسۇل تىلەپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدۇ. ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر بولسا توپ ـ توپ بولۇپ مەشئەل ياندۇرۇش، چوماق (چاۋگەن) توپ، چېلىشىش قاتارلىق ئويۇنلارنى ئوينايدۇ. بەزى چاغلاردا بۇنداق ئويۇنلار تاڭ ئاتقۇچە داۋام قىلىدۇ.

مەشئەل ياندۇرۇش: مەشئەل ياندۇرۇش يەرلىك تىلدا «قاپاق كۆيدۈرۈش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا كىشىلەر سۇ مايىنى قاپاققا قاچىلايتتى. چۈنكى، قاپاق ئەرزان، ماي

① شەئبان — ھىجرىيە يىل ھېسابىدا 8 ـ ئاي بولۇپ، «بارات ئېيى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.



سېزىپ كەتمەيدىغان، ئىشلىتىشكە ئەپلىك بولغاچقا، قاپاقنىڭ ئاغزىنى ھەرىدەپ ئېچىپ، ئاۋۋال ئۇنىڭ ئىچىگە سۇ قاچىلاپ، ئاچچىق تەمىنى چىقىرىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قەۋەت يۇمشاق پوستى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىچىگە ماي قاچىلىنىدۇ (سۇ مېيى بولسىمۇ، قوي يېغى بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ). بارات كېچىسى شۇنداق ياغدا پىشقان قاپاقتىن بىرنى تېپىپ، ئۇزۇن بىر خادىنىڭ ئۇچىغا باغلايدۇ، ئۇنى مەھەللىدىكى ئېگىزرەك بىر جايغا، مۇمكىن بولسا دۆڭگە ئېلىپ چىقىپ ئوت ياقىدۇ، ئوت خېلى ئۇزاق كۆيىدۇ. دەسلەپتە يىغىلغانلار:

بارات بولدى تۇيدۇڭلارمۇ؟
ياغلىق قۇيماققا تويدۇڭلارمۇ؟
«بارات بولدى» دەپ سۆيۈنمەڭلار،
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن روزى خوجىسى بار.

دەپ ۋارقىرىشىدۇ. ئەتراپتىكىلەر يىغىلغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاۋۋال چوماق (چاۋگەن) توپ ئوينىلىدۇ.

چوماق توپ: ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوماق توپ ((خەلقئارادا «چاۋگەن» توپ دېيىلىدۇ) نىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشتىن بۇرۇنلا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى چوماق توپ ئوينىغان. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، قەدىمدە «يىپەك يولى» سودىسى بىلەن شوغۇللانغان شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ سودىگەرلىرى شىنجاڭغا كەلگەندە، كىشىلەرنىڭ كەڭرى مەيدانلاردا ئاتلىق ياكى پىيادە

چوماق توپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. بۇ ئىش شەرقىي رىملىقلارغا ناھايىتى ياققان. شۇنىڭ بىلەن، چوماق توپنى ئۇزۇن يىللار ئۆگىنىش، سىناق قىلىش، ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق خەلقئارادا بىر خىل تەنتەربىيە ھەرىكىتىگە ئايلانغان ۋە پات - پات ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان مۇسابىقە تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن. بۇ پائالىيەت يېقىنقى زامانلاردا خەلقئارا تەنھەرىكەت تۈرى جەدۋىلىدە «چاۋگەن توپ» دەپ نام ئالدى، شۇنداقلا خەلقئار «چاۋگەن توپ» مۇسابىقىسى 1990 - يىلى بېيجىڭدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئوينالدى.

چوماق توپ قۇرۇلۇش جەھەتتىن پۇتبولغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ مەيدانى تەخمىنەن 50×80 ياكى 60×100 قا تەك (ئۇزۇنلۇقى 80—100 مېتىر، كەڭلىكى 50—60 مېتىر) بولىدۇ. مەيداننىڭ ئىككى بېشىدا پۇتبولنىڭكىدەك ۋارتاسى بولىدۇ. ھەربىر گۇرۇپپىدىن بىردىن ئادەم قارشى تەرەپنىڭ ۋارتاسىنى ساقلايدۇ، قايسى تەرەپ ۋارتاغا كۆپ توپ كىرگۈزسە، شۇ تەرەپ ئۇتقان بولىدۇ. بارات ئاخشىمىدىن بۇرۇنلا چوماق توپ قاتارلىقلار تەييارلىنىدۇ، چوماق - ئۇجمە، ئۆرۈك، جىگدە قاتارلىق قاتتىقراق دەرەخلەرنىڭ ئەگرى شاخلىرىدىن كېسىۋېلىنىدۇ، چوماق مۇمكىنقەدەر مۇۋاپىق بولغىنى ياخشى، چۈنكى، بەك تۈز ياكى بەك ئەگرى بولۇپ كەتسە، تۇتۇشقا ئەپسىز بولىدۇ. ئوينىلىدىغان توپنىڭ چوڭلۇقى قوش مۇشتەك بولىدۇ. ئاۋۋال تۇخۇمدەك چوڭلۇقتىكى كىگىز (ياكى پاختا) نى يۇمىلاقلىۋالغاندىن كېيىن، ئىگىرىلگەن پاختا يىپتا يۆگەپ چوڭايتىلىدۇ (يىپ ھەممە تەرىپىگە تەكشى



يۆگىلىشى كېرەك). يىپ يۆگىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىر سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى يىڭى، پىششىق رەخت بىلەن توپنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئىككى چەمبەر قىلىپ كېسىشتۇرۇلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا بىر دانە تاۋۇزنى تۆت پارچە قىلغاندەك توپتوغرا تۆت بۆلەك ھاسىل بولىدۇ. بۇ، بۆلەكلەر قوپالراق بولسىمۇ، ناھايىتى پىششىق يىپ بىلەن پۇختا تىكىپ كەشتىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن توپ تەييار بولىدۇ. بۇ توپنى ئويناش ئۇسۇلى مۇنداق:

بارات ئاخشىمى مەشئەل ياندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر بىرەر ئەپلىك مەيداننى تاللايدۇ. ھەممەيلەن بىرلىشىپ مەيداننى ئۆلچەپ سىزىپ چىقىدۇ. ئىككى باشقا ۋارتا (دەرۋازا) تەييارلايدۇ. ۋارتانىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن تۆت مېتىر كەڭلىك ئۆلچىنىپ، يەر يۇمشاق بولسا، ئىككى تەرەپكە بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قوزۇق قېقىلىدۇ. ئەگەردە يەر قاتتىق بولسا، ھەربىر ۋارتانىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى چېلەكتىن تۆت چېلەك توپا تۆكۈپ ئۇستىگە تىكلەپ قويۇلىدۇ. ھەربىر ۋارتانىڭ ئالدىدا ۋارتانى توسىدىغان قارشى تەرەپنىڭ بىردىن ئادىمى تۇرىدۇ.

ھەممە ئىش تەييار بولغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان چوماق توپ ماھىرلىرىدىن ئىككى كىشىنى باشقۇرغۇچى (رېپېر) قىلىپ سايلايدۇ. توپ ئويناشتا ھەممە كىشى سايلانغان ئاشۇ باشقۇرغۇچىغا بويسۇنىدۇ. مۇشۇ باشقۇرغۇچىلارنىڭ تاللىشى بىلەن ئىككى كىشى باشلىشىدۇ[1]. كىم باش بولسا، شۇ كىشى بالدۇر ئادەم تاللايدۇ. شۇنداق

① جۈپمۇ — تاق؟ دەپ بارماق چىقىرىشىدۇ.

قىلىپ، ھەربىر گۇرۇپپىغا كۆپ بولسا ئوندىن، ئاز بولسا ئالتىدىن ئادەم تاللىنىدۇ. ئاساسەن 15 ياشتىن ئاشقان ياشلار ئاساس قىلىنىدۇ. ئادەم ئاز بولۇپ قالغان ئەھۋالدا، 12 ياشتىن ئاشقانلار قاتناشسىمۇ بولىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ ئادىمى تولۇق تاللىنىپ بولغاندىن كېيىن. باشقۇرغۇچى رېپېرلار ئىككى تەرەپنى كېلىشتۇرۇپ، ئويۇننى باشلايدۇ. باشلاش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن گۇرۇپپا ئۆز ۋارتاسىنىڭ ئالدىغا 20 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە تۇپىدىن دۇمچەك ياساپ، توپنى ئۇستىگە قويۇپ، بىر ئادەم ئۇرۇشقا تەييار بولۇپ تۇرىدۇ. قارشى تەرەپمۇ توپنى قايتۇرۇشقا تەييارلىنىپ تۇرىدۇ. شۇ چاغدا رېپېر «باشلاندى» دەپ ۋارقىرايدۇ. توپنى ئۇرغۇچىمۇ «مەرە!» دەپ ۋارقىراپ توپنى ئۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئويۇن باشلىنىدۇ. بۇ ئويۇن خۇددى پۇتبولدەك جىسمانىي كۈچ، غەيرەت - شىجائەت ۋە يۇكسەك ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان ئويۇن بولغاچقا، ھەر ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېلىشىدۇ. ئەڭ ئاخىرى قايسى تەرەپ كۆپ توپ كىرگۈزسە، شۇ تەرەپ ئۇتۇۋالغان بولىدۇ. بۇ ئويۇننىڭ مۇنداق قائىدىلىرى بار:

(1) ھەرقانداق شارائىتتا مەيدان ئىچىدە توپنى تۇتۇشقا بولمايدۇ. مەيدان ئىچىدە توپ تۇتقانلار (ئويناۋاتقاندا) خىلاپلىق قىلغان ھېسابلىنىپ، قارشى تەرەپ توپ باشلايدۇ.

(2) قولنىڭ ۋە جەينەكنىڭ ئاستىغا توپ تەگسە، «ئۆلۈك توپ» ھېسابلىنىپ، قارشى تەرەپ توپ باشلايدۇ.

(3) توپنى پۇت بىلەن تەپسە «ئۆلۈك توپ» ھېسابلىنىپ، توپنى قارشى تەرەپ باشلايدۇ.

(4) چوماقنى ئادەمگە تەگكۈزۈۋەتكەنلەرگە بىرىنچى



قېتىمدا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىدۇ، ئىككىنچى قېتىمدا مەيداندىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ.

(5) قەستەن ئادەم ئۇرغانلار مەيداندىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ. ئۇنىڭغا بويسۇنمىغانلارنى كۆپچىلىك ئەيىبلەيدۇ، شۇ كۈنكى ئويۇنغا قاتناشتۇرۇلمايدۇ.

(6) توپنى مەيداننىڭ سىرتىغا چىقىرىۋەتسە ياكى ۋارتاغا كىرگۈزۈۋەتسە، قارشى تەرەپ توپ باشلايدۇ.

(7) ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ، پىكىر بارلار باشقۇرغۇچى (رېپېرلار) ئارقىلىق ھەل قىلىدۇ ۋە مۇرەسسە قىلىدۇ.

(8) ئويۇن تۆگمەي تۇرۇپ بىر تەرەپ مەيداننى تاشلاپ كېتىشكە بولمايدۇ. كىمكى تاشلاپ كەتسە، شۇ تەرەپ يېڭىلگەن ھېسابلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرى خۇلاسە قىلغاندا، «ئۆلۈك توپ» (پۇت بىلەن تەپكەن) گە يېرىم نومۇر، چوماق تەگكۈزۈۋەتكەنگە بىر نومۇر تارتىپ ھېسابلىنىدۇ. ۋارتاغا بىر توپ كىرگۈزسە بىر نومۇر ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئويۇن بەزى چاغلاردا تاڭ ئاتقۇچە داۋام قىلىدۇ ۋە بەكمۇ كۆڭۈللۈك بولىدۇ.

## چېلىشىش

چېلىشىش ئۇيغۇرلار ئىچىدە ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. قەدىمكى زامانلاردىلا كىشىلەر ھېيت - بايرام كۈنلىرىنى، تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدىغان چوڭ - چوڭ سورۇنلار پالۋانلارنىڭ ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىپ، باتۇرلۇقلىرىنى سىنايدىغان مەيدان بولغان. شۇنداقلا قەدىمكى ۋاقىتلاردا

ھازىرقىدەك تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بولمىغاچقا، چېلىشىش بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ھېسابلىنىپ، زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەتنىڭ كۈلپەتلىرىدىن ئازراق بولسىمۇ كۆڭۈل ئارامى تېپىش، ھەر كۈنى باشقا چۈشىدىغان تۈرلۈك دىشۋارچىلىقلارنى ئۇنتۇش ئۈچۈن، مانا مۇشۇنداق چېلىشىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان.

چېلىشىش ۋاقتىدا كۆپچىلىك سورۇن تۈزۈپ، مەيداننى ئايلىنىپ ئولتۇرىدۇ. پالۋانلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن مەيدانغا چۈشۈپ، ئاۋۋال قول ئېلىشىدۇ، ئارقىدىن بەللىرىگە بەلباغ باغلاپ تۇتۇشىدۇ. ئادەتتە چېلىشىش ئۈچ نۆۋەت بولىدۇ، كىم ئىككى نۆۋەت رەقىبىنى يېڭىپ يىقىتالىسا، شۇ كىشى ئۇتقان (يەڭگەن) بولىدۇ. ئەگەردە يىقىلغۇچى تەرەپ رازى بولمىسا، قايتا تۇتىشىدۇ. دېمەك، بۇ بىر خىل كۈچلۈكلۈك، چاققانلىق، پەم - پاراسەتنى تەلەپ قىلىدىغان يۇقىرى ماھارەتلىك ئويۇن. شۇڭلاشقا، ئۆزىڭىز ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىڭىزمۇ، ئەگەر پەمىڭىز بولمىسا، رەقىبىڭىزنى يىقىتالىشىڭىز ناتايىن. شۇ سەۋەبتىن، چېلىشقۇچى پالۋان چوقۇم كۈچلۈك بولغاندىن تاشقىرى، پەملىك ۋە چاققان بولۇشى، قارشى تەرەپنىڭ ئاجىزلىقلىرىدىن تولۇق پايدىلىنالىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا قارشى تەرەپنى يېڭەلەيدۇ.

## سىزىق توپ ئويناش

سىزىق توپ — بەدەننى چېنىقتۇرۇش، يۈگۈرۈش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان بىر خىل ئويۇن



بولۇپ، چوڭ كىشىلەر ئوينىسىمۇ، كىچىكلەر ئوينىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. لېكىن ئۇ، ئاساسەن 8 ياشتىن 15 ياشقىچە بولغان ئۆسمۈرلەرگە خاس ئويۇن بولۇپ، باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بەكمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئازادلىقتىن بۇرۇنقى كونا مەكتەپلەردە ھازىرقى زاماندىكىدەك ۋالىبول، ۋاسكېتبول، پۇتبول قاتارلىق تەنتەربىيە قوراللىرى بولمىغاچقا، دەرس ئارىلىقىدىكى تەنەپپۇس ۋاقىتلىرىدا، ئوقۇغۇچىلار كۆپ ۋاقىتلاردا سىزىق توپ ئوينايتتى. سىزىق توپ ئادەتتە «قاچما توپ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سىزىق توپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: (1) سىزىق توپ؛ (2) كالتەك توپ؛ (3) بەز. بۇ ئۈچ خىل ئويۇن تۆۋەندىكىچە:

**(1) سىزىق توپ:** بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى گۇرۇپپىدىن تەشكىل قىلىنىدۇ. ھەربىر گۇرۇپپىدا ئىككىدىن - ئالتىگىچە ئادەم بولىدۇ. ئوينايدىغان توپنىڭ چوڭلۇقى يالاڭ مۇشتەك بولۇپ، خۇددى چوماق توپقا ئوخشاش پاختا يىپتا يۆگەپ، پىششىق يىپ بىلەن كەشتە تىكىپ ئىشلىنىدۇ. توپ ئوينايدىغان مەيداننىڭ كەڭلىكى 30 × 50 بولىدۇ. 8 — 10 ياشلىق باللار ئۈچۈن مەيدان قىسقىراق بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. بۇنىڭغا رېپىر كەتمەيدۇ. ئىككى تەرەپتىن ئادەم چىقىپ باشلىشىدۇ. قايسى تەرەپ باش بولسا، شۇ تەرەپتىن بىر ئادەم چىقىپ توپنى ئۇرىدۇ. قالغان گۇرۇپپا ئەزالىرى قاچىدىغان ئەگرى سىزىققا بېرىپ تەييار بولۇپ تۇرىدۇ. قارشى تەرەپتىن بىر ئادەم توپ ئۇرغۇچىغا توپ تاشلاپ بېرىدۇ. قالغان گۇرۇپپا ئەزالىرى مەيداندا توپ توسىدۇ. توپ ئۇرۇلۇش بىلەن تەڭ توپ ئۇرغان گۇرۇپپىنىڭ ئەزالىرى قېچىش سىزىقىدىن چىقىپ،

مەيداننىڭ ئاخىرقى سىزىقىدىن ئۆتۈۋېلىشى لازىم. مەيداندا توپ توسىغانلار ئۇرۇلغان توپنى ئېلىپ، قاچقانلارنى توپ بىلەن ئۇرىدۇ. توپنى تەگكۈزەلىسە ئۇتقان بولىدۇ ـ دە، دەرھال قېچىپ بېرىپ، باش تەرەپتىكى سىزىقتا كىرىۋېلىشى لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، توپ تەگكەن تەرەپ توپنى ئېلىپ، قارشى تەرەپ سىزىق ئىچىگە كىرىۋالغىچە، ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنىڭ بىرەرسىنى توپ بىلەن ئۇرۇۋالسا، توپ تەگكۈزگەن تەرەپ ئۇتقان بولىدۇ. شۇڭا، مۇنداق چاغلاردا ئىنتايىن جىددىي ئېلىشىش بولىدۇ.

توپ ئۇرغۇچى توپنى ئالقىنى بىلەن ياكى 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان تارشا (نېپىز تاختاي) بىلەن ئۇرۇشى كېرەك. توپ ئۇرغۇچى توپنى ئىنتايىن ھىيلە بىلەن ئۇرۇپ، ئۆز ئادەملىرىنىڭ قېچىپ ئاخىرقى سىزىقتا بېرىۋېلىشى ئۈچۈن، تولۇق ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشى لازىم. ئەگەر توپنى ئېگىز ئۇرۇۋېتىپ، قارشى تەرەپ تۇتۇۋالسا، ئۇتقۇزغان بولىدۇ ياكى توپنى يانغا قارىتىپ قاتتىق ئۇرۇۋەتسە، توپ يەرگە چۈشمەستىن، يان سىزىقتىن ئۆتۈپ كەتسە ئۇتقۇزغان بولىدۇ. ئۇتقۇزغان تەرەپ ئادەم تەقسىم قىلغاندا، ئاخىرقى سىزىقنىڭ كەينىدە بىر ئادەم قويۇشى كېرەك. بۇ ئادەمنىڭ ۋەزىپىسى كەينىگە ئۆتۈپ كەتكەن توپلارنى ۋاقتىدا يولداشلىرىغا سۇنۇپ بېرىپ، ئۇلارنى پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**(2) كالتەك توپ:** بۇ ئويۇن كۆپ ھاللاردا قىشتا قاتتىق قار ياغقاندا ياكى قاتتىق سوغۇق بولۇپ كېتىپ، كىشىلەر تاشقى كىيىملىرىنى سېلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان چاغلاردا ۋە ياكى مەيدان تار، ئادەم كۆپ بولۇپ قالغان شارائىتتا ئوينىلىدۇ. بۇ



ئويۇن بىر تەرەپتىن ھەر تەرەپكە قول سوزۇپ گىمناستىكا قىلىش ۋە كۆز گىمناستىكىسى قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. ئېغىر كىيىملەرنى كىيگەن سوغۇق كۈنلەردە كىشىلەر بىردەمدە ئىسسىۋالىدۇ. بۇ ئويۇننىڭ ئوينىلىشى مۇنداق: ئىككى ئادەم كېلىشىپ مەيدانغا چۈشىدۇ، بىرى توپ تاشلاپ بېرىدۇ، يەنە بىرى 40 ـ 50 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كالتەك بىلەن توپنى ئۇرىدۇ. ھاۋاغا ئۆرلىگەن توپنى كىم تۇتۇۋالسا، شۇ ئادەم كېلىپ توپ ئۇرىدۇ. توپنى قانداق شەكىلدە تۇتۇۋالسا بولىۋېرىدۇ، ئادەم سانىمۇ چەكلەنمەيدۇ. ئەگەر توپنى تاشلاپ بەرگەندە توپ ئۇرغۇچى كالتەكنى توپقا تەگكۈزەلمىسە، ئۇتقۇزغان بولىدۇ ـ دە، ئۇ، توپ تاشلاپ بېرىدۇ. توپ تاشلاپ بەرگۈچى كالتەك بىلەن ئۇرىدۇ. كىم يەنە توپنى تۇتۇۋالسا شۇ كىشى كېلىپ كالتەك بىلەن توپ ئۇرىدۇ. بۇ ـ شۇ خىلدا داۋاملىشىدىغان ئاممىۋى ئويۇن.

**(3) بەز:** بۇ ئويۇننىڭ ئوينىلىشى مۇنداق:

«بەز» ئويۇنىدا ھەربىر گۇرۇپپىدا 4 ـ 5 دىن ئادەم بولىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسى 30 مېتىرچە بولۇپ، دەل ئوتتۇرىدا «بەز» بولغۇچى تۇرىدۇ، يان تەرىپىدە ئۆلچەم بولمايدۇ. «بەز» ئويۇنىدىمۇ باشقا ئويۇنلارغا ئوخشاش يالاڭ مۇشتەك بىرلا توپ ئىشلىتىلىدۇ. ئىككى تەرەپتە تۇرغۇچىلار ئوتتۇرىدا تۇرغان «بەز» نى شۇ توپ بىلەن سوقىدۇ. «بەز» بولغۇچى چېچەن، چاققان بولۇشى، توپنى ئۆزىگە تەگكۈزمەسلىكى كېرەك. ئەگەر «بەز» بولغۇچى ئۆزىگە قارشى كېلىۋاتقان توپنى تۇتۇۋېلىپ، چاققانلىق بىلەن ئىككى تەرەپتىكىلەردىن بىرەرسىنى سوقۇۋالسا، شۇ توپ تەگكەن كىشى

بەز بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، «بەز» بولغۇچىنىڭ يېگەن تايىقى يوللۇق بولىۋېرىدۇ.

## چاقپەلەك (سارغايدى)

چاقپەلەك (سارغايدى) — ياشلارنى ئۆزىگە تولىمۇ جەلپ قىلىدىغان، ھاۋادا ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، ئەتراپنى تاماشا قىلغىلى بولىدىغان كۆڭۈللۈك ئويۇن. بۇ ئويۇننىڭ ئوينىلىشى مۇنداق:

بىر تال چوڭ ياغاچنىڭ ئىنچىكە ئۇچىنى ھارۋىنىڭ ئوقىدەك ياساپ، كۆتەك ھارۋىسى (ياكى تۆمۈر ھارۋا) نىڭ چاقىنى شۇ ئوققا كىيگۈزىدۇ. چاقنىڭ ئۈستى تەرىپىگە چاقتىن 20 سانتىمېتىر چىقىپ تۇرىدىغان قىلىپ ئىككى ياغاچنى باغلايدۇ، بۇ ياغاچلارنىڭ ئۇچىغا ئىككىدىن تۆت دانە پىششىق يېڭى ئارغامچا باغلايدۇ. چاقنىڭ يەرگە قاراپ تۇرىدىغان تۆۋەنكى يۇزىگە يۇقىرىقىغا ئوخشاش قىلىپ، ئىككى دانە ياغاچنى باغلاپ، بۇ ياغاچلارنىڭ ئۇچىغىمۇ ئوخشاشلا ئىككىدىن تۆت دانە ئارغامچا باغلايدۇ. بۇ ئىشلار تەييار بولغاندىن كېيىن، يەرنى ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولاپ، چاقپەلەكنى يۆلەيدۇ ۋە پۇختا قىلىپ كۆمىدۇ. ھارۋا چاقىنىڭ ئۈستىدىكى ياغاچلارنىڭ ئۇچىغا باغلانغان ئارغامچىلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى بىر جۈپ قىلىپ باغلاپ، ھەر بىرىگە بىردىن كۆپە سېلىپ ئىلاڭگۈچ ياسايدۇ. ھارۋا چاقىنىڭ ئاستىغا باغلىغان ئارغامچىنىڭ ئۇچىغا بىرتال ئۇزۇن ياغاچنىڭ ئىككى ئۇچى باغلىنىپ، بۇ ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسى كىچىك بويۇنتۇرۇق بىلەن ھارۋا چاقىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان چوڭ تۈۋرۈككە چېتىلىدۇ. بۇ تۈۋرۈكنىڭ يەردىن



ئېگىزلىكى 7 ـ 8 مېتىر بولىدۇ. ھېلىقى ئىككى بېشى چىگىلىپ، چوڭ تۈۋرۈككە چېتىلغان يوغان ياغاچنى ئىتتىرىش ئارقىلىق چوڭ چاق ئايلىنىدۇ. چوڭ چاقنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ئارغامچىدا ئولتۇرغان ئادەملەر ھاۋادا ئۇچۇشقا باشلايدۇ. مانا بۇ ئويۇن «چاقپەلەك» ياكى «سارغايدى» دەپ ئاتىلىدۇ.

## لەپپەك ۋە ئىلەڭگۈچ

بۇ بىر خىل ئويۇننىڭ ئىككى خىل كۆرۈنۈشى بولۇپ، قوش كىشىلىكى «لەپپەك»، يالغۇز كىشىلىكى «ئىلەڭگۈچ» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئويۇن ئاساسەن ياش ئاياللار ۋە قىزلارنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنى ھېسابلىنىدۇ. ھەر ئىككىسىنى تۈزلەڭ جايغا ئورۇنلاشتۇرسا ئۈچ تال ياغاچ كېتىدۇ. ئىككى ياغاچ تۈۋرۈك ياسىلىپ، تىك ھالەتتە يەرگە كۆمۈلىدۇ. بىر تال ياغاچنى تۆت مېتىر ئېگىزلىككە توغرىسىغا چىڭ باغلاپ، ئوتتۇرىسىغا ئارغامچا سېلىنىدۇ. بۇ «ئىلەڭگۈچ» بولىدۇ. ئەگەر ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر تال شالنى ئېلىپ كېلىپ، ئىككى ئۇچىنى ئارغامچىدا باغلاپ تەييارلىسا، بۇ «لەپپەك» بولىدۇ. بۇنىڭدا ئىككى كىشى ئۇچىدۇ. لېكىن ھەر ئىككى تەرەپتىكى كىشى ئوخشاش جىسمانىي كۈچ ۋە ئېغىرلىقتا بولۇشى لازىم. چوڭ ئادەملەر بىلەن كىچىك باللار بىرلىكتە ئۇچسا، ئېغىرلىق ۋە كۈچ تەڭپۇڭ بولمىغاچقا، يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئىت تالاشتۇرۇش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، خوراز سوقۇشتۇرۇش ۋە تەپكۈچ

(چاڭزا)، گاگار، ئوردا كاتەك قاتارلىق بىر مۇنچە ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىمۇ بار.

تەپكۈچ — تۈگمەدەك قوغۇشۇن ياكى تۆت دانە داچەن پۇل، ئازراق ئۆچكە چۈپۈرىدا ياسىلىدۇ، ئۇنى قىش كۈنلىرى تېپىپ ئوينايدۇ. گاگار بولسا، بالىلار ئويۇنى بولۇپ، بۇ ئويۇن ناھايىتى ئاددىي: ئون سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بارماقچىلىك بىر يۇلغۇن ياكى قارا ياغاچتا ياسالغان گاگار بىلەن 50 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بالىلارنىڭ بىلىكىدەك توقماقتىن ئىبارەت. بۇ ئويۇن ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى، ئىككى مېتىر چوڭلۇقتىكى چەمبەر سىزىق ئىچىگە گاگارنى چۈشۈرۈپ ئويناش، بۇ ئۇسۇل ئاسانراق، شۇڭا ئۇنى ئۇششاق بالىلار ئوينايدۇ؛ يەنە بىر خىلى، ئوردا كاتەك ئۈستىگە قويۇلغان توقماقتا گاگارنى تەگكۈزۈپ ئويناش. بۇ ـ سەل تەسرەك، شۇڭا، ئۆسمۈرلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ھەر ئىككى خىلدا ئۇتقۇزغانلار ۋاللەيگە[1] يۈگۈرىدۇ. بۇ ئويۇن كۆرۈنۈشتە ناھايىتى ئاددىي ۋە ئىپتىدائىي بولسىمۇ، لېكىن بەدەننى چېنىقتۇرۇش ۋە يۈگۈرۈش ماھارىتىنى يېتىلدۇرۇشتە ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ.

(ئاپتور: چاقىلىق ناھىيىلىك سىياسي كېڭەشتىن)

① ۋاللەي: ئۇتقۇزغۇچىلار ئۇچۇن جازا خاراكتېرىدىكى ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش.



编委会主任：艾力肯·乌守尔·艾里
副　主　任：司马义·依不拉音

监　　　审：艾力肯·乌守尔·艾里
主　　　编：艾力肯·乌守尔·艾里
执行主编：阿不力孜·买买提

编　　　辑：迪丽达尔·艾则孜
吐尔洪·吾买尔
居来提·阿不力米提
贾孜拉·木合买吐拉

责任校对：居来提·阿布力米提
封面设计：艾克拜尔·沙力

**新疆文史资料选编**(维吾尔文)(45)

中国人民政治协商会议新疆维吾尔自治区
委员会文史资料和学习委员会办公室编
地址：乌鲁木齐新华北路 47 号　　邮编：830002

乌鲁木齐新协印务有限公司印制
地址：乌市新华北路 47 号　　邮编：830002
316 千字　　大 32 开本 18 印张插页 4
印数　1—1000
2003 年 12 月印刷
(内部发行)

新疆维吾尔自治区内部资料准印证(2003)年第 396